

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم
بوزدالا




ئەبەيدۇللا ئىبراھىم

# بوزدالا

(رومان)



مىللەتلەر نەشرىياتى



# نەشرىياتتىن

ئاتاقلىق شائىر، يازغۇچى ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ «ئوتتىكى چاقماق» ۋە «داغ» رومانلىرىدىن كېيىنكى يەنە بىر مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمگىكى بولغان «بوز دالا» رومانىدا، مىلادىيە 744 - يىلى ئورخۇن دەرياسى ۋادىسىدا قۇرۇلغان ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ تارىخى، ئىجتىمائىيىتى، مەدەنىيىتى ۋە بۇ قاغانلىقنىڭ تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان قويۇق سىياسىي، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلىرى توغرا تارىخ قارىشى ئاساسىدا يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت بىلەن يورۇتۇپ بېرىلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئېلىمىزنىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىنى، چېگرا رايوننىڭ ئامانلىقىنى قوغداش، ئەلنى ئەمىن قىلىش ۋە گۈللەندۈرۈش يولىدىكى تارىخىي كۆرەش ئەمەلىيىتىدىن ئوبرازلىق ئۇچۇرلار بېرىلگەن. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، مەزكۇر رومان جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ تۇنجى رەئىسى يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ «ئۇيغۇرلار قەدىمىي، شۇنداقلا نەۋقىران بىر مىللەت. ئۇلار تارىختا ئۆزلىرىنىڭ قۇدرەتلىك خانلىقلىرىنى قۇرۇپ چىققان بولسىمۇ، ئىچكىرى ئىقلىم بىلەن قويۇق سىياسىي، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنى ئىزچىل ساقلاپ كەلگەن. ئۇلار ئېلىمىزنىڭ چېگرا ئامانلىقىنى قوغداپ، دۆلەتنىڭ بىرلىكى ئۈچۈن ناھايىتى زور تۆھپىلەرنى قوشقان. تارىختا، ئۇيغۇر خەلقى يەنە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سۇلالىلەرنىڭ توپىلاڭنى تىنچىتىشىغا كۆپ قېتىم قوشۇن چىقىرىپ ياردەم قىلغان» («جۇڭگو مىللەتلىرى گېزىتى» 2005 - يىل 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى سانى) دېگەن يۈكسەك باھاسىنى ئىشەنچلىك تارىخىي پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلاپ بەرگەن.

يازغۇچىنىڭ ئۇزۇن يىللىق جاپالىق ئۆگىنىش، ئىزدىنىشىنىڭ مەھسۇلى بولغان بۇ روماندا، ئاپتور ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقى* دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مىلادىيە 762 - يىلىدىن مىلادىيە 795 - يىلىغىچە بولغان قىسقىغىنە 30 نەچچە يىللىق ئەگرى ـ توقاي كەچۈرمىشلىرىنى تارىخىي ماتېرىيالىزم مەۋقەسىدە تۇرۇپ، خېلى مۇكەممەل بەدىئىي قۇرۇلما، پىشقان نەسرىي تىل ۋە يارقىن بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق روشەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىپ، تارىخىي چىنلىقنى ئەتراپلىق نامايان قىلىشقا ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلغان.

ھەممىگە ئايانكى، مۇقەددەس ۋەتىنىمىز تۇپرىقىدا ياشاپ كەلگەن ھەر مىللەت خەلقى ۋەتىنىمىزنىڭ ئۇزاق تارىخىنى ۋە شانلىق مەدەنىيىتىنى ئورتاق ياراتقان. بۇ رومانىنىڭ نەشر قىلىنىشى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېلىمىز مىللەتلىرىنىڭ بىر ئەزاسى بولغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىشقا قوشقان ئۇلۇغ تۆھپىسىگە بولغان چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. ئىشىنىمىزكى، تارىخىي چىنلىق بىلەن تارىخىي چىنلىق ئاساسىدىكى مۇۋاپىق بەدىئىي توقۇلما ماھىرلىق بىلەن بىرگەۋدە قىلىنغان بۇ تارىخىي رومان، يېڭى دەۋر باشلىرى ئۈچۈن كۆڭۈلدىكىدەك بىر ۋەتەنپەرۋەرلىك ئوقۇشلۇقى بولۇپ قالغۇسى.

ئىزدىنىشىنىڭ چېكى ۋە ئىجادىي ئەمگىكىنىڭ ئاخىرقى پەللىسى بولمايدۇ. شۇ سەۋەبلىك، «بوز دالا» رومانىمۇ مۇكەممەللىكتە پەللىگە يەتكەن دەپ ئېيتالمايمىز. شۇڭا، كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئەپۇچانلىقىنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ، رومان ۋەقەلىكلىرىنىڭ دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشىنى، زامان، ماكان تەكشىلىكىگە قويۇپ ئوقۇپ چىقىشىنى ۋە مۇۋاپىق باھا بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

# مۇندەرىجە

1. ھازىدار بالا ...................................... 1
2. ئاتا، سەن قەيەردە.......................................... 7
3. نامەلۇم ئاتلىقلار ...................................... 16
4. تەقدىرنىڭ بۇرۇلۇشى ...................................... 26
5. ساقاللىق ئادەملەر...................................... 35
6. ئوردۇبالىق بوسۇغىسىدا ...................................... 49
7. شەھەر قايناپىدۇ ...................................... 57
8. ئاق يەكتەكلىك كىشىلەر ...................................... 66
9. تونباغانىڭ گۇمانلىرى ...................................... 76
10. قاغان نېمە دەيدۇ ...................................... 86
11. ئەھۋال ئۆزگەرمەكتە ...................................... 98
12. ئەتىيازدىكى جۇدۇن ...................................... 107
13. قۇتلۇقنىڭ بىر ئىشى ...................................... 119
14. ئىسسىق شامال ...................................... 130
15. كۈتۈلمىگەن ۋەقەلەر ...................................... 140
16. شۇۋىرغانلىق كەچ كۈز ...................................... 154
17. ئاتا ۋە بالا ...................................... 168

18. سىرلىق سايە ........................ 182
19. بەگبارسنىڭ خىيالى ........................ 194
20. تاراس تېكىن لەشكەر سورايدۇ ........................ 209
21. نامەلۇم ئۈچىنچى قەبرە ........................ 225
22. خەتەرلىك قىلتاق ........................ 242
23. ياغلاقارنىڭ كارامەتلىرى ........................ 256
24. ئاستانىدىن ئەلچى كەلدى ........................ 278
25. تۆھمەت ........................ 298
26. قاغاننىڭ ئۆيلەنگۈسى بار ........................ 320
27. ئاستانىدىكى كۈنلەر ........................ 335
28. ئۆتۈكەندىكى ئىلاھ ........................ 351
29. قاغان ئۆيلەندى ........................ 366
30. بېشبالىق خەۋپتە ........................ 382
31. ئۈنتۈلماس تۈنلەر ........................ 403
32. جەڭ شۇنداق بولىدۇ ........................ 419
33. يول ئوردۇبالىققا ........................ 435
34. ناتونۇش مەھبۇس ........................ 454
35. ئۇ ئەمدى قاغان تاغىسى ........................ 476
36. ئورخۇن سۈيى ئۈزۈلمەيدۇ ........................ 496
37. كۈنپېتىشتىكى شەپەق ........................ 512
38. خاتىمە ........................ 528

# 1. هازىدار بالا

زۇلمەت ساقىندىسى بىلەن تاڭ شولىسى قۇچاقلاشقان تۇتاش گىرۋەكتە غۇۋا يورۇپ تۇرغان ئىزناسىز زېمىن تولغاق ئەۋجىدىكى نىمجان ئانىدەك يېنىككىنە سىلكىندى. يىراقلاردا قەد كۆتۈرگەن هانگاي[1]تاغلىرى ئوت كەتكەندەك قىزاردى. تولغاق ئەۋجى چېكىگە يەتتىمىكىن، ياكى تاغ ئاسمىنىدا ئېسىلىپ تۇرغان بۇلۇتلارنىڭ دەرمانى تۈگەپ، دېمى كېسىلدىمىكىن، تۇخۇم سېرىقىغا ئوخشايدىغان سوقۇچاق قۇياش ئاخىرى تاغلار بېشىغا — ئېگىز-پەس چوققىلارنىڭ ئەڭ ئېگىزىگە يامىشىپ چىقتى.

تاڭ ئاتتى، قۇياش يۈز كۆرسەتتى، يەر بېغىرلاپ لەيلەپ يۈرگەن كۆكۈچ تۇمان بىردەمدىلا غايىب بولدى. تاڭغا تەلمۈرگەن تاغ، تاڭغا تەلپۈنگەن يايلاق، تاڭنى سېغىنغان جىمى جانلىق بىردىنلا ۋىسال پەسلىگە ئۇلاشتى. تاغ تۆپىسىدىن گويا تاغ قىيانىدەك يامراپ چۈشكەن قىزغۇچ شولا سوغۇق شامالدا دىر-دىر تىترەپ تۇرغان ئوت-چۆپلەرنى سۆۋۈرسىغا سۆيۈپ ئۆتتى، ئىللىق تەپتى بىلەن جىسمىنى ئىسسىتتى، ياپراقلىرىغا جۇلا قوشتى. ئۇۋۇسىدىن ئېتىلىپ چىققان بىتاقەت تورغايلار ئاشىقىنىڭ دىدارى بىلەن ئاسمان بوشلۇقىدىلا قۇچاقلاشتى، تاڭ شادلىقىدا مەست بولغانچە يايلاق ئاسمىنىنى چاڭ كەلتۈرۈۋەتتى.

بىراق، كەڭ يايلاقتا چاپچىپ يۈرگەن تاڭ تەنتەنىسى قوڭۇر چاچلىرى پاخپايغان، كۆزلىرى قىزارغان بىر تەنها بالىنى ئەسلا خۇش

---

[1] هانگاي — هازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمهۇرىيىتىدىكى بىر تاغ تىزمىسى.

قىلالمايتتى. ئۈستۈپېشى توپىغا مىلەنگەن، تېرە كەمزۇلى نەملەشكەن، قاپاقلىرى كۆك ياڭاقتەك ئىششىپ چىققان بۇ بالا كەڭ يايلاقنىڭ كىندىكىدە، پاكارراق بىر تاغ باغرىدا تىكلەپ قويغان كۆتەكتەك قېتىپ قالغانىدى. تۇرۇپ ئىسەدەيتتى، تۇرۇپ بۇرنىنى تارتاتتى. مۇشۇ ئاددىي ھەرىكەتلىرىلا ئۇنىڭ تىرىكلىكىدىن بېشارەت بېرەتتى. قولاق تۈۋىدىن شۇۋىرلاپ ئۆتۈۋاتقان غۇر-غۇر شامالمۇ، باش ئۈستىدە سايراۋاتقان بىغەم قۇشلارمۇ ئۇنىڭ قايغۇسىنى يوق قىلالمايتتى. تاڭ ئاپتىپىدىن نېسىۋە تەگمىگەن كۆڭۈل كۆلبىسى يەنىلا تاغ تەسكىيىدەك قاراڭغۇ ئىدى.

دۇرۇس، كىچىك قۇتلۇق تۈن ھەسسىدىن بېرى، يەنى ئانىسى جان ئۈزگەندىن بېرى ئۆيى جاي ئالغان تاغ باغرىدىن، ئاشىق-مەشۇقلاردەك قۇچاقلىشىپ ئۆسكەن ئىككى تۈپ ئارچا دەرىخى ئاستىدىن ئانىسىنىڭ ئاخىرەتلىكىگە ئاتاپ بىر پارچە يەر تاللىدى. ئاي يورۇقىدا تىمىسقىلاپ يۈرۈپ ئادەم چۆكۈرگۈدەك بىر يەرلىك كولاپ چىقتى. يەرلىك يېنىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرغىنىچە مۇشۇ تاڭنى، پەيلى ھۆرۈن ئاشۇ قۇياشنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈشكە باشلىدى...

تۆت كۈندىن بېرى كاۋاپتەك قىزىپ، لايدەك ئېزىلىپ ياتقان ئانىسى تۇيۇقسىز نەپەستىن قالغاندا بۇ بىچارە بالا ئۇنىڭ ئۆلۈپ قالغىنىغا زادىلا ئىشىنەلمىدى. بۇ دۇنيادىكى بىردىنبىر يۆلەنچۈكىنىڭ ئۆزىنى بۇ تەرىقە تېز تاشلاپ كەتكىنىنى ئەقلىگە سىغدۇرالمىدى. كۆز يامغۇرىدەك تامچىۋاتقان كۆز يېشى بىلەن ئانىسىنىڭ قان قاچقان يۈزىنى نەچچە قېتىم يۇيۇپ چىقتى. ھارارىتى كەتكەن قاتتىق جەسەتنى خۇددى بۆشۈك تەۋرەتكەندەك تەۋرەتتى. ئانىسى كۆزىنى ئاچمىدى، ئۈندىمىدى، ھاياتلىقتىن بىرەر شەپىمۇ بەرمىدى. قۇتلۇق ئاخىر ئاچچىق رېئاللىققا بىقۇۋۇللارچە تەن بەردى-دە، مەڭزىنى سۈرتتى،

ئوغۇللۇق بۇرچىنى ئادا قىلىشقا تۇتۇنۇپ، ئۆسۈك تىرناقلىرىنى نەمخۇش تۇپراققا پاتۇردى...

«ئوغلۇم، — دېدى، مۇشۇ يانباغىردا، قويۇق ئارچا شاخلىرى ئارىسىدىكى قاراڭغۇلۇقتا پەيدا بولغان گېجەك ساقاللىق، قوي كۆزلۈك بىر ئادەم سالماق تەلەپپۇزدا، — مەن يىراقتا، قارىساڭ كۆزۈڭ، تۇۋلىساڭ ئۈنۈڭ يەتمەيدىغان بىر يەردە. كۆڭۈل كۆزۈم كۆرۈپ تۇرۇپتۇ، جاپاكەش ئاناڭنىڭ روھى تەڭرىمىز ئۆلگېن[1]نىڭ دەرگاھىغا كەتتى. مانا ئەمدى سەن ئۇنىڭ تېنىنى ئۇ ئىلاھنىڭ ھۇزۇرىغا ئۇزاتماقچى بولۇۋاتىسەن. ئوبدان بالام، يادىڭدا تۇت، ئۇنى ئابا - ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇدۇمى بىلەن ئىلاھىي قۇياش چىراي كۆرسەتكەندىن كېيىن ئاندىن يەرلىككە قوي، بىچارە ئاناڭ تەڭرى ئالدىغا يورۇق يۈزى بىلەن كەتسۇن!» دېدى ۋە «لىپ» قىلىپلا غايىب بولدى.

قۇتلۇق گۈلدۈرمامىدەك تورلۇق، سۇ شىلدىرلىغاندەك تەمكىن، سەلكىن ئەسكەندەك يەڭگىل بۇ ئاۋازنى بىر ئاڭلاپلا ئىلغا قىلىۋالدى. قارلىق تاغدەك سۈرلۈك كەلگەن بۇ چىرايىنى بىر قاراشتىلا تونۇۋالدى. بۇ ئاۋاز دادىسىنىڭ ئاۋازى، چىرايمۇ دادىسىنىڭ چىرايى ئىدى. بىراق، قۇتلۇق كۆزلىرىنى قانچە چىمچىقلاتسىمۇ، چۆچەكتەك يوغان ئاچسىمۇ ئۇنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈۋېلىشقا مۇيەسسەر بولالمىدى.

قۇتلۇق دادىسىنى شۇنچىلىك سېغىناتتىيۇ ئۇنىڭ ئاشۇ كۆكۈچ شاخلار ئارىسىدا قايتا پەيدا بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتى، ئاڭلىغىنىنىڭ ۋە كۆرگىنىنىڭ بىر دەقىقىلىق خىيالىي تۇيغۇ ئىكەنلىكىنىمۇ ئوبدان چۈشىنەتتى. چۈنكى ئۇ، دادىسىز ئۆتكەن بىر ئاي ئىچىدە، بولۇپمۇ

---

[1] ئۆلگېن — شامان تەڭرىسىنىڭ نامى، ئۇنىڭ يەتتە ئوغۇل، يەتتە قىزى بارمىش.

مۇسىبەتلىك بىر كېچىنىڭ ئىچىدە بىردىنلا چوڭ بولۇپ ئەقىللىق يىگىتكە ئايلىنىپ قالغاندەك قىلاتتى.

قۇتلۇق دادىسىنىڭ تاپشۇرۇقىنى مۇلاھىزە قىلدى:

«دۇرۇس، ئۆتكەن يىلى ئاكامنىڭ ئىتى ئۇنىڭ جەسىتىنى يىراق جەڭگاھتىن ئېلىپ كەلگەندە دادام ئۇنى كونا كۆتۈرۈلگەندە ئاندىن يەرلىككە قويغان ئەمەسمىدى؟»

قۇتلۇق يېرىم كېچىدىن تاڭ ئاتقۇچە، تاڭدىن تارتىپ كونا كۆتۈرۈلگىچە يەرلىك يېنىدا ئولتۇرۇپ چىقتى، ئاياغلىرىنىڭ ئۇيۇشۇپ، پەيلىرىنىڭ نەشتەر سانجىلغاندەك سىرقىراشلىرىغىمۇ پەرۋا قىلمىدى، كونا چىقىش تەرەپتىن بىردەممۇ كۆز ئۈزمىدى...

مانا ئەمدى تاڭ ئاتتى. قۇياش ئۆرلەپ، دادىسى بىشارەت بەرگەن خاسىيەتلىك دەقىقىمۇ كېلىپ قالدى. ئۇ دادىسىنى دوراپ ئۇستۇپىشىنى بىر قۇر تۈزەشتۈردى-دە، خەس چاپلاشقان قولاقلىرىنى قېقىپ، ئۇ-سۇك چاچلىرىنى يۆگەپ-يۆگەپ تىرە تەلپىكىنىڭ ئاستىغا باستۇردى. كونا چىقىشقا، كۆز چېقىۋاتقان سارغۇچ قۇياشقا قاراپ چوڭقۇر تەزىم قىلىپ، كەينىگە بۇرۇلدى. يانباغىردىن چۈشۈپ، كىچىك ئېقىن بويىدىكى چۆپلۈك تەكشىلىككە يېتىپ كەلدى. بۇ تەكشىلىكتە ئۆزى كۆز ئاچقان، قەھرىتان قىش ۋە تومۇز كۈنلەردە جەددى-جەمەتىگە پاناھ بولغان كىگىز ئۆيى جايلاشقانىدى.

ئۇ ئۆيىگە كېلىۋېتىپ ساناقسىز قارا قاغىلارغا ئوخشايدىغان قارا داشقاللار ئارىسىدا كۆمۈلۈپ ياتقان تۆمۈرچىلىك ئوچىقىغا خورسىنىش ئىچىدە قاراپ قويدى، دادىسىنىڭ بىر ئۆمۈرلۈك ئىزى قالغان بۇ خارابىدىن نەزىرىنى يۇلۇۋېلىپ، ئىشىكنى قايرىدى.

دائىرىسى ئانچە چوڭ بولمىغان، كىگىزلىرىنىڭ تۆۋەن تەرىپى كونا قىغدەك چىرىپ كەتكەن بۇ يۇملاق ئۆي بىر ئاياغلىق توپا پەگا

ۋە بىر غېرىچچە كۆتۈرۈلگەن سۇپىغا بۆلۈنەتتى. پەگا نەم بولغىنى
بىلەن، سۇپىغا سىپتە چىغ بورا، بورا ئۈستىگە سەل پۇچۇلغان گۈللۈك
تەگلىمات سېلىنغانىدى. تەگلىماتنىڭ بىر بېشىدا ئاشلانغان ۋە ئاشلان-
مىغان قوي تېرىلىرى يۆگەكلىك تۇراتتى. تەگلىماتنىڭ چەت-ياقىسى-
دىن، تېرىلەر ئارىسىدىن ئاندا-ساندا ئۈنۈپ چىققان ئۆگسىز ئوت-
چۆپلەر بەئەينى كىچىك بالىنىڭ رەزگى كوكۇلىسىغا ئوخشايتتى. پەگا
پېيىندىكى قوپال تاختايلار تۆپىسىدە باشقىلارنىڭ روزىغارىدا ئانچە كۆپ
تېپىلمايدىغان، لېكىن بۇ ئۆيدە خېلى مول بولغان تۆمۈر قازان-قو-
مۇچلار قالايمىقان تاشلىنىپ تۇراتتى. سەل ئېگىزگىرەك چاكاندا،
ئادراسمان دېگەندەك خەيرلىك ئۆسۈملۈكلەر ئېسىلغانىدى. سۇپىنىڭ
تۆر تەرىپىدە ، نىمكەش ئاق كىگىز ئۈستىدە قۇتلۇقنىڭ ئانىسى
بەخىرامان ئۇخلاۋاتقاندەك سوزۇلۇپ ياتاتتى، تۆپىسىگە ئەيلەنگەن
يۇمشاق تېرىدىن قۇراپ تىكىلگەن پاكىز يوتقان يېپىقلىق ئىدى.

قۇتلۇق چورۇق ئىچىدە سەل قورۇلۇۋاتقان ئاياغلىرىنى ئەستە
يۆتكەپ، پەگادىن سۇپىغا چىقتى، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئانىسىنىڭ
پېيىنغا كەلدى، ئۇنى ئويغىتىۋېتىشتىن ھەزەر ئەيلىگەندەك، تىۋشسىزلا
تىزلاندى، كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ چىرايىغا سەپسالدى.

خۇدانىڭ كۈنى تورغاي بىلەن تەڭ تۇرۇپ ئۆچكە ساغىدىغان،
ئوتتۇز قەدەم نېرىدىكى چوڭقۇر ئېقىندىن ئېغىر ئىدىش بىلەن سۇ
توشۇپ كېلىپ ناشتىلىق تەييارلايدىغان، تېزەك تېرىپ، ئوتۇن تو-
شۇيدىغان جاپاكەش ئانىنىڭ چىرايىدا تەشۋىش ۋە بىئاراملىق ئالامەت-
لىرى ئۇيۇپ قالغانىدى. بوز كۆزلىرىمۇ نېمىنىدۇر كۆرۈپ قانمىغاندەك
يېرىم ئېچىلىپ تۇراتتى، سارغۇچ كەلگەن چىشلىرىنى يېپىۋېلىشقا
ئۈلگۈرمەيلا قېتىپ كەتكەن توم-توم لەۋلىرى جان ئۈزۈش ئالدىدىكى
ۋەسىيىتىنى تەكرارلاپ: «ئوغلۇم قۇتلۇق، ئانىسى يوق قوزىدەكلا يېتىم

قالدىڭ، سەن تېخى كىچىك، بۇ ستەمكار دۇنيادا يالغۇز ياشاش ساڭا ئېغىر كېلىدۇ، بارغىن، ياغلاقارلار قوۋمىگە بارغىن، تەڭرىمىزگە، تەڭرىمىزنىڭ يەتتە ئوغول، يەتتە قىزىغا سىغىنىپ قاراقىر[1] تەرەپكە قاراپ مېڭىۋەر، داداڭنى ئۇلار ئاشۇ تەرەپكە ھەيدەپ كېتىشكەن...» دەپ مىدىرلاۋاتقاندەك قىلاتتى.

قۇتلۇق غەملىك بېشىنى ساڭگىلىتىپ، ئانىسىنىڭ چىرايىغا سەپ-سالغان پېتى قانچە ئۇزۇن ئولتۇردىكىن، ئۆينىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى كالا كۆزىچىلىك تۆشۈكتىن ئالتۇن نوغۇچتەك ئېتىلىپ كىرىۋاتقان بىر دەستە قىزىل شولا ئەمدى تولۇق ئاقاردى، ئانىسىنىڭ سوزۇنچاق، تېرىسى يىرىك كەلگەن چىرايى، قىڭراق بىسىدەك قىرلىق قاڭشىرى، قولاقلىرىنى يوشۇرۇپ تۇرغان يىرىك سېكىلەكلىرى ئوت تەپتىدە تاۋلىنىۋاتقان تۆمۈر قالقاندەك جۇلالىنىشقا باشلىدى.

«كۆك ئىلاھى ئانامنى ئۆز دەرگاھىغا چىللاۋاتسا كېرەك، بەلكى ئۇنى ئۆزىتىپ قويىدىغان پەيت يېتىپ كەلگەندۇ...»

قۇتلۇق ئانىسىنىڭ تولۇن ئايدەك تولغان چىرايىدىن كۆز ئۈز-مەيلا ئۆرە بولدى، ئارقىدىنلا ئۆي ئۆگزىسىدىن ئىككى تال بادرىنى كۆچەپ تۇرۇپ سۇغۇرۇۋېلىپ، سۇپىغا ئېلىپ كەلدى.

«ئەي ئۇلۇغ تەڭرىم، بىر پەسكە، پەقەت بىر پەسكىلا تاقەت قىلىپ تۇر، كۆرۈۋاتىسەن، ئانام ھازىر ئۇخلاۋاتىدۇ، دادام قىلغاندەك قىلىپ جىرغا ياسايمەن، ئۇنى جىرغامغا ياتقۇزۇپ، ئويغاتماي، تەۋرەت-مەي ھۇزۇرىڭغا ئۇزىتىپ قويىمەن....»

قۇتلۇق ئۆزىچە پىچىرلىغاچ، ئۆي بىساتلىرى ئارىسىدىن بىر پارچە ئاق كىگىزنى سۆرەپ كېلىپ، ئۇنى تەكىيە يېنىغا تۆپتۈز قىلىپ يايدى، بادرىلارنى كىگىز ئۇستىگە تاشلاپ، كىگىزنىڭ ئارتۇق قىسمىنى

---

[1] قاراقىر — شامان ئېتىقادىچە، قارا رەڭ شىمالنىڭ بەلگىسى.

بادرىلاردىن شۇنداق ئارتىلدۇرۇۋېدى، ئەپچىلگىنە بىر جىرغا تەييار بولدى.

«ئوبدان ئانا، بەكلا چارچاپ كەتتىڭ، يەنە ئۇخلا، ئۇخلاۋەر-گىن، يەر يۈزىگە قانداق كەلگەن بولساڭ، ئاسمانغىمۇ شۇنداق چىقىپ كەت، جىنىم ئانا، ئازراق، يەنە ئازراق چىداشلىق بەر، مانا، ھاردۇق يەتكەن ئاياغلىرىڭنى جىرغىغا ئالدىم، مانا، غەمگە تولغان بېشىڭنىمۇ جىرغىغا قويدۇم.»

قۇتلۇق يەرلىك كولاپ ئالقاتتەك قىزىرىپ كەتكەن بارماقلىرى بىلەن پېشانىسىدە ئېسىلىپ تۇرغان قويۇق تەر مۇنچاقلىرىنى سۈرتۈ-ۋەتتى، كۆكسىنى كۆرۈكتەك كۆپۈرۈپ ئۆپكىسى تولغۇچە نەپەس ئېلىۋالغاندىن كېيىن ئالقانلىرىغا تۈكۈردى، كالپۇكىنى چىشلەپ، جىر-غىنى ھارۋا سۆرىگەندەك سۆرىگەن پېتى تالاغا ماڭدى.

كۈنچىقىشتىن كۆنپېتىشقا قارىتىپ قىزىلغان تارغىنە يەرلىكنىڭ تەكتىگە بىر قەۋەت قۇرۇق شاخ پىيىتىلغانىدى. يەرلىك تېمىمۇ ساماڭ-لىق كاكىل لايدا سىپىلغاندەك سىلىق كۆرۈنەتتى. تاڭ شەبنىمى ۋە كۆز يېشى بىلەن نەملەنگەن قوڭۇر تۇپراق ئاپتاپ تەپتىدىن ھارارەت سۈمۈرۈپ ئەمدىلەتىن قۇرۇپ كېلىۋاتاتتى.

قۇتلۇق ئانىسىنىڭ جەسىتىنى جىرغىدىن چۇشۇرۇپ، ئاۋايلاپ يەرلىككە ياتقۇزدى، بېشىنى كۈنچىقىشقا توغرىلاپ، يۈزىگە چىغ ياپتى. ئاسمانغا قاراپ ئۈنسىز ئۆلتىجا قىلىۋالغاندىن كېيىن ئېسەدەپ تۇرۇپ قوللىرىنى توپىغا ئۇزاتتى...

## 2. ئاتا، سەن قەيەردە

قۇتلۇق ئېسىنى بىلگەن چاغلاردا، كۈنچىقىشتىكى تاغ ئېتىكىدىن

تا مۇشۇ پاكار تاغقىچە سوزۇلغان، كۈنپېتىش تەرىپىمۇ يەنە شۇنچىلىك ئۇزاققا كەتكەن كەڭ يايلاقنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا شوخ تايچاقتەك ئويناپ يۈرەتتى. راست، سوغۇقى سۆڭەك-سۆڭەكتىن ئۆتۈپ كېتىدىغان قارا قىش كۈنلىرىدە ئۇ تالا-تۈزگە كۆپ چىقالمايتتى. تازا قىلسا، چېدىر ئىشىكىدىن بېشىنى چىقىرىپ، نېمىشقىدۇر ئاق كىگىز ئاستىدا قالغان كەڭ دالاغا شۇنداق بىر قارىۋالاتتى-دە، بېشىنى چاپسانلا ئىشىك ئىچىگە ئالاتتى. تالاغا بىر قەدەم دەسسىدىمۇ، ئانىسى ئېيتقاندەك «بۇرنى پۇچۇق، قۇلىقى چۇناق غەلىتە مەخلۇق»قا ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. بىراق، ئۇ قورقىدىغان، سارىڭ بولغۇدەك زېرىكىدىغان ئۇزۇن قىش پەسلى بەرىبىر ئۆتۈپ كېتەتتى. ئەتىياز يېتىپ كېلەتتى، جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ ئېسىدىغان ئىسسىق شامال بىر ئەتىگەندىلا ھېلىقى ئاق كىگىزلەرنى نەلەرگىدۇر ئۇچۇرۇپ كېتەتتى. ھاۋا ئىللىپ، ئوت-چۆپلەر ئۈچ كۆرسەتكەن ھامان ئۇنىڭ كۆنى تۇغۇلاتتى — دە، ئانىسىغا ئەگىشىپ، يانباغىرنى باغاشلاپ يۈرۈپ دۆڭ ئۈستىگە چىقىۋالاتتى.

ئۇ دۆڭدە تۇرۇپ خۇددى چوڭ كىشىلەردەك، قوللىرىنى كەينىگە قىلىۋېلىپ كۈنچىقىشقا قارايتتى. «توۋا، — دەيتتى ئۇ، خېلى يىراقتىن كۆزگە تاشلانغان ھەرە چىشىدەك ئېگىز-پەس تاغلارغا قاراپ، — ئەجەب زور بىر مەخلۇقكەنغۇ ئۇ، يا سۇ ئىچكىلى يەرگە چۈشكەن بۇلۇتلارمىدۇ، بۇلۇت بولسا نېمىشقا ئاق بولمايدىكىن، ماقۇل، قارا بولسۇنمۇ دەيلى، ئەمما نېمىشقا مىدىرلاپمۇ قويمايدىكىنە؟...»

كېيىن ئۇ ئۇنىڭ قولىنى بېسىپ ئاستا چۆرگىلەيتتى، يايلاقنىڭ چەت-چەتلىرىگە كۆز يەتكۈزۈشكە ئۇرۇناتتى، كىچىككىنە ئالقىنىنى چېكىسىگە قويۇۋېلىپ، كۆزىنىمۇ، ئاغزىنىمۇ يوغان ئاچاتتى، ئارىنى يېقىن قىلماقچى بولغاندەك، گۆشلۈك گەۋدىسىنى سەل ئالدىغا ئېگەتتى،

شۇنداقتىمۇ، يايلاقنىڭ ئۇ چېتىنى زادىلا كۆرەلمەيتتى، كۆزنىڭ ئۆتكۈر ئەمەسلىكىدىن، ياكى كۆز ئالدىنى قانداقتۇر بىر نەرسىنىڭ توسۇۋالغىنىدىن خاپا بولۇپ، غودىراپ قوياتتى. بەزىدە ئۆزىچە خويلى-نىپ، كىمگىدۇر قېيىدىغاندەك دوككىدە ئولتۇرۇۋېلىپمۇ قالاتتى، ئولتۇرۇ-ۋېرىپ زېرىككەنتى، يايلاقنىڭ ئۇ چېتىدىكى سىر ئۇنى يەنە ئاياغقا تۇرغۇزاتتى.

ھېچنېمىنى كۆرەلمىگەنسېرى، قوتلۇقنىڭ ھەيرانلىقى ھەسسىلەپ ئاشاتتى، ئۆزىچە قىياسلار قايىنمىغا شۇڭغۇپ كىرەتتى.

«ھە، بىلدىم، ئۇ تەرەپتە بەك چوڭ، بەك چوڭ بىر ئانا بولسا كېرەك، بولمىسا، ھەر كۈنى كەچتە شۇ تەرەپتە تۈنەيدىغان قۇياشنى كىم ئەللەي ئېتىدۇ، كىم چۆچەك ئېيتىپ بېرىدۇ، كىم ئۇنى باغرىغا بېسىپ پەپىلەيدۇ، كىم ئۇنى ئەتىگەنلىك ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىپ كۈن-چىقىش تەرەپكە ئاپىرىپ قويىدۇ؟...»

ئۇ ئۆز سوئالىغا ئۆزى جاۋاب بەرگەچ، نەزىرىنى ئاسمانغا يۆت-كەيتتى، ئالدى بىلەن كۆك ھېققەتەك كۆك ئاسمان، ئاندىن كېيىن ئاچ يېشىل ئاسمان سەزگۈ دائىرىسىگە ئۇسۇپ كىرەتتى. ئاق قولاردەك ئۆزۈپ يۈرگەن ئەركىن بۇلۇتلارنى كۆرگەندە بولسا بارمىقىنى بۇلۇت-لارغا چىنەپ، بەزىسىنى رەڭدار تۆگىگە، بەزىسىنى مۈڭگۈگەك توپاققا، كىچىكرەكلىرىنى چوڭ قۇيرۇقلۇق ئادىز قويلىرىغا ئوخشىتاتتى، قوزا-ئوغلاقلارغىمۇ تەققاس قىلاتتى. «ئاشۇ قويلارنىڭ كەينىدە ئانام يۈر-گەن بولمىسۇن يەنە» دېگەن بىر پەرەز خىيالىدىن كەچكەن چاغدا بۇلۇت ئارىسىنى ئىزدەپ يۈرۈپمۇ ئانىسىغا ئوخشاش ئىسسىق كۆرۈنە-دىغان، ئايىغى چاققان، كۆيۈمى چوڭقۇر مېھرىبان بۇلۇتتىن بىرىنىمۇ تاپالمايتتى...

بىر چاغلاردا، ئۇنىڭ بۇنداق نەتىجىسىز، مەززىسىز ئوخشىتىش-

لاردىن كۆڭلى قالاتتى. ئاسماندىن بىزار بولغاندەك دومسىيىپ قوپۇپ، يەر بېتىگە كۆز سالاتتى. كۆزلىرى ئاياغ ئاستىدىن يۆتكىلىۋېرىپ، چوققا چېچى چۇشۇپ كەتكەن مويسىپىتنىڭ بېشىغا ئوخشايدىغان تاقىر تاغ ئۇستىدە توختاپ قالاتتى، بىراق، قۇتلۇق كۇنچىقىش تەرەپتە كۆرۇنىدىغان ھېلىقى قارا مەخلۇق بىلەن بۇ پاكار تاغنى چورتلا ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل نەرسە، دەپ ھېسابلايتتى. ئۇ قارا مەخلۇق يەنىلا سىرلىق تۇيۇلاتتى. تۇپتۇز يايلاقتىن تاسادىپەن ئۇنۇپ چىققان ئاشگۇمبىگە ئوخشايدىغان، بەلدىن تۆۋىنى ئوت-چۆپلۇك، يۇقىرىسى تاقىر تاش بىلەن قاپلانغان بۇ كىچىك تاغ ئۇنى ئۆزىگە تارتاتتى. تاغ قاپتىلىدا ئەجدىھانىڭ ئاغزىدەك ئېچىلىپ تۇرغان بىرقانچە كامار ئۇنى ئۆز يېنىغا چىللاۋاتقاندەك قىلاتتى.

ئۇنىڭ پەمچە، بۇ كامارلار ئۇ ئەقىل تاپقاندىن بېرى كۇنسايىن كۆپىيىپ بارماقتا ئىدى. تېخى يادىدا، قار ئېرىپ، يەر يۇمشاپ، قۇلاق توڭلىمىغۇدەك كۇنلەر يېتىپ كەلگەن ھامان ئىشچان دادىسى تاڭ بىلەن تەڭ تۇرۇپ كېتەتتى. ئاپتاپ ئىلاھىغا تېۋىنىۋالغاندىن كېيىن تۇلۇم بىلەن گۇرجەك كۆتۇرۇپ ئاشۇ كامارلارنىڭ بىرىگە كىرىپ كېتەتتى. ئالاھازەل چۇشكە يېقىن ئاندىن بىر تۇلۇم تاشنى يۇدۇپ دوڭغاق سۆگەتتەك پۇكلەنگەن پېتى كاماردىن چىقاتتى ۋە تولۇمنى سەينا ئالدىدىكى تۆمۇرچىلىك ئوچقىنىڭ يېنىغا ئېلىپ كېلەتتى. ئوچاققا ھەر ھەپتىدە ئىككى قېتىم ئوت يېقىلاتتى، دادىسى قاغا تۇخۇمىدەك ئۇششاقلانغان جىگەررەڭ تاغ تاشلىرى بىلەن نەدىندۇر تېپىپ كەلگەن پارقىراق قارا تاشلارنى ئېدىتلاپ ئارىلاشتۇرۇپ ئوچاققا تاشلايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇزۇنغا سوزۇلغان كۆرۇك بېسىشلار باشلىنىپ كېتەتتى.

قۇتلۇقچە، پەقەت تەتۇر پېشانە ئادەملا كۆرۇك بېسىشقا يارىتىلا-

تى. دېمىسىمۇ، ئوچاققا تاش تاشلاش لازىم تېپىلغاندا دادىسىنىڭ ئورنىغا ئۆتىدىغان ئاكىسىنىڭ، قاتىلاڭچىلىق مەزگىلىدە بۇ ئىشقا جەلپ قىلىنىدىغان ئانىسىنىڭ كۆرۈك باسقان قوللىرى بىردەمدىلا سېزىمىنى يوقىتىپ، ئوق تەگكەن قۇشنىڭ قانىتىدەك لەپەڭشىپ قالاتتى. چوغ ئارىسىدىن ئۆرلەپ تۇرىدىغان ئوت تەپتى، قولتۇق پەيلىرىنى سىرقىرد-تىۋېتىدىغان جىددىي ھەرىكەت ئۇلارنى سۇغا چۈشكەندەك ھۆل قىلىۋېتەتتى. پېشانىسىدىن، بويۇنلىرىدىن تەپچىپ چىققان ئاچچىق تەر تۈگمەن نورىدىن ئاققاندەك ئېقىپ، تاپىنى ئاستىغا كەلگەندىلا ئاندىن توختاپ قالاتتى. بىلىنجاپ تۇرغان ئوچاق ئوتىنى ئۇلار كۆرۈك بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆپكىسىدىن ئېتىلىپ چىققان يەل بىلەن پۈۋلىشەتتى.

— مۇشتۇمچىلىك كىچىك كۆرۈكنى ئىككى قېتىم باسار-باسمايلا يامغۇردا قالغان ئوغلاقتەك پالاقلىغىلى تۇردۇڭغۇ ئەمدى، — دەيتتى دادىسى ئوچاققا تاش تاشلاۋېتىپ، ھالسىزلانغىنىدىن قوللىرىنى ئەمەس، بەلكى گەۋدىسىنى ئىرغاڭلىتىۋاتقان ئاكىسىغا زەردە قىلىپ، — كۈچ بىلەن باس دەيمەن ئۆلۈمتۈك، مەن سەندەك چېغىمدا قوي كۆرۈكنى ئەمەس، كالا كۆرۈكنىمۇ بېسىۋېتەتتىم، ھەر قېتىم يەل ئۇرغىنىمدا مۇشتۇمدەك-مۇشتۇمدەك يوغان تاشلار ئوچاقتىن ئىككى غېرىچ ئۆرلەپ كېتەتتى!...

بۇنداق چاغلاردا ئۇ ئۆزىدىن ئۈچ-تۆت ياش چوڭ بولغان ئاكىسىغا ئىچ ئاغرىتىپ قالاتتى. بىراق، قۇتلۇققا نېمە ئامال، كۆرۈك ئاغزىدىكى ئىككى تال كۆندىلەڭ ياغاچ ئۇنىڭ ئالقانلىرىغا توغرا كېلەتتىمۇ؟ بۇ يېشىدا ئاكىسىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ ئاكىسىدەك كۆرۈك باسالايتتىمۇ؟

— تېنى قاتمىغان كىچىك بالىغا بۇنچىلىك زەردە قىلغىنىڭ نېمىسى ئەمدى، — ئانىسى ئوچاق چۆخچىلاۋاتقان دادىسىغا قاراپ

شۇنداق دەيتتى ۋە ئاكىسىنىڭ قولىدا توختاپ قالاي دېگەن كۆرۈككە قول ئۇزىتاتتى.

بىراق، ئۇ يەنىمۇ قاتتىقراق تەنبىھكە دۇچ كېلەتتى:

— ئانىسى، ئوغلۇڭنى بېلى چىڭ ئەركەك بولسۇن دېسەڭ، ئوت يېنىدا ئۇزاقراق ئولتۇرغىلى قوي، بېلى قاتمىغان ئوغۇل بالىدىن قاتقان داشقال ياخشى!

ئۇ شۇنداق دەيتتىيۇ، ئوچاقنىڭ سوۋۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ كۆرۈكنى يۇلۇپلا قولىغا ئالاتتى. ئات يايلىدەك يىرىك چاچلىرىنى تاسما بىلەن باغلىۋالغان، ئويۇم-ئويۇم مۇسكۇللىرى ياغ قاپقىدەك پارقىراپ تۇرغان زەبەردەس ئاتا ئەنە شۇنداق ئىشلەيتتى. ئەنە شۇنداق سۆزلەيتتى. بىر كېچە-كۈندۈزگىچە سوزۇلغان پاتىپاراقچىلىقتىن كېيىنلا ئۇ پىشۋاتقان كۈندەك قىزارغان، پىژىلداپ ئوت چېچىپ تۇرغان تۆمۈر سۇيىنى قاتار-قاتار سېغىز چاناقلارغا قويۇپ چىقاتتى. ھەر بىر چاناققا بىر ئوچۇمدىن ئۇۋاقلانغان كالا مۈڭگۈزى تاشلايتتى. مۈڭگۈز تاشلاش تاكى تۆمۈر سۈيى سوۋۇپ مۈڭگۈزنى كۆيدۈرەلمىگەنگە قەدەر داۋاملاشاتتى. قاتقان تۆمۈر كۆپ ئۆتمەيلا يەنە ئوچاققا تاشلىناتتى، بىردەمدىن كېيىن بۇ تۆمۈرنى لاخشىگىر بىلەن كاپلا قىلىپ قىسىۋالاتتى-دە، چوغ ئارىسىدىن تارتىپ چىقىپ سەندەلگە قوياتتى. بازغان بىلەن خېمىر يۇغۇرغاندەك يۇغۇراتتى، مومدەك ئېزەتتى، بۇ «خېمىر»دىن ئۇزۇن-ئۇزۇن «قىڭراق»لارنى، ئىككى بىسلىق «پالتا»لارنى، ئۇچى ئۇچلۇق «سومبە»لەرنى ياساپ چىقاتتى، ئاخىرىدا يەنە قىزدۇرۇپ، تۇز سۈيىدە سۇغىراتتى، قوم چاقىقا تۇتۇپ پەردەزلەيتتى، ياغاچ بىلەن ساپلايتتى ...

قوتلۇقنى ھەيران قىلىدىغىنى، جاپا بىلەن تەييارلانغان بۇ «ئەسۋاب»لار ئۇلارنىڭ ئىلكىدە ئانچە ئۇزۇن تۇرمايتتى. كۈنچىقىشتى-

كى قارا مەخلۇق تەرەپتىن، بەزىدە يايلاقنىڭ ئۇ بېشىدىن پات-پات
كېلىپ تۇرىدىغان پەيلى يامان ئادەملەر بىرەر توقلا، ياكى بىرەر قوتۇر
ئوغلاقمۇ بەرمەي تۇرۇپ ئۇلارنى سۈپۈرۈپلا ئېلىپ كېتەتتى. قازانغىمۇ،
چۆمۈچكىمۇ، پىچاق، پالتىغىمۇ ئوخشىمايدىغان بۇنداق نەرسىلەرنىڭ
نېمىگە ئىشلىتىلىدىغانلىقى قۇتلۇققا تېپىشماق بولۇپ تۇيۇلغاندەك،
پات-پات كېلىپ كېتىدىغان ئۇ ئاچ كۆزلەرنىڭ كىملىكىمۇ قۇتلۇق
ئۈچۈن بىر تۈگۈن ئىدى. ئۇ پەقەت ئاچچىقىنى يۇتالمىغان دادىسىنىڭ
بەزىدە: «ئىنساپ دېگەننى ئۇنتۇپلا كەتتىغۇ بۇ ياغلاقار[1] لار، ئادەمنى
بۇنچىلىك بوزەك قىلغان بارمۇ؟» دەپ قاقشىغىنىنى ئاڭلىغاندىلا ئاد-
دىن «ياغلاقارلار ياخشى ئادەملەر بولمىسا كېرەك» دېگەننىلا پەرەز
قىلالايتتى.

شۇڭا ئۇنىڭ دادىسىدىن نېمىدەپ بۇنچىلىك كۆيدى-پىشتى
بولىدىغانلىقىنى، ياغلاقار دېگەنلەرنىڭ نېمە ئادەملەر ئىكەنلىكىنى سو-
راپ باققۇسى كېلەتتى. دادىسىنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكىدىن، ئۆزىگە بولغان
كۆيۈمىدىن شۈبھىلەنمىسىمۇ، بىراق، تۆمۈر سۈيىدەك ئوت چاچراپ
تۇرىدىغان كۆزلىرىدىن، كەمدىن-كەم كۈلكە كۆرۈنىدىغان چىرايىدىن
خېلىلا ئەيمىنەتتى.

ئانىسى ئۆچكە ساغقىلى، ئاكىسى ئوتۇن كەسكىلى كەتكەن بىر
كەچلىكى قۇتلۇق ئۆيدە دادىسى بىلەن بىللە قالدى. دەل شۇ پەيتتە،
دادىسى ئۇزۇن «قىڭراق» بىسىغا بىلەي سۈركەۋېتىپ، ئۆزىچە ئېغىز
ئېچىپ قالدى:

---

① ياغلاقار — زامانىسىدا، ئۇيغۇر قەبىلىسىنى تەشكىل قىلغۇچى توققۇز چوڭ
ئۇرۇقنىڭ ئەڭ چوڭى، تورالار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر قەبىلىسى ۋە ئورخۇن
ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىكى قاغان ئۇرۇقى.

— ئوغلۇم قۇتلۇق، ئاغزىڭنى ئۇشلاپ بولۇپ يەنە توختىۋال-دىڭ، خاتالاشمىسام، ماڭا دەيدىغان گەپ-سۆزلىرىڭ بارغۇ دەيمەن، قېنى دەۋەر، يىگىت دېگەن تارتىنچاق بولسا بولمايدۇ، — دېدى، ئۇ قۇتلۇققا قاراپ مەنىلىك كۈلۈمسىرەپ.

قۇتلۇق يۈرەكلىكرەك بولالمىغىنىدىن ئىزا تارتقان بولسىمۇ، لېكىن دادىسىنىڭ كەيپى چاغ ئىكەنلىكىنى دەرھال چەزمىلەشتۈردى. تۈمۈرنى قىزىقىدا سوقۇپ، سورىدى:

— دادا، سەن ياسىغان جابدۇقلارنى ئۇلار نېمە قىلىدۇ؟

قۇتلۇقنىڭ دادىسى سەل گاڭگىراپ قالدى. بۇ «چاتاق» سوئالنى ئاڭلاپ، كۆزىنى يۇمۇپلا يالغان ئېيتماقچىمۇ، بىر نېمىلەرنى دەپ ئۆتۈپ كەتمەكچىمۇ بولدى. ئاخىرىدا ئوغلىنى ئالداشنى ئۆز مىزانىغا مۇناسىپ كۆرمىدى بولغاي، ئەگىتىپ ئولتۇرمايلا جاۋاب بەردى:

— ئۇنىڭ بىلەن ئادەم ئۆلتۈرىدۇ، ئوغلۇم!

دادىسىنىڭ پەرىزى توغرا بولۇپ چىقتى. قۇتلۇق داغمال يېقىلغاندەك چۆچۈپ كەتتى، دادىسىنىڭ جاۋابىنى تەئەججۇپ بىلەن تەكرارلىدى:

— ئادەم ئۆلتۈرىدۇ؟

— شۇنداق، ئادەم ئۆلتۈرىدۇ، ئوغلۇم!

قۇتلۇقنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى، قاشلىرى قىسقىراپ، قوشۇمىسى تۈرۈلدى، كېيىنكى سوئالى بولسا ئېھتىياتچان دادىسىنى تېخىمۇ قىيىن ئەھۋالدا قالدۇردى.

— نېمىدەپ ئادەم ئۆلتۈرىدىغان بۇنداق نەرسىلەرنى ياسايسەن دادا؟

دادىسى بىر قىزىرىپ، بىر تاتىرىپ دۇدۇقلاپراق جاۋاب بەردى:

— داداڭنىڭ بۇنداق نەرسىلەرنى ياسىغۇسى بار دەمسەن

ئوغلۇم، ئەمما ياساپ بەرمىسەم ...

ئاۋازى بوغۇزىغا قاپلاشتى بولغاي، ئۇنىڭ شەمشەردەك ئۆتكۈر تىلى بىردىنلا ئۆز كارامىتىنى يوقاتتى. قۇتلۇق ئاستىرتىن سەپسېلىپ دادىسىنى كۆز جىيەكلىرى نەملەنگەن، چىرايى بۇزارغان، كالپۇكلىرى تىترىگەن هالدا كۆرگەندە بولسا، قانداقتۇر بىرەر ئىشنى خاتا قىلغاندەك، بېشىنى ئاستا تۆۋەن چۈشۈردى.

كېيىنكى كۈنلەردىكى پاراڭ ئارىسىدا، قاغان سانغۇنلىرىنىڭ دادىسىنى قورال-جابدۇق ياساپ بېرىش شەرتى بىلەن يىراق خاكاسلار[1] يۇرتىغا ئۇرۇشقا بېرىشتىن ئازاد قىلغانلىقىنى، ئۆز جەمەتىنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈنلا ئۇنىڭ گۇناهلىق بىر ئىشقا مەجبۇرەن قول تىقىۋاتقىنىنى بىلگىنىدە، قۇتلۇقنىڭ كۆڭلى بەكمۇ يېرىم بولدى، يۈرەك-باغرى ئامبۇردا قىسقاندەك مۇجۇلدى ...

ئارىدىن ئىككى-ئۈچ يىل ئۆتۈۋىدى، ئەمدىلا 15 نىڭ قارىسىنى ئالغان مەرھۇم ئاكىسى ھېلىقى ئادەملەر تەرىپىدىن تاغ كەينىدىكى چېك قوۋمىگە قارشى جەڭگە ئاتلاندۇرۇلدى. ئۈچ ئايدىن كېيىن ئۇ

---

① خاكاسلار — تاڭ دەۋرىدە، جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان قەدىمىي مىللەت، بۈگۈنكى قىرغىزلارنىڭ ئەجدادى. خاكاسلار ئەڭ دەسلەپ «تارىخنامە» ۋە «خەننامە»لەردە «كەنكۈن» دېگەن نام بىلەن ئۇچرايدۇ. ئىككى خەن دەۋرىدە كەنكۈنلەر بۈگۈنكى يېنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدا ياشىغان. مىلادىيە 7-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇيغۇر قاغانلىقى قۇرۇلغاندا، يېنسەي دەرياسى ۋادىسىدىكى خاكاسلار بۇ قاغانلىقنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بولغان. مىلادىيە 840-يىلى ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدا نىزا كۆپەيگەندە خاكاسلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ھۆكۈمران گۇرۇھ ئىچىدىكى ئۆكتىچىلەر بىلەن بىرلىشىپ، ئۇيغۇر قاغانلىقىنى غۇلاتقان ۋە خاكاس خانلىقىنى قۇرۇپ چىققان («شىنجاڭ مىللەتلەر لۇغىتى»، 382-بەت).

مىنىپ كەتكەن چىلان تورۇق ئات تۆت يېرىگە ئوق قادالغان بۇ لەشكەرنى ئۆز ئۆيىگە قايتۇرۇپ كەلدى. ئويلىمىغاندا يۈز بەرگەن بۇ بالا-قازا دادىسىغا بەكمۇ ھار كەلدى. ئۇ جىن تەگكەندەك يىغلاپ يۇرۇپ ئوچىقىنى چاقتى، كۆرۈكنى يىرتىپ تىتما-تىتما قىلىۋەتتى، بولقا-بازغانلىرىنىمۇ ئۆي كەينىگە چۆرۈۋەتتى.

«بالا كەلسە قوش كەپتۇ» دېگەندەك، قەرەللىك ئېلىۋاتقان جەڭ جابدۇقلىرىنى ئالالماي قالغان ياغلاقارلار جابدۇق ئورنىغا دادىسىنى ئېلىپ كەتتى. ئۇنىڭ: «يىل-يىللاپ ئىشلەپ بەرگىنىمنىڭ يۈزىنى قىلىڭلار، خوتۇنۇم بىلەن نارەسىدە بالامغا ئىچىڭلار ئاغرىسۇن» دەپ يالۋۇرۇشلىرىمۇ ھېچنېمىگە دال بولالمىدى...

ئاكىسىغۇ ئۆلۈپ كەتتى. ئەمدى «ئۆلگەننىڭ ئۈستىگە تەپمەك» دېگەندەك، ئانىسىمۇ ئۇنى تاشلاپ كېتىپ قالدى. تۇتۇپ كېتىلگەن بولسىمۇ، ھايات بولسىلا، قۇتلۇققا مۇرەببە بولىدىغانغا بۇ دۇنيادا پەقەت بىر دادىسىلا قالدى!

— دادا، سەن قەيەردە؟ ...

## 3. نامەلۇم ئاتلىقلار

يېشىل موۋۇت ئۈستىگە تاشلاپ قويۇلغان غايەت زور دۇبۇلغىغا ئوخشايدىغان تاغ باغرىدا، يايلاقتىن بىر غېرىچچە كۆتۈرۈلگەن ئىككى دۆۋە توپا ئارىسىدا مۈكلىنىپ ئولتۇرغان قۇتلۇق تېگى يوق ئويلار بىلەن مەشغۇل ئىدى. ئۇ جۇپلەنگەن تىزلىرىنى بىر-بىرىدىن ئاجراپ كەتمىسۇن دېگەندەك مەھكەم قۇچاقلىۋالغان، ئېڭىكىنى تىزىغا قويغان

پىتى جىمجىت ئولتۇراتتى. ئەتىگەندە قوزغالغان غۇر-غۇر شامال ھېلى-
ھەم ئېسىپ تۇراتتى. ئۆز ئېسىشىدە قۇتلۇقنىڭ قۇلىقىدىن ئارتىلىپ
مۈرىسىگە چۈشۈپ تۇرغان پاخما چاچلىرىنى، جۇۋىسىنىڭ ياقىسىدىن
بۆرتۈپ چىققان بىر تۇتام يۇمران موينى سىلىقىنە سىيپاپ ئۆتەتتى،
ئۇنى خىيال ئىسكەنجىسىدىن تارتىپ ئالماقچى بولغاندەك، ئۇيەر-بۇيې-
رىنى غىدىقلايتتى. جۇۋىسىنىڭ پېشىنى كۆتۈرۈپ، يەنە چۈشۈرەتتى.
شوخ چوپان يىگىتلەردەك، توختىماي ھۇشقىتاتتى.

ئەپسۇس، قىيامىغا يەتكەن قۇياشنىڭ ئىللىق ھارارىتىمۇ، باش ئۈستىدىن سايراپ ئۆتكەن كۆيچى قۇشلارمۇ، مەخمەل كەبى جىلۋىلەنگەن يېشىل دۇنيامۇ، گۈل-گىياھلارنىڭ مەستخۇش ھىدىمۇ، ۋاقتىمۇ، ماكانىمۇ قۇتلۇقنىڭ مۇستەھكەم تاقالغان سەزگۈ قورغانىنىڭ تېشىدا تۇراتتى. ياشلىق كۆزلىرى ئىككى ئايغىنىڭ ئارىسىدا تىنىمسىز مەگدەپ يۈرگەن يالغۇز چۈمۈلە ئۈستىدە ئىدى.

چۈمۈلە ئۆمىلەيتتى، قۇتلۇقنىڭ كۆز قارىچۇقلىرىمۇ چۈمۈلە بىلەن بىللە مىدىرلايتتى. توپىدىن ئايرىلغان بەختسىز جاندار تۇرۇپ توختىۋالاتتى، تۇرۇپلا قايىقىدۇر قاراپ ئالدىراش يۈرۈپ كېتەتتى. يول تورىغان قۇرۇق چۆپلەردىن ۋە كىچىك پىرقىچىلاردىن بىر ئامال قىلىپ ئۆتۈۋالاتتى ـ دە، كۆپ ئۆزىماي، نىشانىنى يوقاتقان بىتەلەي يولۇچىدەك، بىردىنلا كەينىگە بۇرۇلاتتى. بېشىدىن چوڭ كەلگەن كېلەڭسىز قۇيرۇقى ئۇنى ھاردۇرغانمۇ، تۇرۇپ ئارام ئالاتتى، ئىنچىكە بۇرۇتلىرىنى دىڭگايتىپ، تەرەپ-تەرەپكە تولغىلاپ كۆرەتتى، لىكىلدىتاتتى. يەنە نەلەرنىدۇر مولجالاپ سەپىرىنى داۋام قىلاتتى. بىراق نەگە بارمىسۇن ۋە قانچىلىك كۆچىمىسۇن، پەقەت ئالقانچىلىك دائىرە ئىچىدە چۆرگىلىگىنى چۆرگىلىگەنىدى...

«ھەي چۈمۈلە بالىسى، — قۇتلۇق چۈمۈلىگە شۇنداق

خىتاب قىلدى، — سېنىڭمۇ ئاناڭ ئاسمانغا چىقىپ كەتكەنمۇ، داداڭچۇ، ئۇنى چۈمۈلىلەر پادىشاھى تۇتۇپ كەتكەنمۇ؟ ئۇ نېمىدەپ سېنى ئىزدەپ كەلمەيدۇ؟ سېنى باقمايدۇ؟ بولدى، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، داداڭنىڭ سېنى ئىزدەپ تاپقۇسى، باغرىغا باسقۇسى باردۇ، ئېھتىمال ئۇ ئامالسىزدۇر. سەنچۇ، سېنىڭ ئامالىڭ بارغۇ، يول يۈرەلەيسەنغۇ، ئالدىڭغا قاراپ مېڭىۋەر، مەقسەتسىز لاغايلاپ يۈرگەندىن قىلچە پايدا يوق، مېڭىۋەرسەڭ بەلكى داداڭ ئۇچراپ قالار، بەلكى بەختىڭ ئۇچراپ قالار...»

قۇتلۇق نەم ئوتلاقتا يېتىپ كەتكەن چوڭقۇر ئۆچكە ئىزىدىن چىقالماي ئاۋارە بولۇۋاتقان چۈمۈلىگە بىر تال چۆپ غولىنى تاشلاپ بەردى. ئۇنى چۆپكە ياماشتۇرۇپ، خەتەرلىك يەردىن چىقىرىپ قويدى.

قورسىقى توساتتىنلا كوركىرىۋىدى، قۇتلۇق ئىككى كۈندىن بۇيان ئاغزىغا قورۇت چاغلىق بىر نېمە سالمىغىنىنى يادىغا ئالدى. لېكىن، ئۇ بىرەر نەرسە يېۋېلىشى، يېتىم بولسىمۇ ياشاپ قېلىشى كېرەك ئىدى. ئەمدى ئۇ ئۆيىگە يۈگۈرۈپ كىرىپ «ئانا نان» دەپ ئەركىلە-يەلمەيدۇ، چۈنكى ئانىسى ئۆيدە يوق، ئاسقۇغا ئېسىلغان تالقان سېۋى-تىگە قول ئۇزارتالمايدۇ، چۈنكى ئۇ سېۋەتتە ئەمدى ھېچنېمە يوق، بىرەر تۇتام كېپەكمۇ، بىرەر تال ئارپىمۇ يوق.

قۇتلۇق گەجگىسىنى تاتىلىدى، تەلپىكىنى ئېلىپ ئىختىيارسىز مىجىقلىدى، تۇرغان ئورنىدا تۇرۇپ، يەنە بىر مەرتەم پىرقىراپ چىقتى.

— ھاي ... ھا ... ي

ئۇ يەل توشقان كۆرۈكتەك ئېسىلىپ ئۈنىنىڭ بارىچە توۋلاپ بېقىۋىدى، ھېچكىم جاۋاب ياندۇرمىدى، ئىلاھ تۇرىدىغان ئاسماندىنمۇ، بەندىلە ئىستىقامەت قىلىدىغان زېمىندىنمۇ، جىن-شاياتۇنلار ماكان تۇتقان تەھتىسارادىنمۇ ھېچبىر سادا كەلمىدى. باللىقى تۇتۇپ يەرگە

قاتتىق بىرنى تەپكىنىدىلا ئاندىن بويىنىغا ئېسىلغان ساپسېرىق بۆرە ئۇشۇقى كۆز ئالدىدا پۇلاڭلاپ كەتتى.

خاتىرىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇ ئۇشۇقنى دادىسى تاغ ئىچىدىن ئېلىپ كېلىپ، ئىسكىنە بىلەن تۆشۈك ئېچىپ بەرگەنىدى. ئانىسى ئۇنى ئوغلىنىڭ بويىنىغا ئېسىپ تۇرۇپ:

«بالام، بۇ ئۇشۇقنىڭ خاسىيىتى تولا، ئۇنى كۆزقارىچۇقۇڭنى ئاسرىغاندەك ئاسرا، ئېمىشقا دېسەڭ، ئۇ بىزنى جىن-شاياتۇنلارنىڭ پالاكىتىدىن، يامان كۆزلەرنىڭ مالامىتىدىن خالاس قىلىدۇ، قاچانكى بېشىڭغا كۈن چۈشسە ئۇنىڭغا ئېلتىجا قىلساڭ، مۇراد-مەقسىتىڭگە يەتكۈزىدۇ، مۈشكۈلۈڭنى ئاسان قىلىدۇ» دېگەنىدى.

قۇتلۇقنىڭ كۆڭلىمۇ، كۆز ئالدىمۇ خۇددى مىڭ قۇياش پارلىغاندەك يورۇپ كەتتى. يۈرەك بېغىشىغا چاڭ سالغان ماتەم ئازابىمۇ ئاز-تولا يەڭگىللەپ قالغاندەك بولدى، ئۈمىد مەلھىمى يۈرەك يارىسىغا ئۇبدانلا ئارام بەردى.

ئۇ ئانىسى دېگەندەك قىلدى، كۆكسى ئۈستىدە، توغرىسى، يۈرىكىنىڭ دەل ئۈدۈلىدا تۇرۇۋېرىپ كەھرىۋادەك پارقىراپ كەتكەن ئۇشۇق بېغىنى بويىنىدىن ئېلىپ، ئالقىنىغا ئاۋايلاپ قويدى-دە، قوش قوللاپ تۇتۇپ بېشىدىن ئۈستۈن كۆتۈردى. سارغۇچ ئۇشۇق رەڭگى قۇياش بىلەن سىڭىشىپ بىر جان، بىر تەن بولۇپ كەتكەندىلا ئاندىن ئۇ ئاسمانغا قاراپ نالە قىلدى، يادىدا قالغانلىكى تەڭرىلەرنى بىرمۇ بىر ئاتاپ، تىلەك تىلىدى، نان تىلىدى، سۈت تىلىدى. ئارقىدىنلا بۇ تىلىكىدىن يېنىۋالدى. بىردىنبىر تىلىكىنى، يەنى ھېلىقى قارغىش تەگكۈر ياغلاقارلارنى جازالاپ، دادىسىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى، ئۆتۈندى، يالۋۇردى...

بۇلدۇقلاپ ئېتىلىپ چىققان ئىسسىق ياش ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرى-

نى لققىدە تولدۇردى، كۆز نۇرى ئاشۇ ئىسسىق ياش قاتلىمىنى تېشىپ ئۆتۈپ، ئۇدۇل كۆككە ئېتىلدى.

مۆجىزە يۈز بەردى، ئاسماننىڭ قەرىدە، قامچىدىن ئۇركۈپ كەتكەن پادىلاردەك دەۋرىشىپ يۈرگەن بۇلۇتلار ئارىسىدا كۆك رەڭ-لىك، كۆك يايىلىلىق بىر ئەركەك بۆرە پەيدا بولدى. قۇتلۇق بۆرىنى كۆردى، بۆرىمۇ يەر تەرەپكە بېشىنى بۇراپ قۇتلۇققا قارىدى. جازىبىلىك، مېھرىلىك بوز كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى، ئۇنى پەپىلىدى، ئۇنى ئەركىلەتتى...

يەنە مۆجىزە يۈز بەردى، كۆك بۆرە ئىلتىجا قىلغۇچىنىڭ تەن-جىسمىنى ئۆز خاھىشى بىلەن مەھكەم باغلىۋالغىنىغا ئىشەنچ قىلدىمۇ، قۇتلۇقتىن كۆز ئۈزمەي تۇرۇپ كۆنۈپپىتىش تەرەپكە سۈرۈلدى، كۆكتى-كى ئىلاھىي قۇياشمۇ، رەڭگارەڭ بۇلۇتلارمۇ، تاغ-دەريا ۋە قۇتلۇقنىڭ روھ-جىسمىمۇ كۆك بۆرىگە ئەگەشتى...

ئارىدىن قانچە قەرنە ياكى قانچە دەقىقە ئۆتتىكىن، قۇتلۇق «قارا مەخلۇق»قا يېقىن دېسە يېقىن، يىراق دېسە يىراق بىر يەردە ئۆزىنى كۆردى. ئۇ ئۆزىنىلا ئەمەس، ئوت-چۆپلىرى بولۇق ئۆسكەن بىر پارچە يايلاقنى، يايلاقتا بەخىرامان ئوتلاپ يۈرگەن بىر قانچە ئۆچكىنى كۆردى. بوينىدىكى مونچاقلىرىدىن، دادىسىنىڭكىدەك ساقاللىرىدىن، كۈمۈش يىڭنىلەردەك پارقىراق چۇپۇرىدىن ئۇ ئۆز ئۆچكىلىرىنى تونۇ-ۋالدى.

«توۋا، ئۆچكىلەر ماڭا ئەگىشىپ كەلدىمۇ، يا مەن ئۆچكىلەرگە ئەگىشىپ كەلدىممۇ، ھېلىقى كۆك بۆرىچۇ، ئۇ قېنى؟»

قۇتلۇقنىڭ بۇ ئۆچكىلىرى پۇۋۇلەپ قويغاندەك سېمىز ئىدى، چۇپۇرلىرى كىرپە تىكىنىدەك دىگگىيىپ تۇراتتى، لىق سۈت تولغان يېلىنلىرى خام قاپاقتەك ساڭگىلاپ يەرگە تېگەي دەپلا قالغانىدى. ئۇ

ئۆچكىلەرنىلا ئەمەس، ئالا پاچاق ئۇغلاقلارنىمۇ، بېشىنى سىڭايان قىلىپ ئۆزىگە سىنچىلاردەك قاراپ تۇرغان چوڭ سەككىنىمۇ تونۇۋالدى. يادىدا تۇرۇپتۇ، ئۈچ-تۆت يىل بۇرۇن ئۇ ئاشۇ چوڭ سەككىگە مىنىۋالاتتى، ياغاچ قىڭراقنى نەلەرگىدۇر چىنەپ تۇرۇپ لەشكەرلەردەك سۈرەن سالاتتى، دادىسى ياساپ بەرگەن مۈڭگۈز بۇرغىسىنى «ھۇجۇم» پەدىسىگە پۈۋلىگەچ سەككىنى چاپتۇرۇپ كېتىۋېتىپ، قوزۇققا كىيدۈرۈلگەن كونا جۇۋىنى قەھرى بىلەن «نەيزە» سانجىيتتى، كەينىگە قارىتىپ «ئوق» ئۈزەتتى، قىزىقارلىق بۇ ئويۇننى ئۇ تاكى ئۆزلىرىنىڭ ئېتى بولغۇچە داۋاملاشتۇرغانىدى.

قۇتلۇق يېنىغا كېلىۋېلىپ كىچىك خوجايىنىنىڭ تاپشۇرۇقىنى كۈتۈپ تۇرغان قېرى سەككىگە مەيۈسانە قاراپ قويدى، ئۆچكىلەرنى ئارىلاپ يۈرۈپ، ئەڭ سېمىز بىر ئۆچكىنى ئارقا ئايىغىدىن «كاپ» قىلىپلا تۇتۇۋالدى ـ دە، يېلىنىگە مۈشتلاپ تۇرۇپ، ئەمچىكىنى ئاغزىغا ئالدى، ئاچ كۆزلۈك بىلەن سۈمۈرگىلى تۇردى.

قۇتلۇقنىڭ كۈن-كۈنلەپ داۋام ئەتكەن ئاچلىقىمۇ، دەرمانىنى خوراتقان تەشنالىقىمۇ ۋاپادار ئۆچكىسىنىڭ مەرھەمىتى بىلەن بىر يولىلا ئەمىن تاپتى، شامال سوققان قومۇش پۆپۈكىدەك لىڭشىپ قالغان بەستىگىمۇ يېڭىۋاشتىن جان قېتىلدى.

ئۇ يىقىلىپمۇ، ئۆلۈپمۇ قالمىدى، يىغلاۋېرىپ يېشى تۈگىگەن، قورقۇۋېرىپ يۈرىكى قاتقان بولسا كېرەك، ئەمدى ئۆلۈمنىمۇ يادىغا كەلتۈرمەيتتى. قىسمىتىگىمۇ كۆپ كۆڭۈل بۆلمەيتتى، نازۇك سېزىمى تاشقا تەگكەن پىچاق بىسىدەك گاللاشقانىدى. ئايانكى، يەر-ئاسمان ئارىسىدا تىكەندەك يالغۇز قالغان، ئاھ ئۇرسا ئاھى، زارلانسا زارى ھېچكىمگە ئاڭلانمايدىغان يېتىم ئوغۇلغا ئۆز تىزگىنىنى تەقدىر ئىلاھىنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرماقتىن، ئۇنىڭ يېتىلىشىگە ياۋاش قويدەك

بويسۇنماقتىن ئۆزگە ئامال قالمىغانىدى...

قۇتلۇق ئۆزگەرگەنىدى، ئۇنىڭچە ئۇ تەقدىرگە جەڭ ئېلان قىلا-لايتتى. تەقدىر دېگەن تۆگىدەك يوغان، بۇقىدەك كۈچلۈك مەخلۇق بولسىمۇ، گېزى كەلسە ئۇنىڭ گېلىنى بوغالايتتى، ھەتتا باش ئۈستىدە پىرقىرىتىپ «قارا مەخلۇق»نىڭ ئۇ تەرىپىگە ئاتالايتتى ...


ئوت يۈزلۈك ياز قۇياشىنىڭ ئاسمان گۈمبىزىگە مىخلاپ قويغان-دەك جىم تۇرۇۋېلىشى، ھېلىقى كۆك بۆرە كەتكەن تەرەپكە سەپەر قىلماسلىقى قۇتلۇقنى تولىمۇ شۈبھىگە سالاتتى. ئۇنى مۇرەببىسىدىن مەھرۇم بولغان، قايتارغا ئۆيى يوق، بارارغا يېرى يوق بىچارە مۇساپىر سۈرىتىدە كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى. ھەتتا ئىلاھ بولسىمۇ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياسىغۇسى، مەدەت بەرگۈسى كېلەتتى، قانتى بولسا بىر ئۇچۇپلا ئۇنىڭ يېنىغا چىقىپ ھەمراھ بولغۇسى، ئاغىنە بولۇپ بىللە ئوينىغۇسى بار ئىدى ...

ئەپسۇس ...

قۇتلۇق كۆزلىرىنى قىسقان پېتى قۇياشقا قاراپ بىر نېمە دېمەك-چى بولۇپ تۇرغاندا، قۇلىقىغا قانداقتۇر بىر تونۇش شەپە كىرىپ قالدى، ئالقىنىنى چېكىسىدىن چۈشۈرۈپ مەيدىسىگە قويدى، يۈرىكى تېز-تېز سوقۇۋاتاتتى، رىتىملىق دۈپۈلدەيتتى، لېكىن بۇ دۈپۈلدەش قۇلىقىغا كىرىۋاتقان ھېلىقى تونۇش شەپىگە زادىلا ئوخشىمايتتى، ئەمدى بۇ دۈپۈلدەشكە دادىسى «يۇملاق تۆمۈر»لەرنى سوققاندا چىقىدىغان جاراڭ-جۇرۇڭ ئاۋاز قوشۇلۇۋاتاتتى.

ئۇ ساياق قۇياشنى ۋە ئۇ قۇياشنىڭ تەقدىرىنى بىر پەسكە يادىدىن چىقاردى، بۇرۇلۇپلا شەپە كەلگەن تەرەپكە ئالدىنى قىلدى-دە، يىراقلارغا نەزەر سالدى.

ئۇنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرىگە تاشلىنىۋاتقىنى جەنۇب تەرەپتىن ئات



چاپتۇرۇپ، چوقان سالغان پېتى كېلىۋاتقان بىر توپ ئادەم ئىدى.

— بىر ... ئىككى ... ئۈچ ... يەتتە ...

قۇتلۇق خېلى ھەپىلىشىپ ئاران ئون ئالتىگىچىلا سانىيالىدى. «يۇملاق تۆمۈر»لەرنى بىر-بىرىگە ئۇرۇپ، ئۇزۇن «قىڭراق»لارنى ھاۋادا پۇلاڭلىتىپ كېلىۋاتقان ئۇ كىشىلەر چېپىپ كېلىۋېتىپ دەممۇدەم ئورۇن ئالماشتۇراتتى، بىرى-بىرىنىڭ گەۋدىسىنى توسۇۋالاتتى. بۇ ھال ئۇنىڭ ساناق سانىشىغا توسقۇنلۇق قىلاتتى. ئەمما، ئادەم سانى قانچە بولسۇن بۇ قۇتلۇق ئۈچۈن مۇھىم ئەمەس ئىدى. مۇھىمى، چۆچەك-لەردىلا مەلۇم بولىدىغان بۇنداق كۆپ، بۇنداق ئۇچقۇر ئادەملەرنى ئۇ ئەقلىگە كەلگەندىن بېرى تېخى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتاتتى. ئىشنىڭ قىزىقىمۇ مانا مۇشۇ يەردە ئىدى.

ئەڭ ئالدىدا كېلىۋاتقان بىرنەچچەيلەننىڭ كۆك داكا باغلانغان ئۇزۇن خادىلارنى كۆتۈرۈۋالغىنى قۇتلۇققا تولىمۇ كۈلكىلىك بولۇپ تۇيۇلدى. بۇ كۆك داكىلار كۈچلۈك شامالدا قاتتىق لەپىلدەپ بەئەينى قامچا سىلكىگەندەك ئاۋاز چىقىراتتى. خادا كۆتۈرۈۋالغان سۇمباتلىق كىشىلەر چېپىپ كېلىۋېتىپ نېمىلەرنىدۇر دەپ ۋارقىرايتتى. قۇتلۇق قۇلىقىنى دىڭ قىلىۋىدى، پەقەت «كەلدى... كەلدى» دېگەن گەپنىلا ئاڭقىرالىدى.

«يا تەڭرىم، بۇ نېمە ئادەملەردۇر، كەلدى، دېگىنى نېمىسى ئۇلارنىڭ؟»

قۇتلۇق، ھاڭۋاققان پېتى تۇرۇپ قالدى. غەلىتە يېرى، بۇ ئادەم-لەر قانداق تېز پەيدا بولغان بولسا يەنە شۇنداق تېزلىكتە ئۇپۇق سىزىقىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ كەتتى. ئۆچكىلەرنى ئۈركىتىپ، تورغايلار-نى ئۇچۇرۇۋەتكەن قاتتىق سۈرەنمۇ بۇ يوچۇن ئادەملەرنىڭ قارىسى بىلەن تەڭلا يوقالدى.

قۇتلۇق ئۆز ئىزىغىلا زوڭزايدى، ئادىتى بويىچە تىزلىرىنى مەھكەم قۇچاقلاپ، ئېگىكىنى تىزى ئۈستىگە قويدى. ئاسماندىن چۈشكەندەك پەيدا بولغان بۇ ناتونۇش ئادەملەرنىڭ دادىسى سوققان قازاندەك بىر نېمىلەرنى، ئۇزۇن «قىڭراق»لارنى، ئۇچلۇق تۆمۈرلەرنى كۆتۈرۈۋالغىنى ئۇنى قاتتىق تەئەججۈپكە سالدى، دادىسىنىڭ سۆزى يادىغا يېتىپ، ئۇلارنى ئادەم ئۆلتۈرگىلى كېتىۋاتسا كېرەك دەپ قىياس قىلدى.

قۇياش تەگرىسى ئاخىر كۈنپېتىش تەرەپكە يانپاشلىدى. قۇتلۇق قانچە ئۇزۇن ئولتۇردىكىن، گۇماندىن قانداق خۇلاسە چىقاردىكىن، بىر چاغلاردا بۇ كونا تېپىشماققا يەنە يېڭى تېپىشماق كېلىپ قوشۇلدى.

توساتتىن، ھېلىقى ئادەملەر كەلگەن تەرەپتىن خۇددى جەددال قوپقاندەك توپا-چاڭ كۆتۈرۈلدى.قۇتلۇق بۇنى بىر قاراشتا سېرىق بورانغا ئوخشاتتى، بىر قاراپ قۇيۇنغا ئوخشاتتى. توپا-چاڭ ئارىسىدىن ئاپئاق بىر نېمىلەر كۆرۈنگەندە بولسا بۇ قىياسىنى كەسكىن رەت قىلدى ـ دە، بېشىنى سىلكىۋېتىپ، كۆزىنى سۈرتۈۋېتىپ كۆرگەنلىرىنى سىنچىلاپ كۆزىتىشكە باشلىدى.

ئالاھازەل مىڭ قەدەم بوشلۇقنى ئىگىلەپ كېلىۋاتقان ئاق چېكىتلەر ھايال ئۆتمەي كۆپەيگىلى تۇردى. بىرى ئون، ئونى يۈز بولدى، بېرىپ-بېرىپ كەڭ يايلاق دەۋرەپ كېلىۋاتقانلارنىڭ ئاياغ ئاستىدا قالدى. ئاسمان-پەلەك كۆتۈرۈلگەن توپا بورىنى قۇياشنىمۇ، بۇلۇتنىمۇ خىرەلەشتۈردى. ھارۋىلارنىڭ قۇلاق-مېڭىنى يەپ كەتكۈدەك غىچىرلاشلىرى، داپ-دۇمباق ئاۋازى، ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى، بۇقىلارنىڭ مۆرەشلىرى ئالەمنى بېشىغا كىيدى.

«قارا، ئاق نېمىلەر بىر قارىساڭ ئۆيگە ئوخشايدۇ. ئۆيلەرنى ئات، ئۆكۈزلەرنىڭ سۆرەپ كېلىۋاتقىنىغا قارىغاندا ئۇنى يەنىلا ھارۋا دېگەن

تۈزۈك، ياپىرىم، ھارۋا دېگەنمۇ شۇنداق چوڭ بولامدۇ؟ بىر... ئىككى... ئالتە...»

قۇتلۇق بۇ دورەممۇ ساناقتا ئازدى. ئەمەلدە ئۇ ئۆيگىمۇ، ھارۋىغىمۇ ئوخشاپ كېتىدىغان غالتەكلىك ئۆيلەرنى سانايمەن دەپ بىكاردىن بىكار ئاۋارە بولۇۋاتاتتى. ئەقىللىق بولغىنىغا قارىماي ئۇ سانىيالايدىغان ساناق سان كۆپ بولغاندا يۈزدىن ئاشمايتتى.

مانا، ھەممە تېپىشماق، ھەممە كارامەت قۇتلۇقنىڭ كۆز ئالدىدا ئاشكارا بولدى. بۇ غەلىتە بىر نېمىلەر بايام ئۆتۈپ كەتكەن غوۋغاچى ئادەملەرنىڭ ئىزىدىن، ئۇنىڭغا ئانچە يىراق بولمىغان تەكشىلىكتىن قاتارلىشىپ ئۆتۈشكە باشلىدى. سىنچىلاپ قاراپ، گەۋدىلىك كەلگەن، ئالىپتە كىيىنگەن بىر ئادەمنىڭ ئالتۇن جابدۇقلۇق ئاق بوز ئاتنى سەپنىڭ ئەڭ ئالدىدا يېتىلەپ كېلىۋاتقىنىنى ئېنىق كۆردى[1]. ئارقىدىنلا، ئاق، قارا، جەدە ئاتلارغا مىنىپ، يۇمىلاق تۆمۈرلەرنى دۈمبىسىگە تېڭىۋالغان، ئۇچلۇق خادىلارنى كۆتۈرۈۋالغان كىشىلەر سىپپى تاپ بېسىپلا يېتىپ كېلىشتى. ئون نەچچە ئات ياكى ئون نەچچە كالىغا سۆرىتىلگەن تاغدەك ـ تاغدەك يوغان ئۆيلەر ئۆتكەندە بولسا قۇتلۇق بارمىقىنى چىشلىگەن پېتى ھاڭ-تاڭ قالدى. مىڭلاپ-مىڭلاپ يۈكلۈك ھارۋىلارنىڭ، سان-ساناقسىز ئاتلىقلارنىڭ ئايىغى تا كۈن پاتقىچىمۇ ئۈزۈلمىدى. مۇھىمى، ئاشۇ سەپ ئىچىدە ئۇ دادىسىغا ئوخشاپراق كېتىدىغان سۇمباتلىق بىر ئادەمنى كۆرۈپ قالدى ...

---

[1] قەدىمكى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇرلار بىلەن قانداش قوۋملەرنىڭ ئادىتىدە، ئاق بوز ئات ئىلاھىي ئات تەرىقىسىدە ئۇلۇغلىناتتى، جەڭگە ئاتلانغاندا بۇنداق ئاتقا ئادەم مىنمەيتتى، ئاتنىڭ ھەشەمەتلىك ئېگەرىگە ئۈچ دانە ئۇرۇش ئەلەمى بېكىتىلىپ، قوشۇننىڭ ئالدىدا يېتىلەپ مېڭىلاتتى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بۇنداق ئىلاھىي ئاتقا جەڭ تەڭرىسى سولدى مىنەتتى، باش سەركەردە يېنىدىلا بېقىلاتتى.

قۇتلۇق يەنە ئۇلتۇرۇۋالدى ــ دە، تىزلىرىنى مەھكەم قۇچاقلىدى. يېپيېڭى بىر قىياس ئۇنىڭ خىيالىغا رۇخسەتسىزلا كىرىپ كەلدى:

«توختاپ تۇر، ئاشۇ ئادەملەر ئارىسىدا دادام بولماي قالالتىمۇ، شۇنچە كۆپ يۇملاق تۆمۈرلەرنى، ئەگرى قىڭراقلارنى دادام ياساپ بەرمىسە، ئۇلارغا يەنە كىم ياساپ بېرەتتى، دۇرۇس، يەنە كىممۇ ياساپ بېرەلەيتتى ...؟»

## 4. تەقدىرنىڭ بۇرۇلۇشى

ئاسىي سانغۇن ئۆگلۈك[1]، سۆيگۇن[2] لەرنىڭ ئۇزۇن يىللىق ماللىمانچىلىقنى باشتىن كەچۈرگەن تاڭ سۇلالىسى ئۈچۈن، مىلادىيە 762 ـ يىلمۇ مۇسىبەتلىك ۋە ئەنسىزلىككە تولغان بىر يىل بولدى. شۇ يىلى ئەتىياز ئېيىنىڭ ئاخىرىدا شاھەنشاھ تاڭ شۈەنزۇڭ[3]

---

① ئۆگلۈك ــ يەنى ئەن لۇشەن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ نامى بار «غوز سانغۇنى»، «ئۆگلۈك ـ سۆيگۇن توپىلىڭى»نىڭ باش پىلانلىغۇچىسى، ئانىسى تۈرك، ئۆگەي دادىسى شەرقىي تۈرك قاغانلىقىغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان بۇخارا سوغداقلىرىدىن. ئۇ مىلادىيە 755 ـ يىلى ئۈچ ئايماقنىڭ ۋالىيسى سۈپىتى بىلەن فەنياڭ دېگەن يەردە تاڭ سۇلالىسىگە قارشى توپىلاڭ كۆتۈرگەن.

② سۆيگۇن ــ يەنى شى سىمىڭ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ سېپىق نامى پۇر كەتكەن «غوز سانغۇنى»، توپىلاڭنىڭ يەنە بىر باش جىنايەتچىسى، ئانىسى تۈرك، دادىسى سەمەرقەندتىن كۆچۈپ كەلگەن سوغداقلاردىن. ئۇ مىلادىيە 755 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسىگە قارشى توپىلاڭ كۆتۈرگەن.

③ تاڭ شۈەنزۇڭ ــ ئىسمى لى لوڭجى، يەنى تاڭ مىڭخۇاڭ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى. ئۇ مىلادىيە 685 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 762 ـ يىلى ئۆلگەن، مىلادىيە 712 ــ 756 ـ يىللار ئارىلىقىدا تەختتە ئولتۇرغان.

شىنلۇڭ سارىيىدا ۋاپات بولدى. ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا بولغان پادىشاھ تاڭ سۇزۇڭ[1] ئىچكى سارايدا ھازا ئاچتى، تەيجى سارىيىغا جەم بولۇش-قان تۆت مىڭدەك ئادەم شاھىنشاھى ئۈچۈن يۈزىنى تىلىپ، قۇلىقىنى كېسىپ ماتەم بىلدۈردى.

شاھىنشاھىنىڭ ئۆلۈمى بىتاب ياتقان تاڭ سۇزۇڭغا قاتتىق تەسىر قىلدى. 50 ياشتىن ئېشىپ قالغان تاڭ سۇزۇڭ ئۆز ئوغلىنى ۋەلىئەھدى-لىككە تەيىنلەپ بولۇپ شۇ ئايدىلا ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلدى.

مىلادىيە 762-يىلى 5-ئاينىڭ 20-كۈنى ۋەلىئەھد تاڭ دەيزۇڭ[2] تاڭ سۇلالىسىنىڭ سەلتەنەت تەختىگە ئولتۇردى.

تاڭ دەيزۇڭ تەختكە چىققان چاغلار ئۆكلۈك-سۈيگۇنلەر يوقىتىل-غان بولسىمۇ، ئەمما تەپرىقىچىلىك تېخى تۈگىمىگەن، شى چاۋيى خېلو ئايمىقىنى ئىگىلىۋېلىپ سۇلالە ئۈچۈن كۈچلۈك تەھدىت سېلىۋاتقان چاغلار ئىدى.

شى چاۋيى ئاسىي سەركەردە سۈيگۇنىنىڭ چوڭ ئوغلى ئىدى، دادىسى بىلەن بىللە يۈرۈپ لەشكەر تارتقاچقىمۇ، لەشكەرلەر ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلايتتى، دېگىنىنى قىلاتتى. بىراق بۇ ئىشلار ئىچى تار سۈيگۇنگە زادى ياقمايتتى. شۇ سەۋەبلىك، ئۇ چوڭ ئوغلىغا ئۆچمەن-لىك قىلىپ كەنجى ئوغلى شى چاۋچىڭغا كۆپ ئىلتىپاتلار كۆرسەتت-تى. پۇرسەت كەلسە، شى چاۋيىنى كۆزدىن يوقىتىپ، ئۆز ئىشىغا ئۇنى

---

① تاڭ سۇزۇڭ — ئىسمى لى جېڭ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى. ئۇ مىلادىيە 711-يىلى تۇغۇلۇپ، 762-يىلى ئۆلگەن، مىلادىيە 756 — 762-يىللار ئارىسىدا تەختتە ئولتۇرغان («جۇڭگو تارىخ لۇغىتى» 2539-بەت).

② تاڭ دەيزۇڭ — ئىسمى لى يۈ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى. مىلادىيە 727-يىلى تۇغۇلۇپ، 779-يىلى ئۆلگەن. مىلادىيە 762 — 779-يىللىرى ئارىلىقىدا تەختتە ئولتۇرغان.

ۋارىس قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغانىدى.

بىر قېتىملىق قانلىق جەڭدە، سەردار سۆيگۈن تاڭ سەركەردىسى لى گۇاڭبىنى يېڭىۋالدى ۋە پۈرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئاستانىگە تەگمەك بولۇپ غەربىي سەپكە لەشكەر يۆتكىدى. شى چاۋىينى ئالدىن يۈرەر لەشكەرلەرگە سەردار قىلىپ چاڭئەن[1]گە ئەۋەتتى. ئۆزى چوڭ قوشۇننى باشلاپ يۆنىلىشنى ئۆزگەرتىپ جەنۇب تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۆتتى. كىم بىلسۇن، مىلادىيە 761-يىلى ئەتىيازدىكى بىر جەڭدە شى چاۋيى يۈرىنغا يېدى. بۇ ئەجەللىك مەغلۇبىيەت پۈتكۈل جەڭ ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتىۋەتكىنى ئۈچۈنمۇ، ياكى ئەتەي شۇنداق قىلدىمۇ سەردار سۆيگۈن چوڭ ئوغلىنىڭ ئالدىغا تولىمۇ قىيىن بىر ئىشنى تاشلاپ قويدى:

ئالاھىدە ئادەم ئەۋەتىپ، شى چاۋيىغا ناھايىتى كۆپ ئاشلىق سىغىدىغان بىر چوڭ قازناق ياساش ۋەزىپىسىنى تاپشۇردى ۋە ئاران بىر كۈنلۈكلا مۆھلەت بەردى. دادىسىنىڭ كۆڭلىدىكىنى تونۇپ قالغان شى چاۋيى بار كۈچى بىلەن ئىشقا كىرىشىپ بۇ قازناقنى دېگەن قەرەلدە پۈتتۈردىيۇ، ئەمما يامان ئاقىۋەتتىن يەنىلا خالىي بولالمىدى.

كىچىك سەردار شى چاۋيى دادىسىنىڭ قىلمەن دېگىنىنى قىلماي قويمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. چوڭ سەركەردە كىچىك سەركەردىگە قول سېلىپلا قالسا ئۆزلىرىنىڭمۇ ئامان قالمايدىغانلىقىنى تونۇپ تۇرغان ئەمەلدارلار شى چاۋيىغا «ئالدىن قول سېلىش، ئاپەتنى يوق

---

[1] چاڭئەن — ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسىنىڭ شىئەن شەھىرى. ئۇ ۋاقىتتا تاڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى بولۇپ، «چاڭئەن» دەپ ئاتالغان، يەنە «چوڭ ئاستانە»، «غەربىي ئاستانە» دەپمۇ ئاتالغان. ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىگە تەۋە لوياڭ شەھىرى ئۇ ۋاقىتتا تاڭ سۇلالىسىنىڭ يەنە بىر پايتەختى بولۇپ، چاڭئەن شەھىرىنىڭ شەرقىدە بولغاچ، «شەرقىي ئاستانە» دەپ ئاتالغان.

قىلىش» ئەقلىنى كۆرسەتتى، دادىسى تاش ساندى، ئوغلى قۇم ساندى. شۇنداق قىلىپ، لۇيۇ دېگەن كىچىك سەردار 300 نەپەر لەشكەر بىلەن تەدبىر كۆرۈپ، سۆيگۈننى ئۆلتۈردى، جەسىتىنى پالازغا ئوراپ، تۆگىگە ئارتىپ شەرقىي ئاستانىگە ئېلىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن كىچىك سەركەردە شى چاۋيى شەرقىي ئاستانىدە ئۆزىنى پادىشاھ دەپ ئېلان قىلىپ، ئاسىي كۇچلەرنى يىغىپ توپلاپ چاڭئەن شەھىرىگە قول سوزدى، ساگجۇنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالدى. ئەگەر ساگجۇ قولدىن كەتسە، شى چاۋيىنىڭ لەشكەرلىرى چوڭ ئاستانىگە قاراپ يوپۇرۇلۇپ كېلەتتى. يامان يېرى ئاستانىدا ئەل نوپۇسى جىددىي خوراپ، لەشكەر كېمەيگەن، باج تۆۋەنلەپ خەزىنە قۇرىغان بىر ھالەت ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. ئوردا مۇداپىئەسى خەتەرلىك بىر پەيتتە تۇرۇۋاتاتتى.

شاھلىق تەختى مانا مۇشۇنداق خەۋپ ئۈستىگە قۇرۇلغان تاڭ دەيزۇڭ، كۇنپىتىشتىكى توبۇتلارنىڭ پاراكەندىچىلىكىنى، ئەل ئىچىدىكى باشباشتاق تەپرىقىچىلەرنىڭ غوۋغاسىنى ۋاقتىنچە قويۇپ تۇرغاندىمۇ، ئاسىي شى چاۋيىنىڭ ئىشىنى ھېچ كېچىكتۈرمەي بىر ياقلىق قىلىشى زۆرۈر ئىدى.

تاڭ دەيزۇڭ ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىر سەلتەنىتىگە ھەمدەم بولالايدىغان بىردىنبىر ئىشەنچلىك كۇچ — ئۇيغۇر ئاتلىقلىرىنى يادىغا كەلتۈردى. ئەتىسى دىۋانغا چىقىپلا نايىپ ئەمىر لىيۇچىڭتەڭگە ئۇيغۇرلارنىڭ ئوردا شەھىرى قارا بالغاسۇن[1]غا ئاتلىنىشقا پەرمان بەردى.

① قارا بالغاسۇن — ھازىرقى مۇڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى ئۇلانباتۇر شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ئورخۇن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا. تارىخچى ياڭ شىڭمىن ۋە لىن گەن، گاۋزىخۇلارنىڭ قەيت قىلىشىچە، بۇ شەھەرنىڭ خارابىسى ھېلىمۇ مەۋجۇت ئىكەن.

شۇ كۈنلەردىن بەش يىل بۇرۇن، ئۈچ ئايماقنىڭ باش ۋالىيسى ئۆگلۈك سانغۇن ئىسيان كۆتۈرگەندە تاڭ دېيزۇڭ تېخى ئەمىر لەشكەر ئىدى. شۇ چاغلاردا فەنياڭ كۆرەسىدىن كۆتۈرۈلگەن بۇ توپىلاڭ قارا بوراندەك ھەيۋە پەيدا قىلىپ، ئوردا تەقدىرىگە تەھدىت تۇغدۇرغانىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، تاڭ سۇزۇڭنىڭ تەكلىپى بىلەن ياردەمگە كەلگەن ئۇيغۇر قاغانى[1] بايانچۇرنىڭ چوڭ ئوغلى يابغۇ تېكىن لەشكىرىنى باشلاپ فىڭشياڭ قورۇلىدا چۇشكۇن قىلدى. ئەمىرلەشكەر تاڭ دېيزۇڭ يابغۇ بىلەن بىللە تۇرۇپ ئۇلۇغ جەڭلەرگە ئات سالدى. بىرقانچە قېتىم كەسكىن جەڭ قىلىپ لوياڭ ئەتراپىغا يېتىپ كەلدى ۋە ئۆگلۈك قوشۇنىغا ئىككى تەرەپتىن ھۇجۇم قوزغىدى. كۆپ ئۆتمەي، ئۆگلۈك ئىسيانى تارمار قىلىنىپ لوياڭ شەھىرى قايتۇرۇۋېلىندى. ئۆز ۋاقىتتىكى ئەمىر لەشكەر — بۈگۈنكى شاھ تاڭ دېيزۇڭ شۇ چاغدا ئۇيغۇر شاھزادىسى يابغۇ بىلەن قىيامەتلىك دوستلۇق ئورناتقان، ھەتتا ئاكا-ئىنى بولۇشۇپ قەسەم ئىچىشكەنىدى. بۈگۈنكى كۈندە ئۇ تاڭ پادىشاھى تەختىدە ئولتۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، يەنىلا ۋاپادار ئىنىسى يابغۇنى، ئۇنىڭ باتۇر قوۋمىنى ئېسىدىن چىقارمىغان، ئاتىسى تاڭ سۇزۇڭنىڭ يولىنى تۇتۇپ ئۇيغۇر قاغانىغا ئەلچى ئەۋەتكەنىدى.

تاڭ دېيزۇڭنىڭ ئەلچىلىك دەستىكىنى قوش قوللاپ كۆتۈرۈۋالغان ئەمىر ليۇچىڭتەن قورۇقچى — سىپاھلارنى ئەگەشتۈرگەن پېتى تەگرىقاغان يولى بىلەن ئۇدۇل شىمالغا قاراپ يۈرۈۋەردى. مەنزىل-مەنزىللەردىكى رابات بەگلىرى ياخشى ئات ۋە قۇۋۋەتلىك تائام بىلەن

[1] قاغان — خان-پادىشاھلارنىڭ ھۆرمەت نامى. بۇ ئاتاق ئەڭ دەسلەپتە جۇرجانلار تەرىپىدىن قوللىنىلغان. كېيىن تۈركلەر، ئۇيغۇرلار، موڭغۇللارمۇ بۇ ئاتاقنى قوللانغان. تارىخىي ماتېرىياللاردا يەنە قىرغىز، تۇيغۇن، جۇرجىت، كىدان مىللەتلىرىنىڭمۇ بۇ ئاتالغۇنى قوللانغانلىقى ھەققىدە خاتىرىلەر ئۇچرايدۇ.

تەمىن ئەتتى. ئىككى ئايچە يول يۈرگەندىن كېيىن ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ مەنزىلىگە ئۇلاشتى.

بۇ چاغدا، ئۈگلۈك-سۆيگۈنلەرنى يەر چىشلىتىپ ئوردا ئۈچۈن چوڭ تۆھپە كۆرسەتكەن بايانچۇر قاغانمۇ، قاغاننىڭ چوڭ ئوغلى — تاڭ دەيزۇڭنىڭ قىيامەتلىك ئىنىسى يابغۇ تېكىنمۇ ئالەمدىن ئۆتكەن، يابغۇ تېكىننىڭ ئىنىسى ئىدىگەننىڭ بۆكۈ قاغان دىگەن نام-ئاتاقتا قاغان بولغىنىغا ئۈچ يىلچە بولۇپ قالغانىدى.

ئەلچى لىۈچىگتەنگە ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ ئاستانىسىنى زىيارەت قىلىش نېسىپ بولمىدى. ئۇ بۆكۈ قاغان بىلەن چوڭ قوملۇقنىڭ جەنۇبىدىكى ئۈچ تەسلىم شەھىرى ئەتراپىدا ئۇچرىشىپ قالدى. شى چاۋىيغا ئالدانغان بۆكۈ قاغان ئاسىي شى چاۋىينىڭ يالغان-ياۋىداق-لىرىدىن قايمۇقۇپ ئولجا كۆزلەپ جەنۇبقا سۈرۈلگەن بولسىمۇ، يەنىلا تاڭ دەيزۇڭنىڭ تەكلىپىنى ماقۇل كۆردى. بىكەسى قەيىن قاتۇن ۋە نەۋرە ئاكىسى تونباغا تارخانلارنىڭ ھەمراھلىقىدا تۆت-بەش مىڭچە لەشكەر بىلەن جەنۇب سەپىرىگە ئاتلاندى.

بۆكۈ قاغان كەچ كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە سارىغ ئۆگۈز[1] دەريا-سىنىڭ شىمال تەرىپىگە يېتىپ كەلدى، «ئۇھ» دېيىشكىمۇ ئۈلگۈرمەي-لا، جەڭگە كىردى. بۆكۈ قەيىن[2] نىڭ لەشكەرلىرى بىلەن بۆكۈ

---

① سارىغ ئۆگۈز — خۇاڭخې دەرياسى.

② بۆكۈ قەيىن — بەزى مەنبەلەردە «بارغوت خويۇن» دەپمۇ ئېلىنىدۇ، تەكتى تۇرالاردىن، تاڭ سەركەردىسى. شى چاۋىي توپىلىڭىنى باستۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەن، ئىككى قىزى تاڭ مەلىكىلىرى قاتارىدا بۆكۈ قاغانغا ياتلىق قىلىنغان. ئەمما كېيىن، ئاسىيلىق قىلىپ، ئوردىغا ئۆكتە قوپقان. «يېڭى تاڭنامە»نىڭ 224-جىلدىدا ئۇنىڭغا ئاسىي ئەمەلدارلار قاتارىدا مەخسۇس تەرجىمھال بېرىلگەن.

قاغاننىڭ قوشۇنى ھوجۇمچىلار سېپىنىڭ ئەڭ ئالدىغا ئۆتۈپ سانجۇ ئايمىقىدىن يولغا چىقتى-دە، ئۆتكۈر شەمشەردەك لوياڭغا قادالدى. ئۇيغۇر ئاتلىقلىرى جەنۇبىي تاغدىن قىستاپ كەلدى. بۆكۈ قەيىن شىيۇەندىن قوزغالدى. شى چاۋيى گەرچە يۈز مىڭ لەشكەر بىلەن تەلۋىلەرچە تىركەشكەن بولسىمۇ لېكىن، ئاتلىقلارنىڭ زەربىسى ئالدىدا ئاخىر پۇت تىرەپ تۇرالمىدى. ئاسىيلارنىڭ باش سانغۇنى يەنۋاڭ بەگ لىگباۋغا چېكىندى. قاقشاتقۇچ زەربە يېگەن شى چاۋيى قالدى-قاتتى لەشكەرلىرىنىڭ ھىمايىسىدە خېياڭ تامان بەدەر تىكىۋەتتى. بۆكۈ قاغان ۋە بۆكۈ قەيىن ئىككى مىڭ چاقىرىملىق يولنى بېسىپ شىچىڭ قورۇلغا يېتىپ كەلگەندە تاتابى ۋە كىدان قوۋمنى كۆزلەپ قېچىۋاتقان شى چاۋيىنى تۇتىۋالدى ۋە ئۇنىڭ بېشىنى ئالدى. تاڭ دەيزۇڭغا ئەلچى ئەۋەتىپ شەرقىي ئاستانىنىڭ قايتۇرۇۋېلىنغانلىقىنى مەلۇم قىلدى. خۇش خەۋەردىن مەمنۇن بولغان تاڭ دەيزۇڭ ئەلچى بۇرخانىنى ئىچكى دىۋاندا قوبۇل قىلدى، سېخىيلىق بىلەن ئىككى يۈز توپ شايى-دۇردۇن سۆيۈنچە بەردى.

شەرقىي ئاستانە بىلەن چوڭ ئاستانە زەپەر تەنتەنىسىگە چۆمۈلدى... تەنتەنە كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، تاڭ دەيزۇڭ بۆكۈ قاغان ۋە ئۇنىڭ جىمى ۋەزىرلىرىنى كاتتا زىياپەت بىلەن كۈتۈۋالدى. بۆكۈ قاغانغا «تەڭرىدە بولمىش بىلگە قاغان» دېگەن كاتتا نامنى، سەردار بولۇپ جەڭگە كىرگەن قاغان بىكەسىگە «بىلگە قاتۇن» ئۇنۋانىنى ھەدىيە قىلدى. ئەمىرلەشكەر تۇنباغا تارخان، ئۇڭ-سول شاد ۋە بۇيرۇق-ۋەزىرلەردىن بولۇپ ئىككى مىڭ مەنسەپدارغا تۆھپىسىگە لايىق نام-ئاتاق بەردى. قاغان قېيناتىسى بۆكۈ قەيىن پادىشاھنىڭ يارلىقىغا بىنائەن بۆكۈ قاغاننى ۋە قاغاننىڭ تاۋار-دۇردۇن، تون-پەرىجە بېسىلغان نەچچە مىڭ هارۋىلىق قوشۇننى سەددىچىننىڭ سىرتىغىچە

ئۆزنىپ باردى.

مىلادىيە 763-يىلى باش ئەتىيازدا شەرقىي ئاستانىدىن يولغا چىققان قاغان قوشۇنى تەڭرىقاغان يولىدىكى 66 ئۆتەڭنىڭ 60 نى بېسىپ ئۆتۈپ، قارابالغاسۇنغا ئالتە ئۆتەڭ كېلىدىغان كەڭ يايلاققا يېتىپ كەلدى، كۆن قايرىلغان مەھەلدە قۇتلۇق تۇرۇۋاتقان نامەلۇم مەنزىل يېنىدىن ئۆتۈشكە باشلىدى.

شۇنچىلىك چوڭ، شۇنچىلىك كۆپ هارۋىلارنى، هېسابى يوق ئات-خېچىر ۋە ئاتلىقلارنى تېخى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقان قۇتلۇق بارمىقىنى چىشلىگەن پېتى قېتىپ قالدى. بۇ ئاتلىقلار ۋە هارۋىلارنىڭ باش-ئايىغى تا كۆن پاتقىچىمۇ ئۈزۈلمىدى. مۇھىمى، ئۇ ئاشۇ سەپ ئىچىدە دادىسىغا ئوخشاپراق كېتىدىغان بىر ئادەمنى غىل-پال كۆرۈپ قالدى.

قۇتلۇق يەنە ئولتۇرۇۋالدى، تىزلىرىنى قۇچاقلىدى، يېپيېڭى بىر قىياس ئۇنىڭ خىيالىغا تەكەللۇپسىز كىرىپ كەلدى.

«توختاپ تۇر، ئاشۇ ئادەملەر ئارىسىدا دادام بولماي قالالتىمۇ، شۇنچە كۆپ يۇملاق تۈمۈرلەرنى، ئوچلۇق خادىلارنى دادام ياساپ بەرمىسە، ئۇلارغا يەنە كىم ياساپ بېرەتتى، دۇرۇس، يەنە كىممۇ ياساپ بېرەلەيتتى؟...»

قۇتلۇق هاياجانلاندى، دادىسىنىڭ گەپ قىلغاندا توختىماي لىكىلداپ، ئاچچىقلانغاندا تىترەپ كېتىدىغان قويۇق ساقىلى، ئىسلاپ قويغاندەك قارىمۇتۇق، سوقا تېشىدەك پارقىراپ تۇرىدىغان چىرايى كۆز ئالدىدا ئايان بولدى. ئۇ ئاتلىقلار بىلەن كېتىپ بېرىپ، ئات ئۈستىدە ئۆرە تۇرۇپ ئۆزىگە ئاتىلىق نەزىرى بىلەن قاراۋاتقاندەك قىلاتتى. نېمىشقىدۇر بۇ تەرەپتىن كۆز ئۈزەلمەيتتى، ئۆزىگىمۇ، تۆمۈرچىلىك ئوچىقىنىڭ خارابىسىغىمۇ، ياكى ئاغزىنى ئېچىپ دىۋىدەك چوقچىيىپ

تۇرغان كامارلىق تاغقىمۇ، ئارچىلىق دۆڭ باغرىدىكى ئىككى قەبرىگىمۇ، ئىشقىلىپ مۇشۇ تەرەپتىكى بىر نۇقتىغا تىكىلگىنى تىكىلگەنىدى.

«دادىسى» كۆپ بولسا ئىككى يۈز قەدەملا كېلىدىغان بىر يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. تەھقىقكى، يالغۇز ئوغلىنى، ئوغلىنىڭ ئانىسىنى كۆرگۈسى كېلەتتى. ھېلىقى مۇز تەلەت ياغلاقارلار يول قويمىسا كېرەك، ئۇ سەپتىن ئايرىلالمايتتى. ئوغلىنىڭ ئىسمىنى چاقىراتتى، بىر نېمىلەرنى دەپ ۋارقىرايتتى. ھارۋىلارنىڭ ئەنسىز غىچىرلاشلىرى، ئاتلارنىڭ بەسلەشكەندەك كىشنەشلىرى، كالىلارنىڭ بۇرغا چالغاندەك مۆرەشلىرى، يۇملاق تۇمۇرلەرنىڭ يېقىمسىز جاراڭلاشلىرى ئۇنىڭ ئاۋازىنى بېسىپ كېتەتتى.

قۇتلۇق ئويلىغانسېرى تېخىمۇ بەكرەك ھاياجانلاندى، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپلا قېرى سەكىنىڭ، يىلنى چوڭ ئانا ئۆچكىنىڭ، قارا پاچاق ئوغلاقلارنىڭ ئۆز ئىگىسىنى «نېمە قىلىۋاتىدىكىن» دەپ كۆزىتىۋاتقاندەك، نېمە ئويلاۋاتقىنىنى پەرەز قىلىۋاتقاندەك ئەتراپىنى ئورۇۋالغانلىقىنى، كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى.

ئۇ قېرى سەكىنىڭ دۇمبىسىنى سىيپاپ ئەركىلەتتى. ئانا ئۆچكىنىڭ تولۇمدەك يوغان يېلىنىنى پۇتىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆتۈرۈپ باقتى. مۇشتىنى تۈگۈپ، ئالا پاچاق بىر ئوغلاقنىڭ ماڭلىيىغا «دوك-دوك» قىلىپ ئۇرۇپمۇ قويدى.

قېرى سەكىمۇ، ئۆچكىلەرمۇ، يۈرەكسىز ئوغلاقلارمۇ ئۇنىڭدىن قاچمىدى، ئۇنى ئارىغا ئالغان پېتى تۇرىۋەردى.

قۇتلۇق ئۆچكىلەرگە قاراپ تەنتەنە بىلەن شۇنداق دېدى:

— ھەي ئوبدان ئۆچكىلەر، ئوغلاقلار، يۈرۈگلار، ئېگەڭلەر بىلەن بىللە مېڭىڭلار، ئەنە ئاۋۇ ئادەملەر ئارىسىدىن دادىمىزنى ئىزدەي-

ىمز، ئۇنى تىپىۋالساق، ماڭىمۇ، سىلەرگىمۇ ياخشى ...
ئۇ ئۆچكىلەرنىڭ ئارىسىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، ئىككى-ئۈچ قە-
دەمچە ئىلگىرىلىدى ۋە «ئۆچكىلەر كەينىمدىن كېلىۋاتىدۇ» دېگەن
ئىشەنچ بىلەن كەينىگە قارىدى.

بىراق، قېرى سەكىمۇ، ئۆچكىلەرمۇ، ئالاپاچاق ئوغلاقلارمۇ تو-
غۇلغان ماكانىغا قىيمىغاندەك تۇرغان يېرىدىن بىر قەدەممۇ ئىلگىرى
سىلجىمىغانىدى. ئېمىلەرنىدۇر دەپ نەلەرگىدۇر قاراپ كېتىۋاتقان كە-
چىك ئىگىسىنى ئاخىرقى قېتىم كۆرۈۋالماقچى، سىماسىنى كۆز قارد-
چۇقلىرىدا قالدۇرۇۋالماقچى بولغاندەك باشلىرىنى سىڭايان قىلىپ قاراپ
تۇرۇشاتتى.

قۇتلۇق ئۆچكىلەرنى چۈشىنەلمىدى، ئۇلارنىڭ ۋاپاسىزلىقى ئۇنى
قاتتىق تېرىكتۈردى، مۇشتىنى تۈگۈپ قېرى سەكىگە قارىتىپ پولاڭلات-
تى ۋە زەردە بىلەن:

— هۇ تۇزكورلار، دادام بىزنى بېقىپ چوڭ قىلدىغۇ ئاخىر،
ئەمدىلىكتە...، — دېدى.

قۇتلۇق بوغۇلدى، ئۆچكىلەرگە كۆڭلى قالغاندەك هومىيىپ قو-
يۇپ، بارغانسېرى ئۇزاپ كېتىۋاتقان لەشكەرلەر توپىغا قاراپ قەدەم
تاشلىدى، كۆپ ئۆتمەيلا توپقا يېتىشىپ، ئادەملەر ئارىسىغا كىرىپ
كەتتى.

## 5. ساقاللىق ئادەملەر

قۇتلۇق چۈش كۆرۈۋاتاتتى، دادىسى تۆمۈر سۈيىنى تۆكۈۋەتتە-

مىكىن ياكى ئالەمگە ئوت كەتتىمىكىن، كۆزى كۆرگەنلىكى يەرنىڭ،
ئەزىرى يەتكەنلىكى توقايلارنىڭ ھەممىسى ئوتقاشتەك قىزارغانىدى.
ئەنە، كۆنچىقىشتا چوقچايغان ئاۋۇ سىرلىق مەخلۇقنىڭ رەڭگىمۇ ئۆز-
گەرگەن. ئۇ بەئەينى يوغان چوغدانغا ئوخشايدۇ، چوغ تەكتىدىن
ئېتىلىپ چىققان ئوت يالقۇنى ئەجدىھانىڭ تىلىدەك قىزىل. بەزىدە
ئوتتەك قىزىرىپ، بەزىدە ساماندەك سارغىيىپ تۇرىدىغان ئىلاھىي
قۇياشمۇ بەجايىكى، قانغا مىلەنگەن. ئەنە، قىزىل چاچ، قىزىل ساقال،
قىزىل تەن ئاتا، ئۇ قىپقىزىل بازغاننى كۆتۈرۈپ، قىزىل ئاسمانغا
تاقاشتۇرۇپ، قىزارغان تاغ ئۈستىگە ئۇردى. تاغ بېشىدىن چاچراپ
چىققان پارچە-پارچە ئوتلۇق تاشلار يۇلتۇزلاردەك چېچىلىپ ئالەمگە
تارالدى. ئۇ قىزىل تاشلارنى ئوچاققا تاشلاپ، قىزىل كۆرۈكنى شۇنداق
باستى-دە، ئوت ئىچىدىن قىپقىزىل يۇملاق تۆمۈرلەرنى تارتىپ
ئېلىپ، قىزىل ساپلىق بازغان بىلەن ئۇرىۋەردى...

جاراڭلىغان ئاۋاز، جاراڭ-جۇرۇڭ شەپە...

قۇتلۇق ئويقۇلۇق كۆزلىرىنى ئېرىنچەكلىك بىلەن ئاچقاندا،
كىرپىدەك تۈگۈلگەن پېتى ھارۋا چاقىغا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى. ئەتىگەن-
لىك قۇياشنىڭ قىپقىزىل شولىسى پېشانىسىنى قىزدۇرۇپ، كۆزلىرىگە
ئالتۇن مىختەك سانجىلماقتا ئىدى. ئۇ ئالىقانلىرىنى ئالدىغا سوزۇپ،
ھاۋانى ئىتتىرىپ، ئاپتاپ زەربىسىدىن ئۆزىنى قاچۇردى، كۆزلىرىنى
ياش چىقىپ كەتكۈدەك كۈچەپ ئۇۋۇلىدى، كۆڭلىنىڭ ئۇ يەر بۇ
يېرىدە لەيلەپ يۈرگەن پارچە-پۇرات خاتىرىلەرنى بىر يەرگە يىغىۋىدى،
تۈنۈگۈن بىرلا تەۋەككۇل بىلەن نامەلۇم ئادەملەرنىڭ كەينىگە ئەگەش-
كىنىنى، كۈن پاتقۇچە بىللە يۈرۈپ بۇ مەنزىلگە يېتىپ كەلگىنىنى،
ئاچلىق ۋە ھارغىنلىق تۈپەيلى، تېزلا ئۇيقۇغا كەتكىنىنى ۋە قانداق
چۈشلەرنى كۆرگىنىنى دەرھال يادىغا ئالدى.

بىر كېچىلىك تاتلىق ئۇيقۇ ئىككى كۈنلۈك ھاردۇقنى ھەيدىۋەتكەن بولسا كېرەك، ئۇ ئۆزىنى خېلى روھلۇق ھېس قىلدى ۋە لىككىدە ئورنىدىن تۇردى، سەل ئەيمىنىش نەزىرى بىلەن ئەتراپىغا كۆز تاشلىدى.

كۆردىكى، چاقىقا چاق تەگكۈدەك يېقىن قىلىپ توختىتىلغان سان-ساناقسىز يار-يار ھارۋا ناھايىتى چوڭ بىر دۈگىلەك دائىرە ھاسىل قىلغانىدى. ئېغىر يۈكلۈك چوڭ ھارۋىلار يەنە بىر ئىچ ھالقىنى تەشكىل قىلاتتى. ئات، ئۆكۈزلەر ۋە چاقلىق ئۆيلەر بۇ ھالقىلارنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا تۇراتتى.

قۇتلۇق قاراۋېتىپ، ئەجەبلەندى:

«ئاتلار مۈگدەپ تۇرۇپتۇ. ھارۋىلار ۋە چاقلىق ئۆيلەر ئۆز جايىدىن قوزغالماپتۇ، ئەجابا، ئادەملەر، تۈنۈگۈنكى بىھېساب لەشكەرلەر ئەمدى نەلەرگە كەتتىكىنە؟»

شۇ ئەسنادا، قۇتلۇق كۈنچىقىشتىن كېلىۋاتقان كۈچلۈك بىر سادانى ئاڭلاپ قالدى. بۇ سادا ئارىسىدا شاۋقۇن-سۈرەنمۇ، داپ-دۇمباق ئاۋازىمۇ بار ئىدى. دادىسى يۇملاق تۆمۈرلەرنى، يوغان قىڭراقلارنى سوققاندىمۇ دەل ئەنە شۇنداق ئاۋاز چىقاتتى. توغرا، ئۇ بۇنداق سادانى چۈشىدىمۇ ئاڭلىغان، ئويغىنىپمۇ ئاڭلىغان، شۇغىنىسى، خىيال بىلەن بولۇپ كېتىپ، بۇ ساداغا زەن قويمىغانىدى.

قۇتلۇق بىرلا سەكرەپ ئېگىز چاق ئۈستىگە چىقىۋالدى، قوللىرىنى قانات قېقىۋاتقان قۇشنىڭ قانىتىدەك كېرىپ تۇرۇپ تەڭپۇڭلۇقنى تەڭشىۋالغاندىن كېيىن، سادا كېلىۋاتقان تەرەپكە قىزىقسىنىپ قارىدى. «ئېھتىمال، دادام ئاشۇ ئالاماندىدۇر» — دېدى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە ئاگاھ بېرىپ، يىراقتىنراق نىھايەت كۆپ ئادەملەرنى كۆرۈپ. ئۇ شۇنداق دېگەچ، چاق ئۈستىدىن سەكرەپ چۈشتى ـ دە، يۈزلەپ ھارۋا، ئاق

ئۆيلەرنى ئارىلاپ ئۆتتى، تېكىدەك تاقلاپ، كۈنچىقىش تەرەپكە قاراپ ماڭدى، كەڭ كەتكەن بىر بوشلۇققا يېتىپ كەلدى.

قۇتلۇقنىڭ كۆرگىنى چايقىلىپ تۇرغان ئادەم دېڭىزى بولدى. بۇ دېڭىزدا كۆز چاقنىغان پارقىراق تاج ۋە ھەسەن-ھۈسەندەك جۇلالىنىپ تۇرىدىغان زەرباب تون كىيگەنلەرمۇ، ئۇچى قىزىل تۆمۈر بۆك، بەلدەم-بەلدەم تۆمۈر چاپان، قونچلۇق ئۆتۈك كىيىپ، ئۇزۇن «قىڭراق»لارنى ئېسىۋالغانلارمۇ، كەشتىلىك سايىۋەنلەرنى كۆتۈرۈۋالغانلارمۇ، كۆك ماتا باغلانغان ئۇزۇن خادىلارنى پۇلاڭلىتىۋاتقانلارمۇ بار ئىدى. ئۇلار ئۆرلەۋاتقان قۇياشقا قاراپ تەنتەنە قىلاتتى، قوللىرىنى كۈنچىقىشقا سوزۇپ، تەلۋىلەرچە سۈرەن سالاتتى، توختىماي چاۋاك چالاتتى. بەزىلىرى يۇملاق تۆمۈرلەرنى، ئۇزۇن قىڭراقلارنى بىر-بىرىگە ئۇرۇپ، ئالەمنى مالەم قىلاتتى. غاز بويۇنلۇق بۇرغىلاردىن تارقالغان ئاۋاز ئاچ تۆگىنىڭ بوزلىشىغا، ھۆرۈن ئۆكۈزنىڭ مۆرىشىگە ئوخشايتتى.

قىزىق يېرى، بېشىغا پەي قادالغان ئۇچلۇق كۇلاھلارنى، ئۇچىسىغا ئاچ قىزىل قوراق پەرىجىلەرنى كىيىۋالغان 50 ـ 60 چە يالاڭئاياغ ئادەم توپ ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇقتا ئۇتقاش كۆتۈرۈۋېلىپ ئۇسسۇل ئوينايتتى، قويۇندەك پىرقىراۋېتىپ توساتتىن ئۈيۈپ قالاتتى، ئاياغلىرىنى كېرىپ ئاتقا مىنگەندەك ياكى ئاسمانغا يول ئالغاندەك ھەرىكەتلەرنى قىلاتتى، غولاچلىرىنى سوزۇپ، بېشىنى كەينىگە تاشلايتتى، ئاغزىدىن ئاپئاق كۆپۈك ئۆرلەيتتى، دۇمباقلارنى بولۇشىغا ئۇرۇپ، سۇنايلىرىنى جور قىلاتتى...

بۇ تەنتەنىلىك ھال، تاكى قۇياش ئۆرلەپ كۈن چېچىلغۇچە داۋام قىلدى. جەڭ دۇمباقلىرى قانداقتۇر بىر پەدىگە چېلىنغاندىن كېيىن، ئادەملەر توپى ھارۋا ۋە ھارۋىلىق ئۆيلەر تەرەپكە سۈرۈلدى ۋە بىردەملىك پاتىپاراقچىلىقتىن كېيىن، تونۇگۇنكى ھالەتنى ئەسلىگە

كەلتۈردى. رەڭ بويىچە سەپ تۈزۈشكەن ئاتلىق لەشكەرلەر ھەيۋەتلىك ئاق بوز ئاتنىڭ كەينىگە چۈشتى. ئات قېتىلغان چاقلىق ئاق ئۆيلەر ئاتلىقلارنىڭ كەينىدىن ماڭدى. ئۇنىڭ كەينىگە ھارۋىلار ۋە پىيادىلەر ئەگەشتى. بەلۋېغىنى مەھكەم چىگىۋېتىپ، كوركۇراۋاتقان قورسىقىنى ئەيۋەشكە كەلتۈرۈۋالغان قۇتلۇقمۇ رەھىمدىل قېرى ھارۋىكەشنىڭ ئىجازىتى بىلەن يوڭ بېسىلغان توپاق ھارۋىسىنىڭ يان ياغىچىنى تۇتۇپ سەپ بىلەن بىللە يۈرۈپ كەتتى.

چۈشكە يېقىن، قۇتلۇقنىڭ كونا چورۇقى ئىككى يەردىن تېشىلىپ قالدى، تۆشۈكتىن بۆسۈپ چىققان بارماقلىرى شورلۇق يولنىڭ ئۇپرىـ تىشى بىلەن مايافتەك-مايافتەك قاپىرىپ چىقتى، ئۇزۇن ماڭمايلا تېشىـ لىپ، تۇز سەپكەندەك ئېچىشقىلى تۇردى.

ئۇ ئۇندىمەي كېلىۋاتقان كەم سۆز ھارۋىكەشكە ئىككى ئېغىز ئوبدان گەپ قىلىپ، ئۇنىڭ ھارۋىسىغا چىقىۋالماقچىمۇ بولدى. ھارۋا يۈكى خېلى كۆپ ئىدى، ئۇنى، جاپاكەش ئىككى توپاق تەسلىكتە سۆرەپ بېرىۋاتاتتى. بىراق، ھارغىن، قويرۇقى بىلەن كۆكۈيۈن قورۇـ ۋاتقان توپاقلارغا ئىچى ئاغرىدىمۇ، يا ئاغزىنى ئۇپراتقۇسى كەلمىدىمۇ، ئىشقىلىپ ئۇ بوۋايغا ئېغىز ئاچمىدى، ئاغرىققا چىداپ، چىشىنى-چىشىغا قويدى ۋە غەيرىتىگە ئېلىپ ئۆز يولىدا مېڭىۋەردى.

— ھەي بالا، ھارۋىغا چىقىۋالاي دېمەيسىنا ئەجەب، گەدىنىڭ يەر بەرمىدىمۇ-يا؟ — دېدى بىر چاغلاردا ھارۋىكەش بوۋاي تۇيۇقسىز ئېغىز ئېچىپ، قۇتلۇق بوۋاينىڭ گېپىنى تازا ئاڭقىرالمىسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشەندى.

بوۋاي ھارۋىسىنى ئاستىلاتتى، قولىنى ئۇزىتىپ، بىر كۆچەپلا قۇتلۇقنى ھارۋىغا چىقىرىپ يېنىغا ئولتۇرغۇزدى، بىر ئوچۇمچە تالقان بىلەن قولاقچىلىك پىششىق گۆش بەردى:

مە، بۇنى يە، پۇت-قولۇڭغا دەرمان بولىدۇ...

ھەمسەپەر بولغاندىن كېيىن، ياتسىراش تۈگەپ، ئارا ئېچىلدى. چىرايىنى پۈرۈم-پۈرۈم قورۇق باسقان ھارۋىكەشنىڭ ئىشارەت ئارىلاشقان گەپ-سۆزلىرىدىن ئۇ، بۆكۈ قاغان باشلاپ ماڭغان لەشكەرلەرنىڭ قانداقتۇر «تابغاچ» دېگەن چوڭ قەۋمنىڭ يۇرتىغا بارغانلىقىنى، بىر يىللىق سەپەرنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئوردۇبالىق دېگەن يەرگە قايتىپ كېتىۋاتقىنىنى بىلىۋالدى. ئوردۇبالىقنىڭ ئاۋاتلىقى ۋە كاتتىلىقى ھەققىدە نۇرغۇن تەرىپلەرنى ئاڭلىدى.

بوۋاي غورا قاپاق، توك مىجەز كۆرۈنگىنى بىلەن ئەسلىدە خېلى ئوچۇق ۋە گەپچى تولا ئادەم ئىكەن. ئۇ قامچىسىنى ئويناپ تۇرۇپ ئۆزىنى «ئۇيغۇرنىڭ قوغۇرسۇ ئۇرۇقىدىنمەن» دېدى. بوۋا قاغان بىلگە قاغاندىن باشلاپ ھازىرقى قاغان بۆكۈ قاغانغىچە بولغان ئۈچ ئەۋلاد قاغانلارغا قانچە يىل خىزمەت قىلغىنى، قانداق جەڭلەرگە قاتنىشىپ، قانداق نام ئالغىنى، جەڭ پالتىسى گۇمپىسىدا سانغۇندىن كەم تۇرمايدىغىنى توغرۇلۇق بىر ھازا ماختىنىپ بەردى. «قېرىپ قالدى» دېگەن گەپ بىلەن ھارۋىكەشلەر سانغۇنىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگىنىدىن نارازى بولۇپ «مەن تېخى قېرىمىدىم، كۈچۈمدىن قالمىدىم» دەپ ۋايساپمۇ قويدى.

«جېنىم دادا، ئوغلۇڭ كەلدى، سېنى ئىزدەپ كۆزى تالدى. جاۋاب بەرگىن، سەن قەيەردە؟ ئاتلىقلارنىڭ سېپىدىمۇ ياكى ھارۋىلىقلار ئارىسىدىمۇ؟ سەپنىڭ ئالدىدىمۇ ياكى كەينىدىمۇ؟ قېنى ئېيت، نە سەۋەبتىن سېنى ئىزدەپ تاپالمايمەن، سەزگۈلىرىڭ ئۆتكۈر تۇرۇپ، نېمىدەپ سەنمۇ مېنى كۆرەلمەيسەن؟ ماڭا ئايان، جەزمەن مېنى كۆرەلەيسەن، كۆرۈۋسەنۇ، مەن بۇ يەردە دېيەلمەيسەن. ئەجەبا، پۇت-قوللىرىڭ باغلاقلىقمۇ، كۆزلىرىڭ بوگۇنگىچە تېڭىقلىقمۇ؟ ۋە ياكى،

گەپ قىلغۇدەك ئەركىنلىك يوقمۇ؟...»

تاڭ ئېتىپ، ئىبادەت باشلانغاندىن بېرى، كۈن ئۆرلەپ قوشۇن قوزغالغاندىن بېرى، قۇتلۇقنىڭ بىرجۇپ كۆزى بىردەممۇ جىم تۇرمىدى، ئۆتكەنلەرگە نەزەر سالدى، كەلگەنلەرگە زەن قويدى، كۆرگەنلا ئادەمگە سىنچىلاپ قاراپ چىقتى. ۋاقتى كېلىپ لەشكەرلەر ئىچىدە دادىسىنىڭ يوقلۇقىغا كۆزى يەتكەندە بولسا كۆڭلى بۆلەكچىلا يېرىم بولدى. بىراق باللارچە يېڭى ئىستەك — ئاستانىنى كۆرۈش ئىستىكى كۆڭلىدىكى يېرىملىقنى شۇ ھامان تولدۇرۇپ ئۈلگۈردى.

ئورۇقلاپ، بۆرتۈپ چىققان ئۇستىخانلىرى تېرىسىنى تېشىۋېتەي دەپ قالغان توپاقلارغا ھاردۇق يەتكەنمۇ، ھارۋا شىكەستلەنگەن چۇمۇلىدەك ئاستا ماڭاتتى. ياغلانمىغلى ئۇزۇن بولغان ئېگىز چاقلار تىلسىز توپاقلارنىڭ پەريادىدىن خەۋەر بەرگەندەك، بىر خىل غىچىرلايتتى. مىڭلىغان ئات-كالىنىڭ تۇياقلىرىدا ساپان سالغاندەك تىلغانغان يولدا ئۆلۈك توپا خۇددى ئەگىزسۇدەك لۆمشۈپ ئاقاتتى. كاتاڭلارمۇ تونۇردەك يوغانىدى. بۇنداق كاتاڭلاردىن ئۆتۈش توپاقلارنىڭلا ئەمەس، بەلكى ھارۋىكەشنىڭمۇ ۋايجىنىنى چىقىرىۋېتەتتى. توپاقلارنىڭ ئېغىر-ئېغىر تىن ئېلىشلىرى، قامچىلارنىڭ قارسىلدىشى، ھارۋىكەشلەرنىڭ غەزەپلىك ھەيۋىسى شۇنداق بىر سادانى ھاسىل قىلاتتىكى، بۇ سادا تاغ سېلىدەك گۈلدۈرلەپ يەر-جاھاننى تىترىتەتتى.

تۈگمەس يول ۋە زېرىكىشلىك سەپەر قېرى ھارۋىكەشنىمۇ، بالا قۇتلۇقنىمۇ ئوخشاشلا زېرىكتۈردى، پاراڭلىشىۋېرىپ، گەپلىرىمۇ تۈگەپ قالدى. بوۋاي ئۆز ئورۇقىدا كەڭ تارقالغان قانداقتۇر بىر كۈيگە غىڭشىغلى تۇردى. ئۇلار شۇ مېڭىشىدا چۈشكە يېقىن تاغ باغرىدىن يېرىپ چىققان بىر ئېقىنغا ياندىشتى. بوۋاي قۇتلۇقنىڭ سوئال قويىدىغىنىنى پەملىۋېلىپ ئۆزىچىلا ئېغىز ئاچتى:

— سەن بىلمەيسەن بالا، ئاۋۇ تاغنى ئۆتۈكەن دەيمىز، ئۇنىڭ ئەڭ ئېگىز يېرى تېخى ئالدىمىزدا. ئۇرخۇن دېگەن ئاۋۇ دەريا تا ئاستانىمىزغىچە ئېقىپ بارىدۇ، ئاستانىدىن ياندىپ ئۆتۈپ بىر يەرلەرگە بارغاندا، يەنە تولا سۇيى بىلەن قوشۇلىدۇ-دە، كاتتا ئېقىنغا ئايلىنىپ، تاغ كەينىگە ئۆتۈپ كېتىدۇ. بىلىپ قوي، ئۆتۈكەن تېغى ئىلاھىي تاغ، ئىلاھقا ئەڭ يېقىن تۇرىدىغان تاغ، — دېدى بىردىنلا جانلىنىپ.

ئۇلار بىردەم ماڭغاندىن كېيىن، ئۇرخۇن سۇيىدىن يىراقلاشتى، ھارۋا بىردىنلا پەسكە سىيرىلىپ، توپاقلارنى ئالدىراتقىلى تۇردى. تاغ باغرىدىكى بىر تەكشىلىك ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى.

تاغلارنىڭ بەلدىن يۇقىرىسى قارا تاشلىق بولغىنى بىلەن، تاغ تۆۋىنىدىكى بۇ تەكشىلىك بەكمۇ چىرايلىق ئىدى. تاغ باغرىدا ئوتلاپ يۈرگەن قوي، كالىلار، قىر-تاشلاردا تاقلاپ يۈرگەن ئۆچكە-ئوغلاقلار ساي ھۆسنىگە ئاق خاللاردەك يارىشىپ تۇراتتى. قىيالارغا يىلتىز تارتقان شالاڭ ئارچىلار تەكشىلىكنى كۆزەت قىلىۋاتقاندەك تىك تۇراتتى. نېپىز تۇمان ئاق ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسىدە لەيلەك قۇشتەك ئەگىپ يۈرەتتى. بۇ كەڭرى ساي ئۆز ئىگىسىنىڭ باتۇر جەڭچىلىرىگە كەڭ قۇچاق ئاچقانىدى.

سەپ ئالدىدىكى ئاق بوز ئات ساي مەركىزىگە يېتە-يەتمەيلا ھاۋانىڭ ئەلپازى بۇزۇلدى. تاغ كەينىدىن كۆتۈرۈلگەن تۇرۇم-تۇرۇم قارا بۇلۇت بىر پەستىلا كۆكنى قاپلىدى. قۇياش قارىيىپ، ئاپتاپ يوقالدى. بىر دەملىك تەتۈر شامالدىن كېيىن، ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىلغىلى تۇردى. پۈتكۈل قوشۇن كەلگەن يېرىدىلا توختاپ قالدى.

— ھەي بالا، دەرھال ھارۋىدىن چۈش، — دېدى بوۋاي پەسكە سىيرىلغاچ، قۇتلۇقنى ئالدىرىتىپ.

ھەر يىلى تۇنجى چاقماق چېقىلغان كۈنى ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆزلە-

رىنى يېتىلەپ تالاغا ئېلىپ چىقىدىغانلىقى، بۇلۇت ئارىسىدا تولغىنىۋاتقان ئۇتلۇق ئارغامچىغا دۇئا قىلىپ، تىلەك تىلەيدىغانلىقى، ھاۋارايى ئوبدان كېلىپ، تۆللەر تولۇق ئەي بولغان يىللاردا بىرەر قوي ياكى بىرەر ئۆچكىنى، ھېچبولمىغاندا بىرەر ئوغلاقنى چاقماق ئىلاھىغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلىدىغانلىقى قۇتلۇقنىڭ يادىدا ئىدى.

بۇگۈنمۇ ھەم بۇ ئادەت ئۆز تەرتىپى بىلەن داۋام قىلدى. شاھى تونلۇق ئادەملەرمۇ، تۆمۈر بۆكلۈك لەشكەرلەرمۇ، ئاتلىقلار ۋە پىيادىلەرمۇ جاي-جايىدا توختىۋېلىپ ئاسمانغا قاراپ ئۈنلۈك دۇرۇت ئوقۇشتى. يۈگۈرۈك ئاتلارغا مىنىۋالغان يۈزچە چەۋەنداز سەپ كەينىگە ئۆتۈپ، بىرى بىردىن قوينى غانجۇغىلاپ، ئاق ئۆيلەرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىشتى، ئېسىل كىيىملىك ئادەملەر ئالدىغا قويۇپ قويدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن تۆمۈر بۆكى كۆز قاماشتۇرىدىغان، قامىتى ۋە قەدىمى ئېلىشلىرى ئۆزگىچە كەلگەن بىرەيلەن قويلارنىڭ يېنىغا كەلدى ــ دە، شەمشىرىنى سۇغۇرۇپ، بىر ئېمىلەرنى ھۆرگەندىن كېيىن بىر قوينىڭ گېلىغا ئۇردى. قوينىڭ بېشى بىر زەربە بىلەنلا تېنىدىن ئايرىلدى. ئۇنلاپ ئادەم يەنە ئۇنلاپ قوينىڭ بوغۇزىغا پىچاق سىلىشتى. قىزىل قان چۆپلەرنى قىزارتتى، سايىنى قىزارتتى، يەر يۈزىنى شەپەق رەڭگىگە كىرگۈزدى. قۇربانلىق بىلەن تەڭ يېقىلغان گۈلخان ئوتلىرىمۇ ئاشۇ قاندەك قىزىل رەڭ ئالدى. ئاتلىقلارغا ئىجازەت بېرىلدى. ئۇلار تىزگىن سىيرىپ، چاپچىپ تۇرغان ئاتلىرىنى ئىختىيارىغا قويۇۋەتتى. ئاق ئاتلىقلار ئوغلاق تارتىشتى. بوز ئاتلىقلار چەۋگەن ئويناشتى، پىيادىلەر ئۆز جايىدا سورۇن تۈزۈپ، پالۋانلارنى چېلىشقا چۈشۈردى...

قۇتلۇق ھارۋىكەشنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىغا پەرۋا قىلماي، ھارۋىدىن ئايرىلىپ، قازاندەك قايناپ تۇرغان كەڭ سايىنىڭ ئوتتۇرىسىغىچە بېرىپ قالغانىدى. كىرپىگە ئوخشايدىغان يۇملاق نەرسىنى ئەگرى چوماقلىرى-

نىڭ ئۇچى بىلەن ئېلىپ تارتىپ، نەگىدۇر ئېلىپ كېتىۋاتقان بوز ئاتلىق چەۋەندازلارغا قاراپ ھاڭۋېقىپ تۇرغاندا، كىمدۇر بىرى ئۇنىڭ بىلىكىنى مەھكەم قىستى.

— ھەي بالا، ئۆزۈڭ كىم، بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىپ يۈرۈي-سەن؟

قۇتلۇق چۆچىگەن پېتى كەينىگە بۇرۇلدى. كۆزلىرىگە تىك قادالغان، تەلەتىدىن قار يېغىپ تۇرغان بىر ئادەمنى كۆرۈپ قالدى - دە، ھودۇققىنىدىن، جاۋابىنىمۇ تاپالمىدى.

قۇتلۇقنىڭ ئۇندىمىگىنىنى كۆرگەن بۇ كىشى سوئالىنى قايتا تەكرارلاپ ئولتۇرمىدى، يېنىدىكى «قىڭراق» كۆتۈرۈۋالغان ئىككى لەشكەرگە قاراپ:

— كىمنىڭ بالىسى بولسۇن ئۇنى دەرھال ئۆز ھامىيسىغا تاپشۇ-رۇۋېتىڭلار، ئاتلىقلار ئارىسىدا دەسسىلىپ ئۆلۈشى مۇمكىن، — دېيىشى، ئۇلار شۇ ھامان ھەرىكەتكە كېلىپ، قۇتلۇقنىڭ پۇتلىرىنى يەرگە تەگكۈزمەي، كۆتۈرگەنچە كۆتۈرۈپ قاياققىدۇر ئېلىپ ماڭدى.

— ئۇنداق قىلماڭلار، مېنى قويۇپ بېرىڭلار!

— ئاڭلىمىدىڭمۇ، بىزگە بۇيرۇق شۇ، سېنى ئاتا-ئاناڭنىڭ قېشىغا ئاپىرىۋېتىمىز!

— مېنىڭ ئاتا-ئانام يوق!

قۇتلۇقنى ئېلىپ كېتىۋاتقانلار بىر پەسكە توختىۋالدى-دە، بىر-بىرىگە قاراپ كۆز بېقىشىۋالغاندىن كېيىن:

— ھە، مۇتتەھەملىك قىلماقچىمۇ سەن؟ ئاتا-ئاناڭ بولسۇن، بولمىسۇن سېنى بەربىر سەپنىڭ تېشىغا ئاپىرىۋېتىمىز، — دېدى ۋە مېڭىشىنى داۋام ئەتتى.

— ھىم، سېنى قويۇۋەتكىلى بېشىمىز ئۇنىمىدى بىزنىڭ، ۋەزىر

ئەزەمنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ سېنى ئات تۇيىقى ئاستىدا ئۆلمە-سۇن دېگىنىگە، خۇش بولساڭ بولىدۇ تېخى!

قۇتلۇق ئاياغلىرىنى پىلتىڭلىتىپ بار كۈچى بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى.

— يالغان گەپ! ئات دېگەن ئادەم دەسسىمەيدۇ، مەنمۇ ئات بېقىپ، ئات مىنىپ باققان بالىمەن، ئات ئۈستىدە تۇرۇپ ئوقيا ئېتىش-نىمۇ بىلىمەن...

قۇتلۇق دۇچ كەلگەن بۇ تەڭسىزلىك تەنتەنىدىن مۇستەسنا تۇرۇپ هارۋا يېنىدا ئۆز ئىبادىتى بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان تۆت كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتتى. ئاق تونلۇق، قارا قالپاقلىق بۇ كىشىلەر ئىبادەتتە ئولتۇرۇۋېتىپ، تۇنباغا تارخانىنىڭ بۇ بالىغا قاتتىق قوللۇق قىلغىنىنى كۆرۈپ قالغانىدى. ئۇلار باخشىلاردىن مەدەت تىلەپ، ئۆزلە-رىنى چۆكتۈرىدىغان بۇ غەيرىي دىنلىق سەردارغا ئەتەي قىر كۆرسە-تىپ، قوللىرىنى شۇنداق سوزۇپلا يېنىدىن ئۆتۈۋاتقان لەشكەرلەرنىڭ يولىنى توستى.

— هەي نادانلار، ناله قىلىۋاتقان بۇ بالىنى قىيناپ نېمە قىلىسى-لەر؟ ئىنساننى ئىنسان خالىمايدىغان ئىشقا زورلاش گۇناهلارنىڭ گۇناهى ئەمەسمۇ، — دېدى، لەشكەرلەرگە گۆلىيىپ سېرىق ساقال، بوز كۆزلۈك بىرى.

پەس ۋە تورلۇق ئېيتىلغان بۇ سۆزلەر ئۆز تەسىرىنى ئۆتكۈزدىمۇ يا قاغاننىڭ هىممىتىگە ئېرىشىۋاتقان بۇ ئادەملەردىن تەپ تارتتىمۇ، قورۇقچىلار قارماققا ئىلىنغان بېلىقتەك پىلتىڭلاپ تۇرغان قۇتلۇقنىڭ قوللىرىنى شۇ يەردىلا قويۇۋەتتى. قىزىل ساقال، چېقىر كۆز بىرى قۇتلۇقنىڭ سىرقىراۋاتقان قولىنى ئاۋايلاپ تۇتۇپ ئالدىغا يۈكۈندۈردى. جىمى بەندىئەزاسىغا بىرەر ئەيىب ئىزدىگەندەك سىنچىلاپ قاراپ چىقە-

قاندىن كېيىن:

— كۆرۈۋاتىمەن، ئۇنىڭ پېشانىسىدىكى يالتىراپ تۇرغان ئىلاھى يورۇقنى كۆرۈۋاتىمەن. تەھقىقكى، مانى بۇرخان ئالەمنى ياراتقاندا بۇ ئوغۇل ھەم ئالەم مۆجىزاتلىرى بىلەن بىللە ئاپىرىدە بولغان، دىلىغا يورۇق نىيەت، يورۇق ئوي بەخشەندە قىلىنغان. ئۇ ئازابلانسا بەش تەڭرىم يىغلايدۇ، ئۇ خۇش بولسا بەش تەڭرىم خۇشال بولىدۇ، — دېدى ئاۋازىنى تىترىتىپ. ئۇلارنىڭ چوڭگىمىكىن، يەنە بىرەيلەن سۆز ئېلىپ، دېدى:

— ياخشىسى، بۇ ئوغۇلنى ئەمىرلەشكەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن قاغان ھۇزۇرىغا باشلاپ بېرىڭلار، قاغان ئۇنىڭ پېشانىسىدىكى تەڭرى بۇرخانىنىڭ روشەن ئالامەتلىرىنى كۆرۈپ كۆزىنى ئاچسۇن. بەلكى قاغان مانى بۇرخانىنىڭ بەش خىسلىتىنى بالدۇرراق ھېس قىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس...

قۇتلۇق بۇ سىرىق ساقاللىقلارنى ۋە ئۇلارنىڭ «تەڭرىم بۇرخان»، «بەش خىسلەت» دېگەندەك مۇرەككەپ گەپلىرىنى چۈشىنىپ كەتمىسىمۇ، لېكىن ئۇ قانداقتۇر بىر ئىسسىق ئېقىمنىڭ ئۇلارنىڭ كۆزىدىن چىقىپ ئۆز جىسمىغا كىرىپ كەلگەنلىكىنى، يۈرەكىگىچە ئورنىشىپ تومۇر-تومۇرىغىچە تارالغانلىقىنى ھېس قىلدى. تەڭسىز ۋە ئادالەتسىز مۇئامىلىگە دۇچ كەلگەندە ئۆزىنى چۈشەنگەن، ئۆزىگە باشپاناھ بولغان، ئۆزى ئۈچۈن لىللا گەپ قىلغان بۇ بەتبەشىرە كىشىلەرنىڭ سىيماسى ئۇنىڭ سەبىي قەلبىدە ئەڭ چىرايلىق، ئەڭ سۇباتلىق ئادەملەر قاتارىدا ئورۇن ئالدى.

دەبدەبىلىك ۋە سىرلىق ئىبارىلەر بىلەن روھى رام بولۇپ، جىسمىدىن ئىختىيار قاچقان لەشكەرلەر، سىرىق ساقاللىقلارنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلدى. قۇتلۇقنى يېتىلەپ، داپقا چۈشكەن پۇرچاقتەك

سەكرەۋاتقان پىرىخونلارنى ئارىلاپ ئۆتۈپ، قاغان بارگاھىغا يېقىن يەردىكى ياسىداق چاقلىق ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلدى. داستىخان ئالدىدا بەدەشقان قۇرۇپ، بىر توپ سانغۇن، سەردارلار بىلەن بىللە غىزالىنىۋاتقان ۋەزىرئەزەمنىڭ ئالدىدا تىزلاندى:

— جانابىي ۋەزىرئەزەم، بۇ نە ئاتا-ئانىسى، نە مۇرەببىيسى يوق يېتىم بالا ئىكەن، سەپ-سەپلەرنى ئاختۇرۇپ يۈرۈپ ئۇنىڭغا ھامىي بولىدىغان بىرەر ئادەمنى تاپالمىدۇق، ئۇنى يەنە ئالدىلىرىغا ئېلىپ كەلدۇق، — دېدى بىرى ۋە ھەمراھىنى «سەنمۇ گەپ قىل» دېگەندەك قوپال جەينەكلەپ قويدى. يەنە بىر قورۇقچى:

— ئۆزىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئات مىنەلەيدىكەن، ئوق ئۈزەلەيدىكەن، — دېدى ۋە «ئەمىرلەشكەر خالىسا قولى بولسام، ئېتىنى بېقىپ بەرسەم دەيدۇ تېخى» — دەپ قوشۇپ قويدى.

سېرىق ساقال ئادەملەرنىڭ سېھىر-جادۇسىدىن ۋە بۇ ئادەملەرگە ئالاھىدە يېقىنچىلىق قىلىدىغان بۆكۈ قاغاندىن ئەيمەنگەن قورۇقچىلار قۇتلۇقنى ھەيدىۋېتىشكە جۈرئەت قىلالمىغانىدى. شۇڭا، ئەمىرلەشكەرنىڭ ئات مىنىش ۋە ئات ئۈستىدە ئوقيا ئېتىش ماھارىتىگە ئالاھىدە ئىخلاس قىلىدىغانلىقىنى يادىغا ئېلىپ، قۇتلۇقنىڭ گېپىنى كۆپتۈرۈپ، بۇ مەلۇماتنى توقۇپ چىققانىدى. قورۇقچىلارنىڭ مەلۇماتىنى ئاڭلاپ، قۇتلۇققا مەنسىتمەسلىك نەزىرى بىلەن تىكىلىپ ئولتۇرغان، تۆمۈر بۆكلۈك، تۆمۈر چاپانلىق قاتتىق قول بۇ ئادەم دەل ئەمىرلەشكەر تۇنباغا تارخان ئىدى. ھازىر ئۇنىڭ تەلەتى بايامقىدەك قورقۇنچلۇق كۆرۈنمەيتتى. تۇنباغا خۇشياقمىغاندەك قىلىپ:

— قۇشقاچچىلىك جۇغۇڭ بىلەن ئاتقا مىنەلەمسەن تېخى، ئەپتىڭگە قارىغاندا لاپچى بالا ئوخشىمامسەن، — دېدى ھېچكىمدىن ھېيىقماي، قوللىرىنى كەينىگە قىلىپ، مەيدىسىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان

قۇتلۇققا قاراپ:

قۇتلۇق ئۈندىمىدى، ئۈندەشنىمۇ خالىمىدى، بېشىنى كەينىگە تاشلاپ يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قاراپ «ئىشەنمىسەڭ سىناپ باقمامسەن قېنى» دېگەندەك دىمىغىنى قېقىپ قويدى.

ئەمرلەشكەر تونباغا غاجىلاۋاتقان تۆش سۆڭەكنى داستىخانغا تاشلاپ، بۇرۇتىنى تالاپ قويدى، ئالدىرىماي ئورنىدىن تۇرۇپ، قۇتلۇقنىڭ ئالدىغا كەلدى، چويۈندەك ئېغىر ئالقىنى بىلەن ئۇنىڭ مۈرىسىگە بىرنى ئۇرۇپ، قورۇقچىلارغا:

— قېنى، ئات بىلەن ئوقيا كەلتۈرۈڭلار، ئاۋۇ تېۋىلغا ئۈستىگە نىشان قاداڭلار، — دېدى، كۆرسەتمە بېرىپ.

قورۇقچىلار بىر دەمدىلا ئات بىلەن ئوقيا كەلتۈردى. قۇتلۇق ئاتا-ئانىسىغا سېغىنىپ مەدەت تىلىدى. چاپچىپ تۇرغان ئاق ئارغىماق ئۇنىڭ خىيالىدا بىرلا پىرقىراپ ھېلىقى قېرى سەككە ئايلاندى. ئۇ بىر قولى بىلەن تىزگىنگە ئېسىلىپ بىر پۇتىنى ئۈزەڭگىگە قويدى-دە، يەڭگىلگىنە قاڭقىۋىدى، ئات ئۈستىدە ئۆزىنى كۆردى.

قۇتلۇق تىزگىننى قويۇۋەتتى. ئات كىرىچتىن ئايرىلغان ئوقتەك ئۇچۇپ بىر دەمدىلا نىشان قادالغان تېۋىلغىدىن 50 قەدەمچە نېرىسىغا يېتىپ باردى. ئۆزىنى جەڭگە كېتىۋاتقان جەڭچى دەپ قىياس قىلىۋاتقان قۇتلۇق، بويىنىغا ئۆتكۈزۈلگەن يايىنى ئېلىپ تىزگىن تۇتقان قولىدا تۇتتى - دە، ئوڭ قولىنى دومبىسىدىن ئارتىلدۇرۇپ كۆن ئوقداندىن ئوق ئالدى. نىشان ئەتراپىدا چۆرگىلەپ يۈرۈپ ئارقىمۇئارقا ئوق ئۈزدى، ۋىژىلداپ ئۇچقان ئوق ئۇچۇپ بېرىپ پاكار تېۋىلغىغا ئېسىلغان كالتە جۇۋىنىڭ ياقىسىغا ۋە پېشىگە قادالدى، بىرىمۇ زايە كەتمەدى.

ئۇ تىزگىن تارتىپ: ئەمرلەشكەرنىڭ ئالدىغا قايتىپ كەلگۈچە

توپ ئىچىدىن چۇقان كۆتۈرۈلدى. بۇ قىزىقچىلىققا داخىل بولغان ھەممە، ئادەم باركاللا تووۋلاشتى.

قۇتلۇق قايتىپ كەلدى. خۇشاللىقىدىن كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كەتكەن تونباغا تارخان قۇتلۇقنى بىرلا كۆتۈرۈپ ئاتتىن چۈشۈردى، ـ دە:

— يارايسەن بالا، كۆك تەڭرى، قوڭۇر يەر گۇۋاھ بولسۇنكى، سەن ئەمدى مېنىڭ ھىمايەمگە كىردىڭ، ئۇيغۇر قوۋمىنىڭ ئەمىر لەشكىرى تونباغا تارخانىنىڭ ئاسراندى ئوغلى بولدۇڭ، — دېدى، ھەممەيلەنگە ئاڭلانغۇدەك قىلىپ.

## 6. ئوردۇبالىق بوسۇغىسىدا

قۇتلۇقنىڭ نەزىرىدە، ئۇنىڭ دادىسى بۇ دۇنيادا ئەڭ قامەتلىك ۋە ئەڭ قۇدرەتلىك ئادەم ھېسابلىناتتى. بىراق، چاقماق چاققان ھېلىقى كۈنى ئەمرلەشكەر تونباغانى تونجى قېتىم كۆرگەن چېغىدىلا ئۇ ئۇنىڭ قامەتتە بولسۇن ياكى كۈچ-قۇدرەتتە بولسۇن، دادىسىدىن كۆرۈنەرلىك ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى ھەيرانلىق ئىچىدە ئېتىراپ قىلغانىدى. ئۆزىنى سار چۈجە ئالغاندەك، بىر قولى بىلەنلا قامالالاپ، ئاتتىن لىككىدە كۆتۈرۈپ چۈشۈرگەندە بولسا، ئۇنىڭ كۈچىگە قول قويغان، «بىر قوينىڭ گۆشىنى بىر ۋاقلىق قىلىۋېتىدىغان ئىشتىھالىق ئادەم بولسا كېرەك» دەپ پەرەز قىلغانىدى.

قۇتلۇقنىڭ پەرىزى ئەلۋەتتە خاتاسىز ئىدى. ئۇ چاقلىق چېدىردا تارخان ۋە تارخان ئەتراپىدىكىلەر بىلەن بىللە غىزالانغاچ، ئالاھەل

بىر ئوغلاقنىڭ گۆشىنى يەۋەتكەندىن كېيىن، يەنە بىر سان گۆش بىلەن ھەپىلىشىۋاتقان ئاتاق دادىسىغا قاراپ، ھەيرانلىقىنى ئاران يوشۇرالىدى.

ئەمىرلەشكەر تونباغا قارا قاشلىق، يىلپىز بۇرۇتىدەك تىك تۇرىدىغان قاش مويلىرى ئىشەنچ قاينايدىغان بوز كۆزلىرىگە سايە سالىدىغان، قاڭشارلىق، ئاغزى چوڭ ئادەم ئىدى. قارىغاي مەدىكىدەك يوغان بۇرنى، چوڭ بارماق كەڭلىكىدىكى قېلىن كالپۇكلىرى ئۇنى ئاجايىپ سۆلەتلىك قىلىپ كۆرسەتەتتى. ئوتتۇزلارغا بارماي تۇرۇپ قويۇۋەتكەن سارغۇچ ساقىلى ياقىسىنى يېپىپ تۇراتتى، بۇرۇتىنىڭ قويۇقلۇقىدىن، تۆمۈر بۆك كىيىۋالغاندا پەقەت كۆزلىرى بىلەن قاڭشىرىنىلا كۆرگىلى بولاتتى.

ئۇ بۆكۈ قاغانىنىڭ چېدىرىغا بېرىپ، ئۆلۈم-يېتىم ۋە ئۇزۇق-تۈلۈك ئەھۋالىدىن مەلۇمات يوللاش، كەچلىك غىزادا ھەمداستىخان بولۇشتىن ئۆزگە، مۇھىم ۋە چاتاق چىقىش ئېھتىمالى بولغان بەزى ئىشلارنى ئۆزى قول سېلىپ بىر تەرەپ قىلاتتى. كۈندۈزلىرى چاقلىق چېدىردا چايقىلىپ ئولتۇرۇشنى خالىمىسا كېرەك، ئاتقا مىنىپ، نۆكەر-قورۇقچىلىرىنى كەينىگە سېلىپ ئەجدىھادەك سويلاپ كېتىۋاتقان ئۇزۇن سەپنىڭ بەزىدە ئالدىغا، بەزىدە كەينىگە ئۆتەتتى. سانغۇن، سەردارلاردىن ئەھۋال ئۇقاتتى، يۈك-تاقلارنى تەكشۈرەتتى. ئۇزۇق-تۈلۈكلەرنى مۇۋاپىق تەڭشەشكە بۇيرۇق چۈشۈرەتتى، كىملەرنىدۇر خۇش قىلىپ، كىملەرنىڭدۇر رەسۋاسىنى چىقىراتتى. ئۇ مەيلى ئۆيدە ياكى سەپ ئارىسىدا بولسۇن، ھېچكىمگە قاپاق ئاچمايتتى، چىش يېرىپ كۈلمەيتتى. قاغان ھوزۇرىدىن قايتقاندىكى بەزى ئالامەتلەرگە قاراپ، قانداقتۇر بىر ئىشنىڭ دىتىغا ياقمايۋاتقىنىنى قىياس قىلغىلى بولاتتى.

ھېلىقى كۈنى ئەمىرلەشكەر قۇتلۇققا: «ئوغۇل بالا بىكار يۈرسە بولمايدۇ، ھازىرچە مىراخورغا ھەمدەم بولۇپ ئات بېقىپ تۇرغىن» دېگەنىدى. زېرەك قۇتلۇق قورساق غېمىدىن قۇتۇلغىنىغا، بولۇپمۇ كۆچتۈگگۈر بىر ھىمات تېپىۋالغىنىغا رازى بولۇپ، بۇ خىزمەتنى جان دەپ قوبۇل قىلدى. ئاتلارغا ئوبدان قارىدى، ئاتاق دادىسىنىڭ تۆت ئېتىنى چۈشكۈن بولسىلا يۇيۇپ-تاراپ، ياغلاپ قويغاندەك پارقىرىتىۋەتتى. ئارىدىن ھەپتە ئۆتتۈۋىدى، ئەمىرلەشكەر بىر يارلىق بىلەنلا ئۇنى ئات بېقىشتىن ئازاد قىلىۋەتتى. چورۇقنى تاشلاتقۇزۇپ، لەشكەرلەرچە ئۆتۈك كىيدۈردى، ئاتقان يۈگدەك پاخپىيىپ قالغان كونا جۇۋىسىنى سالدۇرۇۋېتىپ، ئۈستۈۋېشىنى تۈزەشتۈرۈۋىدى، قۇتلۇققا ئوبدانلا ئىسكەت كىرىپ قالدى.

قۇتلۇقنى ھىمايىسىگە ئالغاندىن بۇيان، تۇنباغا ئۇنى بۈگۈن تۈنجى قېتىم سەپ ئارىلاشقا بىللە ئېلىپ چىقتى. جۇغى ۋىجىك ياغما ئېتىغا مىنىۋالغان قۇتلۇق ئېتىنى يورغىغا سېلىپ، تۇنباغاغا ئەگەشتى. ئۇ تېخى ئاتاق دادىسى سوۋغا قىلغان نەقىشلىك ئوقيانى دۈمبىسىگە ئېسىپ، قورۇقچىلاردىن سورىۋالغان چوڭ «قىڭراق»نى بېلىنغا تاقىۋالغانىدى.

ئۇلار ئۇيان ئارىلاپ، بۇيان ئارىلاپ، كۈن تىكلەنگەن مەھەلدە ئاق ئاتلىقلار مەنزىلگە يېتىپ كېلىشتى. كۈچلۈك ئاپتاپ ۋە يېرىم كۈنلۈك تاغ يولىدا چارچاپ كەتكەن مىڭباشىلار، يۈزباشى ۋە لەشكەرلەر دەريا بويىدىكى دەرەخلەرگە، مۇخ باسقان قۇرام تاشلارغا يۆلۈنۈپ ئۇيقۇغا كېتىشكەنىدى. ئويغاقلىرى بەل تۇتۇشۇۋاتاتتى، قول قايرىشىۋاتاتتى. ئىككى-ئۈچ ئاي جەڭ قىلماي، قولى قىچىشىۋاتقانلار ئات ئوينىتىپ، شوخلۇق قىلىشاتتى. «بىز ئاق ئاتلىقلارنىڭ مەرگەنلىرى» دەپ مەيدىسىگە مۇشتلايدىغان ئون نەچچە لەشكەر بولۇت ئارىسىدا

ئەگىپ يۈرگەن تەنها سارغا ئوق ئۈزۈش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا، بىر قانچە يۈزباشىمۇ پايپاسلاپ يۈرەتتى.


تۇنباغا يېقىنلاپ كېلىۋېتىپ، ئاسماندىن ۋىژىلداپ چۈشۈۋاتقان بىر تال ئوقنى «كاپ» قىلىپلا تۇتۇۋالدى-دە، ئېتىنى ئاستىلىتىپ، كەينىدىن يېتىپ كەلگەن قۇتلۇققا تۇتقۇزدى.

ئەمرلەشكەر بۇ ئوقنى مەقسەتسىزلا تاشلاپ بەرگەنىدى. لېكىن، قۇتلۇق بۇنى باشقىچە مەنىدە چۈشەندى بولغاي، ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ، تەكشىرەك بىر يەردە توختىدى. ئۇ كۆك قەرىدە قانات يېيىپ لەگلەكتەك ئۈيۈپ قالغان قىرى سارنى كۆزەتكەچ، دۈمبىسىدىن يانى ئالدى، ئوقنى كىرىچقا تىرەپ كۈچەپ تارتقاندىن كېيىن، ئوق ئۇچىنى ئاسمانغا قاراتتى-دە، كىرىچنى «ۋاق» قىلىپ قويۇپ بەردى.

ئوق تەگكەن قىرى سار ھەممىنىڭ كۆزىچىلا يەرگە چۈشتى. ھېچنېمىگە زەڭ قويماي ئۆز يۈرۈشىنى داۋام قىلىۋاتقان تۇنباغا تۇساد-تىن كۆتۈرۈلگەن ئالقىش ساداسى بىلەن تەڭ ئېتىنى توختىتىپ، بېشىنى كۆتۈردى، تەئەججۇپ بىلەن ئەتراپىغا نەزەر تاشلىدى. بۇ چاغدا پۈتكۈل جىرا قاينام-تاشقىنلىققا چۆمگەنىدى. ھەممەيلەن ئۆرە تۇرۇشاتتى. ھېلىقى ئاق ئاتلىق كۆرەڭ مەرگەنلەر قۇتلۇقنى ئالقانلىرىغا ئېلىپ، ئاسمانغا ئاتماقتا ئىدى.

بىر مىڭباشى ئۆلگەن سارنى ئوق بىلەن قوشۇپلا ئېلىپ كەلدى ۋە بۇ مۆجىزىنى تۇنباغاغا كۆرسەتتى. قۇتلۇق ئاتقان ئوق قىرى سارنىڭ تۆشىدىن كىرىپ، دۈمبىسىدىن تېشىپ چىققانىدى. ئوق بولسا، مىڭباشى ئاتقان، تۇنباغا تۇتۇۋالغان ھېلىقى ئوقنىڭ دەل ئۆزى ئىدى. ئوق كەينىدىكى تونۇشلۇق پەي بۇنى دەلىللەپ تۇراتتى.

ئەمرلەشكەر ھاڭ-تاڭ قالدى، ئاجايىپ مەرگەنلىكى بىلەن يۈزد-نى كۆتۈرگەن قۇتلۇققا ئاتىلارچە مېھىر بىلەن تىكىلدى، سەپ ئارد-



لاشنى توختىتىپ، كەينىگە ياندى، بارگاھىغا كەلگەندىن كېيىن ئۇ-رۇق-تۇغقان، يار-بۇرادەرلىرىنى يىغىپ قۇتلۇقنىڭ بۈگۈندىن باشلاپ ئۆزى بىلەن بىر داستىخاندا غىزالىنىدىغانلىقىنى، ئۆز بارگاھىدا تۇرۇپ، بىر ھارۋىدا سەپەر قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. بۇ جاكار كۆپ ئۆت-مەي، سەردارلار ئارىسىغا، بارگاھتىن بارگاھقا تارقىلىپ كەتتى ...

قۇتلۇق تۇنباغاغا بالا بولغان كۈنى، چوڭ قوشۇن پەسلەۋاتقان تاغلارنى تۈگىتىپ، تاغ ئېغىزىغا، ئاندىن كېيىن ئەينەكتەك تۈز ۋە كەڭ يايلاققا كېلىپ توختىدى. ئۇ يايلاق بىلەن دەريا بويلاپ بىر كۈنچە ماڭغاندىن كېيىن، ئوردۇبالىققا يېرىم كۈنلۈك يول قالغان يەردە، سانسىز چېدىر ۋە ھېسابسىز تۇغ-ئەلەملەرنى كۆردى.

ئوتلاققا چېدىر تىككەن بۇ كىشىلەر بۆكۈ قاغاننىڭ ۋە شەرقىي ئاستاندىن قايتقان غالىبلارنىڭ ئالدىغا چىققان ئاكابىر – ئەشرەبلەر، ئەمەلدار – ئەلەمدارلارنىڭ ئۇرۇق – تۇغقانلىرى، دوست – بۇرادەرلە-رى، شۇنداقلا، ئوردۇبالىقنىڭ ئاۋام-پۇقرالىرى ئىدى.

چوڭ مۇراسىم ئەتىگەندە، قۇياش يۈز كۆرسەتكەن ياخشى پەيتتە رەسمىي باشلاندى.

ئالدى بىلەن تۇغ-ئەلەملىك سەينا تۈزۈلدى. داڭگىرلىغان 30 داپنىڭ ئاۋازى ئىچىدە رەگمۇرەك تاش، پۇرۇچلار بىلەن بېزەلگەن قاراباخشى بىر تاقلاپلا سەيناغا چۈشتى. قوڭغۇراقلىق شىلدىرمىسىنى بار كۈچى بىلەن شىلدىرلىتىپ، ۋارقىراپ تۇرۇپ دۇرۇت ئوقۇدى. بىر توپ باخشىنى كەينىگە سېلىپ، قاغان بارگاھىنى، چوڭ-كىچىك ھارۋى-لارنى ۋە ۋەزىر-تارخانلارنى ئايلاپ ئۆتۈپ ئاسمانغا يۈزلەندى. «ئى كۆك تەڭرى ئۆلگىن، قاغانىمىنىڭ ۋە جىمى مۇخلىسلىرىڭنىڭ ئايىغىنى پاكلا، ئاستانەڭگە كىرىدىغان يەتتە توسۇقنى ئېچىۋەت، يەتتە ئوغۇل،

يەتتە قىزنىڭنى ئۇلارغا مەدەتكار قىل، ئۇن يەتتە قەۋەت ئاسماننىڭدىن ئۇلارغا جاي بەر» دەپ مۇناجات ئوقۇۋالغاندىن كېيىن، يەرگە كۆچەپ يەتتىنى تەپتى. جەھەننەمدىكى جىن-شەيتانلارغا «ئاگاھ» بېرىلگەندىن كېيىن، ئوتتۇز قوي ۋە توققۇز كالا قۇربانلىق قىلىندى. توقسان يەرگە گۈلخان يېقىلىپ، ئىسرىق سېلىندى. ئوتتىن ئاتلاپ پاك بولغانلار كۆن-ئاي، تاغ-دەريا ھەققىدە تەنتەنىلىك دۇئا قىلغاندىن كېيىن، قاغان ھارۋىسىغا ئەگىشىپ، نەغمىلەرنى چالىپ كەلتۈرگەن پېتى ئوردۇبالىق[1] قا قاراپ سۈرۈلدى.

تۆت سوغداقلا ئەمەس، بەلكى بۆكۈ قاغاننىڭمۇ ئوتتىن ئاتلاشنى رەت قىلغانلىقى، قاراباخشىنىڭ دۇئاسىغا دۇئا قايتۇرمىغىنى تۈنباغا تارخاننى ئويغا سالدى. بۆكۈ قاغاننىڭ ئون ئۇيغۇر ۋە توققۇز ئوغۇز قوۋمىنىڭ ئاتا مىراس ئادىتىنى بۇزۇپ، تېگى نامەلۇم بەتبەشىرىلەرگە زىيادە ئىلتىپات كۆرسىتىشى، ئۇنى چۈشىنىپ يەۋالغاندەك غەش قىلىپ قويدى. شان-شەۋكەتلىك ئۇيغۇر قاغانى بىلەن ئۇيغۇر قوۋمى بىر ئۆرۈلۈپلا قارا يۈز بولۇپ قالغاندەك، نومۇستىن يۈزىنى قويىدىغانغا يەر تاپالماي قالدى.

قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، خىيال قايىنىمىغا چۆكۈپ كەتكەن تۈنباغا پېرىم كۆڭلۈك يول ئۈستىدە ھارۋىدىنمۇ چۈشمىدى، غىزامۇ يېمىدى، خۇددى تىلدىن قالغاندەك، بىر ئېغىزمۇ زۇۋان سۈرمىدى. قۇتلۇق ئاتاق دادىسىنىڭ ھالىدىن ئەنسىرەپ تۇرغاندا، ئۇ سەل روھلىنىپ، تۇيۇقسىز ئېغىز ئېچىپ قالدى، بۆشۈكتەك تەۋرىنىپ كېتىۋاتقان شاھانە ھارۋىنىڭ

---

① ئوردۇبالىق — مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «دىۋان»دىكى مەلۇماتىدىن قارىغاندا، ئوردۇبالىق — خان تۇرىدىغان شەھەر، ئوردا شەھىرى. بۇ يەردە ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ ئوردا شەھىرى قارا بالغاسۇن كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

روجىكىنى قايرىۋېتىپ، دېدى:

— قۇتلۇق، ئەنە ئاۋۇ تەرەپكە قارا، ئوردۇبالىقنىڭ ئالتۇن مۇنارلىرى، ئالتۇن قۇببىلىرى بەئەينى كۈندەك يالتىراپ تۇرۇپتۇ. ئۇيۇلتاشتەك مەزمۇت تۇرغىنى ئۇچ قەۋەت سېپىل، تۆت تۈمۈر قوۋۇق ئىچىدىكى قاغان بارگاھى. ئاۋۇ ئېگىز تاغنى ئەل ئۆتۈكەن تېغى[1] دەيدۇ. بۇ تاغدا مۇقەددەس تەڭرى تۇرغان، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىزى قالغان. ئەنە ئاۋۇ ئورخۇن سۈيىدە بوۋىلىرىمىز، ئۇلۇغ بوۋىلىرىمىز ئېتىنى سۇغارغان. قارا، بىزنىڭ شەھىرىمىز نېمىدېگەن چوڭ، نېمىدېگەن ھەيۋەتلىك...

كۆك بىلەن بوي تالاشقان ئۆتۈكەن تېغىنى، يىراقتىنلا كۆزگە تاشلانغان ئوردۇبالىقنى، ئوردۇبالىقنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدە بەجايىكى كۈمۈش لېنتىدەك جىلۋە قىلىپ تۇرغان ئورخۇن سۈيىنى ئىما قىلىۋاتقاندا، تونباغانىڭ چىرايىدا بايامقى خاپىچىلىقتىن ئەسەرمۇ قالمىغان ئويچان كۆزلىرىدىمۇ كۈلكە ئالامەتلىرى پەيدا بولغانىدى.

تونباغا تارخان ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي ماختىغان، نامى بىلەن پەخىرلەنگەن بۇ شەھەر ئورخۇن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىنىڭ كۆز-چىقىش قىرغىقىغا جايلاشقان ئاۋات شەھەر قارا بالغاسۇن ئىدى. ئۇزاق زامانلاردىن بېرى كۆپ قوۋملەر بارگاھ قۇرغان بۇ شەھەرگە ئۇن

---

[1] ئۆتۈكەن تېغى — ج. شۆرىتىنىڭ نەق مەيداندىكى تەكشۈرۈشى ۋە تەتقىقاتلىرىغا ئاساسلانغاندا، ئۆتۈكەن تېغى بۈگۈنكى تاشقى موڭغۇلىيىدىكى ھانگاي تاغ تىزمىسىنىڭ مەركىزىي قىسمىدابولۇپ، شىمالىي كەڭلىك 47°-48° بىلەن شەرقىي ئۇزۇنلۇق 97°-98° لار ئارىسىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ تاغنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4031 مېتىر، قىش-ياز قار-مۇز بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدۇ («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1995-يىل، 2-سان، 130-بەت).

ئۇيغۇرنىڭ داڭدار سەردارى تۇمىد ئېلتەبىر[1] ئۆل سالغان. باتۇر قاغان قۇتلۇق بىلگە يېگى تۇس ئاتا قىلغان. ئۇنىڭ ئوغلى بايانچۇر زامانىغا كەلگەندە، تۆت ئەتراپقا كېڭەيتىلگەن، بايانچۇرنىڭ كەنجى ئوغلى بۆكۈ قاغان مىلادىيە 759-يىلى بۇ شەھەرگە ئەۋلادى مىراسخور بولغاندىن بېرى، شەھەر يەنە يېڭىچە قىياپەتكە كىرمەكتە ئىدى.

تۇنباغا تارخان بىلەن كەيپى چاغ قۇتلۇق هارۋا روجىكىگە چاپلاشقان پېتى بىر هازا ماڭغاندىن كېيىن، يايلاق تۈگەپ، دەرەخلىك توقايلار، رەت-رەت ئېتىزلار، تاناپتەك تۈز ئېرىق-ئۆستەڭلەر، پەيدا بولۇشقا باشلىدى. بۇغداي، ئارپا، پۇرچاق مايسىلىرى قىر يايقان ئېتىزلاردا چېچىنى گەجگىسىگە تۈگىۋالغان، كۆكسى ئوچۇق كۆڭلەك كىيىپ، بېلىنى پوتا بىلەن باغلىۋالغان ئېكىنچىلەر ئىشلەپ يۈرەتتى. يول ئۈستىدە يوغان-يوغان ساندۇقلارنى، ئۆكۈز قورسىقىدەك كۆپۈپ تۇرغان كاناپ تاغارلارنى يۈكلىۋالغان ئېگىز چاقلىق هارۋىلار، ئات-تۆگە كارۋانلىرى ئۇچراپ قالاتتى. قاغان هارۋىلىرى كەلگەن هامان كارۋانلار ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىشاتتى.

قۇياش تاغ تەرەپكە ئېگىلگەن مەزگىلدە، ئۇلار تەگرىقاغان قوۋۇقىغا يېتىپ كېلىشتى. يەنە بىر ئاددىي مۇراسىمدىن كېيىن، قاغاننىڭ سەككىز ئاتلىق هارۋىسى بۇ قوۋۇقتىن بىمالال كىرىپ كەتتى.

— مانا بۇ ئوردىمىزنىڭ جەنۇبقا قارايدىغان چوڭ قوۋۇقى،

---

① تۇمىد ئېلتەبىر — تۇرالار دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭ ئاقساقىلى. ئۇ ئۇيغۇر سەردارى بۇساتىنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلغان ۋە تاڭ سۇلالىسى لەشكەرلىرى بىلەن بىرلىشىپ سىر-تاردۇشلارنى يوقاتقان، مىلادىيە 646-يىلى ئۆزىنى قاغان دەپ ئاتىغان، تاڭ سۇلالىسى ئۇنىڭغا «مەرىپەت قوچقان ئۇلۇغ سانغۇن، قوشۇمچە دەشتى ماكان تۇتۇق بېگى» دېگەن ئۇنۋانىنى بەرگەن. ئۇ مىلادى 648-يىلى جىيەنى ئوغۇر تەرىپىدىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەن.

بۇنداق قوۋۇقتىن يەنە بىر نەچچىسى بار. ئۇ تۆچ بىلەن تۆمۈردىن ياسالغان، ئۇنتا كۆيمەيدۇ، سۇدا ئاقمايدۇ. ئۇنى بۇزۇش ھەرقانداق دۈشمەننىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ، — دېدى، قۇتلۇققا چۈشەندۈرۈپ تۇنباغا تارخان.

ئۇلار چوڭ كوچا بىلەن كېلىپ، پاكار ئۆيلەر ئارىسىدىن كېسىپ ئۆتتى، بىر قاپقىدىن ئۆتۈپ بىر چاغلاردا يەنە بىر قاپقا ئالدىغا كېلىپ قالدى. قارىماققا بۇ قاپقىمۇ چوڭ قوۋۇقتىن قېلىشمايتتى. قۇتلۇق ئاتاق دادىسىنىڭ سۆزلىرىدىن بۇ قاپقىنىڭ ئوردا شەھىرىنىڭ قاپقىسى ئىكەنلىكىنى، بۇ قاپقىدىن ئۆتسىلا ئۆزلىرىنىڭ تۇرالغۇسىغا يېتىپ بارالايدىغىنىنى بىلىۋالدى. تۇنباغا تارخاننىڭ دېيىشىچە، قاغان بىلەن تۈركەن قاتۇن ئوردا شەھىرىدە تۇرىدىكەن. ئوردا شەھىرى بىلەن ئىچكى شەھەر ئارىسىدا تۇرىدىغان تارخانلار، ئىچبۇيرۇق[1] ۋە چەتبۇيرۇقلار، شاد، سانغۇن ۋە ئېلتەبىرلەر پەقەت زور كېڭەشمىلەردە، مۇراسىملاردىلا ئوردا شەھىرىگە كىرىپ-چىقالايدىكەن.

قۇتلۇق شۇ كۈنى كۆز باغلانغان مەھەلدە ئوردا شەھىرىگە كىرىپ كەلدى ۋە ئاتاق دادىسىنىڭ ئاتلارچە ئىلتىپاتى بىلەن روزىغارى تولۇق بولغان ئايرىم بىر ھوجرىغا جايلىشىۋالدى.

## 7. شەھەر قاينايدۇ

ئۆتۈپ كەتكەن يىل- ئايلاردىن بىرى، ئۆز قاغانىنى، ئەل باش-

[1] بۇيرۇق — ئۆز ۋاقتىدىكى ئەمەل نامى، ۋەزىر بىلەن باراۋەر. ئەينى چاغدىكى ئۇيغۇر قاغانلىقىدا ئىچبۇيرۇق ۋە چەتبۇيرۇق بولۇپ، جەمئىي توققۇز بۇيرۇق تەسىس قىلىنغان.

چېلىرىنى، ئۇرۇق-تۇغقان، يار-بۇرادەرلىرىنى زارىقىپ كۈتكەن بۇ تەلەيلىك شەھەر كۈتكەن چاغقا ئاخىرى ئۇلاشتى. ئەتىيېزى ئۇبدان كېلىپ، پادىلىرى ئاۋۇغان، جاپالىق مېھنەتلىرى مول نېمەتلەر بىلەن تارتۇقلانغان يۇرت ئەھلى سېغىنغان ئادەملىرىنى قۇچاق ئېچىپ كۈتۈۋالدى، ئەندىشە تۈگەپ، شادلىق يامرىدى. قايناق شەھەر ئايەم تەنتەنىسىگە چۆمۈلدى. ئۆز يېقىنلىرى بىلەن خۇشال-خۇرام جەم بولۇشقان ئەھلى ئاۋام ئەمىنلىك تىلەپ، شامانلاردىن دۇئا ئالدى، ئىلاھلارغا قان قىلدى. ئۆزئارا يوقلىشىدىغانلار، قودا چۈشۈپ، توي ئوينايدىغانلارمۇ كوچا-كوچىلاردا تولۇپ تۇردى.

ئەلۋەتتە، شەرقىي ئاستاندىكى كەسكىن جەڭلەردە، يولى ئۇزاق مۇشكۇل سەپەردە قازا يېتىپ ئۆلۈپ كەتكەنلەر ئۆز يۇرتىنى قايتا كۆرەلمىدى. ئۆلگەنلەرنىڭ ئۇرۇق-جەمەتى بۇ تەنتەنىنىڭ تېشىدا قالدى. ئۇلار ئۆلگەنلەرگە ھازا ئېچىپ، نەزىر-چىراغ قىلدى. تالاي-تالاي قىز-چوكاننىڭ يۈزى تىلغاندى. موماي-بوۋايلارنىڭ كۆزى ياشلاندى، يېتىملارنىڭ بېشى ئېگىلدى. ئۆتۈكەن ئېتىكىدە قەبرە كۆپىيىپ، قېرى دەرەخلەر لاتىغا پۈركەندى. ئوۋغا چىقىش ۋە سەپەر قىلىش تەڭ چەكلەنگەن ماتەملىك ئاي، ھىلال ئاي كۆرۈنگەن چاغدىلا ئاندىن ئاياغلاشتى.

بىراق، بۆكۈ قاغان يېرىم كۈنلۈك مەنزىلدىن تا ئوردا قوۋۇقىغىچە سوزۇلغان ئادەم دېڭىزىنى يېرىپ ئۆتۈپ، ئوردا شەھىرىگە كىرىپ، بارگاھ-قەسرىگە جايلىشىۋالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ پەقەت قەسىردىلا تۇرۇۋاتاتتى، نە تەنتەنىدىن، نە ماتەمدىن مۇستەسنا ئىدى، قاتۇن بارگاھىغا بېرىپ بىرەر كۈنچە تۇرۇپ كەلگەندىن ئۆزگە، دىۋانىغىمۇ، تالا-تۈزگىمۇ چىقمايتتى، پات-پات قوزغىلىپ تۇرىدىغان ئوۋ خۇمارىمۇ نېمىشقىدۇر بېسىقىپ قالغاندى. بۆكۈ قاغان خىيالدىن زېرىككەندە،

دىۋان مۇشاۋىرنى ھازىر قىلىپ، بىرەر قول شاھمات ئوينىغاندىن باشقا جىمى قىزىقچىلىرىدىن قول ئۈزگەنىدى. دەسلەپتە، قاغاننىڭ جىمغۇر، خىيالچان بولۇپ كەتكىنىنى كۆرگەن تۇركەن قاتۇنمۇ، ئۇردا ئەھلىمۇ ئۇنى زىيادە چارچاپ كەتتىمىكىن دەپ پەرەز قىلىشتى. ئەمما، ئۇلار ئۈچۈن ئايدىڭ ئىدىكى، تېخى 30 غىمۇ يەتمىگەن بۆكۈ قاغان قاپلان-دەك بەقۇۋۋەت، شەمشادتەك تەندۇرۇس ئىدى، ئات ئۈستىدە ئەر بولۇپ، جەڭگاھلاردا جەۋلان قىلىپ پىشقاچقىمىكىن، جەڭ جاپاسى ياكى يول ئازابى ئۇنى ھېچنېمە قىلالمايتتى. ئاستانىدىكى ئۇرۇش، تەڭرىقاغان يولىنىڭ مۇشكۇلاتلىرى تۇرۇپ تۇرسۇن، دىۋە-جىن بىلەن جەڭ قىلىپ، پۈتۈن ئالەمنى چۆرگىلەپ، كۈن چىقىشتىن كۈن پېتىش-قىچە ئون يىل پىيادە يۈرسىمۇ، ئۇنىڭ پىسەنتىگە كەلمەيتتى.

بۆكۈ قاغان بۈگۈن ئۆز ساقلىقىدىن تەشۋىش يېگەن ئۇردا ئەھلىنى، ئۇلار باشلاپ كەلگەن شامان باخشىلىرىنى ھۇزۇرىدىن ئىتتى قوغلىغاندەك قوغلاپ چىقاردى، بارگاھدا ئويان-بۇيان مېڭىپ يۈرۈپ خىيال سۈرۈشكە باشلىدى، ئۇنىڭ ئۇچقۇر خىيالى ئۆتمۈش بىلەن بۈگۈن ئارىسىدا قانات قاققىلى تۇردى.

باتۇر بوۋىسى بىلگەقاغان ئاقساقال چاغلىرىدىلا ئورخۇن ۋادىسى-دىكى ئون ئۇيغۇر ۋە توغلا ۋادىسىدىكى توققۇز ئوغۇزنى يېتەكلەپ، ئاۋۋال شەرقىي تۈركلەرنى، كېيىن قارلۇق، باسمىللارنى يوق قىلدى. ئۇ مىلادىيە 744-يىلى ئۆتۈكەن باغرىغا بارگاھ قۇرۇپ، ئۆزىنى قاغان دەپ ئاتىدى ۋە سۇلالىگە ئەلچى ئەۋەتتى، پادىشاھ تاڭ شۈەنزۇڭنىڭ پەرمانى بىلەن «رەھىمدىل قاغان» دېگەن ئۇنۋانغا ئىگە بولدى، غەربتە ئالتۇن تاغدىن شەرقتە قىتانلارغىچە، شىمالدا بايقال كۆلىگىچە بولغان كەڭ زېمىننى ئىلكىگە ئېلىپ، ئۇلۇغ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقار-دى، بوۋىسىنىڭ بۇ سەلتەنىتى مىلادىيە 747-يىلى دادىسى بايانچۇرغا

مىراس بولۇپ قالدى.

دادىسى بايانچۇر قاغان ئاتالغاندا ئاران 28 ياشتا بولسىمۇ، ئەلدە قانۇن ئورناتقان، خاكاس ۋە چىكلارغا ھۇجۇم قىلىپ، سەككىز ئوغۇز ۋە ئون تاتارنى تىنچىتقان ئىدى. ئۆتۈكەننىڭ غەربىدە، تەز دەرياسى-نىڭ بېشىدا قەد كۆتۈرگەن قاسار قوردان ئوردىسىمۇ، سىلىنغا بويىدا بەرپا قىلىنغان بايبالىق شەھىرىمۇ دادىسى بايانچۇر بىلەن ئانىسى ئېل بىلگە قاتۇننىڭ تۆھپىسى بولۇپ ھېسابلىناتتى.

بۆكۈ قاغان بىلەن ئۇنىڭ ئاكىسى قۇتلۇق يابغۇ ئېل بىلگە قاتۇندىن تۇغۇلغان ئىككى شاھزادە ئىدى. بىراق، بۆكۈ قاغان ئاتىسى-نىڭ زامانىدىلا سەردار بولۇپ جەڭگە كىرىپ، قارلۇقلارنى تىترەتكەن، دادىسىغا ھەمدەم بولۇپ مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ دادىسى بايانچۇرنىڭ ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشەلمىدى، ئۆزىنى تارخانلىققا قويۇپ، ئاكىسى بىلگىنى يابغۇلۇق مەرتىۋىسىگە ئىگە قىلدى ۋە نەچچە ئون مىڭ لەشكەر تۇتقۇزدى.

ئېسىدە قېلىشىچە، ئاكىسى يابغۇ لەشكەر تارتىشنىغۇ تارتاتتىيۇ، لېكىن نەپسى يامان ۋە تاش يۈرەك ئادەم ئىدى، كەلسە-كەلمەس قان تۆكەتتى، سانغۇن-تارخانلارنى يېنىغا تارتىپ كۇمەك توپلاپ، ھەق-نا-ھەقنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىپ، چوڭ تەمەلەردە يۈرەتتى.

مىلادىيە 755-يىلى، ئۆگلۈك-سۆيگۈنلەرنىڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈشى ۋە دادىسىنىڭ ئۇنى نەچچە مىڭلاپ لەشكەر بىلەن ئاستانىگە ئەۋەتىشى ئۇنىڭ خورىكىنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈۋەتتى. قۇتلۇق يابغۇ ئاچ كۆز بولغىنى بىلەن، جەڭ ئىشىغا كەلگەندە يەنىلا يامان ئەمەس سەردار ھېسابلىناتتى. ئۇ بۇ قېتىمقى جەڭدىمۇ ئۆزىنى راسا بىر كۆرسىتىۋال-دى. شۇ يىلى دەيخەن دېگەن جىلغىدا تاڭ سەركەردىسى گوزىيى بىلەن ئۇچراشتى ۋە دەرھال توپىلاڭچى قوشۇن تەركىبىدىكى توگرا

ۋە غوز لەشكەرلىرى بىلەن تۇتۇشتى. يۈلىن دەرياسى بويىدا ئېلىپ
بېرىلغان تۇنجى جەڭدىلا ئۇ زەپەر قازىنىپ 30 مىڭ دۈشمەن لەشكە-
رىنى يەر چىشلىتىپ، 10 مىڭ لەشكەرنى تىرىك تۇتتى، ئەمىرلەشكەر
لى يۈ بىلەن ئاكا-ئىنى بولۇشۇپ، ئاسىيلارغا قارشى جەڭنى يەنە
بىر يېڭى بالداققا كۆتۈردى. قۇتلۇق يابغۇ تاڭ سانغۇنى بۆكۈ قەيىن
بىلەن تەڭ ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئاسىيلارنىڭ چوڭ سەردارى جاڭ توگرو-
نىڭ لوياڭ بوسۇغىسىنى ساقلاۋاتقان 150 مىڭ لەشكىرىنى تىرىپىرەن
قىلىۋەتتى. 10-ئايدا شاھ ئىنىسى — خەنجۇڭ ۋاڭى لى يۈ لەشكەر
تارتىپ لوياڭغا كىرىپ كەلدى، يابغۇ بىلەن مۇشۇ يەردە قايتا ئۇچراش-
تى. 10-ئاينىڭ 29-كۈنى يابغۇ باشلىق 50 مىڭ ئاتلىق لەشكەر
ئوردۇبالىققا قايتىش تەرەددۇتىغا چۈشتى. تاڭ شاھى تاڭ سۇزۇڭ جىمى
ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ چاڭلې راباتىغا بېرىپ ئۇلارنى ئۇزىتىشىغا يارلىق
چۈشۈردى، ئۆزى شۈەنجېڭ سارىيىدا زىياپەت ئۆتكۈزۈپ يابغۇنى
كۈتۈۋالدى. 11-ئاينىڭ 15-كۈنى تاڭ سۇزۇڭ بىلگە يابغۇغا «ساداقەت-
مەن ۋاڭ» ئۇنۇۋانىنى ئىنئام قىلدى، ئۇيغۇرلارنىڭ تۆھپىسىنى تار-
تۇقلاپ ھەر يىلى 20 مىڭ توپ تاۋار-دۇردۇن بېرىپ تۇرۇشقا ۋەدە
بەردى.

بۇ قېتىمقى جەنۇب سەپىرى قاغانلىق ئۈچۈن ھېسابسىز مال-
دۇنيا ۋە ياخشى نام-شۆھرەت ئېلىپ كەلدى. بۇ شۆھرەت چوڭ
ئىشلارنى چۈشەپ يۈرگەن بىلگە يابغۇنى تېخىمۇ كۆرەڭلىتىۋەتتى.
قاغانلىقتا يۈز بەرگەن بەزى سىرلىق ۋەقەلەر قاغان بايانچۇرنى ئوڭايسىز
ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. ئاتا-بالا ئارىسىدا باشلانغان تەخت تالى-
شىش ۋە يوشۇرۇن ئېلىپ بېرىلغان قەستلەشلەر ئاخىر بۆكۈ تارخاننىڭ
كۈتكىنىدەك، دادىسىنىڭ غالىبىيىتى ۋە ئاكىسىنىڭ ئېچىنىشلىق ھالاكى-
تى بىلەن ئاخىرلاشتى. بۇ كۈرەشتە باشتىن-ئاخىر دادىسى تەرەپتە

تۇرۇپ كەلگەن بۆكۈ تارخان تارخانلىقتىن يابغۇ تېكىنلىككە كۆتۈرۈلۈپ، ۋەلىئەھد دەپ جاكارلاندى، دادىسىنىڭ ئارىغا چۈشۈشى بىلەن تاڭ سەردارى بۆكۈ قەيىنىنىڭ ئىككى قىزىغا ئۆيلەندى، ئارىدىن كۆپ ئۆتمەيلا، دادىسى بايانچۇر ئاخىرەتلىك سەپەر قىلدى. ۋەلىئەھد بۆكۈ تېكىن قاغانلىققا تەيىن تېپىپ، يۇرت سوراشقا باشلىدى.

ئەمما، قاغان بولۇپ ئەل سوراش ئۇ ئويلىغاندەك، ئۇنچە ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى. قاغانلىقنى تىنچلاندۇرۇش، ئەل-ئاۋامنىڭ هال-كۈنىنى ياخشىلاش، چېگرالارنى ئەمىن تاپقۇزۇش، گېزى كەلسە لەشكەر تارتىپ قانلىق ئۇرۇشلارنى ئېلىپ بېرىش كېرەك ئىدى.

چوڭ ئوردا بىلەن خېلى ئىناق ئۆتۈۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن بېشبالىق ئەتراپىدىكى تۈبۈت قوۋمى نىزا تۇغدۇرۇپ چوڭ ئوردا بىلەن يارىشىۋالسا ياكى ئېلتەبىرنىڭ ۋاستىسى بىلەنلا قاغانلىققا ئىتائەت قىلىۋاتقان غەربىي قارلۇقلار بىلەن بىرلىشىۋالسا ئۆزىگە بىۋاستە تەھلىكە سالالايتتى. شىمالدىكى خاكاسلارمۇ ھە دېسىلا توپىلاڭ كۆتۈرەتتى، كۆرۈنۈشتە ئەل بولغان بىلەن خەۋپ-خەتەر ھامان مەۋجۇت ئىدى. بۇ خەۋپنى تۈگىتىش ئۈچۈنمۇ، ھەشەمەتلىك ئوردا قۇرۇپ، راھەت-پاراغەتتە ياشاش ئۈچۈنمۇ پۇل كېرەك بولاتتى.

دەرۋەقە، مىلادىيە 758-يىلىدىن بېرى ئۈزۈلمەي داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئات-يىپەك سودىسى ئارقىلىق ھەر يىلى چوڭ ئوردىغا 100 مىڭ تۇياق ئات ئۆتكۈزۈپ تۆت مىليون توپ تاۋار-دۇردۇنغا ئېرىشىۋاتقان، مەئىشىتىدىن ئاشقىنىنى سوغدىيانا ۋە پارس يۇرتلىرىغا ئاپىرىپ سېتىپ، غايەت زور پايدا ئېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن بۇ پايدا بۆكۈ قاغاننى قانائەتلەندۈرەلمەيتتى. قانداق قىلىپ بولمىسۇن، يەنە كۆپرەك پايدا تېپىپ، كاتتا شەھەرلەرنى، ياسىداق ئوردا-سارايلارنى بىنا قىلدىشى، قوشنا ئەل-ئۇلۇسلارنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرگۈدەك ھۇزۇر-ھالا-

ۋەت سورۇشى كېرەك ئىدى.

بۆكۈ قاغان ئۆز ئۆمرىدە چوڭ ئاستانىگە ئىككى قېتىم سەپەر قىلدى، تۇنجى قېتىمدا ئەلچىلىككە باردى، ئىككىنچى قېتىم قاغان سۈپىتى بىلەن ئەل ئاسىيلىرى ئۈستىگە لەشكەر تارتتى. ئۇ يەردىكى نى-نى شەھەرلەر، ھەشەمەتلىك ئايۋان-سارايلار، ئوردىدىكى رەڭگارەڭ تۇرمۇش ئۇنىڭ كۆزلىرىنى ئالا چەكمەن قىلىۋەتتى. تاڭ دەيزۇڭنىڭ ھەيۋەتلىك تەختى، زەر گۈللۈك دۇردۇن پەرىجىسى، كەيىپ-ساپالىق مەئىشىتى ئۇنى ئوبدانلا مەپتۇن قىلىۋالدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ پادىشاھ ھوزۇرىدا بولغاندا ئۆز ئەھۋالىدىن ئازراق خىجىل بولۇپمۇ قالدى.

ئۇنىڭچە، ئۆزى ھەم قاغان بولغانىكەن، قاغاندەك ياشىشى، شاھ-قاغانلاردا بولىدىغان ھەرقانداق نەرسە ئۆز ئىلكىدىمۇ تەل بولۇشى كېرەك ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن يەنىلا پۇل بولمىسا بولمايتتى.

ئۈگلۈك-سۆيگۈن يىغىلىقى تىنچىتىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ يىغىلىق تاڭ ئوردىسىنىڭ ئابرۇيىنى تۆكۈپ، ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇردى. خېبېي، خېنەن، شەندۇڭ زېمىنى تەپرىقچىلەرنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ كەتتى. تاڭ شاھى بىلەن ئۇزەڭگە قېقىشتۇرۇشقا جۈرئەت قىلغان تۇبۇت زەنپۇسى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، خېشى كارىدورىنى ئىگىلىۋالدى. سۇلالىنىڭ غەربىي دىياردىكى ھەنىۋا مەمۇرلىرى، بېشبالىق ۋە كۇسەن تۇتۇقلىرى ئۆز جايىدا قامىلىپ قالدى. غەربىي رايون بەگلىرىنىڭ ئولپان تاپشۇرىدىغان يولىمۇ شۇنىڭ بىلەن ئۈزۈلدى. بۇ ئەھۋال ئۇيغۇر قاغانلىقىغا ئىنتايىن پايدىلىق بىر پۇرسەتنى ئاتا قىلدى. غەربىي دىيار بىلەن سۇلالىنىڭ باج-ئولپان ئەلچىلىرى، خارجى ئىشلار ياللاۋاچلىرى ۋە سودا-سېتىق كارۋانلىرى ئۇيغۇر قاغانلىقى ئارقىلىق ئۆتىدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن تۇنجى قېتىم «ئۇيغۇر يولى» ئېچىلدى. ئۇي-

غۇرلار ئۆتكەن-كەچكەنلەردىن پۇل-پۇچەك يىغىپ، گېزى كەلسە قاقتى-سوقتى قىلىپ، غەرب-شەرق سودىسىنىڭ تىزگىنىنى قولىغا ئال-دى، جەنۇب بىلەن شىمال ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىچكى سودىغىمۇ تېپىلغۇسىز ئوبدان چاغلار يېتىپ كەلدى.

بۇ قېتىمقى ئەھمىيەتلىك سەپەردە، بۆكۈ قاغان ئوردا ئۈچۈن جەڭ قىلدى ۋە ئوردىنى كۆزەتتى، قېيناتىسى بۆكۈ قەيىنىنىڭ كۆپتۈر-مىلىرىنى قويۇپ تۇرغاندىمۇ، سۇلالىنىڭ بىتاپ ئادەمدەك ئاجىزلاپ كېتىۋاتقىنىنى ئۆز سەزگۈسى ئارقىلىقلا سېزىپ ئۇلگۇردى. ئۇنىڭچە، ئۆگلۈك-سۆيگۈن توپىلىڭىدىن كېيىن شەرقىي شىمالدىكى كەڭ بېدى-لىكلەر قولدىن كەتكەن، تاڭ ئوردىسى ئات يېتىشتۈرۈش ئىقتىدارىدىن تامامەن مەھرۇم قالغانىدى، لەشكەر تولۇقلاش ئۈچۈنمۇ تېخىمۇ كۆپ ئۇيغۇر ئېتىغا موھتاج بولاتتى. تۇبۇت زەنپۇسىنىڭ تەھدىتىگە تاقابىل تۇرۇش، ئىچكى مالىمانچىلىقنى تىنچىتىش ئۈچۈنمۇ ئۇيغۇرلارغا تايان-مىسا بولمايتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى قاغانلىقنىڭ ئورنىنى كۆتۈرۈپ، ئۇيغۇر ئېتىنىڭ قىممىتىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرماقتا ئىدى.

قاغانلىققا نەپ يەتكۈزگەن بارلىق سودىدا بىلگە قاغانمۇ، بايانچۇر قاغانمۇ كۆپ ھاللاردا چېچەن سوغداقلارغا تايانغانىدى. ئۇلارنىڭ نەپ ئېلىشقا ماھىرلىقىغا بۆكۈ قاغانمۇ قول قوياتتى. ئۇلار ئۇيغۇرلار بىلەن بىللە ھەر قېتىمدا 10 مىڭلاپ سەر خىل ئاتنى ھەيدەپ بېرىپ، تاڭ ئوردىسىغا تاپشۇراتتى-دە، ئات بېشىغا باھا قويۇپ تاۋار-دۇردۇن، دورا-دەرمەك دېگەندەك ئەتىۋارلىق بۇيۇملارنى ئېلىپ كېلەت-تى، ئاز بۆلىكىنى ئوردىدا قالدۇرۇپ، قالغىنىنى قارام قەبىلىلەرگە ساتاتتى، ياكى بېشبالىق يولى بىلەن توققۇز جاۋۇپ يېرىگە، پارس ۋە ئەرەب بازارلىرىغا، ھەتتا يىراق رۇم شەھرىگىچە ئاپىرىپ سودا قىلاتتى، قايتىشىدا ئۇدۇن قاشتېشى، كۇسەن نۇشۇدۇرى، ھىندى

گەزملى، قوچۇ ماتاسى دېگەندەك لازىمەتلىكلەرنى ئېلىپ كېلىپ، تەڭرىقاغان يولى ئارقىلىق ئىچكى ئىقلىم شەھەرلىرىگە ئاپىراتتى. ئەلۋەتتە، بۇ سودىدا ئازراق پايدا سوغداقلارغا، كۆپرەك پايدا قاغانلارغا مەنسۇپ بولاتتى.

سودا-سېتىقنىڭ ئالتۇن دەۋرى يېتىپ كەلگەن بۇ كۈنلەردە، قاغان ئۈچۈن، سوغداقلاردىن باشقىسى بىكار ئىدى. ئۇيغۇر سودىگەرلەر كۆپ بولسىمۇ، ئۇنىڭ نەزىرىدە ئۇلار سودىغا خام ۋە مۇلاقەتتە ساددا ئىدى، چېچەنلىكتە ۋە قۇۋلۇقتا سوغداقلارنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بېرەلمەيتتى. قۇۋ سوغداقلار ھېچ تۈيدۇرماي توكۇر ئاتقا سەرخىل ئات نەرقىدە مال ئالالايتتى، تېيىن ئۈستىدە تىك تۇرالايتتى. باھا تالاشقاندا ئاسانلىقچە بەل قويۇۋەتمەيتتى، زۇۋانلىقتا ھېچكىمگە گەپ بەرمەيتتى، تىلى بالدەك تاتلىق، دىلى تاشتەك قاتتىق ئىدى.

سودىدا سوغداقلارنىڭ ياردىمى ۋە رولىغا ھەرقانداق چاغدىكىدىنمۇ بەكرەك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان بۆكۈ قاغان چوڭ ئاستانىدە تۇرۇۋاتقان كۈنلىرىدە سوغداق كاتتىلىرى بىلەن كۆپرەك ئۇچراشتى، قېيناتىسى بۆكۈ قەيىن بىلەن بولغان ئىككى قېتىملىق خاس سۆھبەت ئۇنىڭ قارىشىدا زور ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلدى. ئۇ تۆت نەپەر مانى سوغداقنى «ئەسقېتىپ قالسا ئەجەب ئەمەس» دېگەن خىيالدا ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەلدى، شامان باخشىلىرىنىڭ نارازىلىقىدىن، ۋەزىر-سانغۇنلارنىڭ خاپا بولۇشىدىن قورقۇپ قالمىدى.

بۆكۈ قاغان ئويلاۋېتىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئىچكى شەھەردە مېھمان بولۇپ تۇرۇۋاتقان تۆت سوغداقنى يەنە بىر قېتىم يادىغا كەلتۈردى، شۇ ھامان ھۆدەيچى ئەۋەتىپ، ئۇلارنى ئۆز بارگاھىغا چىللاپ كەلدى.

# 8. ئاق يەكتەكلىك كىشىلەر

مىلادىيىنىڭ 216-يىلى، پېرسىيىدىكى تىگرىس دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى مارىنوس دېگەن يەردە بىر ئوغۇل بالا دۇنياغا كۆز ئاچتى. ئوغۇل ئاتا قىلغىنىغا ئۆز تەڭرىسىگە مىڭ مەرتەم شۈكرانىلىق بىلدۈرگەن رىياكار ئاتا-ئانا تەلپەكتەك بېيىنىڭ، پېشانىسى كەڭ، قوللىرى ئۇزۇن كەلگەن بۇ بوۋاققا «مانى» دەپ ئات قويۇشتى. كۈنلەر ئۆتتى، كۈنلەر يىغىلىپ ئاي ئۆتتى. يىل بىلەن تەڭ مانىمۇ چوڭ بولدى، ئەقىل كىرگەندىن باشلاپ تىرىشىپ-تىرمىشىپ يۈرۈپ مۇنەججىملىكتە، رەسساملىقتا تېزلا داڭق چىقاردى. ئەقلى كامالەت تاپقان يىللىرى ئۇ ئۇزۇن يىللىق كۆزىتىشلەردىن كېيىن، يېپيېڭى بىر دىننى تەرغىب قىلىشقا باشلىدى. «زۇلمەت بىلەن يورۇقلۇقنىڭ يولى باشقىدۇر، يورۇقلۇق ياخشىلىققا، قاراڭغۇلۇق يامانلىققا تەئەللۇقتۇر» دېگەن ئەقىدىنى ياقلايدىغان بۇ يېڭى دىن تەرغىباتچىسىنىڭ نامى بىلەن «مانى دىنى» دەپ ئاتالدى. مانى ئۆزى ياراتقان بۇ يېڭى دىننى تېخىمۇ كەڭ جايلارغا، تېخىمۇ كۆپ ئادەملەر ئارىسىغا تارقىتىشنى بىر ئۆمۈرلۈك بۇرچى دەپ بىلدى. ئۇ ئۆز يۇرتىدىن ھالقىپ چىقىپ، ئەنەتكەك ۋە كەشمىرلەردە بار كۈچى بىلەن تەرغىبات ئېلىپ باردى، شاپۇر I ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان يىللاردا بابىلغا كىردى، شاپۇرنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا يەنە ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلدى.

بىراق، مانىنىڭ يېڭى ئەركان ۋە يېڭى تەشەببۇسلىرى ئۇنداق ئاسان تارقىلىۋەرمىدى. ئەل ئارىسىدا دۆلەت دىنى ماقامىدا يىلتىز سۈرگەن زوروئاستىر مۇخلىسلىرىنىڭ جاھىلانە قارشىلىقىغا دۇچ كەل-

دى. تەرىقەتلىرى تەقىبكە ئۇچراپ، ھاياتىغا خەۋپ يۈزلەنگەن مانى ئاخىر جېنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. شاپۇر I ئۆلۈپ، ھورمۇز I دەۋران سۈرگەن كۈنلەردە، مانىغا يەنە بىر رەت ئامەت يۈزلەندى، ئىشى ئوڭغا تارتتى. ئۇ پادىشاھنىڭ ھامىيلىقىغا كىرىپ دەۋەت دائىرىسىنى يەنە بىر قېتىم كېڭەيتىشكە مۇۋەپپەق بولدى.

بىراق، بۇنداق كۈنلەر ئۇزاققا بارمىدى. ھورمۇز I نىڭ شاھلىق تەختىگە ۋارىس بولغان بەھرام I بولسا، زوروئاستىر دىنىنىڭ سادىق مۇخلىسى، كۈچلۈك ھىمايىچىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، مانىنىڭ ئەركىنلىكىگە چەك قويۇپ، ئۇنى ھەپسىگە ئالدى، چاھار مىخ قىلىپ مىخلاپ ئۆلتۈرۈپ، تېرىسىنى تەتۈر سويدى.

ئۆز تەگىرىسى مانى بۇرخانىنىڭ تەقدىر-تالايىتىدىن ئۆز قىسمىتى-نىڭ ئەتىسىنى كۆرۈپ ئۈلگۈرگەن مانى مۇخلىسلىرى ئانا يۇرتىنى تاشلاپ، ئۇۋىسى بۇزۇلغان چۈمۈلىدەك پىتىراپ تەرەپ-تەرەپلەرگە قاراپ قېچىپ كېتىشتى.

يىراق پىرسىيىدىن قېچىپ چىققان مىڭلاپ مۇخلىس ئۇدۇل شىمالغا قاراپ مېڭىپ سوغدىيانە دىيارىغا يېتىپ كەلدى، بۇ دىياردا يىلتىز تارتىپ، تۇرمۇش-تەرىقەتلىرىنى داۋام ئەتتى. مانى قاچاقلىرىدىن مانى دىنىنى قوبۇل قىلغان سوغداق قوۋممۇ تۈرك قاغانلىقى مەزگىلى-دىلا تارىم ۋادىسىغا، ئۇرخۇن، سېلىنىغا بويلىرىغا كېلىپ ماكانلىششقا باشلىغانىدى. ئۇيغۇر قاغانلىقى ئاپىرىدە بولۇپ يەتتە يىلدىن كېيىن، يەنى مىلادىيە 751-يىلى يۈز بەرگەن تالاس ئۇرۇشىدىن كېيىن، سوغدىيانا دىيارىدىكى مانى سوغداقلىرىنىڭ بېشىغا توساتتىنلا كۈن چۈشتى. ئۇلارنىڭ گۈزەل، باي ماكانى ئاباسسىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. ۋەھشىيلەرچە قىرغىنچىلىق سوغداقلارنى كۈنچىقىش تەرەپكە قاراپ سىلجىشقا مەجبۇر قىلدى.

شۇ قېتىمقى قانلىق يېغىلىقتا، سوغدىيانانى تاشلاپ چىققان قاچقۇنلار ئارىسىدا خېلى كۆپ مانى ئۆلىمالىرىمۇ بار ئىدى. ئەجەل پۇراپ تۇرىدىغان قارلىق تاغلاردىن ھالقىپ، گىياھسىز دەشت-باياۋانلارنى كەينىدە قالدۇرۇپ، چوڭ ئاستانە چاڭئەنگە يېتىپ كېلەلىگەن راھىبلار ئىچىدە ئاق يەكتەك، قارا قالپاق كىيگەن تۆت مانى راھىبى ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. قىزغۇچ ساقال، چېقىر كۆزلۈك بۇ راھىبلار ئارىسىدا ئۆزىنى «مارئامۇ» دەپ ئاتايدىغان، باشقىلار «موژاك» دەپ خىتاب قىلىدىغان بىرەيلەن قارىماققا بۇ سوغداقلارنىڭ كاتىپىسىدەك قىلاتتى، ياشىمۇ چوڭدەك كۆرۈنەتتى.

بۇ كۈنلەردىن بەش يىل بۇرۇن، سوغداق كارۋانلىرىغا قوشۇلۇپ چوڭ ئاستانىگە بىر قېتىم كېلىپ كەتكەن راھىب موژاك سوغدىيانىنىڭ شەرقىدىكى ئۇزۇن يول بىلەن، بولۇپمۇ تاڭ دىيارى بىلەن مۇپەسسەل تونۇشلۇق ئىدى. ئابباسىيلارنىڭ زەربىسىدىن پىتىراپ كەتكەن سوغداقلارغا كۈنچىقىشتىن پاناھ ئىزدەش مەسلىھەتىنى بەرگەنمۇ، ئۆز قوۋمىگە يول باشلاپ بېشبالىققا ئېلىپ كەلگەنمۇ يەنە شۇ موژاك ئىدى. چوڭ ئاستانە چاڭئەنىنىڭ بۇنچىۋالا كۆپ ئادەمنى سىغدۇرۇپ كېتەلمەيدىغىنىنى، يەنە كېلىپ، ئۆتكەندىكى سەپىرىدە ئاستانە ئەھلىنىڭ ئۆزلىرىگە ئۇنچە ئوبدان مۇئامىلە قىلىپ كەتمىگىنىنىياخشى بىلىدىغان راھىب موژاك سوغداقلارغا تەكلىپ بەردى. شۇڭا، ئۇلار بېشبالىققا كەلگەن ھامان ئىككى يولغا بۆلۈندى.

زور بىر قىسمى بېشبالىقتىن يولغا چىقىپ شەرقىي شىمالغا قايرىلىپ ئىككى ئايچە سەپەر قىلغاندىن كېيىن، ئورخۇن ۋە سىلىنغا ۋادىلىرىغا يېتىپ كېلىپ، ئۇيغۇرلارغا ۋە قوۋمداشلىرىغا قوشۇلدى، ئۇلارنىڭ سانىنى ئاۋۇتتى، يەنە بىر بۆلىكى سارىغ ئۆگۈزنىڭ شىمالىنى بويلاپ جەنۇبقا چۈشۈپ، خالىغان يېرىدىن ماكان تۇتتى. ھۆنەرۋەنلەر

ھۈنەر قىلدى، تەقۋادارلار ئىبادەتتە بولدى، سودىگەرلەر سودا قىلدى، خوتۇن ئېلىپ بالا-چاقىلىق بولدى، ئۆتۈپ كەتكەن توققۇز يىلدا ياۋا چۆپتەك تېز ئاۋۇپ نە-نەگىچە يېلەك يايدى.

چوڭ ئاستانىگە يول ئېلىشقان سوغداق قوۋمىنىڭ ئەڭ ئالدىدا يېتىپ كەلگەن راھىب موژاك ئۆزى بىلەن بىللە كەلگەن ئۈچ سوغداققا باشچى بولۇپ، ئىبادەتتىن كېچە-كۈندۈز باش ئالمىدى. ساگرام[1]-سەجدىگاھلارنى بەرپا قىلىپ، دەۋىتىنى تېزلەتتى، مۇرتىنى غولداتتى.

بىراق، زامان-زامانلاردىن بېرى بۇددانى ئۇلۇغلاپ، بۇدساتۋاغا باش ئۇرغان، بار-يوقىنى بۇددا يولىغا ئاتىۋەتكەن بەگ-پۇقرالار موژاكنىڭ جاي-جايلاردا قاتراپ يۈرۈپ «باغ»، «روشان»، «زائور»، «زېرۋېت»[2] دەپ زىكىر-تىلاۋەت قىلىشلىرىغا ئاخىر چىداپ تۇرالمىدى. ئوق ئۈچى تاشقا تاقالدى، سوغداقلارنىڭ دەۋەت-دالالىتى قاتتىق تەقىبكە دۇچ كەلدى. تاڭ ئوردىسى يارلىق چۈشۈرۈپ، سوغداقلارغا توسۇق قويدى. ساگراملار تاقالدى، راھىبلار ھەيدەلدى.

ئاق يەكتەكلىك سوغداقلار ئەتىۋاردىن قېلىپ، قۇرت-قوڭغۇزدەك خار بولغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، مانى بۇرخان ئىخلاسمەن مۇرتى راھىب موژاكنىڭ ئىلتىجاسىنى قوبۇل كۆردى بولغاي، ئۇنىڭ كەپىسىگە ناتونۇش بىر ئادەم كىرىپ كەلدى.

— سىلى-بىز بۇ ئالەمنىڭ ئىككى چېتىدە كۆز ئاچقان بولساقمۇ، بۇ ئاستانىدە ئوخشاشلا مۇساپىرمىز، — دېدى، بويى ئېگىز، گىجمەك

---

① ساگرام — مانى مۇخلىسلىرىنىڭ دىنىي سەجدىگاھى.

② مانى مۇخلىسلىرىنىڭ دىنىي دۇئاسى. «باغ» — تەڭرى، «روشان» — يورۇقلۇق، «زائور» — كۈچلۈك، «زېرۋېت» — دانا دېگەن مەنالارنى ئۇقتۇرارمىش.

ساقال، كىچىك كۆز كەلگەن ئۇ كىشى، — كەمىنە ئۈلپەتلىرى بۇددا ئىلىدىكى بىر لەشكەر بېشى بولسامۇ، دىل-ئېتىقادىم يەنىلا مانى بۇرخانغا يېقىندۇر، تەقدىرىم قارا بولسىمۇ، پېشانەم يورۇقتۇر. شۇ ۋەجىدىن، پېقىرلىرى خېلى كۆپتىن بېرى ھەرقايسىلىرىنىڭ قەدەم-قا-مەتلىرىگە يېقىندىن كۆز سېلىپ، گەپ-سۆزلىرىگە زەن قويۇپ، دەۋەت-لىرىنى خۇپپىيانە تۇردە كۆڭۈل-كۆكسۈمگە ئورناتتىم ۋە زارۋانغا ئىنا-تىلدىم. ھالا بۈگۈنكى كۈندە ھەرقايسىلىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن جە-بىر-كۈلپەتلەر پېقىرنىڭ كۆڭلىنى بىئارام قىلغاچ، ياردەم قولۇمنى سۇنماسلىقىم مۇمكىن ئەمەس. مانى بۇرخانىمىز بېشارەت بەردىكى، ھەرقايسىلىرىنىڭ تەلەي يۇلتۇزى ئۆتتۈكەن ئاسمىنىدا پارقىراپ تۇرۇۋې-نۇ. مالال كەلمىسە، پات ئارىدا شۇ تەرەپكە يول ئالغايلا، شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن دەھرىي جاھالىتى يوق بولۇپ، بۇددا مالامەتلى-رى تۈگەپ، ئاپتاپلىق كۈنلەر يۈز ئاچقۇسىدۇر ...

سىرلىق گەپ-سۆزى بىلەن تۆت سوغداقنى گاڭگىرىتىۋەتكەن بۇ ناتونۇش كىشى دېگەندەكلا تاڭ سانغۇنىدەك كىيىنگەنىدى، بىراق، چىراي-تۇرقى تاڭ قوۋمىدىكىلەرگە ئانچە ئوخشاپ كەتمەيتتى. سەدەپ-تەك ئاق چىشلىرىنى پارقىرىتىپ، ئاغزىنى پىيالىدەك ئېچىپ قالغان موزاك «ئەتە كەچتە، كۆن پاتماستا غوز سارىيىدا كۆرۈشەرمىز» دەپ قويۇپلا قايتىپ كېتىۋاتقان ناتونۇش كىشىگە قاراپ تەۋەززۇ بىلەن:

— ئى باھادىر لەشكەر بېشى، مۇبارەك ناملىرىنى بىلسەك، كۆڭۈل تۆرىمىزدە مەھكەم ساقلىساق...، — دېۋىدى، ئۇ كىشى كەينى-گە بۇرۇلماي تۇرۇپلا:

— نامىنى تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق ئادەممەن، تەڭرى بۇرخان راۋا كۆرسە، پەيتى كەلگەندە ئاندىن مەلۇم قىلۇرمەن، — دەپلا كۆزدىن غايىب بولدى.

بۇ ناتونۇش، سىرلىق كىشىنىڭ ۋەيرانە كەپىدە خۇددى يەردىن ئۈنگەندەك پەيدا بولۇشى سوغداق راھىبلارنى قورقۇنچ ۋە ھاياجان قاينىمىغا ئىتتىرىۋەتتى. مېھمان غايىب بولغان تەرەپكە قاراپ بىر ھازا تىكىلىشكەندىن كېيىن ھەر خىل ئالامەتلەر چاقناپ تۇرغان تۆت جۈپ كۆز بىر-بىرى بىلەن ئۇچراشتى. تۆت كىشىدە تۆت خىل قىياس پەيدا بولدى. بىرى ئۇنى تاڭ ئۇردىسىنىڭ ئايغاقچىسىمىكىن دەپ تەشۋىش-لەندى. يەنە بىرى ئۇنى ئۆزلىرىگە خالىسانە قول بەرگەن شەپقەتچىگە ئوخشاتتى. يەنە بىرى ئۇنى مانى بۇرخان ئەۋەتكەن نىجاتلىق ئەلچىسى-مىكىن دەپ قالدى. موژاك «جاھان يەتكۈچە مالىماتاڭ بولۇۋاتقان بۇنداق كۈنلەردە يەنىلا ئېھتىياتنى ھەمراھ قىلغان تۈزۈك، كىملەر دوست، كىملەر دۈشمەن بىلىپ بولمايدۇ، قىلدەك قىيىق كېتىدىغان بولساق جېنىمىزنى ساقلاپ قېلىشنىڭ ئۆزى بىر گەپ» دېگەنلەرنى ئويلاپ قالدى-دە، بىراۋ خەنجەر تەگلەپ ئېتىلىپ كېلىۋاتقاندەك، ئەتراپىغا ئالاق-جالاق بولۇپ قارىۋالدى، قورۇق چۆپتەك چېچىلىپ تۇرغان شالاڭ بۇرۇتىنى مەقسەتسىزلا تاراپ، نېپىز لەۋلىرىنى مىدىرلى-تىپ، نېمىلەرنىدۇر دەپ تېۋىنىۋالدى.

بىراق، ئۇ كىشىنى كىم دەپ ئويلىسۇن ياكى مۇددىئا-مەقسىتىنى قانداق چۈشەنسۇن، ناتونۇش كىشىنىڭ ئۆزگىچە سىيماسى خۇددى پۈتۈن سەزگۈسىگە نەقىش قىلىپ ئويۇۋېتىلگەندەك، موژاكنىڭ كۆز ئالدىدىن بىر دەممۇ نېرى كەتمىدى. ئۇنىڭ كېسىپ-كېسىپ ئېنىق ئېيتقان سىرلىق گەپلىرى قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلاپ تۇردى. بۇ ھال ئۇلارنى قايتا ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلدى. ھەر ئىش ۋە ھەر گەپنى ياخشى تەرەپكە بۇراشتىن كۆرە، كۆپرەك يامان تەرەپكە تارتىپ مۇلا-ھىزە قىلىدىغان موژاكمۇ ئۆز ھۆكۈمىنى يېڭىۋاشتىن دەڭسەپ باقتى.

«ئۇ راستىنلا دۈشمەنمىدۇ؟ ناتايىن، دۈشمەن بولسا، خېلىدىن

بېرى كۆزىتىپ يۈرگەن يەردە، يەنە نېمىدەپ بىزگە قول سالمايدۇ.
سەرگەردان بولۇپ ئىگە-چاقىسىز قالغان ئادەمنى كىچىك بالىمۇ بوزەك
قىلالايدىغۇ...»

ئەقلىلىق موژاك تەكرار-تەكرار پىكىر يۈرگۈزدى، ناتونۇش كى-
شىنى يامان دېيدىغانغا تىرىقچىلىك ئاساس تاپالمىدى، ئويلىدى، يۈزى
قىزاردى. ھەمراھلىرىغا قاراپ كەسكىن ئاھاڭدا:

— يادىڭلاردا بولسۇن، پۈرسەت كەلگەن ھامان ئۇ دېگەن يەردە
ھازىر بولىمىز، — دېۋىدى، بىرەيلەن سەل دەرگۇماندا سورىدى:

— ناتونۇش كىشى چىللىغان ھېلىقى يەردە دەمدىلا ئۇستاز؟
ئۇنداق قىلساق «ئۆلگۈسى كەلگەن چاشقان مۈشۈكنىڭ قۇيرۇقىنى
چىشلەپتۇ» دېگەندەك ئەخمىقانە بىر ئىش بولارمىكىن؟

— ئويلاپ قويدۇم، تەگرى بورخانغا تېۋىنىپ، غوز سارىيىغا
مەن بالدۇر كىرىمەن، بىرەر پالاكەت يۈز بەرمىسە، سىلەرگە بەلگە
بېرىمەندە، سىلەرمۇ كىرىسىلەر، ئەگەر چۈگۈن قايىنغۇچىلىك پۈرسەتتە
قايتىپ چىقمىسام، مەن بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن، ئۆز جېنىڭلارنى
ئۆزۈڭلار قوغداڭلار...

شەھەر چېتىدىكى يالغۇز كەپىدىن يىلان باغرى چىغىر يول
بىلەن شەھەرگە كىرىش، خىلۋەت كوچىنىڭ تۆر تەرىپىدىكى غوز
سارىيىنى تېپىش ئۇلار ئۈچۈن ئانچە تەسكە توختىمىدى. ئاستانىنى
خالتا كوچىلىرىغىچە بىلىپ كەتكەن بۇ سوغداقلار ساراي ئالدىغا
كېلىشىگىلا ھېلىقى كىشىنى يەنە ئۇچراتتى. ئۇ كىشى ئىللىق چىراي
بىلەن سالام قايتۇردى-دە، ئالدىدا مېڭىپ، ئۇلارنى سارايىنىڭ ئەڭ
ئىچكىرىدىكى مەخسۇس خانىگە باشلاپ كىردى.

بۇ خاس خانىدا، نەقىشلەنگەن ئۆي جابدۇقلىرى، لوڭقا-بېزەك
ۋە كۆرپە-چۈشەكلەردىن ئۆزگە ئىنسى-جىن يوق ئىدى. خېلى كۈنلەر-

دىن بىرى پۈتۈن يېتىپ، پۈتۈن قوپۇپ، تاپسا نان يەپ، تاپالمىسا ھاۋا يەپ يۈرگەن بۇ سوغداقلار بۇلۇتتەك يۇمشاق كۆرپىلەردە ئولتۇرۇپ، مول نازۇنېمەتلەردىن ھوزۇر ئالدى. قورساقلىرى تويۇپ، بوغۇزىدىن تۈنجى كېكىرىك ئېتىلىپ چىققۇچە، ساھىبخانا كىم، بۇ كىمنىڭ داستىخىنى دېگەنلەرنى سوراپمۇ قويمىدى. پەقەت ھاممىدىن چىققاندىدەك تەر بېسىپ، مەيدىسى بىر لوقما ئاشنىمۇ سىغدۇرالماي قالغاندىلا ئاندىن غىزادىن باش كۆتۈرۈپ، تۆت تامدىكى تاۋار-دۇردۇن پەردىلەرگە، نەپىس جاۋاھىرات ساندۇقلىرىغا ئەيمىنىپكىنە قاراپ چىقتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ قانداقتۇر بىر چوڭ مەنسەپدار ياكى كاتتا زەردارنىڭ ھوزۇرىدا تۇرۇۋاتقىنىغا كۆز يەتكۈزدى. پارقىراپ تۇرغان يالىڭاچ قىلىچلىرىنى مۇرىسىگە تاشلاپ، ئىشىك ئالدىدىن ئۇياق-بۇياق ئۆتۈپ يۈرگەن قوروقچىلارنى كۆرگەندە بولسا ئۇلارنى يەنە ۋەھىمە باستى.

«تۇزاققا دەسسىدۇقمۇ نېمە» دېگەن ئويغا كەلگەن گۇمانخور موۋاك غىزادىن قول ئۈزۈپ، بىر خىللا كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرغان ناتونۇش كىشىگە قورقۇپقىنە قارىۋالدى. موۋاكنىڭ تەشۋىشلىك قارىشىنى چۈشەنگەن ناتونۇش كىشى:

— ئارتۇقچە ۋەھىمە يېمىگەيلا، بۇ ئاستانىدىكى ئەڭ ئىشەنچلىك، ئەڭ بىخەتەر جاي، بۇ يەرگە بىر تەڭرىدىن ئۆزگە، پەقەت تەڭرىدىن بولمىش تەڭرىزادىلا ئىگىدارچىلىق قىلالايدۇ، نە شاھ ۋە شاھىنشاھنىڭ پەرمانلىرى ئۆتمەيدۇ.

ناتونۇش كىشىنىڭ ئاۋازى بېسىقمايلا خانىگە قىزغۇچ سېرىق تون يېپىنچاقلىۋالغان، ئىچ كەمزۇلىنى ھېقىق كۆزلۈك كەڭ كەمەردە باغلىغان، بېشىغا سۆسۈن رەڭلىك غۇز تەلپەكى كىيگەن، ئوتتۇرا بوي، توغرىلىق كەلگەن بىر كىشى يان ئىشىكتىن كىرىپ كەلدى. ناتونۇش كىشى ئىتتىك ئورنىدىن تۇردى ۋە تۇرغان يېرىدىلا قول باغلىدى.

تۆت سوغداقمۇ بىئىختىيار ئاياغقا تۇرۇشتى. كىرگەن كىشى ئۇدۇل بېرىپ، خانە تۆرىدىكى خاس جايدىن ئورۇن ئالدى، بەزگەكتەك تىترەپ تۇرغان سوغداقلارغا:

— ئولتۇرۇڭلار، ئۆزۈڭلارنى ئەركىن تۇتۇڭلار، — دېدى، قولىنى يېنىك سىلكىپ.

كىرگەن كىشى پەشلىرىنى قايرىۋېتىپ، باداشقان قۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ھېلىغىچە نوغۇچ يۇتۇۋالغاندەك ئۆرە تۇرۇۋاتقان سوغداقلارنى «گېپىمنى ئۇقالماي قالدىمىكىن» دەپ ئويلىدىمۇ، ناتونۇش كىشىگە قاراپ يەنە ئېيتتى:


— ئۇستازلارغا ئۇقتۇرۇڭ، ئۇلار ئولتۇرسۇن، ھۇزۇرۇمدا بولغان ھەرقانداق كىشى ئۆزىنى ئەركىن ھېس قىلىشى كېرەك.

سوغداقلار بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا سۆزلەيدىغان بۇ كىشىنىڭ سۆز-لىرىنى ئابايالا چۈشەنگەندى. بىراق، كىشىنى ئەيمەندۈرىدىغان بۇ سۆلەتلىك ئادەمنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇشقا تېخىچە جۈرئەت قىلالمايۋاتاتتى.

— ئولتۇرۇڭلار، ئۆرە تۇرۇۋەرسەڭلار كۆزىمىزگە سىغمايدىكەن-سىلەر، — دېدى ناتونۇش كىشى.

سوغداقلار ئولتۇردى، تىزلىرىدىن ماغدۇر قاچقاچ، پاقالچىكىگە توقماق تەگكەندەكلا تېز ئولتۇردى، ئولتۇرۇپ بولۇپ، ناتونۇش كىشى بىلەن نېمىلەر توغرىسىدىدۇر سۆزلىشىۋاتقاندا سۆلەتلىك كىشىنىڭ چىرايىغا ئوغرىلىقچە سەپسالدى.

ئۇ كىشى ئېشىپ كەتسە 30 ياش چامىسىدا بولۇپ، پېشانىسى كەڭ، سەل تومپايغان ئىككى مەڭزى گۈل سۈرتكەندەك قىزىل ئىدى. كۆتمەك، مويلۇق قاشلىرى ئاستىدىكى بىر جۈپ كۆزى بۈركۈتنىڭكى-دەك ئويناپ تۇراتتى، كۆزلىرىنىڭ ئارىسى خېلىلا يىراق ئىدى، سۆز-



لگەندە تورلۇق سۆزلەيتتى، تاۋۇشمۇ دانە-دانە ئىدى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ چۇس مىجەز، بىر سۆزلۈك، كەسكىن ئادەم ئىكەنلىكى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى.

— سىلەر سوغداقلار بەك چېچەن ئادەملەرسىلەر، بىرنى ئىككى، ئىككىنى تۆت قىلىشنى بىلىسىلەر، — دېدى، ئۇ كىشى ئۇچۇق چىراي بىلەن سوغداقلارنى ماختاپ.

— يوقسۇ... يوقسۇ...، — دېدى، بۇ سۆلەتلىك كىشىدىن يۇ تەرىقە ماختاشنى ئاڭلاپ پۇت قولىغا جان كىرگەن موژاك.

ئۇ كىشىنىڭ سۆزمەنلىكى، ناتونۇش ئادەمنىڭ پايلاپ تۇرۇپ گەپ قىستۇرۇشى سۆھبەت كەيپىياتىنى بىردىنلا جانلاندۇرۇۋەتتى. ناتونۇش كىشى پادىشاھتىن تارتىپ ئوردا ئەھلىگىچە بولغان بۇددا مۇخلىسلىرىنىڭ ئۇلارنى قانداق قىسمەتلەرگە دۇچار قىلغانلىقى توغرىسىدا گەپ تەشكەندە، ئۇ كىشى جىمجىت ئولتۇرۇپ قۇلاق سالدى. گەپ سوغداقلارنىڭ دىنى ئۇستىگە كۆچكەندە، ئۇ ئاتايىن گەپ كوچىلاپ، بۇ دىنىنىڭ تەرىقىتىنى ئۇجۇر-بۇجۇرىغىچە سۈرۈشتۈردى. تۇن ھەسسىگە يېقىن سوغداقلارغا قاراپ:

— تەييار بولۇڭلار، سىلەرنى ئۆز ئوردامغا بىللە ئېلىپ كەتمەكچىمەن، — دېدى. بۇيرۇقمۇ، پەرمانمۇ ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ سۆز سوغداقلارنى ئەرشكە چىقارغاندەك خۇشال قىلىۋەتتى.

بۇ كىشى ئۇيغۇر قاغانى بۆكۈ قاغان بولۇپ، بۇ ۋەقەلەر ئۇنىڭ سۇلالىنىڭ دەۋلەتى بىلەن ئاسىي شى چاۋيىنى جازالاش ئۈچۈن جەنۇبقا قاراپ لەشكەر تارتقان ۋە ئۇرۇشتىن كېيىن سۇلالىدە تۇرۇۋاتقان چاغلىرىدا يۈز بەرگەنىدى.

ناتونۇش كىشى تاڭ دەيزۇڭنىڭ چوڭ سەردارى، ئۇچ ئايماقنىڭ ھېراۋۇلى بۆكۈ قەيىن ئىدى، ئۇنىڭ تېگى باشتا تۇرالارغا، كېيىن

ئۇيغۇرلارغا تەۋە بولغان بۆكۆ قەبىلىسىگە بېرىپ تاقىلاتتى. ئىككى قىزى تاڭ سۈزۈكىنىڭ رايى بىلەن بۆكۆ قاغانغا ياتلىق قىلىنغىنى ئۈچۈن، قاغان قېيناتىسى بولۇپمۇ ھېسابلىناتتى.

شۇنداق قىلىپ، قېيناتىسى بۆكۆ قەيىن غەرەزلىك توغرىلىغان بۇ سۆھبەتتىن كېيىن بۆكۆ قاغان موۋاك باشلىق تۆت راھىبقا ۋە ئۇلارنىڭ دىنىغا قىزىقىپ قالغان سەۋەبلىك، ئۇلارنى ئەتىۋارلاپ قارابالغاسۇنغىچە بىللە ئېلىپ كەلگەنىدى.

## 9. تۇنباغانىڭ گۇمانلىرى

تۇنباغانىڭ تۇرالغۇسى قاغانغا ۋە قاغان جەمەتىگە مولجاللانغان ئوردا شەھىرىنىڭ چوڭ قاپقىسىغا يېقىنلا بىر يەرگە جايلاشقانىدى. تۇرالغۇنىڭ كەينى تېمى سېپىلغا تاقىلاتتى، دەرۋازىسى كۈن چىقىشقا قارايتتى. تۇنباغادىن باشقا بۇيرۇق-ۋەزىرلەر، سانغۇن-تارخانلار ئوردا شەھىرىنىڭ تېشىدا، يەنى ئىچكى شەھەردە تۇراتتى. بۇ كىشىلەر، مەلۇم دەستەك ياكى قاغان ئىجازىتىنىڭ كۈچى بىلەنلا ئوردا شەھىرىگە كىرىپ چىقالايتتى.

ئېگىز سېپىل، قاتمۇقات قورۇقچىلار بىلەن قورشالغان ئوردا شەھىرىدە ياشاش تۇنباغاغا ئانچە خوپ كەلمەيتتى. «ئالتۇن قەپەس» كە سولانغىنىنى قاغان تۇغقانچىلىقنىڭ يۈزىنى قىلىپ شۇنداق قىلىۋا- تىدۇ، دېگەندىن كۆرە ئۆزىنى كۆزدىن يىراق قىلماسلىق ئۈچۈنلا شۇنداق قىلىۋاتىدۇ دەپ قارايتتى.

ئەمما، ئۇ ھېس قىلسۇن-قىلمىسۇن، قاغان قەسىرگە يېقىن

تۇرۇشىنىڭ يەنە ئۆزىگە، تۇشلۇق ئوبدان تەرىپىمۇ بولاتتى. قاغان بىلەن، قاتۇن ۋە قاغان جەمەتىنىڭ ھەرقاندىقى بىلەن بىمالال بېرىش-كېلىش قىلالايتتى. قاغان ئۇنى قانداق كۆزەتسە، ئۇمۇ قاغاننى شۇنداق كۆزىتەلەيتتى. قاغان ھۇزۇرىدىكى ئىنتايىن نازۇك ئۆزگىرىشلەرنى، قاپقىدىن كىرىپ، چىققانلارنى ئۇ ئادەتتە بەش قولدەك ئېنىق كۆرەلەيتتى.

ئۇ بۈگۈن ئەتىگەن قوياشقا تەزىم قىلىۋېتىپ، ئەنە شۇنداق نازۇك ئۆزگىرىشلەرنىڭ بىرىگە مۇنداقچىلا كۆز سېلىپ قالدى. ئاۋۋال ئىككى نەپەر پەرمانبەگ قاغان قەسرى قاپقىسىدىن ئات ئۇيىنتىپ چىقىپ كەلدى-دە، ئۇردا شەھىرىنىڭ ئەمدىلەتىن ئېچىلغان قاپقىسىدىن چىقىپ كەتتى. بىرەر يېڭىلىقنىڭ يۈز بېرىشىنى كۈتۈپ تۇرغان تونباغا، كۆپ ئۆتمەي پەرمانبەگنىڭ ھېلىقى بەتبەشىرە سوغداقلارنى باشلاپ قاغان ھۇزۇرىغا كىرىپ كەتكىنىنى ئېنىق كۆردى. ئادەتتىكى ئادەملەر ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمەيدىغان بۇ كىچىك ئىش تونباغاغا خېلى چوڭقۇر تەسىر قىلدى.

تونباغا بۆكۈ قاغاندىن خېلىلا چوڭ بولغىنى ئۈچۈن ئۇنى ئۆز ئوغلىدەك ياخشى كۆرەتتى، ھەم تاغىسى ھەم ۋەزىرى بولۇپ، ئۇنىڭ سەلتەنەت مۇراسىمىغىمۇ ئۆزى باش بولغانىدى. بۆكۈ قاغان قاغان بولغاندىن كېيىنمۇ ئۇ تارخان مەرتىۋىسىدىكى ئەمىرلەشكەر نامى بىلەن ئېغىر يۈكنى زىممىسىگە ئېلىپ، يىراق قارلۇقلارغا، تۈركەشلەرگە، تۈبۈتلارغا قارشى لەشكەر تارتتى، نەچچە يىللىق قان-تەرى بىلەن ئۇنىڭ كونا تامدەك لىڭشىپ قالغان تەختىنى مۇستەھكەملەپ تۇردى.

تونباغانىڭ يادىدا، ئۆتكەن يىلى، تاڭ ئوردىسىغا مۇشت كۆتۈرگەن تۇزكور شى چاۋيى ماتەم پەيتلىرىنى پۇرسەت دەپ بىلىپ توپلاڭدىن توقاچ ئوغرىلىماقچى بولدى ۋە قاغانلىققا يامان مەقسەتتە

مەخپىي ئەلچى ئەۋەتتى. دۇنيا پەرەس بۆكۇ قاغان شى چاۋيىنىڭ دامىغا چۈشۈپ، نىيىتىنى بۇزدى، نەسىھەتكە قۇلاق سالماي، ئوردا تامان لەشكەر تارتتى. ئۈچ تەسلىم شەھىرىگە يېقىن يەردە، ئوردا ئەلچىسى لىۇ چىگتەنگە ئۇچراپ قالغاندا ئۇ ھەددىدىن ئېشىپ: «ئاڭلىشىمچە تاڭ ئوردىسى ئىگىسىز قاپتۇ، ئىگىسىز ئەلنىڭ قانداقمۇ ئەلچىسى بولسۇن» دەيدىغان يەرگە يەتتى. ئۇرۇش ۋە ئاسايىشلىق قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىسىدا قالدى. بۇ جىددىي پەيتتە ئەلچى لىۇ چىگتەن قاغان بىلەن ئايرىم ئۇچراشتى، شى چاۋيىنىڭ غەرىزىنى قويماي پاش قىلىپ، كونا ئەھدۇ پەيمانلارنى يادىغا سالدى. بۆكۇ قاغاننى مەرھۇم ئاتىسىنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، شى چاۋىغا قارشى لەشكەر تارتىشقا كۆندۈردى. ئۇنى يار لېۋىدىن قايتۇرۇپلا قالماي، ئۇتۇغات ۋە نام-شۆھ-رەتكە، ھەددى-ھېسابسىز مال-دۇنياغا ئىگە قىلدى.

ئەمما، بۆكۇ قاغانىنىڭ ئاستانىدا بولغان كۆنلەردە تاڭ قوۋمىغە غوم ساقلاپ يۈرگەن يات سوغداقلار بىلەن ئاپاق-چاپاق بولۇپ كېتە-شى سەزگۈر تۇنباغانى تولىمۇ ئۈمىدسىزلەندۈردى. ئۇلارنى ئالقىنىدا كۆتۈرگەندەك كۆتۈرۈپ، شاد-تېكىنلەردەك ئەتىۋارنى قىلىپ ئورىدۇبالىققا باشلاپ كېلىشى، ئۇنىڭ خەۋپسىرىشىگە سەۋەب بولدى.

تۇنباغا سوغداقلارنى ئوبدان بىلەتتى. ھىيلىگەرراق سوغداقلار-نىڭ يوشۇرۇن قىلمىشلىرىغا، قاغانلىقنىڭ سودىسىغا قول تىقىپ، غايەت زور پايدا ئېلىشلىرىغا ئۆزۈندىن بېرى زەن قويۇپ، نارازى بولۇپ يۈرەتتى. بەزىلىرى شۇملۇق قىلىپ، تۇشمۇ تۇشتا قاتراپ يۈرۈپ، قوشنا ئەللەر بىلەن ئارىنى بۇزاتتى، بەزىدە قان تۆكۈلۈشلەرنىمۇ پەيدا قىلاتتى، ئارقىدىنلا ئارىنى ئەپلەشتۈرۈش باھانىسى بىلەن قاغانلاردىن دەستەك ئالاتتى. شۇنداق قىلىپ، قاغانلارنىڭ تەدبىرلىك ئەلچىسىگە، يېقىن مۇشاۋىرىگە ئايلىنىپ، قورسىقىغا كىرىۋالاتتى-دە، يابغۇ-تېكىن-

لەردىن قېلىشمىغۇدەك مەرتىۋىگە ئىگە بولۇۋالاتتى. سوغداقلارسىز كېگەش ئۆتمەيتتى، سوغداقلارسىز كارۋان ماڭمايتتى، سوغداقلارسىز ئەھدە تۈزۈلمەيتتى.

ئۇنىڭ پەمچە، قاغان قېيناتىسى بۆكۈ قەيىنمۇ بىر قولىدا ئوت، بىر قولىدا تۇتروق كۆتۈرۈپ يۈرۈيدىغان ئالانىيەت ئادەملەردىن ئىدى، ھىيلە-نەيرەك ھۈنىرىدە سوغداقلاردىن قېلىشمايتتى، ئۇردا بىلەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ئالاھىدە مۇناسىۋەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇنى بۇنىڭغا چاقاتتى، بۇنى ئۇنىڭغا يامان كۆرسىتەتتى. ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تىزگىنىنى ئۆز قولىدا تۇتقان قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىقىپ، تاك ئۇردىسىدىن تېخىمۇ چوك مەنسەپلەرنى تەلەپ قىلاتتى. مىش-مىش گەپلەردىن قارىغاندا، بۆكۈ قاغان يابغۇ تېكىنگە قەست قىلغاندا، بۆكۈ قەيىنىنىڭ قوللىرىمۇ قانغا بويالغاندەك قىلاتتى.

بۇ دورەم، بۆكۈ قەيىنىنىڭ قاغان بىلەن سوغداقلار ئارىسىدا تاسادىپەن پەيدا بولۇشمۇ شەكسىزكى، بىر شۇملۇقتىن دېرەك بېرەتتى. بۆكۈ قەيىن قانچە ئىھتىيات قىلسىمۇ، ئۇنىڭ شۇبھىلىك يۈرۈش-تۇرۇشلىرى، سىرلىق ھەرىكەتلىرى تۇنباغانىڭ نەزەرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىغانىدى...

ئەمرلەشكەر ئىبادەتنى تۈگىتىپلا ئۆيگە كىردى. ئۇ پەگاغا كېلىپلا، تويۇقسىز بىر ئىشنى يادىغا ئالغاندەك توختىۋالدى-دە، ئاتاق دادىسىنىڭ قولىغا سۇ بېرىشنىڭ تەرەددۇتىدە بولۇۋاتقان قۇتلۇقتىن سورىدى:

— جاۋاب بەر قۇتلۇق، ئۇردا شەھرىنىڭ قاپقىسىدىن كىرىپ چىقىشنى ئۆگىنىۋالدىڭمۇ؟

ئاتاق دادىسىنىڭ ئۆزىگە بىرەر خىزمەت تاپشۇرىدىغانلىقىنى پەملىگەن قۇتلۇق چاققانلىق بىلەن:

— ئۆگىنىۋالدىم، ۋەزىر دادامنىڭ زەر دەستىكىنى قوۋۇقچى بەگكە كۆرستىمەن-دە، ئىجازەتكە ئېرىشىمەن، — دېدى ۋە قولىدىكى چۆگۈننى كەدىرەگە تۇتقۇزۇپ قويۇپ، جەڭگە ھازىرلانغان چەۋەندازدەك تىك تۇردى. تۇنباغا ئۇنىڭ مۇرىسىگە يېنىك شاپىلاقلاپ قويدى. بۇ ئۇنىڭ كىمنىڭدۇر ئىشىدىن ياكى جاۋابىدىن قانائەت ھاسىل قىلغاندا مەمنۇنىيەت بىلدۈرىدىغان ھەرىكىتى ئىدى. ئۇ قۇتلۇقتىن يەنە:

— قارا باخشىنىڭ تۇرالغۇسى يادىڭدىدۇر، — دەپ سورىدىيۇ، ئۇنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا، — بارغىن قۇتلۇق، باخشى جانابلىرىغا ئېيتقىن، ئۇ ئالدىمغا بىر كېلىپ كەتسۇن، — دېدى جىددىي ئاھاڭدا.

قۇتلۇق زەر دەستەكنى قوش قوللاپ تۇتۇپ، ئىشىكتىن يۈگۈرۈپ دېگۈدەك چىقىپ كەتتى.

قۇتلۇق ئادەم سانى كۆپ بولمىغان بۇ ئۆيگە كېلىپ ئۆز ئۆيىدە تۇرغاندەكلا كۆنۈپ كەتتى، ئۇللىقلىقى كىگىز بىلەن قاپلانغان تار ئۆيگە يەتمىسمۇ، بۇ ئۆينىڭ ھەشەمەتىدىن ئاز-تولا قورۇنۇپ تۇرسىمۇ ئۇنىڭغا نېمە ئامال؟ بۇ سەرگەرداندەك ئاھ ئۇرۇپ، تاغ-دالىدا قاڭقىپ يۈرگەندىن كۆپ ياخشى-دە!

ئۇ تۇنباغاغا بالا بولغان شۇ كۈنىلا ئۇنى «دادا» دەپ ئاتىدى. «تىلى تاتلىق موزاي ئىككى ئانىنى ئېمىپتۇ» دېگەندەك، تاتلىق تىلى تۇنباغانىڭ ئاتىلىق مېھرىنى غىدىقلىۋەتتى بولغاي، ئۇ قۇتلۇقنى «ئوغلۇم» دەپ ئەركىلەتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن مۇلايىملىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ، ئۇنىڭ بېشىنى ئاتىلارچە سىيلاپ قويدى.

ھېلىقى كۈنى كەچقۇرۇن، تۇنباغا قۇتلۇقنىڭ قولىدىن يېتىلىگەن پېتى ئۆيگە باشلاپ كىرىۋىدى، توقال بىلەن ئويناپ يۈرگەن تاراسنىڭمۇ، يوغان كۆزلۈك، قارا قومچاق كەدىرەنىڭمۇ كۆزلىرى چەكچىيىپ، چانىقىدىن چىقىپ كېتەي دەپلا قالدى. ئۇلار كۆرمىگەننىڭگە بىرەر

يىلچە بولغان، چىرايى كۆكۈل ئەينەكتىن ئۆچۈپ كېتەيلا دەپ قالغان دادىسىغا ئەمەس، بەلكى دادىسىنىڭ يېنىدا مۆكىمۆكىلەڭ ئوينىۋاتقان بالىدەك يېتىرقاپ تۇرغان نامەلۇم بىر ئوغۇلغا تىكىلىشتى. تۇنباغا تاراس بىلەن كەدىرەنى «ئوبدان ئوغلۇم»، «ئوبدان قىزىم» دەپ ئەركىلەتـ كەندىن كېيىن، قوتلۇقنى ئىما قىلىپ تۇرۇپ:

— قاراڭلار، بۇ يىگىتنىڭ ئېتى قوتلۇق، ئۇنى سىلەرگە ئاكا بولسۇن دەپ ئېلىپ كەلدىم، ياقتۇرامسىلەر، — دەپ سورىدى.

تاراس «ئاكا»، «ئىنى» دېگەنلەرنىڭ نېمىلىكىنى تازا ئوبدان ئاڭقىرىپ كەتمەيتتى، «ياقتۇرۇش»، «ياقتۇرماسلىق» دېگەنلەرنى ئويـ لاپمۇ ئولگۇرمىگەنىدى.

بىراق، ئۇ بىردە دادىسىغا، بىردە قوتلۇققا قاراپ چىققاندىن كېيىن، دادىسىنىڭ ئۇچلۇق بۆكى، كېلە تېرىسىدەك قاسراقلىق چاپىـ نى، ئۆسۈپ كەتكەن ساقال-بۇرۇتى دىتىغا ياقمىدىمۇ، تۇنباغاغا ئەـ مەس، بەلكى قوتلۇققا قاراپ پىسىڭگىدە كۈلۈپ قويدى. قوتلۇق يېتىرقاشنى قايرىپ قويۇپ ئېسىنى يىغدى، تاراسقا يېقىن كېلىپ كۆزلىرىگە سەپسالدى. تاراسنىڭ كۆزى ۋەزىرئەزەمنىڭ، ياق، ئاتاق دادىسىنىڭ كۆزلىرىگە قويۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى، توختىماي پىلـ دىرلاپ تۇرىدىغان كۆز قارىچۇقىدا ئاتىغىمۇ، بالىغىمۇ ئورتاق بولغان بىر خىل كۆك شولا ئەكس ئېتەتتى. كۆك شولا تالاسى ئىچىدە ھېچكىمگە ئايان بولمىغان نامەلۇم قىسمەت يوشۇرۇنغاندەك قىلاتتى.

ئەمىرلەشكەر تاراسنىڭ ئېتىلىپ كېلىپ ئەركىلىمىگىنىگە خاپا بولمىدى، ئەكسىچە، قوتلۇقنى ئېتىراپ قىلغىنىغا ئىچ-ئىچىدىن سۆيۈـ نۈپ كەتتى.

شۇغىنىسى، كىچىككىنە كەدىرە ئاكىسىنىڭ ئالدىراقسانلىق قىلىپ قويغىنىغا نارازى بولغاندەك، تاراسقا قاراپ ھومىيىۋالدى، ئۇنىڭ نادانـ

لىقنى تۈزەتمەكچى بولدىمۇ، يا ئاكىسىغا كۆرسىتىپ قويماقچى بولدى-
مۇ، دادىسىغا يېپىشىپ، قوڭغۇراقتەك زىل ئاۋازى بىلەن «دادا» دەپ
چاقىرىپ، يۈزىنى يۈزىگە سۈركەپ ئەركىلىدى.

تۇنباغا كەدىرەگە «قىزىم» دەپ خىتاب قىلغان ۋە قۇچىقىغا
ئېلىپ، تاشتەك قاتتىق چاپان ئۈستىدىن باغرىغا باسقان بولسىمۇ،
كەدىرەنىڭ ئۆز قىزى ئەمەسلىكى كەدىرەگىمۇ، توقال-مۇلازىملارغىمۇ
ئايانىدى. ئۇ بايانچۇر قاغان ۋاپاتىدىن ئىككى يىل بۇرۇن ئالتۇنتاغ
ئەتراپىدىكى قارلۇقلارغا جازا يۈرۈشى قىلغاندا، ئۇنى ئىگىسىز قالغان
بىر چېدىردىن تېپىۋالغان، يېتىم قىزغا ئىچ ئاغرىتقان تۇنباغا ئۇزۇن
يولنى بىللە بېسىپ ئۇنى بۇ شەھەرگە ئېلىپ كەلگەن ۋە ئايالىنىڭ
تەربىيىسىگە تاپشۇرغانىدى، ئايالى قازا قىلغاندىن كېيىن، ئۇنى ئايال
مۇلازىملار، توقاللار بېقىپ كېلىۋاتاتتى. بىراق، ئۇ قىلىقى تاتلىق
كەدىرەنى ئۆز پۇشتىدىن تامغاندەك ياخشى كۆرەتتى، كۆڭلىدىكى
ئورنىمۇ تاراس بىلەن باراۋەر ئىدى...

تۇنباغا ئۇلۇغ ئېچىلغان ئىشىككە قاراپ تىت-تىت بولۇپ تۇرۇۋۇ-
دى، شامان ساپايىسىنىڭ شىلدىرلىشى ئاڭلاندى. ئارقىدىنلا قۇتلۇق
بىلەن قارا باخشى سوڭدىشىپلا كىرىپ كەلدى.

قارا باخشى تۆۋرۈكتەك ئېگىز، قورايدەك ئورۇق ئادەم ئىدى،
قوڭۇر چېچى كۆزەك يۇڭدەك پاخپىيىپ تۇراتتى، پېشانىسىگە بەند
قىلىنغان يۇمىلاق ئەينەك ئۆي تۈڭلۈكىدىن چۈشۈۋاتقان ئاجىز يورۇقتا
نامەلۇم يىرتقۇچنىڭ كۆزىدەك پارقىرايتتى، چورۇق كۆرمىگەن پاچاقلى-
رىمۇ، جەندىسىدىن چىقىپ تۇرغان ئۇزۇن بىلەكلىرىمۇ كۆسەيدەك
قارا ئىدى، ئىلاھ قونچاق ئۆلگىن بىلەن ئۇراپ كەتكەن كونا ساپايە
ئۇنىڭ قوللىرىدا خۇددى تىرىك مەخلۇقتەك سەكرەيتتى، بەلۋېغىغا
ئېسىۋالغان باخشى دېپى، يادا تېشى، تەڭرىنىڭ يەتتە ئوغۇل، يەتتە

قىزنىغا تەقلىد قىلىنغان ئۇششاق قونچاقلار توختىماي پىلدىرلايتتى.
قارا باخشى كىرپىكسىز كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ چېكەتكىدەك بىر سەكرەپلا سۇپىغا چىقىۋالدى، ھېلىلا لاي كەچكەندەك بېزەپ ئاياغلىرى بىلەن يېگى شىرداق ئۈستىگە رىتىملىق تېپىشكە باشلىدى، قاپاققا كىرىۋالغان ھەرىدەك گۈگۈلداپ، بولىشىغا داپ چېلىپ، ئۆي ئىچىنى توققۇز مەرتەم ئايلىنىپ چىقتى، بىر ئىزدا تۇرۇپ توققۇز قېتىم پىرقىرىۋالغاندىن كېيىن، غولاچلىرىنى كېرىپ، ئاسمانغا قاراپ ئىلتىجا قىلدى:
— ئى كۆك ئېگىسى ئۈلگىن تەڭرىم، تەڭرىلەرنىڭ تەڭرىسى-سەن، ئۇلۇغلارنىڭ ئۇلۇغىسەن، قوبۇل قىلغىن، باخشى قۇلۇڭ ساڭا سېغىنىدۇ، ساڭا ئىلتىجا قىلىدۇ. ئى تەڭرىم، قېنى، يەتتە قات دەرۋازاڭ-نىڭ قانىتىنى ئاچ، تىلەكلىرىم دەرگاھىڭغا چىقىپ دىدارىڭغا قېنىپ چۈشسۇن، ھىممىتىڭ بىلەن كۈچلىنىپ، تاغۇ تاشلارنى دەس كۆتۈ-رۈپ، شەيتان-شاياتۇنلارنىڭ بېشىغا ئۇراي، ئۇ مۇرتەتلەر بۇ دۇنيادىن يىراق تۇرسۇن، بەندىلىرىڭنىڭ ھالال رىزقىدىن ئىپلاس قول-لىرىنى يىراق تارتسۇن ...
قارا باخشى مۇناجات ئوقۇۋېتىپ، تام ئۈرۈلگەندەك، «گۈپ» قىلىپلا كەينىچە يىقىلدى-دە، كەڭ سۇپىدا سۇنايلىنىپ يېتىۋالدى. لەۋلىرى قېتىق ئىچكەندەك ئاقاردى، جاۋغىيىدىن بۇژغۇن ئۈرلىدى. ئۇ پۇت-قولىنى جان تالىشىۋاتقاندەك تېز-تېز مىدىرلاتقاندىن كېيىن، بىر ھازاغىچە ئۈنچىقمىدى. «ھوي، ئۆلۈپ قالدىمۇ نېمە بۇ قېرى» دەپ ئويلىدى، تاراس بىلەن كەدىرە قورققىنىدىن تامغا قەغەزدەك چاپلىشىپ تۇرۇپ.
تەلەتىدىن بەجايىكى گۆرىدىن قوپقان ئەرۋاھقا ئوخشايدىغان، تۇرغان تۇرقى بىر دۆۋە لاتىدىن پەرق قىلمايدىغان بۇ ئادەمنى قۇتلۇق-

نىڭ كۆرەرگە كۆزى يوق ئىدى. ئۇ ئاجىزلارغا يان باسىدىغان، ئاجىزلارنىڭ دەردىگە يېتىدىغان ھېلىقى مېھرىبان موزاكتىن ئاسمان-زېمىن پەرق قىلاتتى.

ئىككى كۈن مۇقەددەم تۈنباغا تارخان قارا باخشىنىڭ تۇرالغۇسىدا ئۆتكۈزۈلگەن قۇربانلىق ئىبادىتىگە قۇتلۇقنى بىللە ئېلىپ بارغانىدى. قۇتلۇق ئىلاھ ئۆلگىنىنىڭ نامىغا نەزىر بېرىلىدىغان بۇ ئىبادەتتە قارا باخشىدەك كىيىنىۋالغان خېلى كۆپ ئادەملەرنى كۆردى. ئۇلار قوللىرى-غا ئوتقاش ئېلىۋېلىپ، گۇرۇلدەپ يېنىۋاتقان گۈلخاننى چۆرىدەپ، قايىنامدەك پىرقىراشتى، ئالا-تاغىل چوقان سېلىپ تىلاۋەتخانىنى تەۋرە-تىۋەتتى. بىر چاغلاردا قارا باخشى خۇددى مانا مۇشۇنداق ھوشىدىن كەتكەن ۋە جان كىرگەن مۇردىدەكلا چاچراپ تۇرۇپ، موزاك ۋە موزاكنىڭ مۇرىتلىرىغا تەقلىد قىلىنغان ئاق يەكتەكلىك، قارا تەلپەك-لىك توت قونچاقنى جادۇ قىلىپ غەزەپ بىلەن ئوتقا تاشلىغانىدى، ئۇنىڭ قارا كۆڭۈل قارا باخشىغا بولغان تۈنجى تەسىراتىمۇ ئەنە ئاشۇ يەردە پەيدا بولغان، ئۆچمەنلىكىمۇ ئەنە ئاشۇ يەردە بىخلانغانىدى.

قارا باخشى يىقىلغان يېرىدە بىردەم جىم ياتقاندىن كېيىن، يەنە كونا ئادىتىنى تەكرارلىدى، تېزلا ئۆرە بولۇپ، تۈنباغانىڭ ئالدىغا كەلدى، ئۆلۈپ بولۇپ قايتا تىرىلگەندەك، ئۇنى تۈنجى قېتىم كۆرۈۋات-قاندەك تىكىلگەنچە تۇرىۋەردى. قارا باخشىنىڭ بۇ قارىشىنى «نېمە خىزمەت» دەۋاتىدۇ، دەپ چۈشىنىۋالغان تۈنباغا باخشىغا دېدى:

— پال كېرەك، پال ...

قارا باخشى باش لىڭشىتتى، ئېڭىكىنى سەل كۆتۈرۈپ، مەنسىت-مىگەن قىياپەتتە:

— كىمگە پال ئاچاي تەقسىر، قاغانغىمۇ، يە يەنە ...، — دەپ سورىۋىدى، تۈنباغا تارخان تىكەنگە دەسسىۋالغاندەك چۆچۈپ كەتتى

ۋە ئالقىنىنى سوزۇپ تۇرۇپ:

— يوقسۇ، يوقسۇ... تەگرىزادىنىڭ نىيەت-ئىقبالى تەگرىدىن كەلگەن، تەگرىزادىگە پال ئاچقىلى ھەددىمىز ئەمەس، — دېدى ئالاقزادە بولۇپ.

قارا باخشى نېمىدۇر كۆڭلىگە ياقمىغاندەك ئاستا باش چايقىدى، چاكارلارغا شەرەت قىلىپ چوغدان كەلتۈرۈشنى بۇيرۇدى. چوغدان سۇپىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا توختىتىلدى، ئىككى ئايلىق ئاق ئوغلاقمۇ بىللە كەلتۈرۈلدى. قارا باخشى تەمكىن ھەرىكەت بىلەن ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى تورۇسقا باغلىدى، ساڭگىلىغان بىر ئۇچىغا ئوغلاقنى ئاستى، چوغدان بىلەن ئاق ئوغلاقنى ئايلانغاندىن كېيىن، قىسقا تىغلىق پىچىقىغا دۇرۇت ھۆرۈپ، شارتلا قىلىپ ئاق ئوغلاققا پىچاق ئۇردى. ئوغلاق قېنى ئۇدۇل چوغدانغا چۈشتى. «گاژ-گۇژ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ كۆتۈرۈلگەن كۆك تۈتۈن ئۆي ئىچىگە تولۇپ كەتتى. بەجايىكى تۇمان ئارىسىدا يۈگۈرۈپ ھارغان قارا باخشى تۈتۈن تارىلە-شىغلا قۇراق جەندىسىنىڭ قوينىدىن ھاكتەك ئاقىرىپ كەتكەن بىر تاغاق سۆڭەكنى چىقاردى-دە، ئوت ئۈستىگە تاشلىدى. سۆڭەككە ئاستا-ئاستا ئوت تۇتاشتى:

— كۆن تەگرى، ئاي تەگرى، يېشىن تەگرى،قۇت تەگ-رى، يەل تەگرى، ئۇماي تەگرى، سىلەرگە سىغىندىم، تەگرىمنىڭ تەگرىسىگە سىغىندىم، سىغىندىم...

ئۆزىنى ئۇنتۇغان قارا باخشى چوغدان بىلەن ئۆلۈك ئوغلاقنى سۆڭەك كۆيۈپ كۈل بولغۇچە پىرقىرىدى، ئارقىدىنلا سۆڭەك ئۈستىگە بىر نوگاي سۇ تۆكتى، چاك-چاك دەز كەتكەن تاغاق سۆڭەكنى قولىغا ئېلىپ، كۆزىگە يېقىن ئەپكەلدى، مۇقەددەس دەستۇرلارنى ئوقۇغاندەك، سىنچىلاپ قارىدى، ئاندىن بۇرنىنىڭ ئاۋازىدەك بوغۇق، تىترەك

ئاۋاز بىلەن:

— كۆرۈۋاتىمەن، جەھەننەمدىن قېچىپ چىققان تۆت ئەرۋاھنى كۆرۈۋاتىمەن، ئۇلار ئاتا-بوۋىمىزنىڭ مىڭ يىللىق، يۈز يىللىق، ئون يىللىق قەبرىسىنى بۇزىۋاتىدۇ، ئۇلار گۇناھ قىلدى، كەچۈرگۈسىز گۇناھ قىلدى، ئېھتىيات ... ئېھتىيات، — دېدى.

## 10. قاغان نېمە دەيدۇ

ئۈرخۇن ۋە توغلا دەريالىرى ئارىسىدىكى بۇ ساخاۋەتلىك زېمىن ئالەم يارالغاندىن بېرى «تەڭرىلەر جايى» دەپ ئاتىلىپ كەلگەنىدى. دېمىسىمۇ، تاغ-ئېدىرى، ئويمان-چوڭقۇرى، ئوت-سۇيى جاي-جايىدا يارىتىلغان بۇ ھەممەتلىك يۇرت بېجىرىم بىر ساھىبجامالغا ئوخشايتتى. بۇ ساھىبجامال ئۈرغۈن قاغانغا ئۆز قولى بىلەن تاج كىيدۈرگەن، ئۆز نېمىتى بىلەن تالاي قوۋمنى پەرۋىش ئېتىپ قاتارغا قوشقانىدى.

چوڭ قوۋۇقى كۈنچىقىشقا يۈزلەنگەن، تاڭ جىلۋىسىنى، تاڭ قۇياشىنىڭ نۇرلۇق رۇخسارىنى ھەممىدىن ئاۋۋال تاماشا قىلالايدىغان ئوردۇبالىقمۇ دەل مۇشۇ ۋادىدىن ئورۇن ئالغانىدى. چېكى يوق ئوتلاق، ياپپېشىل ئورمان، تاختا-تاختا ئېكىنزارلىقلار بىلەن قورشالغان بۇ شەھەر كۆك دېڭىزدا لەيلەپ تۇرغان غايەت زور كېمىدەك ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. تارام-تارام داغدام يوللار بۇ شەھەرگە تۇتىشاتتى. يەتتە ئىقلىمنى باغلاپ تۇرىدىغان كارۋان يوللىرى بۇ شەھەردىن تارىلاتتى. بۇ شەھەردىن تارىلىپ، تېخىمۇ ئۇزاققا، پايانى يوق كەڭ ئۇپۇققا باش قوياتتى.

ئاقباش تاغلار ۋە تار جىرالاردىن ئېقىپ كېلىدىغان ئۆرخۆن دەرياسىمۇ بۇ زېمىننىڭ قان تومۇرى، سۈتى ئەلۋەك ئانىسى ئىدى. ئوتلاق ھۆسنىگە كۈمۈش بەلۋاغدەك يارىشىدىغان بۇ ئەزىم دەريا ئېتىز-قىرلارنى، مال-چارۋىلارنى قاندۇرغاندىن كېيىن قەدىم ناخشىلارغا توۋلىغىنىچە يۇرت شىمالىغا قاراپ ئېقىپ كېتەتتى.

زېمىن قاراۋۇلى ئۆتۈكەن تېغى ئوردۇبالىقنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدە ئاق تۇماق كىيگەن بەقۇۋۋەت يىگىتتەك، مەردانە قىياپەتتە قەد كېرىپ تۇراتتى. پاناھ ئىزدەپ، نە-نەلەردىن كۆچۈپ كەلگەن سەرسان بۇلۇت تاغ بېلىدىن ماكان تۇتۇپ ئويناپ يۈرەتتى.

يانباغىردىن باشلىنىپ دەريا بىلەن قۇچاقلاشقان يېشىل ئوتلاق تۈرلۈك-تۈمەن گۈل چېچىلغان كۆك تاۋاردەك رەڭدار ۋە كۆركەم ئىدى. تاقىر قىيا تۈۋىدىكى تاغ باغرىدا ئارچىزارلىق كۆكلەپ تۇراتتى. يانباغىر پەسلىگەنسېرى قېرى تاغ تېرەكلىرى، تېۋىلغا، ئازغانلار كۆپىيىپ باراتتى. ئازغانلار پاكار چاتقاللارغا، چاتقاللار بولۇق ئوت-چۆپلەرگە ئورۇن بەرگەن يانتۇلۇقتا چاپچىپ يۈرگەن تىمەن تايلار، ئۆيۈر-ئۆيۈر قوي پادىسى خۇددى كېچە ئاسمىنىدىكى چوڭ-كىچىك يۇلتۇزلاردەك، ھەممە يەرگە تارالغانىدى. توقلۇقتىن شوخلۇق قىلىۋاتقان يىلقىلارنىڭ بەس-بەس بىلەن كىشنەشلىرى، كالىلارنىڭ مۆرەشلىرى، قوي-ئۆچكىلەرنىڭ سۇناي چالغاندەك سوزۇپ مەرەشلىرى، ئۇچقۇر چوپانلارنىڭ «ھايت-ھۆيت»لىرى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ، پۈتكۈل ئوتلاقنى چاڭ كەلتۈرەتتى. پاكار دۆڭلەرنىڭ تەسكىيىدىكى ياغاچ ئۆيلەر ۋە ئۇچى ئۇچلۇق كىگىز ئۆيلەر ئاقۇچ تۈتۈن ئارىسىدا، تۇمانلىق دېڭىزدىكى چاچما ئاراللاردەك چوقچىيىپ تۇراتتى. كۆشۈۋاتقان كالىلارنىڭ ئاياغ ئاستىدىن ئۇچۇپ چىققان بوز تورغايلار كۆك قەرىگە چىقىۋېلىپ ۋىچىرلاپ قوياتتى.

ئالەم تىنىچ، ئاسمان ئوچۇق ياز كۈنلىرىدە بۇ كەڭ ئوتلاق مانا شۇنداق قايناپ كېتەتتى.

مىلادىيە 764-يىل، گۈزەل ياز كۈنلىرىنىڭ بىرى، كۈن ئۆرلە-گەن چاغ. ئوردۇبالىق شەھىرىنى مۇشۇ گۈزەل يايلاققا ئۇلايدىغان يىلانباغرى چىغىر يولدا ئاتلىرىنى يورغىسىغا قويۇپ بەرگەن تۆت-بەش-چە ئاتلىقنىڭ قارىسى كۆرۈندى. ئاشىدىن كېيىنلا دۈگگە چىقىشىپ، شەھەر يولىغا تەقەززالىق بىلەن قاراۋاتقان بىر ئوغۇل بالا بۇ ئاتلىقلار-نى تۇنجى بولۇپ كۆرۈۋالدى-دە، دۈملاپ دىگۈدەك يۈگۈرۈپ چۈشۈ-ۋېتىپ، ئاۋازىنىڭ بارىچە ۋارقىراشقا باشلىدى.

— دادا، ئەمرلەشكەر كەلدى، ئەمرلەشكەر كەلدى ...

مېھمانلىق كىگىز ئۆيدە كىگىز پىشۇرۇۋاتقانلارنىڭ ھۈنىرىگە ئازا-رەت قىلىۋاتقان قۇلقارا ئوغلىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپلا ئالدىراپ قالدى، ئۇستىلارغا ئىشنى توختىتىپ، ئۆيىنى يىغىشتۇرۇشنى تاپىلاپ بولغۇچە، ئەمرلەشكەرمۇ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ قالدى.

قۇلقارا 30 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان، ئۆسكىلەڭ ۋە تەمبەل كەلگەن يىگىت بولۇپ، مۇشۇ يايلاقتا كۆز ئاچقان، دادىسىغا ئەگىشىپ يۈرۈپ، يىلقىلار كەينىدە چوڭ بولغانىدى. ئۇ 14 يېشىدا ئانىسىدىن ئايرىلدى، كۆپ ئۆتمەي دادىسىدىن يېتىم قالدى. قائىدە بويىچە، ئاتا ئىشىغا ۋارىس بولۇپ، تۇنباغا تارخاننىڭ نەچچە يۈز يىلقىسىنى ۋە نەچچە ئون يىلقىچىنىڭ نازارەتچىلىكىنى ئۆز زىممىسىگە ئالدى، زىممە-سىگە ئالدى دىگەندىن كۆرە، ھەر ئادەم ۋە ھەر بىر ئىشقا قاتتىق تەلەپ قويىدىغان گىجىك تۇنباغا، كاللىسى ئىشلەيدىغان، مۇشەققەتتىن ۋايسىمايدىغان، كۆڭلى ئاق قۇلقارانى ئۆز ئىختىيارى بىلەن تاللىۋېلىپ، ئىگىلىكىنىڭ تىزگىنىنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزدى دىگەن تۈزۈكرەك بولاتتى.

تۇنباغا تارخان قۇلقارانى ئۇنىڭ دادىسى ھايات ۋاقتىدىلا كۆزد-

تىپ يۈرەتتى، بەزىدە كېيىنكە ئادەم سىلىپمۇ باققاندى. كۆزەتكىنىگە
لايىق، ئۇ قۇلقارانىڭ ئەمگەكچان ۋە چىچەن يىگىت ئىكەنلىكى توغرى-
سىدا ئىشەنچلىك مەلۇماتقا ئىگە بولدى. باشقىلارنىڭ مەلۇماتى ۋە
ناگان-ناگاندا توغرا كېلىدىغان بىۋاستە كۆزىتىشلەرگە قارىغاندا، قۇل-
قارا ئۆز نەسلى ۋە ئۆز رەڭگى بويىچە بېقىلىدىغان ئاتلارنى بىر-بىرىگە
ئارىلاشتۇرۇۋەتمەيتتى، قۇرىقان ئاتلىرىنىڭ نەسلىنى ساپ تۇتاتتى، يازدا
يانباغىردا يايلىتىپ، قىشتا قىشلاقلاردا باقاتتى، كۈز كېلىپ ئوت-چۆپ
پىشقاندا، ئۆزى قول سېلىپ ئوت ئورۇيتتى، تايلارنى قېرىنىدىشىدەك
ئاسراپ، ئۆز ۋاقتىدا تامغىلايتتى، ئاتلارغا سوغۇق قول تەگكۈزمەيتتى،
يىلقىچى قۇللارغا كۆز-قۇلاق بولاتتى، سالما تاشلاش، ئايغىر پىچىش
ھۆنىرىدە ھېچكىم ئۇنىڭغا يېتەلمەيتتى.

شۇ ۋەجىدىن، ئۈچ-تۆت يىل ئۆتەر-ئۆتمەيلا تۇنباغانىڭ يىلقىلى-
رى تېزلىكتە كۆپەيدى. ساپ نەسىللىك قۇرىقان ئاتلىرى ئات سودى-
سىدا قاغان ئاتلىرىدىنمۇ بەكرەك بازار تاپتى. باشقىلارنىڭ ئېيتىدەك،
بىر تۇياق ئات قىرىق تەپكە شايىغا ئەمەس، بەلكى سەكسەن تەپكە،
يۈز تەپكە شايىغا ياراپ تۇردى، 30 ئاتلىق كىچىك كارۋىنى ئوردۇبالىق
بىلەن توققۇز جاۋۇپلار ئارىسىدا ئۆز قەرەلى بىلەن يۈرۈشۈپ تۇردى.

تۇنباغا تارخان بۇنداق ئوبدان ئات سودىسىدىن، توغرىسى
ئاتلىرىنى ئوبدان بېقىپ، ئوبدان ئاۋۇتۇپ، بايلىققا بايلىق قوشقان
قۇلقارادىن بەكمۇ رازى ئىدى. ئۇ ئاتقا ئامراق ئىدى، قۇلقارانى ئاتتىن
بەكرەك ئەزىزلايتتى.

تۇنباغا سەپەر غوۋغاسى بىلەن بىرەر يىلچە ئاۋارە بولۇپ، يىلقى-
لىرىنىڭ ھالىدىن ۋاقتىدا خەۋەر ئالالمىدى، يېڭى تۇغۇلغان تايلارنى
كۆرگۈسى كەلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوردىدا، ئۆز ئەتراپىدا يۈز بېرى-
ۋاتقان بەزى ۋەقەلەر، تېگى يوق ئويلار ئۇنى ئوبدانلا ھالسىرىتىپ

قويدى. ئۇ بۇ كۆڭۈلسىزلىكلەردىن بىركۈن بولسىمۇ يىراقراق تۇرۇش، راۋاپ تارىدەك چىڭىپ كەتكەن ئەسەبلىرىنى ئاز-تولا ئارام ئالدۇرۇش ئۈچۈن، بۈگۈن تاراس بىلەن قۇتلۇققا بىردىن ئاتنى تەييارلاتتى-دە، ئىككىلا قورۇقچىنى ئەگەشتۇرۇپ قۇلقارانىڭ مەنزىلىگە يېتىپ كەلدى.

قۇلقارا ۋە ئۇنىڭ شوخ ئوغلى ۋەزىر تۇنباغانى يەرنى سۆيگۈدەك ئېگىلىپ تۇرۇپ قارشى ئالدى، ھەش-پەش دېگۈچىلا پاقلان سويۇپ تەگرىلەر نامىغا نەزىر بەردى، مېھمانلارغا ئىسرىق سالدى.

تۇنباغا ئاتتىن چۈشۈپ، ئۇدۇل قۇلقارانىڭ ئۆيىگە كىردى. ئۇ قۇلقارانىڭ بىساتىنى كۆرۈپ بېقىپ، كۆنى بەك غۇربەتچىلىكتە ئۆتۈ-ۋاتقان بولسا، بىرقانچە تەپكە ئاق ماتا ۋە ئازراق تاڭ دۇردۇنى بىلەن تارتۇقلىماقچى بولغانىدى.

دادىسىغا ئەگىشىپلا كىرىپ كەلگەن كىچىك تاراس ئۆي تېمىغا يۆلەپ قويۇلغان بىر يۇگەم چىغ پالازنى كۆرۈپ بەكلا ھەيران قالدى، بىر بۇلۇڭغا دۆۋىلەنگەن ئاق بولۇتتەك ئاپئاق يۇڭمۇ ئۇنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىدى، كىگىزچىلەر يىغىشتۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمىگەن ئەسۋابلارنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— ۋەزىر دادا، ئاۋۇ نېمە، ئاۋۇلارچۇ؟ — دەپ سوراۋەردى دادىسىدىن. ئوغلىنى ئۈمىدسىز قالدۇرۇشنى راۋا كۆرمىگەن تۇنباغا:

— ھە، ئۇمۇ، ئۇ كىگىز ئېتىدىغان نەرسىلەر، كىگىز دېگەننى بىلسەڭغۇ بالام، — دەپ جاۋاب بەردى مۇنداقچىلا قىلىپ.

ساۋاپ تەييارلانغان يۇمشاق يۇڭنىڭ قانداق قىلىپ ھەم قېلىن ھەم پۇختا كىگىزگە ئايلىنىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمىغان كىچىك تاراس بۇ سىرنىڭ تېگىنى كوچىلاۋەردى:

— كىگىزچى قۇللارغا دېگىن، ئۇلار كىگىزنى ئېتىۋەرسۇن، —

دېدى، تۇنباغا ئوغلىنىڭ قىزىقىشىنى ھېسابقا ئېلىپ.

قازاندىكى پاقلان گۆشىنىڭ پىشىشىغا بەرىبىر ۋاقىت كېتەتتى، ئۇنىڭغىچىلىك ئاتلار ئۈستىدە پاراڭلىشىۋالغىلىمۇ، كىگىزچىلىك ھۈنە-رىنى تاماشا قىلىۋالغىلىمۇ بولاتتى. شۇڭا، قولقارانىڭ ئىشارىسى بىلەن بېلىگىچە يالىڭاچلىنىۋالغان ئۈچ كىگىزچى دەرھال ئۆز ئىشىغا تۇتۇش قىلدى.

ئۇلار بىر دۆۋە كۆزەك يۇڭنى ئەۋرىشىم چىۋىق بىلەن ئېدىتلاپ ساۋاپ چىققاندىن كېيىن، تاراسنى قىزىقتۇرغان ھېلىقى چىغ پالازنى بىر تېپىك بىلەنلا يەرگە يايدى، ئاندىن كېيىن مامۇقتەك يۇمشاق يۇڭنى چىغ ئۈستىگە يېيىپ چىقتى، كۇنجۇت كۇنجۇرىسى چىلانغان ئىسسىق سۇنى يېيىتىلغان يۇڭ ئۈستىگە پۈركۈپ بولغاندىن كېيىن، چىغنى يۆگەپ، تانا بىلەن مەھكەم باغلىدى. ئۆرە تۇرۇپ، قوللىرىنى كەينىگە قىلىۋالغان ئۈچ كىگىزچى ئاياغلىرى بىلەن چىغنى تېپىپ، دومىلاتقىلى تۇردى. تاراس بىر تەرەپتە قاراپ تۇرغان قۇتلۇقنى تارتىپ كەلدى - دە، كىگىزچىلەر قاتارىدا تۇرۇپ كىگىز پىشۇرۇشقا باشلىدى.

— گۆش كەلدى، مانا، پاقلان گۆشى كەلدى...

ئايالى يىلقىلارنىڭ كەينىدىن كېتىپ قالغاچقا، پاقلان گۆشىنى ئۆز قولى بىلەن پىشۇرۇپ كىرگەن قولقارا ياغاچ تەگنىنى تۇنباغانىڭ ئالدىغا قويدى. قائىدە يۈزىسىدىن قاقچىلىك گۆشنى كېسىۋېلىپ ئاغزى-غا سالدى.

تۇنباغا مىلىق-مىلىق پىشىپ كەتكەن تارغاق گۆشكە ئەمدىلا قول ئۇزىتىۋىدى، قولقارانىڭ چېچەن ئوغلى تاشقىرىدىن يەنە يۈگۈرۈپ كىردى-دە، ھاسىراپ تۇرۇپ:

— ئا ... ئات ... ئاتلىق ئادەملەر كېلىۋاتىدۇ، — دېدى.

— نېمە دېدىڭ، ئاتلىقلار كېلىۋاتىدۇ دېدىڭما؟

— دېدىمغۇ ... ئات ... ئاتلىقلار كېلىۋاتىدۇ دەپ ...

كۆڭلى بىر نېمىنى تۇيىدىمۇ، تۇنباغا ئىتتىك بېشىنى كۆتۈردى، گۆشنى تەگىنگە قويۇپ، پىچىقىنى غىلاپقا سالغاچ، تالاغا ماڭدى.

ئۇنىڭچە، پەقەت ئىجازەتلىك ئادەملەر ۋە زەر دەستەكلىك مەنسەپدارلا بۇ سۇيۇرغال زېمىندا ئىختىيارىچە ئات چاپتۇرۇپ يۈرەلەيتتى، قارا بۇدۇن[1] ۋە قارام قۇللار ئۇنداق قىلىشقا پېتىنالمايتتى.

بالىنىڭ ئېيتقىنىمۇ، تۇنباغانىڭ پەرىزىمۇ توغرا بولۇپ چىقتى. ئېتىمۇ، ئۆزىمۇ چىلىق-چىلىق تەرگە چۆمگەن بەگبارىس ئىشىك ئالدىدىلا قاراپ تۇراتتى. ئۇ كېسىلىپ تۇرغان دېمىنى ئاران ئۇلاپ:

— ئەمرلەشكەر جانابلىرى، چاپسان ئاتقا مىنسىلە، قالغان گەپنى يول ئۈستىدە قىلىشارمىز، — دېدى-دە، ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ، ساغرىسىغا «تارس» قىلىپ بىر قامچا ئۇردى ...

ئۇلار بەيگىگە چۈشكەندەك ئات چاپتۇرۇپ، كەچكە يېقىن ئوردا شەھرىگە كىرىپ كەلدى، ئارام ئېلىۋېلىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي، قاغان ھۇزۇرىدا ئۆزلىرىنى كۆردى.

ھەشەمەتلىك كەگرى دىۋان قورقۇنچلۇق تۇس ئالغانىدى. قاپاق سالغان بۆكۈ قاغان ئالتۇن تەختتە گۈلىيىپ ئولتۇراتتى. ئىچبۇيرۇق ۋە چەتبۇيرۇقلار دىۋان قائىدىسىگە خىلاپ ھالدا قاغانىنىڭ چەپ قولىدىن جاي ئېلىشقانىدى. تېكىن-يابغۇلار، تارخان-سانغۇنلار قاغاندىن پەستە، يەنى تەخت ئالدىدىكى پەگادا يېتىم بالىدەك بويۇن قىسىپ تۇرۇشاتتى. تۇنباغانى ئەجەبلەندۈرگىنى شۇ بولدىكى، بۇ يىغىلىش

---

[1] قارا بۇدۇن — پۇقرا، شۇ زاماندىكى تۆۋەن قاتلام.

قەرەللىك بولۇپ تۇرىدىغان توققۇز بۇيرۇق كېڭەشكىمۇ، نەزىر-چىراغ مۇراسىمىغىمۇ ئوخشىمايتتى. قاغان ئەتراپىدا يا تۈركەن قاتۇن، يا قارا باخشى كۆرۈنمەيتتى.

بەگبارس قايتىپ كېلىۋېتىپ: «پاراڭلاردىن قارىغاندا، قاغانىمىز ھېلىقى ئۇرا كۆز سوغداقلار بىلەن ئىككى كېچە-كۈندۈز ھەمسۆھبەت بولۇپتۇدەك، پەرمانبەگنىڭ گېپىچىمۇ، ئۇ بۈگۈن مۇھىم بىر قارارنى جاكارلايدىغان ئوخشايدۇ. ئۇ سوغداقلار قاغانىمىزنىڭ كۆزىنى بوياپ، قاغانلىقىمىزنىڭ زېمىنىغا بىرەر ئىش قىلىپ يۈرگەن بولمىسۇن دەپ كۆپ خاۋاتىرلەندىم. چوڭ پېشكەللىك يۈز بەرمەستە قاغاننىڭ كۆڭلى-دىكىنى بىلىپ بېقىپ، گېزى كەلسە ئىككى ئېغىز نەسىھەت قىلارمىكىن دېگەن ئۈمىدتە سىلىنى مالال قىلدىم. ئۆزلىرىگە مەلۇم، قاغان جاكاسى ئاتقان ئوق، ئوق ئېتىلىپلا قالسا ئۇنى قايتۇرۇپ بولمايدۇ» دېگىنىدە، تۇنباغا قارا باخشى بېشارەت بەرگەن پالاكەتنىڭ بۇنداق تېز يۈز بېرىشىگە ئانچە ئىشەنمىگەن، «چوڭ ئىش بولسا ۋەزىرلەر كېڭەشى ئۆتكۈزەر، كېڭەش ئۆتكۈزسە ئۆزىنى مەسلىھەتكە چاقىرار ئىدى» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەنىدى.

بىراق، تۇنباغا بىرەركىمنى ئۆلۈمگە بۇيرۇيدىغاندەك قىياپەتتە قاپاق تۈرگەن قاغاننى، ئەيىبكاردەك باش ئېگىشكەن ۋەزىر-سانغۇنلارنى ئاستىرتىن كۆزىتىپ چىققاندىن كېيىن ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىغا، ئويلىمى-غان بىرەر ۋەقەنىڭ يۈز بېرىدىغىنىغا سۆزسىز ئىشەندى. قانداق كېڭەش بولسا بولسۇن، پەرمان بىلەن بولۇۋاتقان بۇ سورۇندا قاغانلىق-نىڭ ئەمرلەشكەر ۋەزىرىنىڭ ئېتىبارسىز قالدۇرۇلغىنى تۇنباغاغا ئەلەم قىلدى، قارا باخشىنىڭ «كۆرۈۋاتىمەن، جەھەننەمدىن قېچىپ چىققان تۆت ئەرۋاھنى كۆرۈۋاتىمەن، ئەنە، ئۇلار ئاتا-بوۋىمىزنىڭ مىڭ يىللىق،

يۈز يىللىق، ئون يىللىق قەبرىسىنى بۇزۇۋاتىدۇ» دېگەن بوغۇق ئاۋازى قۇلاق تۈۋىدە قايتا جاراڭلىدى.

خۇددى بىر كومزەك ئوغا ئىچىۋالغاندەك ئاچچىق يۇتۇۋالغان تونباغانىڭ خىيالى بىر باشقا چىققۇچە، قاغان زورىغا كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

— ئى سادىق ۋەزىرلىرىم، باتۇر سانغۇنلىرىم، بۈگۈن مۇشۇ ئۇلۇغ كۈن، ئۇلۇغ دەقىقىدە، تەڭرىلەرنىڭ تەڭرىسى ماني بورخاننىڭ ئىرادىسى بىلەن سىزلەرگە تۆت ئىززەتلىك مېھماننى تونۇشتۇرىمەن، — دېدى-دە، قوللىرىنى كۆتۈرۈپ، ئۈچ مەرتەم چاۋاك چالدى. چاۋاك بىلەن تەڭ، دىۋاننىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى دۇردۇن پەردە ئاستا قايرىلدى. پەردە ئارىسىدىن ئاق پەرىجە، قارا قالپاق كىيىۋالغان ساقاللىق موژاك، ئارقىدىنلا موژاك بىلەن ئوخشاش تەقلىدتىكى ئۈچ سوغداق چىقىپ كەلدى-دە، كەلگەنچە كېلىپ قاغاننىڭ ئوڭ تەرىپىدىن ئورۇن ئېلىشتى. موژاك تەكەببۇرانە نەزەر بىلەن گۇناھكارلارچە بېشىنى سالغان دىۋان ئەھلىگە سوۋارىسىغا قاراپ چىققاندىن كېيىن، قاغانغا تەزىم قىلدى. قاغان سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ۋەزىرلىرىم، سانغۇنلىرىم، ئون ئۇيغۇر، توققۇز ئوغۇز ئۇيغۇرلىرىم، مۇشۇ كۈن، مۇشۇ دەقىقىدىن باشلاپ، يورۇقلۇق دۆلىتىنىڭ يەكتاسى بولمىش ماني بورخاننىڭ مۇبارەك دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار قىلىپ تەيىن قىلدىم. مادراسپانتىنىڭ شاگىرتى بولمىش ھۆرمەتلىك موژاكنى بەش تەڭرىگە ۋەكىل قىلىپ، قاراڭغۇ دىلىڭلارنى يورۇتۇشقا، زارۋاننىڭ ماھىيىتىنى تونۇتۇشقا مۇئەككەل قىلدىم، قېنى ئوقۇڭلار، پىركامىل موژاكقا ئەگىشىپ ئوقۇڭلار...

— باغ، — دېدى، موژاك دىۋان ئەھلىنى ئۆزىگە ئەگىشىپ

ئوقۇشقا دالالەت قىلغاندىن كېيىن. لېكىن ئۇنىڭغا قاغان ۋە ئىككى ۋەزىردىن ئۆزگە، ھېچكىم ئەگەشمىدى.

— روشان، زائىر، زېرۋېت، — دېدى ئۇ يەنە تېخىمۇ قاتتىق تەلەپپۇزدا. بۇ قېتىم يەنە ھېلىقىلار ئەگىشىپ ئوقۇدى. قاغان ۋەزىر-سانغۇنلارغا يەپ كەتكۇدەك ئالايغاندىن كېيىن، تەلەپپۇزى غەلەت بولسىمۇ، موۋاكقا ئەگىشىپ ئوقۇيدىغانلار ئاستا-ئاستا كۆپىيىشكە باشلىدى.

تومۇز ئايلىرىدىمۇ تىترەپ تۇرغان تۇنباغانىڭ ئاغزى نېمشقىدۇر گەپكە كەلمىدى. ئۇنىڭ قېنى بوران سوققان كۆل سۈيىدەك قالايمىقان مەۋج ئۇراتتى، مېڭىسى يەل سالغاندەك چىڭقىلاتتى، ئاھانەت ۋە خورلۇق ھېسسى شەكىلسىز بىر قۇرتقا ئوخشاش، يۈرەك-باغرىنى رەھىمسىزلەرچە غاجىلىماقتا ئىدى.

ئۇ قارا باخشىنىڭ ھېلىقى قورقۇنچلۇق بېشارىتىنى كۆڭلىدە مىڭ قېتىملاپ تەكرارلاپ چىقتى، جاراھەتلىك يۈرىكىنىڭ قانلىق قاتلىرىدا پەيدا بولغان بىر ھەق سادانى قاغان ئالدىدا، دىۋان ئەھلى ئالدىدا ئاشكارىلىماقچى بولدى. «لېكىن نېمە ئىلاج، بەگبارسىنىڭ ئېيتقىنى توغرا، قاغانىنىڭ جاكارىسى خۇددى ئاتقان ئوق، ئوق ئېتىلغان ئىكەن، ئۇنى قايتۇرۇپ بولاتتىمۇ؟»

— باغ ... روشان ... زېرۋېت ...

شۇ ئەسنادا تۇيۇقسىز داپ ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى. كۆزى چەكچەيگەن بۆكۈ قاغانمۇ، دۇرۇتتىن ئازغان سوغداقلارمۇ ۋە ۋەزىر-سەردارلارمۇ دىۋان ئىشىكىگە قاراشتى. قورۇقچىلارنىڭ كالتىكىگە پەرۋا قىلماي داپ چالغانچە كىرىپ كەلگەن باتۇر كىشى — تونى يىرتىلغان،

باش-كۆزلىرى تىلغانغان غەزەپلىك قارا باخشى ئىدى. ئۇ داپقا كەلتۈ-
رۈپ ئۈنلۈك ۋارقىرايتتى:

— كۆرۈۋاتىمەن، جىن-شاياتۇنلار ماكانىدىن قېچىپ كەلگەن
تۆت ئەرۋاھنى كۆرۈۋاتىمەن. ئۇلار ئاتا-بوۋىمىزنىڭ مىڭ يىللىق، يۈز
يىللىق، ئون يىللىق قەبرىسىنى بۇزۇۋاتىدۇ. ئۇلار گۇناھ قىلدى،
كەچۈرگۈسىز گۇناھ قىلدى...

دىۋان بېگىدىن بۇيرۇق ئالغان قورۇقچىلار قارا باخشىنى شور
سۇ قاچىسىدەك كالتەكلەيتتى، ئاغزىنى لاتا يىرتقانداك يىرتاتتى، گېلىنى
بوغاتتى، دېپىنى تارتىۋېلىپ يەرگە ئۇراتتى. قارا باخشى كالتەك زەربە-
سىدىنمۇ، مۇشت -تېپىكلەردىنمۇ ئۆزىنى قاچۇرمايتتى، جېنىنىڭ بارىچە غوۋغا سالاتتى:

— كۆرۈۋاتىمەن... كۆرۈۋاتىمەن...

قارا باخشى مۇلدۇردەك يېغىۋاتقان تاياق-توقماق ئالدىدا دەم
يىقىلىپ، دەم ئۆرە بولاتتى، كەسلەنچۈكتەك ئۆملەيتتى، تامدەك
تاتارغان بۆكۈ قاغانغا ئورۇق بارمىقىنى چىنەپ تۇرۇپ، قاقاقلاپ كۈلەت-
تى، كىرشكەن چىشلىرى ئارىسىدىن ئېتىلىپ چىققان بۇ كۈلكە
شۇنچىلىك ئاچچىق ۋە مەسخىرىلىك ئىدىكى، بۇ كۈلكە ئاسىي قاغانغا
ئوق بولۇپ قادىلاتتى، قاغان غەزەپ قىلاتتى، قارا باخشى ئۇنى كۆزگە
ئىلىپمۇ قويمايتتى. ئۇزۇن يىللاردىن بېرى، ياق، تېخى تۇنۇگۈنكى
ئاخىرقى ئىبادەتكىچە تەڭرىدەك ئۇلۇغ، ئۆلگىنىدەك ئابرۇيلۇق بولغان
بۆكۈ قاغان بۈگۈن ئېتىقادىدىن يۈز ئۆرۈگەن سەۋەبلىك، بىر يارىماس
مەخلۇققا، بىر بىچارە بايقۇشقا ئايلانغانىدى.

— تەڭرىم ئۆلگىن، ئىمانىم بىلەن، ۋىجدانىم بىلەن، ئاق يۈزۈم



بىلەن دەرگاھىڭغا كېتىدىغان بولدۇم، ئى تەڭرىم ئۆلگىن...

قاغان تەلۋىلەردەك غەزەپلەنــدى، قورۇقــچى بېشىغا خىرقىراپ دېدى:

— ئېلىپ چىقىڭلار بۇ ساراڭ باخشىنى، كاللىسىنى كېسىپ، مۆرىتىلىرىغا ئىبرەت قىلىڭلار!

قارا باخشى تاش-توقماقلارغا ئۆزىنى ئۇرۇپ، يارىلانغان ئەركەك شىردەك ھۆركىرەيتتى، ئېتىقادى ئۈچۈن جان تىكەتتى، ئېتىقادىنىڭ قۇدرىتىنى نامايىش قىلاتتى، ئادەمنىڭ ئەقلىنى لال قىلىدىغىنى، تىلغاد-غان تېنى كونا جۇۋىدەك تىتىلىپ، ئون ئۆكۈزنىڭ قىينچىلىك قان ئاققان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا تاقلاپ يۈرەتتى.

قورۇقچىلار بوي بەرمەيۋاتقان قارا باخشىنى تەرەپ-تەرەپتىن ئىسكەنجىگە ئالدى ۋە پۇتلىرىنى چۇل-چۇل قىلىۋەتكەندىن كېيىن، تاپنى سۆرىگەندەك سۆرىگەن پېتى دىۋان ئىشىكىدىن ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

«ئېتىقاد دېگەن ئاددىي بىر نەرسە. بىراق، ئۇ ئىنسان روھىدىن ئورۇن ئالغان ھامان شۇنداق ئۇلۇغلۇقلارغا ئېرىشىدۇكى، ئۆزى بىلەن ئويناشقانلار ئۈچۈن ئۇ قىيان دېسە قىيان، بوران دېسە بوران، ئوت دېسە ئوت، تەڭرى دېسە تەڭرى. بىلىش لازىم، جاھاندا ئويناشقىلى بولمايدىغان نەرسىمۇ مانا مۇشۇ تۆت نەرسە، ئېتىقاد بىلەن قوشقاندا جەمئىي بەش نەرسە...». لېۋىنى چىشلەپ قان قىلىۋەتكەن تونىغا ئۆزىنى زورىغا بېسىۋالدى، مۇشۇلارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگەچ، ئۆز-ئۆ-زىگە پىچىرلىدى: «ئۇلۇغ تەڭرىم، قاغانىمغا مەغپىرەت قىلغايسەن، ناھەق قان تۆككەن بولسىمۇ گۇناھىدىن ئۆتكەيسەن...»

تونباغا قاغان ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىدى، ئىنساپ ۋە ئادالەت تىلىدى. بىراق، بۇ ھاقارەتلىك كۆرۈنۈش، بۇ نومۇسلۇق كۈن ئۇنىڭ يۈرىكىدە مەڭگۈلۈك قارا ئىز قالدۇردى.

## 11. ئەھۋال ئۆزگەرمەكتە

ئاپتاپلىق سۈزۈك ئاسمان، خۇش ھىدلىق سالقىن ھاۋا، ئالەم كەبى كەڭرى زېمىن، دىلغا يېقىن بەلەن كۈيلەر ...

يايلاقتىكى ھەممە نەرسە يايلاق سېغىنىپ كۆزى تۆت بولغان قۇتلۇقنى ئۆز ھۆسنىگە ئەسىر قىلىۋالدى. شەھەر قاتىلاڭچىلىقلىرى بىلەن پېگىلەپ قالغان تېنى بىردىنلا كېڭەيگەندەك، كۆزى ئېچىلىپ، تاۋى ئۆسۈپ قالغاندەك ھېس قىلدى. قۇلقارا چاكار بولسىمۇ، ھۈنىرى كۆپ، ئىشىنىڭ ئېپىنى بىلىدىغان چاكار ئىكەن. ئۇ قۇلقارادىن ئات ئۈستىدە ئۆرە تۇرۇش، ئات قورسىقىغا چۈشۈۋېلىپ يادىن ئوق ئۈزۈش دېگەندەك ئۆزى بىلمەيدىغان ئەپچىل ماھارەتلەرنى خېلى پىششىق ئۆگىنىۋالدى.

ئىرادىسى بويىچە بولغاندا، قۇتلۇقنىڭ بۇ يەردە بىرەر يىل، بىرەر ئاي، ھېچبولمىسا بىرەر ھەپتە تۇرغۇسى بار ئىدى. لېكىن ئاتاق دادىسىنىڭ خۇددى شەھەرگە ئوت كەتكەندەك ئالدىراپ كېتىپ قېلىشى ئۇنى خاۋاتىرلەندۈرۈپ قويدى. قارا باخشى پال ئاچقان چاغدا ئۇنىڭ چىرايى بۆلەكچىلا ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى. بۇ قېتىممۇ شۇنداق بولدى. بەگبارىس قۇلىقىغا بىر نېمىلەرنى دەپ پىچىرلىۋىدى، ئۇ يەنە شۇنداق ئۆكۈپ كەتتى، ھەتتا تاراسقا، قۇتلۇققا خوش دېيىشنىمۇ ئۇنتۇدى.

قۇتلۇق تۇنجى كۈنى يايلاق قىزىقچىلىقلىرى بىلەن بولۇپ

كېتىپ شۇ كۈنى يۈز بەرگەن بۇ بىنورمال ئىش ئۈستىدە ئويلاشقا چولىسى تەگمىدى. ئىككىنچى كۈنى كېچىسى ئۇنىڭ ئۇيقۇسى قاچتى، دادىسى بىلەن بىللە قايتمىغىنىغا، ئوغۇل بولغاندىكىن، ھەر ئىش بولسىمۇ دادىسىنىڭ يېنىدا دەرقەمتە تۇرمىغىنىغا پۇشايمان يەپ قالدى - دە، ئۈچىنچى كۈنى تاڭ يورۇشىغىلا تاراسنى كۆندۈرۈپ، شەھەرگە قايتتى.

قۇتلۇق چوڭ قوۋۇقتىن كىرىپلا شەھەر ئىچىدىكى ئەڭ ئۈششاق ئۆزگىرىشلەرنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلمىدى. ئۇنىڭچە، ئادەتتە پاكىز شېشىدەك سۈزۈك تۇرىدىغان تىنىق ئاسمان بۈگۈن نېمىشقىدۇر چالما رەڭگىگە كىرىپ قالغان، ئەكسىچە، يەر بېتى بولسا خۇددى مىس داشقىلىدەك سۇس يېشىل رەڭ ئالغانىدى. كۆك يۈزىدە توپ-توپ بولۇپ ئۇچۇپ يۈرىدىغان موللاقچى كەپتەرلەرمۇ، كۆك شايىغا سىزىپ قويغان سۈرەتتەك جىم تۇرۇۋالىدىغان لەيلەك، سارلارمۇ، شوخ يىگىتلەر ئىسقىرتقاندەك سايراپ قويىدىغان بوز تورغايلارمۇ كۆرۈنمەيتتى. شەھەر سېپىلىمۇ، تۇتاش كەتكەن لەمپىلىك ئۆگزىلەرمۇ پاكارلاپ قالغاندەك قىلاتتى. داغدام يوللار، كوچا-كويلار گۆرىستاندەك جىمجىت ئىدى. كېلىپ-كېتەرلەرمۇ قورسىقىدا گېنە باردەك، ئۈن-تىن قىلىشمايتتى. دۇكاندىكى دۇكاندارمۇ خۇددى خېرىدارىدىن رەنجىپ قالغاندەك، زۇۋانسىزلا ئولتۇراتتى. سايىلارغا كىرىۋېلىپ، ئېتىكى بىلەن يەلپۈنگەچ مۈگدىشىدىغان بوۋايلارنى، غۇژمەك بولۇۋېلىپ خامانغا چۈشكەن قۇچقاچتەك چۇرۇقلىشىدىغان باللارنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئۇلارنىڭ ئورنىنى چۈمۈلىدەك پىتىرىشىپ يۈرگەن ئاتلىق ۋە پىيادە قورۇقچىلار ئىگىلىگەنىدى.

قۇتلۇق ياندىشىپ كېلىۋاتقان تاراسقا قاراپ ئاغزىنى ئۆمەللىدىيۇ، بوغۇزىغا كەلگەن گېپىنى يەنە يۇتۇۋەتتى. ئۇنىڭچە، تاراس بىلەن

مۇگدىشىش كالىنىڭ قۇلىقىغا راۋاب چالغاندەكلا بىر ئىش بولاتتى. دېمىسىمۇ، ئۇ قۇتلۇقنىڭ نەچچە ياشلا كىچىك بولغىنى بىلەن، جىرىڭ-لاپ تۇرىدىغان باللاردىن ئەمەس ئىدى. ئەتىگەندىن كەچكىچە، خۇددى تىلتۇمارنى يوقۇتۇپ قويغاندەك روھسىز ۋە خىيالچان يۈرگىنى يۈرگەنىدى. سەزگۈر ئادەملەرگىلا ئەمەس، بەلكى ئەقلى گال ئادەملەر-گىمۇ تەسىر قىلىدىغان بۇنداق روشەن ئۆزگىرىشلەرمۇ ئۇنىڭ دىققىتىنى قوزغىيالىشى ناتايىن ئىدى.

شەھەردىكى ئىشلار راستىنلا ئىزىدىن چىققانمۇ، ياكى ئۆزگە شۇنداق تۇيۇلدىمۇ، ئىشقىلىپ قۇتلۇق تامغا ئۇسۇۋالغاندەكلا گاڭگىراپ قالدى. ھەممىگە ھەيران بولغان پېتى ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. يولدا «دادامدىن تولا ئەنسىرەپ، بەلكى گۇمانخور بولۇپ قالغاندىمەن، كۆرگەن ئالامەتلەر بەلكى خىيالىمدۇر، بەلكى ھەممە نەرسە ئۆز جايى-دىدۇر...» دەپ كەلگەن بولسا، بوسۇغىغا قەدەم قويغان ھامان بۇ ئويىنى تەرك قىلدى.

چۈنكى، شەھەر كوچىلىرىدىلا ئەمەس، ئۆز ئۆيىدىمۇ نېمىلەردۇر ئۆزگەرگەن، ئۆزگەرگەندىمۇ ئادەمنى ئويلاندۇرغۇدەك ئۆزگەرگەنىدى.

قۇتلۇق ھويلىغا كىرە-كىرمەيلا:

— دادا، بىز قايتىپ كەلدۇق، — دەپ خۇشال ۋارقىرىۋىدى، ھويلىدىن ھېچقانداق سادا چىقمىدى، ھەتتا ھاردۇق سورايدىغان ۋە ئات تىزگىنىنى قولىدىن ئالىدىغان مۇلازىملارمۇ كۆرۈنمىدى. بوسۇغىدا بىردەم تېڭىرقاپ تۇرغاندىن كېيىن، ئات يايلىنى تاراش بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتقان تاراسنى تالادا قالدۇرۇپ، ئىشىكنى قوش قوللاپ ئىتتىرىپ ئۆيگە كىردى، بەگبارس بىلەن روبىرو ئولتۇرغان دادىسىنىڭ نېمىلەر ئۈستىدىدۇر قىزىشىپ سۆزلىشىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، پەگادىلا توختاپ قالدى.

ئۇلار پەس ئاۋازدا سۆزلىشەتتىيۇ، تۇرۇپ-تۇرۇپ قوللىرىنى قى-

لىپ ئۇرغاندەك سىلكىيتتى، چىرايىمۇ چوڭ دۈشمەنگە دۇچ كەلگەندەك جىددىي تۈس ئالغانىدى. بىر چاكار جىگدە سىقىپ ئۇسسۇلۇق تەييار-لاۋاتاتتى، قالغانلىرى قوتاز قۇيرۇقى يەلپۈگۈچ بىلەن ھە دەپ چىۋىن قورىماقتا ئىدى.

قۇتلۇق نېمە قىلارىنى بىلمەي، پەگادىلا تۇرۇۋەردى، بۇ ھال باشقىچە تۇيۇلدىمۇ، تۇنباغا قۇتلۇق تەرەپكە بۇرۇلدى-دە، كەسكىن تەلەپپۇزدا:

— بوسۇغىدا تۇرساڭ يامان بولىدۇ، چوڭلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالغۇچە چاپسان چىقىپ ئېتىڭنى سوۋۇت! — دېدى ئاچچىق قىلغان-دەك.

چوڭلارنىڭ سۆھبىتىگە قۇلاق سېلىش قۇتلۇقنىڭ خىيالىغا كى-رىپمۇ چىقمىغانىدى. قۇلاق سالدى دېگەندىمۇ، يەر تېگىدىن چىققان-دەك پەس ۋە باش-ئاخىرى يوق گەپلەردىن ئۇ ھېچنېمىنى ئاڭقىرال-مايتتى.

قۇتلۇقنىڭ غۇرۇرى زەربە يېدى، قارىغا كەتكەن گۇناھكاردەك ئازابلاندى، دادىسىنىڭ ئۆزىنى خاتا چۈشەنگىنىگە قورسىقى كۆپتى. «چوڭلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىشنى ئەمەس، ئاڭلىغان تەقدىردىمۇ ھېچنېمىنى چۈشەنمەيدىغان بوۋاق بالىمىدىم-يا؟ بۇرۇتۇمنىڭ خەت تارتىپ قالغىنىنى كۆرمىدىمىكىنە ئۇلار؟...»

قۇتلۇق ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ، قايتىپ كەلگىنىنىڭ سەۋەبى-نى چۈشەندۈرمەكچى، ئۆزىنى ئاقلىماقچى بولدىيۇ، جاھىللىقى تۇتۇپ بۇ خىيالىنىمۇ چۆرۈپ تاشلىدى، ئىككى قەدەم كەينىگە داجىپ، شارتتىدە بۇرۇلۇپ تالاغا چىقىپ كەتتى.

ئۆزى ئويلىغاندەك، قۇتلۇق خېلىلا چوڭ بولۇپ قالغانىدى. ئاتا مىراس جاھىللىقى ۋە زىيادە غۇرۇرى تۈپەيلى بىردەملىككە «خورلان-

غان» بولسمۇ، لېكىن ئاتا مىراس سالماقلىقىمۇ تەخىرسىزلا ئۆزىنى كۆرسەتتى ۋە تاپتىن چىققان ئەقلىنى يەنە تېزدىنلا ئۆز قېلىپىغا چۈشۈردى، تاشقىرىغا چىقىپ ئېتىنى سوۋۇتقاچ، ئۆزۈلۈپ قالغان ئويـ-نى يەنە ئۇلىدى:

«دادام بىلەن بەگبارىس تاغام ئىشىك-تۈگلۈكنى دۈملىۋېلىپ زادى نېمە ئىش قىلىدۇ، ئۇلار نېمە ئۈچۈن بۇنچە غەمكىن ۋە پاراكەندە، دادام نېمىدەپ يوقىلاڭ بىر ئىش ئۈچۈن بۇنچە تېز تېرىـ-كىپ كېتىدۇ، بۇلارنىڭ شەھەردىكى ئۆزگىرىشلەر بىلەن قانداق ئالاـ-قىسى بار، بۇ يەردە زادى نېمە ۋەقە يۈز بەردى؟...»

كۈنلەر ئۆتتى. قۇتلۇقنىڭ ئويلىرىمۇ بىر باشقا چىقمىدى. غەلىـ-تىلىكلەر ئاستا-ئاستا يوق بولۇپ، ھەممە نەرسە ئەسلىگە قايتتى. پات-پات بولۇپ تۇرىدىغان ئىبادەت ۋە نەزىر-چىراغلار سوغۇق سۇ قۇيغان قازاندەك جىمىپ قالغاندىن ئۆزگە، تۇرمۇش يەنە ئۆز يولى بىلەن داۋام قىلىۋەردى. ھاۋانىڭ قىزىتمىسى يېنىپ، دەرەخلەر قەددىنى رۇسلىدى، ئوت-چۆپلەر بېشىنى كۆتۈردى.

بىراق، تۇنباغانىڭ چۈشۈپ كەتكەن بېشى قايتا رۇسلانمىدى، نېمە ئۈچۈندۇر ئاشكارا ئىبادەتتىن يوشۇرۇن ئىبادەتكە ئۆتتى، دىۋانىغىـ-مۇ ئانچە كۆپ بارمايدىغان بولۇۋالدى.

ئەپتىدىن، ئۇنىڭ كىشىگە ئېيتقىلى بولمايدىغان بىرەر دەردى باردەك قىلاتتى، تۇرۇپ ئۇھ تارتىپ، تۇرۇپ بىئارام بولاتتى. قۇتلۇققا تۈگۈل، تاراسقىمۇ، كەدىرەگىمۇ چىش يىرىپ گەپ قىلمايتتى، پات-پات كېلىپ تۇرىدىغان بەگبارىستىن ئۆزگە، ھېچكىمگە ئۇچۇق چىراي كۆرسەتمەيتتى، پەگادا ئويان مېڭىپ، بۇيان مېڭىپ، بارماقلىرىنى بېسىپ نېملەرنىدۇر سانايتتى، گېپى ئازلاپ، چاكارلارنى دۆشكەلەشلەـ-رى ئاۋۇپ بارماقتا ئىدى.

بىر كۈنى تۈنباغا ئۆتۈكەنگە ئىبادەتكە كېتىشكىلا، ئۇلارنىڭ
ئۆيىگە بەگبارس كېلىپ قالدى. قۇتلۇق بىلەن ئادەتتىكىدەك
سالاملاشتى. ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئەمرلەشكەر قايتىپ
كەلگۈچە ساقلايدىغانلىقىنى ئېيتىپ سۇپىغىلا باداشقان قۇردى. ئۇزايە-
دىن ئۇ بىرەر مۇھىم ئىش بىلەن ئەمەس، بەلكى مۇنداقچىلا كەلگەن-
دەك قىلاتتى.

يۈزى گۆشلۈك، ئۆڭى قىزىل، جۇغى ئارا ۋە پاكارراق كەلگەن
بەگبارس ھېسابتا تۈنباغانىڭ بىردىنبىر يېقىنى ئىدى. ياش قۇرامدا
تۈنباغادىن سەل كىچىك، مەرتىۋىدە ئىككى بەلدەم تۆۋەن بولغىنى
بىلەن، يۈز بېشىدىن ئۇن نەچچىسى، مىڭ بېشىدىن بىر نەچچىسى
ئۇنىڭ ئاغزىغا قارايتتى. جەڭ بولغاندا جەڭگە كىرەتتى. جەڭگە كىرسە
ئۆلجىسىز قايتمايتتى. جەڭ بولمىسا ئات سودىسى قىلاتتى. پەقەت
زەردارلار ۋە غالىب سانغۇنلاردىلا بولىدىغان ھاكاۋۇرلۇق بەگبارسنىڭ
خۇلقىدىمۇ ئاشكارا ئىدى.

بەگبارسنىڭ بۇ مىجەزىنى تۈنباغا ئۇنچە ژىغىرلاپ كەتمىگىنى
بىلەن، بۆكۈ قاغان چورتلا ياقتۇرمايتتى. پەقەت جىك باسقۇدەك گۇناھ
تاپالمىغاچقىلا ئۇنىڭغا يول قويۇشقا مەجبۇر ئىدى.

بەگبارس بۆكۈ قاغاننىڭ ئۇيلىرىدىن ئەلۋەتتە خەۋەردار ئىدى.
لېكىن قاغان بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدا تۈنباغادەك چوڭ ۋەزىرنىڭ
بولغانلىقى، لەشكەرلىرىنىڭ جانبازلىقى، پەرمانبەردارلىقى سەۋەبلىك،
بېشىنى ئۈستۈن، كۆڭلىنى توق تۇتۇپ يۈرەتتى، بىرەر تاسادىپىيلىق
يۈز بەرسىمۇ ئۆز كۈچىگە ئىشەنچ قىلالايتتى.

قاغاننىڭ سوغداقلارنى ئۇستاز تۇتۇپ، سۇلالىنىڭ يىغىرىغا تەگ-
كەنلىكى، توغرىسى، چوڭ ئوردا بىلەن بولغان ئات سودىسىنى بۇزۇپ،
چۆنتىكىگە چۈشەي دەپ قالغان بىھېساب پۇل-پۇچەكتىن قۇرۇق قال-

دۇرغىنى ئۇچۇن، بۇ دورەم ئۇ بۆكۈ قاغاندىن تازا خاپا بولدى، ئۇيلا-ئۇيلا ئاخىر «ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ» دېگەن يەرگە كەلدى-دە، بۇ ئۇيىنى تۇنباغاغا ئېيتتى.

ئۇ باشتا، ئېغىزغا ئالسا تىل كۆيىدىغان، قاغان بىلسە باش كېتىدىغان بۇ ئۇيىنى تۇنباغا شۈبھىسىزلا قوبۇل كۆرىدۇ، دەپ پەرەز قىلغانىدى. بىراق، تۇنباغا ئۇنىڭ بۇ ئۇيىنى ئاڭلاپ دەماللىققا چۆچۈپ-مۇ كەتمىدى، ماقۇلمۇ كۆرمىدى، بەگبارسىنىڭ سۆزى تۈگىگەن ھا-مان:

— ھازىر ۋاقتى ئەمەس، — دەپلا گەپنى ئۈزۈۋەتتى. بىرقانچە قېتىملىق خاس سۆھبەتتە بەگبارس بۇ ئۇيىنى قايتا-قايتا دەللىلىگەنمۇ بولدى، بىراق، تۇنباغا «ھازىر ۋاقتى ئەمەس» دېگەن گېپىدە يەنىلا چىڭ تۇردى، قاچان ۋاقتى كېلىدىغانلىقىنىمۇ ئېيتمىدى...

بەگبارس يانپاشلاپ يېتىۋېرىپ، زېرىكتى، قايتىپ كېتەي دېسە كۆڭلى ئۇنىمىدى، ئاخىر تاراس بىلەن قىلىچ ئويۇنى قىلىۋاتقان قۇتلۇقنى چاقىرتىۋالدى-دە، تاغدىن-باغدىن سۆزلەشكىلى تۇردى. ئۇ-لارنىڭ پاراڭى بېرىپ-بېرىپ مۇھىم ئىشلارغا كۆچتى. قۇتلۇق پۇر-سەتنى غەنىيمەت بىلىپ سورىدى:

— سانغۇن ئاكا، دەپ بېرىڭە، دادامغا نېمە بولدى؟

بەگبارس گەپنى چاقچاققا بۇراپ جاۋاب بەردى:

— داداڭغا نېمە بولاتتى، ئۇ سەللىمازا ساق تۇرۇپتۇغۇ.

— ساق تۇرۇشىغۇ تۇرۇۋاتىدۇ، شۇغىنىسى، ئۇ بۇرۇنقى دادامغا ھەرگىز ئوخشىمايدۇ.

ھېلىقى كۈندىن باشلاپ، تۇنباغانىڭ كەم سۆز، ئويچان ۋە چېچىلغاق بولۇپ قالغانلىقى بەگبارسقىمۇ ئايانىدى. ئۇ قۇتلۇقنىڭ ئەقىللىق بالا ئىكەنلىكىگە قول قويسىمۇ، ئۇنى تۇنباغادىكى بۇنداق

نازۇك ئۆزگىرىشلەرگە دىققەت قىلار دەپ ئويلىمايتتى. ئۇ قۇتلۇققا «يالت» قىلىپ قارىۋالدى-دە، زورىغا كۈلۈپ قويدى.

— ھا ... ھا ... نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىڭ قۇتلۇق بالام، چوڭلارنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق ئويلايدىغانلىرى بولىدۇ، نېمە ئويلىغىنىنى ئۇششاق باللارغا دەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوقتە...

بەگبارىس بۇ گەپلەرنىڭ ئاغزىدىن قانداق چىقىپ كەتكىنىنى ئۆزىمۇ تۇيماي قالدى، گېپىنىڭ ئاخىرى ئاغزىدىن چىقىپ بولغۇچە، قۇتلۇقنىڭ چىشىغا تېگىپ قويغىنىنى تۇيۇپ، دۇدۇقلىدى.

بەگبارىسنىڭ بەئەينى دادىسىدەك، ئۆزىنى كىچىك بالا دەپ كۆزگە ئىلمىغىنى قۇتلۇقنىڭ ئوغىسىنى قايناتتى، يۈزى قىزىرىپ، قۇلاقلىرى قىمىرلىدى، دادىسىنى كەچۈرگىنى بىلەن بەگبارىسنى كەچۈرگۈسى كەلمىدى.

— خۇش بولۇپ كېتەي، ئەمدى مېنى كىچىك بالا دەۋەرمەڭلەر، ئاڭلىسام، سىلەرمۇ مەندەك ۋاقتىڭلاردا يۈز لەشكەرگە يۈزباشى بولۇپتىكەنسىلەرغۇ، — دېدى، كۆچىنى نامايان قىلماقچى بولغاندەك مۇشتىنى تۈگۈپ.

قۇتلۇق راست سۆزلەۋاتاتتى. ئاشۇ يىللىرى دۈشمەن قارا بوراندەك يوپۇرۇلۇپ كەلدى، تۇنباغامۇ، بەگبارىسمۇ بويى ئاتقا يېتەر-يەتمەيلا، يۈز ئەمەس بەلكى مىڭ لەشكەرگە سەردار بولۇپ جەڭگە كىردى. چوڭلار بىلەن تەڭ تۇرۇپ ئۇر-چاپ قىلىپ، چوڭلار بىلەن بىر جەڭگاھتا قىلىچ ئۇردى، ئوق ئاتتى.

بەگبارىس قۇتلۇقنىڭ كۆزىدىن كۆزلىرىنى ئەپقاچتى. ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش، خۇپسەنلىكى ئۈچۈن ناماقۇل بولۇش مەقسىتىدە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلاردىن ئۇنى خەۋەردار قىلىش قارارىغا كەلدى.

ئۇ ئۆزى تارتقان نەق زىيانىدىن زىنھار گەپ ئاچمىدى. بىراق،

ھېلىقى كونى دېۋاندا يۈز بەرگەن كۆڭۈلسىز ئىشلاردىن باشلاپ، قارا باخشىنىڭ ئۆلتۈرۈلگىنىگىچە بولغان ۋەقەنىڭ ھەممىسىنى قالدۇرماي ئېيتىۋەتتى. گەپ قارا باخشى ۋە ئۇنىڭ ئۆلۈمى ئۈستىگە كۆچكەندە تېخى ئاۋازى تىترەشكە، بوغۇلۇشقا باشلىدى، قىسقا-قىسقا ئۆپكىدىگەن-دىن كېيىن ئاۋازى چورتلا ئۈزۈلدى.

قۇتلۇق بەگبارسنىڭ ئېيتقانلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىدى، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، بۇرۇقتۇم بولۇپ يۈرگەن دادىسى كۈچلۈك بورانغا دۇچ كەلگەن يالغۇز دەرەخ سۈرىتىدە كۆز ئالدىغا كېلىۋىدى، يۈرىكى بىردىنلا ئېچىشتى.

قۇتلۇق سوغداقلارنى جادۇ قىلغان قارا باخشىغىمۇ، شامان تەرد-قىتى دېگەنلەرگىمۇ چورتلا قىزىقمايتتى، باخشىلارنىڭ ئۆلۈپ-تىرىلى-شىگىمۇ كۆڭۈل بۆلۈپ يۈرمەيتتى. بىراق دادىسىنىڭمۇ، بەگبارسنىڭمۇ دىتىغا ياقمايدىغان بىمەنە ئىشلارنى قىلغىنى ئۈچۈن، ئۇ بۆكۈ قاغاننىڭ تەگرىدىن بولغانلىقىغا شەك كەلتۈرمەيمۇ قالمىدى.

«ماقۇل، قاغانىنى دادىسىنىڭ، بەگبارسنىڭ، شۇنداقلا جىمى ئەل-جامائەتنىڭ خاھىشىغا خىلاپ ئىش قىلغان يامان ئادەممۇ دەيلى، ئەمما ئۇ يامان ئادەم بولسا نېمىدەپ ھېلىقى سېرىق ساقال ياخشى ئادەملەرگە ھامىي بولىدۇ؟ سېرىق ساقاللىقلار يامان ئادەم بولسا يەنە نېمە ئۈچۈن ئۆزىدەك يېتىم ئوغۇلغا خەيرخاھلىق قىلىدۇ؟ دادام ۋە بەگبارسلار سوغداقلارنى خاتا چۈشىنىپ قالغان بولسا-ھە؟»

قۇتلۇق ئىختىيارسىز كىچىكلىكىگە قايتتى، تامغا يۆلىنىپ ئولتۇ-رۇپ ئاياغلىرىنى قۇچاقلىدى، ئېڭىكىنى تىزىغا قويدى، ئويلىغانسېرى، خىيالى كونا سېۋەتتەك چۇۋۇلدى، تۇمانلىق جىراغا قامىلىپ قالغان تەنھا يولۇچىدەك تېڭىرقىدى. بۇ تۇمانلىق جىرادا بىر ھارا قايمۇقۇپ

يۈرگەندىن كېيىن ئاخىر بەگبارسقا مۇراجىئەت قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

— سانغۇن ئاكا، ھەممىڭلار سوغداقلارنى يامان دەيدىكەنسىلەر، ئۇلار راستىنلا يامان ئادەملەرمۇ؟

— بالام، سوغداق دېگەن چوڭ بىر قوۋم، — جاۋاب بەردى بەگبارس ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا، — چوڭلىرىمىز سوغداقلارنى بوۋىمىزنىڭ، ئۇلۇغ بوۋىمىزنىڭ زامانىدا كۈنپېتىشتىن كۆچۈپ كەلگەن دېيىشىدۇ. ئەلمىساقتىن بېرى مۇشۇ يەردە بار ئىدى دېگۈچىلەرمۇ يوق ئەمەس، ساڭا دېسەم، سوغداق دېگەن ئوبدىنىدىن ئەسكىسى كۆپ، تۈزلىرىدىن قاقۋاشلىرى تولا بىر قوۋم...

بەگبارس تۈت سوغداق ئۈستىدە خېلى كۆپ بىر نېمىلەرنى سۆزلىدى. ئۇنىڭ ئېھتىيات بىلەن ئېيتقان سۆزلىرى نېمىشقىكىن، قۇتلۇقنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى، ئۇ يەنە ئاشۇ تۇمانلىق جىرادا ئويان-بويان دوقۇرۇپ، مەڭدەپ يۈرۈۋەردى، چېكىلىرى چىڭقالغۇچە باش قاتۇرغان بولسىمۇ، كىمنىڭ ئوبدان، كىمنىڭ ئەسكىلىكى، كىمنىڭ تۈز، كىمنىڭ قاقۋاشلىقى ئۈستىدە بىرەر يەكۈن چىقىرالمىدى. مەيلى يەكۈن چىقارسۇن-چىقارمىسۇن، دادىسىغا، بەگبارسقا ئىشىنىش، ئۇ-لارنىڭ قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولۇش قارارىغا كەلدى.

## 12. ئەتىيازدىكى جۇدۇن

قۇياش تەقۋىمى ھېسابىدا ئەتىياز ئايلىرى كىرىپ قالغان بولسى-مۇ، ھاۋا يەنىلا سوغۇق ئىدى. ئۆتۈكەن چوققىلىرىنىڭ كۈنگەي يۈزى، مال-چارۇپايىلارنىڭ ئاياغ ئىزى، ئادەم ماڭغان كوچا-كويلار،

ئەگرى-بۈگرى چىغىر يوللار ئانچە-مۇنچە يۈز كۆرسىتىپ، كۆل چىچىۋەتكەندەك قارايغان بولسىمۇ، ئۆزگە يەر ھىلىغىچە قار ئاستىدا ئۇخلاپ ياتاتتى. قىش سوغۇقى يەر يۈزىنى تاشتەك توڭلىتىۋەتكەن، بىسىلغان قار قاتتىق مۇزغا ئايلانغانىدى. كۆپكۆك مۇز تەكتىگە يوشۇ-رۇنغان ئۇرخۇن سۈيىمۇ دەردمەن ئادەمدەك، ئۈنسىز ۋە شاۋقۇنسىز ئاقاتتى. گەجگىسىنى بىسىپ تۇرغان ئىغىر مۇزلار ئۇنى بىقۇۋۋەل ھالغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى. قىزىغان قۇملۇقنىڭ ئىللىق تەپتىنى ئىلىپ كىلىپ ئويناق بىر مەۋسۇمدىن دىرەك بىرىدىغان، يەر-زىمىنغا يىڭى تون كيگۈزۈپ، ھەممىگە ھايات بىغىشلايدىغان جەنۇب شامىلىمۇ نەلەردىدۇر ھىرىپ قالغاندەك قىلاتتى. شەھەر ئۆيلىرىنىڭ ئۆگزىسىدە، يالىڭاچ دەرەخلەرنىڭ ئۇچلىرىدا ئۇيۇپ قالغان قارا بۇلۇت تۈگمەن تىشىدەك ئىسىلىپ تۇراتتى. كۈمۈش ئۇۋاقلىرىدەك ئۇچۇۋاتقان قار ئۇچقۇنى قارغىمۇ، قىروغىمۇ ئوخشىمايتتى. سۇرمە رەڭلىك غۇۋا بوش-لۇق ئۇنىڭ ئاجىز چاقناشلىرىنىمۇ ئاچ كۆزلەرچە يالماپ كىتەتتى.

كۆك ئىگرايتتى، يەر ئىگرايتتى، سوغۇق دەملىك تاغلاردىنمۇ، كىپەن كيگەن دالادىنمۇ نىھايەت پەس ۋە نىھايەت مىسكىن بىر سادا كىلەتتى. بۇ سادا قىش ئازابىدىن جاق تويۇپ، ئوت يۈزلۈك قۇياشقا، خۇش چىراي ئەتىيازغا زارىققان گۈل-گىياھلارنىڭ، ئەركىن قانات قىقىپ، كارامىتىنى كۆز-كۆز قىلىشقا ئۇمتۇلۇشقەن تۇرنىلارنىڭ، تور-غايلارنىڭ ئاھ-زارى ئىدى. رودۇپايدەك كۆك مۇزلارنى ۋەيران قىلىپ، سۆيگەن كۈيىنى توۋلاشقا ئىنتىلگەن تەخىرسىز سۇنىڭ، قىزىپ تۇر-غان تۇياقلىرىنى يەرگە ئۇرۇپ، يول سىغىنغان تۇلپارلارنىڭ پەريادلىق نىداسى ئىدى.

— ھەي، ھەق يولدىن ئازغان، گۇناھكەبىرگە پاتقان بۇ زىمىنغا تەڭرىنىڭ غەزىپى كەلمەي قالامتى، — دىدى، بىرەيلەن ئۇچەي-باغ-

ری قېچىپ چىققۇدەك ئېچىنىشلىق خورسىنىپ.
— بۇ ئىقلىمغا كىملەرنىڭدۇر ئايىغى ياراشمىدى. ئويلاپ بېقىڭ- لار، ئۆتكەن يىلى بۇ كۆنلەردە ئوت-چۆپلەر ئوشۇقنى ياپقانىدى، مال-ۋارانلىرىمىزنى يازلىق يايلاققا ھەيدەپ، تۆل ئېلىشقا تۇتۇش قىلغا- نىدۇق، ئەمدى كۆككىمۇ ئۆلىشالمايۋاتىمىزغۇ مانا —، دېدى قېرى چوپان قۇۋۋەتلەپ.
— ھېتتىگىنەي، شامانلىرىمىزغا يول بولسا ئىدى، ئۆتۈكەنگە چىقىپ كۆك تەڭرىگە نەزىر بەرسە، ئۇ ئىلاھ شەپقەت قىلسا ماللىرىمىز- مۇ قىرىلىپ كەتمەسىدى. تەڭرى رەنجىپ قالسا تېخى كۆرىدىغىنىمىز بارغۇ بىزنىڭ، — دېدى، بىر ياش يىگىت گەپ ئارىلاپ.
— ئۇنىمۇ دەيسىلەر، بۇنىمۇ دەيسىلەر، چاتاقنىڭ نەدىلىكىنى بىلمەيۋاتىسىلەر، — گەپنى ئۇلغايتتى، كەكە ساقال بىر مويسىپىت ئۇلارغا قوشۇلۇپ، — مەن دېسەم، يەنىلا ئاشۇ تۆت سوغداقنىڭ ئايىغى ياراشمىدى...
بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ بېشىنى بىر قىلىۋالغان پۇقرالار ئارىسىغا كىرىپ قالغان تونباغا بۇ كىشىلەرنىڭ مۇلاھىزىسىنى ئېنىق ئاڭلىدى ۋە ئەتراپىغا بىر قارىۋېتىپ:
— «پۇت يوگۇرۇكى ئاشقا، ئېغىز يوگۇرۇكى باشقا» دېگەن گەپ بار بىزدە، ئاغزىم بار دەپ غەلەت سۆزلەپ، تىللىگىلار ئۈزۈلمىسۇن، بېشىگىلار كېسىلمىسۇن، چاپسان تارقىلىڭلار، ئۆز جايىڭلارغا بېرىڭلار، — دېدى، سوغۇقلا قىلىپ.
پۇقرالار يېنىدىلا قاراپ تۇرغان ئەمىرلەشكەرنى كۆرۈپ قورقۇي- دىن قورققان قۇشقاچتەك جىم بولۇشتى، ھوش-كاللىسىنى يىغىپ، توك يەرگە تىزلاندى-دە، خۇددى تەڭرىگە باش ئۇرغاندەك باش ئۇرغىلى تۇردى.

— ۋەزىر ئەزەم جانابلىرى، سوغداقلارنىڭ، ياق ... ياق... مانى بورخانىنىڭ يامان گېپىنى قىلىپ گۇناھقا پاتتۇق. ئەقىلسىز قۇللىرىنى كەچۈرسىلە، بىر قوشۇق قېنىمىزدىن كەچسىلە، — دېيىشتى بىرقانچە كىشى غال-غال تىترەپ.

— چاپسان تۇرۇڭلار، گەپنى ئاز قىلىپ، ئىشىڭلارغا تۇتۇش قىلىڭلار!

سوغداقلار سەۋەبلىك، ئۆز شامانلىرىدىن، ئېتىقادىدىن ئايرىلغان خەلق بىر ھېسابتا دەل تۇنباغانىڭ كۆڭلىدىكى گەپنى قىلىشقانىدى. مۇبادا ئۇ ئۆز سالاھىيىتىنى ئۇنتۇپ قالغان بولسا، ياكى كالپۇكىغا توك ئۇنمىگەن بالا بولغان بولسا بەلكى، كۆڭلى ئازار يېگەن پۇقراغا قوشۇلۇپ سوغداقلارنى تىللاپ-تىللاپ رەسۋا قىلغان ۋە تازا بىر پۇخادىن چىقىۋالغان بولاتتى.

بىراق، تۇنباغا ئۇنداق قىلالمايتتى. كىم ئۇنى قاغان تاغىسى بولسۇن دەپتۇ، كىم ئۇنى ئەمىر لەشكەر ۋە ئىچبۇيرۇق بولسۇن دەپتۇ؟ شۇنداق بولغانىكەن، ئۇ قاغانغا بويسۇنۇشى، ئۇنىڭ تاللىشىغا ھۆرمەت قىلىشى كېرەك ئىدى. قاغان ياخشى دېگەننى ئۇ يامان دېيەلمەيتتى، ئاق دېگەننى قارا، قارا دېگەننى ئاق دېيىشكە ھەددى يوق ئىدى. بۆكۈ قاغان گەرچە سوغداقلارغا قول بەرگەن ۋە بىدئەتلىككە باش ئەگكەن بولسىمۇ، بۇ ئەگرى نىيەت سوغداقلارنىڭ سېھىر-جادۇسى بىلەن بولۇۋاتقان ئىش ئىدى. قاچانكى سوغداقلارنىڭ جادۇسى تۈ-گەپ، قاغان ھەق يولغا قايتقۇچە ئۇ بۇ ھالغا چىداشلىق بەرمىسە بولمايتتى.

يەنە كېلىپ، ئاسمان تەڭرىسى بىلەن چاقماق خۇداسى-مۇ، يەر مۇئەككىلى بىلەن تاغ ئىلاھىمۇ روي بېرىۋاتقان ھەممە ئىشنى ئوچۇق كۆرۈپ تۇراتتى، ئۆز قوۋمىگە ھامىي بولغان بۇ تەڭرىلەر ھامان

بىر كۈن يەرگە چۈشەتتى. گۇناھى بار سوغداقلارنى ۋەيران قىلىپ قاغان دىلىغا ئىنساپ بېرەتتى. ئالۋاستىلار يوق بولۇپ، ئېتىقادمۇ، ھاياتمۇ ئۆز ئەسلىگە قايتاتتى. بۇ كۈنلەرمۇ ئۇزاق ئۆتمەي يېتىپ كېلەتتى. شۇ كۈنلەر يېتىپ كەلگۈچە، نادان خەلقنىڭ قاغان ئەمرىگە شەك كەلتۈرۈشىگە، بېشىغا بالا تېپىۋېلىشىغا قاراپ تۇرالمايتتى. غەيۋەتچى پۇقرانى ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا ئەدەپلەپ قويۇشىمۇ دەل مۇشۇ سەۋەبتىن ئىدى.

جامائەت ئارىسىدا ۋەزىرئەزەمنى تونۇيدىغانلارمۇ بار ئىدى، تونۇمايدىغانلارمۇ ئۇنىڭ نام-شەرىپىنى، داڭق-تۆھپىسىنى ئوبدان بىلىشەتتى.

ئۇلار تۇنباغانى كۆرۈپلا ئۆزىنىڭ قانداق گۇناھ سادىر قىلغىنىنى تۇيۇپ قالدى-دە، ۋەزىرئەزەمنىڭ كېيىمىنى كۆتۈپ باش ئۇرۇپ تۇرۇشتى. چۈنكى، قاغان تەڭرى دېسە تەڭرى، ئىلاھ دېسە ئىلاھ ئىدىكى، ھېچكىم قاغاننى ئادەمزات قاتارىدا كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلمەيتتى. قاغان قانچىلىك مۇقەددەس بولسا ئۇنىڭ دېگىنىمۇ، ھەتتا ئاددىي ئىشارىتىمۇ شۇ قەدەر مۇقەددەس ھېسابلىناتتى. قاغان ئاتاق بەرگەن سوغداقلارمۇ، سوغداقلارنىڭ بورخانىمۇ ئەلۋەتتە مۇقەددەس ئىدى. ئۇلارغا تىل تەگكۈزۈش جىنايەتتىن دېرەك بېرەتتى.

نەشتەردەك تېگىۋاتقان سوغاقتىنمۇ، گۇناھىنىڭ قورقۇنچىدىنمۇ ئۇخشاشلا تىترەپ تۇرغان ئالامان تۇنباغا يەنە بىر قېتىم قوغلىغاندىن كېيىن ئاندىن قولاقلىرىغا ئىشىنىپ ئۇپۇل-تۇپۇل تارقىلىشتى-دە، تاشلىنىپ ياتقان سايمانلىرىنى قولىغا ئالدى.

ئۇلار كۆچەپ ئىشلەيتتى، بېگىزدەك ئۇچلۇق سۈمبىلەرنى تاش پېرىقلىرىغا قويۇپ، بازغان بىلەن قاتتىق ئۇراتتى. يىگىتلەرنىڭ ھەھۆلىرى بازغان ساداسى بىلەن كۆچىيىپ، سوغۇق ئاسماننى تەۋرىتەت-

تى. بىرەر ئاش پىشمىچە ھەپىلىششىلەردىن كېيىن، تۆمۈر سۇمبە تاش يىرىقلىرىغا چوڭقۇر پاتاتتى-دە، ئۈيۈل تاشتا ئەگرى-بۈگرى دەز پەيدا قىلاتتى. قۇلاقلىرىنى ئۇۋۇلاپ، ئالىقانلىرىنى ھورداپ تۇرۇشقان بالداق-چىلار مەزمۇت بالداقلارنى تاش ئارىسىغا ئەپچىللىك بىلەن كىرگۈزۈپ، قىيقاس-چۇقان بىلەن پەسكە باساتتى. دەرەخ ئۆرۈلگەندەك قاراسلاپ سۇنغان چوڭ-چوڭ تاشلار بىر تەرەپكە دومىلىتىلاتتى، بازغانچىلار ئۇنى يەنە پارچىلايتتى. تاشچىلار مىتىن بىلەن چاسلايتتى. بازغانچى لەشكەرلەرنىڭ نەيزە-قىلىچلىرى، ئوقيا، پالتىلىرى يېقىن بىر يەردە دۆۋىلەگلىك تۇراتتى.

شەھەر بىلەن تاغ ئارىسىدا ھارۋىلار غىچىرلايتتى، ئىغىر يۈكتىن بىزار بولغان ئۆي-كالىلار داتلانغاندەك مۆرىشەتتى. تاش يۈدۈشكەن پىيادىلەر بەئەينى ئىشچان ھاشار چۈمۈلىلىرىدەك تىزىلىپ، تاغ باغرى-دىن تا شەھەر دەرۋازىسىغىچە سوزۇلاتتى. شۇ سوزۇلغانچە، خۇددى ياز كۈنىدىكى سەل سۈيىدەك لۆمشۈپ ئاقاتتى. تولكە قولاقچە، قېلىن ئۆك جوۋا كىيىۋالغان ئاتلىق ئادەملەر — مىڭباشىلار، ئېلتەبىرلەر ئۇياق-بۇياق چېپىپ يۈرەتتى، قامچىسىنى پولاڭلىتىپ ھەيۋە قىلاتتى، ماجالىدىن كەتكەنلەر، يىقىلىپ قالغانلار تۇشمۇ تۇشتا ئۇچراپ تۇراتتى.

ئىقىۋاتقان ئادەت بويىچە، تونباغا تارخان بۇنداق سوغۇق كۈن-لەردە ھاشار ئورنىغا كەلمىسمۇ، ئىسسىق ئۆيدە سۈتلۈك چاي ئىچىپ مەززە قىلىسمۇ بولىۋېرەتتى. قاغانمۇ، بىلگە قاتۇنمۇ ئۇنى ھەرگىز زورلىمايتتى. تاشچىلارنىڭ، ياغاچ كەسكۈچىلەرنىڭ، خومدانچىلارنىڭ ئىشىمۇ ئۆز يولى بىلەن كېتىۋېرەتتى.

شۇنداقتىمۇ، ئەمىرلەشكەر كېلىۋەردى، چۈنكى، بۆكۈ قاغان بىر ئاي بۇرۇن، تاڭ مەلىكىسى نىڭگو قاتۇن باياىچۇرغا ياتلىق بولغاندا

ئاستانىدىن بىللە كەلگەن ئوردا قىزى كىچىك نىڭگونى داغدۇغىلىق توي ئۆتكۈزۈپ ئەمرىگە ئالدى، تۇغقانچىلىقنى ئۇلاپ، سۇلالىغا خېلى كۆپ تويلۇق مالمۇ ئەۋەتتى. تاڭ تەيزۇڭنىڭ تەبرىكىنى قوبۇل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن تۇنباغانىڭ «بۆكۈ قاغان سوغداقلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ، سۇلالىگە يامان كۆزدە قارامىقىن ياكى بىرەر ئەخمەقلىق قىلىپ قويارمىكىن» دېگەن ئەندىشىسى بىرئاز بېسىقتى. قاغان گەرچە تويدىن كېيىن سوغداق ۋە تاڭ ئۇستىلىرىنى تەكلىپ قىلىپ قايتا ئوردا بىنا قىلىشقا تۇتۇنغان، پوقرا-لەشكەرنى ھاشاغا ھەيدەپ سۆلەت-ۋازلىق يولغا كىرگەن بولسىمۇ، بۇنى كىچىك ئىش دەپ ھېسابلىدى. لەشكەرلىرى جاپا چەكسىمۇ، ئوردا-قەسىر پاتراق پۈتۈپ، قاغان مۇرا-دىغا يەتسە، ئەل ئىشنى يادىغا ئالار، سەۋەنلىكلەر تۈزۈلۈپ كېتەر دېگەن ئارزۇ بىلەن جىمى لاۋۇلەشكىرىنى باشلاپ، ئىشنىڭ ئەڭ ئېغىرىنى زىممىسىگە ئالدى.

ئەمىر لەشكەر ئوغلى تاراسىنىمۇ، قۇتلۇقنىمۇ بۇ يەرگە بىللە ئېلىپ كەلدى. ئاۋام-پوقرا، لەشكەر بىلەن ئەسرار بولۇپ، جاھاننى بىلسۇن، تېنىنى تاۋلىسۇن دەپ بازغانچىلار ئارىسىغا قوشۇۋەتتى. بەگبارىسىنى ئۇلارغا نازارەتچى قىلىپ تەيىنلىدى. سېمىز تاراس قوش مۇشتچىلىك كىچىك بازغاننى باشقۇرالماي كەينىگە پىلتىڭگىدە ئۇچۇپ كەتكەن بولسىمۇ، قۇتلۇق ئۆز كۈچىنى تازا كۆرسەتتى، دادىسىنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ئۆگەتكىنى بويىچە، ئۇ بازغاننى كەينىچە ئايلاندۇرۇپ، باش ئۈستىدە تىك تۇرغۇزاتتى-دە، زەرب بىلەن تاشقا ئۇراتتى. كۈچلۈك زەربىگە بەرداشلىق بېرەلمىگەن يوغان تاش خۇددى ئۇيۇل مۇزدەك يىمىرىلەتتى ۋە «چارس» قىلىپ ئىككى پارچە بولاتتى. نەزىرىنى بازغان بىلەن تەڭ ئايلاندۇرۇۋاتقان ئىشلەمچىلەر «گۇرس» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ «بارىكاللا» دەپ تۇۋلىشاتتى، چاقماق چاققاندەك خۇشال بولاتتى. «بۇ

قايسى باھادىرنىڭ بالىسىدۇ» دەپ سوئال قويۇشاتتى. كەيپى كۆتۈرۈ-
لۈپ تۇرغان تۇنباغا گەرچە «بۇ مېنىڭ بالام» دەپ مەيدىسىگە ئۇرمى-
سىمۇ، لېكىن قۇتلۇقنىڭ كارامىتىدىن ئىچىدە سۆيۈنەتتى، قاقاقلاپ
كۈلەتتى، يوتىسىغا شاپىلاقلايتتى. قۇتلۇقنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك
چۆرگىلەپ يۈرۈپ: «ھۇششىرە، يارايسەن، ئوغۇل بالا دېگەن ئىشنى
مانا مۇشۇنداق قىلىدىغان» دەپ تەنتەنە قىلاتتى، بازغاننى ھەر بىر
كۆتۈرگەندە، ھە-ھۇ قىلىپ، قۇتلۇققا مەدەت بېرەتتى، بازغان تاشقا
تەگكەن ھامان مۇشتۇمى بىلەن ئالقىنىغا ئۇراتتى. بىر يىلدىن بېرى،
ئۇنى تۇنجى قېتىم بۇنداق خۇشال ھالەتتە كۆرۈۋاتقان بەگبارسىمۇ
ھەيرانلىقىنى يوشۇرالمايۋاتاتتى.

شۇغىنىسى، تۇنباغانىڭ كۆكۆل كۆكسى بىر يۈزى كۈنگەي، بىر
يۈزى تەسكەي ئېگىز تاغدەك يېرىمى يورۇق ۋە يېرىمى تۇتۇق ئىدى.
يورۇق يېرىدىن كۈلكە چىقاتتى، ئۇ يەردە قاغانغا ئۈمىد ۋە ئۆز-ئۆزىگە
تەسەللى تولۇپ ياتاتتى، تۇتۇق يۈزىگە ئەل-يۇرت غېمى ۋە تەشۋىش
يوشۇرۇنغانىدى.

ئۇ بىلەتتىكى، يېقىندىن بېرى ئۇن ئوقلار يېرىدە ماكان تۇتقان
ئۈچ قارلۇقلار قاغان ئېلتەبىرنى كۆزگە ئىلماي، ئۆز يابغۇسىنىڭ
ھىماتى بىلەن كۈنسېرى كۈچلىنىپ، ئالتۇنتاغدىن كۈنچىقىش تەرەپكە
قاراپ سۈرۈلۈۋاتاتتى، بويۇنتاۋلىق قىلىپ، باج-ئولپاندىن ئۆزىنى قا-
چۇرۇۋاتاتتى. ئەگەر لەشكەر چىقىرىپ توسۇلمىسا، چوڭ ئاپەتكە ئايلى-
ناتتى.

شىمالدىكى خاكاسلارمۇ ئۆز ئېلتەبىرىنى قاغانلىققا كۆتۈرۈپ،
كۈچ توپلىماقتا ۋە جەنۇب تەرەپكە قاراپ كۆز سالماقتا ئىدى. تىزىنى
باسسا، مىزى قوپاتتى. ئۇ يەردىكى ئۇيغۇر ئېلتەبىرىمۇ كارغا كەلمەيۋا-
تاتتى. مۇبادا خاكاسلار يېرىگە لەشكەر ئەۋەتىلمىسە، ئاھالە كۆچۈرۈپ

ئادەم ئاۋۇتىلمىسا، ئەھۋال چاتاق ئىدى.

تەرەپ-تەرەپتىن ئۇزۇلمەي كېلىۋاتقان بوندىاق شۇم خەۋەر بۆكۈ قاغانغا ئايانىدى. قاغان بولسا قولىقنى يوپۇرۇۋېلىپ، ئەيش-ئىشرەت بىلەن مەشغۇل بولىۋاتاتتى.

كەچ كىرىپ، قاش قارايدى، گومبۇرلىگەن بازغان ئۇنى ئاستا-ئاستا شالاڭلاشقا باشلىدى. بازغانچىلارمۇ، تاشچىلارمۇ ئۆز ئىشىنى يىغىشتۇردى ۋە ھەر كىم ئۆز تۇرالغۇسىغا كىرىپ، ئوت ياققانلىرى ئوت ياقتى، قازان ئاسىدىغانلىرى قازان ئاستى. بىلەكلىرى سۇنۇپ كەتكەنىدەك سىرقىراۋاتقان لەشكەرلەرمۇ، بارماقلىرى قاناپ كەتكەن تاشچىلارمۇ ئاستا-ئاستا ئۇيقۇغا كېتىشتى.

بايىرقۇ ۋە چوبەلەردىن كېلىدىغان ئېلتەبىرلەر بىلەن كۆرۈشۈش-كە پۇتۇشۇپ قويغىنى ئۈچۈن، تونباغا تارخان شەھەرگە قايتماقچى بولدى. قورۇقچىلارنى ئاۋارە قىلىشنىمۇ خالىمىدى. لەشكەرلىرىنى بەگ-بارسقا تاپشۇردى-دە، تاراس بىلەن قوتلۇقنى ئەگەشتۈرۈپ شەھەرگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

قارا بولۇت قاپلاپ كەتكەن كەڭ ئاسماندا نە ئايمۇ، نە يۇلتۇزمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئاسمان بىلەن يەر ئارىسى پەۋەس قارا بوياق تولدۇرۇل-غان چوڭ ئىدىشقا ئوخشايتتى. بۇ ئىدىشنىڭ شىمال تەرىپىدە پەيدا بولغان قوتۇپ ياغدۇسى تاڭ شامىلىدا يەلپۈنۈۋاتقان كۆك شايىدەك لىغىرلايتتى. توزغاقتەك توزۇپ تۇرغان قار ئۇچقۇنى يۈزگە تېگىپ ئېرىگەن چاغدىلا، ئۇلار چوش بىلەن تەڭ ئۇچقۇنداشقا باشلىغان ئاجىز قارنىڭ ھېلىھەم يېغىۋاتقىنىغا ھۆكۈم قىلالايتتى.

شادا پاچاق، نوغۇچ بەللىك «ئاسلقارا» مىگىپ ئۆگەنگەن يولىدا خۇددى قىليورغىدەك يورغىلايتتى، كۆچلۈك تۇياقلىرى شور ئۆرلەپ تۇرىدىغان ھۆل توپىلىق يول يۈزىگە چىك-چىك تەگكەن بىلەن، قوي

ماگغانچىلىكمۇ شەپە چىقارمايتتى. ساغرا زەنجىرىنىڭ شىپىرلىشى ۋە قاياقتىندۇر كېلىۋاتقان سۇس ھۇۋۇلاشلاردىن بۆلەك، پۈتكۈل يايلاق زېرىكەرلىك سۈكۈناتقا ئەسىر بولغانىدى.

كەڭ يايلاقنىڭ ئادەم شالاڭ بىر يېرىدە چوڭ بولغان قۇتلۇق ئۈچۈن، بۇنداق يول ۋە بۇنداق سۈكۈنات ئۆگىنىپ كەتكەن ئەرمەك ھېسابلىناتتى. بىر چاغلاردا ئوتتۇن كېسىپ، ياكى پىتراپ كەتكەن قويىنى ئىزدەپ كەچ قالغاندا، ئۇ مۇشۇنداق يايلاقتا، مۇشۇنداق قاراڭغۇدا بىر ئۆزىلا يول يۈرەتتى. جىمجىتلىقنى بۇزغۇسى كېلىپ، خاتىرىسىنىڭ ئۇ يەر، بۇ يېرىدە ساقلىنىپ قالغان ئەللەي ناخشىسىنى يادىغا ئالاتتى — دە، كەلسۇن-كەلمىسۇن بولۇشىغا غىڭشىيتتى.

بۈگۈنكى بۇ كېچىلىك سەپەر ئالدىقاچان ئۆتمۈشكە ئايلانغان ئاشۇ بالىلىق چاغلىرىنى، ئاشۇ كونا ئاھاڭلارنى قۇتلۇقنىڭ يادىغا سېلىۋاتاتتى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ قۇربانىغا ئايلانغان ئۈيقۇلۇق يەرنىمۇ، قارا كۆكنىمۇ، تونباغانىمۇ، تاراسىنىمۇ يادىدىن چىقارماقتىدى. ئاشۇ تونۇش مۇڭ، ئاشۇ تونۇش كۈي ۋۇجۇدىدىن تېشىۋاتقان ۋولقاندەك كۆۋەجەپ تۇراتتى، بەزى-بەزىدە، دەل بوغۇزىغا كېلىپ پارتلاپمۇ قالاتتى.

— ھاۋ... ھاۋ... كۈچىكىڭىز كەلدى، بالام،

— دىك ... دىك... دىك... توشقىنىڭىز كەلدى، بالام...

قۇتلۇق ئاڭلىنار-ئاڭلانماس غىڭشىپ كېلىۋېتىپ، كەلگەن يېرىدە توختاپ قانداقتۇر بىر شەپىگە زەن قويىۋاتقان تونباغاغا ئۇسۇۋالغىلى تاس قالدى.

— بولدى، ئۇنىڭنى ئۆچەر، — دېدى تونباغا قاراڭغۇدا ئوڭ قولىنى كەينىگە سوزۇپ.

ئۇلار شەھەرگە ئۇن يىتىم كېلىدىغان يەردە توختاشقانىدى.

راست دېگەندەك، جەنۇب تەرەپتىن سوزۇلۇپ كېلىپ تەگرىقاغان يولغا قوشۇلىدىغان ئوغرى چىغىر تەرەپتىن گۇڭگۇر-مۇڭگۇر ئاۋاز كېلىۋاتاتتى، بۇ ئاۋازغا قوشۇلۇپ، ئاتلارنىڭ ئېغىر پۇشۇلداشلىرىمۇ، تۆگىنىڭ سالماق قەدەم تاشلىشىمۇ بارغانسېرى ئېنىق ئاڭلانماقتا ئىدى.

«شەھەر قوۋۇقى تاقىلىدىغان، دەستەكسىزلەر يول يۈرەلمەيدىغان بۇنداق چاغدا بۇ تەرەپكە كېلىۋاتقانلار زادى كىمدۇ؟ كارۋانمىدۇ-يا؟ ياق، بۇنداق سوغۇق كۈنلەردە نەنىڭ كارۋىنى ئۇ بۇ يەرگە كېلىدىغان؟»

دۆك كەينىدە ئۇۋ پايلاپ ياتقان قاپلاندەك مۆكۈپ تۇرغان تۈنباغا نامەلۇم كىشىلەر دۆك يېنىغا كېلىشى بىلەن تەك بىرلا سەكرەپ يول ئوتتۇرىسىغا چۈشتى-دە:

— كىمسەن، جايىڭدا توختا، دەستىكىڭ بولسا دەستەكنى چىقار، گېپىڭ بولسا گېپىڭنى دە! — دېدى، جىنىنىڭ بارىچە ھۆركىرەپ.

نامەلۇم كىشىلەر تىلى تاڭلىيىغا چاپلىشىپ قالغاندەك، بىر ئېغىزمۇ ئۈنچىقمىدى. تۈنباغا قىلىچىنى يالىڭاچلاپ قەدەممۇقەدەم قىستاپ كېلىۋەردى. قۇتلۇق بىلەن تاراسمۇ دادىسىغا ئەگەشتى. قورسىقىدا جىنى بارمۇ، ياكى قورقۇنچى غالىب كەلدىمۇ، نامەلۇم كىشىلەر قولىدىكى تىزگىننى تاشلاپ شەمشەرلىرىنى قىنىدىن سۇغۇرۇشتى. ھېچ نەرسىنى كۆرۈپ بولمىسىمۇ، لېكىن شەمشەرنىڭ قىنىدىن سۇغۇرۇلۇۋاتقىنىنى تۇيۇپ قالغان تۈنباغا ئالدىن قول سېلىپ تۆت كىشىنى ئارقىمۇئارقا يەرگە يىقىتتى.

— سەنلەر كىملەر، راست گېپىڭنى قىلىش، بولمىسا جېنىڭنى ئېلىپ يېنىڭدا قويىمەن! — دېدى ئۇ، بىرەيلەننىڭ گەجگىسىگە دەسسەپ تۇرۇپ.

— بوينۇم سۇنۇپ كېتەي دەپلا قالدى، ئاياغلىرىنى بوشاتسىلا

دەيدىغاننى دەي، دېگىنىمگە كۆنمىسلە، بالاغا قالالىمكىن!
تۇنباغا ئۇيغۇرچىغا تىلى ئەپلەشمەيۋاتقىنىغا قاراپ، ئۇلارنى بىر بولسا سوغداقلار ياكى بىر بولسا تاگلىقلار دەپ پەرەز قىلدى ۋە يوغان گەپ قىلىۋاتقىنىدىن ئەرۋاھى ئۇچۇپ، قويقا چاچلىرى تىك تۇرۇپ كەتتى، شۇنداق بولسىمۇ ئاچچىقىنى بېسىپ، «ئۇلارنى بىر سۆزلىتىپ باقمايمەنمۇ» دېگەن ئوي بىلەن دېدى:
— قېنى، راست گېپىڭنى دە، ئۆزۈڭ كىمسەن، نەدىن كېلىۋاتىسەن، كىمنى پاناھ تارتىپ كېلىۋاتىسەن؟
يەردە ياتقان بىرى چالا بوغۇزلانغان قويدەك خىرقىراپ تۇرۇپ ئېغىز ئاچتى:
- بىز ئۇلۇغ تاڭ ئېلىنىڭ بۈيۈك سەردارى بۆكۈ قەيىن جانابلىرىنىڭ ھۇزۇرىدىن كېلىۋاتىمىز.
— قاغانىمىزغا سوۋغات ئېلىپمۇ؟
— قاغان بىلەن ئۇلپەتلىشىدىغانغا ھەپسىلىمىز يوق، پەقەت جانابىي موژاك بىلەن كۆرۈشۈپ، بۆكۈ قەيىنىنىڭ ئامانىتىنى تاپشۇرۇپ بېرىپ، سۆزنى يەتكۈزمەكچىمىز!
— ئەمدىغۇ يولنى بوشتارسەن، قاراپ تۇرۇپ گۇناھقا پاتاي دەمسەن يا چۈپرەندە، — دېدى، نامەلۇم كىشىلەردىن بىرى تۇنباغاغا ھەيۋە قىلىپ.
مۆمىن كىشىنىڭمۇ ئۇغىسىنى قايىنىتىدىغان بۇ ھاقارەتلەر تۇنباغاغا ئانچە تەسىر قىلمىدى. ئۇ ئەمدى ئاچچىقلانمىدى، غەزەپلەنمىدى، ئۆزىگە ھاي بېرىپ ئەقىل بىلەن ئىش قىلىش قارارىغا كەلدى. ئۇنىڭچە بۇلاردا مۇھىم بىر سىر بار ئىدى، بۇ سىر ئېچىلسا، تەھقىقكى، ئۇ نۇرغۇن سوئاللىرىغا جاۋاب تاپالايتتى، بۆكە قەيىن بىلەن موژاكنىڭ بىر يىپ بىلەن چېتىلىشى ياخشىلىقتىن دېرەك بەرمەيتتى.

— ھەي باتۇر جەڭچىلەر، بۇ ئەلچىلەرنى مەھكەم باغلاڭلار، ئۇلارنى ئۆچۈرمىسە ئاغزىغا توپا تىقىڭلار، گېپىڭلارغا كىرمىسە بېشىنى كېسىپ قاغا-قۇزغۇنغا يەم قىلىپ بېرىڭلار!

تونباغا ئوغۇللىرىغا شۇنداق بۇيرۇدى ـ دە، ئۇلارنى چەمبەر-چاس قىلىپ باغلاتقۇزدى. يەتتە ئات ۋە ئون تۆگىلىك مال-دۇنيانى ئۆز ئىلكىگە ئېلىپ، قۇلقارانىڭ مەنزىلىگە قاراپ ھەيدەپ مېڭىشتى.

## 13. قۇتلۇقنىڭ بىر ئىشى

كەدىرەنى نەزەردىن ساقىت قىلغاندا، تاراس تونباغانىڭ ئەڭ تۇنجى، شۇنداقلا ئەڭ كەنجى ئوغلى بولۇپ ھېسابلىناتتى. يىللار قەدىمى يېشىغا ياش، بويىغا بوي قوشقان، بۇرۇتى ئۇسمىدەك خەت تارتىپ يىگىتلىك يېشىغا يانداشقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ باللىق خۇي-پەيلى تېخى ئۆزگەرمەيۋاتاتتى. دۇرۇس، «سۈت بىلەن كىرگەن خۇي سۈت بەرگۈچىنى تارتىدۇ» دېگەن گەپ بىكار ئەمەس ئوخشايدۇ، ئۇ ئانىسىنى ئەمەس بەلكى كالا-قوي سۈتى ئېمىپ چوڭ بولغاچقىمۇ مىجەزىدە كالىنىمۇ، قوينىمۇ تارتقانىدى. بىراق، ئۇ ھەرقانچە ئېغىر، ھەرقانچە ياۋاش بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، ئۆز نەسەبىنى بىلمىگۈدەك دەرىجىدە دۆت ئەمەس ئىدى.

تاراس ئادەتتە، تۈمەنباشى، ئېلتەبىرلەر كىيىپ يۈرۈيدىغان تاۋار تاشلىق كەمزۇل كىيەتتى، قىش كۈنلىرى چەكمەن تاشلىق جۇۋا كىيىپ قار بوۋايدەك قېتىۋالاتتى، جۇۋىنىڭ ئۈستىدىن تۆت ئىلىك كەڭلىكتىكى كۆن كەمەر باغلايتتى، كەمىرىگە سۆلەت ئۈچۈن ئېسىۋال-

غان قىسقا قىلىچى، كۈمۈش ساپلىق خەنجىرى ئۇنى بالا لەشكەردەك كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئۇ بەگبارىسقا ھەۋەس قىلاتتى، يول يۈرگەندە بەگبارىستەك ئىغىناپ، ئۆردەكتەك قەدەم تاشلايتتى، ئات ئۈستىدە بەگبارىستەك يانتۇ ئولتۇراتتى، گەپ-سۆزىنىمۇ ئۇنى دورايتتى، دوراي-مەن دەپ كۈلكىلىك قىلىقلارنى قىلىپ قويۇشتىنمۇ خالىي بولالمايتتى. ئۇ كىيىنگەندە چۆرىلەرسىز ئىشى پۈتمەيتتى، كىيىنىۋېتىپ ئۇخلاپمۇ قالاتتى، غىزا يېيىشتىمۇ، چۈش قورۇشتىمۇ بەزىدە چۆرىلەرگە مۇراجە-ئەت قىلاتتى، بىرەر ئىت ياكى مۈشۈك كۆردىمۇ، بەئەينى جەددال كۆرگەندەك، رەڭگى ئۆڭۈپ غال-غال تىترەيتتى.

— ھەي، كىمنى تارتتىكىن بۇ بالا، ئانىسنى تارتتىمىكىن دىسەم، ئانىسى ئۇماي[1] دەك ئەقىللىق، ئوغلاقتەك چاققان بىر مەزلۇم ئىدى، مېنى تارتتىمىكىن دىسەم، مەن ئۇنىڭ يېشىدا جەڭگاھلاردا مىڭ لەشكەرگە سەردار بولۇپ يۈگۈرۈپ يۈرەتتىم...

تاراسقا سىگدۇرگەن ئەجرىنىڭ شامالغا ئۇچۇپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرگەن تۇنباغا بەزىدە مانا شۇنداق دەپ قاقشاپمۇ قويىاتتى.

راست، تاراستا ئۆزىنىڭكىدەك، يەنى ئەجدادلىرىنىڭكىدەك بىر مىجەز يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۇ ئاز بولمىغان يۈرەك قېنىنى سىگدۈردى، ئالتە يېشىدىن باشلاپ ئۇنىڭ يېنىدا خاس مەشقاۋۇل ۋە ئۇستاز تۇرغۇزدى، كۆزى ئېچىلسۇن دەپ بەزى مۇراسىملارغا بىللە ئېلىپ باردى، يۈرىكى قاتسۇن دەپ ئاۋۋال كەكلىك، كېيىن قوي بوغۇزلاشنى ئۆگەتتى. ھاسىلات شۇ بولدىكى، بۇ ئۇرۇنۇشلارنىڭ ھېچقاندىقى ئارزۇسىدەك ئۈنۈم بەرمىدى، قارىغاندا زاھىتلارچە رايىشلىق، ھۇرۇنلار-

---

[1] ئۇماي — شامان ئېتىقادىدا ئىلاھلارنىڭ بىرى، ئۇيغۇرلاردا بالىلارنىڭ ھامىي-سى، شەپقەت ئانىسى.

چە ئېزىلەڭگۈلۈك قان-قېنىغا سىڭىپ، ئۇنىڭ مىجەزىنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالغاندەك قىلاتتى. بۇ مىجەز ئۇز رىزقىنى ئات ئۇستىدىن، يوشۇ-رۇن ۋە ئاشكارا قان تۆكۈشلەر ئارىسىدىن تاپىدىغان، ئۇنى باھادىرلىق بەدىلىگە قوغدايدىغان ئوتلاق ئادەملىرى ئۈچۈن، مۇھىمى سۆڭىكى ئاق ياغلاقار ئەۋلادى ئۈچۈن ئەجەللىك بىر نۇقسان ھېسابلىناتتى. ئۆزىدىن كېيىن قالغاندا ئاتا مىراس سەردارلىقنى ساقلاپ قالالايدى-غان-قالالمايدىغانلىقىغا بىر نېمە دېيەلمەيتتى.

ئەمما، ئوغلى تاراس تولىمۇ بىتەلەي ۋە شور پېشانە بالا ئىدى. تېخى زاكىسى قۇرىمايلا، ئۇ ئانىسىدىن مەھرۇم بولدى. قىسقىسى ئۈچ ئايغا، ئۇزۇنى بىرەر يىلغا سوزۇلىدىغان ئايغى چىقماس لەشكىري يۈرۈشلەر، مىڭىنىڭ قېتىقىنى چىقىرىۋېتىدىغان ئوردا قاتىلاڭچىلىقلىرى، تۈگىمەس قورساق سوقۇشلىرى ئۇنىڭ ئاتىلىق بۇرچىنى، شۇنداقلا ئانىلىق بۇرچىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئادا قىلىشىغا توسقۇن بولدى. ئوچۇقنى ئېيتقاندا،تاراس ئاتا-ئانا تەربىيىسىدە ئەمەس، بەلكى ئىنىك-ئانا ۋە توقال، دېدەكلەرنىڭ تەربىيىسىدە چوڭ بولدى، ئېچىرقىغاندا تويۇنالمىدى، يىغلىغاندا تەسەللى تاپالمىدى، قورققاندا مەدەت ئالالمى-دى، ئاخىر، چاڭقاق يەردە ئۈنگەن دەرەخ شاخ يايالمىغاندەك، ئانىسىز قوزا ئەت ئالالمىغاندەك ئىش بولدى، ئەمدىلىكتە ئۇ ئوغلىنى نېمىدەپ ئەيىبلىيەلەيدۇ، نېمىدەپ ھۆرۈن دېيەلەيدۇ؟

تۇنباغا سەۋەنلىكنى ئۆزىدىن كۆرەتتى، ئوغلىنى ۋاقىتسىزلا يېتىم قىلغان تەقدىرنى ئەيىبلەيتتى، دەردىنى تېشىغا چىقارمايتتى، ئوغلىنىڭ كۆڭلىنى ئايايتتى، ئۇنى ئاقچى-كۆكچى دېيىشكە، قاتتىق قوللۇق قىلىشقا، ئەقەللىيسى يۈزتۇرانە تەنبىھ بېرىشكىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتى.

«قارىغۇنى كۆزدىن ئايرىسىمۇ، ھاسسىدىن ئايرىماپتۇ» دېگىنى راست ئوخشايدۇ، قىسمەت شاملى كۆتۈلمىگەن بىر پەيتتە يېتىم

قۇتلۇقنى تۇنباغانىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ تاشلىدى. قورسىقىدا تۇگۈز
قاترايدىغان ئاشۇ سوغداقلار ئەسلىدە، ئۇنىڭ ھۆكۈمىگە شىلتىڭ
ئېتىپ، قارشىلاشماقچى، چىشىغا تەگمەكچى بولغانىدى. بىراق، ئۇلار-
نىڭ قىلمىشى ئەكسىچە ئۈنۈم بەردى. ئۇ پېشانىسى ئوچۇق، زېھنى
ئۆتكۈر، ھەيران قالغۇدەك مەرگەن بالا قۇتلۇقنى بىر كۆرۈپلا ياقتۇرۇپ
قالدى ۋە ئۇنى ئۆز قوينىغا ئالدى. گەرچە ئۇنى «ئوغلۇم» دەيدىغان
چاغلىرى كۆپ بولمىسىمۇ، ئەمەلدە ئۇ يەنە بىر ئوغۇللۇق بولۇپ
قالدى. قۇتلۇقنىڭ كىشىنى سۆيۈندۈرگۈدەك چېچەنلىكىگە قايىل بول-
غان تۇنباغا ئوخشاشلا ئۇنىڭ ئۈچۈن خاس ئۇستاز ۋە خاس مەشقاۋۇل
بەلگىلەپ بەردى. ئۇنىمۇ ئوخشاشلا كەينىگە سېلىپ يۈرۈپ دۇنيانى
كۆرسەتتى. قۇتلۇق تاراسنىڭ كەمچىلىكى، ئەقلىدىكى چولتىلىقى سە-
ۋەبلىك تۇنباغانىڭ ئۈمىد ئاسمىنىدا پەيدا بولغان بوشلۇقنى بىر-بىر-
لەپ تولدۇرۇشقا باشلىدى.

«بۇمۇ قاملاشقىنى، تاراس بىلەن قۇتلۇق ئاكا-ئۇكا بولىشىپ
ئىناق ئۆتسە، قۇتلۇق تاراسقا ھەمدەم بولسا كېيىنكى ئىشلاردىن غەم
قىلمىسامۇ بولغۇدەك...»

تۇنباغا بەزىدە شۇنداق ئويلاپ قالاتتى، «كۆرۈنگەن تاغ يىراق
ئەمەس» دېگەندەك، بەزىدە ئۆتكۈر نەزىرىنى كۆز ئالدىغىلا كېلىپ
قالغان كېلەر كۈنلەرگە ئاغدۇراتتى. بۆكۈ قاغاننىڭ ئامراق قىزى تاراس
بىلەن، كۈنىگە بىر غېرىچچە بوي تارتىۋاتقان ئوماق كەدىرە قۇتلۇق
بىلەن قول تۇتىشىپ كۆز ئالدىدىن ئۆتكەندەك بولاتتى، ئۇ كەمدىن-
كەم تېپىلىدىغان كۈلكىسىنى كۈلەتتى، ئۇلارغا چىن كۆڭلىدىن بەخت
تىلەيتتى، دۇئا قىلاتتى.

تاراسنىڭ دادىسىنى ئەڭ خۇشال قىلغان يېرى، ئۇ ياتسىراپ
تۇرغان قۇتلۇقنى ئېسىلزادىلەرنىڭ ئەۋلادىغا خاس كەڭ قورساقلىق

بىلەن قوبۇل قىلدى، دادىسىنىڭ «بۇ سىڭنىڭ ئاكاڭ بولىدۇ» دېگەن بىر ئېغىز گېپى بىلەنلا ئۇنى ئاكا قىلىۋالدى. بىرقانچە قۇر دۇردۇن كىيىملىنى، قىممەتباھا كالتە جۇۋىسىنى مەردلىك بىلەن ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلىۋەتتى. كەدىرەمۇ قۇتلۇقنى چوڭچوڭ تىلى بىلەن «ئاكام» دەپ چاقىرىدىغان بولدى. بۇ ھال تۇنباغانى باش ئۇستىدىن بېسىپ تۇرغان قورام تاشنى ئېلىۋەتكەندەك يەڭگىل ھېس قىلدۇردى.

بىراق، ھېلىقى كۈنى يۈز بەرگەن كىچىككىنە بىر ۋەقە تۇنباغانى سەل ئەپسۇسلاندۇرۇپ قويدى.

ئۇ كۈنى نامەلۇم يولۇچىلارنى ھەيدەپ تاغ ئارقىسىغا يول ئالغان تۇنباغالار تاڭ سۈزۈلگەندە ئاندىن قۇلقارانىڭ مەنزىلىگە يېتىپ كېلىشـتى، بۇ يەر شەھەردىن يىراق ۋە تىنچ جاي ئىدى، ئۇتلاقتىن تارتىپ، چوڭ-كىچىك ئادەملەرگىچە تۇنباغاغا قارام بولغاچ، سىر ساقلاشمۇ تەسكە توختىمايتتى.

تۇنباغا بۇ يەرگە كېلىپ، كۆك تەڭرىنىڭ نامى بىلەن قۇربانلىق قىلدى، ئىبادەتتىن پارىغ بولۇپ، كۆزى تېگىلگەن تۆت «ئەلچى»نى خالىي بىر ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ سوراق قىلىشقا باشلىدى. تاراس بىلەن قۇتلۇق شەمشەرلىرىنى چىڭ تۇتقان پېتى دادىسىنىڭ يېنىدا پىداكار جەڭچىلەردەك تىك تۇرۇشتى، بەستىدىن كۈچ تېمىپ تۇرىدىغان قۇلقارا ئەڭ مەمەدان «ئەلچى»دىن بىرنى سۆرەپ كېلىپ، خوجايىنىنىڭ ئالدىدا تىزلاندۇردى. تۇنباغا سوراقنى باشلىدى:

— قېنى ئېيت، ئېتىڭ نېمە، ئەمىلىڭچۇ؟

— خوجا ئاكاڭنى ئاۋۋال ھۆرمەتلىك موۋاكىنىڭ ھۇزۇرىغا باشلاپ بار، سوئالىڭغا ئۇنىڭ ئۆزى جاۋاب بېرىدۇ!

— ئارىلىقنى يىراق كۆرمىسەڭ، بىزنى چوڭ ئاستانىدىكى بۈيۈك سەردار بۆكۈ قەيىن جانابلىرىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بار، سوئالىڭغا ئۇ

سەردارنىڭ ئۆزى جاۋاب بېرىدۇ، — دېدى، تېخى سوراق نۆۋىتى كەلمىگەن، ئۆي تۇۋرۇكىگە باغلىۋېتىلگەن ئۈچ «ئەلچى»دىن بىرى قوپاللىق بىلەن گەپ قىستۇرۇپ.

بۇ گەپلەر تۇنباغانىڭ غەزىپىنى قوزغاپ قويدى. ئۇ بۇ هاكاۋۇر تۇتقۇنلارنىڭ نوخلىسىنى ئېلىپ قويمىسا بولمايدىغانلىقىنى تۇيۇپ قىلىچىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ھېلىلا چېپىۋېتىدىغان ئەلپازدا ھۆركىرىدى:

— بىلىپ قوي ئەبلەخ، بۇ يەر ئۇردۇبالىقتا بىر كۈنلۈك كېلىدى-غان پىنهان مەنزىل، سەنلەرنى گەپ-سۆزسىزلا جەهەننەمگە ئۇزىتى-ۋەتسەم ئۆلگىنىڭنى ئىنس-جىنمۇ تۇيمايدۇ. راست گېپىڭنى قىلامسەن يا ئۆلۈمنى تاللامسەن؟

تۇنباغانىڭ بۇ چارىسى ئۈنۈم بەردى، تۇۋرۇككە باغلانغان «ئەل-چى»لەردىن بىرى دەرهال زۇۋانغا كەلدى:

— بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە بېگىم، ئۆز يۇرتۇمدا قېرى ئانام، نارەسىدە بالىلىرىم بار، بۇ سوغداقلار مېنى قورقۇتۇپ تۆگە يېتىلەتكۈزدى، بىلىدىغىنىمنىڭ ھەممىسىنى دەي، مەن دەي... — دېدى، قورقىنىدىن دۇدۇقلاپ.

— تۇفى ... تۈزكور!

يېنىدا باغلاقلىق تۇرغان بىر «ئەلچى» ئۇنىڭ يۈزىگە شالاقىدە بىرنى تۈكۈردى.

ئەمىرلەشكەر تۇنباغا بۇ كەكە ساقال، ئەرۋاهتەك ئورۇق تۆگىچە-گە «قېنى، دەيدىغىنىڭنى دەۋەرمەمسەن» دېگەندەك گۆلىيىپ قارىۋې-دى، ئۇ سۆزلەشكە باشلىدى:

— بۇ سوغداقلار قارا نىيەت ئادەملەر ئىكەن، يول ئۈستىدە گەپ-سۆزگە قۇلاق سالسام، ئۇلار بۆكە قەيىن دېگەن چوڭ سەردار-نىڭ يېقىنلىرى ئىمىش، ئاۋۇ قېرى ھەممەيلەننى باشقۇرىدىكەن، بۇلار

مېنى سوغداقچىنى بىلمەيدۇ دەپ ئاغزىغا كەلگەننى دەۋەردى، لېكىن مەن سوغداقچىنى ئوبدان بىلمەن...

— ئاغزىڭنى يۇم، ئايغاقچى تابغاچ ...

سوراق چاشكىغىچە داۋام قىلدى. سوراقتا تۇنباغا بۇ ئۈچ سوغداقنىڭ بۆكۈ قەيىن بىلەن موژاك ئارىسىدا قاتناپ تۇرىدىغان مەخپىي «ئەلچى»لەر ئىكەنلىكىنى، تاك ئوردىسىغا قارشى توپلاك قوزغىماقچى بولۇۋاتقان بۆكۈ قەيىن موژاك ئارقىلىق، بۆكۈ قاغاننى ئوردا ئۈستىگە لەشكەر تارتىشقا كۈندۈرمەكچى بولغانلىقىنى بىلىۋالدى. ئۇلار بىر يىل ئاۋۋال ئوردۇبالىقتا خۇپىيانە كېلىپ موژاك بىلەن ئۇچراشقان ۋە قانداق كەلگەن بولسا شۇنداق قايتىپ كەتكەنىكەن. ئات، تۆگىلەردىكى تاۋار-دۇردۇن ۋە ئۈنچە- مەرۋايىتلار قاغاننى ئىندەككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان يەمچۈكى ئىكەن.

تۆگىچىنىڭ ئاۋازى بېسىقا-بېسىقمايلا ئاچچىقلانغان تۇنباغا خۇددى غالىبلاردەك ھجىيىپ تۇرغان باشچى سوغداقنى كېلىشتۈرۈپ بىر تەستەك ئۇرۇۋەتتى ۋە:

— چۆچۈرنى خام ساناپسەن ئەبلەخلەر، سەنلەر بىزنىڭ بۈيۈك قاغانىمىزنى بىلىشمەيسەن، دەپ قوياي، ئۇنىڭ ئاتىسى قۇياش، ئانىسى ئاي، كۆك تەڭرى ئۇيغۇرلارغا ئىنئام قىلغان تەگرىزادە، ئۇ سەندەكلەرگە گول بولمايدۇ، بۆكۈ قەيىندەك چۈپرەندىلەرنىڭ گېپىگە كىرمەيدۇ، ئەمدى نېمە دەيسەن؟ — دېۋىدى، باشچى سوغداق يەنە بىلجىرلاشقا باشلىدى:

— ھەي بىچارە ئىنسان، ئەپتىڭدىن قارىغاندا قويچى قول ئوخشايسەن، تازا بولساڭ يۈز باشىدۇرسەن، بىلىپ قوي، سەن چوڭ بىلگەن ئۇ قاغانىڭ موژاكنىڭ ئالقىنىدىكى بىر قونچاققا ئايلانغان. ھۆرمەتلىك موژاك ئالقىنىنى تۈز تۇتسىلا قاغانىڭنىڭ كۈنى تۇغدى

دېگەن شۇ، مۇبادا ئۇ ئالقىنىنى شۇنداق دوم قىلسا ئۇ ئۆزىنى جەھەننەمدە كۆرىدۇ. قونچاقنىڭ ئالقىنىدىكى قونچاق تۇرۇقلۇق بىزگە يەنە نېمىشقا يوغان گەپ قىلسەن، ئەڭ ياخشىسى بىزنى قويۇپ بەر، موژاكىنىڭ ئالدىغا بېرىپ بىر قوشۇق قېنىڭنى تىلە. بىز چاپسان شەھەرگە كىرىشىمىز كېرەك.

— مەن قويۇپ بەرگەن بىلەن، باتۇر قورۇقچىلىرىمىز سەندەك شۇم ئاياغلارنى شەھەر قوۋۇقىدىن كىرگۈزۈشمەيدۇ، پۇتۇڭنى يەرگە تەگكۈزمەي قوۋۇق بېگىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارىدۇ!

— هاھ... هاھ... هاھ...

باشچى سوغداق كوچىدا ئەركىن سەيلە قىلىپ كېتىۋاتقاندەك ئۇنىنى قويۇۋېتىپ كۈلدى ۋە تۇنباغاغا دېدى:

— قېنى خاپا بولماي قالپىقىمنى ئېلىۋېتە قويچى، ئۇ يەردە نېمىنى كۆرسەنكىن؟

تۇنباغا ھاقارەتلەنگىنىنى ھېس قىلدى، بىراق، ئۇ ئۆزىنى قونچاق دېسە نېمە بولۇپتۇ، قويچى دېسە نېمە بولۇپتۇ، ئۇ نېمە دېسە شۇ بولۇپ كەتمەيدىغۇ ئاخىر. بۇلار ئانچە مۇھىم ئەمەس، مۇھىمى...

ئەمرلەشكەر لەۋلىرىنى مەھكەم چىشلىدى، قىلىچ سېپىنى سىقىم-دىۋالغان قولىنى بوشاتتى، قىزارغان كۆزلىرىنى يېرىم يۇمدى، يۈزىدى-كى مۇلدۇردەك تەپچىپ تۇرغان قارا تەرنى سۈرتۈۋەتتى - دە، قۇتلۇققا «قېنى، ئۇنىڭ قالپىقىنى ئېلىۋەت» دېگەندەك ئىشارەت قىلدى.

قۇتلۇق قىلىچىنىڭ ئۇچى بىلەن شۇنداق نوقۇۋىدى، باشچى سوغداقنىڭ ئۇزۇن قالپىقى پوككىدە قىلىپ يەرگە چۈشتى. ئالقان چوڭلۇقىدىكى بىر دەستەكمۇ قالپاق بىلەن تەڭ يەرگە چۈشتى. بۇ نەرسە ھەممەيلەننىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى.

سوغداقلارنىڭ ئەلپازىدىن سەل ئەيمىنىپ تۇرغان تاراس زەر

دەستەكنى چۆچۈپ تۇرۇپ يەردىن ئېلىپ دادىسىغا ئۇزاتتى.

تۇنباغا دەستەككە قارىدى، كۆز ئېقى كېڭىيىپ، قارىچۇقى كى-
چىكلىدى، پېشانىسىدىن يەنە تەر تېپشىپ چىقتى، بارماقلىرى بىلى-
نەر-بىلىنمەس تىترىدى.

ۋەزىر، ئەمىرلەشكەر ۋە يابغۇ-تېكىنلارغىلا بېرىلىدىغان بۇنداق
دەستەك شۇنچىلىك قۇدرەتكە ئىگە ئىدىكى، ئۇنى كۆتۈرۈۋالغان ھەر-
قانداق ئادەم قاغانلىق دائىرىسىدىلا ئەمەس، بەلكى چوڭ ئاستانىدىمۇ
ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىدى. ئوردۇبالىقنىڭ ھەممىۋا قوۋۇقىدىن بىمالال
كىرىپ چىقالايتتى.

باشچى سوغداق تۇنباغانىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئېنىق
كۆردى. خۇددى بۇرنىغا كۆكۈيۈن كىرىۋالغان قېرى ئاتتەك، تۇنباغاغا
قاراپ، بېشىنى چايقىدى-دە، شۆلگەيلىرىنى چاچرىتىپ تۇرۇپ:

— چالماڭ ئەمدىغۇ سۇغا چۆشكەندۇ قويچى، كىملىكىمىزنى
بىلگەن بولغاندىكىن، بىزنى تېز قويۇۋەت، بولمىسا پۇشايماننى ئالدى-
غانغا قاچا تاپالماي قالىسەن جومۇ! — دېدى.

گۆرەن تومۇرى كۆپۈپ، چىرايى قارىداپ كەتكەن تۇنباغا غەزى-
پىنى زورىغا بېسىۋېلىپ سورىدى:

— قېنى ئېيتە، بۇ دەستەكنى قانداق قىلىپ قولغا چۈشۈردۇڭ؟

باشچى سوغداق تۇنباغاغا يەر تېگىدىن قاراپ قويدى، ئۆزىنى
كۆرسەتمەك بولدىمۇ، ياكى ئەمدى ئۆزىنى بىخەتەر دەپ ئويلىدىمۇ،
سوراققا توغرىدىن توغرا جاۋاب بەردى:

— راستىنىلا كالۋا بىر نېمىكەنسەن قويچى، زەر دەستەكنىڭ
كىمنىڭ قولىدىن چىقىدىغانلىقىنى بىلمىسەڭ، بولۇپتۇ ئېيتىپ بېرەي،
ئۇنى ماڭا ھۆرمەتلىك موژاك بەرگەن، بۇ قاغانىڭنىڭ رازىلىقى بىلەن
بولغان ئىش ئەلۋەتتە!

تۇنباغا تاش چاققۇچى لەشكەرلەر قېشىغا ئۆتۈك جۇۋا ۋە سالۋا تەلپەك كىيىپ كەلگەچكىمۇ، سوغداقلار ئۇنى قويچى قول دەپ ئاتى-دى. مەيلى ئۇلار نېمە دېسۇن، ئۇ تابغاچ تۆگىچىدىن ۋە كۆرەك سوغداقتىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلىۋالدى ـ دە، ئۆز سالاھىيىتىنى ئاشكارىلاپ قورسىقىنى بوشىتىۋېلىش، ئاندىن كېيىن كۆڭلىگە پۈككە-نى بويىچە ئىش قىلىش نىيىتىگە كەلدى.

ئۇنىڭ ئويلىنىپ قالغىنىنى قورقۇۋاتىدۇ دەپ چۈشەنگەن باشچى سوغداق تېخىمۇ ئەزۋەيلىگىلى تۇردى. تۇنباغا سوغداقلار بىلەن تاكال-لىشىۋېرىشنىڭ ئارتۇقچە ئاۋارىچىلىق بولىدىغانلىقىنى تۇيدى-دە، سول قولىنى قوينىغا سېلىپ، تاۋلانغان تۆمۈردەك پارقىراپ تۇرغان ئالتۇن دەستەكنى تارتىپ چىقاردى. ئۇ سوغداقلارنىڭ دەستىكى بىلەن ئۆز دەستىكىنى ئالقىنىغا قويۇپ، كۆرەك سوغداقنىڭ بۇرنىنىڭ ئۇچىغىچە ئېلىپ كەلدى، «بىچارە ئىنسان، ئەمدى مېنىڭ كىملىكىمنىمۇ بىلىپ قال» دېگەندەك، ئاستا پۇلاڭلاتتى.

باشچى سوغداق مىخقا ئۇسۇۋالغاندەك چۆچۈپ كەتتى، كۆز قارىچۇقى چاناقلىرىدىن ئىككى ئىلىك بۆرتۈپ چىقتى، چىرايى مۇمدەك قارايدى، كۆكىرىپ كەتكەن كالپۇكلىرى ئارىسىدىن پەقەت بىر ئېغىز سۆزلا ئېتىلىپ چىقالىدى:

— سەن ... سەن ئۆزۈڭ كىم؟

«ئاقىلغا ئىشارەت» دېگەندەك، ئەقلى-ھوشى جايىدا بولغان ھەرقانداق ئادەم ئۇچۇن ئالتۇن دەستەكلىك ئادەمگە «ئۆزۈڭ كىم؟» دېگەن سوئالنى قويۇش زىيادە گالۋاڭلىقتىن بېشارەت بېرەتتى. شۇڭا ئۇلار قانداق رەقىبكە دۇچ كەلگەنلىكىنى ناھايىتى تېزلا بىلىۋالدى ۋە قانداق ھىيلىلەر بىلەن تاقابىل تۇرۇش ئۈستىدە ئويلىنىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ بىلىشچە، ئۇيغۇر كاتتىلىرىنى ئالداش، پارا بىلەن قىزىقتۇرۇش تاشقا قوزۇق قاققاندىنمۇ مۇشكۇل ئىش ئىدى، قورۇق تېرە تاراقشىتىشلا

قاپقاندىن قوتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر ئەپلىك چارىسى ھېسابلىناتتى.
باشچى سوغداق ئۆزىگە تەمكىن تۈس بەردى، ھېچ ئىش بولمىغاندەك، سالماق قىياپەتكە كىرىۋالدى.
— بولدى، كىملىكىڭنى سۈرۈشتۈرمىسەممۇ سۈرۈشتۈرمەي، بىراق بىلىپ قالغىنكى، بۇيۇك سەردار بۆكۈ قەيىن 100 نەچچە مىڭ قوشۇن، تاڭغۇت ۋە ئۇيغۇر باتۇرلىرىنى باشلاپ كېلىپ چاڭئەن يېنىدا جەڭگە تۇتۇش قىلدى، لەشكەرلىرى ئارىسىدا قاغانىڭ ئەۋەتكەن نەچچە مىڭ ئۇيغۇر ئاتلىقلىرىمۇ بار ئىدى. قەيىن سەردار پات ئارىدا ھالسىراپ جۇلقى چىقىپ كەتكەن تاڭ ئېلىنى ئۆز ئىلكىگە ئالىدۇ. قاغانىڭمۇ بىر پەشۋاغا يارىمايدۇ، نىيىتىڭدىن يېنىپ خوجا ئاكاڭنى ھۆرمەتلىك موۋاكىنىڭ ئالدىغا باشلاپ بارساڭ بەلكى گۇناھىڭدىن ئۆتەرمىز، ئىنئام بېرىپ، مەرتىۋەڭنى ئۈستۈن قىلارمىز...
— تىلىڭنى تارت مۇناپىق، — ئاچچىقلاندى تۇنباغا يېرىلىپ كەتكۇدەك چىڭقىلىپ تۇرۇپ، — ئۇخلىماي تۇرۇپ چۈش كۆرۈپسەن، ئاسىي سەردارىڭنىڭ ھەرقانچە كۈچى بولسىمۇ، تاڭ ئېلىنىڭ بىر تال موينىمۇ تەۋرىتەلمەيدۇ، ئۆلۈك-سۆيگۈنلەرنىڭ ئاقىۋىتىنى بىلىشمەسەن ئىدى، ياخشىسى تىلىڭنى يىغ، تەڭرىگە تىۋىنىپ ئۆلۈمىڭنى كۈت!
تۇنباغا ئالدىرىماي ئورنىدىن تۇردى-دە، قىلىچىنى «ئەلچى»لەرگە چىنەپ تۇرۇپ دېدى:
— ھەي قۇلقارا، ھەي باتۇر يىگىتلەر، ئاۋۇ تابغاچىتا گۇناھ يوق، ئۇ ئۇيغۇر يۇرتىدىمۇ تۇرمىسۇن، ئۆز يۇرتىغىمۇ قايتمىسۇن، يىراق شۋېدلارغا بېرىپ جېنىنى جان ئەتسۇن، تاپىلاڭلار، ئاغزىغا ئۆلگۈچە ھېزى بولسۇن! ماۋۇ ئۈچ سوغداقنى دوزاخنىڭ تېگىگە يولغا سېلىڭلار، ئۇلار ئۆز ئەسكىلىكىنىڭ جازاسىنى تارتسۇن، ئات-تۆگىلەردىكى مال-دۇنيانى قۇلقاراغا قالدۇرۇڭلار، بۇ ئۇنىڭ نېسىۋىسى!

تۇنباغا ئايغاقچى سوغداقلارنى قويۇۋېتىشىنىڭ مۆلچەرلىگۈسىز يامان ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىدىغىنىنى بىلەتتى، سىرنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىمۇ، ئۇنى ۋە پۇتكۈل ئەلنى ئۇدۇل گۆر ئاغزىغا سۆرەپ بېرىشى مۇمكىن ئىدى، شۇڭا ئۇ ئەڭ بىخەتەر ۋە ئەڭ ئۇنۇملۇك بىر چارىنى تاللىۋالغانىدى.


تۆگىچى تاغلىق شۇ يەردىلا قويۇپ بېرىلدى. قولقارا بىلەن تاراس جېنىدىن ئۇمىدىنى ئۈزۈپ، جاھىل توپاقتەك تىرەجەۋاتقان سوغداقلارنى تاشقىرىغا ھەيدەپ مېڭىۋىدى، خېلىدىن بېرى ئۈندىمەي تۇرغان قۇتلۇق ئويلىمىغاندا غۇلچىنى كېرىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىنى توردى ۋە تۇنباغاغا بۇرۇلۇپ جىددىي تەلەپپۇزدا:

— ياق، ھەزرەت موۋاك يامان ئادەم ئەمەس، ئۇنىڭ ئادەملىرىمۇ ئەسكى ئادەملەر ئەمەس، ئۇلارنى ئۆلتۈرسەڭلەر زادى بولمايدۇ، — دېدى ۋە دادىسىنىڭ بۇيرۇقىغا كەسكىن تۈردە قارشىلىق بىلدۈردى.

تۇنباغا قۇتلۇقنىڭ بۇ قىلىقىغا تولىمۇ ھەيران بولدى. گەرچە، جىددىي بۇيرۇق ۋە قاتتىق ئەيىبلەشلەر تۈپەيلى قۇتلۇقنىڭ ئىلتىجاسى ئۈنۈم بەرمىگەن، سوغداقلار شۇ زاماتلا جەھەننەمگە يوللانغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىش تۇنباغانى ئويغا سېلىپ قويدى، قانچە ئويدان ئويلانسىمۇ، قۇتلۇقنىڭ قارا نىيەت سوغداقلارغا ئىچ ئاغرىتىشىنىڭ سەۋەبىنى زادىلا ئۇقالمىدى.

## 14. ئىسسىق شامال

تاڭمۇ ئېتىۋەردى، كەچمۇ كىرىۋەردى. لېكىن، قەھرىتان قىش پەسلى بەئەينى ئاساۋ ئاتتەك تىرەجەپ، بىر چامداممۇ ئىلگىرى باسمى-



دى. نازۇك سەزگۈسى قانداقتۇر بىر پېشكەللىكنىڭ تىۋشىنى تۇيۇپ تۇرغان ئەل-جامائەت بەجايىكى دوزاخ بوسۇغۇسىغا كېلىپ قالغاندەك، تەشۋىش ۋە ساراسىمىگە چۈشۈپ قالدى.

ھېلى ھەم شۈكۈر، ئەل يۇرتىكى ئېزىلگەن بىلەن روھى ئۆلمىگەنىكەن، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆز تەڭرىسى ئۆلگېنگە ئۈمىد باغلىغان يەتتە شامان قورۇقچىلارنىڭ كۆزىنى باغلاپ، ھاشارچىلار ئارىسىدىن غىپپىدە سوغۇرۇلۇپ چىقىشتى. نەلەردىدۇر مۆكۈپ يۈرۈپ، كۆمۈپ قويغان قوراق جەندە ۋە ساپايىلىرىنى تېپىۋېلىشتى، ئۇنى كىيىپ، داپ گەردىشىگە تېرە باغلىدى، بىر كېچە-كۈندۈز يول يۈرۈپ ئۆتۈكەن باغرىغا يېتىپ كەلدى-دە، تاغقا چىقىپ كۆك تەڭرىگە يېقىن تۇرۇپ مۇناجات ئوقۇدى، كۈتكەن مۆجىزىلەر ئاخىر يۈز بەردى.

تىلاۋەتتىن كېيىنكى بىر ئەتىگىنى توساتتىن شامال كۆتۈرۈلدى، جەنۇب شامىلى ھەيدەپ كەلگەن ئىسسىق ئېقىم ئوت كەبى لەۋلىرى بىلەن يەر-زېمىننى سۆيۈپ چىقتى. يۇرت ئاسمىنىغا شىلىمدەك يېپىشىپ تۇرغان سۇر بۇلۇتلار بىر پەستىلا تۇزۇپ كەتتى.

قار ئېرىدى، يوللاردا، يانباغىرلاردا تارام-تارام ئەگۈزلەر پەيدا بولدى. كۆك نېمىتىدىن كېچىكىپ بەھرە ئالغان ئامەتلىك ئوت-چۆپلەر قىسقۇچتا قىسىپ تارتقاندەك تېز بوي كۆرسىتىپ بوز دالانى يېشىللىققا پۈركىدى. تاغ كۈنگىيىدىكى ئارچىلارمۇ، قارىغاي ۋە ئاق تېرەكمۇ بىردىنلا رەڭ ئۆزگەرتتى.

ئوتلاق جانلاندى، قۇرت-قوڭغۇزلار ئۈچەكتىن چىقتى. قاناتلىرى كېرىلگەن، باھار شادلىقىغا چۆمۈلگەن ئۇچار قۇشلار شوخ كۈيلىرىنى باشلىۋەتتى ...

ئەنە شۇ يېشىللىقتا، يېشىل يايلاقنىڭ ياقىسىدىكى جاڭگال يولىدا ئاتلىرىنى چوڭ يورغىغا قويۇپ بەرگەن تۆت ئاتلىق كىشى يانمۇ يان

كەلمەكتە ئىدى. يان قوۋۇقتىن تاڭ ئاتماستا چىقىشالغان بۇ ئاتلىقلار ئاستانىگە ئۈچ مەنزىل كېلىدىغان ئاقجاڭگالغا كېتىپ باراتتى. تۈلكە، توشقان، بۇغا-جەرەنلەر بىلەن تولۇپ تۇرىدىغان ئاقجاڭگال ئوۋغا ئامراق قاغاننىڭمۇ، يابغۇ-تېكىنلەرنىڭمۇ كۆڭۈلدىكىدەك شىكارگاھى ھېسابلىناتتى. شۇبھىلىك يېرى، ئەتىگەنلا ئوۋغا ماڭغان بۇ ئاتلىقلار يا ئۇزۇن ساپلىق ئوۋ نەيزىسى، يا يېتەرلىك ئوق ئېلىۋالمىغانىدى. ئاتلارنىڭ كەينىدە نە ئوۋ ئىتى، نە ئوۋ قورشىغۇچىلار كۆرۈنمەيتتى. بۇ غەلىتىلىك تۇنباغاننىڭ گېپى بىلەن ئوۋغا چىققان بەگبارسنىمۇ، قۇتلۇق بىلەن تاراسنىمۇ ئەجەبلەندۈرەتتى. قوۋۇقتىن چىقىپ جاڭگال چېتىگە ئۇلاشقىچە زوۋان سۈرمەي كېلىۋاتقان ئەمىرلەشكەرنىڭ ئوۋدىن بۆلەك بىرەر مەقسەت-مۇددىئاسى باردەك قىلاتتى.

ئەمىرلەشكەر بەگبارسنى ئۆزىگە يېقىن تۇتاتتى. مال-دۇنيا ۋە سەرخىل ئاتقا ئامراق بولغىنى بىلەن، ئۇنىڭ جەڭدە خېلى ئېپى بار ئىدى، غەنىيمەتتىن نەپ ئالسىلا، نېرىسىنى ئويلاپ يۈرمەيتتى.

ھەر بىر سانغۇن ۋە ئەمەلدارىدەك، بەگبارسىمۇ دەسلەپىدە قاغانلارنى چوڭ بىلەتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە سەردار دېگەن بىر ئوق ئىدىكى، قاغان نەگە ئاتسا شۇ يەرگە ئۇچاتتى.

دادىسىنىڭ مەدىتى بىلەن، ئۇ 15 يېشىدا راستتىنلا بىر ئوققا ئايلاندى، بىرلا ئەمەس، بەلكى ئىككى قاغانغا ئوق بولدى. ئالتۇن تاغ تەرەپكە ئېتىلىشۇدى، ئۇدۇل بېرىپ، قارلۇقلارنىڭ كۆكسىگە قادالدى. قاغان ئۇنى جەنۇبقا ئېلىپ بېرىشۇدى، شى چاۋيىنىڭ ۋەتۇەرىكىنى چىقىرىۋەتتى. ئۇنىڭغا نېمە قالدى، مۇلچىرىدىن خېلى تۆۋەن مالدىن باشقا، نەيزە بىلەن قالقان قالدى. مال-دۇنياچۇ، خوتۇن-قىزلارچۇ؟ بۇلار قاغانغا قالدى...

«بەگبارس ئوق بولدى، قاغان ئەمدى نېمە بولدى؟ ئۇرۇش

بولمۋندى، ئۇ ئەمدى بەگبارسنى ئۇنتۇدى، بار راھەتنى ئۆزى كۆر-
دى، ئۇردا بىلەن ئۆچەكشىپ، ئارىنى بۇزدى. ئات بازىرىنى كاسات
قىلىپ، پايدا-نەپتىن مەھرۇم قىلدى. ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق، يەنە
ئۇق بولغۇلۇقمۇ؟ نەگە دېسە شۇ يەرگە ئۇچقۇلۇقمۇ؟ دۇرۇس، يەنە
ئۇق بولغۇلۇق، پايدا يوق يەرگە ئۇچمىغۇلۇق، پايدا بار يەرگە جەزمەن
ئۇچقۇلۇق...»

ئۇلار ئانچە ئۇزاق ماڭمايلا، قويۇق يۇلغۇن بىلەن قورشالغان
بىر كىچىك تەكشىلىككە يېتىپ كەلدى، ئەتىياز كەلگىنىنى ئەمدىلەتىن
تۇيۇپ، تىرناقتەك-تىرناقتەك يوپۇرماق كۆرسەتكەن بىر توپ چوڭ
توغراق تەكشىلىككە ئالا-بۇلا سايە تاشلاپ تۇراتتى.

ئۇلار تىزگىن تارتىشتى، ئاتلار ئىككى چاپچىپ ئاندىن توختاش-
تى. ئەقىللىق قۇتلۇق دادىسىنىڭ كۆڭلىدىكىنى دەرھال بىلىۋالدى-دە،
ئاتتىن چۈشۈپ، ئېلىپ كەلگەن تەڭلىماتنى توغراق ئاستىغا يايدى.

ئىككى سەردار بىر پەسكىچە ھال-مۇڭ بولۇشتى، ئېمىلەرنىدۇر
تالاشتى، نېمىدىندۇر مەمنۇن بولۇپ، قاقاقلاپ كۈلۈشتى، ئولتۇرۇۋې-
رىپ پۇتى تالدىمۇ، يا ئەتىياز ئالامەتلىرىنى كۆرگۈسى كەلدىمۇ،
ئورنىدىن تۇرۇشتى ۋە ئاتقا مىنىشتى.

ئۇلار ماڭغانسېرى، ئوت-چۆپ شالاڭلاپ، جىغان، سۆكسۆك،
قامغاق دېگەندەك غوللۇق چاتقاللار كۆپىيىشكە باشلىدى، پاكار توغراق-
لار، يۇلغۇنلۇق دۆڭلەر ئاتلىق سەردارلارنى ئارىغا ئالدى. ئۇلار
ئۆزەڭگىلىك ئاياغلىرىنى لەپەڭشىتىپ، ئاياغلىرىغا بۇدۇشقاقتەك چاپلى-
شىۋاتقان تىكەنلەرنى يېرىپ ئۆتۈپ بىرقانچە دۆڭدىن ئاتلىغاندىن
كېيىن كۆز يەتمەس بىر چاتقاللىققا كىلىپ قالدى.

— ۋەزىر دادا، ئاۋۇ دۆڭنىڭ تۆپىسىگە چىقىپ شۇنداق قارىساق
دۆك كەينىدە بەك جىق تۆگىلەر تۇرىدۇ، چېدىر، ئادەملەرمۇ

بـار تېخى، — دېدى، تاراس قۇتلۇق بىلەن ئات ئۈيىنىپ يېتىپ كېلىپ. ئۇ گېپىنى تەستىقلاتماقچى بولغاندەك قۇتلۇققا قارىۋالدى-دە، بارمىقى بىلەن كۆنۈپپىتىش تەرەپنى كۆرسەتتى.

تۆنباغا كۆپ ئويلاپ ئولتۇرمىدى، قىزىقىشى غالىب كەلدى بولغاي، بەگبارىسقا قاراپ «قېنى، كەتتۇق» دېگەن مەنادا ئىشارەت قىلدى. ئۇنىڭغا غەلىتە تويۇلغىنى، بۇ جاڭگال گەرچە قاغانلىقنىڭ 30 نەچچە تۆگىچىسگە تەۋە بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەردە تاراس ئېيتقاندەك ئۇنچە كۆپ تۆگە ۋە ئاتلارنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. يەنە كېلىپ، ئادەت بويىچە، تۆگىچىلەر چېدىر تىكمەيتتى، ئوت-چۆپ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرگەچكە، دۆڭ ئارىسىدىكى سېغىزلىقلاردا، پاناھ بولغۇدەك دەرەخ ئاستىدا يېتىپ-قوپۇۋېرەتتى. ئۇرخۇن دەرياسىنىڭ تاشقىن مەزگىلى يېتىپ كەلمىگۈچە، بۇ جاڭگالدىن بىر تامچىمۇ سۇ تاپقىلى بولمايتتى.

ئۇلار كەلگەن ئىزى بىلەن كەينىگە يېنىپ، بىر دۆڭدىن ئۇتتۇپلا توپتوغرا كۈنچىقىش تەرەپكە بۇرۇلدى. تەگرىقاغان يولىنىڭ تارمىقىغا چىقىپلا يول بويىدا يېيىلىپ ياتقان چوڭ بىر كارۋان يېنىغا يېتىپ كەلدى.

ئېغىر يۈكلىرى يېنىغىلا چۈشۈرۈپ قويۇلغان تۆگىلەر چاپاق باسقان كۆزلىرىنى ئاران ئېچىپ، ھۇرۇن بايۋەتچىلەردەك كۆشەپ ياتاتتى، لوكىلىرى قۇرۇق تۇلۇمدەك بىر تەرەپكە قىيسايغان، تېرىسىمۇ داسلىغان تېرىدەك تاقىر ئىدى. قاق ئۇستىخان بولۇپ قالغان ئورۇق ئاتلار بەئەينى قۇرۇق توغراقىلا ئوخشايتتى، قىللىرى قورام تاشلارنىڭ پېرىقلىرىدا، ئازغان-تىكەنلەرنىڭ ئارىسىدا قالغان قۇيرۇقلىرى قارا كالا-تەكتەك كۆتمەك ئىدى. بۇ ئالامەتلەر بۇ كارۋاننىڭ ئاي- ئايلاپ يول يۈرگەنلىكىدىن بېشارەت بېرەتتى.

تۇنباغا ئېگىز چاقىلىق هارۋىلارغا، پىچەتلەنگەن ساندۇقلارغا، توپى بىلەن تاي قىلىنغان گەزماللارغا بىر قاراپلا بۇ ماللارنىڭ چاڭئەن ماللىرى ئىكەنلىكىنى ۋە بۇ كارۋاننىڭ ئاستانىدىن قوزغىلىپ، ئوردىبا-لىققا قاراپ كېتىۋاتقىنىنى پەملىۋالدى. بىراق، چوڭمۇ ئەمەس، كىچىك-مۇ ئەمەس بۇ كارۋاننىڭ كىمگە تەئەللۇقلۇقىنى زادىلا ئاڭقىرالمىدى. چۈنكى، ئات-تۆگىلەرگە تەرلەپ-پىشىپ گەزمال ئارتىۋاتقان خىزمەتچى-لەرمۇ، يالقۇنجاۋاتقان گۇلخاننى چۆرىدەپ گۆش يەۋاتقان كىشىلەرمۇ ئۇنىڭغا ناتونۇش ئىدى.

تۇنباغا ئىسكەتلىك بىر چېدىر ئالدىدا بار ئىشتىهاسى بىلەن غىزا يەۋاتقان بىر توپ كىشىنىڭ يېنىغا كەلدى-دە، ئەدەپ بىلەن سورىدى:

— بۇ كىمنىڭ كارۋىنى، نەدىن كېلىپ، نەگە كېتىۋاتىسىلەر؟

ئۇلار بۇ ئاۋازدىن چۆچۈپمۇ كەتمىدى، ئېرەنمۇ قىلمىدى، كۆل-كە-چاقچاق قىلىشقاچ، يەيدىغىنىنى يەۋەردى، تۇنباغا سوئالىنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىغاندىلا ئاندىن بىرەيلەن خۇشياقمىغاندەك بېشىنى كۆتۈردى - دە، بىر قوۋۇز قوي گۆشىنى ئالدىرىماي يۇتۇۋەتكەندىن كېيىن يەر تېگىدىن چىققاندەك پەس ئاۋازدا:

— بىلگۈڭ بولسا بىلىپ قالغىن، مەزكۇر كارۋان بورخان ئەلچى-سى هۆرمەتلىك موۋاكقا تەئەللۇقتۇر، بۈگۈن قاغاننىڭ پەرمانى بىلەن مانى موۋاكقا ئىنئام قىلىنغان ئاتلارنى تابغاچ دىيارىغا ئېلىپ باردۇق، ئۇ ئاتلارنى مالغا تېگىشىپ ئوردۇبالىققا ئېلىپ كېتىۋاتىمىز. گەپ مانا شۇ، — دەپ جاۋاب بەردى ۋە تۇنباغاغا قاراپ چۈشىن ئۇركۈتكەندەك، «ئەمدى كەت»دېگەن مەنادا شەرەت قىلدى.

بۇنى ئاڭلاپ، تۇنباغانىڭ بەدىنى بىردىنلا تىكەنلىشىپ كەتتى. «قاغانلىققا نان تېگىدىغان مۇشۇ ئات سودىسىلا قالغان ئىدىغۇ ئاخىر، قاغان يېنىدىكى ئورنىمىزنىمۇ، ئېتىقادىمىزنىمۇ تارتىۋالسا، ئەمدى كې-

لىپ ئات سودىسىنىمۇ ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالسا، بىزگە نېمە قالدى بۇ جاھاندا!»

تۇنباغانىڭ خاپا بولۇشى ئەلۋەتتە ئورۇنلۇق ئىدى. دېمىسىمۇ، بايانچۇر قاغان زامانىدا باشلانغان ئات سودىسى قاغانلىقنى يۆلەپ تۇرۇۋاتقان بىردىنبىر تۈۋرۈك ئىدى. بىر ئاتقا 40 تەپكە شايى تېگىشىلىدىغان بۇنداق سودىدىن قاغانمۇ، ئاۋامىمۇ نەپ يېتەتتى.

ئەڭ مۇھىمى، شى چاۋيى توپىلىڭى باستۇرۇلغاندىن كېيىن تاڭ شاھى ئۇيغۇرلار ئېلىپ كەلگەنلىكى ئاتنىڭ ھەممىسىنى سېتىۋېلىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى. شۇندىن كېيىن ئۇيغۇرلار چوڭ ئاستانىدىكى خوڭلۇسى دېگەن يەردە يىل-يىللاپ تۇرۇپ ئات، يىپەك سودىسىنى ئەۋجىگە كۆتۈردى. شۇ يىلى بۆكۈ قاغان يالۋاچ ياشىنىنى 10 مىڭ تۇياق ئات بىلەن چوڭ ئاستانىگە ئەۋەتىپ، ئوردىدىن سودا قىلىشنى ئىلتىماس قىلدى. تاڭ ئوردىسى بۇنداق چوڭ سودىغا ئاجىزلىق قىلسىمۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ، بۆكۈ قاغاننىڭ كۆڭلىنى قايتۇرمىدى. ئات ئۇچۇن تۆلەنگەن ئالتۇن-كۈمۈش، تاۋار-دۇردۇنلار ئوردىۋالىققا توشۇپ كېلىنىدى، ياكى يىراق داكچىنلار ئىقلىمغا ئېلىپ بېرىلىپ ھەسسىلەپ پايدا ئېلىنىدى. بۇ پايدا قاغانلىقنى يۆلىدى، ۋەزىر-سانغۇنلارنى، پۇقرا-بۇدۇننىمۇ يۆلىدى...

ئەمىرلەشكەر چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى، قىلىچىنى سۇغۇرۇپ، قان تۆكۈشكە تەييار تۇرغان بەگلىرىنى توسۇۋېلىپ، كۆزلىرىگە جۇتشۇرغاندەك يامان كۆرۈنۈۋاتقان سوغداقلاردىن ئۆزىنى چەتكە ئالدى.

ئاقجاڭگالدا ياۋا ھايۋان شۇنچىلىك تولا ئىدىكى، قاياقتا قارساڭ ئۇۋ كۆرۈنەتتى. تۆت-بەش قەدەمچە يەردە كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ قاراپ تۇرغان بىغەم توشقاننى قول ئۇزۇتۇپمۇ تۇتۇۋالغىلى بولاتتى.

بىراق، ئەمرلەشكەر توشقانغىمۇ كۆز سالمىدى، ئەقەللىيسى يا ئوقىنى كىرىچكە قويۇپ، توشقانلارغا چەنەپمۇ باقمىدى. قانات چىقار- غاندەك چېپىپ يۈرگەن تاراس بىلەن قوتلۇقنى ئۇز رايىغا قويۇۋېتىپ، بەگىبارىسنى ئەگەشتۈرگەن پېتى كونا چوشكۇنگە قايتىپ كەلدى.

ئاسمان گۇمبىزىدە تورۇۋېرىپ مادارىدىن كەتكەن قۇياش ئاخىر غەرب تەرەپكە ئېگىلدى، تۇنباغا تاراس بىلەن قوتلۇقنى يېنىغا چاقىرد- ۋالدى ۋە پىششىق گۆشنى غاجىلىغاچ، بەگىبارىس بىلەن پاراڭغا چۈ- شۈپ كەتتى.

تۇنباغا بەگىبارىستىن سورىدى:

— قولىقىڭ ئۇزۇن ئادەمسەن، سۇلالىدە قاغان قېيناتىسى بۆكۈ قەيىننىڭ پادىشاھقا قارشى كۆتۈرۈلگىنىنى ئاڭلىدىڭمۇ؟

— ... ... ...

بەگىبارىسنىڭ كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، ئۆزىگە ھەيرانلىق نەزد- رىدە تىكىلگىنىنى كۆرگەن تۇنباغا سەل توختىۋالدى-دە، گېپىنى داۋام ئەتتى:

— «قويرۇقىنى كۆتۈرگەن موزاي تېزەكلىمەي قالمايدۇ» دېگەن گەپ بار بىزدە، بۆكۈ قەيىن چوڭ ئاستانىدىكى چېغىمىزدىلا قويرۇقىنى كۆتۈرگەنىدى، مانا ئەمدى تېزەكلەپتۇ، 100 مىڭچە لەشكەر يىغىپ ئوردىغا قارشى توپىلاڭ قوزغاپتۇ.

— بۇ گەپلەرنى نەدىن ئاڭلىدىڭ، ئويلاپ تاپقان مىش-مىش گەپتۇ ھەقاچان؟

بەگىبارىسنىڭ بۇ سوئالى تۇنباغاغا ياقماي قالدى. نېمىشقىدۇر كۆڭلى ئۆيۈپ، ئۇز تىلىغا ھېزى بولدى ـ دە، ئەسلىي ئويىدىن ۋاز كېچىپ، قولقارا ياپلىقىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلاردىن بىر ئېغىزمۇ سۆز ئاچمىدى.

— ماقۇل، قانداق دېسەڭ شۇنداق بولسۇن، لېكىن گەپنىڭ مۇھىمى ئېخى مانا ماۋۇ يەردە، بۆكۈ قوۋمىدىن چىققان بۇ ۋاپاسىزنىڭ قول ئاستىدا ئېخى ئۇيغۇر لەشكەرلىرىدىن نەچچە مىڭى بار ئىكەن، — دېدى، ئۇ، سۆھبەتنى جاندۇرمايلا ئۆز ئىزىغا قايتۇرۇپ كېلىپ.

تۇنباغانىڭ بۇ گەپلىرى بەگبارسنىڭ يارىسىغا تۇز سېپۋەتتى، ئۇ ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى - دە:

— بۇ مۇمكىن ئەمەس، يا سېنىڭ، يا مېنىڭ خەۋىرىمىز بولمىسا، ئۇيغۇر لەشكەرلىرى نېمە ئىش قىلىدۇ ئۇ يەردە، — دېدى.

— مەيلى ئىشەن، مەيلى ئىشەنمە، بۆكۈ قەيىنىڭ توپلاڭ قىلىدىغىنىدىن قاغانىمىزنىڭ خەۋىرى بار ئىكەن. ئۇ ئېخى گەنجۇ ئەتراپىدىكى لەشكەرلىرىمىزدىن نەچچە مىڭ ئاتلىقنى ئۇ ئاسىيغا يۆتكەپ بېرىپتۇدەك. بۇمۇ يەتمىگەندەك، قاغان يەنە تابغاچلارغا لەشكەر تارتقۇدەك.

— قاغاننىڭ شۇنداق ئويىمۇ بارمىكەن ئېخى؟ — دەپ سورىدى بەگبارس ھەيرانلىقنى يوشۇرماي، — ھەرقانچە بولسىمۇ قاغان ئۇنداق قارامliق قىلماس دەيمىنا!

تۇنباغا سەل تىنچلىنىۋالغاندىن كېيىن، بېشىنى بەگبارس تەرەپكە سوزدى ۋە:

— بۆكۈ قاغان ئاللىقاچان بىر قارارغا كېلىپ بولۇپتۇمىش، يات ئاردا بىر كېڭەش ئۆتكۈزۈپلا 10 مىڭ لەشكەرنى تابغاچ تامان يولغا سالغۇدەك، — دېۋىدى، بەگبارسنىڭ كۆزلىرى چانقى يېرىلىپ كەتكۈدەك چەكچەيدى ۋە:

— تابغاچلار كىم، بىز كىم؟ سىڭگەن نېنىمىزنى يەپ، ئېتىمىزنى سېتىپ پۇل تاپساق بولمامدۇ بۇ كۇنلەردە، — دېدى ئارقىمۇ-ئارقا باش چايقاپ.

— ئەگەر كەم ئەقىللىق قىلىپ سۇلالە بىلەن ئارازلاشساق، ئۇلار ئاچچىقىدا شىمالدا خاكاسلار بىلەن، جەنۇبتا تۈبۈتلار بىلەن ئەھدە تۈزۈۋالىدۇ، ئۈچ قارلۇقمۇ تابغاچلارغا ئەگەشمەي قالمايدۇ، ئۇ چاغدا بىز تۈۋرۈكى يوق ئۆيگە ئوخشاپ قالىمىز.

بەگبارىس بىر چاغلاردا تونباغانىڭ ئۆيگە بېرىپ، قاغان ھەققىدە بەزى گەپلەرنى قىلغانىدى. بىراق، تونباغا قاغاندىن ئۈمىد كۈتتىمۇ يا ئارتۇقچە ئېھتىيات قىلىپ قالدىمۇ، ئۇنىڭ تەكلىپىگە كېسىپ بىر نىمە دېمىدى. پەقەت «ھازىر ۋاقتى ئەمەس» دەپلا گەپنى ئۈزۈۋەتتى. ئەمدىچۇ، ئەمدى ئۇ ئۆزگەرگەن، ئۇنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاۋۋال قارا باخشىنىڭ ئۆلۈمى، سوغداقلارنىڭ كۆلكىسى سەۋەب بولغان بولسا، ئەمدى قاغانىنىڭ تاڭ ئېلىگە مۇشت كۆتۈرمەكچى بولغىنى يەنە بىر سەۋەب بولغانىدى. بەگبارىس تونباغادىكى بۇ ئۆزگىرىشنى سېزىپ ئۈلگۈردى، ئوت ئۈستىگە ياغ چېچىپ ئويلىغىنىنى ئوتتۇرىغا تاشلىدى.

— قاغان تۈت سوغداقنىڭ كەينىگە كىرىۋەرسە، قارا باخشىغا قىلغانىنى بىزگىمۇ قىلىدۇ تېخى، بويىنىمىزغا قىلىچ تەگمەستە قاغاننى يامان يولدىن توسماق كېرەك.

تونباغا بەگبارىسقا سوئال قويۇپ، دېدى:

— قانداق توسىمىز؟

— كېڭەش بولىدىكەن ئەمەسمۇ؟ كېڭەشتە گەپنىڭ ئوچۇقىنى قىلىمىز.

— گەپ بىلەن توسالمىساقچۇ؟

— ئۇنداقتا، شەمشەر بىلەن توسىمىز!

تونباغانىڭ كۆزلىرى چىراغدەك پارقىراشقا باشلىدى، قوشۇمىسى تۈرۈلدى، بەگبارىسنىڭ لاغىلداپ تىترەۋاتقان قولىنى تۇتتى-دە:

— ھېسابتا كەلسە ئىككى كۆزنىڭ بىرىنى ئويىمىز! — دېدى.

ئادەم دېگەن شۇنداق بولىدىكەن، بۇ ئۇنى كۆزلەيدىكەن، ئۇ بۇنى كۆزلەيدىكەن، كۆزلىگىنىگە يەتمەك ئۈچۈن، بۇ ئۇنىڭدىن پايدىلانماقچى بولىدىكەن، ئۇ بۇنىڭدىن پايدىلانماقچى بولىدىكەن. شۇنداق قىلىپ، ئىككى ئادەم ئويلىمىغاندا بىر چىغىرغا كىرىپ قالىدىكەن.

ئىككى سەردار قول بېرىشىپ ۋىدالەشتى. چىك يېپىشقان بىر جۈپ قولغا بۇ پاراكىنى چالا-بۇلا ئاڭلاپ قالغان قۇتلۇقنىڭ كىچىك، ئەمما كۈچلۈك قولى كېلىپ قوشۇلدى. ئۇ دادىسىنىڭ كۆزلىرىگە بىر پەس تىكىلگەندىن كېيىن:

— ۋەزىر دادا، سانغۇن تاغا، ئەمدى مەن چوڭ بولدۇم، كەينىڭلاردىن بىللە يۈرۈپ ئاق-قارىنى بىلىپ قالدىم، ماڭا يول كۆرسىتىڭلار، لەشكەر تۇتقۇزۇڭلار...، — دېدى ۋە تاراسىنىڭ قولىنى تارتىپ كېلىپ ئۆز قولى ئۈستىگە قويدى.

## 15. كۈتۈلمىگەن ۋەقەلەر

مىلادىيە 779-يىل 5-ئايدا تاڭ پادىشاھى تاڭ دەيزۇڭ بىتاب بولۇپ يېتىپ قالدى. گاھى كاۋاپتەك قىزىپ، گاھى مۇزدەك تەرلىدى. ھۆكۈمالار دورا بەردى، چېكىسىدىن قان ئېلىپ، گەجگىسىگە لوڭقا قويدى. مۇنەججىملەر پال بېقىپ، قومىلاق ساناپ ئۇمىدلىك گەپلەرنى قىلىشقان بولسىمۇ، بىراق بۇ ئەقىللىق ھۆكۈمالار بىتابنىڭ تومۇرى پەسلەپ، كالپۇكىنىڭ كونا مىستەك كۆكىرىۋاتقىنىنى كۆرۈپلا كۆڭلى

بېرىم بولۇپ، كۆزلىرىگە ياش ئالدى.

تاڭ دەيزۇڭ ئاتا ـ ئەجدادىدەك، قامەتلىك ۋە ئۆسكىلەڭ ئادەم
ئىدى، تاج-تەختىلا ئەمەس، ئېگىكىنى ياپقان تال-تال ساقىلى، كۆندە-
لەڭ قويۇق قاشلىرى، يوغان بۇرنى، سېرىق زەر تونىنى كۆتۈرۈپ
تۇرىدىغان كۈچلۈك مۈسكۇللىرى ئۇنى سۇرلۇك ۋە بەقۇۋۋەت قىلىپ
كۆرسىتەتتى.

ئەمدى ئۇ بىھوش ئىدى، كېسەل تەگكىنىگە بىرەر كۈن بولار-
بولماي، بېلى پۈكۈلۈپ، مەگزى تاتىرىپ، چوڭ-چوڭ كۆزلىرى كاتاڭ-
دەك ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن، قاتمۇقات دۇردۇن چۈشەك ئۈستىدە توختام
سۇدا لەيلەپ قالغان بىر تال پاخالدەك سوزۇلۇپ ياتاتتى.

پادىشاھنىڭ خىرە تۇيغۇسىدا ھەر خىل سېپىمالار — ئوردا
ئەركانلىرى، قەھرلىك سەردارلار ۋە قىزىپ كەتكەن جەڭ مەيدانلىرى
پەيدا بولاتتى. يامغۇرلۇق كۆنلەردىكى سۇس سايىدەك لىغىرلاۋاتقان
بۇ كۆرۈنۈشلەر تۇرۇپ يوقىلىپ، كۆز ئالدى بىرەر چېكىتمۇ بولمىغان
ئاق قەغەزگە ئايلىناتتى، بۇ قەغەزدىن يەنە ئاللىكىمنىڭ چىرايىمۇ
كۆرۈنەتتى. پادىشاھ بۇ ئادەملەرنى تونۇيتتى. ۋەزىرلىك مەرتىۋىسىدىكى
چوڭ ئوغلى لى كو، ئاقىللارنىڭ ئاقىلى گو زىيى، يەنە يابغۇ تېكىن،
بۆكۈ قەيىن، قۇلاقچىلىق تۆپە كىيگەن تۇبۇت زەنپۇسى ...

تاڭ دەيزۇڭ ئۇيقۇسىغا قانغان ئادەمدەك لىپ قىلىپلا كۆزىنى
ئاچتى ۋە ھېلىقى سېپىمالارنى ئىزدىگەندەك، ئۇيان-بۇيان قارىدى.
ئەتراپتا پەس ۋە تىترەپ تۇرغان مەدھىيە سادالىرى كۆتۈرۈلدى:

— كەرەملىك شاھ، ياشىغايلا، ياشىغايلا، تۈمەنمىڭ يىل ياشى-
غايلا...

پادىشاھ مەدھىيىگە ئېرەن قىلمىدى، نەزىرىنى تورۇستىن تارتى-

ۋالدى، كۆزقارىچۇقى يەنە ئىككى مەرتەم پىلدىرلاپ، بېشى ئۈستىدە ئۆرە تۇرغان لى كوغا، كىيىن كونا ئۆلپىتى گو زىيىغا قادالدى، سۆسىز سېغىزدەك چاك كەتكەن كۆكۈچ لەۋلىرىنى كۆچەپ مىدىرلىتىپ ئاغزى-نى ئۆمەللىدى. لى كونىڭ ياردىمى بىلەن ھۆل كۆتەكتەك ئېغىرلاپ كەتكەن بېلىنى تەستە كۆتۈرۈپ، تەكىيەگە يۆلەندى:

— بۇددا مېنى چىللاۋاتىدۇ، ئۇ چىللىغان يەرگە بارماي ئامال يوق، مەنمۇ بارىمەن، سىلەرمۇ بارىسىلەر، قولاق سېلىڭلار، شاھىڭلار-نىڭ ئېيتىدىغىنى بار...

ھالسىراۋاتقان پادىشاھ ئۈزۈپ-ئۈزۈپ سۆزلەيتتى، ئاۋازى بۇرنى-دىن چىققاندەك ئاجىز ئىدى، چوغداندەك قىزىپ تۇرغان ئالقىنى لى كونىڭ قولى ئۈستىدە مىدىرلايتتى. سۆزسىزكى، ئۆچۈۋاتقان جىنچىراغ ئاخىرقى قېتىم كۆچەپ كۆيمەكتە ئىدى.

— مەن ئېيتاي، ئۇيغۇر قوۋمى ئىتائەتمەن قوۋم، بىلىسىلەر، بېشىمىزغا كۈن چۈشكەندە ئەسقاتقانمۇ شۇلار، سۇلالىنى دەپ قان تۆككەنمۇ شۇلار، ئۇنتۇماڭلار، ئىناقلىقنى قەدىرلەڭلار، مۇلاقەتتە كەڭ قورساق بولۇڭلار، قائىدىدە چوڭ قوۋم كىچىك قوۋمگە، ھاكىم قوۋم قارام قوۋمگە، ئاكىسى ئىنىسىغا يول قويماق بار...

ھاياتلىق چوققىسىدىن خۇددى ئىتتىرىۋېتىلگەن قورام تاشتەك دومىلاپ چۈشۈۋاتقان تاڭ دەيزۇڭ ھېلىھەم سەگەك ئىدى، بۇ گەپلەر ئاڭلىماققا «تولۇمدىن توقماق چىققاندەك» تۇيۇلسىمۇ، لېكىن ئۇ چوڭ-قۇر مەنىنى، چوڭقۇر ئىزتىراپنى ئۆز ئىچىگە يوشۇرغانىدى.

مىلادىيە 762- يىلى تاڭ دەيزۇڭنىڭ تەكلىپى بىلەن ئۇيغۇر قاغانى بۆكۈ قاغان ئوردىغا ھەمدەم بولۇپ، ئاسىيلارنى تىنچىتقىلى ئاستانىگە يېتىپ كەلدى. شۇ كۈنلەردە يۈز بەرگەن بىر كۆڭۈلسىز

ۋەقە تاڭ دەيزۇڭنىڭمۇ، ئەمرلەشكەر لى كونىڭمۇ ئېسىدە بار ئىدى. بۇ ۋەقە مۇنداق يۈز بەرگەنىدى:

بىر كۈنى تاڭ ئوردىسىنىڭ ئەمرلەشكىرى ۋە ۋەلىئەھدى شاھزادە لى كو سانغۇن ـ سەردارلىرىنى باشلاپ بۆكۈ قاغان بارگاھىغا سالامغا كەلدى، لى كونىڭ بارگاھ ئالدىغا كېلىپلا سالام قائىدىسى بويىچە ئۇيغۇرچە ئۇسسۇل ئوينىمىغىنىغا خاپا بولغان بۆكۈ قاغان ئۇنى ئۇسسۇل ئويناشقا دالالەت قىلدى.

— ئەمرلەشكەر لى كو مەرھۇم شاھ تاڭ سۇزۇڭنىڭ نەۋرىسى، — دەپ سەۋەب كۆرسەتتى لى كونىڭ ھەمراھى زى ئاڭ، — ھازىر ئۇ شاھ قازا قىلدى، ئوردىمۇ، ئەل ئىچىمۇ ماتەمدە، شاھ نەۋرىسىنىڭ ماتەم كىيىمى بىلەن ئۇسسۇل ئوينىشى ئەدەپتە جايىز ئەمەس.

تىركىشىش خېلى ئۇزاق داۋام قىلدى. زى ئاڭ يەنە بىر قېتىم ئارىغا چۈشۈپ: «ئەمرلەشكەر تاڭ پادىشاھى تاڭ دەيزۇڭنىڭ ۋەلىئەھدى، بىر ئەلنىڭ ۋەلىئەھدى بىر قارام ئەل قاغانى ئالدىدا ئۇسسۇل ئويناپ يۈرگەن نەدە بار؟» دەپ سالا قىلغاندىن كېيىنلا بۆكۈ قاغان ئاران يۇمشىدى، ئىش ئۇڭغا تارتتى...[1]

شاھ ئۆلۈۋاتاتتى، ئۆلۈۋېتىپمۇ ئەل غېمىنى يەيتتى، ئوغلى لى كونىڭ ئۆتكەن ئىش ئۈچۈن گىنە ساقلاپ، ئۇيغۇرلارنى خاپا قىلىپ ياكى ئۆچ ئېلىپ مۇلاقەتنى بۇزۇپ قويۇشىدىن ئەندىشە قىلاتتى. بۇنداق قىلىشنىڭ ئېغىر كۈنلەردە تۇرۇۋاتقان سۇلالە ئۈچۈن نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقى تاڭ دەيزۇڭغا ھېلىھەم ئايانىدى...

پادىشاھ كۆزلىرىنى تەستە ئېچىپ ئىككى بارمىقىنى جۇپلەپ،

---

① «كونا تاڭنامە» — «ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»دىكى ئەسلىي سۆز.

ئىمىلەرنىدۇر ئىشارەت قىلدى، باش پۈتۈكچى قەلەم-قەغەز ئېلىپ كەلدى.

5- ئاينىڭ 21- كۈنى دەيزۇڭ شاھ پۈتۈك يازدۇرۇپ، ۋەلىئەھدى لى كونى ئۆز تەختىگە ۋارىس قىلدى. قابىل ۋەزىر گو زىيىنى ۋەزىر ئەزەملىك مەقامىغا كۆتۈردى. بۇ كۈنلەردىن 15 يىل بۇرۇن، يەنى ئاسىيلار ئۈستىدىن نۇسرەت قازانغاندا، دەل مۇشۇ ئاستانىدا ئۇيغۇر شاھزادىسى يابغۇ بىلەن قىيامەتلىك ئاكا-ئىنى بولۇشقان، يابغۇ بىلەن بىلگە قاتۇنغا شۆھرەتلىك نام-ئاتاق، بېھساب تاۋار-دۇردۇن ئىنئام قىلغان بۇ كەرەملىك شاھ شۇ كۈنى تاڭ ئاتمايلا كۆز يۇمدى. شى چاۋيىنىڭ مالىمانى ئۇنى خېلى ئاۋارە قىلدى، تۈزكور سانغۇن بۆكۈ قەيىنىنىڭ ۋاپاسىزلىقى ئۇنىڭغا ئوبدانلا ھار كەلدى، تۇبۇت زەنپۇسى بىلەن بىر مەھەل بەل تۇتۇشتى. زىيادە چارچاش، ئارتۇقچە ۋەھىمە بۇ پادىشاھنى مەزگىلسىزلا ئۇ ئالەمگە ئېلىپ كەتتى.

مىلادىيە 779- يىل 5- ئاينىڭ 25- كۈنى تاڭ تەختى بىر يېڭى شاھنى كۈتۈۋالدى. ۋەلىئەھد لى كو يىغا-زار ۋە داپ-دۇمباق ساداسى ئىچىدە شاھلىق تاجىنى كىيىپ ئۆزىنى تاڭ دېزۇڭ[1] دەپ ئاتىدى.

بىراق، تاڭ دېزۇڭنىڭ شاھلىق ۋاقتى تاڭ تارىخىنىڭ ئەڭ يامان مەزگىلىگە توغرا كەلدى. ئۆلۈك-سۆيگۈن مالىمانى كونا چۇشكە ئايلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئەل تېنىدا ساقايماس جاراھەتلەرنى قالدۇرغانىدى. نوپۇسنىڭ ئوندىن سەككىزى ئازايغان، باج تۆۋەنلەپ،

---

① تاڭ دېزۇڭ — ئىسمى لى كو، تاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى. ئۇ مىلادىيە 742-يىلى تۇغۇلۇپ، 805-يىلى ئۆلگەن، مىلادىيە 779 — 805-يىللار ئارىسىدا تەختتە ئولتۇرغان.

خەزىنە خورىغان، چەت ئايماقلار قولدىن كېتىپ، چېگرا-قورۇللارنىڭ ئامانلىقى بۇزۇلغانىدى.

تاڭ دېزۇڭ ئەنە شۇنداق ئەنسىز چاغدا پادشاھ بولدى. تەقدىر شۇنداقمۇ ياكى كونا ئاداۋەت شۇنداق قىلدۇردىمۇ، ئۇ شۇ يىلى كۆز كۆنلىرىنىڭ بىرىدە، پۈتۈن ئەلگە پەرمان جاكارلاپ، ئاستانىدە ئىستىقامەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇر ۋە سوغداقلارنى تاڭلىقلارنى دورىماسلىققا، ئۆز رەسمى بويىچە كىيىنىپ، يامان ئىش قىلماسلىققا بۇيرۇدى.

دەرۋەقە، شۇ چاغلاردا چوڭ ئاستانە چاڭئەندە ئۆي-جاي قىلىپ ماكان تۇتقان ئۇيغۇرنىڭ سانى 1000 دىن ئاشاتتى. ئۇلارنىڭ كۆپى خوڭلوسى ئەتراپىدا ئات-يىپەك سودىسى بىلەن مەشغۇل بولاتتى. سوغداقلارنىڭ سانىمۇ بۇ ساننى بىر قاتلايتتى. سوغداقلار جازانىگە پۇل بېرەتتى، ئەرزان ئېلىپ، قىممەت ساتاتتى، ئىشقىلىپ، پۇل كىرىدىغانلىكى تىجارەتنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك، شۇلارنىڭ قولىدا ئىدى.

بەزى ئۇيغۇر ۋە سوغداقلار ئادەتتە تاڭلىقلاردەك كىيىنەتتى. ئۇلار قىز-چوكانلارنى ئازدۇرۇپ، پوخورلۇق قىلاتتى. ئۇلار ئىپپى كەلسە قول سالاتتى، غوۋغا كۆتۈرۈپ، جېدەل تۇغدۇراتتى. قورۇقچىلار كىيىنىشكە قاراپ، ئۇلارنى يەرلىكلەردىن پەرق قىلالمايتتى-دە، جىنايەتنىڭ ئىگىسى چىقمايتتى، ئىگىسى چىققان بىلەن ئۇلارغا چىشى پاتمايتتى.

ھاياتىدا كۆپ قېتىم ئۇيغۇرلارنىڭ مەدىتىگە ئېرىشكەن، ئات-يىپەك سودىسىدا يامان ئەمەس پايدا كۆرگەن تاڭ دەيزۇڭ ئۇيغۇر ۋە سوغداقلارغا زىيادە كەڭ قورساقلىق قىلاتتى، گۇناھ قىلسا سورىمايتتى، سورىسىمۇ جازا بەرمەيتتى، ئايماق بەگلىرىگە يارلىق چۈشۈرۈپ، ئۇلار-

نى پىششىق يېمەكلىكلەر بىلەن تەمىنلەشكە بۇيرۇغانىدى[1].

تاڭ دېزۇڭنىڭ يېڭى پەرمانى شۇ هامان ئۆز كۈچىنى كۆرسەتتى، شەھەر تەۋرەپ، ئۇر-چاپ باشلاندى، گۇناھكارلارغا گۇناھ ئارتىلدى، گۇناھسىزلارغا ئىبرەت قىلىندى، ئۇيغۇرلار سوغداق دېيىلدى، سوغداقلار ئۇيغۇر دېيىلدى، بىرىپ-بىرىپ گۇناھلىقلار بىلەن گۇناھسىزلار سۇ بىلەن سىياھتەك ئارىلىشىپ كەتتى...

ئاستانىدىن ئۇچار قۇشتەك ئۇچۇپ چىققان بۇ جىددىي خەۋەر ئۇچقانسىرى غولداپ باردى. تەگرىقاغان يولىنى بويلاپ شىمالغا ئۇ-چۇپ، تاڭ ئوردىسىنىڭ ماتەم ئەلچىسى لياڭ ۋېنشيۇدىن بالدۇرراق ئۇيغۇرلارنىڭ ئوردا شەھىرىگە يېتىپ كەلدى، ئالدى بىلەن تۇت سوغداققا، ئاندىن كېيىن بۆكۈ قاغانغا ئاڭلاندى، قورۇق تۇترۇققا بىردىنلا ئوت تۇتاشتى.

ئەلچى لياڭ ۋېنشيۇ كېچە-كۈندۈز يول يۈرۈپ قارابالغاسۇن شەھىرىنىڭ تەگرىقاغان قوۋۇقىدىن كىرىپ كەلگەندە، ناھايىتى چوڭ بىر ۋەقەنىڭ دەل ئۈستىدىن چۈشتى. مۇز تەلەت قوۋۇق قورۇقچىلىرى ئۇنى تۇتۇپ، ئۇدۇل قاغان ھوزۇرىغا ئېلىپ كېلىشتى. باش-كۆزىنى توپا باسقان، لەۋلىرى گەز باغلىغان، ئورۇقلاپ قارانچۇققا ئوخشاپ قالغان بۇ بىتەلەي ئەلچى دىۋانغا كىرىپلا چىرايى ئۆزگەرگەن، كۆزلىرى ھۇۋقۇشنىڭ كۆزىدەك پارقىراپ تۇرغان بۆكۈ قاغاننى، قوللىرى قايرىل-غان تۇنباغانى ۋە تىرىسگە پاتماي كەتكەن سوغداقلارنى كۆرۈپ، خۇددى ئويغاق تۇرۇپ چۈش كۆرگەندەك، كۆزلىرىنى چىمچىقلاتتى.

---

[1] «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئۆرنەكلەر»، 42 جىلد — «تاڭ خاتىرىلىرى» دە شۇنداق دېيىلگەن.

دىۋان ئىچى سۈكۈتكە چۆكتى، مۇقەددەس بۇرچنى ھەر منۇت يادلاپ تۇرغان لياك ۋېنشيۇ بۇ يەردە نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بەرگىنى ۋە يۈز بېرىدىغىنى ئۈستىدە كۆپ ئويلىنىپ ئولتۇرمىدى. چېچىلغان پىكىرنى بىر يەرگە جەملەپ، سەپەر ھاردۇقى بىلەن ھالسىزلانغان ئاياغلىرىنى تۈزلىدى، ئەلچىلىك دەستىكى بىلەن دۆلەت خېتىنى ئىككى قوللاپ ئېگىز كۆتۈردى، بېشىنى سەل تۆۋەن قىلىپ:

— ئۇلۇغ تاڭ ئوردىسىنىڭ ماتەم ئەلچىسى لياك ۋېنشيۇ ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالىپ قۇتلۇق بىلگە قاغانىغا مەرھۇم شاھ تاڭ دەيزۇڭنىڭ ماتەم خەۋىرىنى يەتكۈزىدۇ، كۈنچىقىشنىڭ ئاپتىپى، جاھاننىڭ خوجىسى تاڭ دېزۇڭنىڭ شاھانە سالىمىنى يوللايدۇ، — دېدى.

سۈكۈت يەنە داۋام قىلىۋەردى، دىۋان ئىچى چۈشىنى ئۇچسا ئاڭلانغۇدەك تىمتاسلىققا چۆمدى. كىمنىڭدۇر ئېسەدىشىدىن، كىمنىڭدۇر ئىچىنى تارتىشىدىن ئۆزگە، ھېچقانداق تىۋىش ئاڭلانمىدى. بۇ ھالەت دۆلەت خېتىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئاخىرقى ماغدۇرىنى يىغىپ ئۆرە تۇرۇۋاتقان لياك ۋېنشيۇنى تەئەججۈپكە سالدى.

«ئەجەبا، بۆكۈ قاغان قۇلىقىدىن كەتتىمۇ، ئۇ نېمىشقا ئۈنچىقمايدۇ، نېمە ۋەجىدىن دۆلەت خېتىنى قوبۇل قىلمايدۇ، ئۇ تېخى ئۇلۇغ خان جەمەتىگە كۈيئوغۇل-ھە؟ تاڭ دەيزۇڭنىڭ، ئاكسى يابغۇ بىلەن قىيامەتلىك ئاكا-ئىنى بولۇشقىنى يادىدا يوقمىكىنە؟ مەرھۇم شاھىمىزنىڭ شاپائىتى، ئىنئام-ئۇتۇغاتلىرى ئۇنتۇلغانمىدۇ...»

بۆكۈ قاغان قول قوشتۇرۇپ ئۆرە تۇرغان موزاكقا مەنىلىك قاراپ قويدى.

— تىزلان، — دەپ ۋارقىرىدى لياڭ ۋېنشيۇغا بارمىقىنى نەيزە-
دەك چىنەپ تۇرۇپ موۋاڭ. ئۇ ئەمدى قاغان يېنىدىكى ئۇچبۇيرۇقنىڭ
كۇرسىدا كېرىلىپ ئولتۇراتتى.

لياڭ ۋېنشيۇنىڭ خىيالى بۆلۈندى، ئۇ بايام قاغاننىڭ سەزگۈسى-
دىن گۇمانلانغانىدى، ئەمدى ئۇ ئۆز سەزگۈسىدىن گۇمانلىنىپ قالدى،
بېشىنى سەل قىيسايتىپ، بىر قۇلىقىنى ئەتەي قاغان تەرەپكە
توغرىلىدى.

— قۇلىقىڭ ئېغىرمۇ سېنىڭ، تىزلان دېگەندىكىن تىزلان!

لياڭ ۋېنشيۇ ئېنىق ئاڭلاۋاتاتتى، بۇ دورەمقى كەسكىن بۇيرۇق
موۋاڭنىڭ ئەمەس، بەلكى قاغاننىڭ ئاغزىدىن چىققانىدى. ئۇڭ شادمە-
كىن، ياكى سول شادمىكىن، دوغلاقراق بىر ئەمەلدار قاغاننىڭ سۆزىنى
ھەدەپ قۇۋۋەتلەيتتى:

— تىزى بار تۇرۇپ تىزلانمىغاننىڭ، بېشى بار تۇرۇپ باش
ئەگمىگەننىڭ ھالىغا ۋاي...

لياڭ ۋېنشيۇنىڭ تېنى غۇژژىدە قىلىپ قالدى، قانداقتۇر بىر كۈچ
ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالدى، ئاياغلىرى تۇۋۇرۇكتەك تۇرلەندى،
قوللىرىمۇ ئەلەم خادىسىدەك تىك كۆتۈرۈلدى.

— پېقىر تاڭ ئەلچىسى تاڭ پادىشاھىنىڭ جەمەتىدىندۇرمەن،
ھەممىگە ئايانكى، شاھ جەمەتى قارام ئەل قاغانى ئالدىدا، ئۆز جەمەتى-
نىڭ كۈيئوغلى ئالدىدا ھەرگىز تىزلانمايدۇ، قاغان ئەپۇ قىلغاي، —
دېدى دانە-دانە قىلىپ.

— ھىم ... قارام ئەل ئىمىش، — ئاغزىنى پۇرۇشتۇردى بۆكۈ
قاغان لاغىلداپ تىترەپ تۇرۇپ، — پادىشاھىڭ ئاستانەڭدىكى يالۋاچ-

لىرىمىزنى، سودىگەرلىرىمىزنى ئۇرۇپ-سوقسۇن، ئۆلتۈرسۇنىيۇ، مەنمۇ ئوخشاش قاغان تۇرۇپ سەندەك بىر نومۇسسىز ئايغاقچىنى تىز پۈكتۈرەلمەمدىمەن؟ كېلىڭلار، بۇ تەكەببۇر ئەلچىنى تىزلاندۇ-رۇڭلار ...

بەستى ئېيىقتەك يوغان، كۆزىدىن قان تېمىپ تۇرىدىغان بىر قورۇقچى كېلىپ ئايپالتىسىنىڭ سېپى بىلەن لياڭ ۋېنشيۇنىڭ تېقىمىغا بىرنى سالدى. كۈچلۈك زەربىدىن لياڭ ۋېنشيۇ سەل سەنتۈرۈلدىيۇ، پۈكۈلەي دېگەن تىزىنى تېزدىن ئوڭشىۋېلىپ، قەددىنى تىك تۇتتى:

— پېقىر ئۇلۇغ تاڭ ئەلچىسىمەن، قاغاندىن ئەھدىگە ئەمەل قىلىپ، ھازا ئېچىشنى، تۇغقانلىق-ئىناقلىقنى قەدىرلىشنى سورايمەن، ناۋادا ئەھدە بۇزۇلۇپ، شاھ غەزەپكە كەلسە، شاھ غەزىپى قىيان، ئۇششاق ئەللەر ئۇنىڭ ئالدىدا بىر تال غازاڭدۇر!

قاغان ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ قوللىرىنى كەينىگە تۇتۇپ، تورۇسقا قاراپ قاقاقلاپ كۈلۈۋالغاندىن كېيىن ئورنىغا ئولتۇردى ۋە ساقىلىنى تاراپ تۇرۇپ:

— پۇ ئاتساڭمۇ جايىدا ئات ئەلچى، پۇقرالىرىڭنىڭ قارنى ئاچ، خەزىنەڭنىڭ تېگى قۇرۇق، لەشكەرلىرىڭنىڭ ئېتى يوق ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ دەمسەن مېنى؟ مانا ئەمدى شاھىڭ ئۆلدى، دېزۇڭ دېگىنىڭ بىر جاللات، قاراپ تۇر، سەن پور كۆتەكلەرنىڭ ئۈستىگە شۇنداق بىر ئات تارتايكى، ئۆزۈمنى ئاستانەڭدە كۆرەي، ئېتىمنى دەريالىرىڭدا سۇغىراي، — دېدى قىن-قىنىغا پاتماي مەيدىسىنى كېرىپ.

بۆكۈ قاغان راست گەپ قىلىۋاتاتتى، دېگەندەك، ئۇ خېلىدىن بېرى، بولۇپمۇ تاڭ دەيزۇڭ قازا قىلغاندىن بېرى، نىيىتىنى بۇزۇپ،

كېچە-كۈندۈز قىلىچ بۆلمەكتە ۋە لەشكەر تۈزمەكتە ئىدى. يامان پېرى تاڭ دېرىۋگىنىڭ «جاللاتلىقى» پۇرسەتپەرەس سوغداقلارنى ئالتۇن تېپى-ۋالغاندەك خۇشال قىلىۋەتتى، ئۇلار بۇ خەۋەرنى ئېسىپ كۆپتۈردى، يوقنى بار قىلدى، كىچىكنى چوڭ قىلدى، بېرىپ-بېرىپ، قاغاننى ئۆزىنى بىلمەيدىغان ۋە ئەقلىدىن ئازىدىغان يەرگە ئېلىپ كەلدى. بۈگۈنكى بۇ كېڭەشمۇ دەل مۇشۇ ئىش ئۈچۈن چاقىرىلغان ئاخىرقى كېڭەش ئىدى.

— ئەي تۇغقانلىرىم، پۇقرالىرىم، — دېدى قاغان كېڭەش باشلانغاندا سۆز قىلىپ، — بىلىسىلەركى، ئۆزىنى چوڭ چاغلايدىغان تابغاچ ئېلى ئۈچ قېتىملىق ئاپەت بىلەن ئوبدانلا كۈچىدىن كەتتى، يۈز-ئابرۇيى يەرگە ئۇرۇلدى، ئەسلىدە ئۇلار سىڭگەن نېنىنى يەپ ئۆز كۈنىگە شۈكۈر قىلىشى كېرەك ئىدى، بىراق ئۇلار ئۇنداق قىلمىدى، ئاتتىن چۈشسىمۇ ئۈزەڭگىدىن چۈشمەي، قان-قېرىنداشلىرىمىزنى قاقشاتتى، بىزنى كۆزگە ئىلماي، سودىگەرلىرىمىزنى ئۇردى، ئۆلتۈردى، بۇ نى نومۇس، نى ئاھانەت، قاغانىڭلار دەيدۇكى، بۇ نومۇسنى قان بىلەن يۇيماي، ھاقارەتكە ھاقارەت بىلەن جاۋاب بەرمەي بولمايدۇ...

— قاغان دانا، قاغان دانىشمەن...

— قانغا قان، جانغا جان...

— ئەل ئىشى ئۈچۈن جېنىمىز تەسەددۇق!

قولاقلا ياقىدىغان ماختاش سادالىرى، ھاياجانلىق بارىكاللا قىچقىرىشلار ئاڭلاندى. چېچىكى چاي بولغان سوغداقلار ۋە بەزى سادا-قەتمەن سەردارلار قاغاننى كۆرسۇن ۋە ئاڭلىسۇن دېگەندەك، تەخت

ئالدىغا سەكرەپ چۈشۈپ مەجنۇنلارچە ئۇسسۇل ئويناشتى، باخشىلار-
دەك تاقلاشتى، ئەسەبلىرى ئازغانلار ئىچىدە «تابغاچلار ئۈستىگە بۈ-
گۈنلا لەشكەر تارتىمىز، تەختىنى چەيلەپ، ئېتىزلىرىدا ئاتلىرىمىزنى
يايلىتىمىز» دېگەنلەرمۇ بولدى. ئۆز قارارىدىن مەمنۇن بولغان بۆكۈ
قاغان ئوت ئۈستىگە ياغ چاچتى:

— ئېسىل تابغاچ دۇردۇنلىرى، پەرىدەك ئۇز تابغاچ گۈزەللىرى،
ھەددى-ھېسابسىز ئالتۇن-كۈمۈشلەر... ھەممىسى سىلەر-
نىڭ، سىلەرنىڭ...

«قاغان ساراڭ بولۇپتۇ، راستتىنلا ساراڭ بولۇپتۇ، — دەپ
ئويلىدى، تۇنباغا ئەسەبىيلەشكەن ئادەملەرگە ئېچىنىش نەزىرى بىلەن
قاراپ، — ياق، قاغانغا يەنە نەسىھەت قىلماي بولمايدۇ، قان تۆكۈل-
مەستە يولدىن يانسا تېخى ياخشى، ناۋادا قان تۆكمەي ئىلاج بولمىسا
تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئىش قىلماي ئامال يوق ...»

تۇنباغا شۇنداق ئويلىدى، بىر ئۇلۇغ كۈچ ئۇنى قاغاننىڭ ئالدىغا
ئىتتىردى، ئاۋازىغا گۈلدۈرمامىدەك ھەيۋەتلىك تۈس بەردى.

— ئۇلۇغ قاغانىم، پېقىر قاغان تاغىسىنىڭ ئېيتىدىغان گەپلىرىم
بار ئىدى، بىلمىدىم ئىجازەت بارمىكىن، يوقمىكىن، — دېدى ئۇ
قاغاننىڭ ئالدىغا تىز پۈككەندىن كېيىن ئۈنلۈك قىلىپ.

دىۋان ئىچى جىم بولدى، ھەيكەلدەكلا قېتىپ قالغان ئوردا
ئەھلى «بۇنداقمۇ قاپ يۈرەكلەر بار ئىكەن» دېگەندەك، ھەيران بولۇپ
بىر-بىرىگە قاراشتى. چاتاقچى تاغىسىنىڭ نېمە دەيدىغىنىنى ئوبدان
بىلىدىغان بۆكۈ قاغان سەل ئوڭايسىزلاندى، چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ،

چۈشىنىكسىز ئىشارەت قىلدى.

تۇنباغا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ئېغىز ئاچتى:

— ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالىپ قۇتلۇق بىلگە قاغانغا مەلۇم بولغايكى، تابغاچلارغا لەشكەر تارتىش ۋاپاغا جاپا قىلغانلىقتۇر. تاڭ ئوردىسى بىزگە ھېچبىر يامانلىق كۆزلىمىدى، قاغانىمىزنى كۈيئوغۇل بىلىپ، نام-ئاتاقتا مۇشەررەپ قىلدى. يەنە كېلىپ، ئۇ ئاجىزلىغان بىلەن بىزدىن چوڭ، بىز ھەرنە بولايلى ئۇلاردىن كىچىك، قاراپ تۇرۇپ تۇزكورلۇق قىلمىغىنىمىز، تۇخۇمنى تاشقا ئۇرمىغىنىمىز تۈزۈك. ئۆتكەن يىلى دەيجۇ ئايمىقىغا تېگىش قىلىۋىدۇق، ئويلىمىغاندا ئەدەپ يەپ، چوڭ زىيان تارتتۇق[1]. تەڭرىگە شۈكۈر، تاڭ دەيزۇڭ ئۆچ ئېلىش نىيىتىدىمۇ بولمىدى...


«بېشى مۈرىسىگە ئېغىر كەلگەنلەر پادىشاھقا نەسىھەت قىلسۇن» دېگەن گەپ بىكارغا ئېيتىلمىغانىكەن. گەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە تاقىتى ئۈزۈلگەن قاغان ساغرىسىغا مىخ قاققاندەك ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە:

— بولدى، بەس، — دەپ ۋارقىرىۋىدى، قومدەك ئېتىلىپ چىققان شۆلگەيلىرى تۇنباغانىڭ باش-كۆزىگە چېچىلدى.

قورۇقچىلار ھەرىكەتكە كەلدى، تۇنباغانىڭ قوللىرىنى كەينىگە

---

[1] تاڭ دەيزۇڭنىڭ دالى 13-يىلى (مىلادىيە 778-يىلى) ئۇيغۇرلار تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەيجۇ ئايمىقى (ھازىرقى تەيۈەن شەھىرى)غا ھۇجۇم قىلغان. دەيجۇ ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى جاڭ گۇاڭشېن لەشكەر باشلاپ كېلىپ ئۇيغۇرلارنى چېكىندۈرگەن. ئۇيغۇرلار چوڭ زىيان تارتقان.



قايرىپ كەپتەر قۇيرۇقى قىلىپ پەگاغا ئېلىپ باردى ۋە قاغاننىڭ ئەمرىنى كۈتۈپ ساقلاپ تۇرۇشتى.

دەل شۇ چاغدا يەنە بىر ئىش يۈز بەردى، ئالدىن بېرىلگەن يارلىققا بىنائەن، قوۋۇق قورۇقچىلىرى سۇلالىنىڭ ماتەم ئەلچىسىنى تۇتۇپ قاغان ئالدىغا يالاپ كىرىشتى...

لياڭ ۋېنشيۇ تىزلانمىدى، قاغان سۆز قىلىپ، «ئېتىمنى دەريايىڭدا سۇغىراي» دېگەن يەرگە كەلگەندە شۇنداق قاتتىق كۈلۈپ كەتتىكى، ئالەمچە مەسخىرە يوشۇرۇنغان بۇ كۈلكىدىن دىۋان تاملىرى خېلىغىچە يائىغۇ قايتۇردى.

قاغان بۇ مەسخىرىگە چىداپ تۇرالمىدى، گېلى بوغۇلغاندەك خىرقىراپ تۇرۇپ پەرمان چۈشۈردى:

— بۇ كۆرەڭ ئەلچىنىڭ ساقىلىنى قىرقىپ، يۈزىگە كۈيە سۈركەپ ئوردۇبالىق كوچىسىدا سازايى قىلىڭلار-دە، قاغانلىق تەۋەسىدىن ھەيدەپ چىقىرىڭلار، ئەتىلا تابغاچ دىيارىغا لەشكەر تارتىمىز!

«پىچاق سۆڭەككە يەتتى، ئۆلۈم بىلەن كۆرۈم قاش بىلەن كىرپىك ئارىسىدا قالدى، ئەمدى قان تۆكمەي ئىلاج يوق، ئى تەڭرىم، شامانلارنىڭ شامانى، بەندىلىرىڭگە مەدەت بەرگەيسەن، يولىنى ئوچۇق، يۈزىنى يورۇق قىلغايسەن!»

قورۇقچىلارنىڭ قامالىدا تۇرغان تونباغا ئۆز-ئۆزىگە شۇنداق دېدى ـ دە، قىلىچ سېپىنى تۇتۇپ ئۆلگۈرگەن بەگبارىسقا قاراپ باش لىڭشىتتى. بەگبارىس بىرلا سەكرەپ نەرە تارتقان پېتى تەخت ئالدىغا يېتىپ كەلدى ۋە كۈچ بىلەن قىلىچ ئۇردى. قاغاننىڭ بېشى تاۋۇزدەك ئۇزۇلۈپ يەرگە چۈشتى، ئالتۇن تەخت قانغا بويالدى.

دۋان ئۆرتۆپە بولدى، تۇنباغا ۋە بەگبارسنىڭ يگتلرى ئەرش جانبازلرىدەك پەيدا بولۇپ دۋانىنى، ئوردىنى تنتشقا باشلىدى.

## 16. شۋرغانلق كەچ كۆز

ئۆتكەن تېغى بلەن ئۆرخۇن ئەتراپى ئەنە شۇنداق كارامەت يۇرت. ئۇنىڭ يېزى شۇنداق كاتتا كېلدۇكى، بولۇتلارغا باش قويغان يۇكسەك تاغلارمۇ، تاغقا تۇتاش كەڭ ئوتلاقلارمۇ كۆك كىيملىك پەرىزاتتەك ياسىندۇ. قاقرلار «قاق» قلماستىنلا يايلاق ياشرىدۇ، ئۇ ياشرىپ، زەڭگەر كۆكتەك چىراي ئاچىدۇ، زەڭگەر يايلاق بىر تىنىقتا، پەقەت بىر كېچىدىلا مىڭ-مڭلاپ ئاق ئۆيلەرگە تولۇپ كېتدۇ. بۇ ئۆيلەر چېكىم-چېكىم ئاق چېكىت بولۇپ، ساما گۈمبىزىدىكى ئاي، يۇلتۇزدەك چاراقلايدۇ.

ئاق ئۆيلەردە ئوت تۇرتەيدۇ، ئوچاقلاردا قازان قاينايدۇ، ئاق ئۆيلەرنىڭ تۈڭلۈكىدىن، ئۆي ئالدىدىن كۆتۈرۈلگەن ئاقۇچ ئىس ئاق كىيملىك پەرىزاتنىڭ شايى بەلۋېغىغا ئوخشايدۇ. بۇ بەلۋاغ سەلكىن تاغ شاملى بلەن تۇماندەك لىغىرلايدۇ، شۇ لىغىرلشىدا ئاجايىپ كارامەتلەرنى كۆرستىدۇكى، يەر بلەن ئاسماننى، ئۆي بلەن بۇلۇتلارنى، ئادەم بلەن كۆك تەڭرىنى چەمبەرچاس باغلايدۇ، سېخىي تەڭرى ئاق بەلۋاغنىڭ بىر ئۇچىدىكى مۇنبەت يەرگە، ئاق ئۆيدىكى ئىشچان ئادەملەرگە جەننەتنىڭ كۆركى بلەن جەننەتنىڭ مەئىشتىنى ئاتا قىلىدۇ. ئوت-چۆپلەر سەمرىيدۇ، ماللار ئاۋۇيدۇ، بەرىكەتكە بەرىكەت قوشۇلىدۇ. ئامىتى كەلگەن ئادەملەر ئۆز رەھمىتىنى، دۇئا-تەكبىرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغىنى ئاشۇ بەلۋاغ ئارقىلىق كۆك تەڭرىگە يوللايدۇ،

تەڭرىمۇ خۇشال بولدۇ، ئادەملەرمۇ خۇشال بولدۇ.

ئۆتۈكەن تېغى بىلەن ئورخۇن ئەتراپى مانا شۇنداق كارامەت يۇرت. ئۇنىڭ قىشى شۇنداق كېلىدۇكى، ئۇنى ھېچكىم چىللىمايدۇ، چىللاشنىمۇ خالىمايدۇ، ئۇ كەلگەندە ئاسمان قارىيىپ، قۇياش يوقايدۇ، دەريا قېتىپ، تاغلار مۇزلايدۇ، قار ئۇچىدۇ، بوران ھۇۋلايدۇ.

شۇنداقتىمۇ، بۇ يەرلىكلەر قىشتىن قورقمايدۇ، قاردىن زېرىكمەيدۇ. بىلىدۇكى، قىش بولمىسا يازمۇ كەلمەيدۇ، ياز كېلىدىكەن، قىشمۇ كېلىدۇ. قېلىن قار ھەممىنى ئۆز ئاستىغا بېسىۋالغان بىلەن، ئادەمنىڭمۇ، ھايۋاننىڭمۇ، ئۇچار قۇش ۋە قۇرت-قوڭغۇزنىڭمۇ ئۆز نېسىۋىسى بولىدۇ.

ئۇچقۇر چانىلاردا ئۇلتۇرۇشقان ئەر يۇرەكلەر قارلىق قاپتاللارنى كېزىپ، ئۇلجىسىنى قوغلاپ يۈرۈپ ئوۋ ئوۋلايدۇ. قىز-چوكانلار ئەرلەر ئۈچۈن ئېگىن تىكىدۇ. جاڭگاللاردا ئوتۇن ئۆكسۈمەيدۇ. قازانلاردا گۆش قاينايدۇ، ھايات ئۆز يولى بىلەن داۋام قىلىۋېرىدۇ...

ئۆتۈكەن تېغى بىلەن ئورخۇن ئەتراپى مانا شۇنداق كارامەت يۇرت.

بىراق، بۇ كارامەت يۇرتنىڭ كەچ كۈز پەسلى يەرلىكلەرگىمۇ، يەرلەشكىلى ئۇن بەش يىلدىن ئېشىپ قالغان قۇتلۇقمۇ تازا يېقىپ كەتمەيدۇ، ئۇلار تەبىئەتنىڭ كەچ كۈزىدىن ئۆز ئۆمرىنىڭ كەچ كۈزىنى كۆرگەندەك بىزار بولۇشىدۇ. سېمىز چارۋىلاردىن ئۆزگە، جىمى مەۋجۇدات كۆزگە سەت كۆرۈنىدۇ. ئۆلۈۋاتقان چالدەك سارغىيىپ، ئوق تەگكەن لەشكەردەك يىقىلغان چۆپلەرگە، توزىغان گۈللەرگە، ئوت كەتكەندەك يالىڭاچلانغان دەل-دەرەخلەرگە، مۇزلاۋاتقان ئېقىنلارغا، قىرو باسقان يايلاقلارغا قاراپ ئېچىنىشلىق ئاھ ئۇرىدۇ. ئۆزگەرگەن ھاۋا تىنىچ كۆڭۈللەرنى چالغىتىدۇ. سوغۇق ئاسماندا قۇتراپ

يۇرگەن كۆرۈمسىز بۇلۇتلار كۆكۈلنى سىقىدۇ. قۇرۇق شاخلارغا ئېسى-لىپ، دىر-دىر تىترەۋاتقان غازاڭلار سەكراتتىكى بىمارنى ئەسكە سالى-دۇ. قولاقلارنى چىمداپ ئۆتىدىغان رەھىمسىز شامال، ئاياغلارنى دەم تارتىدىغان پاتقاقلىق يوللار ئادەمنى خاپا قىلىدۇ. بۇلۇت كەينىدە مۆكۈپ تۇرغان هارارەتسىز قۇياش ئوتى يوق ئوچاقتەك بىمەززە كۆرۈنىدۇ. ئاسماننى خىرەلەشتۈرگەندەك، كۆكۈل ۋادىسىنىمۇ نۇرسىز-لاندۇرىدۇ...

مىلادىيە 783-يىل، ئەنە شۇنداق بىئىسكەت كەچ كۈز كۈنلىرى-نىڭ بىرى. يىراق خاكاسلار قوۋمىدە بەش يىل جەڭ قىلغان قوتلۇق سانغۇن نەچچە ئونمىڭ لەشكەر بىلەن ساناقلىقلا قوي-كالىنى ئەگەش-تۈرۈپ، قاغان يارلىقى بىلەن قايتىپ كەلمەكتە ئىدى.

ئۇ يېنىساي دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى، كۆگمەن تېغىنىڭ ئارقىسىدىكى ئاشۇ يۇرتتىن قوزغالغىلى ئازغىنە كەم تۆت ئاي بولدى. قېتىقتەك لۆمشىپ تۇرىدىغان سازلىقلارنى، قار قاپلىغان داۋانلارنى، ئوقتەك تېز ئاقىدىغان ئوس، بېكىم دەريالىرىنى، قويۇق قومۇشلۇقلار-نى، گىياھ ئۈنمەيدىغان شۈۋاقلىقلارنى كەينىدە قالدۇردى، گاھى ئاتقا مىنىپ، گاھى ئات يېتىلەپ كۈنگە ئۈچ-تۆت ئۆتەڭ يول يۈردى، ئىككى قېتىم ياتلارنىڭ هۇجۇمىنى چېكىندۈردى، بىر قېتىم كۆگمەن تېغىنىڭ قارلىق جىلغىسىدا ئون نەچچە كۈن قامىلىپ قالدى. مۆلچەر-لەنگەن ئاش-ئوزۇقتىن چاتاق چىققاچقا، بەزىدە ئاچ يۈردى، بەزىدە توق يۈردى، نېمىلا بولمىسۇن، ئۇنىڭ قېلىن جۇۋا ئۈستىدىن باغلىۋال-غان كۆن بەلۋېغى ئەمدى بېلىگە بوش كېلىدىغان بولۇپ قالدى.

— غەيرەت قىلىڭلار يىگىتلەر، يەنە تۆت كۈن چىداشلىق بەرسەكلا ئىسسىق ئۆيلىرىمىزگە يېتىۋالالايمىز، ئەنە قاراڭلار، ئوردۇبا-لىقنىڭ ئېگىز قوۋۇقلىرى كۆزۈمگە كۆرۈنۈۋاتىدۇ مېنىڭ، — دەپ

چاقچاق قىلاتتى ئۇ مىڭباشى، يۈزباشىلارغا مەدەت بېرىپ.

بۇنداق چاغلاردا، قايسىبىر گەپدان تۈمەنباشى ئۇنىڭ گېپىگە گەپ ياندۇراتتى:

— قۇتلۇق سانغۇن، يىگىتلىرىڭىزدىن خاتىرجەم بولۇڭ، سىز ماڭالىسىڭىز، جاھاننىڭ ئۇ چېتىگىمۇ كېتىۋېرىمىز تېخى!

ئۇلار جەنۇبقا قاراپ نەچچە مىڭ چاقىرىم يول يۈردى. مانا ئەمدى ئىككى تەرىپى تىك تاغ بىلەن ياندالغان تار جىلغىدا كېلىۋاتات-تى. تاغ ئۈستىدىن خۇددى ئېغىر تاشتەك چۈشۈپ كەلگەن تەتۈر شامال ئۇدۇل جىلغا تېگىگە ئۇرۇلاتتى-دە، توپتەك تىك قاڭقىپ، ئاتلارنىڭ، ئاتلىقلارنىڭ كۆزىگە قار ئارىلاش توپا تىقاتتى. كەچ كۈز بولۇشىغا قارىماي، ھاۋا شۇنچىلىك جۇتلۇق ئىدىكى، تۈكۈرگەن تۈ-كۈرۈك يەرگە چۈشمەيلا قېتىپ قالاتتى. ئادەملا ئەمەس، سوغۇق بەلۋاغقا كۆنۈپ كەتكەن ئۈزۈن تۈكلۈك خاكاس ئاتلىرىمۇ كاچكۇلدىن چىققاندەك شۈمشەرەيتتى.

ھاۋا تۇتۇق، يەنە كېلىپ تىك قىيالار كۈن نۇرىنى توسۇپ تۇرغاچقا، جىلغا ئىچى بەئەينى جىنچىراغ يىقىلغان ئۆڭكۈردەك خىرە ئىدى. باش ئۈستىدە چۇۋۇتۇلغان كۆل رەڭ ماتادەك بوزىرىپ تۇرغان تار ئاسمانلا كۈندۈزدىن بېشارەت بېرىدىغان بىردىنبىر ئالامەت ھېساب-لىناتتى.

قۇتلۇقلار جىلغا بويلاپ مېڭىۋەردى. بىر چاغلاردا يول تۈۋەنلەپ، چۆل يۈزى بىلەن تەڭ بولدى. كۈن پاتماستا جىلغىدىن چىقىپ قويۇق چاتقاللار بىلەن قاپلانغان خېلى كەڭ بىر تۈزلەڭلىككە يېتىپ كەلدى.

ئادەملەر ھارغان ئىدى، بەزىلىرى ئات تىزگىنىنى بېلىگە باغلاپ، قامچىسىنى بەلۋېغىغا قىستۇرۇپ قويۇپ، ئات ئۈستىدىلا مۈگدەپ كې-لەتتى. نەشتەردەك سانجىلىدىغان ئاچچىق شامالمۇ، ئاچلىق ۋە تەشنا-

لىق ئازابىمۇ ئۇلارغا كار قىلمايتتى.

كىمنىڭدۇر ھارغىن ئېتى تۈز يەردىمۇ مۇدۇرۇلەتتى، ئۇيقۇ بىلەن چېلىشىۋاتقان ئىگىسىنىڭ كۆزىنى بوياپ، سۈيدۈك پۇرىغان بولۇۋېلىپ قەدەمدە بىر توختاپ قالاتتى. ئات ئىگىسى ساغرىسىغا «تارس» قىلىپ بىرنى سالغاندىلا ئاندىن ھوشىنى تېپىپ، توپ بىلەن بىللە مېڭىشقا مەجبۇر بولاتتى. زاپاس ئاتلارنىڭ ھالىمۇ يۈكلۈك ئاتلارنىڭكىدىن بەتتەر ئىدى.

قۇتلۇق توختىدى. ئالقانلىرىنى كۆچەپ ھوردىدى-دە، قىزارغان يۈزىگە سۈركىگەچ، ئەتراپىغا نەزەر سالدى.

ئۇ يىراق تاغ بېشىدا خۇددى ئايەملىك پانۇستەك ئېسىلىپ تۇرغان گۇنسىز قۇياشنى كۆردى. قۇتلۇقنىڭ يەكۈنچە، تېخى ھە دېگەندىلا قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتمەيتتى. نەگە قارىساڭ ئوتتۇن كۆرۈنەتتى. شۇرغاندىن پاناھلانغىلى، ئوت قالاپ ئىسسىنىۋالغىلى بولىدىغان بۇ جاڭگال لەشكەرلەر ئۈچۈن ئەڭ مۇۋاپىق قونالغۇ ئىدى. ئۇۋۇ ئۇڭدىن كەلسە، كېيىك بولامدۇ، توشقان بولامدۇ، ئىشقىلىپ يېگىلى بولىدىغان بىر نېمىلەرنى ئېتىۋالغىلى بولاتتى. قورساقنى جۆندەپ بولۇپ قېنىپ بىر ئۇخلىۋالسىلا ھەممەيلەنگە جان كىرىپ قالاتتى.

قۇتلۇق قانائەت ھاسىل قىلىپ، كەينىگە بۇرۇلدى ۋە ئۈنلۈك ئاۋازدا:

— ياغلاقار لىك[1]، ئۇيقۇڭنى ئاچ-تە، مىڭباشىلارغا گېپىمنى يەتكۈز، بۈگۈن مۇشۇ يەردە تۈنەيمىز، ھەركىم كەلگەن يېرىدە توختى-

---

① ياغلاقار لىك — تارىخىي شەخس. «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»دە: «لىك تاڭ زېمىنىدىن بولۇپ، فامىلىسى لۈي ئىدى. ئۇيغۇرلار زېمىنىغا كەلگەندىن كېيىن قاغانىغا ئاسراندى بالا بولدى. ئارقىدىن قاغانىنىڭ فامىلىسى بويىچە ياغلاقار لىك دەپ ئاتالدى ۋە دۆلەت ئىشلىرىغا قاتناشتى» دېيىلگەن.

سۇن، يۈز باشى ئۆز يۈزىگە، ئونباشى ئۆز ئونىغا ئاگاھ بولسۇن، ئانچە-مۇنچە ئوۋ قىلسىمۇ مەيلى دېسۇن، — دېيىشتى، ئون تۆت-ئون بەش ياشلاردىكى ياغلاقار لىك ئېتىنىڭ بېشىنى بىرلا بۇراپ كەينىگە ياندى-دە، ۋارقىرىغان پېتى چېپىپ كەتتى.

— ئاڭلاڭلار، قۇتلۇق سانغۇن شۇنداق دەيدۇكى ...

بۇنىڭدىن بىر نەچچە يىل مۇقەددەم، يەنى بۆكۈ قاغان زامانىدا مىڭباشى بولۇپ يۈرگەن قۇتلۇق سانغۇن پەرمان بىلەن قارا ئاتلىق شىرۋىلارغا لەشكەر تارتتى، قايتىش سەپىرىنىڭ بەشىنچى كۈنى قونال-غۇدا ياغلاقار لىگنى ئۇچرىتىپ قالدى.

— بۇ بالا لەشكەرلەر ئارىسىغا كىرىۋاپتۇ، كىم بىلىدۇ، بىرەر دۈشمەن قەبىلىنىڭ ئايغاقچىسىمۇ تېخى؟ — دېدى ئۇنى تۇتۇپ كەلگەن قورۇقچىنىڭ بىرى.

— زاكىسىدىن چىقار-چىقمايلا ئايغاقچىلىق قىلغىنىنى بۇنىڭ، — دېدى يەنە بىر قورۇقچى مەسخىرە قىلىپ. بىر يۈزباشى «مۇشۇ چۆلگە تاشلاپ كېتەيلى، يامان بولسا بېشىنى يەر، ياخشى بولسا ئېشىنى يەر» دېيىشتى، بۇ گەپ بەزىلەرگە يېقىپ قالدى.

— تىلىڭنى تارت، — دېدى قۇتلۇق دەرغەزەپ بولۇپ.

شۇم ئېغىز يۈزباشىلار قويرۇقىنى خادا قىلغاندىن كېيىن قۇتلۇق بۇ «ئايغاقچى»نى قولىدىن يېتىلەپ ھارۋىسىغا ئېلىپ چىقتى، ئالدىغا گۆش، نان قويۇپ، قىمىز قۇيۇپ بەردى.

قۇتلۇقنىڭ تېرىكىشى ئەلۋەتتە ئورۇنلۇق ئىدى. ئۇ بۇ بالىنى كۆرگەن ھامان 15 يىل ئىلگىرى بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەنىدى. قۇتلۇق دەل مۇشۇ بالىچىلىك چاغلىرىدا ئىگە-چاقىسىز يېتىم بولدى، ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق كېلىپ بارارغا يەر، يۆلىنەرگە يۆلەك تاپالمىدى، قانداقتۇر بىر ئىرادە بىلەن چوڭ قوشۇنغا ئەگەشتى.

راست، ئۇ چاغدا ئاتاق دادىسى تۇنباغامۇ ئوخشاشلا ئۇنى ھەيدىۋەت-
مەكچى بولغانىدى. لېكىن سوغداقلارنىڭ سەۋەبى بىلەن ئاتاق دادىسى
ئۇنى بېقىۋالدى، مۇھەببەتلىك ئائىلىدە چوڭ قىلىپ، قاتارغا قوشتى.
ئەگەر ئۇلار تاشلاپ كەتكەن ياكى ھەيدىۋەتكەن بولسا ئۇنى يەنە
قانداق قىسمەتلەر كۈتەر ئىدىكىن؟ تۇنباغادەك كۆيۈمچان، تاراستەك
ئاق كۆڭۈل، كەدىرەدەك مېھرىبان ئادەملەر بىلەن ئۇچرىشالايتتىمۇ؟
سەردارلىق ئاتاق-ئابرۇي ۋە توققۇزى تەل بەختلىك ئۆي ئۇنىڭغا
نېسىپ بولاتتىمۇ؟

«بۇ بەلكى ماڭا ئوخشاش يېتىم بالىدۇ. ياكى ئەتۇر قۇترايدىغان
تەقدىر شامىلى ئۇنى ئۆز يۇرتىدىن، ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىۋېتىپ، بۇ
چۆللەرگە تاشلاپ كەتكەنىدۇ، ئەتىمالىم دادىسىنى دەپ بۇ يەرلەردە
ساياپ يۈرگەندۇ...»

قۇتلۇق قورقۇمسىراپ تۇرغان بۇ بالىنى سىنچىلاپ كۆزىتىپ
چىقىپ ئۇنىڭ تاڭ قوۋمىدىن ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۇردى، گۆشتىن
يانغاندىن كېيىن تىلماچ چاقىرىپ، مەقسەتتىن سۆز ئاچتى:

— ئېتىڭ نېمە ئوكام؟

— بىلمەيمەن!

— ئاتا-ئاناڭ كىم، ئۇلار نېمە ئىش قىلىدۇ؟

— ... ... ...

— ماڭا دېگىن، ئۆيۈڭلەر قەيەردە؟

بالا تۇمشۇقى بىلەن جەنۇب تەرەپتىكى ئېگىز تاغنى ئىما قىلدى
ۋە پاڭگىدە ئېتىلىپ كەتتى. ئۇ قۇتلۇققا تاشلىنىپ يىلىنغان تەلەپپۇزدا:

— ئاكا، ئاتا-ئانامۇ يوق، يۇرتۇممۇ يوق، مېنى بىللە ئېلىپ
كېتىڭ، سىزگە شايى توقۇپ بېرىمەن، — دېدى.

— شايى توقۇپ بېرەمسەن تېخى؟ — دېدى قۇتلۇق ئۇنىڭ

كىگىزدەك چىگدىلىپ كەتكەن قارا چاچلىرىنى تۇزەشتۇرۇپ تۇرۇپ،
— سەن بىلمەيسەن، بىزنىڭ بۇ يەرلەردە ئۇچمە ئۆسمەيدۇ، مەشۇت چىقمايدۇ، هازىرچە غىزا يەپ قاچا بىكارلاپ بەر-سەڭمۇ چوڭ گەپ...
— «هايۋان بالىسىنى بىقىۋالساڭ ئىغىز-بۇرنۇڭنى ياغ ئېتەر، ئادەم بالىسىنى بىقىۋالساڭ ئىغىز-بۇرنۇڭنى قان ئېتەر» دېگەن گەپ بار، قۇتلۇق سانغۇن، ئۇبدان ئويلاپ بېقىپ ئاندىن بىر ئىش قىلارلا...
— مۇبادا بىرەر بالىمىز تابغاچ يۇرتىدا يالغۇز قالسا، تابغاچلار ئۇنىڭغا مۇشۇنداق گۆش، نان بېرەرمۇ؟
— نەدىكىنى، ئۆلتۇرۇپ يەپ كەتمىسىمۇ، قۇل قىلار، ياكى ئېلىشقا سېتىۋېتەر، دەيمەنا...
بۇ گەپلەر قۇتلۇقنى يەنە بىر قېتىم تېرىكتۇردى، «ئاغزىڭغا تاش!» دېگىنىچە سۆزمەنلەرگە خىرىس قىلغىنىنى ئۆزىمۇ تۇيماي قالدى. تىلى يۇمشاق سەردارنىڭ بۇنداق قاتتىق ئاچچىقلانغىنىنى كۆرۈپ باقمىغان يۇزباشىلار بىردىنلا جىمىپ قېلىشتى.
قۇتلۇق بىر قارارغا كەلمەستىنلا بۇ تەرىقە يامان گەپلەرنى ئاڭلىغىنى ئۇچۇن، بۆكۈ قاغان ۋە تۆت سوغداقنىڭ يەنە نېمە دەيدى-غىنىنى تولۇق هېسابقا ئېلىپ تېگىشلىك گەپ-سۆزلەرنى تەق قىلىپ قويدى.
يۇزبېشىنىڭ تەنە گەپلىرىنى «ئۆزىنى هەيدەۋاتىدۇ» دەپ چۇ-شەنگەن بۇ بالا هەدەپ بۇرنىنى تارتاتتى ۋە «ماقۇل دەڭ ئاكا» دېگىنىچە توختىماي يالۋۇراتتى.
شۇنداق، بىر ئادەمنىڭ تەقدىرى بەزىدە ئاللىكىملەرنىڭ «ما-قۇل» ياكى «ياق» دېيىشىگە باغلىق بولۇپ قالىدۇ. «ماقۇل» دېگەن سۆز بىلەن تەڭ، ئۇ گۇزەل كېلەچەككە ئېلىپ بارىدىغان داغدام يولنى

تىپىۋىلىشىمۇ، «ياق» دېيىلگەن بىر سۆز تۈپەيلى، ئۆمۈرلۈك قارا قىسمەتكە مەھكۇم بولۇشىمۇ مۇمكىن. بىراق، «ماقۇل» ياكى «ياق» دەيدىغان ئادەمنى تاللىۋالغىلى بولمىغىنىدەك، «ماقۇل» بىلەن «ياق» نىمۇ تاللىۋالغىلى بولمايدۇ. تەقدىر ئۇنى ئۆزى تاللاپ، ئادەملەرگە تاڭىدۇ...

تەقدىر دېگەن مانا شۇ!...

ئۇلار شۇ كۈنى ئۈچ ئۆتەڭلىك ئۇزۇن يولدا بىللە مېڭىپ، بىر كېچىنى بىللە ئۆتكۈزدى. قۇتلۇق ئۇنىڭ ئاتا لەقىمىنىڭ «لۈي» ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسىمۇ، لېكىن قاغان قوۋمىنى يادىغا ئېلىپ، ئۇنىڭغا «ياغلاقار لىك» دەپ يارىشىملىق ئات قويۇپ قويدى.

— ئاڭلاڭلار، قۇتلۇق سانغۇن پەرمان قىلىدۇكى...

قۇتلۇق بىلەن ئالتە يىلچە بىللە يۈرۈپ، نى-نى جەڭ ۋە ئىسسىق-سوغۇقنى باشتىن كەچۈرۈپ، چوپچوڭلا يىگىت بولۇپ قالغان ياغلاقار لىك قۇتلۇقنىڭ پەرمانىنى تەكرارلىغىنىچە، سەپ بويلاپ يۈ-رۈپ كەتتى. بۇ پەرمان ھالسىزلانغان يۈزباشىلارغىمۇ، لەشكەرلەرگىمۇ خۇددى ئىنئام بەرگەندەك يېقىپ كەتتى. قوشۇن توختاپ تارالدى، ئاق ئۆيلەر تىكىلدى.

قۇتلۇق سانغۇن لەشكەرلەرنىڭ توشقان ئوۋلىغىنىنى بىردەم تاما-شا قىلغاندىن كېيىن خاس چېدىرىغا قايتىپ كىرىپ، تۆرتەپ تۇرغان گۈلخان ئالدىدىكى يىلپىز تېرىسىگە يانپاشلىدى.

گۈلخان كۆيىدى، چېدىر ئىچى تونۇردەك ئىسسىپ كەتتى، ياغلا-قار لىك تۇتۇپ كەلگەن پاقلاندەك چوڭ توشقانمۇ بىردەمدىلا ھېقىقەتەك قىزىل جاڭگال كاۋىپىغا ئايلاندى. ئۇ قۇلاقچىسىنى ئېلىپ، جوۋىسىنى يەشتى-دە، ياغلاقارغا خۇددى ئوغلاق تاشلىغاندەك تاشلاپ بېرىپ، مەززە قىلىپ كاۋاپ يېدى، كىمدۇر ئېلىپ كىرگەن كۆمەچكە ئېغىز

تەگدى، سەپەر تۇلۇمدىن قىمىز قۇيۇپ، قانغۇچە ئوتلىدى.

جاڭگال كېچىسى باشلاندى. جاڭگال لەشكەرلەرنىڭ ئاياغ تىۋىشى، ھارۋىلارنىڭ تاراق-تۇرۇقى بىلەن قانداق تېز ئويغانغان بولسا يەنە شۇنداق تېز ئۇيقۇغا كەتتى.

ئەمدى بۇ يەر تۈن بۆشۈكىدە تەۋرىنەتتى. ئاق ئۆيلەردىن تۇرۇم-تۇرۇم ئىس ئۆرلەيتتى، نەلەردىدۇر گۈلخان چوغى يىلىنجايتتى. لەشكەرلەر ھارارەتسىز گۈلخان ئەتراپىدا كىگىزلەرگە، جۇۋىلارغا پۈركىنىپ ھەر خىل قىياپەتتە سوزايلىنىپ يېتىشاتتى. يۇلغۇن تۈۋىدىن، قومۇشلار ئارىسىدىن خورەك ئاۋازى ئاڭلىناتتى. ئات-خېچىرلار تېپىشەتتى، ياپراقسىز سۆكسۆك ئارىسىدىن يىلاندەك سويلاپ ئۆتۈۋاتقان سوغۇق شامال كېچە جىمجىتلىقىغا تەشۋىش سالاتتى.

ھەممە يەر قاراڭغۇ، ھەممە يەر تىنچ.

پەقەت، قۇتلۇقنىڭ خاس چېدىرىلا قاراڭغۇدىن ۋە تەشۋىشتىن خالىي، ئىشىك ئالدىدا بىر ياش لەشكەر كۆزەت قىلىدۇ، مىڭ يىللاپ قۇرۇپ ياتقان يۇلغۇن قاقشىلى چېدىر ئوتتۇرىسىدىكى گۈلخاندا قۇرتتەك چىرسىلداپ كۆيۈپ تۇرىدۇ. چارچىغان ياغلاقارمۇ جۇۋىسىنى يەشمەيلا ئات ئېگەرىگە بېشىنى قويۇپ ئۇخلاپ كەتكەن، ئۇ ئەمدى چوش ئالەمدە ئويناپ يۈرىدۇ، ئۇ يەردە ئۇ بىر ئۆمۈر شايى-دۇردۇن توقۇپ چىققان، كېيىن مەنسەپدارلارنىڭ تۈگمەس ئالۋىنى تۆپەيلى جېنىدىن تويۇپ تىنچ دۇنياغا كېتىپ قالغان بەختسىز ئاتا-ئانىسى بىلەن دىدارلىشىدۇ، قۇچاقلىشىدۇ، كۆز يېشى قىلىشىدۇ، ۋەسلىگە قېنىشىدۇ...

تەبىئەتمۇ ئۇيقۇدا، ئادەملەرمۇ ئۇيقۇدا. بىراق، ئادەملەر ئىچىدە پەقەت بىرلا ئادەم تېخى ئۇيقۇدىن بىدار. ئۇنىڭ تەتۈر جۇۋىنى يېپىنچاقلاپ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇشى گويا قارلىق قىيادا تۇرۇپ ئوۋ

كۆتۈپ تاقەتسىزلەنگەن ئاق ئېيىققا ئوخشايدۇ، بەقۇۋۋەت قوللىرىنى جۈپلەنگەن تىزى ئۈستىگە قويۇۋالغان، ساقاللىق ئېڭىكىنى سەل ئالدىغىراق سوزغان، جىمى سەزگۈسى كۆز ئالمىسىغا مۇجەسسەملەشكەن. ئۇ ئاشۇ كۈچلۈك سەزگۈ بىلەن جازىبىلىك تولغىنىۋاتقان گۈلخانغا، گۈلخان يالقۇنىنىڭ قات-قاتلىرىغا تىكىلىدۇ. ئوت تولغىنىدۇ، تولغىنىپ، تولغىنىپ ئادەملەرنىڭ ۋە ئاجايىپ كۆرۈنۈشلەرنىڭ سۈرىتىگە كىرىدۇ. بۇ سۈرەت مېھرى ئىسسىق ئېزىتقۇدەك، ئۇنى مەپتۇن قىلىدۇ، ئۇنى ئۆز قوينىغا چىللاپ تۇرىدۇ...

ئەنە، ئۇنىڭ غەم-غۇسسىسىز سەبىي چاغلىرى. ئۇ ئوينايدۇ، ئاكىسى ئىنجىقلاپ تۇرۇپ كۆرۈك باسىدۇ، دادىسى كۆيۈپ-پىشىپ بازغان سوقىدۇ، ئانىسى سۈت ساغىدۇ، تۇرمۇش ئۆز ئىزىدا، ھەممەيلەن خاتىرجەم، ھەممە بەختلىك ...

كۆز ئالدىدا يامان كۈنلەر، ئاكىسىنىڭ جەسىتىنى جەڭ مەيدانىدىن ئېلىپ كەلگەن ئات ئىشىك ئالدىدا نەملەنگەن كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ قاراپ تۇرىدۇ. كىملەردۇر دادىسىنى سۆرەۋاتىدۇ. ئۇنىڭ چىرايىدىن سۈر ئەمەس بەلكى قايغۇ ياغىدۇ. ئۇ كېتىۋېتىپ قايرىلىدۇ، «ئەمىسە خوش، بۇ ئالەمدە كۆرۈشەلمىسەك، ئۇ ئالەمدە كۆرۈشەرمىز» دېگىنىچە يىغلاپ كېتىدۇ ...

ئەنە كېيىنكى ياخشى-يامان كۈنلەر، ئۇ ياغلاقار لىگىدەك، ناتونۇش ئاتلىقلارنىڭ كەينىدە قەلەندەردەك سوكۇلداپ يۈرىدۇ، كىمدۇر بىرى «كەت» دەپ قوغلايدۇ، يەنە بىرى «قال» دەپ سۆزلەيدۇ. «كەت» دېگەنلەر ئۇنىڭ يادىدا يوق، «قال» دېگەنلەرنى ئۇ تاكى قىيامەتكىچە ئۇنتۇپ كېتەلمەيدۇ. ھە، راست، «قال» دېگەنلەر نەدىكىنە؟ ئەنە ئۇ راھىب سوغداقلارنى كۆردى. ئۇلار ئەجەل گىردابىدا مەگدەپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئۈستىدە ئاق قاردەك ئاپئاق پەرىجە، باشلىرىدا

پەي پۆپۈكلۈك قارا قالپاق...

ئۇ كۆرۈۋاتىدۇ، مانا بۇ بەش يىل بۇرۇنقى كۆڭۈلسىز چاغلار، يەنى مىلادىيە 779-يىلىنىڭ جۇت-يامغۇرلۇق كۈز كۈنى، دىۋان قانغا بويالغاندىن كېيىنكى يەنە بىر قانلىق مەنزىرە.

گۇناھكارلاردىن ئەللىك چامدام يىراق يەردە تۆت گەز ئېگىز بىر جازا سۇپىسى تۇرىدۇ. بۇ سۇپا كىگىز، گىلەم ۋە سەرخىل رەخت بىلەن تويى سەيناسىدەك كاتتا بېزەلگەن. سۇپىدا سانجاق-سانجاق قورۇقچىلار ئارىسىدا ئاتاق دادىسى — يېڭى قاغان تۇنباغا بىلەن تۇمەنباشى بەگبارىسلار تۇرىدۇ. ئۇلار جىنايەتكار تۆت سوغداقنى ۋە ئىككى مىگچە مانى «مۇرتەت»نى ئۆلۈمگە بۇيرۇيدۇ. بۆكۈ قاغاننىڭ كىچىك نىگگو-دىن تۇغۇلغان ئىككى بالىسىغمۇ ھېچ كېچىكمەي جازا بېرىشىدۇ. قاغاننىڭ ھۆكۈمىنى كۈتۈپ تۇرغان ئاسىي ئەمەلدارلارمۇ ئاز ئەمەس.

جاللات ئالدىدا كۆكرەك كېرىپ، توختىماي دۇرۇت ئوقۇپ تۇر-غان تۆت سوغداق چوڭ سۇپىنىڭ يېنىدا تۇرغان بىر يىگىتكە ئۈمىد بىلەن قاراپ قويىدۇ. بۇ قاراش بىلەن «بالام قۇتلۇق، بىزنى قۇتقۇز-غىن، ياخشىلىقىمىزنى ئۇنتۇما، پەقەت تەڭرى بىلەن سەنلا بىزنى چۈشىنىسەن» دېگەن ئىلتىجانى ئۇقتۇرماقچى بولىدۇ. يىگىت ئىككى ئوت ئارىسىدا ئۆرتۈنىدۇ، ئۇلارنىڭ كۆزىگە ئۇدۇل قاراشتىنمۇ خىجىل بولىدۇ. «مەندەك بىر مىگباشىنىڭ قولىدىن نىمە كېلىدۇ، — دەيدۇ ئۇ، بولۇمسىزلىقتا ئۆزىنى ئەيىبلەپ، — راست دەيسىلەر، مەن سىلەرنى چۈشىنىمەن، سىلەر يامان ئادەملەر ئەمەس، ئەمما دادام يامان دېگەننى مەن ياخشى دېيەلمەيمەن، ياخشى دېگەننى يامان دېيەلمەيمەن كەچۈ-رۈڭلار، مېنى كەچۈرۈڭلار...»

ئۇ سوغداقلارنىلا ئەمەس، بەلكى ئىككى نارەسىدىنى، تۇۋا قىل-غان بارلىق ئادەمنى قۇتقۇزۇشنى ئويلايدۇ، «بۆكۈ قاغان تارتقۇلۇقنى

تارتتی، ئاقغان قان ئاقتی، کەتکەنلەر کەتتی، ئەمدی سوغداقلار بىلەن نارەسىدىلەرگە بولسىمۇ ھاياتلىق يولى بەر» دېگۈسى كېلىپ دادىسىغا قارايدۇ.

ئۇ ئاڭلاۋاتىدۇ، دادىسى: «يىلان ئىكەن، ئۇ زەھەرلىكتۇر، ئۇنى نەدە كۆرسەڭ شۇ يەردە ئۆلتۈر. بەلكى چاناپ قىيما-چىيما قىل، ئۇۋۇسىنى بۇز، تۇخۇمىنى قۇرۇت، ئۇنىڭغا رەھىم قىلساڭ ياكى تولۇق ئۆلتۈرمىسەڭ، ئۆزۈڭگىمۇ، ئۆزگىگىمۇ زىيان سالىسەن. ئۆزۈڭگە سال-غان زىيىنىڭ ئۆزۈڭگە ھېساب. بىراق ئۆزگىگە سالغان زىيىنىڭنىڭ گۇناھى سېنى ئۇدۇل دوزاخقا سۆرەيدۇ» دەۋاتقاندەك قىلىدۇ...

قۇتلۇق ياغلاقارنىڭ ئويغانغىنىنى ۋە گۇلخانغا بىرقانچە تال قاقشال تاشلىغىنىنى تۇيمايلا قالدى، قاقشالغا يېڭىۋاشتىن ئوت تۇتاش-تى. ئۇ ئۇلغىيىۋاتقان ئوت ئەۋجىگە قاراپ، ئۆز خىيالى بىلەن بەند بولىۋەردى.

ئۇ يەنە ماۋۇلارنى كۆرۈۋاتىدۇ: قىلىچ چېپىلىۋاتىدۇ، سوغداقلار-نىڭ بېشى كېسىلىۋاتىدۇ، قان ئەگىز سۈيىدەك يېيىلىپ ئېقىۋاتىدۇ. ئەنە، قېرى موزاكىنىڭ تۇكلۇك بېشى بىر قىلىچ بىلەنلا چورت ئۈزۈ-لۈپ، گۈپ قىلىپلا يەرگە چۈشتى، دوملاپ كېلىپ يىگىت تەرەپكە يۈزلەندى، ئالايغان كۆزلىرى قۇتلۇقنىڭ كۆزىگە تىكىلدى.

مىڭلىغان سوغداق ۋە يۈزلىگەن سەردار بۇ قىسمەتتىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى. يەنە ئىككى بالىمۇ جاللات قولىغا ئۆتتى. جاللات: «قارا باخشى ئۈچۈن ئوبدان قۇربانلىق» دېدى-دە، ئۇلارنىڭ باشلىرىغا قىلىچ ئۇردى.

ئەنە ئوردا شەھىرى، ئەنە تاشقى شەھەر. باش شامان تاللاپ بەرگەن خەيرلىك كۈن. ئوردا شەھىرى توي ئەۋجىدە، ئۇسسۇلچىلار پىرقىرايدۇ. كۈنى تۇغقان بەگ-باخشىلار ناغرا چالىدۇ، داپ-دۇمباقلار

گۇمبۇرلەيدۇ. يېڭى قاغان تۇنباغا زەر جىيەكلىك لىباس كىيىپ، قۇياش ئىلاھىغا، كۆك تەڭرىگە تەزىم قىلماقتا. ئاق كىگىزگە ئولتۇرۇپ، توققۇز گۇلخاندىن ئاتلاپ ئۆتۈپ، ئالتۇن تەختتىن جاي ئالماقتا.

ئەنە، ئۇ مانى تەرىقىتىنى بىكار قىلىپ، قارا باخشىنىڭ تالىپى ئىرچۇك باخشىنى چوڭ شامان قىلغانلىقىنى جاكارلىماقتا. ئەنە، تاراس بىلەن بەگبارسقا ۋەزىرلىك ۋە تۇمەنباشىلىق دەستىكىنى تەقدىم قىلماقتا. ئۇ ئۆزى ھەم دەستەك ئېلىپ ئون مىڭ لەشكەرگە سەردار بولدى...

ئەنە، قاغان ھوزۇرىدا ئوردا كېڭىشى، قاغان تۇنباغا تەختىدە ئولتۇرۇپ، ھەر بىر سۆزگە زەن قويماقتا. ناتونۇش بىر ئادەم خاكاسلار ھەققىدە مەلۇمات بەرمەكتە. ئاخىر مەزلۇم خاكاسلار ئۈستىگە لەشكەر تارتىش قارار تېپىلدى. قاغان «بۇ جەڭگە كىم باش بولغاي؟» دەپ باش قاتۇرماقتا، سەردارلارنى بىر- بىرلەپ كۆزەتمەكتە. مانا ئەمدى ئوبدان بولدى، بىر ياش سەردار ھازىر بولۇپ، بۇ مۇشكۇل ئىشنى ئۆز زىممىسىگە ئالدى.

ئەنە، قاغان كۈلمەكتە، مىسكىن كۆڭلى سەپەر تارتقان قۇتلۇق سانغۇن لەشكەر-سەرۋازلارنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ چوڭقۇر ئىقىنلاردىن كېچىپ ئۆتمەكتە، تىغدەك داۋانلاردىن ئاشماقتا، قوقاستەك قۇملۇقلار- نى كەچمەكتە...

گۈلخان ئۆچتى، دۇمباق چېلىندى، ئۇزاق بىر كەچ كۈز كېچە- سىنى كىرپىك قاقماي تاڭ ئاتتۇرغان قۇتلۇق سانغۇن چېدىر تېشىغا چىقىپ كۈنچىقىش تەرەپكە تەزىم قىلدى. ئۇ تاڭ بىلەن تەڭ يېتىپ كەلگەن قاغان خادىمىنى قوبۇل قىلدى ۋە «ئوردىغا تېز قايتقايسىز، كۆزىمىز يولىڭىزدا» دېگەن يارلىقنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ناشتا قىلمايلا يولغا چىقىش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى. ياغلاقار لىك قۇتلۇقنىڭ گېپىنى تەكرار- لىدى:

— سەردارىمىز دەيدۇكى، ئولتۇرغانلار قوپسۇن، قوپقانلار ماڭسۇن، ماڭغانلار يۈگۈرسۈن...

## 17. ئاتا ۋە بالا

— جانابى سانغۇن، ئوردۇبالىق ئورنىدىن قوزغىلىپ كەتتىمۇ، يا مېڭىپ-مېڭىپ قىردىن ئاشالمايۋاتامدۇق، — دېدى بىر مىڭباشى قۇتلۇققا يانداشىپ كېلىپ، — ئەجەب كۆرۈنمەيدىغۇ ئۇ شەھەر؟

قۇتلۇق كۈلۈپ قويۇپ، كونا گېپىنى تەكرارلىدى:

— غەيرەت قىل توغرۇل مىڭباشى، بىردەم ماڭساڭلا ئىسسىق ئۆيۈڭگە يېتىۋالالايسەن.

قۇتلۇقنىڭ چىرايىدا ئاتا مىراس سۈر بولغىنى بىلەن، خېلى گەپدان ۋە چاقچاقچى ئىدى، ئادەملەر بىلەن ئاسانلا ئىچەكىشىپ كېتەلەيتتى. «بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا» دەپ گەپ باشلايتتى ئۇ جاپالىق چۈشكۈنلەردە لەشكەرلەرنىڭ ئارىسىغا كىرىۋېلىپ. «بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا»دىن كېيىن توخۇمغا ئۆتەتتى، توخۇمدىن چۈجىگە ئۆتەتتى، چۈجىدىن توخۇغا ئۆتەتتى. توخۇدىن كېيىن يەنە توخۇمغا قايتىپ كېلەتتى، ئۇنىڭ چۆچىكى مانا مۇشۇنداق داۋام قىلاتتى. ئەمەلدە بۇ كىچىك چېغىدا ئانىسىدىن ئۆگىنىۋالغان «ئۇيقۇ كەلتۈرگۈچى» چۆچەكلەر ئىدى.

«بىردەم ماڭساڭلا» دېگەن گەپنى يېقىندىن بېرى قانچە قېتىم تەكرارلىغىنىنى قۇتلۇقنىڭ ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ. نېمىلا بولمىسۇن بەش يىل مابەينىدە خۇددى كۆچمەن چوپانلاردەك كۆچۈپ يۈرۈپ، گاھى

جەڭ قىلىپ، گاھى يول بېسىپ ئۇن جېنىنىڭ بىرى قالمىغان بۇ لەشكەرلەر بۇ گەپتىن كېيىن ئوبدانلا جانلىنىپ كېتەتتى.

دېمىسىمۇ، ھېلىقى جاڭگالدا «بىردەم ماڭساڭلا ئىسسىق ئۆيۈڭگە يېتىۋالالايسەن» دېگەن گەپ تەكرارلانغاندىن بېرى، ئۇلار يەنە نەچچە كۈنلەپ جىددىي يول يۈردى، قارلىق تاغدىمۇ توختاپ قالمىدى. ئۇن ئۈيغۇر، توققۇز ئوغۇز ھامىيلىقىدىكى قارام قەبىلىلەردىن ئۆتكەندە، ئىسسىق ئۆيلەردە ئانچە-مۇنچە مېھمانمۇ بولۇشتى، ئۇزۇق-تۈلۈك تولۇقلاپ، ئات يەڭگۈشلۈۋېلىشتى. ئىككى قېتىملىق قاغان يارلىقى ئۇلارنىڭ ئايىغىنى خېلىلا چاپسانلاشتۇردى.

شاماللىق ئەمما بۇلۇتسىز كۈنلەرنىڭ بىرى. قۇتلۇق كېتىۋېتىپ ئات ئۈستىدە ئۆرە بولدى - دە، يىراقتا كۆز تىكىپ نېمىلەرنىدۇر كۆرگەندەك:

— قاراڭلار، ئوردۇبالىقنىڭ ھەيۋەتلىك قوۋۇقلىرىنى كۆرۈۋاتەمەن، — دەپ توۋلىۋەتتى ھاياجان بىلەن.

توغرۇل مىڭباشى، ياغلاقار لىك ۋە باشقا بىرقانچە سەردار ئېگەردىن كۆتۈرۈلدى، رەڭمۇرەڭ توغ-ئەلەملەرنىڭ ئۇچىنى كۆرۈپ سانغۇننىڭ چاقچاق قىلمايۋاتقىنىغا چىنپۈتتى ۋە بىر-بىرىگە قارىشىۋېلىپ، شارتتىدە كەينىگە بۇرۇلدى.

— ئاڭلاڭلار، قۇتلۇق سانغۇن دەيدۇكى...

ئۇلار كىچىك بىر تۈزلەڭلىكنى بېسىپ ئۆتۈپ خاكاس دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدىكى كەڭ-كەڭرى تىلاۋەت مەيدانىدىن چىقىپ كەلدى، ئۇ يەردە يۇرت ئەھلىنىڭ بىتاقەت بولۇپ ئۆزلىرىنى كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈشتى.

تۈزلەڭلىك ئادەم بىلەن لىق تولغانىدى، قارىماققا، ئوردۇبالىقنىڭ جىمى پۇقراسى بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەندەك قىلاتتى. ئاق چاچلىق

ئاتلار ھەم ئاتلار، بالىلىق چوكانلار ۋە باللار ئادەم دېڭىزىنىڭ ئالدى گىرۋەكلىرىدە تۇراتتى. ئەركەكلەر قوي سوياتتى، ئوتتۇن توشۇپ ئوت قالايتتى، تۇلۇم-تۇلۇم سۈت-قىمىز تېخى ھارۋىلاردىن چۈشۈرۈلمىگەن، لەشكەرلەرنى ئىسسىنۋالسۇن دەپ ئاق ئۆي تىكىلىپ، يۈزلەپ يەرگە گۈلخان يېقىلغانىدى.

تەقەززا بولغان پەيتلەر يېتىپ كەلدى. ئىككى تەرەپ بەئەينى كۆچلۈك دولقۇنلاردەك ئالغا سۈرۈلدى. ئادەم بىلەن ئادەم قوشۇلدى، ئەلەم بىلەن ئەلەم گىرەلەشتى. ناغرا بىلەن دۇمباق جور بولدى. كۆلكە بىلەن كۆلكە بىرلەشتى. يىغا بىلەن يىغا ئۇلغايدى. بەش يىللىق كۈتۈش، بەش يىللىق زارىقىش ئادەملەرنى بىر جان، بىر تەنگە ئايلاندۇرۇۋەتتى.

ئايرىلىش دېگەن شۇنداق بولىدىكەن، ئۇ بۇنى سېغىنىدىكەن، بۇ ئۇنى سېغىنىدىكەن، ئايلار ئۆتىدىكەن، يىللارمۇ ئۆتىدىكەن. ئاي-رىلغانلار ھايات بولسىلا دىدارلىشىدىغان قۇتلۇق كۈنلەر ھامان يېتىپ كېلىدىكەن.

تۇمەنباشى بەگبارىس بىلەن ئىنىسى تاراس تېكىننى قۇتلۇق سانغۇن يىراقتىنلا تونۇۋالدى. ئۇلار ئايالى كەدىرە بىلەن ئۇماق قىزى ئايچەچەكنى بۇ مەنزىلگە بىللە ئېلىپ كەلگەنىدى. قۇتلۇق سانغۇن ئۇلار بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى، ئايالىنى باغرىغا باستى، ئايچەچەكنى تويىماي سۆيدى.

مۇراسىم باشلاندى، ئېرچۈك باخشى ئىسرىق سېلىپ جىن كۆ-چۈردى. لەشكەرلەر كۆن تەگرىگە ۋە ئاي تەگرىگە توققۇز مەرتەم باش ئۇرۇپ، كۆك ئەلەمگە ئۈچ قېتىم تەزىم قىلدى، گۈلخانلاردىن ئاتلىدى، يېگىۋاشتىن سەپ تۈزۈپ شەھەر تامان يۈرۈپ كەتتى.

قۇتلۇق ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئوردۇبالىقنىڭ شىمالدىكى چوك

قوۋۇقىدىن ئۆتۈپ، شەھەر ئىچىگە كىرىپ كەلدى-دە، غول كوچىلار-نىڭ بىرىگە قەدەم قويدى.

ئۇلار ئاتلىرىنى ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىپ، يانمۇيان كېلىشەتتى-يۇ، كۆڭلىدە تۇغۇن بارەدەك ھېچكىم ئۈندىمەيتتى. «تاراسقۇ سۆزگە ناقىس چوڭ بولغان، ئەمما بەگبارسچۇ. بەگبارسقا نېمە بولدىكىن. قاغان يېنىدىكى يىگى مەنسەپ ئۇنى ئىغىر-بېسىق قىلىپ قويدى-مىكىن؟»

قۇتلۇق ئايرىلغىنىغا كۆپ يىللار بولغان، كۆپ قېتىم چۈشىگە كىرگەن بۇ شەھەرگە، تونۇش كوچىلارغا تويماي قارايتتى. لېكىن بۇ يەر ئۇيبدانلا ئۆزگەرگەن، موكىدەك ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان ئادەملەرنىڭ، كولدۇرمىلىق كارۋانلارنىڭ ئاۋازى شالاڭلاشقان، ئىككى قاسناقتىكى تۇتاش دۇكانلار نېمىشقىدۇر تاقالغان. بۇ يەردە دائىم سودا قىلىدىغان تابغاچ ۋە سوغداق سودىگەرلىرىنىڭ، يەرلىك دۇكاندارلارنىڭ ئۆز مىلىنى ئۆز تىلىدا ماختاپ-ئۇچۇرۇشلىرى، قوشاق قېتىپ خېرىدار چاقىرىشلىرى ئاڭلانمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. كوچا چۆلدەرىگەن، ئەتراپتا شامال ھۇۋلايتتى. سوغۇق شامال نەلەردىندۇر تېپىۋالغان كىر-پىدەك يۇملاق قامغاقلارنى ۋە پارچە پايتىملارنى قوغلاپ يۇرەتتى. ئۆيمۇئۆي قاتراپ يۇرۇيدىغان غېرىب-غورۋالار، ئاجىز-ئورۇق قەلەن-دەرلەر، ئىگە-چاقىسىز مۇساپىرلار قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇراتتى.

بۇ مەنزىرىدىن قۇتلۇقنىڭ كۆڭلى يېرىم بولاتتى، ئۆزىچە بۇ سىرلارنىڭ تەكتىگە چۆكەتتى.

ۋاقىت مانا شۇنداق نەرسە، ئۇ ئاللىكىملەرگىدۇر شاپائەت قىلىپ، قىرانلىق، كۈچ-قۇۋۋەت ۋە گۈزەللىك ئاتا قىلىدۇ، يەنە ئاللىكىملەرگە-دۇر تەتۈر قاراپ، قىرانلىقىنى، كۈچ-قۇۋۋىتىنى ۋە گۈزەل چاغلىرىنى

تارتىۋالىدۇ. مانا بۇ ھەقىقەت، مانا بۇ ئىمتىياز. لېكىن ئادەملەردىمۇ شۇنداق ئىمتىياز باركى، ئۇلار ئەقىل ۋە باتۇرلۇق بىلەن ۋاقىتنىڭ ئىمتىيازىغا چەك قويالايدۇ. ئەقىل ۋە باتۇرلۇقتا كەم بولسا، ئادەملەر ئاقىۋەتنى ئۆزىدىن كۆرسۇن!

شۇنداق، شەھەر ئۆزگەردى، ئادەم ئۆزگەردى. كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچىلا ئۆتۈپ كەتكەن بەش يىل ئىچىدە ئادەملەر ئادەم پېتى قېلىۋەردىيۇ، ئادەملەرگە جەڭگاھ بولغان بۇ كەڭ دۇنيا ئەقەللىيسى بىر دەقىقىمۇ جىم تۇرمىدى...

ئاتنىڭ ھۆكۈمى — تەگرىنىڭ ھۆكۈمى.

تۇنباغا تارخاننى دادا دەپ بىلگەن، بەگبارسنى تاغا دەپ كۈنگەن قۇتلۇق مىگباشى قەتلىئام كۈنى دادا پەرمانى ۋە تاغا پەرمانى بىلەن مىڭ نەپەر جانباز لەشكەرنى باشلاپ كېلىپ دىۋان ئىچىگە ئەڭ ئاۋۋال بۆسۈپ كىردى. ئەركەك يولۋاستەك ھەيۋە كۆرسىتىپ، «تۇت» دېگەننىڭ ھەممىۋاسىنى تۇتتى، «چاپ» دېگەننى چاپقۇزدى، «ئات» دېگەنگە ئوق ئۈزدى، دەھشەتلىك قويۇن بولۇپ، ئىچكى-تاشقى شەھەرلەرنى نەچچە قېتىم پىرقىراپ چىقتى. ئۇ كىرمىگەن ئوردا ئىچى، قاتۇن شەھىرى، ئاسىيلارنىڭ ئۆي-جايى قالمىدى. ۋاپادارلىق مانا شۇنداق ھەغدادىغا يەتكۈزۈلدى.

كىم بىلسۇن، تەقدىر تاپتىن چىقتى، تۇتقان ئادەملىرىنىڭ بىرى قالدۇرۇلماي جاللات ئالدىغا ھەيدەپ بېرىلدى. باشلار كېسىلدى، قان يامرىدى، سوغداقلارمۇ، ئاسىيلارمۇ، ئۇششاق باللارمۇ ھەسرەت بىلەن جان بەردى.

بىراق، ئىش بۇنىڭلىق بىلەن تۈگىمىدى، ئاققان قانلاردىن قۇتلۇقنىڭ كۆڭلى ئايىنىدى، چۇشى بۇزۇلدى، ئارامى قاچتى، بېشى

تەكىيەگە تەگدىمۇ، ئاق يەكتەكلىك مانى موۋاكىنىڭ جىلمىيىپ تۇرغان تەلەتى كۆز ئالدىغا كېلىۋالدى، ياق، موۋاك ئەمدى كۈلمەيتتى، ئۇ قۇتلۇقنى ئەزىرىدىن ساقىت قىلىۋەتكەندەك، مەسخىرىلىك باش چاي-قايتتى. «مانى بورخان ئەزەر سالغان، پېشانىسىدىن نۇر چاقنايدىغان ھېلىقى يىگىت سەنمۇ» دەپ سوئال قويغاندەك قىلاتتى. بۇ سوئال ئۇنى قىينايتتى، بۇنداق چاغلاردا ئۇ ئاقىلىنىڭ «ئادەم تەڭرى بىلەن ھايۋان ئوتتۇرىسىدىكى بىر مەخلۇق، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا تەڭرىنىڭ مېھرىبانلىقى بىلەن ھايۋاننىڭ ۋەھشىيلىكى تەڭ باراۋەر ئورۇن ئالغان. لېكىن بۇ ئىككى ئالامەت شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشى تۈپەيلى، بىر ۋۇجۇدتا تەڭ نىسبەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ، تەڭرىنىڭ ئۈلۈشى غالىب كەلسە، ئادەم تەڭرىگە تارتىدۇ، مېھرىبان بولىدۇ؛ ھايۋاننىڭ ئۈلۈشى غالىب كەلسە، ئادەم ھايۋانغا تارتىدۇ، ۋەھشىي بولىدۇ. مېھرىبانلىق ۋە ۋەھشىيلىك تەڭرى بىلەن ھايۋاننىڭ تۈپ ئالامىتىدۇر» دېگەن سۆزىنى ئەسكە ئالاتتى ۋە ئۆزى كۆرگەنلىكى ئالامەتنىڭ ھەممىسىنى ئالقىنىغا قويۇپ دەڭسەشكە باشلايتتى.

ئۇ ئاشۇ كۈنلەردە بولارنى دەڭسەپ كۆردىيۇ، نەتىجىگە قاراپ بىر قىسما بولۇپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىمگېپشىلىق سەردار بولۇپ كۆپ ئۆتمەيلا قاغانىمۇ، ئۆزىنىمۇ تەڭلىكتىن خالاس قىلىدىغان، كاۋاپمۇ، زىخمۇ كۆيمەيدىغان بىر چارىنى تېپىۋالدى-دە، ئۆز ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ خاكاسلار يۇرتىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى...

قۇتلۇق ئاتلاندى، ئۇنى قاغان ئۆزى ئۇزاتتى، قاغانىڭمۇ، قۇت-لۇقنىڭمۇ كۆڭلى تىنچىدى. بىراق، قاغانلىقنىڭ تۇرلۇك ئىشلىرى تەڭرى ئورغاندەك، ياكى موۋاكىنىڭ قارغىشىغا كەتكەندەك، نېمىشقىدۇر ئىلگىرى باسمىدى.

تۇمەنباشى بەگبارس ئادەت بويىچە، ھارۋا-ھارۋا ئېسىل تارتۇق-

لارنى، پىلدەك يوغان ئارغىماقلارنى ۋە يېگى قاغاننىڭ سالام-سەھىتىنى ئېلىپ، تاڭ ئەلچىسى لياڭ ۋېنشيۇ بىلەن بىللە چوڭ ئاستانىغا يېتىپ باردى. تارتۇق تاپشۇرۇلدى، سالام يەتكۈزۈلدى، ئەمما ئىشلار بەگبا- رىس ۋە لياڭ ۋېنشيۇنىڭ كۈتكىنىدەك نەتىجە بەرمىدى. تاڭ دېزۇڭ تارتۇقلارغا تارتۇق بىلەن، سالامغا سالام بىلەن جاۋاب قايتۇردىيۇ، قاغان ئەلچىسىگە بۇرۇنقى شاھلار ئۇلتىپات كۆرسەتكەندەك ئۇلتىپات كۆرسەتمىدى. ئەڭ يامىنى، ئۇ يېگى قاغان تونباغاغا مۇنداقچىلا نام بېرىپ قويۇپ، قاغانلىق نامى بىلەن ئېتىراپ قىلىشنى نىمشىقىدۇر تىلغا ئالمىدى، ئات-يىپەك سودىسىغىمۇ ھەۋەس قىلمىدى.

يېقىندىن بېرى، تاڭ قوۋمى بىلەنمۇ، ئۇيغۇرلار بىلەنمۇ خۇددى ئىت-مۇشۈكتەك يامان ئۆتۈۋاتقان تۇبۇت زېمىنىنىڭ ئەمدى تاڭ ئوردىسىغا ئەركىن كىرىپ، ئەركىن چىقىۋاتقىنىنى، ئوردىنىڭ ئۇلارغا ئوڭ كۆزى بىلەن قاراۋاتقىنىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بەگبارىس بىرمۇنچە ئاچچىق يۇتۇپ، رەللە بولۇپ قايتىپ كەلدى.

شۇ يىلى يازدا يەنە «ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك» دېگەندەكلا بىر ئىش يۈز بەردى. بۇ ۋەقە يېگى قاغان تونباغاغا خېلى قاتتىق ھار كەلدى. يەنى، تاڭ دەيزۇڭ زامانىدىن بېرى ئۇلۇغ ئاستانىدە تۇرۇپ ئات سودىسى قىلىۋاتقان قاغان تاغىسى تۇدۇن يالۋاچ چاڭئەندىن قوغلىنىپ، ئوردۇبالىققا قاراپ يولغا چىقىپ جىنۇۋ[1]غا يېتىپ كەلگەندە، جىنۇۋ باقاۋۇلى جاڭ گۇاڭچىڭ تەرىپىدىن قەتلىئام قىلىندى، نەچچە مىڭ ئات-تۆگە، يۈز مىڭ توپ تاۋار-دۇردۇن ئۇنىڭ چۆنتىكىگە

---

[1] جىنۇۋ — تاڭ دەۋرىدىكى بىر مۇھىم بازارنىڭ نامى. ئورنى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدىكى ئۇلۇنگىر ئايمىقىنىڭ غەرب تەرىپىگە توغرا كېلىدۇ.

چۇشۇپ كەتتى. توققۇزيۈز نەچچە ئادەممۇ تۇدۇن بىلەن بىللە ئۆلتۈ-
رۈلدى. يەنە بۇ باقاۋۇل بەگ پادىشاھقا مەكتۇپ يوللاپ، ئۇيغۇرلار
ئۈستىگە لەشكەر تارتىشنى ئىلتىماس قىلىۋاتقۇدەك[1] دېگەن گەپلەرمۇ
تۇنباغانىڭ قۇلىقىغا ئاڭلىنىپ ئۈلگۈردى.

چوڭ ئاستانىدىن يېتىپ كەلگەن مىش-مىشلارغا قارىغاندا، تاڭ
دېزۇڭ ئاتا ۋەسىيىتىنى يەتتە قات ئاسماننىڭ ئۇ قېتىغا چۆرۈۋېتىپ
خەتەرلىك بىر ئىشقا قول تىققان، يەنى تۈبۈتلار بىلەن ئەھدە تۈزۈپ،
ئۇيغۇرلارنى چەتتە قالدۇرۇش كويىغا چۈشكەنىدى.

مىلادىيە 630- يىلى تۈبۈت ئاتامانى سوڭزەن گەنبۇ چىڭخەي
- شىزاڭ پاسلىدا تۈبۈت خانلىقىنى قۇرۇپ، لخاسانى مەركەز قىلغان
ۋە ھەدەپ كۈچىيىشكە باشلىغانىدى. مىلادىيە 641- يىلى تاڭ ئېلى
مەلىكە ۋېن چىڭنى ئاتامان سوڭزەن گەنبۇغا ياتلىق قىلدى ۋە ۋاقىتلىق
تىنچلىقنى قولغا كەلتۈردى. مىلادىيە 650- يىلى بۇ ئاتامان ئۆلۈۋىدى،
ئارا بۇزۇلدى، تاڭ چېگرىسى يەنە تىنچىمىدى.

مىلادىيە 755- يىلى تاڭ سەردارلىرى ئۆكلۈك-سۆيگۈن ئىسيان
كۆتۈردى، ئىككى ئاستانە قولدىن كېتىپ، ئەھۋال يامانلاشتى. تاڭ
ئېلىگە كەلگەن بۇ بەختسىزلىك تۈبۈتلارغا پۇرسەت يارىتىپ بەردى.
ئۇلار تەرەپ-تەرەپكە لەشكەر چىقىرىپ، گەنسۇدىكى خېشاۋ ۋە لوڭشى
ئەتراپلىرىنى قامال قىلىۋالدى. تاڭ ئوردىسى ئادەت بويىچە ئۇيغۇر
قاغانلىقىدىن ياردەم سورىدى ۋە نىڭگو مەلىكىنى بايانچۇر قاغانغا ياتلىق
قىلىپ، تۇغقان بولدى. ئۇيغۇر ئاتلىقلىرى تۈبۈتلار ئۈستىگە تاشلاندى،
تۈبۈتلارنى سۈرۈپ توقاي قىلىپ، رەسۋاسىنى چىقىرىۋەتتى. تاڭ ئور-

---

[1] «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 226- جىلدتىكى ئەسلىي سۆز.

دىسىمۇ ئۇيغۇرلارغا ئىشەنچ باغلاپ، ئۇيغۇرلارنىڭ غەربىي يۇرتتىكى تۇبۇتلارغا زەربە بېرىشىگە ۋە غەربىي يۇرتنىڭ تېزگىنىنى قولىغا ئېلىشىغا سۈكۈت قىلغانىدى.

يالۋاچلارنىڭ ئېيتىشىچە، تاڭ دېزۇڭ تېخى يېقىندىلا تۇبۇتلار بىلەن ئەھدە تۈزۈپ، ئۇلارنىڭ تارىم يۇرتلىرى ۋە خېشى كارىدورىغا ئىگە بولۇۋېلىشىغا يول ئېچىپ بەرگەنىدى. شەكسىزكى، تاڭ ئوردىسىنىڭ ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ غەربىي يۇرتتىكى جىمى مەنپەئەتى ئەمدى يامان كۆزدىن خالىي بولالمايتتى. ئوتتۇرا ئېقىلمدىن ئەمىن تاپقان تۇبۇتلارنىڭ شىمالدىكى ئۇيغۇرلارغا قاراپ شىلتىڭ ئاتىدىغىنى كۆزگە كۆرۈنۈپلا تۇراتتى.

تۆت يىلدىن بېرى، ئوتتۇرا ئىقلىمدا بىرەر چوڭ يېغىلىق بولمىدى، چېگرا تىنىچلىقتا ئۆتتى. لەشكەرلەرگە ئات سەپلەشنىڭ ھاجىتى قالمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ چۇبە ۋە بايىرقۇ قەبىلىلىرىدىن ئەرزان باھادا ئات سېتىۋالىدىغان بولۇپ قالدى. چوڭ ئاستانىدە سېتىلىدىغان بىر ئۇيغۇر ئېتىنىڭ باھاسى تاڭ دەيزۇڭ زامانىدىكى قىرىق تەڭگە شايىدىن، ئاران بىر تەڭگە شايىغا چۈشۈپ قالدى. ئات بازىرىغا ئاپەت تەگدى. قاغانلىق سودىسىنىڭ جان تومۇرى ئۈزۈلۈشكە قاراپ يۈزلەندى. سوغداقلار قارا-قويۇق قەتلىئام قىلىنغاچ، سودا قىلىدىغان سوغداق قالمىدى. كارۋان ئازلاپ، مال يۈرۈشمىدى، قاغانلىقمۇ، مەنسەپدار ۋە ئاۋام-پۇقرامۇ نامراتلىققا يۈزلەندى...

لىللا گەپ قىلغاندا، قاغان تۇنباغا بۇنداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىنى ئەسلا ئۈمىد قىلمايتتى. ئۇنىڭ قانداشلىقنى قايرىپ قويۇپ بۆكۈ قاغانغا تىغ سېلىشىمۇ، سوغداقلارنى جازالاپ، پاك قولىنى قانغا بويىشىمۇ تاڭ دېزۇڭنى رەنجىتمەسلىك ئۈچۈن، مۇھىمى قاغانلىق بىلەن پۇقرانىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىدى.

«نېمە ئۈچۈن ئۇردا ماڭا ئۇتۇغات بەرمەيدۇ، نېمە ئۈچۈن بۇنچىۋالا كۆپ كۆڭۈلسىزلىكلەر يۈز بېرىدۇ؟» دېگەن بىر تالاي قىيىن سوئال تونباغانىڭ مېڭىسىدە لەيلەپ يۈرەتتى، تۈن قاراڭغۇسىدا قالغاندەك گاڭگىرايتتى، كاللىسى قاپاق بولۇپ كەتتىمۇ، خىيالىنى بىر ياققا چىقىرالمايتتى، ئېرچۈك باخشىنىڭ رەملىرىدىنمۇ تۈزۈكرەك بىر جاۋابقا ئېرىشەلمەيتتى، تەڭرىگە ئاتاپ قىلغان قۇربانلىقلىرىمۇ، نەزىر-تىلاۋەتلىرىمۇ كۈچىنى كۆرسەتمەيۋاتاتتى.

يۈتى كۆيگەن توخۇدەك بولۇپ قالغان تونباغا بىرقانچە قېتىم كېڭەش چاقىرىپ، ئاقىل - مۆتىۋەرلەرنىڭ تەكلىپلىرىنى ئاڭلاپمۇ باقتى، ۋەلىئەھد تاراسمۇ دەردىگە دەرمان بولالمىدى. ئاستانىدىن خاپا بولۇپ قايتىپ كەلگەن بەگبارس ھېچكىمگە چىراي ئاچمايدىغان، ئېچىلىپراق گەپ قىلمايدىغان بولۇۋالدى، گەپ قىلدىمۇ، ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئوبدان گەپ چىقمايتتى.

— بىز تابغاچلاردىن نېمىمىزنى ئايىدۇق، لەشكەر دېسە لەشكەر بەردۇق، ئات دېسە ئات بەردۇق، — دەيتتى ئۇ، سېرىق چىشلىرىنى تاش چاينىغاندەك غۇچۇرلىتىپ، — قارىمامدىغان ئەمدى ئۇلارنىڭ ھالىغا. باش ئاغرىقى ئازراق ساقىيىۋىدى، كونا ئۆلپىتىنى ئۇنتۇپ، تۇبۇتلار بىلەن ئىچپەش تارتىشقىلى تۇردى. قاغان تاغىسىنى ئۆلتۈرگەننى دېمەمدىغان تېخى، بۇنداق خورلۇقنى كۆتۈرۈپ يۈرگىچە...،

— دەيتتى ئۇ، بەزىدە ئۆزىچىلا قايناپ كېتىپ.

تونباغا بەگبارسنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنەتتى، بەزىدە ئۆزىمۇ شۇنداق ئويلاردا بولاتتى. بىراق، ئۇنىڭ چۈشىنىدىغىنى ئەلۋەتتە بەش يىل بۇرۇنقى بەگبارس، ھەتتا كۆپ يىللار ئىلگىرىكى بەگبارس ئىدى. ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشلەرنى، بۇنداق قايناپ، قاغان ئۈچۈن ۋە قاغان تاغىسى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆزى ئۈچۈن قورساق كۆپكى قىلى-

ۋاقىتنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيتتى.
بەگبارس ئۇتتۇغات ئىلتىماسىنى ئېلىپ ئەلچىلىككە بارغاندا يارام ئاتتىن بەش يۈز ئاتنى بىللە ئېلىۋالدى. بىراق، تاڭ ئوردىسى نېمىشقىدۇر بۇ ئاتلارنى سېتىۋالمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاتلىرىنى تۇدۇن يالۋاچقا ئامانەت قويۇپ، قۇرۇق قوللا قايتىپ كەلدى. تۇدۇن يالۋاچ جىنۇۋدا ئۆلتۈرۈلگەندە ئۇ ھەيدەپ كېلىۋاتقان بۇ ئاتلارمۇ ئۇلجا قاتارىدا جاڭ گۋاڭچېڭنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەنىدى.
بىراق، يېقىندىن بۇيان بەگبارسنىڭ بەگ-سانغۇنلار ئارىسىدا بەزى بولمىغۇر گەپ-سۆزلەرنى قىلىپ يۈرگەنلىكى، قاغانلىقنىڭ جەنۇبىدىكى چابىش قەبىلىسىدە تۇرۇشلۇق يىگىرمە مىڭ لەشكەرنى يەنە ئۇن ئۆتەك جەنۇبىغا يۆتكەپ، «جاڭ گۋاڭچېڭ بىلەن تونۇشۇپ، قاغان تاغىسىنىڭ ئۆچىنى ئالىمىز» دەپ داۋراڭ سېلىۋاتقىنى قاغانغا ئاڭلىنىپ قالدى. نېمىدىندۇر خاۋاتىرلەنگەن تونباغا قاغان لەشكەر ئىچىگە تۆت-بەش قېتىم ئايغاقچى ئەۋەتتى، لېكىن ئۇ ھېچقانداق يىپ ئۇچىغا ئېرىشەلمىدى. يامان يېرى، تۆت ئايغاقچى سوغا چۈشكەن تاشتەك يوقىلىپ كەتتى. ئويلىمىغان كېلىشمەسلىك يۈز بېرىپ قالسا، تايانغۇدەك بىرەر ئادىمىنىڭ يوقلۇقىغا كۆزى يەتكەن تونباغا قۇتلۇقنى ئېسىگە ئالدى ۋە ئىككى مەرتەم يارلىق يوللاپ، ئۇنى تېز قايتىشقا دەۋەت قىلدى...
قۇتلۇق قاغان ھوزۇرىغا ئاچ قورساق پېتى يېتىپ كەلدى. چانمىسۇن ئۈچۈن، قاغان دەسلەپ تۆت كىشىلىكلا كېڭەش ئۆتكۈزدى. ئاكىسىنى كۆرگۈسى كېلىپ، تېخى تاڭ ئاتماستىلا تىلاۋەت مەيدانىغا چىقىۋالغان تاراس ئۇيقۇدىن زادىلا باش كۆتۈرەلمىدى. بەگبارس ئۆز گېپىنى يورغىلاتتى، ئاخىرىدا قۇتلۇق بىلەن گەپ تالىشىپ قېلىپ، ئۆزىنى چەتكە ئالدى. ئاخىرقى كېڭەش قاغان بىلەن قۇتلۇق ئارىسى-

دىلا داۋام قىلدى.

بەگبارىس ۋە تاراس تېكىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، قۇتلۇق دادىسىنىڭ چىرايىغا سىنچىلاپ قارىدى، ئۇنىڭ مۇشۇ بەش يىل ئىچىدە تېزلا قېرىپ، باشقا بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتقان ھالدا:

— كۆرۈشمىگەن بەش يىلدىن بېرى بەكلا جۇدەپ كېتىپسىز. بىرەر يېرىڭىز ئاغرىمايدىغاندۇ ـ ھە، — دېۋىدى، تۇنباغا قويۇق ئاق سانجىلغان ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ كۈلۈپ قويدى.

قۇتلۇق شۇم ئېغىزلىق قىلىپ قويغىنىغا شۇ ھامان پۇشايمان يەپقالدى، ئارقىدىنلا ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياسىماق بولۇپ، دېدى:

— قاغان دادا، ھۆكۈمالارنىڭ ئېيتىشىچە، ئادەم دېگەن جۇدىـ گەنسېرى بەردەم بولارمىش، كىم بىلىدۇ، يىگىتلىكىڭىزگە قايتىۋاتامسىز تېخى؟...

— ھا... ھا... ھا...

ئاتا-بالا ئىككىيلەن قوللىرىنى بىر-بىرىنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ، ئېچىلىپ-يېيىلىپ كۈلۈۋېلىشتى. بىراق، تۇنباغانىڭ كۈلكىسى شۇنچىـ لىك ياسالما ۋە جانسىز ئىدىكى، ئۇ ھارارەتلىك يۈرەك قېتىدىن ئەمەس، بەلكى ئاغزىنىڭ ئۇچىدىنلا چىققاندەك قىلاتتى. قۇتلۇقنىڭ كۈلكىسمۇ قالقانغا قالقان ئۇرۇلغاندەك يېقىمسىز ئىدى.

قاغاننىڭ كۈلكىسى خۇددى ئۆمرى كوتا ئەتىياز ئاپتىپىدەك غىل-پال كۆرۈنۈپ قويۇپلا ئۆچۈپ كەتتى، چىرايى پاتلا ئەسلىگە قايتتى. ئۇ ئوق تەگكەن كېيىكنىڭ كۆزىدەك پىلىلداپ قالغان چوغداـ غا ئالىقانلىرىنى قاقلىۋالغاندىن كېيىن:

— ھەممىنى ئاڭلىدىڭ، داداڭنىڭ ۋە قاغانلىقنىڭ ئەھۋالى مانا مۇشۇ، ئۇردا تېخى ئۇتۇغات بەرمسە، تۇبۇتلار بىر ياقتا دېۋەيلەپ

تۇرسا، يا ئاتلىرىمىزنى ئالدىغانغا ئادەم چىقمىسا. مەندىن قانداق سەۋەنلىك ئۆتتى، نېمىنى خاتا قىلدىم دىگەنلەرنى كۆپ ئويلاندىم، ئويلانغان بىلەن ئۇنىڭ نەق جاۋابىنى تاپالمىدىم، — دىدى ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ.

قايتىپ كەلگىنىگە يىرىم كۈن بولا-بولماي، قۇتلۇق نۇرغۇن ئىشلارنى بىلىپ ئۈلگۈردى ۋە دادىسىغا يىقىن كىلىپ پەس ئاۋازدا دىدى:

— پەقەت بىرلا ئىش بار دادا، شۇ ئىش ئوگىغا تارتىسىلا ھەممە ئىشىمىز يۈرۈشۈپ كىتىدۇ.

— زادى قايسى ئىش؟ — سورىدى تۇنباغا بىتاقەت بولۇپ.

— چوڭ ئوردىغا يىقىنلاشماق، ئاتلار ئىزىدىن مىڭىپ ئوردىدىن قاغانلىق ئوتتۇغاتى ئالماق زۆرۈر، — قۇتلۇق سۆزىنى چۆچەك ئىبىتقاندەك ئالدىرىماي داۋام قىلدى، — قايسى ئەل ۋە قايسى قوۋم تاڭشاھدىن ئوتتۇغات ئالسا مەدەت ئالغانغا باراۋەر بولىدۇ، شۇ ئەلنىڭ گىپىمۇ، كۈچىمۇ چوڭ بولىدۇ.

— بىز ئالىمىز دىدۇق، لىكىن ئۇلار بەرمىدى. تابغاچلارنى دەپ قولىمىزنى قانغا بويىدۇق، ئۇلار بۇنى بىلمىدى، دوست-دۈشمەن ئالدىدا يۈزىمىزگىمۇ سەت بولدى. ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ — سورىدى تۇنباغا جىددىيلەشكەندەك بولۇپ. قۇتلۇق ئۇلاپلا جاۋاب بەردى:

— كىبىرىمىزنى چۆرۈپ تاشلاپ، كۆڭلىمىزنى بىلدۈرەيلى، ئالا-يلۇق، بىر ئوردا مەنسەپدارى قاغان تاغىسىنى ئۆلتۈردى، ئەمما بۇ تاڭپادىشاھىنىڭ سەۋەنلىكى ئەمەس. قانىنى قان بىلەن يۇيىمىز دەپ قىيداپ يۈرگۈچە، قانىنى سۇ بىلەن يۇيىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرسەك، پادىشاھ بۇنىڭدىن تەسىرلەنمەسمۇ؟

— سۆزلەۋەر ئوغلۇم، گەپلىرىڭنىڭ جېنى باردەك قىلىدۇ...

— يەنە بار...

ئۇلار ئىچىلىپ-يېيىلىپ پاراڭلاشتى. گەپ ئۇلغىيىپ بەگبارىس ئۈستىگە كېلىپ توختىدى. تۇنباغا بىر تالاي پاكىتلارنى يايغان بولسىمۇ، قۇتلۇق يەنىلا دىلغۇل بولۇپ قالدى.

— قاغان دادا، بەگبارىس سانغۇننى ئوبدان چۈشىنىمەن، مىجەزى توك، مال-دۇنياغا ھېرىسمەن بولغىنى بىلەن باشقىلارغا قارا سانىمايتتىغۇ.

— ھاياتنىڭ ئۇجۇر-بۇجۇرنى بىلمەيسەن ئوغلۇم، ئادەم دېگەن ئۆزگىرىدىكەن، تەگرىمىز ئىنسان بالىسىنى نېمىدەپ قولنى ئىچىگە ئېگىلىدىغان قىلىپ يارىتىپتىكىن تاڭ، نەپسى بالا ئادەملەر تېخىمۇ چاپسان ئۆزگىرىدىكەن. ئۇ بەر دېيىدى، تۇمەنباشلىقنى بەردىم؛ ئەلچىلىككە باراي دېيىدى، ئۇنىڭغىمۇ ياق دېمىدىم. ئۇنىڭ ئاستانىگە بېرىپ كېلىپلا نە ۋەجىدىن بۇ تەرىقە ئۆزگىرىپ كەتكىنىنى زادىلا ئۇقمايمەن. بىراق ئۇنىڭ ئۆزگەرگىنى راست، بايامقى پەلىپەتىش گەپلىرنى ئۆزۈڭمۇ ئاڭلىدىڭغۇ.

قۇتلۇق تۆشەك ئۈستىگە باداشقان قۇردى، جەينىكىنى تىزىدا قويۇپ، مۇشتۇمى بىلەن چېكىسىنى تىرىدى. بۇ ئۇنىڭ قىيىن ئىشلارغا يولۇققاندا تەكرارلايدىغان كونا ئادىتى ئىدى. ئۇ بىر ھازا ئويلانغاندىن كېيىن كېسىپلا دېدى:

— قاغان دادا، تابغاچلار بىر كىم چېقىلمىسىلا باشقىلارغا چېقىلىدىغان خەق ئەمەس. ھازىرچە ئۇلاردىن بىزگە خەۋپ يەتمەيدۇ. خەۋپ كەلسە ئوردا بىلەن ئەھدە تۈزۈپ، يۈرىكى چوڭايغان ئاشۇ تۇبۇتلاردىن كېلىدۇ. شۇڭا، چابىش يېرىدە تۇرۇۋاتقان يىگىرمە مىڭ لەشكەرنى باسمىللارنىڭ شىمالىي تەرىپىگە يۆتكەشكە، ئوغلىڭىزنى سەردار قىلىشقا

پەرمان چۈشۈرۈڭ. بەگبارس سانغۇننى ئوردۇبالىق ئەتراپىدىكى ئىككى تۈمەن لەشكەرگە چوڭ سانغۇن قىلىپ، ئۇنى كۆزىڭىزگە يېقىن تۇتۇڭ، قالغىنىنى ئالدى بىلەن كۆك تەڭرىگە، ئاندىن كېيىن كەمىنە ئوغلىڭىزغا تاپشۇرۇڭ...

— بۇ... بۇنداق قىلسام قاملىشارمۇ؟

— قاملاشمىسا بېشىم بىلەن جاۋاب بېرىمەن. پەقەت ياغلاقارلىڭنى بەگبارس سانغۇننىڭ قول ئاستىغا قويۇپ، بىرەر مىڭنىڭ مىڭبېشىلىقىغا كۆتۈرسىڭىزلا كۇپايە.

— ھېلىقى تابغاچ بالىنىما؟

## 18. سىرلىق سايە

قۇتلۇق، قاغان ئالدىدىن قايتىپ چىققاندا ياغلاقارنىڭ ساقلاپ تۇرغىنىغا بىر ئاش پىشىم بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ياغلاقاردىن تىزگىننى ئېلىپ، ئاسلىقاراغا بىر ئىرغىپلا مىنىۋالدى ۋە دىۋان دەرۋازىسىدىن چىقىپ تۇن قاراڭغۇسىغا قاراپ شۇڭغىدى.

— قارا ئۇكا، شەھىرىمىز نېمىدېگەن چوڭ، ئاسمىنى نېمىدېگەن كەڭ، ئاۋۇ يۇلتۇزلارچۇ تېخى؟ — دېدى قۇتلۇق بەخرامان كېتىۋاتقان ياغلاقارغا گەپ تاشلاپ.

كۆھقاپتىن چىققاندەك ھۇشقىتىپ تۇرغان كۈز شاملى گۈگۈم چۈشمەستىلا توختاپ قالغان، شامالدىن كېيىنكى كەڭ ئاسمان خۇددى يۇيۇپ قويغان قارا شېشىدەك سۈزۈلۈپ كەتكەنىدى. شېشە يۈزىدە يۇلتۇزلار كۆز قىسىشاتتى، گاھىلىرى تولغان ئايدەك يوغان، گاھىلىرى

چېچىۋېتىلگەن ئالماس ئۇۋىقىدەك كىچىك ئىدى. ئاسماننىڭ بۇرجىكى-
دە، قۇتلۇققا تونۇش خاكاس قوۋمى تەرەپتە قۇتۇپ يۇلتۇزى يورۇپ
تۇراتتى. ساما كىندىكىدىن ئۈزۈلۈپ چۈشكەن بىر تەنھا يۇلتۇز ئۈچۈ-
ۋېتىپ ئۇزۇن بىر ئوتلۇق ئارغامچىنى ھاسىل قىلاتتى-دە، خۇددى
پادىچى ئاتقان سالمىدەك، ئۇدۇل بېرىپ قۇتۇپ يۇلتۇزى تەرەپكە
تاشلىناتتى.

قۇتلۇق دادىسى بىلەن مۇڭداشقاندا، ھەر قېتىم تاۋى بىر غېرىچ
ئۆسۈپ، تېرىسى كەڭرىپ قالغاندەك يەڭگىللەپ قالاتتى. بۈگۈنمۇ دەل
شۇنداق بولدى. ئۇ قاغان بىلەن ئېچىلىپ-يېيىلىپ پاراڭلاشتى، دەردى
بىلەن ئورتاقلاشتى، دادىسىنىڭ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ، ھەرھالدا خۇشال
بولۇۋىدى، بۇ خۇشاللىقتىن قۇتلۇقمۇ تەڭ لەززەت ئالدى.

قۇتلۇق بىلدى، ئۇ تېخى ئاق-قارىنى پەرق ئەتمەستىلا تونباغا-
نىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئۇ چاغلار ئۇنىڭ ئاتا سۆيگۈسىگە، ئانا مۇھەببى-
تىگە ۋە قېرىنداشلىق مېھرىگە تويۇنمىغان چاڭقاق چاغلىرى ئىدى،
قەلبىدىن ئىبارەت بۇ سۇسىز بىنەم كىملەرنىڭدۇر سۇ باشلىشىنى،
كىملەرنىڭدۇر ئۇرۇق چېچىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈپ تۇراتتى.
ئۇ تونباغا بىلەن ئۇچراشقان كۈنىلا تەشنا يۈرىكىگە مېھىر-مۇھەببەت
ئۇرۇقىنىڭ چېچىلغانلىقىنى، ئاتىلىق مېھرى بۇلىقىدىن ئېقىپ كەلگەن
سۆيگۈ دەرياسىنىڭ چېلاشقۇدەك سۇ بەرگەنلىكىنى ھېس قىلدى.
ئاتا-بالىلىق، ھەتتا ئانا-بالىلىق ئۇرۇقلىرى شۇنداق تېز يىلتىز سۇردى-
كى، ئۆتۈپ كەتكەن يىگىرمە نەچچە يىل مابەينىدە بۇ يىلتىزدىن سۇ
ئىچكەن كۆچەت باراقسان كۆكلەپ، ھەرقانداق بوران-چاپقۇنغا بەر-
داشلىق بېرەلىگۈدەك يوغان شەمشادقا ئايلاندى، ئۇنىڭ سايىسى دادى-
سىنىڭمۇ، ئۆزىنىڭمۇ، تاراسىنىڭمۇ ھەتتا بۇ جەمەتنىڭ كېلىنچەك-نەۋ-
رىلىرىنىڭمۇ پاناھگاھى بولۇپ قالدى.

قۇتلۇق ئىشىنەتتىكى، مىڭ غۇلاچ چوڭقۇرلۇقتا يىلتىز تارتقان بۇ شەمشاد تا قىيامەتكىچە ياشايتتى، ئاتا-بالا مېھرى ئۇنى بوران-چاپ-قۇندىن، يامغۇر- يېشىندىن ساقلايتتى، مۆرىتى كەلسە، بۇ شەمشاد ئۈچۈن جان بەرىسمۇ، ئۇ رازى ئىدى.

— ئاستا...

ياغلاقارنىڭ پىچىرلاپ دېگۈدەك ئېيتقان سۆزى قۇتلۇقنىڭ خىيال يىپىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. ئۇنىڭ سەزگۈر ئاتىدەك سەگەكلىشىپ، قانداق-تۇر بىر شەپىگە قۇلاق سېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، ئېتىنى توختاتتى.

— قۇتلۇق ئاكا، ئاڭلاپ بېقىڭا، كەينىمىزدىن بىرەر شەپە كېلىۋاتامدۇ-نېمە؟

قۇتلۇق قۇلاق سالدى. يىراق بىر يەردە مۈشۈك مىياڭلايتتى، نەدىدۇر ئىككى-ئۈچ چېكەتكە بەسلەشكەندەك چىرىلدايتتى. كىمنىڭدۇر ئىتى ئۈزۈپ-ئۈزۈپ قاۋايتتى.


— قۇلىقىڭدىن چاتاق چىقمىغاندۇ ياغلاقار، — سورىدى، قۇت-لۇق ھېچقانداق شەپە ئاڭلىمىغاندىن كېيىن خىيالنى بۇزۇۋەتكىنىگە خاپا بولغاندەك مەسخىرە بىلەن.

ياغلاقار ئۆز قۇلىقىغا ئىشىنەتتى. ئەمما ھازىر قانچە زەن قويۇپمۇ، بايامقى شەپىنى قايتا ئاڭلىيالمايۋاتاتتى.

— ياق ... ياق ...، تېخى ھېلىلا بىر يوچۇن شەپىنى ئاڭلىغىنىم راست، ئادەمنىڭ ئاياغ تىۋىشىغا ئوخشايدۇغۇ دەيمەن، — ياغلاقار شۇنداق دېدى، غودۇڭشۇپ قويۇپ ئېتىغا يېنىك قامچا ئۇردى، ئېتى تالامۇشۇكىدەك شىپىرلاپ، مېڭىشىنى تېزلەتتى.

كۆپ بولسا ئەللىك قەدەمچە يول يۈردىمىكىن، ئەمدى ياغلاقار ئەمەس، قۇتلۇق سانغۇن ئېتىنى توختاتتى.

ئۇ ياغلاقارغا «گەپ قىلما» دېگەندەك بېشارەت بېرىپ، كۆرسەت-



كوچ بارمىقىنى كەينىدە قالغان كىچىك كوچىنىڭ ئاغزىغا چىقتى.
ياغلاقار سىيرىلىپلا ئاتتىن چۈشۈۋالدى، دۈمبىسى بىلەن ئالقىنىنى چوڭ كوچا ياقىسىدىكى توپا تامغا تىرەپ يانتۇ مېڭىپ ئىلگىرىلىدى، كوچا ئاغزىغا كېلىپ جىددەك جىم تۇرۇۋالدى ۋە نېمىنىڭدۇر ئۈستىگە «گۈپ» قىلىپلا ئۆزىنى ئاتتى.
قارا قويى تېرىسىدىن تەتۈر جۇۋا كىيگەن، قومۇقلارنىڭكىدەك كالا چورۇقى تارتىۋالغان بۇ ناتونۇش «ئولجا»نى ئۇلار ئاتقا ئارتىپ ئۆيگە ئەپكېلىشتى. گۆشنان دۈملەپ، قىمىز سورۇپ ساقلاپ تۇرغان كەدىرە جىنچىراغنى كۆتۈرگەن پېتى يۈگۈرۈپ چىقىپ ئىشىك ئاچتى، ئات ئۈستىدە توغرا ياتقان ئادەمنى كۆرۈپ تۇۋلىۋەتكىلى تاس قالدى.
— جىم بول، چاكارلارنىمۇ كۆزدىن نېرى قىل، —دېدى، قۇتلۇق كەدىرەگە ئاگاھ بېرىپ، — قېنى خوتۇن، چىرىغىڭنى مايەرگە ئەكەلگىنە.
ياغلاقار تۇتۇۋالغان يوچۇن ئادەمنى خۇددى تاغار كۆتۈرگەندەك كۆتۈرۈپ هويلىغا ئېلىپ كىردى، يەرگەنگەندەك يەرگە تاشلىدى. ئەمما، ئۆگزىدىن تاشلانغان بىر قاپ گۆشتەك «گۈپ» قىلىپ يەرگە چۈشكەن بۇ كىشى غىڭ قىلمايلا ياتقىنى ياتقاندى، مىدىرلاپ قويايمۇ دېمەيتتى.
قۇتلۇق ئۆتۈكىنىڭ ئۇچى بىلەن نوقۇپ بېقۇىدى، يەنە ھېچقانداق ئىنكاس بولمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ياغلاقارغا دېدى:
— قاراپ باق، تىنىقى بارمۇ-يوق؟
— تىنىقى يوق!
— گۈرەن تومۇرىنى تۇتۇپ باق بولمىسا؟
ياغلاقار ئۇنىڭ قۇلاقچىسىنىڭ كەينىدىن قولىنى تىقىپ يەنە تارتىۋالدى ۋە:

— تومۇرىمۇ سوقمايدۇ، سوۋۇپ كەتكىنىگە قارىغاندا ئۆلۈپ قالغان ئوخشايدۇ، — دېدى. بۇنى ئاڭلىغان قۇتلۇق بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ:

— ھەي سېنىزە ياغلاقار، بۇركۇت جېنىدا تاپقا ئېتىلمايدۇ، ئۆلۈپ قالغان مۇساپىرنى تۇتۇپ كەلگىنىڭنى قارىمامدىغان سېنىڭ، — دېۋىدى، ياغلاقار يەنە ئۆزىنى ئاقلاشقا تۇتۇندى:

— تەڭرى گۇۋاھ، بايام ئۇ تام تۇۋىدە ئولتۇرۇۋالغانىكەن، تۇتۇۋالغاندىمۇ، ئاتقا ئارتقاندىمۇ تىرىك ئىدىغۇ...

— يۈزىنى بۇياققا قارات!

بۇ «ئولجا» راستىنلا ئۆلۈپ بولغانىدى، بىرەر ئەزاسىدا يارا ئىزنىمۇ كۆرۈنمەيتتى، ئەمما چىرايى قازان كويىسىدەك قارايغان، ئاغزىدىن ماغزاپتەك كۆپۈك ئۆرلەپ تۇراتتى.

ئۆلۈكنىڭ بۇ تۇرقى قۇتلۇقنى سەگەكلەشتۇرۇپ قويدى. ياغلاقارنى ئۇنىڭ يېنىنى ئاختۇرۇشقا بۇيرۇدى، ياغلاقار ئۆلۈكنىڭ قوينىدىن كىچىككىنە بىر تېرە خالتىنى تېپىۋېلىپ، قۇتلۇققا ئۇزاتتى. ئۇ خالتىنى ئاچتى، خالتىدىن نېمىنىدۇر ئېلىپ تىلىنىڭ ئۇچىغا تەگكۈزدى، كەينىگە بۇرۇلۇپ، ئاغزىنى ئېچىپ قالغان ياغلاقارغا بۇيرۇدى:

— تاڭ ئاتقۇچە كۆمۈپ تاشلاڭلار بۇ نىجاسەتنى!...

«دېمەك، كەينىمدە دۈشمەن بار، ئۇ نېمىلەرنىدۇر بىلمەكچى، نېمىلەرنىدۇر قىلماقچى...»

تۈن ھەسسىلەردە كۆز يۇمغىنىغا قارىماي، تاڭ بىلەن تەڭ تۇرۇپ كەتكەن قۇتلۇق سانغۇن تۆگە قۇملىقىدەك ئېششىپ چىققان قاپاقلىرىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ ئاشۇلارنى ئويلىۋالدى ـ دە، يۈزىنى يۇيۇپ، ئەتىگەنلىك ئىبادەتكە تۇتۇش قىلدى.

ئۇ سەينادىكى سۇپىدا تۇرۇپلا قۇياش ئىلاھىغا چوڭقۇر تەزىم

قىلدى، سادىق قولدەك باش ئۇردى، تەزىمدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، قوياش يۈزىگە مەجنۇنلارچە ئۇمتۇلدى. تولا جەك كۆرۈپ، پارقىراپ كەتكەن كونا مىس قالقانغا ئوخشايدىغان قوياشقا بوگۈن توساتتىنلا جان كىرىپ، قاش-كىرپىك، ئېغىز-بۇرۇن ئۆسۈپ قالغاندەك تۇراتتى. ئۇنىڭ ئاغزى مىدىرلايتتى، مىدىرلاپ: «ئارقاڭدا دۈشمەن، ئارقاڭدا دۈشمەن» دېگەندەك قىلاتتى.

— ئۇ كىم، نېمە قىلماقچى؟

قوياشنىڭ ئوتقاشتەك قىزىل ئاغزى يەنە مىدىرلايتتى:

— ئارقاڭدا دۈشمەن... ئارقاڭدا دۈشمەن...

قۇتلۇق سەجدە قىلىپ، پېشانىسىنى يەرگە قويدى. يەر قىمىرلاپ، يەردىنمۇ شۇنداق سادا كەلدى:

— ئارقاڭدا دۈشمەن... ئارقاڭدا دۈشمەن...

دەريا سۈيى قورام تاشقا دۈچ كەلگەندە ۋە قورام تاشتىن ئاتلاپ ئۆتكەندە ئاندىن شارقىرايدۇ. ئاشۇ شارقىراش ئۆزىگىمۇ، ئۆزگىگىمۇ سۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. ئىنسان ھاياتىمۇ شۇنداق، ئۇمۇ توسقۇنغا دۈچ كەلگەندىلا ئاندىن توسقۇن بىلەن توقۇنۇشۇپ، سادا چىقىرىدۇ. ئاشۇ سادا ئىنساننىڭ ئۆزىگىمۇ ۋە ئۆزگىلەرگىمۇ شۇ ئىنساننىڭ مەۋجۇتلۇقىنى تونۇتىدۇ. توسقۇنسىز تۇرمۇش، دۈشمەنسىز ھايات ئىنساننى تىرىك تۇرغۇزۇپ گۆرگە ئۇندەيدىغان تولىمۇ زېرىكىشلىك ۋە زىيانلىق ھاياتتۇر.

ئەمدى نېمە چارە، قۇتلۇق خاھىشىغا خىلاپ ھالدا دۈشمەنلىك بولۇپ قالدى، دۈشمەنلىك بولغىنى ئۈچۈن ئۇ ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ۋە قىممىتىنى يېڭىۋاشتىن تونۇپ يەتتى، مۇسكۇللىرىغا كۈچ قېتىلىپ، توساتتىن پەيلىرى چىڭىپ تەڭداشسىز بىر باھادىرغا ئايلاندى...

ئىبادەت ئاياغلاشتى، لېكىن قۇتلۇق ھەر نېمە قىلىپمۇ خىيالدىن
بېشىنى ئالالمىدى، پەقەت ئۇغلى قولانقارا يۇگۇرۇپ كېلىپ پاقالچاقلى-
رىغا ئېسىلغاندىلا ئاندىن ئۇنى دەس كۆتۈرگەنچە ئۆيگە كىرىپ
كەدىرەنىڭ، قىزى ئايچېچەكنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. كەدىرە ئېرىنىڭ
ئاق توشقاننىڭ كۆزىدەك قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىگە، ئارچا پوستى-
دەك قات ئۆرلەپ تۇرغان يۈزىگە قاراپ ئېغىر بىر تىن ئېلىۋالدى
ۋە:
— دادىسى، بەك جاپا تارتقاندەك قىلىسىز، قاغان دادامغا يالۋۇ-
رايلى، ئۇ ئەمدى سىزنى يىراق يەرلەرگە ئەۋەتمىسۇن، — دېدى
يىغلامسىراپ.
قۇتلۇق كەدىرەگە «خاكاسلار يېرىگە دادام ئەۋەتمىگەن، ئۆزۈم
خالاپ بارغان» دەپ سەپىرىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرمەكچىمۇ بولدى.
«ئۇغۇل بالىنىڭ رىزقى تالادا» دېگەن گەپمۇ ئاغزىنىڭ ئۇچىغىلا
كەلدى. بىراق ئۇ ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم چۈشەنمەيدىغان بۇ گەپلەرنى
بىراقلا تىلى ئاستىغا دەپنە قىلىۋېتىپ، پىيالىنى قولىغا ئالدى – دە،
ئايالىغا قاراپ خاتىرجەمگىنە كۈلۈپ قويۇپ، ناشتىغا تۇتۇندى.
چىرايى ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئايدەك تولۇپ تۇرغان كەدىرە
ئۆز ئېرىنىڭ مۇشۇ كۈلكىسىنى ياقتۇراتتى. پەقەت مۇشۇ كۈلكىلا
ئۇنى ئون ئۈچ يېشىدا ئۆزىگە قارىتىۋالغانىدى. قۇتلۇق ئايالىنى يەنە
بىر قېتىم كۆرۈۋالسۇن دېگەندەك، قايتا بىر كۈلۈمسىرەپ قويۇپ:
— كەدىرە، سېنىڭ تارتقان جاپايىڭمۇ ئاز ئەمەس، بالىلىرىمىزنى
باقتىڭ، ئىگىلىكىمىزنى تۈۋرۈك بولۇپ تىرەپ تۇردۇڭ، ئورنۇڭدا باشقا
بىرى بولغان بولسا، كۇدە-كۆرپىسىنى يىغىشتۇرۇپ، ئانىسىنىڭكىگە
كېتەر ئىدى دەيمەن! — دېۋىدى، كەدىرە نازلىنىپ تۇرۇپ:
— كەتسەم كېتەر ئىدىم، ئەمما سىزدەك ئەرنى تاپالىشىمغا كۆزۈم

يەتمدى! — دېدى، قۇتلۇقنىڭ پېشانىسگە يەڭگىلگىنە نوقۇپ قو-
يۇپ.
— ها... ها... ها...
قۇتلۇق تۇنباغالارنىڭكىگە بالا بولۇپ كەلگەندە كەدىرە تېخى قىزى ئايچەچەكتەك بار، قارىمۇتۇق، يىغلاڭغۇ بىر قىز ئىدى. قارلۇقلار يىرىدىن ئېلىپ كېلىنگىنىنى بىلگەچكە ۋە «قارلۇق» دېگەن سۆز «قاراموق» دەپ ئاڭلانغاچقا قارىمۇتۇق سىڭلىسىغا مەستلىكى كەلگەن قۇتلۇق بەزىدە ئۇنى «قاراموق... قاراموق...» دەپ تېرىكتۇرەتتى. بۇنداق چاغلاردا كەدىرە تازا رەللە بولۇپ، يۇڭ ساۋايدىغان يۇلغۇن چىۋىقنى قولىغا ئېلىۋالاتتى-دە، ئاكىسىنى قوغلاپ كېتەتتى. قۇتلۇق قاچاتتى، قېچىپ كېتىۋېتىپ «قاراموق... قاراموق» دېگەن چاقچاقنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى.
تۇنباغانىڭ ئۇيىدە تاراسمۇ چوڭ بولدى، قۇتلۇقمۇ چوڭ بولدى، چوڭ بولغاندىن كېيىن، كۆندىن-كۈنگە رەڭ تۇزۇپ، چىرايلىقلىشىپ كېتىۋاتقان «قاراموق»قا ئىككىيلەنلا ئۆزگىچە نەزەر بىلەن قارايدىغان بولۇپ قېلىشتى. بەزىبىر ئۇيۇنلاردا كەدىرەنى تالىشىپ، ئىككىسى چۈجە خورازدەك چوقۇشۇپمۇ قالاتتى. ئۇيقۇسى قاچىمۇ «دادام كەدد-رەنى تاراس ئىنىمغا ئېلىپ بېرەرمۇ؟» دېگەن بىر بىمەنا سوئال قۇتلۇقنىڭ تۇيغۇسىدىن نېرى كەتمەيتتى.
بىراق، بۇ ئىشتا دادىسى يەنىلا قۇتلۇق تەرەپتە تۇردى، ئۇز تويىدىن بىر يىل بۇرۇن، ئىنىسى تاراسقا بەگبارىس سانغۇنىنىڭ قىزتۇرمىش دېگەن چىرايلىق قىزىنى ئېلىپ بەردى. ئۇ تاراسقا كەدىرە-نى چېتىپمۇ قويار ئىدى، كەدىرەمۇ كېلىنىم بار دېسە دېگۈچىلىكى بار قىز بولغانىدى. ئەمما، ئەجدادلارنىڭ ئۇدۇمى، قاغان جەمەتىنىڭ قائىدىسى تاراسقا ياغلاقار ئۇرۇقىدىكىلەردىن ئۆزگىلەرنىڭ قىزىنى ئې-

لىپ بېرىشكە يول قويمايتتى. كەدىرەنىڭ ئۇيغۇرلارغا قارام مېھمان
قەبىلە ھېسابلىنىدىغان قارلۇق قېنىغا تەۋە ئىكەنلىكىنى ھەممە ئادەم
ئوبدان بىلەتتى.

كەدىرە بىلەن توي قىلىش بەختىگە ئېرىشكەن قۇتلۇق خۇشاللى-
قىدىن كەدىرەنى ياغلاقارلاردىن ئەمەس، بەلكى قارلۇق پوشتىدىن
تۆرەلدۈرگەن تەڭرىگە يۈز مىڭ شۈكۈرلەر بىلدۈردى.

تۇنباغا قائىدىمىز بۇزۇلمىسۇن دېدىمۇ، يا ئەل-كۈن ئالدىدا
سەت بولمىسۇن دېدىمۇ، ئىشقىلىپ، تويدىن بۇرۇن ئاتايىن قۇلقارا
مەنزىلىگە بېرىپ، تەڭرىلەرنى گۇۋاھ قىلىپ سەرخىل ئاتتىن يۈز ئاتنى
ئۆز نامىدىن ئوغلى قۇتلۇقنىڭ نامىغا ئۆتكۈزدى. قۇتلۇق بۇ ئاتلارنى
تويلۇق مال قاتارىدا تۇنباغاغا تاپشۇرغان بولدى ۋە كەدىرە بىلەن توي
قىلىۋالدى.

قۇتلۇقلار تويدىن كېيىن ئۆزلىرى چوڭ بولغان ھويلىدا تۇرۇ-
ۋەرسىمۇ بولاتتى. ئۆي-جايمۇ كەڭ-كۇشادە ئىدى. بىراق كەڭ يايلاقتا
ئەركىن ئويناپ چوڭ بولغان قۇتلۇق ئوردا شەھىرىدىكى قورشام
تاملىق بۇ ھويلىدا قورۇنۇپ ياشاشنى خالىمىدى بولغاي، كەدىرەنى
كۆندۈرۈپ، دادىسىنىڭ ئىچكى شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كونا قو-
رۇ-جايىغا كۆچۈپ باردى. تۇنباغا قاغان بولغاندىن كېيىنمۇ يەنە شۇ
يەردە تۇرۇۋەردى. قارارى يوق لەشكىرىي سەپەرلەر ۋە تۈگىمەس
كېڭەشلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئەر-خوتۇن ئىككىيلەن ئاي-ئايلاپ
بىللە بولالايتتى، تۇرمۇشمۇ بەگ قاتارى ئوبدان ئۆتەتتى.

ئەمدى ئەھۋال ئۆزگەردى. تۈن ھەسسىدە پەيدا بولغان سىرلىق
سايە ۋە بۇ سايىنىڭ يېنىدىن تېپىلغان بىر ئوچۇم مەرگىمۇش قۇتلۇق-
نىڭ پىكىر يولىنى باشقا ياققا بۇرىۋەتتى. شەكسىزكى، تۈلكىدىن قۇۋ
ۋە شەيتاندىن قاقۋاش نامەلۇم دۈشمەن ئەمدى ئۇنىڭ پېيىغا چۈشكەن،

كەينكە سالغان ئادەمكە «تۇتۇلۇپ قالساڭ مۇنۇ تالقاننى ئاغزىڭغا سال» دەپ بىر ئوچۇم زەھەرلىك مەرگىمۇشنى تۇتقۇزغان!

ناشتا ئارىلىقىدا قۇتلۇق «كىچىكسەمۇ ئوت ئۇچى چىققاندا لەشكەرگاھقا كىتىپ قالىمەن، قاچان قايتىپ كىلىمەن، كىلەلەمدىمەن، كىلەلمەمدىمەن، بۇ تەڭرىگىلا مەلۇم. خوتۇن-بالىلىرىم ئەمدى بۇ يەردە تۇرسا ھەرگىز بولمايدۇ» دىگەن يەرگە كەلدى ۋە ھىلىھەم گاڭگىراپ تۇرغان ياغلاقارغا كەسكىن قىلىپ:

— كۆن تىكلەنگۈچە لاقا-لۇقىلارنى يىغىشتۇرۇڭلار، قاغان دادامنىڭ بۇرۇنقى ھويلىسىغا كۆچۈپ كىتىمىز، — دىدى. ئۇنىڭ بۇرۇنقى ھويلا دىگىنى تۇنباغانىڭ ۋەزىرئەزەم بولماستا ئولتۇرغان يەنە بىر كونا ئۆيىنى كۆرستەتتى. بۇ ھويلا ئىككى ئادەم ئىگىزلىكىدىكى يۇلغۇن سىپىلى بىلەن قورشالغان بولۇپ، سىپىلدىن ئادەملەرلا ئەمەس، ئەڭ ئۇچقۇر ھايۋانلارمۇ ئاتلاپ ئۆتەلمەيتتى. بۇ ھويلا شەھەر ئىچىدىكى ئەڭ بىخەتەر ھويلا ھىسابلىناتتى.

خوجىسىنىڭ تۇيۇقسىز چىقارغان بۇ قارارى ئۇنىڭسىزمۇ مەڭدەپ تۇرغان ياغلاقارنى يەنە ھەسسىلەپ مەڭدىتىۋەتتى. قاچا-قۇچا يىغىشتۇرۇۋاتقان كەدىرەمۇ تۇتقىنىنى تۇتقان پىتى تۇرۇپ قالدى.

— مۇشۇنداق كەچ كۈزدىمۇ ئۆي كۆچكەن بارمۇ؟ — دەپ قاقشىدى ياغلاقار. قۇتلۇق مىڭباشىلارنى ئەدەپلىگەندەك زەردە قىلدى:

— سەنزە، ئارتۇق ئىشقا ئارىلىشىپ نىمە قىلىسەن، كۆچ دىگەندىكىن كۆچمەمسەن!؟

قۇتلۇق ئات باقارغا ئات تەييارلاتتى. كەدىرەمۇ، ياغلاقارمۇ تەڭ ئاڭلىسۇن دىگەندەك:

— كۆچۈش ئىشى سىلەرگە قالدى باللىرىم، مەن قاغان دادامنىڭ ھوزۇرىغا كەتتىم، — دىدى ئۇنلۇك قىلىپ. ئۇ ئاسلقاراغا قامچا

ئۇرۇپ تۆت-بەشچە قورۇقچىنىڭ ھەمراھلىقىدا دەرۋازىدىن چىقىپ كەتتى.

قۇتلۇقنىڭ قولا ئېتى كۆكسى قالقاندەك كەڭ، پۇتى ئۇزۇن، بېلى ئىنچىكە، قولاقلىرى قومۇش يوپۇرمىقىدەك تىك تۇرىدىغان ساپ نەسىللىك قورىقان ئاتلىرىدىن ئىدى.

پۇتكۇل ئۇيغۇر ئېلى ۋە ئۇيغۇر ئاتچىلىرى ئىچىدە قورىقان قەبىلىسىدىكىلەردىن ئۆزگە، پەقەت تونىباغا بىلەن بەگبارىستىلا بولىدىغان ۋە قولقارا يايلىقىدا ئۆستۈرۈلىدىغان بۇنداق ياخشى ئاتنى ئوتتۇرا ئىقلىملىقلار «دۇلدۇل نەسىللىك ساماۋىي ئات» دەپ چوڭ بىلەتتى. بۇنداق ئات تېپىلدىمۇ، باھاسى يۈز تەيكە شاتاۋا ياكى مىڭ تاختا ئېسىل چايدىن كەم بولمايتتى.

قۇتلۇق بۇ ئامراق ئېتىنى «ئاسلقارا» دەپ قىچقىراتتى، تويى ئوچۇن تارتۇق قىلىنغان بۇ ئېسىل ئات شۇنچىلىك كۈچلۈك ۋە چاپقۇر ئىدىكى، كۈنىگە ئون بەش ئۆتەڭ يول يۈرسىمۇ، گېزى كەلسە يەنە بەيگىگە چۈشەلەيتتى، كۈن-كۈنلەپ ئاچ قالسىمۇ، تۆگىدەك بەرداشلىق بېرەلەيتتى، جەڭلەردە «ھايت» دېسىلا چۇمۇلىدەك قويۇق دۈشمەن سېپىگە خۇددى ئوق ئۇچىدەك بۆسۈپ كىرەتتى-دە، ئۇلارنى قاق بەلدىن ئىككىگە بۆلۈۋېتەتتى. نەيزە-قىلىچلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، قىقاس سېلىپ جەڭگە چۈشكەن باھادىرلار قۇتلۇق ئاچقان يولغا كىرىپ، ئوڭ-سولغا بۆرۈلەتتى، دۈشمەننى تىرىپىرەن قىلىپ، بىردەمدىلا ئىشنى تۈگىتەتتى.

— ئاسلقارا، ئوبدان ئېتىم، چاپسان چاپ، قاغاننىڭ ھوزۇرىغا چاپسانراق يېتىۋالايلى...

ئاسلقارا قۇتلۇقنىڭ زوۋانىنى چۈشەندى بولغاي، قانات چىقارغاندەك تېز چاپتى، ئىچكى شەھەردىن ئۇردا شەھىرىگە ئۆتۈپ، بىردەمدىلا قەسىر ئىشىكىگە يېتىپ كەلدى، ئالتۇن دەستەكنى قولاقچىسىغا

قىستۇرۇۋالغاچ، ئۆتكەنلىكى قاپقىلاردا ھېچقانداق توسالغۇغا ئۇچرىمىدى ۋە قەسىر ئىچىگە كىرىپ كەلدى.

— قاغان ئېتىكاپتا، — دېدى، قۇتلۇقنى تونۇيدىغان باش قورۇقچى ئىشىك تۈۋىدە ئۇنى خەۋەرلەندۇرۇپ.

قۇتلۇق، قاغان دادىسىنىڭ ھەر كۈندىكى ئەتىگەنلىك ئىبادىتىدىن كېيىن، ئىككى ئاش پىشىم ئېتىكاپتا ئولتۇرۇپ، ئىبادەت قىلىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى، ئېتىكاپقا ئولتۇردىمۇ، ۋاقتى-قەرەلى توشمىغۇچە، ئورنىدىن تۇرالمايتتى، يەر تەۋرەپ ئاسمان ئۆرۈلسىمۇ ئۇنى تەۋرىتەلمەيتتى. قۇتلۇق يېڭى كەلگەن چاغلىرىدا ئاتاق دادىسىنىڭ بۇ ئادىتىدىن ھەيران قالغان ۋە ئۇنىڭدىن بۇنداق ئولتۇرۇپ نېمە قىلىدىغانلىقىنى سوراپ كۆرگەن، دادىسى: «تەڭرىم بىلەن سۆزلىشىۋاتىمەن» دەپ ئاددىيلا جاۋاب بەرگەنىدى. كېيىن ئېيتىشىچە، تەڭرى بىلەن بۇنداق ئۇسۇلدا سۆزلىشىشنى شامان باخشىسىمۇ، تابغاچ باخشىسىمۇ، ئەيتاۋۇر نامەلۇم بىر باخشى ئۆگىتىپ قويغانىكەن.

تۇنباغا قاغان بۈگۈن يەنە ئادىتى بويىچە باخشىلاردەك باداشقان قۇرۇپ، كۆزلىرىنى كىرپىكلىرى سۇنۇپ كەتكۈدەك مەھكەم يۇمۇپ، قوللىرىنى ئاچا ياغاچتەك كېرىلگەن تىزىغا قويۇپ، دۇنيا تۈشلىرىدىن خالىي ھالدا تەڭرى بىلەن سۆزلەشمەكتە ئىدى. سۆھبەت قىزىپ كەتكەن بولسا كېرەك، تۇرۇپ بېشىنى لىڭشىتاتتى، تۇرۇپ چايقايتتى، تەڭرىنىڭ گېپىگە ئېتىراز بىلدۈرگەندەك، ئالقىنى بىلەن تىزىغا يېنىك شاپىلاقلايتتى، تۇرۇپ مۈرىسىنى قىسىپ قوياتتى. كۆرگەن ئادەم ئۇنى «تەڭرى بىلەن گەپ تالىشىپ قالغان ئوخشايدۇ» دېگەن تۇيغۇغا كەلمەي قالمايتتى.

قۇياش ئادەم بويى كۆتۈرۈلدى. تۇنباغامۇ ئېتىكاپتىن پارىغ بولدى. ئۇ كىرىپ كەلگەن قۇتلۇققا «مەزگىلسىز كېلىپ قاپسەن، بىرەر زۆرۈر ئىشىڭ بارمۇ» دېگەن مەنادا قاراپ قويدى.

قۇتلۇق، قاغان دادىسىنى چۆچۈتۈپ قويماي دېدىمۇ ياكى باشقا سەۋەب بارمۇ، تۈنۈگۈن كېچىدە يۈز بەرگەن سىرلىق ۋەقە ئۈستىدە زىنھار ئېغىز ئاچمىدى. پەقەت كېگەشكەن ئىشلارنى بالدۇرراق جاكار-لاشنى، بەگبارىسنىڭ يېنىدىكى مىڭباشلىق مەنسەپكە ياغلاقار لىگىنى ئەمەس، بەلكى توغرۇل مىڭباشىنى قويۇشنى تەلەپ قىلدى ۋە ئاغزىنى ئۇنىڭ قۇلىقىغا يېقىن ئەكەلدى...

## 19. بەگبارىسنىڭ خىيالى

مىلادىيە 783-يىل، يىل بېشى، ئەتىگەن.

تاراس تېكىننىڭ ياسداق ھويلىسى خۇددى بازار كۈنىدىكىدەك قىزىپ كەتكەنىدى. خاكاس دەرۋازىسىدىكى ئايەملىك تىلاۋەتتىن بال-دۇرلا قايتىپ كەلگەن تاراس تېكىن ھويلىدىكى سۇپا ئۈستىگە چىقى-ۋېلىپ، كىملەرنىدۇر ئىشقا بۇيرۇيتتى، كىملەرگىدۇر تەنبىھ بېرەتتى. پۇتى چۇشەلگەن سېمىز پاقلانلار، قايچا تەگمىگەن يۇڭلۇق ئۇغلاقلار قاسساپ قولىدا تېپىرلايتتى، مەرەشلىرى يۈرەكنى ئېزەتتى. تۆت-بەشچە چاققان چاكار يوغان-يوغان سوغلارنى كۆتۈرۈۋېلىپ، سۇ توشۇيتتى، پالتىلىرىنى جەڭ پالتىسىدەك پىرقىرىتىپ ئوتۇن ياراتتى. قونچاقتەك ياسىنىشىپ، يەڭلىرىنى جەينەكلىرىگىچە شىمايلاشقان قىز-چوكان-لار قىزتۇرمىشنىڭ كۆز ئالدىدا قولى قولىغا تەگمەي ئىشلەپ يۈرەتتى، قازانغا قېزا سالاتتى، ئوچاققا ئوت ياقاتتى، چوغدانغا كۆمۈر تاشلايتتى.

كۈن ئۆرلەپ، ھاۋا ئىللىدى. دادىسىدىن، چوڭ دادىسىنىڭ ئايەم پەتىسىگە كېلىدىغىنىنى ئاڭلىغاندىن بېرى بىر ئايغى ئىشىك تېشىدا

تۇرغان كىچىك ئايچۇر پۇتلىرىغا پۇتلاشقانچە يۈگۈرۈپ كىردى:
— دادا، ئانا... بوۋام كەلدى... بوۋام كەلدى...
تاراس تالاغا يۈگۈردى، قىزتۇرمىش ئايچۇرنىڭ قولىدىن يېتىلەـ گىنىچە دەرۋازىغا قاراپ ماڭدى.
قىزتۇرمىش بەكبارسىنىڭ يالغۇز قىزى ئىدى. ئۇ ئۇڭ-سولىنى بىلگەن چاغلاردا ئۆيدە چىرايى كۆمۈردەك قارا، بوغۇرساقتەك سېمىز، ئاچچىقى يامان بىر ئايال ھۆكۈمرانلىق قىلىپ يۈرەتتى. دادىسى بەزىدە ئۇ ئايالنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «ئۇ سېنىڭ ئاناڭ» دەپمۇ قويۇپتى. قىزتۇرمىشمۇ ئۇنى ئۆز ئانىسى دەپ بىلەتتى ۋە ئۇنىڭغا «ئانا» دەپ خىتاب قىلاتتىيۇ، قانداقتۇر بىر يېرى — كۆزىمۇ، قېشىمۇ، چېچىمۇ، ئىشقىلىپ ئېنىق ئېيتىپ بېرەلمەيدىغان بىر يېرى ئانىسىنىڭكىگە زادى ئوخشىمايتتى. ئۇنىڭچە ئۇنىڭ ئانىسى مۇز چىراي ئەمەس بەلكى ئىسسىق چىراي، جېدەلخور ئەمەس بەلكى قوزىدەك ياۋاش، تاش يۈرەك ئەمەس، بەلكى يۇمشاق كۆڭۈل بىر ئايال بولۇشى كېرەك ئىدى. قانچە سەپسالسىمۇ، سامانلىقتىن يىڭنە ئىزدىگەندەك ئىزدەپ باقسىمۇ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن بۇنداق ئالامەتلەرنىڭ سايىسىنىمۇ تاپالمايتتى. ھەر قېتىم سەۋەبسىز دۇشكەللەشكە دۇچ كەلگەندە، رەھىمسىز ئاھانەتلەرنىڭ ئازابىنى تارتقاندا ئۇ ئانىسىنى ئەمەس، يەتتە باشلىق يالماۋۇزنى «ئانا» دەپ يۈرگەندەك زەردىگۈش بولاتتى.
قىزتۇرمىش بەزىدە دادىسىغا دەرد تۆكۈپمۇ باقاتتى. ئەمما ئۇ نەق جاۋابتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، «ئۇ سېنىڭ ئاناڭ» دېگەن كونا گەپنى تەكرارلىغىنى تەكرارلىغانىدى.
«ئۇ راستتىنلا ئانامىدۇ، ئانا دېگەن شۇنداق بولامدىغانـ دۇ؟» دەپ ئويلىغان قىزتۇرمىش قولىقىغا ئورناپ كەتكەن ئاشۇ كونا گەپلەرنى ئاڭلىغىنىدا دادىسىنىڭ كۆز قارىچۇقىدا قانداقتۇر ئەپسۇندەك

ئۆزگىرىشچان بىر مەۋھۇم چېكىتنى كۆرۈپ قالاتتى، ئۇ بۇ چېكىتكە سەپسالاتتى. بىر قارىسا رو چۈۋىنىنىڭ قانىتىغا، بىر قارىسا چوغدانىدىكى چوغ ئارىسىدىن ئۆرلەپ تۇرىدىغان يېشىل ئۇچقۇنغا ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ بىئىزنا چېكىت توساتتىن زۇۋانغا كېلىپ ئۇنىڭغا نېمىلەرنىدۇر ئېيتىپ بېرەتتى، نېمىلەرنىدۇر كۆز ئالدىغا ياياتتى. شەپقەتسىز رېئاللىقنىڭ، ئاچچىق ھەقىقەتنىڭ دېرەك بەرگۈچى بۇ يېشىل چېكىت ئۇنى ئانا مېھرىدىن ئايرىپ تاشلايتتى، يېتىملىك دەشتىدە سەرسان قىلاتتى.

قىزتۇرمىشنىڭ نالەشلىرى تەڭرىگە ئاڭلاندى، ئېھتىمال تەقدىرنىڭ رايى شۇنداق بولدى، قىزتۇرمىش ئون ياشلارغا ئۇلاشقان يىلى بۇ ئايال قاياقىدۇر كېتىپ قالدى، بىر كەتكەنچە قايتىپ كەلمىدى. دادىسىمۇ ئايالى ئەمەس، بەلكى بىرەر تاي ياكى بىرەر توقلىسى يوقلىپ كەتكەندەكلا بەخرامان يۈرۈۋەردى.

ئارىدىن خېلى ئايلار ئۆتۈپ كەتتى. قىش كېتىپ، يازمۇ كەلدى. ھاۋا ئوت كەتكەندەك ئىسسىپ تۇرغان بىر كۈنى، دادىسى ئارابوي، ئىسسىق چىراي، مۇلايىمغىنە بىر ئايالنى باشلاپ كىردى ۋە يىگىنە ئىشى قىلىپ ئولتۇرغان قىزتۇرمىشقا:

— قىزىم، ئوبدان قارا، مەن كىمنى باشلاپ كەلدىم، — دېدى قاپىقىنى ئاچماي تۇرۇپ.

قىزتۇرمىش بېشىنى كۆتۈرۈپ، دادىسىغا «لاپ» قىلىپ قارىۋالدى، ئارقىدىنلا بوغچىسىنى تاشلاپ، ئۆزىگە قاراپ ئىتتىك قەدەملەر بىلەن كېلىۋاتقان ئۇ ئايالغا سەپسالدى.

قىزتۇرمىش ئادىتى بويىچە ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ ئۇدۇل تىكىلدى ۋە بەك ھەيران بولدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى شۇنچىلىك يېقىملىق ئىدىكى، ئۇنىڭدا كەڭ يايلاقنىڭ كەڭلىكى، كۆك ئاسمانىنىڭ كۆكلىكى، باھار كۈنلىرىنىڭ ئاپتىپى ئەكس ئېتەتتى. ئۇ يەنە تېگى يوق دېڭىزغە-

مۇ ئۇخشايتتى. بۇ دېڭىزدا سۇ ئەمەس، بەلكى مۇھەببەت چايقىلاتتى، چايقىلىپ قىرغاقلارغا ئۇرۇلاتتى، ئاسمان-پەلەك دولقۇن ياساپ، مەرۋايىتتەك مۇھەببەت بۇژغۇنلىرىنى چاچرىتاتتى، توختىماي شاۋقۇن كۆتۈرەتتى.

بۇ بۇژغۇنلار ئۇدۇل بېرىپ قىزتۇرمىشنىڭ چاڭقاپ تۇرغان يۈرەك قاتلىرىغا خۇددى كۆكلەم يامغۇرىدەك تۆكۈلدى، كۈچلۈك شاۋقۇن ئۇخلاپ ياتقان سەزگۈسىنى ئويغاتتى، كۆڭۈل كۆزى ئىللىق قۇچىقىنى ئالەمدەك كەڭ ئېچىپ ئۆزگە تەلپۈنۈۋاتقان ئۇ ئايالنى تونىدى.

— ئانا...

— قىزىم...

ئۇتلۇق خىتابلار پەلەككە ياڭرىدى، ۋۇجۇدلار ئېرىپ، سەلدەك يامرىدى، ئانا مېھرى بالا مېھرى بىلەن قوشۇلدى. تەشنا يۈرەكلەر مۇھەببەت جامىدىن قېنىپ-قېنىپ شەربەت ئىچىشتى.

بىراق، ئاينىڭ ئونبەشى يورۇق، ئونبەشى قاراڭغۇ بولىدىكەن، ياخشى كۈنىڭمۇ يامىنى كېلىپ قالىدىكەن.

ئانا-بالا جەم بولۇپ ئىككى يىل ئۆتەر-ئۆتمەي، قارا ئەجەل ئۇلارنى يەنە بىر قېتىم ئايرىۋەتتى، كاج پەلەك قىزتۇرمىشنى يەنە بىر رەت يېتىم قىلدى. ئۇ ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلىدى، ياقا يىرتىپ يۈز تىلغىدى، بىراق نېمە چارە، كەتكەنلەر كەلمەيدىكەن، قالغانلار كېتەلمەيدىكەن. ئاخىر ئۇ قىسمەتكە تەن بېرىپ، بۇ ۋاپاسىز دۇنيادا ياشاپ قالماقتىن ئۆزگە ھېچبىر چارە تاپالمىدى.

قىزتۇرمىش يىغلاپ-قاقشاپ چوڭ بولدى، يېشىمۇ ئۆستى، ئەقلىمۇ ئۇلغايدى. ئۇ ئۆزىنى سىرلىق دوقمۇشلاردا تەمتىرىتىپ كەلگەن بەزى تۈگۈنلەر ئۈستىدە كۆپرەك باش قاتۇرىدىغان بولۇپ قالدى.

ئۇنىڭ ئۆز ئانىسى بار تۇرۇقلۇق يەنە ئۆگەي ئانىنىڭ قولىدا قالغانلىقى سۆزسىزلا بىر سىر ئىدى، ئۆز ئانىسىنىڭ توساتتىن پەيدا بولۇپ قالغانلىقىمۇ بىر چىگىش تېپىشماق بولۇپ ھېسابلىناتتى، مەرھۇم ئانىسىنىڭ بۇ تېپىشماقنى ئۇ ئالەمگە بىللە ئېلىپ كېتىشىمۇ سىر ئىچىدىكى سىر ئىدى. بۇ سىرلار كۈندۈزىمۇ، كېچىسىمۇ، ئويغىدىمۇ، چۈشىدىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىدى، قوغلاپمۇ قوغلىۋېتەلمەيتتى.

دادىسى بەگبارىس نەلەرگىدۇر كېتىپ قالغان، ئۆزىگە ھاممىسى بىلەن چاكار ئاياللار قاراپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە قىزتۇرمىش غوجىدار چال ئىلىيارۇقتىن چاندۇرمايلا گەپ ئالدى. ئۆمرىدە ئۆيلەنمىگەن، قىزتۇرمىشنى ئۆز قىزى دەپ بىلىدىغان ئىلىيارۇق جېنىنى ئالىقىنىغا ئېلىپ قويۇپ بۇ مەخپىيەت ئۈستىدە ئېغىز ئاچتى.

— كۆك تەڭرى ئادەمزاتنى ئاپىرىدە قىلغاندا ھەركىمنى ئۆز ھەۋىسى بىلەن يارىتىدىكەن قىزىم، — دەپ گەپ باشلىدى، قىزتۇرمىشنىڭ چىرايلىق گەپلىرىدىن خۇددى سۇغا چۈشكەن چالمىدەك ئېرىپ كەتكەن غوجىدار، — تەڭرىم بەگبارىس بېگىمنىڭ كۆڭلىگىمۇ ئات ئىشتىياقىنى سالغانىكەن. ئۇ بالا چاغلىرىدىلا ھەرقانداق ئويغۇر بالىسىغا ئوخشاش، ئات دېگەنگە ئاجايىپ ئامراقلىق قىلاتتى، بولۇپمۇ نەسلى ئېسىل قۇرىقان ئېتىنى كۆردىمۇ، ئۇ ئاتنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە ئىدى. كېيىن ئۇ يىگىت بولدى، دادىسىنىڭ دەۋتى بىلەن ئون بەش يېشىدا ئاتقا مىنىپ جەڭلەرگە كىردى، يۇرت ئېلىپ يۈز تاپتى، ئاتا مىراس يايلىقىدا ئات بېقىپ ئانچە-مۇنچە ئات قىلدى. بىلىسەن قىزىم، بىز خەققە ئات بولمىسا بولمايدۇ، ئاتسىز مال باقالمايسەن، ئاتسىز جەڭگە كىرەلمەيسەن، جەڭگە كىرمىسەڭ ئولجا ئالالمايسەن، ئىلكىڭدە ئات كۆپمۇ، سەن باي، ئات ئازمۇ، سەن نامرات، يۈزۈڭمۇ ئات بىلەن، گېپىڭمۇ ئات بىلەن.

بىلىشىمچە، بەگبارىس بېگىمگە يايلاق قېلىپ، ئات قالمىغان، قالسىمۇ كۆپ قالمىغانىدى. شۇڭا ئۇ كۆپرەك ئات قىلىپ، باي بولۇشقا، باي بولۇپ ئابرۇيى تېپىشقا نىيەت قىلىپ قالدى. چاتاقمۇ دەل مۇشۇ يەردىن باشلاندى.

شۇ يىللاردا، قورىقان ئاقساقىلىنىڭ چىرايى بەتبەشىرە، مىجەزى ئوسال، ئەركەكزەدەك بىر قىزى بولغانىكەن. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ ئاقساقال قىزىغا بەكلا ئامراق ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ «كۈيئوغ-لۇم شۇنداق كۈيئوغۇل بولسۇنكى، ئاتقا مىنسە ئاتلىققا تۇتۇق بەرمى-سۇن، جەڭگە كىرسە دۈشمىنىگە بوزەك بولمىسۇن، قىزىم بىردىنبىر ئايالى بولسۇن، كۈندىشى بولمىسۇن، شۇنداق يىگىتنى تاپسام تويلۇقى ئۈچۈن ئۈچ يۈز ئات ئېلىپ، ئۈچ مىڭ تۇياق قورىقان ئېتى بەرگەي-مەن» دەپ مەيدىسىگە ئۇرۇپتۇ.

مال-دۇنيا يولىغا كىرگەن ئادەمگە ئۈچ مىڭ تۇياق ئات دېگەن ئاز گەپ ئەمەستە، يەنە كېلىپ ئۇ كۆزنىڭ يېغىنى يەيدىغان قورىقان ئاتلىرى تېخى.

بۇ خەۋەر ئېغىزدىن ئېغىزغا، قۇلاقتىن قۇلاققا يېتىپ بەگبارىس بېگىمگىمۇ مەلۇم بولۇپتۇ.

ئۇنىڭ تۇنجى ئايالى ياغلاقار گۈزەللىرىدىن بولسىمۇ، لېكىن ھال-كۈنى ئادەتتىكىدەك بىر جەمەتنىڭ قىزى ئىدى. گۈزەل ھۆسنى ۋە پەرىلەردەك لاتاپىتى بىلەن ئۇرۇق بەگزادىلىرىنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋەتكەن بۇ قىزنى بەگبارىس بېگىم دادىسىنىڭ دەۋىتى بىلەن ئۆز ئەمرىگە ئالغان ۋە بىر بالىلىق بولۇپمۇ قالغانىدى.

كىم بىلسۇن، بەگبارىس بېگىم ئۈچ مىڭ تۇياق ئات ئۈچۈن ئايالىنى ئۆيدىن قوغلاپ، ئامراق قىزىنى ئېلىپ قالدى ۋە ھېلىقى جەللىگۈرنى ئۆگەي ئانا قىلىپ ئۆيگە ئېلىپ كىردى.

بىراق، كۆك تەگرىم ئاسماندا تۇرۇپ ھەممىنى كۆرىدىكەن، ھەممىنى ئاڭلايدىكەن، ھەق-ناھەقنى تەگشەپ، ئاجىزلارنىڭ ئاھىغا يېتىدىكەن، نەپسى بالا ئادەملەرگىمۇ ئۆز قۇدرىتىنى كۆرسىتىپ، ئۆز ھۆكۈمىنى يۈرگۈزىدىكەن.

كېيىن نېمە بولدى دېمەمسىز، نېمە بولاتتى، بەگبارىس بېگىم ھېلىقى ئاقساقالنىڭ ئالدىمىغا چۈشۈپ كەتتى، ئۈچ يۈز ئاتتىن قورۇق قالغاننى ئاز دەپ، تويدىن كېيىن ئۈچ مىڭ ئەمەس، ئۈچ مىڭ ئاتنىڭ مىگدىن بىرىنىمۇ ئالالمىدى، ئالغان ئاتلىرىنىمۇ بازىرى كاسات قۇمۇق[1] ئېتى بولۇپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇزاغا چىدىمىغان بەگبارىس بېگىم قورىقان ئايالىنى ھەيدەپ چىقىرىپ، كونا ھەمراھىنى قايتۇرۇپ كەلدى. «يامانغا ئۆلۈم يوق، ياخشىغا كۆرۈم» دېگەندەك ئىش بولدى، ئۇ بەختسىز مەزلۇمە بۇ دۇنيادا كۆپ ياشىيالمىدى، قىزى قالدى، ئۇ كەتتى، بولغان ئىش مانا مۇشۇ...

«دۇنيا دېگەن شۇنداق بولىدىكەن، ھايات دېگەن شۇنداق ئىكەن. بىرى مېھر-ۋاپا دەپ ياشايدىكەن، يەنە بىرى مال-دۇنيا، ئاتاق-ئابروي ئۈچۈن ھەممە نەرسىدىن ۋاز كېچىدىكەن. سەن ئەمدى قايسىغا ئىشىنەلەيسەن، دۇنياغىمۇ يا ئادەمگىمۇ؟»

قىزتۇرمىش توساتتىنلا ئۆزگەردى، ئۆز-ئۆزىدىن ياتلىشىپ، ئۆ-زىگىمۇ ناتونۇش بىر ئادەمگە ئايلاندى. پەقەت ئاق كۆڭۈل غوجىدار-نىڭ بىمەھەل ئۆلۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈنلا بارلىق سىرنى يۈرىكىگە كۆمۈپ تاشلىدى، باغرى تاش دادىسىنىڭ رايىغا بېقىپ، ئۆزى كۆيگەن ئادەمگە ئەمەس، دادىسى كۆيگەن تاراس تېكىنگە ياتلىق بولدى،

---

[1] قۇمۇق ئېتى — ئۆز زامانىسىدا، ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ شەرقىدە ياشايدىغان قۇمۇق قەبىلىسىدىن يۆگلۈق، پاكار ئەمما چىدامىلىق بىر خىل ئات چىقاتتى.

ئەپلەپ-سەپلەپ كۈن ئۆتكۈزدى...

ئەل ئادىتى بويىچە، تاراس تېكىن ئات تىزگىنىنى قولىغا ئېلىشقا ئۈلگۈرمەيلا بەگبارس ھويلىغا كىرىپ كەلدى ۋە خۇشال-خۇرام سالام بەردى:

— ئايىمگىلارغا مۇبارەك بولسۇن بالىلىرىم. تېنىگىلار ساقمۇ، مال-چارۋىلىرىڭلار ئامانمۇ؟...

كەيىندىنلا، تۆت-بەشچە مۇلازىم ھەل بېرىلگەن تابغاچ ساندۇق-لىرىنى، پەتنۇس-پەتنۇس پارس زەرباپلىرىنى ۋە بەكمۇ نەپىس ئۇدۇن شامدانلىرىنى كۆتۈرۈپ كىرىشتى. چەكمەن تون كىيىپ، بېلىنى سې-رىق پوتا بىلەن باغلىۋالغان، قاشتېشىدىن كۆز قويۇلغان سوغداق تەلپىكنى بېشىغا قوندۇرۇۋالغان مەخسۇس مۇلازىم چىرايلىق بىر قۇلا تاينى يېتىلگەن پېتى ھويلىدا ھازىر بولدى.

چىرايى بۆلەكچىلا ئېچىلىپ كەتكەن بەگبارس چۆچۈپ، تېپىر-لاپ تۇرغان قۇلا تاينى ئەركىلىتىپ سىلاپ تۇرۇپ:

— مانا بۇ ساپ نەسىللىك قۇرىقان ئېتىدىن تۇغۇلغان تاي تايچاقتەك شوخ نەۋرەم ئايچۈرغا تارتۇق، — دېۋىدى، «قۇرىقان ئېتى» دېگەن گەپنى ئاڭلاپلا يۈرىكى «جىغغىدە» قىلىپ، ئەزايى شۈركۈنۈپ كەتكەن قىزتۇرمىش ئاستا تامغا يۆلەندى، ئۆزىنى تەسلىكتە تۇتۇۋې-لىپ، ئالىلقاچان ئوغلى ئايچۈرنىڭ قولىغا ئۆتۈپ بولغان قۇلا تايدىن ئويچان كۆزلىرىنى ئەپقاچتى.

— مانا بۇ تابغاچ كەمەرى، پارس دۇردۇنلىرى ۋە ئۇدۇننىڭ قاشتېشى جابدۇقلىرى باتۇر كۈيئوغلۇم بىلەن ئامراق قىزىمنىڭ ئايەم-لىكى بولسۇن، — دېدى، بەگبارس ئېلىپ كەلگەن تارتۇقلىرىنىڭ بىرمۇبىر تەرىپىنى قىلىپ.

— ۋەزىر دادامغا رەھمەت، كۆپ رەھمەت، — تۇرۇت قىلدى

تاراس ئۆزلىرى توي قىلغاندىن بېرى تۇنجى قېتىم بوسۇغا ئاتلاۋاتقان بەگبارىسقا ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ، — سانغۇن دادا، قېنى، ئىچكىرى ئۆيگە مەرھەمەت قىلغايلا...

بەگبارىس تاراسقا قاراپ رازىمەنلىك بىلەن كۈلۈپ قويدى، دۇردۇن پەرىجىسىنىڭ پېشىنى كۆتۈرۈپ، بوسۇغىدىن ئاتلىدى.

تاراس تېكىنىنىڭ خۇشاللىقى، خۇشاللىقىنىمۇ ۋە ھەيرانلىقىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغاندەك قىلاتتى. ئويلىغىنىدەك، بۇگۇن قۇياش كۈنپېتىشتىن چىققاندەك بىر غەلىتە ئىش بولۇۋاتاتتى، ئۆمرىدە تۇنباغادىن ئۆزگە ھېچكىم بىلەن باردى-كەلدى قىلمايدىغان، جەڭگاھتىن قايتسىلا ئولجا ئاتلىرىنى ئۆز يايلىقىغا ھەيدەپ بېرىپ، ئات يېنىدىن كېتەلمەيدىغان، يات ئادەمگە بەكە چاغلىق تارتۇق بەرمەيدىغان قېيناتىسى بۇگۇن تولىمۇ تۇغقانچى ۋە ساخاۋەتچى بىر ئادەمگە ئايلىنىپ كەتكەنىدى. «ئادەم قېرىسا قېيناتامدەك تۇغقانچى بولۇپ كەتسە كېرەك، ئادەتتە تۆگە سويۇپمۇ چىللاپ كەلگىلى بولمايدىغان ئەزىز مېھمانىنىڭ بۇگۇن ئۆز ئايغى بىلەن كەلگىنىنى قارىمامدىغان» دەپ ئويلىدى، تاراس تېكىن خۇشال ھالدا.

تاراس تېكىن شۇنداق ئويلىدى ۋە تىرناقچىلىك غەيرىي ئويىنىمۇ كۆڭلىگە يېقىن يولاتمىدى. بىراق، ئۇ دەل مۇشۇنداق رايىش مىجەزىنىڭ ۋە قاغانلىقتىكى ئالاھىدە ئورنىنىڭ قېيناتىسىنى ئۆز بوسۇغىسىغا باشلاپ كەلگىنىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىدى.

بەگبارىسنىڭ مەرھۇم دادىسى ئاتاچۇق بۆرە بىر قارىسا يۇرت كېزەر ئەۋلىياغا، بىر قارىسا تەركىدۇنيا باخشىلارغا ئوخشاپ كېتىدىغان غەيرىي بىر ئادەم ئىدى. بەگبارىسنىڭ قۇرىقان ئاتلىرىغا مەيلى چۇشۇپ قالغاندەك، ئۇمۇ ھەم بۆرىلەرگە ئىچىكەپ يۇرەتتى. شۇ سەۋەبلىك، ئۇنىڭ ئىسمى ئەل ئارىسىدا «بۆرە» دېگەن لەقەم بىلەن بىللە

ئاتلاتتى.

قوشۇخان[1] زامانىدىلا تىغ ئويىتىپ جەڭگە كىرگەن ئاتاچۇق بۆرە گۆر بالا[2] قاغان بولغان تۇنجى يىلى ئەلەم ئىشىدىن بىراقلا قول ئۈزدى، سەپەر تۇلۇمنى ئۆشنىسىگە سىلىپ، ئوقيا-نەيزىسىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، تاغ ئارىسىغا قاترايدىغان بولۇپ قالدى.

لەشكەر ئىچىدىكى سەردارلىق مەنسىپىدىن بىر يولىلا ۋاز كېچىپ، تەنھا شامانىدەك تاغ ئارىلاشقا قىزىقىپ قالغىنىغا قاراپ ئۇنى «ئەقلىدىن ئېزىپتۇ» دېگۇچىلەرمۇ چىقىپ تۇردى. بەزىلەر ئۇنى تاغ ئارىسىدا ئالتۇن كولامدىكىن، يا تۈرك قاغانى تاشلاپ كەتكەن بىرەر خەزىنىنى ئىپپىۋالدىمىكىن دەپ ئىزىغا چۈشۈپمۇ باقتى.

بىراق، ئاتاچۇق بۆرە ئەقلىدىنمۇ ئازمىغان، كىملەرنىڭدۇر خەزىنىسىنىمۇ ئىپپىۋالمىغانىدى. ئۇ كۆڭلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى تاغدا ئۆتكۈزەتتى، ئوۋ ئوچرىسا ئوۋ قىلىپ قورساق باقاتتى، ئۇچرىمىسا ئېلىۋالغان ئاش-ئوزۇقتىن بەھرىمەن بولاتتى-دە، بۆرىلەرنىڭ كەينىگە چۈشەتتى. ئۇلارنىڭ ئويىنىشىنى، بىر-بىرىگە ھەمدەم بولۇپ، ئوۋغا ئېتىلىشىنى، چوڭ يىرتقۇچلارنىڭ خىرىسىدىن قۇتۇلۇشىنى، ئىشقىلىپ، بۆرىلەرنىڭ ھەر بىر قىلىقىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتەتتى، كۆرگىنىنى ئادەملەرگە، ئادەملەرنىڭ رەڭگارەڭ تۇرمۇشىغا تەققاس قىلىپ، ئۆزىچە يەكۈن چىقىراتتى.

---

① قوشۇخان — ئۇيغۇر ئاقساقىلى دوتىنىنىڭ ئوغلى، مىلادىيە 743- يىلى ئۆلگەن. ئۇ 774- يىلدىكى ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشىغا مۇستەھكەم ئاساس سالغان.

② گۆر بالا — يەنى قۇتلۇق كۆل بىلگە قاغان، ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ تۇنجى قاغانى. ئۇ مىلادىيە 744-، 745-يىللىرى ئارىسىدا تەختتە ئولتۇرغان، تاڭ سۇلالىسى ئۇنىڭغا «سۆيۈنگىل قاغان» دەپ نام — ئۇتۇغات بەرگەن.

ئۇ بەزىدە كەيپى چاغ ھالدا ئۆيگە قايتاتتى، ئىشكتىن كىرە-كىرمەي توققۇز-ئون ياشلاردىكى بەگبارىسنى تالاغا چاقىرتۋالاتتى-دە:

— كەل ئوغلۇم، ئويۇن ئوينايمىز، — دەيتتى ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ. ئۇ «ئوينايمىز» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ كۆزلىرىنى چوڭ-چوڭ ئاچقان بەگبارىسقا چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەيتتى:

— مەن كۆردۈم، بەك ئوچۇق كۆردۈم، چوڭ بۆرىلەر كىچىك بۆرىلەر بىلەن بىللە ئوينايدىكەن، ئويناۋېتىپ، باللىرىغا ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان ھۈنەرلەرنى ئۆگىتىدىكەن. بىزمۇ ئوينايلى، مەن دادا بۆرە بولاي، سەن بالا بۆرە بولغىن...

شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئوغلى بىلەن «ئويۇن»نى باشلىۋېتەتتى. ئۇنىڭغا قىلىچ ئۇرۇشنى، قىلىچتىن ئۆزىنى قاچۇرۇشنى، يېتىۋېلىپ ئوق ئۈزۈشنى، قالقان تۇتۇپ زەربىدىن ساقلىنىشنى، بۆرە باللىرىدەك موللاق ئېتىپ چەبدەسلىك بىلەن دومىلاشنى ئۆگىتەتتى. بۇ قىزىقارلىق «ئويۇن» بەگبارىسنى ئۆزىگە بەكلا جەلپ قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىلىپ-بىلمەي نۇرغۇن ماھارەتلەرنى ئىگىلىۋالاتتى.

— ئىلاھىي بۆرىنىڭ ئۇۋۇ ئۇۋۇلىشىنى ئۆگىنىۋال بالام، — دەيتتى ئاتاچۇق بۆرە يەنە بىر قېتىم تاغدىن قايتىپ كەلگەندە، — بىر توپ بۆرە بىر توپ بۇغىنى ئۇچرىتىپ قالسا قانداق قىلىدىكەن، بىلەمسەن، بۆرىلەر تۆت تەرەپتىن خىرىس قىلىپ بۇغىلارنى بىر يەرگە توپلايدى-كەن-دە، جۇغى چوڭ بىر ھۇجۇمچى بۆرە توپ ئىچىگە تىغدەك بۆسۈپ كىرىپ، كۆڭلىگە پۈكۈپ ئۈلگۈرگەن بىر ئاجىز بۇغىنى نىشانلاپ، پۇتىنى «كاپ» قىلىپ چىشلەپ قويۇپلا كەينىگە يانىدىكەن، ھۇجۇمچى بۆرە ئالمىشىپ، يەنە شۇ ئىشنى تەكرارلايدىكەن. بۆرىلە-رنىڭ قورسىقى ئېچىپ ھالى قالمىغان تەقدىردىمۇ، بۇغا ئاجىزلاپ بىر پەشۋاغا يارىمايدىغان ھالغا كەلگۈچە ئۆزىنى تۇتۇۋالىدىكەن-دە، نۇر-

غوٗن قىنىنى ۋە قارشىلىق كوٗچىنى يوقاتقان بوٗغا يىقىلاي دېگەندىلا ئاندىن بىر پەشۋا بىلەن مەززە قىلىپ يەۋېتىدىكەن...

بەگبارىس بوٚرە بولوٗپ ئوينىدى، بوٚرە بولوٗپ چوڭ بولدى، بوٗروٗتى خەت تارتىپ لەشكەر بولغان توٗنجى يىلى بىللە ئوينايدىغان دادىسىمۇ ئوٗنى تاشلاپ كېتىپ قالدى.

بەگبارىس بوٚرىدىن ئادەمگە ئايلاندى، ئادەملەر دوٗنياسىغا يېگى-ۋاشتىن قايتىپ كەلدى. ئوٗ ئەتراپنى كوٚزەتتى، ئادەملەرنى كوٚزەتتى. نېمە ئوٗچوٗندوٗر، نېنى پوٗتوٗن بولغان بىلەن، يەنە بىر يېرى ئاچتەك بىلىندى، روھىدىكى يېگى بىر بوشلوٗق مانا مەن دەپ ئوٚزىنى ئاشكارى-لىدى.

نەتىجىدە، مىگىبېشىلىققا كوٚز تىكىۋىدى، ئوٗنىڭغىمۇ ئېرىشتى، ئامەت كېلىپ، ئاتلىرىمۇ كوٚپەيدى. ئوٗلوٗغ ئاستانىدە يالۋاچ توٗرغوٗزوٗپ، ئات ئەۋەتىپ ئات ساتتى، مال ئەپكېلىپ، كوٚكئارت[1] نىڭ ئوٗ تەرىپىگى-چە كارۋان ماگدوٗردى، ئوٗزوٗن ئوٚتمەي تېخى توٗمەنباشىمۇ بولوٗپ قالدى.

بىراق، نەپسى يوغان ئادەمنىڭ نەپسى بەئەينى بىر تېگى يوق هاڭغا ئوخشايدىكەن، بىرگە ئېرىشسە ئونىنى كوٚزلەيدىكەن، ئونغا ئې-رىشسە يوٗزنى كوٚزلەيدىكەن. شوٗنداق قىلىپ، بوٗ هاڭمۇ تولمايدىكەن ۋە تەگسىز نەپسىمۇ قانائەت تاپمايدىكەن.

بەگبارىس چىرايى قىش ئاسمىنىدەك توٗتوٗلوٗپ توٗرىدىغان موٗز تەلەت، چاشقانغا كېپەك ئالدوٗرمايدىغان خەسىس ئادەم بولغىنى بىلەن، ئوٗنى ئوٗلپەتسىزلەر قاتارىغا چىقىرىۋەتكىلىمۇ بولمايتتى. راست گەپنى قىلغاندا، ئوٗ توٗنباغا تېخى توٗمەنباشى بولماستىلا ئوٗنىڭ بىلەن خېلى

---

[1] كوٚكئارت — هازىرقى پامىر تاغلىرى.

قويۇق باردى-كەلدى قىلىپ يۈرەتتى. تۈنباغانىڭ كەڭ قورساقلىقى، كەڭ قوللۇقلىقىدىن ئۆزگە، ئۇنىڭ قولقارا يايلىقىدىكى چىرايلىق ئاتلى-رىمۇ ئۇلار ئارىسىدىكى بىر يېلىم ۋە مۇھىم بىر رىشتە ئىدى.

ياز ئېيىنىڭ ئىسسىق كۈنلىرى ئۇ تۈنباغانىڭ كەينىگە كىرىپ، رەڭمۇرەڭ گۈللەر بىلەن قاپلانغان يايلاققا بېرىپ ئات تاماشىسى قىلىشقا ھېرىسمەنىدى. يايلاقنىڭ ھەممە يېرىدە ئويناپ يۈرگەن قورىقان ئاتلى-رىغا، خانزادىلەردەك كېلىشكەن تايچاقلارغا قاراپ مەشۇقىغا تىكىلگەن ئاشىقتەك تىكىلىپ، ئۆزىنى يوقىتىپ قويغىلى تاس-تاماس قالاتتى. بۇ ئاتلارنىڭ چوڭ ئاستانە بازىرىدىكى نەرخ-ناۋاسىنى، ئۆز ئاتلىرىنىڭ بازىرى كاساتلىشىپ ھېچقانچە پۇلغا يارىماي‌ۋاتقىنىنى يادىغا ئالغىنىدا «لاپ» قىلىپ ئوت ئالغان رەشىك ئوتى پۈتۈن بەدىنىگە تارىلىپ، تومۇر-تومۇرىنى كۆيدۈرەتتى، ئارقىدىنلا چىرايىدىن قان قېچىپ، رەڭ-گى ئۆزگىرەتتى.

«بويۇم توت ئېلىك پاكار بولسا نىمە بولۇپتۇ، — دەپ ئويلايتتى بەگبارس ئىمكانقەدەر چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ، — ئەجەب، تۈنباغا تۇتقان قىلىچنى مەن تۇتمىدىممۇ، ئۇ كىرگەن جەڭلەرگە مەن كىرمە-دىممۇ؟ ئۇنىڭدا بار نەرسە نىمىشقا مەندە يوق، بۇ ئاشۇ مەنسەپنىڭ — ئەمىرلەشكەرلىكنىڭ شاراپىتى بولماي نىمە؟...»

بىراق، ئۇ مال-دۇنيا ئۈچۈن قارايۇز بولسۇنمۇ، ئادەم باشلاپ كېلىپ كۆزنىڭ يېغىنى يەيدىغان قورىقان ئاتلىرىنى بىر كېچىدىلا بۇلاپ كەتسۇنمۇ؟ ئات بىلەن مال-مۈلۈكنىمۇ بۇلاپ ئالغىلى بولار، ئۇنىڭ مەنسىپىنىچۇ؟ ئۇنىمۇ بۇلاپ كېتەلەرمۇ؟

بەگبارس ھەسەت قىلىپ ھەر نىمىلەرنى ئويلايتتىيۇ، تېشىغا چىقىرالمايتتى، قولىدىن كېلىدىغىنى، ئامال قىلىپ چوگراق بىر مەن-سەپ تۇتۇش، ئاندىن كېيىن تۈنباغادەك مەنسەپ بىلەن زەردار بولۇش

ئىدى.

مەنسەپ تەمەسىدە سارالڭ بولاي دەپ قالغان كۆڭلەرنىڭ بىرىدە، بەگبارىس تۆنباغانىڭ ئۆيىگە كېلىپ ھەمداستىخان بولۇشتى-دە، گەپ ئارىلىقىدا ئۇنىڭ بەزىبىر ئويلىرىنى بىلىپ قالدى ۋە كۆز ئالدى يورۇپ كەتتى، پۈتۈن ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ، پۈتلىرىغا ھۆل خىش قويىدى، ئېپى كەلسە ئارىغا ئوت ياقتى. بىلەتتىكى،ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئاجايىپ داغدام ۋە ئاجايىپ تۈز ئىككى يول يېيىلىپ ياتاتتى، بۇ ئىككىلا يول ئۇنى مۇراد ۋادىسىغا باشلاپ بارالايتتى. ئىش ئوڭغا تارتسا، تۆنباغا قاغان بولاتتى ۋە ۋەزىرىئەزەملىكنى، ھېچبولمىسا ئۇڭ شادلىقنى ئۆز قولىدا پىرقىرىتاتتى. ئىش تەتۈر كەلسە ئاغىنىدارچىلىقنىڭ يۈزىنى قايرىپ قويۇپ، تۆنباغانى بۆكۈ قاغانغا «قىممەت باھا»دا سېتىۋېتەتتى-دە، ئوخشاشلا مۇددىئاسىغا يېتىۋېرەتتى.

بەگبارىس «بۆرە» بىلەن توپتوغرا بىر كېچە «مۇڭداشقان»دىن كېيىن، ئاخىر ئىككى يولنىڭ ئالدىنقىسىنى تاللىۋالدى-دە، ئاق جاڭگال-دا ئۇۋ ئوۋلاپ يۈرۈپ تۆنباغاغا ھە دەپ يەل بەردى. قەتلىئام كۈنى بىرنى دېسە ئىككىنى قىلدى، قالپىقنى ئېلىپ كەل دېسە، بېشىنى ئېلىپ كېلىپ، ئوردۇبالىقنى قانغا بويىدى، ئۇن كۆنگىچە قىلىچنى قىنىغا سالمىدى.

تۆنباغا قاغان بولدى. لېكىن ئۇ بەگبارىسنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىپ قالغانمۇ، ياكى بەگبارىس چوتنى خاتا سوققانمۇ، ۋەزىرىئەزەملىك-نى ۋەلىئەھد تاراسقا تۇتقۇزدى، بەگبارىسنى ئاران ئىككى تۈمەن ئاتلىق لەشكەرگە چوڭ سەردار قىلىپ، ئۈمىد-ئارزۇلىرىنى بىر يوللا يەرگە ئۇردى.

بەگبارىس بىئارام بولدى، ئۆيىگە كىرىۋېلىپ، ئىشىك-تۈڭلۈكنى مەھكەم تاقاپ، قان قۇرىمىغان قىلىچنى نەلەرگىدۇر شىلتىدى، كىم-

لەرنىدۇر بەزەپ سۆزلەر بىلەن ھارغۇچە قارغىدى. قانچىلىك قان يىغلىسۇن ۋە قانچىلىك ئاچچىق يۇتسۇن، ئۇ ئەمدى كىچىككەندى، دەريا سۈيى كەينىگە يانمايتتى، ئۆتكەن ئىشلار قايتىپ كەلمەيتتى. تۇنباغا قاغانلىق تەختىدە شۇنچىلىك مەھكەم ئولتۇرۇۋالغان ئىدىكى، ئوق ئاتسا، ئوق سۇناتتى، قىلىچ چاپسا قىلىچ كار قىلمايتتى. بەگبارسقا دەردىنى ئۆزى بىلىپ، سۇنىڭ ئىقىشىغا، تۇكىنىڭ يېتىشىغا قاراپ ئىش تۇتماقتىن ئۆزگە چارە قالمىغانىدى.

ئۇ «بۆرە» بىلەن يەنە بىر كىچە «سۆزلەشتى»، تاڭ ئاتقاندا تىلاۋەتتە ھازىر بولدى-دە، تۇنباغاغا ساداقەت بىلدۇرۇپ، ئايىغىغا باش ئۇردى، ئەلچىلىك دەستىكىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ماتەم ئەلچىسى لىياڭ ۋېنشيۇ بىلەن چوڭ ئاستانىگە يۈرۈپ كەتتى...

ئارىدىن ئۈچ-تۆت يىلچە ئۆتۈپ كەتتى، ئۇنىڭ ئارزۇسىغا لايىق سۇلالە تۇنباغاغا قاغانلىق ئوتۇغاتى بەرمىدى، ئىشلىرى يامان ئەمەس يۈرۈشۈۋىدى، ئۆچەكەشكەندەك، يولىدا تىكەن ئۈنۈپ، ئارىدا قۇتلۇق پەيدا بولدى، بولۇپمۇ قاغاننىڭ ئۇنى خاكاسلار يېرىدىن پەۋقۇلئاددە پەرمان بىلەن قايتۇرۇپ كەلگەنلىكى ئۇنى تېخىمۇ سەگەكلەشتۈرۈپ قويدى. ئايان ئىدىكى، قۇتلۇق سانغۇن تۇنباغا قاغانغا ئۆزىدىن بەكرەك يېقىن تۇراتتى، قاغان ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلايتتى. پاراسەتلىك قۇتلۇقنىڭ قايتىپ كېلىشى قاغان ئۈچۈن سۇغا سۇ قوشۇلغاندەك، تاغقا تاغ ياندىشقاندەك بىر ئىش بولاتتى، ئۆزىنىڭ نەچچە يىللىق ئەجرىمۇ قاراپ تۇرۇپ سۇغا چىلىشاتتى.

بەگبارس مەرھۇم دادىسىنىڭ تەلىمىنى يېڭۋاشتىن يادىغا ئالدى:

«— دۈشمىنىڭنى يىقتاي دېسەڭ يادىڭدا تۇت بالام،— دېگەنىدى، دادىسى بىر چاغلاردا تاغدىن قايتىپ كېلىپ، — ئىلاھىي بۆرە گۆش يېيىشنى ئويلايدۇيۇ، ئۆلجىسىغا كەلسە-كەلمەس تاشلانمايدۇ، ئۇ ئاۋۋال ئاجىز ۋە ئورۇق ئۆلجىدىن بىرنى تاللاپ ئىزىغا

چۈشۈپ، كۈن-كۈنلەپ كۆزنىڭدۈ، يىقىنلىشىدۇ، ئۈيۈن ئۈيناشقا باشـ-
لايدۇ، يىقىن كېلىپ پۈراپ قويىدۇ، قارنى توقتەك كېتىپ قالىدۇ،
بىراق پەيتنى پايلاپ شۈنداق ئېتىلىپ كېلىدۇكى، ئۇلجا نېمە ئىش
بولغىنىنى ئاڭقىرىپ بولغۇچە، ئۈنىڭ قارنىغا كىرىپ بولىدۇ...»
بەگبارس تىلىكگە يەتكۈزمىگەن تۇنباغاغىمۇ، ئۆزىگە باش ئاغـ-
رىقى تېپىپ بېرىدىغان قۇتلۇقىمۇ ئۆدۆلدىن زەربە بېرىشكە پېتىنالـ-
مايتتى. ئۇلارنى قان چىقارماي يەۋېتىش ئۈچۈن، يەنىلا سامانىنىڭ
ئاستىدىن سۇ قويۇپ بېرىشكە، ئۇلجىلارنىڭ ئەڭ ئاجىزىغا ئاۋۋال قول
سېلىپ، كالىغا مىنىپ توشقان ئوۋلاشقا بەل باغلىدى ۋە كۈيئوغلى
تاراس تېكىننى تاللىۋېلىپ، ئەتىگەنلىك تىلاۋەتتىلا ئۇلارنىڭگە پەتىـ-
لەپ كېلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. ئۈنىڭچە، تۈز كۆڭۈل ۋە ساددا چوڭ
بولغان تاراس تېكىن ئەڭ ئاسان يىقىلاشقىلى، خالىغان سەنەمگە
ئۇسسۇل ئوينىتىقلى بولىدىغان مۇھىم بىر ئولجا ئىدى...
بەگبارس ياسىداق مېھمانخانىغا كىرىپ، تۈرۈت قىلمايلا تۆرگە
ئۆتۈپ ئولتۇردى. داستىخاندىكى نازۇنېمەتلەرگە ئېغىز تېگىپ كۈيئوغـ-
لى بىلەن قىزىنى بىر ھازا ماختاپ چىققاندىن كېيىن، قىزتۇرمىشنى،
ئايچۈرنى ۋە كۆزى كۆرەلەيدىغان، قۇلىقى ئاڭلىيالايدىغانلىكى كىشىـ-
لەرنىڭ ھەممىسنى ئۆيدىن چەتلەشتۈرۈپ، تاراس بىلەن پاراڭغا
چۈشۈپ كەتتى.

## 20. تاراس تېكىن لەشكەر سورايدۇ

— ملادىيە 782-يىلى قارا قىشتا، تۈبۈتلار بۇرۇنقى چاغلاردا
ئەسىر ئالغان ۋە تۇتۇپ كەتكەن سەككىز يۈزچە لەشكەر-پۇقرانى تاك

ئوردىسىغا قايتۇرۇپ بەردى[1].

— مىلادىيە 783-يىلى ئەتىيازدا، فىڭشياڭ ھىراۋۇلى جاڭ يى تۇبۇت ۋەزىرى شياڭجېرەن بىلەن چىڭشۇي دېگەن يەردە ئىتتىپاق تۈزدى[2].

— ... ... ...

ئاشكارا يالۋاچ[3] ۋە يوشۇرۇن ئايغاقچىلار ئېلىپ كەلگەن بۇنداق خەۋەرلەر قاغان ئوردىسىدا خۇددى تىنچ سۇغا تاش تاشلىغاندەك قاتمۇقات دولقۇنلارنى پەيدا قىلدى. تاڭ ئوردىسىنىڭ يېڭى قاغانغا ئوتتۇغات بەرمەسلىكى، ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ چوڭ ئاستانىدىن قوغلاپ چىقىرىلىشى، قاغان تاغىسى تۇدۇن يالۋاچ ۋە بىرمۇنچە سودىگەرلەرنىڭ جىڭۋۇدا قەتلىئام قىلىنىشى قاتارلىق كۆڭۈلسىزلىكلەر تۇپەيلى كېلىپ چىققان يىرىكلىكنى خۇددى چوغ ئۈستىگە قۇرۇق پاخال تاشلىغاندەك ئەدىتىۋەتتى. تاڭ دېڭىزدىن خاپا بولۇپ يۈرگەنلەر بىردىنلا بېلىنى رۇسلاپ «بىز نېمە دېگەن» دېيىشىپ گېپىنى راستقا چىقاردى. مەزگىلسىز كۆتۈرۈلگەن بىر قارا بوران دەريادىكى قېيىقتەك لەپەڭشىپ تۇرغان قاغان تەختىنى يەنە بىر قېتىم چالغىتىپ ئۆتتى.

گەپ ئۇلغايدى، ئىشمۇ كۆپەيدى. تۇنباغا قاغان توساتتىنلا تىنك يار لېۋىگە كېلىپ قالغاندەك ساراسىمىگە چۈشتى، خىيالى چىگىشلەشتى، قانچە ئىزدىسىمۇ بۇ چىگىش يىپنىڭ ئۇچىنى تاپالمىدى-دە، كېچەش ئۆتكۈزۈشكە يارلىق چۈشۈردى.

بۈگۈن قاغانلىق تەۋەسىدىكى تېكىن، ئەمىرلەر، توققۇز بۇيرۇق

---

① «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»، 227-جىلد.

② «كونا تاڭنامە»، 12-جىلد — «دېڭزوڭ تەزكىرىسى. ئالدىنقى قىسىم».

③ يالۋاچ — ئەلچى، ئارىچى.

ۋە ئېلتەبىرلەر تاڭ بىلەن تەڭ قاغان ئالدىدا ھازىر بولغانىدى. ئۇلار دىۋان ئالدىدىكى كەڭ سەيناغا كېلىپ قاغاننىڭ كەينىدە سەپ بولۇپ تىك تۇرۇشتى ۋە قوياشقا يۈزلىنىپ تەزىم قىلىشتى. ئىرچۇك باخشىنىڭ داپ چېلىپ، تۈگمەن تېشىدەك پىرقىراشلىرىغا ھەمدەم بولۇپ ئارزۇ-تىلەكلىرىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، يەنە قاغانغا ئەگىشىپ دىۋانغا قايتىپ كىرىشتى، ھەركىم تېگىشلىك جايىدىن ئورۇن ئېلىشتى.

دىۋاندىكى غەيرىي كەيپىيات بەئەينى بوران ئالدىدىكى جىمجىتلىققا ئوخشاپ كېتەتتى. تورۇستىكى چاسا تۈڭلۈكتىن كىرگەن قىزغۇچ شولا سۇرلۇك چىرايلارنى تۇچ رەڭگە كىرگۈزگەنىدى. شاپتۇل شەكىللىك قارا كۇلاھ، قايرىما ياقىلىق ئۇزۇن چاپان كىيىپ، بېلىنى كۈن تاسما بىلەن باغلىۋېلىشقان، ھاجەتمەن مۇساپىردەك بويۇن قىسىپ، مۆمىنلەرچە قول قوشتۇرۇپ تۇرغان كىشىلەر نېمىلەرنىڭدۇر يۈز بېرىشىنى كۈتۈۋاتقاندەك قىلاتتى، يۈرىكىنىڭ كۈچلۈكرەك سوقۇشى ياكى تىنىقىنىڭ ئېغىر تىنىشى تۈپەيلى سۈكۈنات بۇزۇلىسىلا، يەر يېرىلىپ، ئاسمان غۇلاپ چۈشىدىغاندەك، مەيدىسىنى ئاستا بېسىپ، تىنىقىنى قىسىپ-قىسىپ چىقىراتتى. قاغاننىڭ سۆزى خۇددى كىملەرگىدۇر ئەجەل شارابى ئىچكۈزىدىغاندەك ياكى كىملەرنىدۇر ئوت كۆيۈپ تۇرغان ۋەيلۇن دوزاخقا تاشلىۋېتىدىغاندەك ئېغىر تىترىشەتتى. چۈنكى، ھەر كىم بىلگەندەك، بۇ كېڭەش ئويلىمىغاندا چاقىرىلغان مەزگىلسىز كېڭەش ئىدى.

ۋاپادار ھازىردەك باش سېلىپ تۇرغان ھەر بىر كىشى قاغاننىڭ ھەرىكىتىنى، چىراي ئالامەتلىرىنى پەقەت كۆز قۇيرۇقى بىلەنلا كۆزىتىپ تۇراتتى. ۋاقىتنىڭ مانا شۇنداق سۈكۈنات ۋە كۆز قۇيرۇقىدا قاراش بىلەن ئۆتۈپ كېتىشىنى خالايتتىكى، قاغاننىڭ سۆزى بىلەن بىراۋغا، ياق، ئۆزىگە بىرەر مالامەت يېتىپ قېلىشىنى ئەسلا خالىمايتتى.

شۇ ئەسنادا تۇنباغا قاغان ئىككى تەرپىگە بىلىنەر-بىلىنمەس ئېغىنىۋالدى، جۇپلەنگەن بارماقلىرى بىلەن شىرەنى رىتىملىق چېكىپ قويدى، ئىككى مەرتەم يېنىك يۆتىلىپ ئاۋازىنى تەڭشىۋالدى. ئۇ ئالدى بىلەن ئوڭ تەرەپتىكىلەرنى، كېيىن سول تەرەپتىكىلەرنى كۆزىتىپ بولۇپ، قاتتىقمۇ ئەمەس، يۇمشاقمۇ ئەمەس بىر تەلەپپۇز بىلەن:

— ۋەزىرلىرىم، سەردارلىرىم، ئۆزۈڭلارنى ئەركىن تۇتۇڭلار، قاغانىڭلار بۈگۈن ھېچكىمگە غەزەپ قىلماقچى ئەمەس، — دېدى جىددىيلىشىپ كىرىشىپ كەتكەن ئۆگىلىرىنى بوشىتىۋالماقچى بولدىمۇ، تەختتىن سەل كۆتۈرۈلۈپ، غولاچلىرىنى كېرىدى.

تۇنباغا ئەسلىدىلا ھەشەمەتچىلىك بىلەن خوشى يوق، قائىدە-يوسۇن بىلەن ئانچە ھېسابلىشىپ كەتمەيدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ ئەمىر-لەشكەر چاغلىرىدىمۇ يۈرۈش-تۇرۇشتا سالاپەت قوغلاشمايتتى، قىش كۈنى قوچۇ چەكمىنىدە تاشلانغان ئەلتىرە جۇۋا، كەينى پېشى گەجگە-سىنى يېپىپ تۇرىدىغان سالۋا قولاقچا ۋە تارخانلارچە يەڭگىللىكنە باسمىل ئۆتۈكى كىيىۋالاتتى. ياز كەلسە، تول ئىلىنىۋاتقان چاغلاردىمۇ يەنىلا ئەلتىرە جۇۋا، تاشلىق قولاقچا بىلەن يۈرۈۋېرەتتى. بىراۋنىڭ «سەردارىم، تومۇز ئىسسىقتا جۇۋا كىيىپ سىرىپ كەتمىسلە جۇمۇ» دېگەن چاقچىقىغا ئۇ: «سىلەر تومۇزكىلەر نېمىنى بىلەتتىڭلار، يۇرتىمىز قار-مۇزى تولا يۇرت، قىشى بىر غولاچ، يېزى بىر غېرىچ. جەڭ قىلىمىز، تول ئالىمىز، جەڭ قىلىمىز دەپ سايىلا تاغدا يۈرۈيمىز، قىلىن كىيىنگەن ئادەمگە سوغۇقمۇ، ئىسسىقمۇ ئۆتمەيدۇ، يېلىڭ كىيىنگەن ئادەمگىچۇ، ئىسسىقمۇ، سوغۇقمۇ ئۆتۈۋېرىدۇ ...» دەپ جاۋاب بېرەتتى ۋە مەيدىسىگە «دوك-دوك...» قىلىپ مۇشتلاپ قوياتتى، مەيدىسىگە ئۇرغىنى ئۇنىڭ چاقچاق قىلغىنى ئىدى.

قۇلقارا ۋە قۇلقارا يايلىقىدىكىلەر تۇنباغانىڭ چاغاناي[1] نى مۇڭلۇق پەدىلەرگە چالالايدىغىنىنىمۇ ئوبدان بىلەتتى. ئۇ ھەر قېتىم يايلاققا كەلگەندە، قۇلقارا ۋە چاكار چوپانلار بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ غىزا يەيتتى. قۇلقارالا پىشۇرالايدىغان مەززىلىك قېرىن كاۋىپىنى تويغۇچە يەپ، تۆت-بەش ئاياق قىمىز ئىچىۋالغاندىن كېيىن ئاتلارنى تاماشا قىلاتتى، يېڭى تۇغۇلغان تايلارنىڭ نەسلىنى تەكشۈرەتتى، ئارقىدىنلا كۆجۇم قارىغاي بىلەن قاپلانغان، چوغلۇقلار ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن تاغ قىياسىدا ئولتۇرۇۋېلىپ، چاغاناي چالاتتى. چاغانايىنىڭ بوغۇق ئاۋازى تاغلاردىن، جىرالاردىن يانغۇ بېرەتتى-دە، يايلاق ئاتلاپ يىراق-لارغا كېتەتتى. ئادەملەر كۆزلىرىگە ياش ئالاتتى، شوخ تايچاقلار توختاپ تۇرۇپ، قۇلاقلىرىنى دىك قىلاتتى. ھەتتا، تۇنباغا بىلەن بىللە كېلىدىغان بەگبارىسمۇ چاغانايىنىڭ ئاۋازىغا جىم ئولتۇرۇپ قۇلاق سالاتتى.

بىراق، ھېلىقى يىلى ئوردۇبالىق كوچىسىدا ئېرىق-ئېرىق قان ئاققۇزغاندىن كېيىن كىشىلەر تۇنباغادىن تەپتارتىدىغان، ئېيىقتىن قورققاندەك قورقىدىغان بولۇپ قېلىشتى. «بۆكۈ قاغاننى ئۆلتۈرسىمۇ مەيلىدى، شۇغىنىسى، شۇنچە كۆپ سوغداقنىڭ، مەنسەپدارلارنىڭ ھەممىسىنى يامان ئادەملەر دېگىلى بولارمۇ، ماقۇل، ئۇلارنىمۇ يامان دەيلى، ھېلىقى نارەسىدىلەرنىڭ نېمە گۇناھى بولغىيتتى؟» دېيىشتى بەزىلەر بولۇك-پۇچقاقلاردا ياقىسىنى چىشلەپ. بەزىلەر يەنە «ئادەم ئۆلتۈرگەن كىشى ئادەم ئۆلتۈرۈشكە خۇمار بولۇپ قالىدۇ دەيدۇ، بۇ راستىمدۇ؟» دەپ بىر-بىرىگە سوئال قويۇشتى. «ئەمدى يەنە كىمنى ئۆلتۈرەر؟» دەپ دەككە-دۈككىگە چۈشۈشتى.

---

[1] چاغاناي — ئۆز دەۋرىدىكى ئۇيغۇر چالغۇسى، قومۇش نەي.

مانا ئەمدى ئۇبدان بولدى، قاغاننىڭ مۇنداقچىلا ئېيتىلغان سۆزى تۆۋەندە تۇرغانلارنىڭ كۆڭلىدىكى ۋەھىمىنى كۆتۈرۈۋەتتى. ئۇلارنىڭ هارۋا ئارغامچىسىدەك چىڭ تارتىلىپ، ئۈزۈلەي دەپ قالغان ئەسەبلىرى بىردىنلا بوشاشتى، قاغاننىڭ غۇلاچ سوزۇپ كېرىلىشى بىلەن تەڭ ئۇلارنىڭمۇ مۇسكۇللىرى يۇمشاپ، بەدەنلىرى خېلى راهەت-لىنىپ قالدى.

قاغان ئادىتى بويىچە پەس يۆتىلىپ، دىۋاندىكىلەرنىڭ دىققىتىنى ئاغزىغا قاراتقاندىن كېيىن سۆز باشلىدى:

— ۋەزىرلىرىم، سەردارلىرىم، كەمىنە قاغانىڭلار تەڭرىنىڭ ئىرادى-سى ۋە ئۇرۇق-ئەجدادىمىزنىڭ ئادىتى بىلەن ئاق كىگىزگە ئولتۇرۇپ قاغان بولغىلى خېلى يىللار بولۇپ قالدى. سىلەرگە دېسەم، قاغانىڭلار-ك كۆزدە تۇتقىنى ئەلنى ئامان، پۇقرانى باياشات قىلىپ، ئارامخۇدا ركچىلىك قىلىش ئىدى. شۇ مەقسەتتە يىراق-يېقىنغا لەشكەر تارتىپ ئاسىيلارنى ئەل قىلدىم، ئاۋامنى ئۇرۇپ-سوقۇلۇشتىن خالاس ئەتتىم. بىراق، سىلەرمۇ كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، كۈتكىنىم كەلمەيۋاتىدۇ، باشقا كۆڭۈلسىزلىكلەرنى دېمەيلا تۇراي، ئاتلىرىمىزنىڭ بازىرى ئۆلۈپ، خە-زىنىمىز خوراپ كېتىۋاتىدۇ، كارۋان تۆگىلىرى بىلەن رەۋەندە ئاتلىرى ئېغىلدا بىكار يېتىۋاتىدۇ، يېقىندىن بۇيان بەزى شۇم خەۋەرلەرمۇ ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان بولۇپ قالدى. كەمىنە قاغانىڭلار ئەسلىدە يۇقىرىدا كۆك تەڭرىگە، تەگرى ئەلچىسى ئۆلگېنىگە تېۋىنىپ ئۆزى بىلىپ بىر يول تۇتار ئىدى. بىراق، تەڭرىنىڭ خاهىشى بىلەن تەڭرىدىن بولمىش قاغانىڭلارنى تېگىشلىك ئورۇنغا كۆتۈرگەنمۇ سىلەر، قانتىمىمۇ، قولۇمىمۇ سىلەر، شۇڭا سىلەرگە ئۇشبۇ كېڭەشنى لايىق تاپتىم. بىلگىنىڭلارنى سۆزلەڭلار، تەڭرىمىزنى ۋە تەڭرىدىن بولمىش قاغانىڭلارنى مەمنۇن قىلىڭلار...

تۇنباغانىڭ دۇمباق ئۈنىدەك توم ۋە ناغرا ساداسىدەك تورلۇق ئاۋازى دېۋاندا ئەكس سادا پەيدا قىلدى. سادا ئۆچتى، گۈلدۈرمامىدىن كېيىنكى تىنچ ئاسماندەك جىمجىت مۇھىت ھەممىنى ئۆز قوينىغا ئېلىۋالدى. ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەن باشلىرىنى يەنە ئېگىپ، قوللىرىنى پېگۋاشتىن يەڭلىرىگە تىقىشقان كىشىلەر ئاستىرتىن كۆز بېقىشىۋال-دى-دە، زۇۋان سۈرمەي قېتىپ تۇرۇشتى.

جىمجىتلىقتىن قاغاننىڭ يۈرىكى سىقىلدى بولغاي، تەختتىن چۈشۈپ، يۇمشاق تەلەپپۇزدا يەنە ئەسكەرتتى:

— قاغانلار بۈگۈن قانداق گەپ بولسا ئاڭلاۋېرىدۇ، ھېچكىمگە گۇناھ ئارتمايدۇ، — دېدى، تەختكە قايتىپ جايلىشىۋېلىپ، شىرەنى چېكىشنى داۋام ئەتتى.

قۇتلۇق بۇنداق كېڭەشنىڭ ئۆتكۈزۈلۈشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭچە كېڭەش ئۆتكۈزۈلسىلا ھەممە ئىش ھەل بولۇپ كېتەتتى، ئۆزىنىڭ سۆز ئېلىشىمۇ بىھاجەت ئىدى. پەقەت قاغاننىڭ ئۆزىلا بەگبارسقىمۇ، ئۇنىڭ بىرقانچە گۇپپاڭچىسىغىمۇ پەرمان بىلەنلا تېتىيالايتتى.

بىراق، قۇتلۇق شۇنداق بىر كېڭەشنى كۈتۈپ يۈرگەندە، تاڭ ئوردىسىنىڭ تۇبۇتلار بىلەن ئەھدە تۈزگەنلىك خەۋىرى تېخى يېتىپ كەلمىگەن، قولاققا مۇشت ئۇرغاندەك ئاڭلانغان بۇ شۇم خەۋەر بەزد-لەرنى خاپا قىلىپ، بەگبارس تەرەپكە ئىتتىرىۋەتكەنىدى. تۇنباغانىڭ بۇ خەۋەردىن كېيىن نېمە ئويلاردا بولغىنىنى بىر ئاللاھنىڭ ئۆزىلا بىلەتتى. مۇبادا ئۇ ئەقلىدىن ئېزىپ قالسا، بەگبارسقا يان بېسىپ ئۇنداق-مۇنداق گەپ قىلىپ سالسا ئىش بۇزۇلاتتى. شۇڭا ئۇ ئېغىز ئېچىشى، ئاۋۋال قول سېلىپ قاغانغا بېشارەت بېرىشى زۆرۈر ئىدى.

قۇتلۇق ئالدىغا قاراپ مەزمۇت بىر قەدەم تاشلىدى، سولغا

بۇرۇلۇپ قاغانغا يۈزلەندى، بىر تىزىنى يەرگە قويۇپ، سۆز ئالدى:

— جانابىي تەڭرىزادەم، ئىجازەت بولسا، كەم ئەقىل قۇللىرى ئىككى كەلىمە سۆز قىلغۇم بار ئىدى.

قاغان سەل ئالدىغىراق ئېڭىشتى، ئالقىنىنى يۇقىرىغا قارىتىپ، لىكىلداتتى:

— ئىجازەت، ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ سۆزلەڭ.

قۇتلۇق ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆز-ئۆزىگە مەدەت بەردى — دە، ئۆپكىسىنى تولدۇرۇۋېلىپ سۆزىنى باشلىدى:

— قاغانىم دانادۇر، ھەممە سىرلاردىن خەۋەردادۇر، شۇنداق بولسىمۇ مەلۇم بولغايكى، ھەر ئېقىننىڭ بېشى، ئارغامچىنىڭ ئۇچى بولىدۇ، ئوت-چۆپنىڭ يىلتىزى، نەتىجىنىڭ سەۋەبى بولىدۇ. دەريادا توساق بولسا سۇ ئاقالمايدۇ، كۆڭۈلدە توسۇق بولسا ئىش يۈرۈشمەيدۇ. قاغانىم ئېيتقان دىشۋارچىلىقلارنىڭ سەۋەبى بىردۇر، ھەل قىلماقنىڭ چارىسىمۇ بىردۇر...

قۇتلۇق سۆزلەۋېتىپ، «بىردۇر» دېگەن يەرگە كەلگەندە، قاغاننى چۈشىنەلمەي قالمىسۇن دېگەندەك، كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى چىقىرىپ قويدى.

— قۇتلۇق سانغۇن، قېنى سۆزلەڭ، سەۋەب قايسى، چارە نېمە؟

— سەۋەب شۇكى، مەيلى تابغاچ شاھىدىن كەتكەن بولسۇن، ۋە مەيلى بىزدىن كەتكەن بولسۇن تابغاچلار بىز بىلەن، بىز تابغاچلار بىلەن ئەپ ئۆتەلمىدۇق. چارە شۇكى، تەۋەلىكنى چىگىتىپ، ئاداۋەتنى تاشلاپ، مۇلاقەتنى ياخشىلىماق، قاغانىمىز ئۇچۇن رەسمىي ئوتۇغات ئالماق لازىم. قاغانىمىز ئوتۇغات ئالالمىسا يات قوۋملەر بىزنى كۆزگە

ئۆلمايدۇ، ئارىغا دۈشمەن كىرىدۇ. شۇڭا...

قۇتلۇقنىڭ ئىنىق ۋە ھېسسىياتلىق ئېيتىلغان بۇ سۆزى دىۋان ئىچىدە كىچىككىنە زىلزىلە پەيدا قىلدى. ھېلىدىن-ھېلىغا قورۇنۇپ، خۇددى يېتىمچىدەك تۈگۈلۈپ تۇرغان كىشىلەر باشلىرىنى ئەركىگە قويۇپ بېرىپ، پۈتكۈل سېزىمىنى قۇلاقلىرىغا جەم قىلىشتى. بەزىلەر «گەپ دېگەننى مۇنداق قىلغۇلۇق» دېگەندەك بىر-بىرىگە قاراپ باش لىڭشىتتى. يەنە بىرەيلەن ئاڭلانغۇدەك قىلىپ، دىمىغىنى قېقىپ قويدى. بەزىلەر بارىكاللىمۇ قىچقارمىدى، دىمىغىنىمۇ قاقمىدى، «قاغان نېمە دەيدىكىن» دېگەندەك، تەخت تەرەپتىن كۆز ئۈزمىدى. شۇ ئەسنادا، ساقىلىنى بارمىقىغا يۆگەپ كۆزلىرىنى قۇتلۇققا قاداپ ئولتۇرغان قاغان يېنىدىن يەنە بىر ئاۋاز ئاڭلاندى:

— ئۇلۇغ تەگىرىزادە، ئۇلۇغ قاغان...

ھەممەيلەن كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ تەخت تەرەپكە قاراشتى. قۇتلۇقنىڭ سۆزىمۇ قاق بەلدىن ئۈزۈلۈپ قالدى. قاغانمۇ ئويقۇدىن ئويغانغاندەك چۆچۈپ يېنىغا قارىدى. كۆردىكى، بەگىارىس سۆزلەۋې-تىپ، قوللىرىنى پۇلاڭلاتقان ھالدا تەخت ئالدىغا چوشۇپ كەلمەكتە ئىدى.

— ئۇلۇغ تەگىرىزادە، كەرەملىك قاغان، — ئۇ قاغاننىڭ ئالدىغا كېلىپ تىز پۈككەندىن كېيىن دېدى، — قۇللىرىغا ئىجازەت بەرسىلە، ئىجازەت...

بەگىارىس جىددىيلىشىپ قالغاچقىمۇ، قاپاق ھەرىدەك گۈڭۈلداپ-تى، كالۋالاشقان تىلى ئاران-ئاران گەپكە كېلەتتى.

قاغان گاچىدەك گېپى ئاز، تاشتەك ئېغىر بەگىارىسنىڭ بىردىنلا يەڭگىلتەك ئادەمگە ئايلىنىپ، قۇتلۇقنىڭ سۆزىنىڭ بىلىگە تەپكىنىدىن

ۋە ئىجازەتسىزلا ئوتتۇرىغا چۈشۈۋالغىنىدىن ئازراق خاپا بولدى، بىراق كونا ئۆلپەتچىلىكنىڭ يۈزىنى قىلىپ، قۇتلۇقتىنمۇ ئوبدانراق بىرەر ئەقىل كۆرسەتسە ئەجەب ئەمەس دېگەن ئوي بىلەن ئۇنىڭغا «قېنى سۆزلە» دېگەندەك ئىشارەت قىلدى. بۇ چاغدا بەگبارىس سېھرىگەردەك ئۆزگىرىپ، تىترىكىنى بېسىۋالغان، يۈرىكىنى توختىتىپ ئەسلىگە قايتقانىدى. ئۇ ئالدىنئالا ئويلاپ قويغاندەك ئىتتىك سۆزلەشكە باشلىدى:

— تەڭرىدىن بولمىش ئۇلۇغ قاغانىم، ئەدەپسىزلىك قىلغىنىم ئۈچۈن ئۆلۈمگە مەھكۇممەن. بايام قۇتلۇق سانغۇن شۆھرەتلىك قاغان ئالدىدا، شۇنچە كۆپ تۆھپىكار سەردارلار ئالدىدا تەپتارتماي، تابغاچلارنى ماختاپ ئۇچۇرۇپ، ئۇيغۇر ئېلىنى چۆكۈرۈپ، ئىززەت-نەپسىمىزنى يەرگە ئۇرىدىغان بەزى گەپلەرنى قىلدى. كۆڭلۈمدىكىنى ئېيتسام، شۇ كەمگىچە ۋىجدان، غۇرۇرلۇق ياشاپ كەلگەن كەمىنە قۇللىرى بۇنداق گەپلەرگە ھەرگىز چىداپ تۇرالمايمەن.

دىۋان ئىچى توختام سۇدەك جىمىپ قالدى. كېڭەش ئەھلى بىر قۇتلۇققا، بىر بەگبارىسقا كۆز تاشلىدى، نەزىرىنى قاغان ئالدىدا قول باغلاپ بېشىنى سىڭايان قىلىپ قاراپ تۇرغان بەگبارىس ئۈستىدە توختىتىشتى. بەگبارىس قاغاننىڭ ئۈندىمىگىنىنى كۆرۈپ كۆڭلىنى تىندۇردى-دە، يىغلىۋېتىدىغاندەك ئاۋازدا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— يۈز يىللار مۇقەددەم تابغاچلار بىلەن بىللە قان كېچىپ كۆرىيىنى باش ئەگدۈرۈپ، پيوگياڭ قۇۋۋىقىدىن تۇنجى بولۇپ كىرىپ كەلگەنمۇ بىز[1]. 50 مىڭ ئاتلىق بىلەن جەڭگە چۈشۈپ، تابغاچ

① مىلادىيە 660-يىلى كۆرىيىگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان جەڭدە شياۋسىي باش بولۇپ، ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ ئاتلىقلىرىنى ھەممىنىڭ ئالدىدا ماڭدۇردى، تۇنجى بولۇپ پيوگياڭ شەھىرىگە يېتىپ بارغانلار يەنىلا ئۇيغۇرلار بولدى («ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»، 200-جىلد).

ئۇچۇن ئاشنا قولىنى تىرىپىرەن قىلىپ، بېشبالىق بىلەن كۇسەننى تىنچىتىپ بەرگەنمۇ بىز[1]. ئۆگلۈك-سۆيگۈنلەرنى ئىككى ئاستاندىن ھەيدەپ چىقىرىپ، تابغاچ شاھىنى قايتا تەختكە چىقارغانمۇ بىز. يىللاپ-يىللاپ ئات تارتۇق قىلىپ، تابغاچ لەشكەرلىرىنى ئاتلىق قىلغاندىمۇ يەنىلا بىز.

ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتتۈۋالغان تابغاچلار ئەسلىنى ئۇنتۇپ، ئۆلپىتىنى يادىدىن چىقاردى، ۋاپاغا جاپا قىلىپ، قاغانىمىزنى كۆزگە ئىلمىدى. مانا ئەمدى كونا رەقىبىمىز تۈبۈتلار بىلەن ھە-ھۇ دېيىشىپ بىزگە قىر كۆرسىتىۋاتىدۇ. قورسىقىمىزنى كەڭ تۇتۇپ ئۆتكەن ئىشقا سالاۋاتمۇ دەيلى، بىراق، تابغاچلارنىڭ يۈرىكىنى قاپتەك قىلىپ قاغان تاغىسىنى ئۆلتۈرگىنىگە، پۇل-مىلىنى قارىنىغا باسقىنىغا سەۋر قىلىپ تۇرۇۋېرىمىزمۇ؟ قاغان تاغىسىنى ئۆلتۈرگەنلىك قاغانىغا ھاقارەت قىلغانلىق، قاغانغا قىلىنغان ھاقارەت ئۇيغۇر قوۋمىگە قىلىنغان ھاقارەت. ھەرقايسى سەردارلارغا، ماڭا قىلىنغان ھاقارەت. پېقىر قوللىرى شۇنداق قارايدۇكى، تابغاچلار چاناپ ئۆلتۈرگەن قاغان تاغىمىز ئۇچۇن يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بولغان ئەل ئارىسىدا ھازا ئاچايلى، قانغا قان، جانغا جان تۆلىتىۋالايلى، ۋاي بىچارە تاغام، ۋاي بەختسىز تاغام... دۈشمەن قولىدا ناھەق ئۆلدۈگۈ تاغام، بىزنى دەپ كۆزۈڭ ئۇچۇق كەتتىڭمۇ تاغام...

بەگبارس يىغا-زارە قىلغاچ، تىترەپ تۇرغان قولى بىلەن

---

[1] تالڭ گاۋزۇڭ سۇدىنگفاڭنى باش ئاغلاقچى قىلىپ، 20 مىڭ ئوردا قوشۇنىغا ئۇيغۇر ئاتلىقلىرىدىن 50 مىڭنى قوشۇپ ماڭدۇردى. ئۇيغۇر قوشۇنىغا تۇمىدنىڭ ئوغلى بايانخان قوماندانلىق قىلدى. ئۇلار ئاشنا قولىنى يېڭىپ، بېشبالىقنى قايتۇرۇۋالدى، جىمسارىدىكى چىگىل قەبىلىسى بىلەن ماناستىكى چۇمۇل قەبىلىسىنى مەغلۇپ قىلدى («ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»، 199-جىلد).

«شارت» قىلىپ شەمشىرنى سوغاردى ــ دە، قاغانغا يۈزلىنىپ، ئۇنى پىشانىسگە ئۇردى، سەل دوقراق كەلگەن پىشانىسىدە تازا تورلاشقان قوغۇنىڭكىدەك تال-تال سىزىقلار پەيدا بولدى، سىزىقلاردىن تەپچىپ چىققان قان قاشلىرىدىن ئېقىپ ئۆتۈپ، كۆزىگە چۈشتى، كۆزلىرىدىن بولدۇقلاپ ئېقىۋاتقان ياشقا قوشۇلۇپ تۆۋەنگە ساقىدى، بۇرنىنىڭ ئىككى تەرىپىنى بويلاپ سەلدەك ئېقىپ چۈشۈۋاتقان قانلىق ياش بۇرۇتىغا كەلگەندە ئىككىگە ئايرىلىپ، جاۋغايلىرىدىن تامچىلاشقا باشلىدى.

— ئاھ تاغام، نېمە ئانچە تەتۈر پىشانىسەن تاغام، تابغاچلار سېنى ئۆلتۈردىغۇ تاغام، سېنىڭ ئورنۇڭدا مەن كەتسەمچۇ تاغام...

بەگبارسىنىڭ غېجەك ئۈنىدەك تىترەپ، تاغ يانغۇسىدەك دولقۇن-لىنىۋاتقان ئاۋازى خېلى كۆپ كىشىنىڭ يۈرىكىنى ئەزدى بولغاي، دىۋان ئىچىدە ئۆپكىدەشلەر، بۇرۇن تارتىشلار ئاڭلانغىلى تۇردى. قاغان تاغىسى تۇدۇن يالۋاچىنىڭ ئۇچ-تۆتچە كونا ھەقەمسايىسى مىشىلداپ -مىشىلداپ كېلىپ، ئاخىر ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ يىغلاشقا باشلىدى. خۇددى تاۋۇت ئالدىدا تۇرغان ماتەمداردەك، قاغان ئاستا بېشىنى چۈشۈردى، كۆزلىرى رەڭ سۇركىگەندەك قىزاردى، شالاڭ كىرپىكلىرى ئارىسىدىن دوملاپ چىققان ئىككى تامچە ياش تىزلىرى ئۈستىگە چۈشۈپ، تاۋار تامبىلىغا سىڭىپ كەتتى...

قاغاننىڭ قايغۇلۇق كەيپىياتى ئەمدى قاغاننىڭ يېنىدا ئۆرە تۇر-غان تاراس تېكىنغا تەسىر قىلدى. دىۋاندىكىلەر بىلەن قوشۇلۇپ، ئېسەدەپ، پوتلىسىنى تارتىشقا باشلىغان تاراس تېكىن بەگبارسىنىڭ مەنالىق تىكىلىشى بىلەن «پاڭڭىدە» يىغلاپ تاشلىدى، چوڭ-چوڭ چامداپ كېلىپ قاغان بىلەن روبىرو تۇردى ۋە بەلۋېغىدا پۇلاڭلاپ تۇرغان نەقىشلىك غىلاپتىن شەمشىرنى چىقىرىپ، پىشانىسىنى تىلىشقا

تەمشەلدى. بەگبارس چاققان بىر ھەرىكەت بىلەن ئۇنىڭ شەمشەر تۇتقان قولىنى كاپپىدە تۇتۇۋېلىپ:

— ۋاپادار ۋەلىئەھدىم، ھازىرچە ئۆزىڭىزگە ھاي بەرگەيسىز، قاغانىمىزنىڭ يارلىقى بىلەن قاغان تاغىسىغا ھازا ئاچقاندىن كېيىن ئاندىن قايغۇڭىزنى بىلدۈرگەيسىز، — دېدى، تاراس تېكىننىڭ شەمشىرىنى ئاۋايلاپ تارتىۋېلىپ، غىلىپىغا سېلىپ قويدى.

تاراس تېكىن يىغىسىنى تەستە توختىتىۋېلىپ، دادىسىنىڭ ئىجازىتىنى كۈتمەيلا تەزىم بەجا كەلتۈردى ۋە:

— قاغان دادا، بەگبارس سانغۇن ھەقنى سۆزلەيدۇ. قەدىم بوۋىمىز سۆكۈن ئېركىن[1]، بۇسات ئېلتەبىر[2]دىن تارتىپ نەق قاغانىمىز ئالىپ قۇتلۇق بىلگە قاغانغىچە بولغان كۆپ يىل مابەينىدە تابغاچلار ھېچكىمنى قاغانىمىزنى بوزەك قىلغاندەك بوزەك قىلمىغان. غۇرۇرىمىزنى يەرگە تەڭ قىلىدىغان بۇنداق خورلۇقنى كۆتۈرۈپ ياشىغاندىن كۆرە جەڭ قىلىپ ئۆلگەن تۈزۈك. تۇدۇن تاغامنىڭ ئۆلۈمى يۈرىكىمنى پارە-پارە قىلىۋەتتى. ئۇ زات بىزنى دەپ يۇرتتىن ئايرىلدى، ئەلنى دەپ سودىمىزغا باش بولدى. ئەمدىلىكتە تىرىك قالغانلار ئۇنىڭ قىساسىنى ئالمىساق كۆك تەڭرى ئالدىدا قارا يۈز بولىمىز. ئىلتىماسىم شۇكى، قاغان ئاتام پېقىرنى كىچىك كۆرمەي قولۇمغا لەشكەر بەرسە، ۋەزىرلىك سالاھىيىتىم بىلەن لەشكەر تۇتۇپ، جەڭنىڭ ئەم-قامىنى

---

① سۆكۈن ئېركىن — ئىسمى سۆكۈن، ھۆرمەت نامى ئېركىن، ئۇيغۇر قەبىلەسىنىڭ تۇرالار دەۋرىدىكى تۇنجى ئاقساقلى. مىلادىيە 605-يىللىرى ئاقساقاللىق قىلغان.

② بۇسات ئېلتەبىر — يەنى تىرىك ئېلتەبىر، ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ سۆكۈندىن كېيىنكى ئاقساقلى، مىلادىيە 627-يىلىنىڭ ئالدى-كەينىدە ئاقساقاللىق قىلغان.

بىلنۇالسام، گېزى كەلگەندە تاغام ئۇچۇن قىساس ئېلىپ، نومۇسنى ئاقلىسام...

بەگبارس تاراس تېكىننىڭ تەلپىنى دەماللىققا قوللاپ چىقمىدى ۋە ئۇنى ئاڭلىمىغاندەك، يىگىتلەشتىن ھازا باشلىدى. ئۇ ئەمدى تاراس تېكىننىڭ بويىنغا گىرە سېلىپ، بېشىنى مۈرىسىگە قويۇپ، ئۇنىڭغا ھەشقىپىچەكتەك چاپلىشىۋالغانىدى.

«قوينىڭ قوزىسىدەك ياۋاش، ئاق كۆڭۈل، كەم سۆز تاراس تېكىن شۇمۇ، تاغىسى، ياق دادىسىنىڭ تاغىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن بېرىقى ئۈچ يىل ئىچىدە بىرەر ئېغىزمۇ گېپىنى قىلمىغان، بىر تامچىمۇ ياش تۆكۈپ باقمىغان، توغرىسى، چالا تونۇش تاغىسىنى ئاللىبۇرۇن ئۇنتۇپ كەتكەن تاراس تېكىن ئەمدى كېلىپ ھازا ئاچسا ھە؟ ئۇنىڭ ھازا ئاچقىنى راستمۇ ياكى لەشكەر تۇتماقچى بولغىنىمۇ؟ ئەقەللىيسى مۆڭگۈزى بار قوچقاردىنمۇ قورقىدىغان، بىر تال چۈمۈلىگىمۇ ئازار بەرمەيدىغان تاراس تېكىن نېمە ئۈچۈن لەشكەر تۇتۇشقا قىزىقىپ قالدىكىن؟...»

باياتىن بېرى، بەئەينى ئويۇن كۆرگەندەك، ئېرچۇك باخشىنىڭ چۈشىنىكسىز كەلىمىلىرىنى ئاڭلاۋاتقاندەك گاڭگىراپ قالغان قۇتلۇق، تاراس تېكىننىڭ ئاخىرقى جۈملىسىدىن ئۇنىڭ كەينىدە قانداقتۇر بىر ساينىڭ ئالۋۇندەك قىمىرلاپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەندەك بولدى. ئۇنىڭ تاسادىپىي تاشلانغان تەلپىگە قاغان نېمە دەيدىكىن دېگەندەك، ئۇنىڭغا سەپسالدى.

قاغان تۇرۇپ-تۇرۇپ سىلكىنىۋاتقان بەگبارسنى خۇددى قۇرۇق قاپنى يۆلىگەندەك يۆلەپ تۇرغان ئوغلىغا قاراپ خۇددى بۇتتەك قېتىپ قالغان، ياش دېغى بىلەن قورۇلغان گۆشسىز كۆزلىرى يۇلتۇزسىز ئاسماندەك قاراڭغۇ ئىدى، كىرپىكىمۇ قىمىر قىلمايتتى. قارىماققا ئۇ

بۇ دۇنيادىن، رەڭگارەڭ ئادەم، خىلمۇخىل ۋەقەلەرگە ئورۇن بەرگەن بۇ پانىي ئالەمدىن چىقىپ، يەر-ئاسمان ئارىسىدىكى يەتتە توساق[1] تىن ئۆتۈپ، تۈرلۈك تۈمەن مۆجىزاتلارنىڭ ئىگىسى بولمىش كۆك تەڭرى بىلەن خاس سۆھبەت قىلىۋاتقاندەك تۇراتتى.

ئارىدىن بىر پەس ئۆتتى. قاغان كۆكتىن چۈشكەندەك، توساتتىن ئۆزىگە كەلدى، قولىنى گەجگىسىدىن ئارتىلدۇرۇپ بارمىقىدىن ئىككى نۆۋەت قاس چىقىرىۋىدى، بىر چۆرە قىز بىر چاغاناي ئېلىپ كېلىپ، قاغانغا قوش قوللاپ ئۇزاتتى.

قاغان چاغانايىنى ئالدى، تويۇپ نەپەس ئېلىۋالغاندىن كېيىن ئۇنى لېۋىگە قويدى، سەل چىڭقىلىپ پۈۋلىۋىدى، چاغانايدىن شۇنداق بىر كۈي ئېتىلىپ چىقتىكى، پۈتكۈل دىۋان مۇڭغا تولدى.

چاغانايدىن مۇڭ تۆكۈلدى. بۇ مۇڭ دەسلەپ يەر قارىنىدىن ئۇخچۇپ چىققان بۇلاق سۈيىدەك شىلدىرلىدى، كېيىن تاش ئاتلاپ ئېقىۋاتقان تېز ئېقىندەك شارقىرىدى، بارا-بارا ئەزىم دەريادەك شاۋقۇن سېلىپ، قاش يالىغان قارا قىياندەك گۇرۇلدىدى، قارا قىيان دەم ئۇلغىيىپ، دەم تارتىلدى، ئاخىر كەڭ دېڭىزغا قۇيۇلدى بولغاي، كۈي ناۋاسى تۆۋەنلەپ، ئاستا-ئاستا يوقالدى.

— بۇ كۈي بولامدىكەن، — قاغان مۇڭلۇق كۈيدىن يۈرەك-باغرى خۇددى يارغۇنچاقتا چۈشكەن داندەك ئېزىلىپ كەتكەن ماتەمدار كىشىلەرگە سوئال قويدى.

بەگبارس كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

— بۇ شۇنچىلىك بەلەن كۈي ئىكەنكى، مەرھۇم قاغان تاغىسى-

---

[1] شامانلارنىڭ ئېتىقادىدا، باش تەڭرى ئۆلگېن كۆكتە تۇرارمىش، ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا چىقىدىغان يولدا يەتتە توساق بارمىش. بۇ يەتتە توساق شامانلار تەرىپىدىنلا ئېچىلارمىش.

نىڭ سىيماسىنى كۆز ئالدىمىزدا ئايان قىلدى.
— دۇرۇس گەپ بولدى. بۇ بەلەن كۈيىنى مەرھۇم تاغام تۇدۇن يالۋاچ ئۆزى ئايرىدە قىلىپ، كىچىك چېغىمدىلا ماڭا ئۆگىتىپ قويغان، ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ نى-نى جەڭگاھلارنى كېزىپ چىققان بۇ چاغانايىنىمۇ ئۇ چوڭ ئاستانىگە كېتەر چاغدا ماڭا يادىكار قىلىپ قالدۇرغانىدى، — دېدى قاغان ۋە بۇ تەسىرلىك سۆزلەر بىلەن يىگىۋاشتىن ئىبسەدىگەلى تۇرغان كېڭەش ئەھلىدىن سورىدى:
— تاغام تۇدۇن يالۋاچ قانداق ئادەم ئىدى؟
— تېيىلغۇسىز بەلەن ئادەم ئىدى.
— شۇنداق، ئۇ بۇرۇن بەلەن ئادەم ئىدى، كېيىن بەلەن ئادەم بولماي قالدى، — دېدى قاغان كىمگىدۇر ئاچچىق قىلغاندەك قاتتىق تەلەپپۇزدا.
ئاڭلىغانلار بەئەينى بېشىغا بىر توقماق يىگەندەك چۆچۈپ كېتىشتى، يېرىم-يارتا ئاڭلىغانلار قۇلىقىغا ئىشەنمىگەندەك، ئاڭلىغانلارغا مۇراجىئەت قىلىشتى.
قاغان ئۇڭ ئالقىنى بىلەن تەختىنىڭ قول قويغۇچىسىغا قاتتىق بىرنى ئۇرۇۋەتتى، چىرايى بىردىنلا جىددىي تۈس ئالدى، ئورنىدىن قوزغىلىپ، ئاۋازىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈردى:
— شۇنداق، ئادەم ئەۋەتىپ ھەممىنى بىلدىم، تاغام كېيىنكى كۈنلەردە بەلەن ئادەم بولماي قالدى. كىم ئۇنى تابغاچلارغا جازانە تارقىتىپ، ئاجىزلارنى قاقتى-سوقتى قىلسۇن دەپتۇ، كىم ئۇنى ئادەم ئۇرۇپ، ئادەم خورلىسۇن دەپتۇ، كىم ئۇنى جىگۈۋدىكى ئاۋام پۇقرانى بۇلاڭ-تالاڭ قىلغانىنى ئاز دەپ، بىگۇناھ تابغاچ قىزلىرىنى ساندۇققا سولاپ ئوغرىلاپ كەلسۇن دەپتۇ، يەنە كىم ئۇنىڭغا قاغانلىققا تەۋە ئات پۇلىنى چۆنتىكىگە سالسۇن دەپتۇ؟...

باشتا ھەممىگىلارغا سۆز بەرگەنمەن، ھېلىھەم لەۋزىمدە تۇرۇپ، يۈزمۇ يۈز سۆزلىگەنلەرگە غەزەپ قىلمايمەن. بىلىپ قېلىڭلار، قاغانىڭلار تابغاچلارغا شۇنداق دەيدۇكى: «سىلەر تۇدۇن قاتارلىقلارنى ئۆلتۈردۈڭلار، بىز يەنە سىلەرنى ئۆلتۈرۈپ قانىنى قان بىلەن يۇيساق ئاداۋەت تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتمەمدۇ؟ بىز ئەمدى سىلەرنى ئۆلتۈرمەيمىز، قانىنى سۇ بىلەن يۇيىمىز، بۇ ياخشى ئەمەسمۇ؟»[1].

## 21. نامەلۇم ئۇچىنچى قەبرە

— كۆرۈۋاتامسەن ياغلاقار ئىنىم، يايلاقلىرىمىز راستىنلا كەڭ، راستىنلا كۆركەم ھە، قارىساڭ قارىغۇڭ كېلىدۇ، قارىساڭ-قارىساڭ كۆزۈڭ تويمايدۇ.

— شۇنداق ئاكا، تەڭرىنىڭ نەزىرى چۈشكەن ئالامەت بىر يۇرت ئىكەنغۇ بۇ، مۇشۇنداق كەڭرى يەردە ياشىغان ئادەمنىڭ كۆڭلى-كۆكسىمۇ ئالەمنى سىغدۇرالىغۇدەك كەڭ بولىدىكەن. چۈشىنىۋاتامسىز قۇتلۇق ئاكا، كۆڭلى-كۆكسى كەڭ دېگەندە مەن تۇنباغا قاغاننى كۆزدە تۇتۇۋاتىمەن. ئۇ زات راستىنلا قاغانلارغا قاغان بولغۇدەك ئادەمكەن جۇمۇ!

— ماۋۇ تابغاچنىزە، ئۇز زۇۋانىڭدا ئەمەس، بىزچە زۇۋاندا سۆزلەۋاتساڭ يەنە نېمىدەپ گېپىڭنى چۈشىنەلمەيدىكەنمەن؟ قاغانىنىڭ كەڭ قورساقلىقىنى مەن سۆزلەپ بەرمىگەن بولسام، سەن كىمدىنمۇ ئاڭلار ئىدىڭ-ھە؟

قۇتلۇق ھېلىقى كۆنى قاغان ئالدىدىن كەيپى چاغ ھالدا قايتىپ

[1] «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»دىكى ئەينى سۆز.

كەلگەن ۋە تەقەززا بولۇپ بوسۇغىدا ئولتۇرغان كەدىرەگە كۆرۈنۈپ قويۇپلا ئۇدۇل ياغلاقارنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ، بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار-نىڭ ھەممىسىنى قالدۇرماي سۆزلەپ بەرگەنىدى. ئۇلارنىڭ بۇ پارىڭىمۇ دەل ئاشۇ كېچەش ئۈستىدە كېتىپ باراتتى.

مىلادىيە 784-يىل. توققۇز بۇيرۇق كېڭىشى[1] دىن ئۈچ ئاي ئۆتكەن، قىش كېتىپ باھار كەلگەن چاغ. قاغاننىڭ كېڭەشتىكى ئاخىرقى قارارىغا بىنائەن، چابىشلار يېرىدە تۇرۇۋاتقان ئىككى تۈمەن خىل لەشكەرنى ئۆز قولىغا ئېلىش ئۈچۈن يولغا چىققان قۇتلۇق بىلەن ياغلاقار سەپىرىنىڭ ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە قىيپاش كۆنپېتىشقا قاراپ ئاتلىق كېلىۋاتاتتى. قۇتلۇق سەردارلىق ئۇستۇۋىشىنى سېلىپ تاشلاپ، يولۇچى يالۋاچلاردەك كىيىنىۋالغان. بىللە كېلىۋاتقان ياغلاقار-لىگمۇ تاشلانمىغان تېرە كەمزۇل ۋە گىرۋەكلىك كىگىز قالپاق كىيىۋالغا-نىدى. قارىماققا ئۇ يالۋاچلارغا سايىدەك ئەگىشىپ يۈرۈيدىغان قورۇقچى چاكارلاردىن ھېچقانچە پەرقلەنمەيتتى.

— ئارتۇقچە ھەشەم-دەرەم قىلىشنىڭ نېمە كېرىكى، — دېگەن ئىدى قۇتلۇق سەپەر ئالدىدا، — قورۇقچىمۇ ئالمايمىز، ياراغىمىزمۇ غانجۇغىغا تېڭىۋېتىمىز، تاپقاننى يەپ، توغرا كەلگەن يەردە قونۇپ ئۆز يولىمىزغا كېتىۋېرىمىز...

ئەمدىلەتىن چېچىلىشقا باشلىغان قۇياش شولىسى ھېسابسىز يىگ-ىنلەردەك ئۆتۈپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ كۆزىنى چاقاتتى. بۇنداق يولغا كۆنۈپ كەتكەن قۇتلۇق بولسا، يېرىم قىسىلغان يۇملاق كۆزلىرىنى

---

[1] توققۇز بۇيرۇق كېڭىشى — ئۆز زامانىسىدىكى ئۇيغۇر قاغانلىقىدا ئەڭ ئالىي كېڭەش. بۇنداق كېڭەشكە ئىچبۇيرۇق ۋە چەتبۇيرۇق بولۇپ توققۇز بۇيرۇق (ۋەزىر) قاتنىشاتتى.

قوياشتىن قاچۇرۇپ، قوياش ئاستىدا غايەت زور چىراغپايدەك گىدىيىپ تۇرغان ئېگىز تاغلارغا تىككەنىدى. ياغلاقار كىگىز قالپىقىنىڭ گىرۋىكىنى چۈشۈرۈۋېلىپ چوڭ يورغىدا كېتىۋاتقان ئات ئۈستىدە بەئەينى قىرغا قونغان تاز قارىدەك دىڭگىيىپ ئولتۇراتتى.

ياغلاقار رەسمىي يىگىت بولغان، سانىۋالغۇدەك شالاڭ، تەسكەي دۆڭدە ئۆسكەن چۆپتەك رەزىل قارا موي‌لار ئۇنىڭ قولاق ئاستىنى، ئۈستۈن كالپۇكىنى قاراقات سۈركەپ قويغاندەك قارايتىۋەتكەنىدى.

— ياغلاقارنى ئۆيلەش كېرەك، يېتىمنىڭ بېشىنى سىلىغاننىڭ ساۋابى تولا، — دەيتتى قۇتلۇق كەدىرەگە بەزىدە ياغلاقارغا ئاڭلاتماي تۇرۇپ، — تابغاچ قىزلىرىغۇ بىزدە تولا گەپ، لېكىن ئۇلارنىڭ بىرىمۇ مەرتىۋىلىك ئائىلىنىڭ قىزى ئەمەس. ياخشىسى، قىچقارسا ئېتى بار، تۇتسا سېپى بار تابغاچتىن بىرەرسىنى تېپىپ، ئۇنىڭ قىزىنى ئېلىپ بەرمىسەك نامىمىزغىمۇ مۇناسىپ كەلمەس. ئۇنداق قىزنى نەدىن تاپىمىز؟ ئەلۋەتتە، سېپىلنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى تابغاچلار دىيارىدىن تاپىمىز...

قۇتلۇق بىلەن كەدىرە ياغلاقارنىڭ توي ئىشىغا خېلى ئۇبدان كۆڭۈل بۆلدى، كېلىپ-كېتەر يولۇچىلاردىن ئۇنى-بۇنى سۈرۈشتۈردى. بىراق چابىشلارنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى تابغاچلار يۇرتى ئوردۇبالىقتىن بەك يىراق بولغىنىدەك، ئۇلارنىڭ ئارزۇسىمۇ يىراق پېتى قېلىۋەردى.

ھېلىمۇ ياخشى، توققۇز بۇيرۇق كېڭىشى قۇتلۇققا يەنە يېڭى ئۈمىدلەرنى ئېلىپ كەلدى، ھەممە ئىشلار ئويلىغىنىدەك يۈرۈشۈپ كەتكەندىن تاشقىرى، ياغلاقارنى ئوردۇبالىقتا قالدۇرىدىغان ئويىدىن يېنىپ، ئۇنى يېنىغا ئېلىپ جەنۇب سەپىرىگە بىللە ئاتلاندى. نامىدا ئۇنى خۇسۇسىي قورۇقچى قىلىۋالغىنى بىلەن، ئەمەلدە قۇتلۇقنىڭ يەنە

بەزى يېڭى ئۆيلىرىمۇ بار ئىدى.

ئۇلار يايلاق ئاتلاپ، ئېقىن بويلاپ ئۈچ كۈنچە يول يۈرگەندىن كېيىن، بىر تاغنى بەلگە قىلىپ جەنۇب تەرەپكە قايرىلدى ۋە تەگرىقاغان يولىغا چۈشۈۋالدى. مىڭ يىللار مابەينىدە قارامۇرەن، قورۇلۇن، سېلىنغا ۋە ئورخۇن ۋادىسىدا نامى پۇر كەتكەن قاغانلىق ۋە مەھكىمىلەرنى قۇرۇپ چىققان ھونلار[1]نىڭ، سيانپېلار[2]نىڭ، ئاۋارلار[3]نىڭ، سىر-تاردوشلار[4]نىڭ، كۆك تۈرك[5]لەرنىڭ، تاڭ لەشكەرلىرى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئاياغ ئاستىدا ئېچىلغان بۇ داغدام يول ئەمدىلىكتە تاشلاندۇق كونا بەلۋاغدەك سوزۇلۇپ ياتاتتى. يول يۈزى قۇرۇق يانتاق، قۇرۇق قومۇش ۋە ئاق تىكەنلەر بىلەن تولۇپ كەتكەن. كەڭلىكى 50 قەدەم كەلگۈدەك يول ئىزناسىدا پەقەت يالغۇز ئاياغلىق چىغىرلا ساقلىنىپ قالغانىدى. ئۆتەڭ-راباتلارمۇ گۆرستاندەك چۆلدەرەپ قالغان، تاملىرى ئۆرۈلۈپ، ئۆگزىلىرى غەلۋىردەك ئۆتمۈتۆشۈك بولۇپ كەتكەن، ئەسىرلەردىن بېرىقى قايناق ھاياتتىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى، ئاندا-ساندا ئۇچراپ قالىدىغان ھۆل تېزەك

[1] ھون تەگرىقۇتلۇقى — مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 240-يىلى قۇرۇلۇپ، مىلادىيە 216-يىلى ھالاك بولغان، ئاۋۋال ھازىرقى كۆكخوت شەھىرىگە يېقىن تەگرىبالىق شەھىرىدە بارگاھ قۇرغان، كېيىنچە بارگاھىنى ئورخۇن دەرياسىنىڭ شەرقىگە يۆتكىگەن.

[2] سيانپېلار خانلىقى — مىلادىيە 150-يىلى قۇرۇلۇپ، مىلادىيە 235-يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن، بۈگۈنكى جاڭجياكۇ ئەتراپىدا بارگاھ قۇرغان.

[3] ئاۋار خانلىقى — مىلادىيە 394-يىلىدىن مىلادىيە 552-يىلىغىچە سەلتەنەت سۈرگەن، ئورخۇن، توغلا دەريالىرى ئارىسىدا بارگاھ قۇرغان.

[4] سىر - تاردوشلار قاغانلىقى — مىلادىيە 628-يىلى قۇرۇلۇپ، 646-يىلى ھالاك بولغان.

[5] كۆك تۈرك قاغانلىقى — مىلادىيە 535-يىلىدىن مىلادىيە 744-يىلىغىچە داۋام قىلغان، ئۆتۈكەن تېغى ئەتراپىدا بارگاھ قۇرغان.

ۋە قۇملاقلار بۇ يولدىن ئۆتىدىغان كارۋانلارنىڭ تولىمۇ ئاز ئىكەنلىكىدىن ئۇچۇر بېرەتتى. زامان-زامانلاردىن بۇيان ھارۋا ئىزىدىن پەيدا بولغان ئېرىقچە — كاتاڭلار شىمال شاملى ئۇچۇرۇپ كەلگەن قۇم-شېغىل بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى. بەزىدە بۇغا-بۆكەن، سۇغۇر، توشقان دېگەندەك چۆل ھايۋانلىرى ھېيىقماستىن يولنى كېسىپ ئۆتۈشەتتى.

بىر كۈنلۈك ئۇزاق سەپەرنى تۈگەتكەن ھارغىن قۇياش كۈنپېتىش تەرەپكە قىڭغايدى، كۆپ ئۆتمەي تاغ بېشىنى تەكىيە قىلىپ ئېگىز چوققىلارغا باش قويدى. يول جاپاسى قۇياشنىلا ئەمەس، بەلكى قۇتلۇقنىمۇ، سۈيى يوق تۇلۇمدەك بوشاپ كەتكەن ياغلاقارنىمۇ ھارغۇزۇپ، ئارام ئېلىشىلىشقا مەجبۇر قىلدى.

— ئەجەبمۇ ئۇسساپ تۇرىمەنا بۈگۈن، ئۇرخۇن سۈيىدەك سۈزۈك، تولا سۈيىدەك مۇزلۇق ئېقىندىن يەنە بىرسى ئۇچراپ قالسىچۇ بۇ چۆلدە.

ياغلاقار لىك ئات ئۈستىدە ئېزىلىپ ئولتۇرۇپ ۋايسىۋىدى، دەرھال قۇتلۇقنىڭ ئېتىرازىغا دۇچ كەلدى.

— ئۇ دېگەن كۆك تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتى ياغقان يەر تۇرسا، ئۇنداق ئەلۋەك ئېقىنلاردىن يەنە بىرى بولمايدۇ-دە بۇ جاھاندا، — دېدى قۇتلۇق ۋە يىراقلارغا زەن قويۇۋېتىپ بىردىنلا ئېتىنى توختاتتى، ئالدى تەرەپنى ئىما قىلىپ تۇرۇپ:

— قارىغىنە، ئاۋۇ كۆجۈم دەرەخلىكنى كۆرۈۋاتامسەن تابغاچ، ئاكاڭنىڭ كۆڭلى تويۇپ تۇرىدۇ، شەك يوقكى، ئۇ يەردە ئادەم بار، ئادەم بولمىسا بۇلاق بار، ھېچ بولمىسا ئىككىمىزگە بىر كېچە پاناھ بولغۇدەك ماكان بار...

ئۇلار قامچىسىنى پۇلاڭلاتقانچە ئات ئوينىتىپ، كۆرۈنگەن يەرگە

بىردەمدىلا يېتىپ كېلىشتى. پايانى يوق باياۋاندا، بەئەينى يانسۇ كۆلى[1] دىكى يېگانە ئارالدەك ياشىرىپ تۇرغان بۇ ئۆتەگنى كۆرۈپ باغقا كىرگەندەك خۇشال بولۇشتى.

قارىماققا، غولىغا غولاچ يەتمەيدىغان ئون تۇپچە كاداڭ دەرەخ كىمنىڭدۇر يامان كۆزىدىن ھەزەر ئەيلىگەندەك، ئۆتەڭ ئەتراپىنى سىپىل كەبى ئوراپ تۇراتتى. قۇتلۇق توغرا ئېيتقانىدى. يەر تېگىدىن سېزىپ چىققان بۇلاق سۈيى دەرەخلەرنى يالاپ، ئۆي كەينىگە ئۆتۈپ كېتەتتى. ئۆي كەينىدە بولسا، قويۇق قومۇش ۋە كۆكۈچ يېكەنلەر چۆل ئاخشىمىنىڭ سەلكىن شامىلىدا لەرزان يەلپۈنەتتى.

ئۆتەڭ ھويلىسىدىكى ئېغىل ئالدىدا ئات باغلايدىغان موما ياغاچ، ئۈچ-تۆتچە كونا ئوقۇر تۇراتتى. قاچانلاردىندۇر ئېشىپ قالغان بىر دۆۋە بېدە كۈچلۈك ئاپتاپتا قاقشالدەك قۇرۇپ، چۆلدە قالغان قۇش سۆڭكىدەك ئاقىرىپ كەتكەنىدى. پىچان توغرايدىغان كونا جادۇ، سامان تاسقايدىغان كونا ئۆتكەمە دېگەندەك ئۆتەڭ بۇيۇملىرى بىر بۇلۇڭدا ئۇخلاپ ياتاتتى. ھويلا تېخى باياتىنلا سۈپۈرۈلگەن بولسا كېرەك، ئەينەكتەك تەكشى ۋە پاختىدەك يۇمشاق قۇمسال توپىدا يالاڭ ئاياغ دەسسەلگەن ئادەم ئىزى ئوچۇق تۇراتتى.

ئۇلار ھويلىغا كىرىپلا ئاتلىرىدىن چۈشۈپ مەقسەتلىك شەپە بەرگەن بولسىمۇ، بىرەركىممۇ ئۆزىنى كۆرسەتمىدى. قۇتلۇق ھويلىنىڭ بىر تەرىپىدىكى ئوچاق كۈلۈڭدا تولۇپ تۇرغان كۈلنى تۇتۇپ بېقىۋىدى، خېلىلا قىزىق تۇيۇلدى ۋە تۆت تەرەپكە قاراپ توۋلاشقا باشلىدى:

— ئادەم بارمۇ؟

---

[1] يانسۇ كۆلى — ھازىرقى بايقال كۆلىنىڭ ئۇز زامانىسىدىكى نامى. خاكاس ۋە قۇرىقان قەبىلىلىرى مۇشۇ كۆل ئەتراپىدا تىرىكچىلىك قىلاتتى.

— بىز يولۇچى، بىزگە قونالغۇ كېرەك، ئادەم بارمۇ بۇ يەردە؟

— دېدىمغۇ، بۇ ئۆتەڭدە جەزمەن ئادەم بار، ئەمما ئۇنىڭ ئېھتىيات قىلىپ يوشۇرۇنۇۋالغىنى ئېنىق، تولا توۋلاپ يۈرمەي، ئۆز ئىشىمىز بىلەن مەشغۇل بولۇۋېرەيلى، — دېدى قۇتلۇق ياغلاقارنى ئالدىرىتىپ.

ئىككىلەن ئاتلىرىنى مومىغا ئېسىپ يۈك-تاقلىرىنى چۈشۈردى. خۇرجۇنلىرىنى ئېچىپ چاقماق تېشى بىلەن تالقان چىقاردى. قۇتلۇق ئوت ياقتى. ياغلاقار سۇ ئەپكېلىپ، سەپەر قازىنىنى ئوچاققا ئاستى. يۇلغۇن كۆتىكىنىڭ مەستخۇش ھىدى ھويلا ئىچىنى بىر ئالدى.

قازان قاينىدى، تالقان چېلىندى. ئۇلار سەپەر قازىنىدىكى تالقان ئۇمىچىغا ئەمدىلا قوشۇق تەگكۈزۈۋىدى، ئوچاق ئالدىدا جۇلدۇر كېپەن بىر ئادەم پەيدا بولدى، پىسىڭدە كۈلۈپ دوستانە سالام بەردى.

ئۆرە تۇرغان بۇ ئادەم ئۇيغۇر تىلىدا راۋان سۆزلەيتتىيۇ، بىراق يەنىلا چاندۇرۇپ تۇراتتى. «قانداق»نى «كانداك» دەيتتى، «سىز»نى «سەن» دەيتتى. چاچ-ساقاللىرىنىڭ شالاڭلىقىدىن، يالاڭ قاپاقلىرىدىن، ياندىن ئېزىلىنىدىغان كونا چاپىنى ۋە كىيىۋالغان لاتا كەشىدىن قارىغاندىمۇ ئۇ كېمى يوق تاڭلىقلاردىن ئىدى. قۇتلۇق بۇ ئۆتەڭدە بۇنداق بىر كىشىنى كۆرۈپ تومۇزدا مۇز ئۇچراتقاندەك ئەجەبلەندى، ئەدەپ يۈزىسىدىن ئۇنى ئوماچ ئىچىشكە تەكلىپ قىلدى.

بوۋايمۇ تۇزۇت قىلمايلا ئولتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىغا خۇددى پانىدەك قىسىلدى، ئېرىتىلگەن ئالتۇن سۇيىدەك لىغىرلاپ تۇرغان ساپسېرىق تالقان ئۇمىچىغا ئاچ كۆزلۈك بىلەن تىكىلدى.

— قارىمامدىغان ما ئىشنى، قوشۇق ئىككى، ئادەم ئۈچ، — دەپ غودۇڭشىدى ياغلاقار قۇتلۇقنىڭ تەكلىپىگە نارازى بولغاندەك دومسىيىپ تۇرۇپ، — ئەمدى قانداق ئىچكۈلۈك بۇ ئاشنى؟

ياغلاقارنىڭ بىھۆرمەتلىك پۇراپ تۇرغان گەپلىرىدىن قۇتلۇق سەل خاپا بولدى، — دە:

— بولدى ئۇكا، تولا تارلىق قىلمىساڭچۇ، بىر قوشۇقتا ئۆزۈڭ ئۇگچە ئىچىۋەر، مەن ماۋۇ ئاكام بىلەن بىر قوشۇقنى ئىشلىتەي، شۇنداق قىلساققۇ بولار؟ — دېدى قولىدىكى قوشۇقنى ياغلاقارغا تۇتقۇزۇۋېتىپ.

تارلىق قىلغىنىدىن ئىزا تارتتىمۇ ياكى ئۇتنىڭ تەپتىدىنمۇ، ياغلا-قارنىڭ يۈز-كۆزى خۇددى چوغ چاپلاشقاندەك ئوت ئېلىپ كەتتى. ئۇ بوۋايغا قاراپ ناماقۇل بولغاندەك ھېجىيىپ قويۇپ، قوشۇقنى ئۇنىڭغا ئۆتۈندى.

— ئاكا، قۇتلۇق ئاكام توغرا ئېيتىدۇ، رىزقىمىز بىر قازاندا ئىكەن، بىر قوشۇق بىلەن نۆۋەتلىشىپ ئىچەيلى، — دېۋىدى، ئاچلىق-تىن جۇدەپ كەتكەن بۇ بوۋاي «خىجىل بولما، ھېچقىسى يوق» دېگەندەك مېيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ قوشۇقنى قوش قوللاپ تاپشۇرۇپ ئالدى.

ياغلاقارنىڭ تاماق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ھەييارلارچە ھېجىيىشلىرى بۇ بوۋاينى ئويغا سېلىپ قويدى. بۇس ئۆرلەپ تۇرغان قىزىق ئاشنى ئاغزىغا يېقىن ئاپاردىيۇ، ئۇنى دەرھاللا ئىچىۋەتمەي، تومشۇقىنى ئۇچلاپ ئۇزۇندىن-ئۇزۇن پۈۋلەۋەردى، ئۇزۇندىن-ئۇزۇن خىيال سۈردى.

«ئەجەب ئىش، بۇنداق تاماق چىشلارنى، يەنە كېلىپ، ئىككىسى ئۇزۇن، ئىككىسى قىسقا سېرىق چىشلارنى مەن زادى قەيەردە كۆرگەن-دىمەن؟ ئوڭۇمدىمۇ ياكى چۈشۈمدىمۇ؟...»

«بۇ بوۋاينىڭ يېرىم يۇمۇق كۆزلىرى نېمىدېگەن تونۇشلۇق-ھە؟ بىرى ئېگىز، بىرى پەس كۆتمەك قاشلىرىچۇ تېخى» دېگەن

گادىرماچ ئۇيلار بىرلا ۋاقىتتا ياغلاقارنىمۇ خىيال قايىنىمىغا دەم تارتىپ كەتتى.

بوۋاي بىلەن ياغلاقار نۆۋەتلىشىپ ئۇماچ ئىچىشكەچ، ئۆز پارىڭىغا چۈشۈپ كەتتى، بىرىپ-بىرىپ ئۆز تىلىنى تېپىۋېلىشتى. كۆپ ئۆتمەي، قوشۇقنى تاشلاشقا ئۈلگۈرمەيلا چىڭگىلىكتەك چىرمىشىپ، ئۆز تىلىدا نېمىلەرنىدۇر دەپ هازا ئاچقاندەك ئۈن سېلىپ يىغلاپ كېتىشلىرى قۇتلۇقنى هەيرانۇهەس قالدۇردى.

ئۇلار قانغۇچە يىغلاشتى، هارغۇچە قۇچاقلاشتى. ياغلاقار بىر چاغلاردا ئېسنى يىغىپ، كۆزلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ كۈلۈمسىرىدى. هېلىهەم ئۆپكىدەپ تۇرغان بوۋاينى بېشى بىلەن ئىما قىلىپ قۇتلۇقتىن:

— ئاكا، بۇ كىشىنىڭ كىملىكىنى بىلەمسىز؟— دەپ سورىدى

ۋە باش چايقاپ تۇرۇپ ئۆز سوئالىغا ئۆزى جاۋاب بەردى، — بىلمەيسىز، هەرگىز بىلمەيسىز، هەتتا خىيالىڭىزغىمۇ كەلتۈرەلمەيسىز...

— ئۇنىڭ كىملىكىنى مەن ئۆزۈملا ئېيتىپ بەرسەمچۇ؟ —قۇتلۇق سىرلىق كۆز قىسىپ ئەتەي جىم بولۇۋالدى ۋە دېدى، — بۇ سېنىڭ داداڭ!

— قۇتلۇق ئاكام نېمىدېگەن ئەقىللىق-هە؟ — دېدى ياغلاقار، چىن يۈرىكىدىن چىقىرىپ.

— ئۆي-جايىمىز سەددىچىننىڭ ئىچىدىكى جەننەتتەك گۈزەل بىر سەهرادا ئىدى، — دەپ گەپ باشلىدى بوۋاي ئوچاققا قوراي تاشلاپ ئوتنى ئۇلغايتقاچ، — ئاتا مىراس شايى-يىپەكچىلىك هۈنىرىمىز بار ئىدى. يۇرتداشلار ئۈجمە تىكىپ پىلە باقاتتى، بىز پىلە ئېلىپ يىپەك چىقىراتتۇق، يىپەكلەرنى بوياپ-تاراپ شايى-دۇردۇن توقۇيتتۇق. دۇردۇنلارنى پۇل قىلىپ، كۈنىمىزنى كۆڭ ئۆتكەتتۇق. بىراق بۇ

بالام بەش ياشلارغا كىرگەن يىلى يۇرت بەگلىرى ئۆي-ئۆيلەرگە ئالۋان سالدى، بىر توپ شايى توقساق بىر توپنى ئېلىپ كېتىپ يۇردى، ئىنساپ قىلسا توپ بېشىغا بىر كۇرىدىنلا ئاشلىق بەردى. بۇنىڭغىمۇ ماقۇل دېدۇق. بەگلەرنىڭ بەرگىنىنى يەپ، بەرمىگىنىگە قول ئۇزاتما-دۇق.

كېيىن نېمە بولدى دېمەمسىز، ئۇلار ھەددىدىن ئېشىپ، يىللىق ئالۋاننى ئايدا، ئايلىق ئالۋاننى ھەپتىدە ئالىدىغان بولۇپ قېلىشتى. پۇتتۇرەلمىسەك ئۇرۇپ-سوقتى، ئۆي بېشىغا بىردىن بەگ قويدى. مىش-مىش گەپلەرگە قارىغاندا، پادىشاھىمىز كىملەردىندۇر ئات سېتىۋا-لىدىكەن، ئات پۇلىغا شايى-دۇردۇن تۆلەپ تۇرىدىكەن. ئوغلىمىز توققۇز ياشقا كىرگەن يىلى يۇرتىمىزدا ئاپەت بولدى، تۆت كېچە-كۈن-دۇز بوران چىقىپ بىر كېچە-كۈندۈز توپا ياغدى. ئۈجمىلەر سارغاي-دى، پىلە قۇرتلىرى ئۆلۈپ تۈگىدى. ئۈجمە بولمىسا پىلە قۇرتى نەدە بولسۇن، پىلە بولمىسا يىپەكنى نېمىدىن چىقىرىمىز، يىپەك بولمىسا شايى-دۇردۇننى نېمە بىلەن توقۇيمىز دەيسىز. باغرى تاش بەگ-بەچ-چىلەر بۇنى كۆرۈپ كۆرمەسكە سالدى، بىلىپ تۇرۇپ بىلمەس بولۇ-ۋالدى، دۇردۇن ئالۋىنىنى قاتلاپ ئېلىشقا، بەش يىللىق ئالۋاننى ئالدىن تاپشۇرۇشقا پەرمان چۈشۈردى. ئاڭلىساق، بۇ تېخى پادىشاھنىڭ پەرما-نى ئىكەن.

شۇ پەرمان بىلەن ھاياتلىق يولىمىز كېسىلدى، ياشاشتىنمۇ ئۈمىد قالمىدى. شۇنداق قىلىپ، يۇرت چوڭلىرى خۇپىيانە باش قوشۇشتۇق ۋە سەددىچىنىنىڭ تېشىغا قېچىپ، بوز يەر ئېچىپ كۈن ئالماقچى ۋەدى-لەشتۇق. بالىلارنى يېتىلەپ، چوڭلارنى يۆلەپ دېگۈدەك، بىر كېچىدىلا يۇرتنى تاشلاپ چىقىپ كەتتۇق.

كىم بىلسۇن، سېپىل تېشىدىمۇ بىزدەكلەرگە ئامانلىق بولمىدى،

مىگلاپ لەشكەر كەينىمىزدىن قوغلاپ كېلىشتى. بىز قورقتۇق، قورققاندىمۇ شۇنداق قورقتۇقكى، تۆت تەرەپكە پىتراپ كېتىشتۇق.

تۇتالىغىنىنى تۇتۇپ، بۇلايدىغانىنى بۇلاپ، لەشكەرلەرمۇ كېتىپ قالدى. بوران توختاپ، ھاۋا سۈزۈلدى. قارىغۇدەك بولسام مۇنۇ ئوغلۇم يېنىمدا يوق، يىغلاپ باقتىم، توۋلاپ باقتىم، قۇملارنى قازدىم، دۆڭلەرنى ئاختۇردۇم، ساراڭدەك مېڭىۋېرىپ خېلى كۈنلەردىن كېيىن مۇشۇ ئۆتەڭگە يېقىن بىر يەرگە كېلىپ قالدىم.

— دادا، شۇنچە يىلدىن بېرى مۇشۇ يەردە بىر تەرزدە تۇرۇۋەردىڭمۇ، — دەپ سورىدى، دادىسىنىڭ كەچۈرمىشىدىن كۆزىگە ياش ئالغان ياغلاقار.

— ئالدىراپ كەتمە ئوغلۇم، تۈن تېخى ئۇزۇن، سىلەرگە ھەممىنى سۆزلەپ بېرىمەن، — دېدى بوۋاي بىر يۇتۇم سۇ ئۇتلاپ گېلىنى نەمدىۋالغاندىن كېيىن گېپىنى ئۇلىدى، — بىر چاغلاردا كۆزۈمنى ئاچسام بىر ناتونۇش كىشىنىڭ قۇچىقىدا يېتىپتىمەن، قىياپىتىمۇ باشقىچىرەك، قارىسام، 60 لەردىن ھالقىپ قالغان، ئاق ساقاللىق مەيدىسىدە يەلپۈنۈپ تۇرىدىغان بۇ كىشى ئاغزىمغا سۇ تېمىتىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ سۈيىدە نېمە خاسىيەت بار، بۇنى بىلمىدىم، بىراق، بۇ ئۆتەڭگە ئېلىپ كېلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا سەللىمازا ساقىيىپ قالدىم. ئاڭلىسام ئۇ كىشى ئۇۋ ئىزدەپ يۈرۈپ بىر دۆڭنىڭ كەينىدىن مېنى تېپىۋالغانىكەن.

يۈرىكىمدىكى گەپنى قىلسام، ئۇ كىشىدەك مېھرىبان، ئۇ كىشىدەك كۆيۈمچان ئادەمنى ئەل ئۆمرۈمدە كۆرۈپ باقمىغانىكەنمەن. باشتا تىل ئۇقۇشالماي مەقسىتىمىزنى ئىما-ئىشارەت بىلەنلا ئۇقتۇرۇشتۇق، كېيىنچە، ئۇنىڭ تىلىنى مەن، مېنىڭ تىلىمنى ئۇ ئانچە-مۇنچە ئۇقالايدىغان بولدۇق. ئۇ قوۋم، بۇ قوۋم دەيدىكەنمىزيۇ، ئىنسان يۈرىكى

ئوخشاشلا گۆشتىن پۈتكەن بولىدىكەن. ئادەملەر ئارىسىدا ئادىمىلىك بولسىلا، تىل دېگەننىڭمۇ كارى چاغلىق بىر نېمىكەن. ئۇ كەچۈرمىشلىرىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: «بارارغا يېرىڭ يوقكەن، قېرىنداشلىرىڭدىنمۇ، يۇرتۇڭدىنمۇ ئايرىلىپسەن، خالىساڭ مۇشۇ يەردە تۇر، ئۆتكەن-كەچكەنلەرگە بىللە خىزمەت قىلىلى، تاپقاننى تەڭ يەيلى، ھاجەتمەنلەرگە خىزمەت قىلساق تەڭرىمىز ساڭمۇ، ماڭمۇ ئاسماندىن جاي بېرىدۇ» دېۋىدى، ئۇنىڭ گېپىنى خوپ كۆردۈم، بۇ يەردە تۇرۇپ قالدىم.

ئۇ چاغلارنى قانداق چاغلار دېمەمسىلەر، بۇ يولدىن ھەر كۈنىدە 10 تۆگىلىك، 100 تۆگىلىك چوڭ كارۋانلار، ھەر ئىقلىمدىن يېتىپ كەلگەن يالۋاچ، سەيياھلار، كاسىپ-ھۆپىگەرلەر ۋە راھىب-باخشىلار ئۆتۈپ تۇراتتى، قاغانلارمۇ قەرەلىدە ئاشلىق بېرەتتى، ھال-كۈنىمىزمۇ پاراۋان ئىدى.

ئىراق، بەش يىلدىن بۇيان جاھان ئۆزگەردى، يول چۆلدەرەپ، كۈنگە ئون ئادەممۇ ئۆتمەس بولۇپ قالدى. قاغانلارمۇ بىزنى ئۇنتۇدى، ھالىمىز كۈندىن-كۈنگە خارابلاشتى. تەڭرىگە شۈكۈر، ھەمراھىمنىڭ قاپقان قويۇپ ئۇنى-بۇنى تۇتىدىغان ھۈنىرى بار ئىكەن، تاپساق يېدۇق، تاپالمىساق، ئوت-چۆپ بىلەن كۈن ئۆتكۈزدۇق.

مەن ئۇنىڭغا «نەگە دېسەڭ شۇ يەرگە كېتەيلى، سېنىڭ تەڭرىڭ بىزنى بىر يولغا سالار» دېدىم، ئۇ «كىندىك قېنىم مۇشۇ يەرگە تۆكۈلگەن، داداممۇ، بوۋاممۇ، بوۋامنىڭ بوۋىسىمۇ مۇشۇ ئۆتەڭدە تۇرۇپ ئەل خىزمىتىدە بولغانىكەن، كەتمەيلى، كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرىدۇ، ئىشەنگىنكى، بۇ يول يەنە ئاۋاتلىشىدۇ، كارۋانلار بۇ ئۆتەڭگە، سەن بىلەن ماڭا موھتاج بولىدۇ» دەپ ماڭا يېلىندى.

بوۋاي دەرەخلەر ئارىسىدىكى بىر پارچە بوشلۇققا قارىۋېلىپ

گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— ھەمراھىم 70 لەرگە بېرىپ قالغان ئادەم ئىدى. بىر كۈنى ئۇ ئەتىگەندە «قاپقان قويىمەن» دەپ چىقىپ كېتىپ زادى قايتىپ كەلمىدى. يۈرىكىم بىر پىشكەللىكنى سېزىپ تۇرغاچ، ئىز قوغلىشىپ چۆلگە باردىم. قارىسام ئۇ مەن ياتقان ھېلىقى دۆڭ يېنىدا يىقىلىپ قاپتۇ. چېكە تومۇرىنى تۇتۇپ بېقىۋىدىم، تىنىقى بارلىقى مەلۇم بولدى، ئۆتەڭگە ئېلىپ كەلدىم. ئۇ ماڭا لەۋلىرىنى بەك تەسلىكتە مىدىرلىتىپ «يول دېگەن ئۆتەڭ بىلەن يول، ئۆتەڭ دېگەن ئادەم بىلەن ئۆتەڭ، ئوبدان ھەمراھىم، ساۋابلىق ئىزدىسەڭ بۇ يەردىن كەتمە، ئۆتەڭ خاراب بولمىسۇن، بۇلاق قۇرىمىسۇن» دېۋىدى، كۆزۈمدىن تارام-تارام ياش قويۇلدى.

ئۇ ھەمراھىم شۇ كېچىسىلا قازا قىلدى، ۋەسىيىتى بويىچە، ئۇنى ئاۋۇ دەرەخلەرنىڭ كەينىدىكى دۆڭ باغرىغا دەپنە قىلدىم، دېگىنىنى يادىمدا ساقلاپ، تەگرىقاغان يولىنىڭ راۋان بولۇشىنى، ئۆتەڭنىڭ يەنە بىر قېتىم ئاۋاتلىشىپ كېتىشىنى كۈتۈپ ياشاۋاتىمەن...

بىر كېچە ئەنە شۇنداق ئۆتۈپ كەتتى. تۈن سوزۇلۇپ، تاڭ ئاتتى. ئۆتەڭ ئەتراپىدىكى باراخسان دەرەخلەرگە ئۇۋا سالغان چۆل قۇشلىرى يېڭى تاڭنى يېڭى غەزەللىرى بىلەن كۈتۈۋالدى. بۇ قۇشلار ئۆز سايرىشىدا ئۆزى تونۇيدىغان، ياق ئۆزىلا ئەمەس بەلكى ئۆز دادىسى، بوۋىسى، ئۇلۇغ بوۋىسى تونۇيدىغان ئاشۇ ئاقساقال بوۋاينىڭ «كۈتۈڭلار، تەگرىقاغان يولى ئاخىر بىر كۈن ئاۋات بولىدۇ» دېگەن سۆزىنى تەكرارلىغاندەك قىلاتتى.

قۇتلۇق كۈن بىلەن تەڭ تۇرۇپ، مۇزدەك سوغۇق بۇلاق سۈيىدە يۈز-كۆزىنى يۇيۇۋالدى ۋە ئىبادەتنى يالغۇز تاماملاپ، دەرەخلەر كەينىدىكى ھېلىقى دۆڭ باغرىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ ياغلاقار بىلەن ئۇنىڭ

دادىسىنىڭ بۇ يەرگە ئۆزىدىن بۇرۇنراق كېلىشۋالغىنىنى، ئەتىگەنلىك ئىبادەتنى قەبرە ئىگىسى بىلەن بىللە تۇرۇپ تامام ئەتكىنىنى كۆردى. ئۇ ياغلاقارغا قاراپ دېدى:

— ياغلاقار ئۇكام، داداڭنىڭ يېنىدا كۆپرەك تۇرۇپ قانغۇچە مۇڭدىشىۋالغىن، ئۇ سېنى چوڭ ئاستانىگە بارىدىغان بىرەر كارۋان ياكى بىرەر سەيياھقا قوشۇپ قويسۇن، ئىككى يولغا ئايرىلىدىغان ۋاقتىمىزمۇ بولۇپ قالغانىدى...

ياغلاقار قۇتلۇقنىڭ سۆزىگە كۆنىدىغاندەك ئەمەس ئىدى:

— لەشكەرگاھقا ئالدىرايدىغانلىقىڭىزنى ئوبدان بىلىمەن، سىزنى يالغۇز يولغا سېلىپ قويۇشقا كۆڭلۈم قانداق ئۇنىمايدۇ ئاكا، بۇنىڭغا داداممۇ ماقۇل بولمايدۇ تايىنلىق، سىزنى چابىش يېرىگە يەتكۈزۈپ قويغاندىن كېيىن ئاندىن يول ئايرىپ ئاستانە تەرەپكە ماڭاي،— دېدى ئۇ ئۆتۈنۈش تەلەپپۇزى بىلەن.

— شۇنداق بولسۇن، — دېدى بوۋاي قۇتلۇقنىڭ قولىنى مەھكەم سىقىپ، — ئوغلۇم ماڭا ھەممىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ ماڭا ئەمەس، سىزگە كۆپرەك خىزمەت قىلىشى كېرەك، ھايات بولساقلا ھامانەم بىر كۈنى مۇڭدىشىۋالىدىغان گەپ ئىكەنغۇ ئاخىر.

— مەندىن غەم قىلماڭلار، بۇنداق يوللاردا كۆپ يۈرگەنمەن، ياغلاقار مېنى ئاپىرىپ قويىمەن دەپ يولدىن قالمىسۇن، ئۇنىڭ ئىشى مېنىڭ ئىشىمدىنمۇ مۇھىمراق، تەگىرىم ئۇنىڭغا ئاق يول ئاتا قىلغاي...

كىچىككىنە تالاش-تارتىشتىن كېيىن، گەپ بىر يەردە توختىدى. ياغلاقار كارۋان ساقلاپ دادىسىنىڭ يېنىدا قالدى. قۇتلۇق يولغا چىقتى، پېرىم كۈندىن كېيىن، ئۇ بىر تەرىپى ئۇپۇققا تۇتاشقان، بىر تەرىپى تاغقا باش قويغان كونا يولدا يالغۇز كېتىپ باراتتى. قۇتلۇق نە «چۇ»

دېيىشنىمۇ، نە قامچا سىلكىپ ھەيۋە قىلىشنىمۇ يادىدىن چىقىرىپ، ياغلاقارنىڭ جەدە ئېتىنى ئۆز ھالىغا قويۇپ بەرگەنىدى. كەينى تەرىپە-دىن ئۇرچۇقتەك چۆرگىلەپ بېسىپ كەلگەن سېرىق قۇيۇن بىر پىرقىراپلا باش ئۈستىدىن ئاتلاپ ئۆتكەندە، ئات دەماللىققا چۆچۈپ كېتەتتى. ئۇ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ، قامچىسىنى پات-پات سىلكىپ قوياتتى، كۆپ ئۆتمەيلا جانىۋارمۇ ئۆز مېڭىشىغا قايتىپ كېلەتتى. بىراق، قۇتلۇقنىڭ كالا سىڭىرىدەك كۈچلۈك پەيلىرى، مۇشتەك-مۇشتەك ساغلام مۇسكۇللىرى نېمىشقىدۇر بوشاپ كەتكەندەك قىلاتتى، مۇرىلىرى چۈشۈپ، بېشىمۇ ئاتنىڭ ئاياغ رىتىمىغا ماس ھالدا ئېغاڭلايتتى. يەتتە يىل يېتىم يۈرگەن ياغلاقارنىڭ بىمەزگىل يوقاپ كەتكەن دادىسى بىلەن تاسادىپەن ئۇچرىشىپ قېلىشى ئۇنى زىيادە ھاياجانلاندۇرۇۋەتكەندەك قىلاتتى. شۇ ھاياجاندا، تاشقى سەزگۈسىنىڭ دەرۋازىسىنى تامامەن ئېتىپ تاشلاپ، ئىچكى دۇنياسىنىڭ پىنھان دوقمۇشلىرىدا ئۆزى بىلەن ئۆزى سۆھبەت قۇرماقتا ئىدى.

قۇتلۇقنىڭ ئەستىلىك قەلئەسىنىڭ جىمى دەرۋازىسى دادىسىغا قاراپ يوغان ئېچىلغانىدى. بۇ ئىشكتىن يالغۇز دادىسىلا ئەمەس، كۈلۈپ تۇرغان ئانىسىمۇ، كۆزى يۇمۇق ئاكىسىمۇ كىرىپ كېلەتتى. ئۇ ئۇلارنىڭ ھورداڭغان تاش ئەينەكتەك غۇۋالىشىپ قالغان تەۋەررۇك سىيماسىنى بىر-بىرلەپ كۆرگۈسى، ئۇلارنى ئۈچ پارچە تەسۋىرگە ئايلاندۇرۇپ، يۈرىكىگە ئۆچمەس قىلىپ ئويۇۋالغۇسى كېلەتتى. لېكىن ئۇ ئۇنداق قىلالمايتتى، ئۈچ مەرھۇم سىيما، ياق، ئىككى مەرھۇم سىيما (ئۇ دادىسىنى ھېلىمۇ ھايات دەپ ئىشىنەتتى) ئۆيۈلتاشتەك ئۆيۈپ كېتىشكەن ئىدىكى، ئۇلارنى ئاجرىتىپ بولمايتتى، بىرىنىڭ سىيماسىدا يەنە بىرى مەۋجۇت ئىدى، بىرىنىڭ سىيماسىدا قالغانلىرى جىلۋە قىلاتتى. باغرى سۇنۇق قۇتلۇقنىڭ قەلبىدە ئۇلار بىر تەن ۋە بىر جان

تەرىقىسىدە ياشاپ يۈرەتتى.


«ئاھ، ئاشۇ ئاسماندا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مەنمۇ بولسام، بىللە يۈرۈپ، بىللە كۈلسەم-ھە، مەن نېمىدەپ ئۇلاردىن تۆۋەندە، جاپاسى بار، ۋاپاسى يوق يەر يۈزىدە ياشاپ يۈرىمەن؟ ئۇلارچۇ، ئۇلار تەگىردىنىڭ قېشىدا، نە غېمى يوق، نە تەشۋىشى يوق. ئۇ نېمىدېگەن تاكامۇل دۇنيا، نېمىدېگەن تاكامۇل ھايات...؟»

قۇتلۇق چوپۇندەك ئېغىرلاپ، قوم تىققاندەك چىڭقىلىپ كەتكەن بېشىنى تەستە كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قارايتتى، كۆزى يەتكەنلىكى يەرگە نەزەر ئاغدۇرۇپ، تونۇش چىرايلارنى ئىزدەيتتى. بىراق، ئاسماندىمۇ شۇنداق ئىدى، ئانىسىنىڭ كۆزىدە دادىسىنىڭ چىرايى غىل-پال قىلىپ كۆرۈنۈپ قالاتتى، ئاكىسىمۇ ئاشۇ كۆزلەرنىڭ چوڭقۇر يېرىدە كۆزىنى مەھكەم يۇمۇپ، سوزۇلۇپ ياتاتتى...

قۇتلۇق ئىختىيارسىز باش چايقايتتى، ئۆتۈپ كەتكەن 20 يىل ئۇنىڭغا ئۇزاق ئۆتمۈشتەك تۇيۇلاتتى. 20 يىلنىڭ ئۇ تەرىپىدە چاڭ باسقان غۇۋا سۈرەتلەرلا جىلۋە قىلاتتى، تىرىك جاندىن — دادىسىدىن قىلچە ئەسەر يوق ئىدى.

«توۋا، مانا ئەمدى نېمىلەرنى كۆرۈۋاتىمەن، مەن ئەرشتىمۇ يا يەر يۈزىدىمۇ؟ ئۇخلاپ چۈش كۆرۈۋاتامدىمەن ياكى ئويغاق تۇرۇپمۇ؟...»

قۇتلۇق تىزگىن تارتماستىلا توختىۋالغان ئات ئۈستىدە تۇرۇپ تۇۋلاپ تاشلىدى، ئۆز ئاۋازى ئۆزىگە ئاڭلاندى. ئۇ ئۆز ئاۋازىنى تونۇيتتى، ئاۋازىدىنلا ئەمەس، تونۇش تاغدىن يېنىپ كەلگەن ياڭغۇنىمۇ تونۇيتتى. ئۇ كىچىك چېغىدا، بارماقلىرىنى قۇلىقىغا تىقىۋېلىپ، مانا مۇشۇنداق تۇۋلاپ ئوينايتتى. بىر ئاۋاز ئىككى بولاتتى. ئىككى ئاۋاز تۆت بولاتتى. بۇ ئويۇن ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ كۆڭۈللۈك ئەرمەك



ئىدى.

— دادا... ئانا... ئاكا... سىلەر نەدە؟

تونۇش تاغدىن يەنە ئوخشاشلا ياڭغۇ كەلدى:

— دادا... ئانا... ئاكا... سىلەر نەدە؟

قۇتلۇق ياڭغۇنى بېسىپ چۈشكۈدەك قاتتىق نەرە تارتىپ، ياڭغۇغا جاۋاب بەردى:

— دادا... ئانا... ئاكا... مەن ماۋۇ يەردە، قۇتلۇق سىلەرنى يوقلاپ كەلدى...

قۇتلۇق تونۇش تاغدىن ياڭغۇ كەلگۈچە تاقەت قىلىپ تۇرالمىدى. ئۇ كۆكۈيۈن بىلەن توختىماي ھەپىلىشۋاتقان يۈگۈرۈك ئېتىنىڭ بويىنغا مەھكەم گىرە سالدى، ئۇنىڭ ياشاڭغىراپ تۇرغان كۆزلىرىگە، ئاق قاشقىلىق پېشانىسىگە يىنىش-يىنىشلاپ سۆيۈپ قويدى.

چۈنكى، قۇتلۇق خىيال بىلەن بەند بولۇۋاتقاندا مۇشۇ ئات، دەل مۇشۇ ئەقىللىق ئات ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىۋالغان، ئۇنى باغرى تۆشۈك تونۇش تاغقا، خوشلاشقىنىغا 20 يىل بولغان دۆك باغرىغا ئېلىپ كەلگەنىدى.

قۇتلۇق تۆت پۇتلۇق بولۇپ يۈگۈرگىنىچە پاكار دۆك ئۈستىگە چىقىپ كەلدى. ئۇ دۆڭدە تۇرۇپ تونۇش تاغنىڭ ئۆڭكۈرلىرىگە، ئۆيى جايلاشقان ئېقىن بويىغا، سۆيۈملۈك قارا داشقاللارغا بىرمۇ بىر نەزەر سالدى. ھەممە نەرسە ئۆزگەرگەن، ئۆز رەڭگىنى يوقاتقان، ئېقىنلار قۇرۇپ، دەرەخلەر چالداپ كەتكەنىدى. پەقەت يىقىنلا بىر يەردە، ئانىسىنى ئۆز قولى بىلەن دەپنە قىلغان ئىككى تۈپ دەرەخ ئارىسىدا خىلى ئېگىز ئۈچ دۆۋە تاش چوقچىيىپ تۇراتتى. ئۇ بىلەتتى، ئۈچ دۆۋە تاش ئۈچ قەبرىگە نىشانە، يەنە كېلىپ بۇ قەبرىلەر كىملەر تەرىپىدىندۇر تۈجۈپىلەپ ياساپ چىقىلغانىدى.

«ئىككى قەبرە نېمدەپ ئۈچ بولۇپ قالىدۇ؟ ئۈچىنچى قەبرە ئەجەبا ئۆزى ئۈچۈن، ئىز-دېرەكسىز غايىب بولغان قۇتلۇق ئۈچۈن ياسالغانمۇ؟»

قۇتلۇق بالا چاغلىرىدىكىگە ئوخشاش، قەبرە يېنىدا زوڭزىيىپ ئولتۇردى، جەينەكلىرىنى تىزىغا قويۇپ، چوك-چوك مۇشتۇملىرى بىلەن ئېڭىكىنى يۆلىدى، كۆز ئالدىدىكى بۇ ئاجايىباتلاردىن پەقەت بىرلا يەكۈنگە ئېرىشەلىدى.

«دادام هايات... دادام بۇ دۇنيادا هايات ياشاۋاتىدۇ...»

قۇتلۇق شۇنداق ئويلىدىيۇ، تۇيغۇسىغا تەڭ دېگۈدەك كىرىپ كەلگەن يەنە بىر سوئالغا، يەنى «دادام هايات ئىكەنۇ، ئۇ قەيەردە؟» دېگەن سوئالغا زادىلا جاۋاب تاپالمىدى.

## 22. خەتەرلىك قىلتاق

هەر يىلى ئەتىياز ئۆزاپ، ياز مەۋسۇمى چىراي ئاچقان تۇنجى ئايلارنى ئاقجاڭگالىنىڭ ئەڭ ئوبدان مەزگىلى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ ئايلاردا، داستىخىنى تار قارا قىشتا جېنىدىن جاق تويۇپ، ئەتىياز تۆشى بىلەن تەڭلا ئىنىدىن چىققان، بەرىكىتى كەڭ ياز كۆنلىرىگە زارىقىش ئىلكىدە ئۇلاشقان ياۋا هايۋانلار تۇشمۇتۇشتا ئويناپ يۈرىدۇ، شوخلۇقى تۇتۇپ پۇراپ يۈرۈپ جورا ئىزدەشكە باشلايدۇ. مىڭ يىللىق توغراقلار ئارىسىدا بۆكەن كۆرۈنىدۇ، يۇلغۇنلۇق دۆڭ باغرىدا بۇغا-مارال ئوتلايدۇ، قېلىن قومۇشلۇق كۆل رەڭ توشقانلارغا ماكان بېرىدۇ. نەپسى يامان ياۋا توڭگۇزلار خورەك تارتقاندەك خورتۇلدىشىپ، شەم-

شەردەك ئۆتكۈر چىشلىرى بىلەن ئۇدۇل كەلگەننى تىلغايدۇ. قېرى چالدەك مۇكچەيگەن دۇمچەك دەرەخ ئۈستىدە مولۇنلار مۈگدەپ ياتىدۇ. چەكسىز كەتكەن سازلىقلاردا ياۋا ئۆردەك غاقىلدايدۇ. نەلەردىدۇر ياۋا توخۇ قاقاقلايدۇ. تۈرلۈك قۇشلار پەرۋاز قىلىدۇ، ياۋا كەپتەر موللاق ئاتىدۇ، ئاق بۇلۇتتەك ئاق قۇلار، قايچىسىمان سەپ تۈزۈشكەن تۇرنىلار كۆكنى بېزەيدۇ...

قۇياش قىيامدىن يانغان، ئەمما، قىسمىتىگە تەن بەرمەي، مۇئەللەقتە ئۇچاق كەبى ئوت پۈركۈپ تۇرغان چاغ. بۇ يەرگە ئۇلۇغ ئاش ۋاقتى بىلەن يېتىپ كەلگەن بەگبارس ۋە تاراس تېكىن خاس چېدىرىدا غىزالانغاچ، چىڭقى چۈشنىڭ كۆيدۈرگۈچ ئاپتىپىدىن پاناھلاندى ۋە قارچىغىلىرىنى بىلەكلىرىگە قوندۇرۇۋېلىپ، ئوقيالىرىنى دۈمبىسىگە ئېسىپ، ئۈزەڭگىگە ئاياغ قويۇشتى. 300چە لەشكەرنى كەينىگە سېلىپ، چاتقاللىق دۆڭدىن ھالقىپ ئۆتكەندىن كېيىن، قىلىن ئورمانلىقنىڭ بىر چېتىگە يېتىپ كېلىشتى. يېڭى ئۇزۇن كالتە كەمزۇل، تاغاردەك چەكمەن ئىشتان، قونچى تىزىغا كېلىدىغان كۆن ئۆتۈك كىيىپ، بەئەينى چەبدەس ئوۋچىلاردەك ياسىنىۋالغان بەگبارس لەشكەرلەرگە ئات ئۈستىدە تۇرۇپلا بۇيرۇق قىلدى:

— ئىشقارا يۈزباشى كۈنچىقىشقا، ئىلبوغا يۈزباشى كۈنپېتىشقا، بەدروز يۈزباشى تۆۋەن تەرەپكە قاراپ 2000 قەدەم يۈگۈرۈڭلار-دە، تەبلباز[1] ئاۋازى بىلەن تەڭ كەينىڭلارغا بۇرۇلۇپ، قەدەممۇقەدەم قىستاپ كېلىڭلار، كىمكى توشقان چاغلىق بىر ئولجىنى قاچۇرۇپ قويسا

---

[1] تەبلباز — بىر خىل دۇمباق، جەڭدە ۋە ئوۋدا ئىشلىتىلىدۇ. ئوۋدا كۆندۈرۈلگەن قارچىغا ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تەبلباز «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا «تەبلجاك» دېيىلگەن.

جازاسى نەق، كەچۈرۈمى نېسىدۇر، — دېدى لەشكەرلەرگە قورقاق سېلىپ.

قورشاۋچى لەشكەرلەر سۇ يۈزىدىكى ھالقىسىمان دولقۇنلاردەك ئەتراپقا يۈزلىنىپ، بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بولۇشتى. ئۇزايىدىن مەمەدانلىق چىقىپ تۇرغان بەگبارىس ئاغزىغا تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرغان تاراسقا دېدى:

— يابغۇ كۈيئوغلۇم، سەمگىزگە سېلىپ قوياي، كاماندازلىقتا كامالەتكە يەتمەي تۇرۇپ قابىل سەردار بولغىلى بولمايدۇ. دۈشمىنىڭگە قاقشاتقۇچ سوققا بېرىش، گېزى كەلگەندە ئۆزىنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن كاماندازلىق ماھارىتىدىن ئوبدانراق ماھارەت يوقتۇر، كاماندازلىق كامالىتى كۆپ ھاللاردا ئۇۋدا پېتىلىدۇ. شۇڭا، بۇ جاڭگالنى بىر جەڭگاھ دەپ بىلىڭ، ھەربىر ئۇۋنى دۈشمەن دەپ ھېسابلاڭ. قېنى ئەمسە، باشلىۋەتتۇق!

— بىر... ئىككى ... ئۈچ...

پىشى توختالغان تەبلبازچى ئاۋازنى قويۇپ بېرىپ 2000 غىچە ساناپ چىقتى ـ دە، زوڭ ئولتۇرۇپ چاترىقىغا قىستۇرۇۋالغان چويۇن تەبلبازغا قىرما كالتەك بىلەن بىر نەچچىنى ئۇردى.

— قېنى، كەتتۇق، — دېدى، بەگبارىس يانى قولىغا ئېلىپ، چوڭ دۈشمەنگە دۈچ كەلگەن لەشكەر قىياپىتىدە تەق بولۇپ تۇرغان تاراس تېكىنىگە قاراپ. ئۇ، بۇرۇنلىرىنى كېرىپ، توختىماي چاپچىۋاتقان ئېتىنى ئىختىيارىغا قويۇۋەتتى، بىر تالاي قورۇقچىنىڭ قورشاۋىدا بوك ئورمانىنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كەتتى...

بىر ئاي بۇرۇنقى توققۇز بۇيرۇق كېڭەشى تۈمەنباشى بەگبارىسنىڭ ئارزۇ-خىياللىرىنى خۇددى كۈچلۈك شامالغا دۈچ كەلگەن ماماكاپ گۈلىدەك توزۇتۇۋەتتى. بەزى كۈشەندىلىرىنىڭ ئاڭلىتىپ، ئاڭلاتماي

تۇرۇپ قىلىپ يۈرگەن كېپى بويىچە ئىپتىقاندا، قاغان بىر پەشۋا بىلەنلا ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇرۇپ، تاۋۇزىنى قولتۇقىدىن چۈشۈردى، مەرھۇم دادىسى بىلەن قىلىشقان خىيالىي سۆھبەتلىرى ئارقىسىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن ھىيلە-تەدبىرلىرىنىڭ سۇغا چىلىشىشى، بولۇپمۇ 200 قۇرۇقان ئېتىنىڭ باھاسى بىلەن تەڭ تۇرغۇدەك مال-مۈلۈكنىڭ تاراس تېگىنگە بىكاردىن-بىكار تاشلاپ بېرىلگىنى، تاراسنىڭ لەشكەر تۇتۇش تەلىپى-نىڭ ئىجازەتسىز قالدۇرۇلغىنى ئۇنى ئون كۈن جوۋازغا قاتقاندەك ھالىدىن كەتكۈزۈۋەتتى.

«قاغان نېمە ئۈچۈن ئۆيلىمىغان يەردىن چىقىپ جىنۋۇدىكى قەتلىئامىنىڭ سەۋەبىنى ئۆز تاغىسىنىڭ گەدىنىگە يۈكلەيدۇ؟ قاتىلدىن خۇن تەلەپ قىلمىغانىنى ئاز دەپ، يەنە نېمە ئۈچۈن تابغاچلارنىڭ پايدىسىغا گەپ قىلىدۇ؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى قۇتلۇقنىڭ كۆرسەتكەن ئەقلى بولماي نېمە؟ ئۇنىڭ قاغاننىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇش بەدىلىگە چابىشلار يېرىدىكى نەچچە ئون مىڭ لەشكەرنىڭ سەردارلىق ھوقۇقىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالغىنى بۇنى دەلىللەپ تۇرمامدۇ؟...»

بەگبارس بىر ئۇۋۋا ھەرە كىرىۋالغاندەك غوڭۇلداۋاتقان كاللىسىنى مەھكەم قۇچاقلاپ، ھەر خىل قىياسلارنى كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزدى. قىياسلاردىن تۇغۇلغان دەھشەتلىك ھۆكۈملەر ھوش-كاللىسىنى پايخان قىلىپ، ئۇنى بۆرىندىن يېتىلگەنچە يېتىلەپ ئۈچ-ئاداۋەت كوچىسىغا باشلاپ كىردى.

بەگبارس بىردىنبىر بۇرادىرى تۇنباغانى خېلى ئۇبدان چۈشىنەت-تى. بىراق، بۆشۈكىدىنلا قىلىچ كۆتۈرۈپ قوپقان پەيلى يامان، قولى ئۇچۇق بۇ ئەلەمدارنىڭ نېمىدەپ بۆكۈ قاغانىنى ئۆلتۈرۈشكە مەجبۇر بولغىنىنى، قاغانىنى ئۆلتۈرەلىگۈدەك يۈرەك ۋە شىجائەتنى زادى نەدىن ئالغىنىنى تا ھېلىغىچە ئاڭقىرالماي ئاۋارە ئىدى. مانا ئەمدى ئۇ ھەممىنى

بىلگەندەك بولدى. «باشقا كەلگەندە ھەممە ئادەم باتۇر بولىدىكەن، — دەپ ئويلىدى ئۇ، ئۆز يەكۈنىدىن قانائەت ھاسىل قىلىپ — مانا بۈگۈن ئۆز ۋاقتىدىكى تۇنباغادەك، مۇراد-مەقسەت دالىسىدا يالاڭ ئاياغ يول ئىزدەپ يۈرۈپتىمەن. يول نەدە، يول بولمىسا قانداق قىلىش كېرەك؟ ئەلبەتتە تۇنباغانىڭ يولىنى تۇتۇپ، ئوتنىڭ تېشىدا كۆيگۈچە، ئىچىدە كۆيۈش كېرەك!»

شۇنداق قىلىپ، بەگبارس قول ئاستىدىكىلەرگە تايىنىپ قاغانىڭ ئىشىنى بىر ياقلىق قىلىپلا جەنۇبقا قاراپ لەشكەر تارتماقچى، چابىش قەلئەسىگە بېرىپ قۇتلۇقنى جۆندەپ، نەچچە ئون مىڭ لەشكەر بىلەن تاڭ ئوردىسىغا تەھدىت سېلىپ، قاغان تاغىسىنىڭ ئۆچىنى ئېلىش باھانىسىدا قولىدىن كەتكەن مال-دۇنياسىنى تۆلىتىۋالماقچى، قاغانلىقنىڭ تەختى بىلەن تۇنباغانىڭ ھەنىۋا ئاتلىرىغا يالغۇز ئىگىدارچىلىق قىلماقچى بولۇپ، شەمشەر سېپىغا قول تەگكۈزدى.

— قولۇڭنى تارت ئوغلۇم!

شۇ كۈنلەردە، ئاسماندىنمۇ، يەر تېگىدىنمۇ ياكى ئۆز تېنىدىنمۇ، ئىشقىلىپ شۇنداق بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپ، ئۇنى سەگىتىپ قويدى:

— غەزەپ قىلىچى قىنىدىن چىقسا، ئەقىل-ئىدراك باشتىن چىقىدۇ، ئەقىل تىغى غەزەپتىن ئىلگىرى كەلمەك لازىم، ئىلاھىي بۆرىدىن ئۆرنەك ئال، ھەر ئىش قىلساڭ، ئالدى بىلەن ئەقلىگە، ئاندىن كېيىن ئۆز كۈچۈڭگە مۇراجىئەت قىل، بەرھەقكى، تەۋەككۈل دەپ ئۇرۇلغان قىلىچ تاشقا چېپىلغان قىلىچتۇر...

بۆرىنىڭ ھۇۋلىشىغىمۇ، ئىلاھنىڭ بېشارىتىگىمۇ ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ ئاۋاز، شەك يوقكى مەرھۇم دادىسى ئاتاچۇقنىڭ ئاۋازى ئىدى. ئۇ ئون تۆت قەۋەت ئاسماننىڭ ئەڭ يۇقىرىسىدا تۇرۇپ، ھەممىنى ئاڭلاپ، ھەممىنى كۆرۈپ تۇراتتى. ۋاپادار بەگبارس بىر ئۆمۈر ئۆزى

ئۇچۇن جان كۆيدۈرگەن ئاتىسىنىڭ غايىبانە ئاۋازىغا ئېتىبارسىز قارى-
يالمايتتى.

بۇ گەپ بىلەن، بەگبارسىنىڭ بېشىغا تەپكەن تامامى قان بىردىنلا تەتۈرسىگە ئېقىپ، بارماقتەك-بارماقتەك كۆپۈپ چىققان چىكە تومۇر-لىرىنى بوشاتتى ۋە ئۆز جايىدا قارار تاپتى، بوز كۆزلىرىدە پىلدىرلاپ تۇرغان غەزەپ ئۇچقۇنى گويا سۇ سېپىلگەن چوغدەك، ئاستا-ئاستا خىرەلىشىپ، ئاخىر قاپقارا كۆلگە ئايلاندى، شەمشەر سىپپى بىلەن بىر بولۇپ كەتكەن توم-توم بارماقلىرى قوقاسقا پۇچىلانغان بىيە شېخىدەك سۇلىشىپ، بىر-بىرىدىن ئاجرىدى. ئەمدى ئۇ غايىبتىن كەلگەن خىس-لەتلىك سادا ئۈستىدە سوغۇق قانلىق بىلەن ئويلىنىشقا باشلىدى.

لىللا گەپ قىلغاندا، غايىب نەسىھەتچىنىڭ، يەنى مەرھۇم دادىسى-نىڭ دېگەنلىرى تامامەن توغرا ئىدى. دېمىسىمۇ، ھازىرقى ئەھۋال تۇنباغا قاغان بۆكۆ قاغانغا قول سالغان چاغدىكى ئەھۋالغا زادى ئوخشىمايتتى. ئۇ چاغدا تۇنباغا ئەل رايىنى ئۆزىگە قاراتقان، خېلى نۇرغۇن قەلەمدار، ئەلەمدارلارنىڭ مەدىتىگە ئېرىشكەن، ھەتتا ئۆزىمۇ تۇنباغانىڭ ئوڭ قولى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىشىنى ئىش يۈز بەرگۈچە سىر تۇتقانىدى.

ئۇ لەشكەرلىرىگە تايىنىشنىغۇ تايىنار، بىراق، لەشكەر ئىچىدىكى ئىككى تۈمەنباشى، ئۇن نەچچە مىڭباشى، يۈز نەچچە يۈز باشىنىڭ يەنە قانچىسى تەگرىزادىگە قەست قىلىدىغان بۇنداق ئىشقا ئىختىيارەن قول تىقار؟ ئارىدا ئايغاقچى بولۇپ، مەخپىيەتلىك ئاشكارىلىنىپ قالسا ئاقىۋەت قانداق بولار؟

يۈرۈش-تۇرۇشلىرىدىن سىپايىگەرلىك چىقىپ تۇرىدىغان، قىيا-لارغا چىقىۋېلىپ چاغاناي چالىدىغان تۇنباغانىڭ دۈشمىنىگە دۈچ كەل-گەندە ئۆلجىسىنى چەيلەپلا قالماي، بەلكى يەتتە ئەزاسىنى تىتما-تىتما

قىلىپ، ئۈستىخانلىرىنى چايناپ پۇركۈۋەتمىگۈچە بولدى قىلمايدىغان
رەھىمسىز بىر يىرتقۇچقا ئايلىنىدىغانلىقىنى ئۇ بۆكۈ قاغان ۋەقەسىدە
ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنىدى. قاغان بىلەن قۇتلۇق ئارىسىغا تاشلاپ
قويغان ھەييار ئايغاقچىنىڭ قۇدۇققا چۈشكەن تاشتەك دېرەكسىز يوقى-
لىپ كېتىشىمۇ، توققۇز بۇيرۇق كېڭىشىنىڭ ئالدى-كەينىدىكى كەس-
كىن كۆرەشلەردە قۇتلۇقنىڭ بىر كۈچەيلا ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولۇۋې-
لىشىمۇ قۇتلۇقنىڭ تاقابىل تۇرماق قىيىن بولغان كۈشەندە ئىكەنلىكى-
نى ئىسپاتلاپ تۇراتتى. ئىككىيلەنىڭ ئالقىنىغا چۈشۈپ قېلىش سۆز-
سىزكى ھالاكەتتىن دېرەك بېرەتتى.

سەردار بەگبارىس ئاتىسىنىڭ روھى بىلەن يەنە بىر كۈن «مۆڭ-
دىشىپ» چىقتى. پىرىخونلارنى چىللاپ كېلىپ، خۇپىيانە رەم سالغۇز-
دى. ئاخىرىدا دۈشمىنى بىلەن تىغمۇتىغ تۇتۇشۇشتىن ۋاز كېچىپ،
بۆرىنىڭ ئۆز ئولجىسىنى قانسىرىتىپ ئۆلتۈرۈش چارىسىنى قوبۇل
كۆردى، تاراس تېكىندىن داۋاملىق پايدىلىنىپ، سالماقلىق بىلەن ئىش
كۆرمەكچى بولدى.

«بىراق، ئولجىنى قانسىرىتىش ۋاقتىنىڭمۇ چېكى بولۇشى كېرەك،
چابىشلار مەنزىلىگە بېرىۋالغان قۇتلۇقنى تابغاچلار بىلەن ئاستىرتىن
يارىشىۋالمايدۇ ياكى قاغان بىلەن تابغاچلارنى ياراشتۇرمايدۇ دېگىلى
بولمايدۇ. قۇتلۇقنىڭ غەرىزىنى بالدۇرراق بىلىۋېلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ
ئوردۇبالىقتا قالدۇرۇپ كەتكەن ئايغاقچىلىرىنى ئۆز ئايىغى بىلەن ئۇۋى-
سىدىن چىقىرىش كېرەك» دېگەن ئويىنى كۆڭلىگە پۈكتى ۋە ئىنتايىن
ئەپچىل بىر چارىنى ئويلاپ تاپتى.

بىر كۈنى ئۇ تاراس تېكىنىنىڭ ئالدىدا ئۇۋ قىلىشنى «ئۇنداق
كۆڭۈللۈك، مۇنداق قىزىقارلىق» دەپ ئاغزىغا پاتقىنىچە لاپ ئۇردى.
ئاتقان پو ساددا تاراسقا ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتتى، ئۇنىڭ كۆڭلىگە

ئوق ئىشتىياقىنى سالدى. ئوغلىنىڭ تويۇقسىز ئوق خالاپ قالغىنىدىن خۇشال بولغان تۇنباغا قاغان «ئوق ئەركەكنى تاۋلايدۇ، قورقۇنچاقنى قورقۇمسىز قىلىدۇ» دېدى ۋە ۋەلىئەھدىنىڭ ئوردىدىن چىقىشىغا رازىمەنلىك بىلەن ئىجازەت بەردى. بەگبارىس پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، تۇمەنباشىدىن ئونباشىغىچە بولغان بارلىق ئەلەمدارلارنى بىر يەرگە يىغىپ بۇ خەۋەردىن خەۋەرلەندۈردى، كۈن كۆتۈرۈلۈپ، شەھەر قىزىغان مەھەلدە ھەيۋەتلىك ئوق قوشۇننى باشلاپ، تۆۋەن دەرۋازىدىن چىقىپ، ئاقجاڭگال مەنزىلىگە قاراپ داغدۇغا بىلەن يۈرۈپ كەتتى..

بۈگۈنكى ئوق بەگبارىسنىڭ ئېيتقىنىدەك، تولىمۇ كۆڭۈللۈك ۋە ھاسىلاتلىق بىر ئوق بولدى. ئۆتكۈر چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ، ئاچ يولۋاستەك خىرىس قىلىپ كەلگەن تورپاقتەك يوغان ئىككى ياۋا توڭگۇزنىڭ ئېتىپ تاشلانغانلىق شەرىپى، توڭگۇزلارنىڭ كىمنىڭ ئوقىدا ئۆلگەنلىكىدىن قەتئىينەزەر، تاراس تېكىنگە تەئەللۇق قىلىندى. تاراس تېكىننىڭ باتۇر قارچىغىسى يەنە ئاق مويلىرى مەشۇتتەك پارقىراپ تۇرىدىغان ئىككى ئاق تۈلكىنى گەجگىسىدىن قاماللاپ كېلىپ، ئۆز خوجىسىنىڭ ئالدىغا تاشلىدى. ئۇنىڭ ئوق قارچىغىسى بىلەن تۇتۇلغان ۋە ئۆز ئوقى بىلەن ئېتىپ چۈشۈرۈلگەن قىرغاۋۇل، ياۋا توشقان دېگەندەك ئۇششاق ئولجىسىنىڭ سانىنى ھېچكىممۇ ھېسابلاپ ئولتۇرمىدى.

— كۆزى بارلارنىڭ كۆزى كۆردى، قۇلىقى بارلارنىڭ قۇلىقى ئاڭلىدى، جانابى كۈيئوغلۇم شۇنچىلىك ماھىر كاماندار ئىكەنكى، بۇ زاماندا ئۇلۇغ قاغانىمىز تۇنباغادىن ئۆزگە ھېچبىر كاماندار ئۇنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بېرەلمەيدۇ. كۆك تەڭرى پېقىر تۇمەنباشىغا بىر پۇرسەت ئاتا قىلىپ، مەرگەنلىك ۋە باتۇرلۇقتا تەڭدىشى يوق ۋەلىئەھدىمىزنىڭ بىر ئوق بىلەن ئىككى توڭگۇزنى تىك موللاق چۈشۈرگىنىنى نەق

مەيداندا كۆرۈپ تاماشا قىلىشقا نىيسىپ ئەيلەپتۇ ...

كەچ كىرىپ شەپەق قىزارغاندا ئۇۋ غەنىيمەتلىرىنى ئېلىپ قونالغۇغا قايتىپ كېلىۋاتقان بەگبارىس ۋەلئەھد تاراس تېكىننى مارجاندەك تىزىلغان چىرايلىق گەپلەر بىلەن ئەنە شۇنداق ماختاپ ئۇچۇردى. پۈتكۈل توپ تاراس تېكىننى بۇ دورەمقى مەرگەنلىكى ئۈچۈن ئالقىش-تەۋەززۇلارغا كۆمۈپ تاشلىدى.

جەزم قىلىش كېرەككى، دۇنيادا باشقىلارنىڭ ماختىشىنى خالىمايدىغان ۋە ئۇنى قوبۇل قىلمايدىغان بىرمۇ ئىنسان يوق! مەيلى ئۇ ساراڭ بولسۇن ياكى مەجنۇن بولسۇن، چىرايلىق گەپلەر بىلەن ماختىماق تۇگۇل، مۇرىسىگە ھىجىيىپ تۇرۇپ بىرنى شاپىلاقلاپ قويساڭلا، ئامان قالغان بېجىرىم نېرۋىلىرى دەرھال جانلىنىپ، مېڭىسىگە ھاياجانلىنىش ئۇچۇرىنى يەتكۈزىدۇ. بۇ ئۇچۇر شۇ زاماتلا ئۇنىڭ چىرايىدا ئۆزىنى چوڭ بىلىش ۋە قانائەتلىنىش ئالامەتلىرىنى پەيدا قىلىدۇ. ئادەملەرلا ئەمەس، ھايۋانلارمۇ بۇنداق مىساللارنىڭ سىرتىدا ئەمەس، سەن ئىتنىڭ بېشىنى سىلاپ «سەن قالتىس ئىت» دېگەن ماختاش مەنىسىنى ئۇقتۇرالىساڭلا، ئۇ قۇيرۇقىنى دەرھال شىپاڭلىتىدۇ ۋە ساڭا رازىمەنلىك بىلەن قاۋاپ بېرىدۇ.

بەگبارىسنىڭ ماختاشلىرى ئالدىدا تاراس تېكىننىڭ چىرايىدىمۇ ماختالغۇچىلارنىڭ چىرايىدا پەيدا بولىدىغانلىكى ئالامەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزىنى كۆرسەتتى. ئۇ راستىنلا ئۆزىنى تەڭدىشى يوق مەرگەن دەپ سانىدى، شۇ كەمگىچە كۆمۈلۈپ ياتقان قەدىر-قىممىتىنى مۇشۇ ئۇۋ بىلەنلا تونۇپ يەتكەندەك خۇشال بولدى. ماختاشنى ھەقدادىغا يەتكۈزگەن بەگبارىسمۇ كۆزىگە باشقىچىلا ئىسسىق كۆرۈندى.

قولى چاققان مۇلازىملار ھۇنەر - كارامەتلىرىنى نامايىش قىلىپ، ئۇۋ غەنىيمەتلىرىدىن تەييارلانغان كەھرىۋادەك رەڭدار كاۋاپلارنى،

قوقاستا پېشۇرۇلغان قوش توخۇملىرىنى، ئەنەتكەك خورۇچلىرى بىلەن تەڭشەلگەن مەززىلىك دۇملىمىلەرنى تاراس تېكىننىڭ داستىخىنىغا دۆۋلىۋەتتى. ئىشتىھانى قوزغايدىغان مەزەلەرنىڭ خوش پۇرىقى چېدىر ئىچىنى پەۋەس تولدۇردى.

— بۇنداق مەززىلىك تائاملارنى ھېچقاچان تېتىپ كۆرگەن ئەمەسمەن، — دېدى تاراس تېكىن قاقلاپ پېشۇرۇلغان بۆدۈنە كاۋىپىنى ئۇستىخىنى بىلەن قوشۇپ چايناۋېتىپ، — ھۆرمەتلىك قېيناتام مەرھەمەت قىلىپ بۇ يەرگە باشلاپ كەلمىگەن بولسا ئۇۋۇ لەززەتنى بىلمەي يۈرەركەنمەن...

— پېقىرنى خىجىل قىلماڭا كۈيئوغلۇم...

ئىشتىھالىق تاراس تېكىن كاۋاپلارغا ئاچ قاپلاندەك تېگىش قىلدى. بەگبارىس ئۇنىڭ قاچىسىنى ئاقجاڭگالنىڭ تۆگە قىمىزى بىلەن پات-پات تولدۇرۇپ تۇردى. تاراس تېكىننىڭ قورسىقى كالا قېرىنىنى چاپلاپ قويغاندەك تومپىيىپ، كۆزلىرى كېپەك كۆزىدەك پارقىراشقا باشلىغاندا، بەگبارىس پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئۇنىڭغا ئىسسىق ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى.

— جانابى كۈيئوغلۇم، مىش-مىش گەپلەردىن قارىغاندا، لەشكەر تۇتۇش ئارزۇيىڭىزنىڭ قاغان ئاتىڭىز تەرىپىدىن رەت قىلىنىشى كىمەلەرنىڭدۇر قۇۋلۇق-شۇملۇقلىرى بىلەن چېتىشلىقتەك قىلىدۇ، بۇنىڭدىن خەۋىرىڭىز بارمىكىن؟

بەگبارىس قوللىرىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ شۇنداق دېۋىدى، تاراس تېكىن پەرۋاسىزلا جاۋاب بەردى:

— گېپىڭىزگە كىرگەچكىلا لەشكەر تۇتمەن دېگىنىم راست، كۆڭلۈمدىكىنى ئېيتسام لەشكەر-پەشكەر بىلەن ئۇنچىلىك خۇشۇمۇ يوق. لەشكەر تۇتمەن دەپ باشقىلار بىلەن ئۇزەڭگە قېقىشتۇرۇپ

نېمىنى تاپارمەن؟ شۇنداق ئىكەن، كىممۇ ماڭا قوۋلۇق-شۇملۇق بىلەن ئۆچمەنلىك قىلار-ھە؟

بەگبارىس تاراس تېكىننىڭ ئۇدۇللۇقلا بەرگەن جاۋابىدىن سەل چۆچۈدى ۋە ئۇمىدسىزلەندى. سەۋەبى، ئۆز گېپىگە كىرگەنلىكى ئۇچۇنلا لەشكەر تۇتماقچى بولغىنىنى ئۇ ئۆز ئاغزى بىلەن ئېتىراپ قىلىۋاتاتتى. ئەگەر بۇ گەپ قاغانغا ياكى قۇتلۇققا ئاڭلىنىپ قالغۇدەك بولسا، مەقسىتىنىڭ مېزى چۇۋۇلۇپ، تومشۇقى تاشقا تەگمەي قالمايتتى. يەنە بىرى، ئەقلى گال بۇ ۋەلىئەھد ئاز خېمىرتۇرۇچ بىلەن ئۆرلىمەيدىغاندەك قىلاتتى.

بەگبارىس بىردەمدىلا مۇشۇلارنى ئويلاپ بولدى-دە، بۇ پىتىر خېمىرغا خېمىرتۇرۇچنى بولدى دېگۈچە ئارىلاشتۇرۇش قارارىغا كەلدى. ئىلىك شوراش بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتقان تاراس تېكىنگە تېخىمۇ يېقىنراق سۈرۈلدى ۋە:

— جانابى ۋەلىئەھدىم، كۆڭلىڭىزگە كەلسىمۇ دەۋىرەي، مۇشۇنداق كۈنلەردىمۇ يەنە ئاق كۆڭۈللۈك قىلىۋاتىسىز، باشقىلارنى پۇتلىمايمەن دېگىنىڭىز بىلەن، باشقىلار سىزنى ئوخشاشلا پۇتلاۋېرىدۇ، ۋەلىئەھد بولغان ئىكەنسىز، دۈشمىنىڭىز بولماي قالمايدۇ، — دېدى.

قېتىقتەك قويۇق تۇگە قىمىزى كەيپى كەم تاراس تېكىننىڭ كەيپىنى كۆتۈرۈپ، ئۇنى دۇنيا سورۇقچىلىقلىرىدىن كۆڭۈل ئۈزىدىغان يەرگە ئېلىپ كەلگەنىدى، ئۇ قاق ئوتتۇرىدىن ئىككى قىلىنغان پاقالچاق سۆڭەكنى باللارچە شوراپ، خۇددى يالغۇزەكنىڭ ئاۋازىدەك ئاۋاز چىقىراتتى. مايلاپ قويغان قارا ساقىدەك پارقىراپ تۇرغان بىر جۈپ كۆزى بەئەينى يىگى ئۇسۇپ چىققان بىر ئەزانى بايقىغاندەك، بەگبارىسنىڭ چىرايىغا قادالغان، گوياكى ئۇ ھېچقانداق بىر تىنىشنى ئاڭلىمىغانىدى.

بەگبارىس تاراس تېكىننىڭ باللارنىڭكىگىمۇ، ئەقلى چولتا تېجە-

مەللەرنىڭكىگىمۇ ئوخشاپ كېتىدىغان، خۇپسەنلىك قىلىۋاتقىنىنى ياكى راستىنلا مەست بولغىنىنى ئايرىۋالغىلى بولمايدىغان بۇ قىلىقلىرىغا قاراپ يا كۈلۈشنى، يا يىغلاشنى بىلمەي تۇرغان شۇ ئەسنادا، مەھرەمبېگىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ، ئۇنى بۇ ئېغىر ئەھۋالدىن ئازاد قىلدى. مەھرەمبېگى چېدىر سىرتىدا تۇرۇپ ئۈنلۈك ئاۋازدا مەلۇمات بەردى:

— ئەل كاتتىلىرىغا مەلۇم بولغاي، ئىشقارا يۈزباشى بىلەن بەدروز يۈزباشى تۇتتۇۋالغان ئىككى ئايغاقچىنى ۋەلىئەھد ھۇزۇرىغا ئېلىپ كەلدى!

— ئايغاقچى؟ — بەگبارىس ئىختىيارسىز توۋلىۋەتتى. ئۇنىڭ ساڭگىلاپ تۇرغان قاپاقلىرى تىرەك قويغاندەكلا كۆتۈرۈلدى، ۋۇجۇدىغا يېڭىۋاشتىن جان قىتىلدى، گوھەر تېپىۋالغاندەك خۇشال بولۇپ، ۋەلىئەھدنىڭ بىر نېمە دېيىشىنى كۈتۈپ تۇرمايلا تاشقىرىغا قاراپ «ئىجازەت» دەپ ۋارقىرىدى.

بەگبارىس نەچچە كۈنلەپ باش قاتۇرۇپ نامەلۇم دۈشمىنىنىڭ «ئۆتەر يولى»غا قويۇپ قويغان نىقابلىق قاپقانغا ئاخىر ئولجا چۈشكەنىدى. بۇ ئولجا ئۇنىڭ ئۈچۈن نەچچە يۈز قورىقان ئېتىدىنمۇ قىممەتىرەك تۇراتتى.

بەگبارىس باشتىن-ئاياغ قارا كىيىم كىيگەن، ئوتتۇرا بوي ۋە توغرىلىق كەلگەن بۇ ئىككى تۇتقۇنغا ئېشەككە باھا قويماقچى بولغان قاقۋاش بېدىكتەك بىر ھازا قاراپ چىققاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ نىقابىنى ئېلىۋېتىشكە بۇيرۇق قىلدى. قوروقچىلار تارتقۇشلاپلا نىقابنى ئېلىپ تاشلاشتى.

— ھە، توغرۇل مىڭباشىغۇ سەن؟

بەگبارىسنىڭ جەددال قوپقاندەك چۆچۈپ، كەينىگە بىر قەدەم داجىغىنىنى كۆرگەن ئىككى يۈزباشى ئۆزلىرى تۇتۇپ كەلگەن تۇتقۇنلارنىڭ ئادەتتىكى كىشىلەردىن ئەمەسلىكىگە ئىشەندى ۋە ئاغزى-ئاغزى-

غا تەگمەي سۆزلگىلى تۇردى:
— تۇمەنباشى ھەزرەتلىرى ھەممنى سىزىپ، ھەممنى بىلگۈچى
دانا زات ئىكەنلا، ئۆزلىرىنىڭ دىگىنى بويىچە، ئاقجاڭگالنى بىر چوڭ
تاغار دەپ بىلىپ، كەچ كىرىشى بىلەنلا بۇ تاغارنىڭ ئاغزىنى ھاڭغىرقاي
ئېچىپ قويغان ئىدۇق. نېمە بولدى دېمەمدىلا، قاش قارايغان مەھەلدە
جاڭگالنىڭ ئىككى تەرىپىدە خۇددى ئەرۋاھتەك پەيدا بولغان بۇ ئىككى
ئادەم ئۇدۇل تاغارنىڭ ئاغزىدىن كىرىپ كەلدى-دە، بىر بېسىپ، ئىككى
بېسىپ ۋەلىئەھدنىڭ چېدىرى تامان سۇرۇلگىلى تۇردى. بىزمۇ ئىز
بېسىپلا ئەگەشتۇق. ئاخىر، تاغارنىڭ ئاغزىنى «كاپ» قىلىپ ئېتىپ
تاشلىدۇق، تۇتقۇنلارنى تاغارغا سولاپ ئىشىنى تۈگەتتۇق.
ھەممە ئىش تۇمەنباشىنىڭ ئويلىغىنىدەك بولدى. يەنە ...
— بولدى، بەس، قىچىشمىغان يەرنى قاشلايدىغان قانداق
ئادەملەر سىلەر؟
بەگيارىس بىرلا گۆلىيىپ، يۈزباشىلارنىڭ گېپىنى قىقىۋەتتى،
بېشىنى تاڭشۇرۇلغان ئاتنىڭ بېشىدەك تىك تۇتۇپ، چېدىرنىڭ ئاللىقاچ-
داق بىر يېرىگە قادىلىپ تۇرغان توغرۇل مىڭباشىغا ئەجەبلەنگەن ھالدا
قاراپ قويدى.
قول ئاستىدىكى نەچچە ئون مىڭباشىنىڭ بىرى بولغان توغرۇل
مىڭباشىنى ئۇ ئوبدان چۈشىنىمەن دەپ ئېيتالمىسىمۇ، لېكىن ئوبدان
تونۇيتتى. ئادەتتە ئۇ ئىتائەتمەن قول سۈپىتىدە خىزمىتىگە قول باغلاپ
تۇراتتى. خاكاس سەپىرىدە قۇتلۇق بىلەن بىر مەھەل بىللە بولغىنى
بىلەن، مىڭباشىلىققا قاغان تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن بولغاچقا، ئۇنىڭدىن
ھېچقاچان گۇمانلانمىغان، قۇتلۇقنىڭ، ھەتتا قاغان ۋە ۋەلىئەھدنىڭ
سۆز-ھەرىكىتىگە كۆز-قۇلاق بولىدىغان مۇھىم ئىشلارنىمۇ ئۇنىڭغا
ئىشىنىپ تاپشۇرغانىدى. مانا ئەمدى ئۇ ئۇنىڭ ئالدىدا «سورايدىغىنىڭ-
نى سوراۋەر، قايسىبىرىنى ئاۋۋال دەۋېتىمەن» دەيدىغان ئەلپازدا غادى-

ييپ تۇراتتى.
«ياخشىسى، ئۇنى تاراس تېكىننىڭ ھۇزۇرىدا سوراق قىلماسلىق
كېرەك، ھەر ئىش بولسا خۇپىيانە بولغىنى تۈزۈك» دېگەن ئويغا
كەلگەن بەگبارىس قونداقتا چىققان توخۇدەك مۈگدەشكە باشلىغان
تاراس تېكىنگە پەس ئاۋاز بىلەن:
— ۋەلىئەھدىم، ئارامىڭىزنى بۇزۇپ، سىزنى مالال قىلماسلىق
ئۈچۈن بۇ نائەھلى ئايغاقچىلارنى ئۆز چېدىرىمغا ئېلىپ كېتىپ سوراق
قىلاي دەيمەن، سىزچە شۇنداق قىلسام بولارمۇ؟ — دەپ سورىۋىدى،
تاراس تېكىن «نېمە قىلساڭ قىل» دېگەندەك قول سىلكىدى، ئاغزىنى
يوغان ئېچىپ، ئەقىل تىلىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئەسنىۋالغاندىن كېيىن
تەكىيەگە باش قويدى، ئارقىدىنلا يېنىك خورەك ئاۋازى ئاڭلاندى.
— ۋەلىئەھدىمنىڭ ئىشەنچ قىلغىنىغا ھەشقاللا، — دېدى بەگبا-
رىس، قاتمۇقات چۈشەكلەرگە قورام تاشتەك چۆكۈپ، ئۆلگەندەك
ئۇخلاۋاتقان تاراس تېكىنگە قاراپ بېشىنى چايقاپ.
جاڭگال كېچىسى ئادەم ئەيمەنگۈدەك شاۋقۇنلۇق ئىدى. كۈنچى-
قىش تەرەپتىكى بۈك قومۇشلۇقتىن بىر-بىرىنى چايناپ قىيما-چىيما
قىلىۋېتىشكە ئۈمتۈلگەن ياۋا توڭگۇزلارنىڭ قاتتىق چىرقىرىشى كېلىپ
تۇراتتى. ئۆتۈكەن باغرى بىلەن ئاقجاڭگال ئارىسىدىكى ئېدىرلىقتا
ھوۋلاۋاتقان چىلبۆرىلەر ھەرقانداق جانلىققا قورقۇنچ سالاتتى. ئوغرى
تۈلكىلەردىن ئۈركۈپ كەتكەن ئورمان قۇشلىرى پالاز قاققاندەك پالاق-
لاپ، قاياقلارغىدۇر كۆچۈشەتتى. ئاقجاڭگالنى يايلاق بىلەن باغلاپ
تۇرىدىغان سازلىقلاردا ياۋا ئۆردەكلەر غاقىلدايتتى، پاقىلار كوركىرايت-
تى. يېقىن يەردە ماكان تۇتقان سېغىزخانلار خۇددى ياغاق تاسقىغاند-
دەك شاراقلايتتى. تاغ تەرەپتىن شامال ئەسكەندە، ئاسمان-پەلەك بوي
سوزۇشقان قويۇق ئورمانلىق گويا سەل كەلگەندەك گۈرۈلدەيتتى...
بۇ سۈرلۈك كېچە ۋە بۇ سۈرلۈك جاڭگال، سىرلىق ۋەقە بىلەن

گۇناھلىق ئىشلارغا ھەم ھەقدار بولۇۋاتاتتى. بەگبارىس بىلەن تاراس تېكىننىڭ بىنورمال ئالاقىسىگە قىزىقىسىنىپ، «ئاقجاڭگال سەپىرىدە چوقۇم بىر سىر بار» دەپ جەزىم قىلغان ۋە تۇزاققا چۈشۈپ، تۇتقۇن بولغان توغرۇل مىڭباشى دەل مۇشۇ سۇرلۇك كېچە ۋە شاۋقۇنلۇق جاڭگالدا تۇزاق ئىگىسى بەگبارىسنىڭ سوئال-سورىقىنى قوبۇل قىلماقتا ئىدى.

بىراق، قۇتلۇقنىڭ سىرداش دوستى، 30 ياشلاردىكى قاۋۇل يىگىت توغرۇل مىڭباشى بەگبارىسنىڭ سوئال-سورىقىغا پەقەت سوغۇق كۈلۈمسىرەش بىلەنلا جاۋاب قايتۇردى. بەگبارىسنىڭ پوشكالدەك يوغان-شاق گەپلىرى، تەلۋىلەرچە ۋارقىراشلىرى، قورقاق ۋە تەھدىتلىرى قىلچىلىكمۇ كار قىلمىدى. ئۇتقاش يورۇقىدا، ئاقجاڭگالنىڭ بىر چېتى-دىكى چوڭقۇر خەندەككە يۈزلەندۈرۈلگەندىلا ئاندىن ئۇ ئېغىز ئېچىپ، دېدى:

— مېنى ئۆلتۈرگىنىڭ رەزىللىكىڭنىڭ گۇناھى ئەمەس، بەلكى سەۋەنلىكىمنىڭ جازاسى بولسۇن، ئەيىب ۋىجدانىمدا ئەمەس، بەلكى بىخەستەلىكىمدە...

توغرۇل مىڭباشى شۇنداق دېدى ۋە خەندەك بويىغا ئىختىيارەن تىزلاندى، تىزلاندىيۇ، زادىلا باش ئەگمىدى. «بۆلارنىڭ پېيىغا چۈشكەن يەنە بىر تۇتقۇن زادى كىم؟» دېگەن بىر سوراق ئۇنىڭ جانسىز تېنى بىللە خەندەك ئاستىدا مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتتى.

## 23. ياغلاقارنىڭ كارامەتلىرى

شەرقىي ئاستانىنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىن جاي ئالغان كارۋان

ساراي تاڭ سۈزۈلمەستىلا جانلىنىپ كەتتى. سەھەر قوپۇپ، بارار يېرىگە بالدۇرراق يېتىۋېلىشقا ئالدىرىغان يولۇچىلار تاڭ ئاتار توخۇ چىللىغان ھامان ئورنىدىن تۇرۇپ، ھۇجرا ئىشىكلىرىنى تاراقلىتىشقا، گېلىنى قىرىپ، ئۈنلۈك-ئۈنلۈك يۆتىلىشكە باشلىدى. ئوقۇر ئالدىدا مۈگدەپ تۇرغان ئاتلارنى ئويغىتىپ، شەپە بىلەن يۈك ئارتىشلار، قازان-قومۇچىنىڭ بىقىمسىز تاراڭلاشلىرى، پوكاندەك قىزارغان يولۇچى بىلەن باداڭ قورساق ساراي ئىگىسىنىڭ ئۈننى قويۇۋېتىپ تاكاللىشىشلىرى ساراي ئىچىگە بىر كەلدى.

ياغلاقار لىڭ روجەكتىن كىرىپ ئۇدۇل يۈزىگە چۈشۈپ تۇرغان قىزىق بىر پارچە ئاپتاپتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، بېشىنى يوتقان بىلەن مەھكەم چۈمكىۋالدى، ئۇيان-بۇيان ئۆرۈلدى، بارمىقىنى قۇلاق تۆشۈكلىرىگە مەھكەم پاتۇرۇپ، زېرىكىشلىك سۆرەنلەردىن خالاس بولماقچى، يەنە بىردەم ئۇخلىۋېلىپ، ئىككى ئايلىق ھاردۇقىنى بىرئاز بولسىمۇ يەڭگىللەتمەكچى بولۇۋىدى، بۇمۇ قاملاشمىدى.

— تاراق-تۇرۇقتىن خويمۇ زېرىكتى كىشى، قېنىپراق ئۇخلىۋالغان بولسام كىمنىڭ دەردى؟ — ياغلاقار مازلىرى مۇشتەك-مۇشتەك تۈگۈلۈپ قالغان ماتا يوتقاننى تام تۈۋىگە ئىرغىتىپ تاشلىدى، كۆزلىرىنى يارا بولغۇدەك قاتتىق ئۇۋۇلىۋېتىپ، ئەتراپىنى كۆزىتىپ چىقتى.

ئانچە كەڭ بولمىغان، تاملىرى سىياھ سۈركىگەندەك قارىداپ كەتكەن بۇ ھۇجرىدىكى ئۇنچە ئورۇننىڭ تامامەن بوش تۇرغىنىنى كۆرۈپ، كۆڭلىنىڭ خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغىنىنى تۇيۇپ قالدى-دە، چالا-بۇلا كىيىنىپلا تالاغا چىقتى.

ئۇزۇن چىغ سۈپۈرگىنى ھۇرۇنلۇق بىلەن سۆرەپ يۈرۈپ، چېچىلىپ ياتقان بېدە ئۇۋاقلىرى، چىگە پارچىلىرى، ئات-ئېشەك تېزەكلىرى دېگەندەك ئەخلەتلەرنى تازىلاۋاتقان ئىككى خىزمەتچىدىن ئۆزگە،

تالادا ھېچبىر ئادەم كۆرۈنمەيتتى.

ياغلاقار لىك ئارغامچا بويى ئۆرلىگىنىگە قارىماي، كۆيدۈرگۈچ ئاپتىپى بىلەن يەر-جاھاننى تۇتۇنگە ئايلاندۇرۇۋەتكۇدەك ئەلپازدا قىزىپ تۇرغان قۇياشقا قارىۋېلىپ، ئۆزىچىلا سۆزلەپ كەتتى:

— مانا قارىمامدىغان، كۈنمۇ خېلى بىر يەرگە بېرىپ قاپتۇ. ھاۋانىڭ سۆرۈنلۈكىدە ئۇخلاپ ياتقىنىڭنىڭ دەردىنى چۈش بولغاندا تارتىسەنغۇ ئەمدى...

قۇتلۇق چابىشلار بىرى تامان يۈرۈپ كەتكەندىن كېيىن، ياغلاقار لىك دادىسىنىڭ كونا ئۆتىڭىدە ئۈچ-تۆت كۈنچە تۇرۇپ قالدى، ھاردۇقى چىقىپ، دېيىشىدىغان گەپلىرىمۇ بىر يەرگە باردى، ئارىلىقتا كارۋان تۈگۈل، بۇ ئۆتەڭدىن بىرەر ئادەممۇ ئۆتمىدى، پۈتى كۆيگەن توخۇدەك تىپىرلاپ تۇرغان ياغلاقار لىك دادىسى بىلەن خوشلاشتى-دە، تەۋەككۈل دەپ بىر ئۆزىلا يولغا ئاتلاندى.

ئۇ تەڭرىقاغان يولىنى بويلاپ جەنۇبقا مېڭىپ، چۈمگەك بۇلاقتىن ئۆتتى، ياپيېشىل چۇغاي تاغلىرىدىن ئوڭۇشلۇق ھالقىپ، سەددىچىننىڭ شىمالىدىكى ئۇچتەسلىم شەھىرىگە كېلىۋىدى، بەختىگە يارداشا، بېشبالىقتىن چىقىپ ئاستانە بازارلىرىنى مولجالاپ كېلىۋاتقان خېلى چوڭ بىر كارۋانغا يولۇقۇپ قالدى. يۈزچە ئات، ئەللىكچە تۆگىگە قۇچۇ ماتارى، پارس دۇردۇنى، ئۇدۇن قاشتېشى ۋە مەستىكى رۇمى، نۆشۇدۇر دېگەندەك پۇللۇق ماللارنى يۈكلىۋالغان بۇ كارۋان ياغلاقارنى ئاسانلا ئۆز ئارىسىغا ئالدى. ئۇلار داۋاملىق جەنۇبقا مېڭىپ، جىنۇۋ، تەيۈەن، پۇگۇەن دەيدىغان يۇرت-ئايماقلاردىن ئۆتۈپ، ئالدىنقى كېچىسى ئۇچىنچى جىسەكتە ئاندىن شەرقىي ئاستانە قوۋۇقىغا يېتىپ كېلىپ، بۇ سارايغا جايلىشىۋالغانىدى. كارۋان ئۆز پىلانى بويىچە، شەرقىي ئاستانەدە بىر مەزگىل تۇرۇپ، ئاندىن چوڭ ئاستانىگە باراتتى. ياغلاقار لىك

قۇتلۇقنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە، ياز ئايلىرىنىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن چوڭ ئاستانىگە بېرىشى، زىممىسىدىكى مۇھىم ئىشنى بىر كۈن بولسىمۇ بالدۇرراق ئورۇندىشى زۆرۈر ئىدى. شۇڭا ئۇ بۇ شەھەردە ئارتۇقچە كۆپ تۇرالمايتتى.

ياغلاقار ئاسمانغا قاراپلا ئالدىراپ قالدى، چالا-بۇلا يۇيۇنۇپلا، سوغۇق سۇغا تالقان چېلىپ ناشتا قىلدى، قۇتلۇق بەرگەن ئاسلقاراغا مىنىپ يولغا چىقتى.

ئوتتۇرا ئىقلىمنىڭ يازلىق كىلىماتى نەمخۇش بولاتتى. بۇ نەمـ لىك سەھەر پەيتلىرىدە تۇمان شەكلىگە كىرىپ، كاھىشلىق ئۆگزىلەرـ دە، پەلەمپەي ئېتىزلاردا، دەرەخلەرنىڭ ئۇچىدا ئاق تۇتۇندەك لەيلەپ يۈرگىنى بىلەن، قۇياش كۆز ئاچقان ھامان جادۇ قىلغاندەكلا غايىب بولاتتى. چىرىلداپ ھارمايدىغان تومۇزغىلارمۇ ئاپتاپ تەپتىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، كۈندۈزلۈك ئۇيقۇغا غەرق بولاتتى. مىس ياپراقتىن ياسالغانـ دەك تىك تۇرۇشقان يوپۇرماقلار بىردەمدىلا يۇمشاپ دەرەخ شاخلىرىغا چاپلىشىپ كېتەتتى. ئالدىنقى كۈنى گۈگۈم چۈشكەن ھامان ئۇچۇشقا باشلايدىغان غۇر-غۇر شامال كىمدىندۇر پەرمان كەلگەندەك، چىپپىدە توختاپ، كۈچلۈك ئاپتاپقا ئورۇن بېرەتتى. ئېكىنزارنى كېسىپ ئۆتىدىـ غان بوز توپىلىق يوللارمۇ، دەرىخى ئاز توپا دۆڭلەرمۇ، دۆڭ قاپتىلىدىـ كى يېرىم يالىڭاچ قورام تاشلارمۇ ئوتتىن چىققان داشقالدەك قىزىشقا باشلايتتى.

چىڭقى چۈش پەسلى، ياغلاقار ئىككى ئاستانىنى تۇتاشتۇرىدىغان ئۇلۇغ يول بىلەن ئاستا كېتىپ باراتتى. ئىككى ئاي ئاچ-توق قالغىنىغا قارىماي، ئاسلقارا خېلى مەزمۇت قەدەم تاشلايتتى. يىللاردىن بېرى يەپ كېلىۋاتقان سېمىز پاقلان گۆشى بىلەن سۈت قوشۇلغان ئارپا نېنى تەن-تېنىگە سىڭىپ، ئېگەكلىرىگە ساقال ئۈنگەن، بويى ئېگىزـ

لەپ، رەڭگى سوزۇلۇپ، كۆچتۆڭگۆردەك سالاپەتكە كىرگەن ياغلاقار لىك ئات ئۈستىدە تىك ئولتۇراتتى. سۆپەتلىك ئالتاي قويۇچىدىن سوقۇلغان ئەگمەچ قىلىچى، ئىككى غولاچ نەيزىنىمۇ ئوتتۇز قەدەم نېرىسىغا ئاتالايدىغان موڭگۇز ئوقياسى ئۇنىڭ قامىتىگە قامەت قوشقا- نىدى.

ئۇ بوغۇناقلىق سەھرا يولىنى تۇگىتىپ، يۈز ئۆيلۈكچە ئادىمى بار ئىخچامغىنە بىر بازارغا كەلگەندە كالا قوشۇلغان كۆتەك ھارۋىلارغا روزىغارىنى ئارتىپ، يۆك ئۈستىدە قىرى-چۆرىلەرنى ئولتۇرغۇزغان، ئەپچىل سېۋەتلىرىگە بالىلىرىنى سېلىپ، دۈمبىسىگە تېڭىۋالغان، ئۈستى- ۋېشىنى توپىدا يۇملانغاندەك چاڭ-توزان باسقان ئەنسىز كىشلەرنى ئۇچرىتىشقا باشلىدى. كېلىۋاتقانلارنىڭ چىرايى ئىتتىن قورققان قەلەن- دەرنىڭكىدەك بىئارام ئىدى، يۈرۈش-تۇرۇشىدىن تەشۈش، ھولۇقۇش ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى، قەدەملىرىمۇ قامچا يېگەن بايتالنىڭكىدەك ئىلدام ئىدى. بەزىلىرى قولاقلىرى سالپايغان، تۇياقلىرى تىترەۋاتقان ئېشەكلىرىنى، كالىلىرىنى ھەدەپ تىللايتتى، دۈمباق چالغاندەك دۈمبا- لايتتى. بەزىلىرى كەينىگە بۇرۇلۇپ، كەلگەن تەرىپىگە قورقۇنچ بىلەن قاراپ قوياتتى.

«بۇ نېمە ئادەملەردۇ، نەدىن كېلىپ، نەگە كېتىۋاتقاندۇ؟» دېگەن تەئەججۇپ ياغلاقارنى بىردىنلا ئۆزىگە قارىتىۋالدى. «ئىشقىلىپ تويغا كېتىۋاتقانلار ئەمەس، تويدىن كېلىۋاتقانلارمۇ ئەمەس، سەپىرىدە ياخ- شىلىقتىن يامانلىق كۆپرەك» دەپ يەكۈن چىقاردى قىياس قىلىشقا ئامراق ياغلاقار لىك.

— نەدىن كېلىپ نەگە كېتىۋاتىسلەر؟ — دەپ سورىدى، ئۇنتۇپ كېتەي دەپ قالغان ئانا تىلىنى تەستە قاملاشتۇرۇپ، بالىسىنى پەپىلەۋاتقان بىر ئايالدىن ئۇ.

— كېيىنمىزدىكىلەردىن سوراڭ، — دەپ قىسقىلا جاۋاب بەردى ئۇ ئايال، زەردە قىلغاندەك تەلەپپۇزدا.

ئايالنىڭ كېيىندىن كېلىۋاتقان ياداڭغۇ بىر ئادەممۇ ياغلاقارنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىپ، خۇددى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەكلا «كېيىنمىزدىن كېلىۋاتقانلاردىن سوراڭ» دېگەن سۆزنى تەكرارلىدى.

گۇگۇم چۈشۈپ، ئاجىز-ئۇرۇقلار توشۇپ كەتكەن كىچىك ئۆتەڭگە كەلگەندىلا ئۇ، يولۇچىلارغا قوشۇلۇپ نەلەرگىدۇر كەتمەكچى بولۇپ تۇرغان ئۆتەك ئىگىسىگە ئىككى-ئۈچچە تەڭگە شۇڭغۇتقاندىن كېيىن ئاندىن، ھەقىقىي جاۋابقا ئېرىشەلىدى. ئۆتەك ئىگىسى لاقا-لۇقىلىرىنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ:

— جۇسى دېگەن مەنسەپدار ئۇلۇغ ئاستانىدە توپىلاڭ كۆتۈردى، ئۇ ھازىر ھۆكۈمەت لەشكەرلىرى بىلەن ئۇرۇشۇۋاتىدۇ، بۇلار ئاستانىدىكى ئۇرۇش ۋەھىمىسىدىن قورقۇپ، تىنچ يۇرتلارغا قاراپ قېچىپ كېتىۋاتقانلار، — دېدى.

تاڭ پادىشاھى تاڭ دېزوڭ ئاتىسىنىڭ شاھلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، ئاتىسىنىڭكىگە ئوخشىمايدىغانراق يول تۇتتى. قوشنا قوۋملەرگە چەپ كۆزى بىلەن قارىغاندىن ئۆزگە، ۋەزىرى ياڭ يەننىڭ تەكلىپى بىلەن، مىلادىيە 780-يىلى يىل بېشىدىلا كونا باج قانۇنىنى تۈپتىن ئۆزگەرتتى. ئىتائەتسىز باش تارتىشقان ئايماق-ئۇلۇسلارغا لەشكەر تارتىپ، ھوقۇقنى ئۆز چاڭگىلىغا يىغىۋېلىش ئارزۇسىدا بولدى. ئالدىراپ يولغا قويۇلغان بۇ تەدبىرلەر بەزى ئەمەلدارلارنىڭ دىتىغا ياقمىدى، چاتاق زى چېڭ[1] تۇتۇقى لى جىڭچىنىڭ مىلادىيە 782-يىلى ئۆز جايىدا توپىلاڭ كۆتۈرۈشى بىلەن باشلاندى. مىلادىيە 783-يىلى

① زى چېڭ — بۈگۈنكى شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ يىدۇ دېگەن يېرى.

خۋاڭخې دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى ئۈچ ئايماق تاڭ ئوردىسىدىن بىراقلا يۈز ئۆرۈدى، شۇ يىلى ياز ئايلىرىدا سەركەردە جۇسى[①] چوڭ ئاستانىدا تۇغ تىكلەپ، ئۆزىنى پادىشاھ دەپ ئاتىدى[②]. ئوردىدىكى ئۆرۈش ئوتى ھەممە ئادەمنى يۈرەكزادە قىلىۋەتتى. ياغلاقار لىڭ كۆرۈپ تۇرغان بۇ كىشىلەر ئاستانە پۇقرالىرىنىڭ ئەڭ قورقۇنچاق، شۇنداقلا ئەڭ ئالدىنقى ئاجىز قاچاقلىرى ئىدى...

كىچىك بازارنىڭ كىندىكىدىن ئورۇن ئالغان يالغۇز ئۆتەڭ گۇگۇم بېسىپ كەلمەستىلا بوشاپ قالدى. ئۆتەڭ ئىگىسىمۇ ياغلاقار بىلەن قىسقىلا سۆزلىشىپ بولۇپ، يۈك-تاقلىرىنى ئېشەككە ئارتتى-دە، قاچقۇنلار قاتارىغا قېتىلدى.

— ئاستانە قوۋۇقى تاقالدى، قاچالمىغانلار قامىلىپ قالدى. توپىلاڭچىلارنىڭ لەشكەرلىرى قوغلاپ كەلگۈچە جىنگىللارنى جايلاڭلار، — دېدى، پۇتۇكچىلەرگە ئوخشايدىغان ئۇزۇن تونلۇق بىر كىشى ئۆتەڭدە بەخىرامان قازان ئېسىپ، ئۇماچ ئېتىۋاتقان ياغلاقارغا ئاگلىتىپ تۇرۇپ.

ياغلاقار لىڭ قېچىش-قورقۇش دېگەنلەرنى ئويلاپمۇ قويمىدى. ئۇيغۇر قوۋمىدىن كېلىۋاتقان ئەلچى تۇرسا ئۇ يەنە نېمىدىن قورقىدىكەن، نېمىشقا قاچىدىكەن؟ يامىنى كەلسە، توپىلاڭچى بولامدۇ، ئوردا لەشكىرى بولامدۇ، ئىشقىلىپ، ئۆزىگە خىرىس قىلغانلىكى كىشىگە تەقىب ۋە تەگقىسلىقتىن خالاس قىلالايدىغان زەر دەستەكنى كۆرسەتى-

---

① جۇسى — تارىخىي شەخس. ئۇ مىلادىيە 742-يىلى تۇغۇلۇپ، 784-يىلى قول ئاستىدىكىلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن، تاڭ ئوردىسىغا قارشى توپىلاڭ كۆتۈرمەستىن بۇرۇن بىرقانچە ۋىلايەتتە ھېراۋۇل بولغان («جوڭگو تارىخ لۇغىتى»، 1049-بەت).

② «مەشھۇر تارىخىي كىشىلەر لۇغىتى»، 204-، 205-بەتلەر.

سلا ئىش تامام ۋە ۋەسسالام. ھىلىغۇ توپىلاڭچىلار ئىكەن، ئەرش لەشكەرلىرى ئالدىنى تورىسىمۇ ئۇ ئامال قىلىپ ئۇردا كاتتىلىرى بىلەن كۆرۈشىدۇ ـ دە، مۇددىئاسىنى يۈزمۇيۈز تۇرۇپ بايان قىلىدۇ، ئىشنى ئوتۇقلۇق تاماملاپ، پەرۋىشكارى قۇتلۇققا ۋە ئۇيغۇر قوۋمىگە يۈز كېلەلىگۈدەك خىزمەت قىلىدۇ!

ئاتىنا ئولتۇرۇۋېرىپ، غولى ئۇيۇشۇپ، بېلى سىرقىراپ تۇرغان ياغلاقار لىنىڭ ھوجرا تېمىغا يۆلەنگەن پېتى مەززە قىلىپ غىزالىنىۋالدى. ئەنسىز ۋارقىراشلار، ئىچىنىشلىق ئىڭراشلار، ئات-ئۇلاغلارنىڭ زېرىكىشلىك شەپىسىدىن خالاس بولۇپ، مازاردەك سۈكۈتكە پاتقان بۇ ئۆتەڭدە بىر ئۆزىلا قالغاچقىمۇ، ئۆزىنى كۆك قەرىدە لەيلەپ يۈرگەن ئەركىن بۇلۇتتەك، يەڭگىل ۋە ئازادە ھېس قىلدى، ئىزدەشتۈرۈپ يۈرۈپ، كونا بولسىمۇ بىر پارچە سېلىنچا تېپىۋالدى، قۇرۇق قالغان ھوجرىلاردىن بىرىگە كىرىپ تېزلا ئۇيقۇغا كەتتى.

تاڭ ئاتارغا يېقىن، ئۇ بىر چۈش كۆردى. چۈشىدە ئۇ بۇركۈتكە مۇ، تاز قارىغىمۇ، ئەيتاۋۇر يوغان بىر قۇشقا ئايلىنىپ، ئاسماننىڭ ئەڭ ئېگىز يېرىدە لەيلەپ تۇرغۇدەك. يەر يۈزىدە دولقۇنلۇق دېڭىزدەك داۋالغۇغان ئادەم توپى ئاسمانغا قاراپ نېمىلەرنىدۇر دەپ تووۇلاشقىنىچە ئۆزى بىلەن تەڭ يۈگۈرۈپ يۈرگۈدەك، بىر-بىرىنىڭ ئىسمىنى چاقىرىشىۋاتقۇدەك، بىر چاغلاردا قاپلاندىن يوغان بىر ئاجايىپ مەخلۇق پەيدا بولۇپ، يەر يۈزىدىكىلەرنىمۇ، ئۆزىنىمۇ، تاغ-دەريا ۋە دەل-دەرەخلەرنىمۇ دەم تارتقۇدەك. ئۇ قانات قاققانچە بېرىپ ئاچ كۆز مەخلۇقنىڭ ئاغزىدىن كىرىپ كەتكۈدەك، كۆز ئالدى زۇلمەتلىك كېچىگە ئايلانغۇدەك. كېچە قاراڭغۇلۇقىدا ئاتلار دۈپۈرلەشكۈدەك، ئادەملەر گۇڭگۇرلاشقۇدەك...

ياغلاقار لىنىڭ چۈش ئاسمىنىدا ئۇچۇۋېتىپ توساتتىنلا رېئاللىقنىڭ

غوۋا شولىسىنى كۆرگەندەك بولدى. هويلا تەرەپتىن كېلىۋاتقان يوچۇن ئاۋازلار قۇلىقىغا كىرىپ قالدى، چۈش ئاسمىنىدىن يەرگە چۈشۈپ، دىققىتىنى جەملىدى.

— ئالىيلىرى، ئۇ ئاسىيلار كۆپ بولغاندا بىر ئاش پىشىم پۇرسەتتە شەھەر سېپىلىدىن كاجۇۋا تاشلانغانلىقىنى بايقاپ قالدۇ-دە، ئىز قوغلاپ بۇ يەرگە يېتىپ كېلىدۇ. شۇڭا، تېز پۇرسەتتە پاناھلانغىلى بولىدىغان بىر نىشان تاللاپ، ئۆز يولىمىزغا راۋان بولساقمىكىن دەيمەن.

— ھولۇقماڭلار سانغۇنلىرىم، ياخشىسى، خەن شىن[1] نىڭ چارىسى بويىچە، مۇشۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا بۆكتۈرمە قۇرايلى، پەممىچە، خورىكى ئۆسۈپ ئۆزىنى بىلمەي قالغان ئاسىيلار داممىزغا چۈشمەي قالمايدۇ!

— ئۇستاتلىق قىلغىنىم ئۇچۇن قۇللىرىنى كەچۈرسىلە ئالىيلىرى، پىقىرنىڭ قارىشىچە، قىل ئۇستىدە تۇرۇۋاتقان بۇنداق پەيتتە بۆكتۈرمە قۇرۇش ئېھتىمالىم تەۋەككۇلچىلىك بولار. ئاسىيلار لەشكىرى ئەللىك ئاتمىشتىن ئېشىپ كەتمىسىغۇ بىر نۆرى، مۇبادا يۈز، ئىككى يۈز بولۇپ قالسا خەۋپ-خەتەردىن قۇتۇلماق تەس. ياخشىسى، سەردار سۇن زىنىڭ دېگىنىنى قىلىپ، 36 ھىيلىنىڭ ئاخىرقىسىنى قوللانغان تۈزۈك.

— بۇ يەردىن كېتىش كېرەك دېمەكچىمۇ؟

— ئالىيلىرى ھەممىنى بىلگۈچىدۇر.

— ئۇنداقتا قەيەرگە قاراپ يول سالغىنىمىز خوپ؟

---

[1] خەن شىن — غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ياشىغان ھەربىي ئالىم. ئۇ «جەڭ مىزانى» دېگەن كىتابىدا بۆكتۈرمە قۇرۇشنى تەكىتلىگەن ۋە ئۆزىمۇ شۇنداق قىلغان. بۇ ئارقىلىق نۇرغۇن جەڭلەردە غەلىبىگە ئېرىشكەن.

— فېڭتيەن[1] ئايمقىغا ئالىيلىرى، ئۇ يەردە ئوردا لەشكەرلىرىمۇ ئاز ئەمەس، قوغدىنىشقىمۇ ئەپلىك. ئەڭ مۇھىمى، ئۇلۇغ ئاستانىگە يېقىنمۇ ئەمەس، يىراقمۇ ئەمەس. فېڭجۇ ئايمىقىدا بىر مەزگىل تۇرۇپ دۈشمەن ئەھۋالىنى يېقىندىن كۈزەتسەك. پەيتىنى پايلاپ بىر ھۇجۇم بىلەنلا ئاستانىنى قولغا ئالساق...

قويۇق شاخلىرى ئۆتەڭ ئۆگزىسىگە ساڭگىلاپ تۇرغان سېدە دەرىخى ئاچىسىدا ئۇخلاپ قالغان بىغەم خوراز سوزۇپ-سوزۇپ ئۈچ قېتىم چىللىۋەتتى. ئالقانچىلىكمۇ بۇلۇت بولمىغان كۆكنىڭ چىقىش تەرەپ بېلىق قورسىقىدەك سۇزۇلدى. گېرىمسەن ئۇيۇقتىن ئېقىپ كەلگەن ئۆپكە سۈيىدەك گۈل رەڭ شولا ئاستا-ئاستا ئاقىرىپ، ئۆتەڭ تاملىرىنى، ئۆتەڭ ھويلىسىدا تۇرۇۋېلىپ ئەمدىلا بىر پىكىرگە كەلگەن يىگىرمىچە ئادەمنى، ئادەملەرنىڭ كاسكىلىرىنى، نەيزىلىرىنىڭ ئۇچىنى، ئاتلىرىنىڭ ئېسىل جابدۇقلىرىنى خۇددى بىر قەۋەت ئالتۇن سۈيى ياللىتىلغاندەك پارقىرىتىۋەتتى.

بۇ مەزگىلسىز تاڭ بۇ بىر توپ ئادەمنى ئالدىرىتىۋەتتى. ئۇلار فېڭتيەنگە قاراپ يولغا چىقىش تەرەددۇتىگە چۈشتى. چوڭ سەردار سىياقىدىكى گەۋدىلىكرەك كەلگەن بىر كىشى ئۈزەڭگىگە پۇتىنى ئىلە-ۋېتىپ ھۇجرا ئىشىكى كەينىدە مەقسەتسىزلا گەپ تىڭشاپ تۇرغان ياغلاقارنىڭ خادىدەك ئۇزىراپ كەتكەن سايىسىنى، كېيىن قاپقارا گەۋ-دىسىنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، سەگەكلىشىپ شەمشىرىنى ھۇجرا تەرەپكە چىندى:

— ئەي توخۇ يۈرەك ئىنسان، ئۆزۈڭ كىم ۋە ئۆتەڭدە نېمە قىلىپ يۈرۈيسەن؟ ئوغۇل بالا بولساڭ، ئوغرىمۇشۈكتەك مارىلاپ

---

① فېڭتيەن — بۈگۈنكى سەنشى ئۆلكىسىگە قاراشلىق چيەنشيەن ناھىيىسى.

تۇرماي چاپسان مەيدانغا چىق! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ قىيان بېسىپ كەلگەندەك قاتتىق ئاۋاز بىلەن.
سەردار قىياپەتلىك بۇ كىشىنىڭ كۆتۈلمىگەندە ۋارقىرىشى ئاتلىق-رىغا مىنىۋېلىپ، قامچە شىلتاي دەپ تۇرغان ئادەملەرنى بىردىنلا چۆچۈتۈۋەتتى. ئۇلار ئۆتەك ھويلىسىدا تۇرۇپ قىلىشقان مۇھىم پاراڭ-لىرىنىڭ نامەلۇم بىر كىشى ئالدىدا ئەمدى سىر بولماي قالغانلىقىنى تەگلا ھېس قىلىپ ئۇلگۇرگەنىدى. كېچە بويى ئۆتەكدە، ساقاللىرىنىڭ ئاستىدا تۇرغانلىقى قىياس قىلىنغان بۇ كىشىنىڭ دۈشمەن ئايغاقچىسى بولۇش ئېھتىماللىقىنىمۇ ھېچكىم چەتكە قاقالمايتتى.
ئۇلار ئېغىزدۇرۇقنى چاپاپ، چاپچىپ تۇرغان ئاتلىرىنىڭ تىزگى-نىنى تارتىپ، «بۇ نېمە ئىش؟» دېگەندەك، بىر-بىرىگە قاراشقان پېتى جايىدىلا تۇرۇپ قېلىشتى. كىملەردۇر، سەردار تۇرۇۋېلىۋق، بۇ تەرىقە بىخۇدلۇق قىلغىنىدىن ئىزا تارتقاندەك، چاندۇرماي، يۆتىلىپ قويدى. كۆپ ئۆتمەي، ئۇلار باشلىرىنى بىر يەرگە قىلىپ نېمىلەر توغرىسىدۇر پىچىرلىشىشتى. ئارىدىن زەنجىرلىك ساۋۇتقا ئورۇنۇۋالغان، كۆز قارد-چۇقلىرى كاسكا كۆزلۈكىدىن ئاران كۆرۈنۈپ تۇرغان بىرەيلەن:
— سىرىمىزنى بىلىۋالغانىكەن، ئۇنىڭ كىم بولۇشى بىز ئۈچۈن بەرىبىر، ئۇنى تۇتۇڭلار-دە، تېگىشلىك جايىغا ئۇزىتىپ قويۇڭلار، سىرنىڭ بىخەتەر جايى لەھەتتىن باشقا يەردە ئەمەس...، — دېۋىدى، ئۈچ-تۆتەيلەن ئاتلىرىدىن ئۈچۈپ چۈشۈشتى-دە، شەمشەرلىرىنى تەق قىلىشتى، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، ھۇجرا ئىشىكىگە قاراپ دېۋەيلەپ كەلگىلى تۇردى.
— ئا ... ئالىيلىرى، ئاسىيلار بېسىپ كەلدى... ئاسىيلار كەلدى...
ئۆتەك كەينىدىكى چۇجگۇنلۇكتىن ئاۋازسىزلا ئۈچۈپ كەلگەن

بىر تال ئوق ئۆتەك ئۆگزىسىدە ئاداققى بۇرچىنى ئادا قىلىۋاتقان قىرى كۆزەتچىنىڭ نەق كېلىگە قادالدى. ئۇ ھەمراھلىرىغا ئاگاھ بەرگەن پېتى موللاق سېلىپ غۇلاپ چۈشتى. بۇ ۋەقە ئوچۇق ئاسماندا چاقماق چېقىلغاندەك تاسادىپىي يۈز بەردى.

— ئىش چاتاق، قېكتىيەنگە قاراپ قاچايلى!

— ئاۋۇ يوچۇن كىشىنى قانداق قىلىمىز؟

— ... ... ...

ئەقىللىق ياغلاقار قۇلىقىغا كىرىپ قالغان پارچە-پۇرات سۆزلەر-دىن ۋە ئادەملەرنىڭ تەقى-تۇرقىدىن ئۆزىگە قول سېلىشقا ئۇلگۇرمەيلا كېتىپ قالغان كىشىلەرنىڭ قامال قىلىنغان ئاستانىدىن قېچىپ چىققان ئوردا ئادەملىرى ئىكەنلىكىنى پەملەپ بولغانىدى. قوغلاپ كېلىۋاتقانلار ئەلۋەتتە ئاسىيلارنىڭ نەق ئۆزى ئىدى.

«ماۋۇ پىشكەلچىلىكنى قارىمامدىغان، — دېدى ياغلاقار قىيا ئوچۇق تۇرغان ھۇجرا ئىشىكىدىن بېشىنى چىقىرىپ ئەتراپقا زەن قويۇۋېتىپ، — بۇ يەردە تۇرۇۋەرسەم، ئاسىيلار كېلىپ، ئوردا ئادىمى دەپلا ناھەق جاجامنى بېرىشىدۇ، قاچقانلارغا ئەگەشسەم، ئاسىي-لارنىڭ ئايغاقچىسى دەپ كۆرگىلىكىمنى كۆرسىتىدۇ، يا تەڭرىم، ئوت بىلەن سۇنىڭ ئارىسىدا قالدى دېگەننىڭ ئۆزىغۇ بۇ...»

ياغلاقار ياش بولغىنى بىلەن، قۇتلۇققا ئەگەشكەن يەتتە-سەككىز يىلدىن بېرى تاسادىپىي يۈز بەرگەن ۋەقەلەر ئالدىدا تېز ۋە توغرا ھۆكۈم چىقىرىشنى خېلى ئوبدان ئۆگىنىۋالغانىدى. ئۇ بۇ يەردىمۇ شۇنداق قىلدى. بىر دەقىقە كۆزىنى يۇمۇپ، خىيال ئالىمىنى چاقماق سۈرئىتىدە كېزىپ چىقتى، دەرھال بىر پىكىرگە كېلىپ، ئاسىيلار بىلەن بىر قەپەس ئىبلىشماقچى، ئوردىدىكىلەرگە ياردەم بەرگەچ، ئىچ پۇشۇقى-نى چىقىرىۋالماقچى بولدى. ئالاھازەل يۈز نەچچە لەشكەر ساماۋىي

ئادەملەردەك پەيدا بولۇپ، ئۆتەك ھويلىسىغا توما بۇزغان كەلكۈندەك بېسىپ كەلگەندە، ياغلاقار ئاللىقاچان ئات ئۈستىگە جايلىشىپ بولغان-دى. ئۆتەك يېنىدىكى بېدىلىكتە تولۇق بىر كېچىنى ئۆتكۈزگەن ئاسلىقارا قانات چىقىرىپ ئۇچىدىغان ئەلپازدا تاقەتسىزلىنىپ تۇراتتى. ياغلاقار تىزگىنىنى شۇنداق بوشىتىۋىدى، ئات ئالدى ئاياغلىرىنى ئېگىز كۆتۈردى-دە، يەرگە زەرب بىلەن بىرنى تەپتى، قىزغۇچ توپا يۈزىدە جاۋۇر چوڭلۇقىدا ئىككى ئورەك قالدۇرۇپ، ئوردىدىكىلەر كەتكەن تەرەپكە قاراپ، سالغىدىن ئايرىلغان سالغا تېشىدەك شىددەت بىلەن يۇرۇپ كەتتى.

ئۆتەك سەيناسىدا ئەقلىدىن ئازغان ساراڭلاردەك پىتىرىشىپ يۇرگەن لەشكەرلەر چەبدەسلىكى ۋە قورقماسلىقى بىلەن كۆزلىرىدىن ئوت چىقىرىۋەتكەن بۇ ناتونۇش چەۋەندازنىڭ كارامىتىگە قاراپ بىر پەسكە تېڭىرقاپ قېلىشتى. سەردارنىڭ ھەيۋە قىلىشى بىلەن يامان چۇشتىن ئويغانغاندەك چۆچۇشۇپ، قارىسى يوقىلاي دەپ قالغان ئاسلىقارانىڭ كەينىدىن تۆت-بەش تالدىن ئوق ئۇزۇشتى-دە، ئاتلىرىنى دېۋىتىپ قاچقانلارنى قوغلاشقا تۇتۇندى.

«ئەر قانىتى ئات» دەپ بىكار ئېيتمىغان ئىكەن بوۋىلار. ئەر ئارىسىغا پەقەت جەڭ ئۇچۇنلا يارالغان، ئىگىسى قۇتلۇقنى مۆلدۇردەك يېغىۋاتقان ئوق ئارىسىدىن، تاشنى ئېرىتىۋېتىدىغان ئوت ئىچىدىن تىرناقچىلىك زەخمەتكە ئۇچراتماي، ساق-سالامەت ئېلىپ چىققان ئاسلىقارا بۇگۇن ھەم يېڭى ئىگىسىنىڭ ئىلكىدە ئوق بورىنىنى يېرىپ، ئەپسانىلاردىكى دۇلدۇلدەك تېز چاپماقتا ئىدى، ئاسلىقارا بىلەن قاناتلانغان ياغلاقار قۇلاق تۇۋىدىن ۋىژىلداپ ئۆتۈۋاتقان يا ئوقىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، پات-پات ئالدى-كەينىگە قاراپ، سەل ئالدىغا ئېڭىشكەن پېتى بەخۇدۇك كېتىپ باراتتى، تۇرۇپ-تۇرۇپ ئات يايلىغا چاپلاشقان-

دىن ئۆزگە، كونا جەڭچىلەرنىڭكىدەك تەمكىن چىرايىدا نە قورقۇش، نە ھودۇقۇش ئالامەتلىرى كۆرۈنمەيتتى.

«چاپ، تېخىمۇ تېز چاپ ئارغىمىقىم، خاكاسلار يېرىدە، چىكلار زېمىنىدا چاپقاندەك چاپ، ئىگەڭنى قارا يۈز ئاسىيلارنىڭ ئوقىدىن يىراقلاشتۇر، ئىزىڭغا چۈشكەنلەر تۇيىقىڭدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ ئاستىدا گۆرگە، كۆمۈلگەندەك كۆمۈلۈپ قالسۇن، كۆزلىرىگە توپا كىرىپ قىيامەتلىك كور بولسۇن...»

ئاسلقارا بوراندەك تېز ئۇچۇپ كېتىۋاتاتتى، قامچىسىدىن قاس چىقىرىپ، بار كۈچى بىلەن قېچىپ كېتىۋاتقان ئۇردا ئەھلى بىلەن ئاسلقارانىڭ ئارىلىقى بارغانچە قىسقارماقتا ئىدى. بىراق، ئاسىيلارنىڭ ئاتلىرىمۇ چاپقۇرلۇقتا ئاسلقارادىن قېلىشمايدىغاندەك قىلاتتى. ياغلاقارلىك سەللا بوش كەلسە، بۇ ئاتلار ئاسلقاراغا، يامىنى ئاللىقاچان دەرماندىن كەتكەن پاكار ئۇردا ئاتلىرىغا يېتىشىۋالىدىغاندەك تۇراتتى.

ياغلاقار قوغلاپ كېلىۋاتقانلارنىڭ چۇقان-سۈرەنلىرىنى خېلى ئېنىق ئاڭلاۋاتاتتى، كىمدۇر بىرى «ئات» دەپ ۋارقىرايتتى، يەنە بىرى «تىرىك تۇت» دەپ توۋلايتتى. يا ئوقى شالاڭلاپ قالغىنى بىلەن، ئات تۇيىقىنىڭ دۈپۈرلىگەن ئاۋازى يېقىنلا بىر يەردىن كېلىۋاتاتتى.

ياغلاقارلىك قېچىپ كېتىۋېتىپ ئات يايلىغا يەنە بىر قېتىم يېپىشتى-دە، بېشىنى بۇراپ، كەينىگە قارىدى، ئىز بېسىپ يېقىن كېلىۋاتقان ئاسلقارادەك ئېگىز، بېلى قۇلۇنىڭكىدەك ئىنچىكە، بېشى بۆرىنىڭكىدەك كىچىك، ئاياغلىرى بادىرىدەك ئۇزۇن يارام ئاتلارغا بىر قاراپلا ئەجەبلەنگىنىدىن ئاتتىن يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالدى. كېلىۋاتقىنى پۈتكۈل يۇرت تەۋەسىدە پەقەت تۇنباغا قاغان ۋە ئاتخۇمار بەگبارىستىلا بولىدىغان داڭقى بار قۇرىقان ئاتلىرى ئىدى. ئاسلقارا بىلەن نەسلداش بولغان بۇنداق ئېسىل ئاتلارنىڭ ئىلكە-

دە پەيدا بولۇشى ھەيران قالارلىق ھادىسە ئىدى.

بىراق، قاتتىق قامچا يەپ، پەقەت ئۇن چامدام يەردىلا قوغلاپ كېلىۋاتقان بۇ قۇرىقان ئاتلىرى ياغلاقارغا بۇ تېپىشماق ئۈستىدە ئويلىنىپ ئولتۇرۇشقا ئىمكان بەرمەيتتى. شۇ تاپتا ئۇ ئوردا قاچاقلىرىنىڭ ھارغىن ئاتلىرىغا يېتىشىپ قالغانىدى. ئەگەر غايىبتىن بىرەر مۆجىزە يۈز بەرمىسىلا، ئاسىي لەشكەرلەر ئۆزىگىمۇ، ئوردا قاچاقلىرىغىمۇ يېتەشۋالاتتى-دە، چوڭ قىرغىنلار يۈز بېرەتتى. ياغلاقارنىڭ غۇرۇرى، كۆتۈلمىگەن بۇ بەل تۇتۇشۇشتا ئۇتتۇرۇپ قويۇپ، ئۇيغۇر ئەلچىسىنىڭ ۋە ئاسىلقارانىڭ يۈزىنى تۆكۈشكە ھەرگىز يول قويمايتتى.

— قېنى، كېلىشە ئاسىيلار، ئۇيغۇر ئاتلىرىغا مىنىۋېلىپ، ئۆزۈڭنى قالتىس چاغلىشامسەن تېخى؟ بىلىپ قوي، بىزنىڭ ئاتلىرىمىز يامانىنى ئەجەل ئاغزىغا، ياخشىنى زەپەر دەرۋازىسىغا باشلاپ بارىدىغان ساماۋى ئات، جېنىڭدىن تويغان بولساڭ، مانا ئەمدى ساڭا...

قۇتلۇقنىڭ مىجەزىنى تارتقان، ئادەتتە ئاسان ئاچچىقلانمايدىغان ياغلاقار ئەمدى راستىنلا ئاچچىقلاندى، قاتلىرىدىن قان پۇراپ تۇرغان بۇ ئاچچىق سۆزلەر ئۇنىڭ تىترەپ تۇرغان ۋۇجۇدىدىن ئېتىلىپ چىقتى. ئۇ چېپىپ كېتىۋېتىپ، مۈڭگۈز ياسىنى تەقلىۋالدى-دە، پەي قادالغان ئىككى تال ئوقنى كىرىچكە تىرىدى، بەدىنىنى كەينىگە تارتىپ، ئاسىلقارانىڭ بېقىنىغا ئۆزىنى تاشلىدى، تاۋۇزدەك تۈگۈلۈپ، ئات يايلىنى چىشلەپ كېلىۋاتقان ئاسىيلارغا ئوق ئۈزدى.

«ۋايجان» دېگەن پەرياد بىلەن تەڭ، ئەڭ ئالدىدا كېلىۋاتقان ئىككى سەردار ئات ئۈستىدىن خۇددى شامال تەگكەن قەغەز ئادەمدەكلا ئۇچۇپ چۈشتى. ئىككى ئات ئارتۇقچە يۈكتىن خالاس بولغىنىدىن تېنى يايراپ، خۇددى كۆرۈنمەس چولۋۇر بىلەن باغلانغاندەك، ئاسىلقاراغا ئەگەشتى.

ياغلاقار لىك يەنە ئۇق ئېتىپ، تۆت-بەشچە لەشكەرنى يەر چىشلەتكەندىن كېيىن، بىر پۇتىنى ئۇزەڭگىگە قويۇپ بىرلا كۆچۈۋ-دى، ئىگەردىن ئارتىلىپ، ئاسلىقارانىڭ يەنە بىر بېقىنىغا ئۆتۈۋالدى ۋە يەنە ئۇق ئاتتى. ئەزرائىلدىن قورققاندەك قورقۇپ، كىرىپچىنى تار-تار-تارتمايلا ئۇق ئېتىۋاتقان لەشكەرلەر ئارقا-ئارقىدىن دۈم چۈشكىلى تۇردى. ياغلاقار لىك چۈشىنىكسىز بىر نېمىلەرنى دەپ، كىملەرنىدۇر تىللىغان پېتى «لىك» قىلىپلا ئات ئۈستىدە تۇز ئولتۇرۇۋالدى-دە، ئاتنىڭ بېشىنى بۇرىدى، يان تەرەپتىن قىستاپ كەلگەن تۆت لەشكەرگە كۆچەپ تۆت نەيزە ئۇرۇۋىدى، ئۇلار شۇ زاماتلا تىن تارتماي جان بەردى. ئات ئايىغىدىن ئۇچۇپ چىققان بوغۇناق كۆزلەرنى خىرەلەش-تۈردى. ياغلاقار لىك ئاسمان-پەلەك بوغۇناق ئارىسىدا بەئەينى بۇلۇت ئىچىدە جەڭ قىلىۋاتقان ئىلاھىي باھادىردەك يۆتكىلىپ يۈرۈپ، ساراڭ-دەك پىتىراپ، تېرىقتەك چېچىلىپ كەتكەن ئاسىي لەشكەرلەرنى بىر-بىرلەپ يوق قىلغىلى تۇردى. كېسىلگەن باشلار، بېشى يوق تەنلەر يول ئۈستىنى ياپتى، قان بىلەن نەمدەلگەن يەر ئات ئايىغىدا خۇددى خېمىردەك يۇغۇرۇلدى...

سەردار بولسا كېرەك، بىرەيلەن ئاۋۋال كەينىگە بۇرۇلدى، ئېتى-نىڭ ساغرىسىغا رەھىمسىزلەرچە قامچا ئۇرۇۋېتىپ، ئۇنىڭ بارىچە ۋارقىرىدى:

— قې... قېچىڭلار، ئا... ئاستانىگە قاراپ قېچىڭلار، سىلەر بىلمەيسىلەر، ئۇيغۇر چەۋەندازلىرىلا ئەنە شۇنداق كەينىچە ئۇق ئاتا-لايدۇ، بۇنداق ياۋايىلارغا تەڭ كېلىپ بولمايدۇ...

تېخىچە پۇخادىن چىقمىغان ياغلاقار لىك ئۇلەر-تىرىلىشكە باۋ-ماي قېچىپ كېتىۋاتقانلارنى خېلى بىر يەرگىچە قوغلاپ باردى، غەزەپ بىلەن ئاتقان بىرقانچە ئۇق قاچقانلارنىڭ دۈمبىسىگە قادالدى. ئاسىي-

لارنىڭ قوغلاپ كېلەلمەيدىغىنىغا كۆز يەتكۈزگەندىن كېيىن، كەينىگە يېنىپ يارامراق ئۇلجىلارنى غانجۇغلاپ، بىرمۇنچە قۇرىقان ئاتلىرىنىڭ تىزگىنىنى ئىگەرگە باغلىغان پېتى ئۆز يولىنى داۋام قىلدى.

ئۇزاققا سوزۇلمىغان بىلەن، بەكمۇ كەسكىن ئۆتكەن بۇ جەڭ ياغلاقارنى خېلىلا چارچىتىپ قويدى. بىراق، ياشلىق دېگەن بەرىبىر ياشلىقتە، ئۇ باش-كۆزلىرىدىكى قان ئىزلىرىنى سۈرتۈپ، غۇلىچىنى سوزۇپ، بىر-ئىككى قېتىم كېرىلىپلا خورىغان كۈچ-قۇۋۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالدى-دە، ئاسلقارانى يورغىلىتىپ، كۆپ ماڭمايلا يولىغا تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرغان ئوردا قاچاقلىرىغا يېتىشىپ كەلدى.

— خوش كەپسىلا قامەتلىك پەلۋان، ئۇلۇغ تاڭنىڭ ئەمىر لەشكىرى كەمىنە لى چېك① كەرەملىك شاھىمىزنىڭ مۇبارەك نەزىرىگە نائىل بولمىش قوش ئۇقلۇق چەۋەندازغا چەكسىز ھۆرمەتلەر بىلدۈرىدۇ، — دېدى، قاراشلىرىدىن زوقلىنىش، ۋە ھۆرمەت ئالامەتلىرى كۆرۈنۈپ تۇرغان ئوتتۇزچە ئادەم ئارىسىدىن ئايرىلىپ چىققان سالاپەتلىك بىر كىشى ئالقانلىرىنى جۈپلەپ لىڭشىتىپ تۇرۇپ. بېشى ئەللىكلەردىن ھالقىغان، چاچلىرى ۋە كەكە ساقىلى ئارىلاپ ئاقىرىشقا باشلىغان، بۇرنىنىڭ يان تەرىپىدىكى قىيپاش تارتۇق مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇرغان بۇ كىشى توپ ئىچىدىكى ئېگىز بوي، سالاپەتلىك بىرەيلەن بىلەن كۆز بېقىشىۋالغاندىن كېيىن گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئۇلۇغىمىز ئۆزىگە ۋە ئۆز ھەقەمسايىلىرىگە ئۇنتۇلغۇسىز ياردەملەرنى كۆرسەتكەن تەڭداشسىز پالۋاننى شاھانە تارتۇقلار بىلەن

① لى چېك — تارىخىي شەخس، مىلادىيە 727-يىلى تۇغۇلۇپ، 793-يىلى ئۆلگەن. ئۇ تاڭ ئوردىسىدا ھەربىي ئەمەل تۇتقان، توپىلاڭچى جۇسىنى قوغلاپ چىقىرىپ، چاڭئەننى قايتۇرۇۋېلىشتا چوڭ تۆھپە كۆرسەتكەن («جۇڭگو تارىخ لۇغىتى»، — 1371-بەت).

تارتۇقلاشتىن ئۈلگىرى، تارتۇقلانغۇچى پالۋانىمىزنىڭ نام-ئەملىنى، يۇرت-قوۋمىنى بىلىشنى خالايدىكەن، مالال كەلمىسە، ئۈلتىماسىمىزنى قوبۇل كۆرگەيلا.

ياغلاقار لىڭ ئاتتىن چۈشەي دېمەيتتى. يېرىم ئاي شەكلىدە سەپ تۈزۈپ، بىر-بىرىگە ئوخشىتىپ سىزىلغان سۈرەتلەردەك بىر خىللا ھېجىيىپ تۇرۇشقان ئۇردا ئەھلىگە مەنسىمەسلىك نەزىرى بىلەن قاراپ، نېمىگىدۇر ئېچىنغاندەك باش چايقايتتى. ئۇ ئاللىقىنى بىلەن قۇلاق تۈۋىدە غىڭشىپ يۈرگەن پاشىلارنى قوغلاپ تۇرۇپ، ھېلىقى سانغۇندىن قايتۇرمىلاپ سورىدى:

— ئالدى بىلەن ئۆزۈڭلارنى مەلۇم قىلغايسىلەر، سىلەر كىم ۋە نېمىدەپ ئۇ ئالتە توك-توك رەزگى لەشكەردىن بۇنچىۋالا قورقۇپ يۈرۈيسىلەر؟ نېمىدەپ قاق سەھەردە مېنى تۇتماقچى بولسىلەر؟

— بىز ... بىز ئۇلۇغ تاڭ ئوردىسىنىڭ ۋەزىر- ۋۇزرالىرى بولىمىز...

ياغلاقار قورقۇنچاقلىقىدىن ئۆزا تارتىپ دۇدۇقلاۋاتقان ئەمىرلەش-كەرگە قاراپ مۇنداقلا كۈلۈپ قويدى ۋە:

— ھە؟ بولدى دېگۈچە سېلىق سېلىپ، جەمەتىمىزنى خانىۋەي-ران قىلىۋەتكەن مەنسەپدارلار سىلەركەنسىلەردە، ئەپسۇس، بۇرۇنراق بىلگەن بولسام...، — دەپ قاقشاپ قويدى.

ياغلاقارنىڭ گەپلىرىنى چۈشىنەلمەي، رەللە بولغان ئادەملەر بىر-بىرىدىن جاۋاب ئىزدىگەندەك، ئۆزئارا تىكىلىشىۋالدى.

— بىلگۈڭلار بولسا بىلىۋېلىڭلار، — جاۋاب بەردى ياغلاقار لىڭ ئېتىدىن خۇددى قىيادىن سەكرىگەن يولۋاستەك سەكرەپ چۈشۈپ، ئەمىرلەشكەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ، — كەمىنە سانغۇننىڭ ئېتى ياغلاقار، ئۇيغۇر قوۋمىنىڭ سەردارلىرىدىن بولىمەن، ئەلچى بولۇپ ئالدىڭلارغا

كېلىپ، مانا بۇ يەردە ئۆيلىنگەن دىشۋارچىلىقلارغا يولۇقۇپ يۈرۈپتى-
مەن...
لاي بىلەن ياساپ، چوققىسىدىن بېسىۋەتكەندەك پاكار، بويى
تۇتۇۋالغان نەيزىسىنىڭ يېرىمىغىمۇ يەتمەيدىغان بىرەيلەن دىمىغىنى
قېقىپ قويۇپ:
— قاراڭلار، ئۇنىڭ ئۆزىنى ئۇيغۇر دەۋالغىنىنى، ئەلچىمەن
دېگىنىچۇ تېخى؟ — دېيىشىدى، بۇ گەپ ئەس-يادى قورىقان ئاتلىرىنىڭ
سىرىدا قالغان ياغلاقارنىڭ يارىسىغا تۇز سەپتى بولغاي، ئۇ:
— ھە، ئۇيغۇر بولسام نېمە بولۇپتۇ؟ ئۇيغۇردىن ئاكاڭدەك
جانباز ئەلچى چىقمامدىكەن، — دېدى، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ.
ياغلاقار بىلەن روبىرو تۇرغان ئەمىرلەشكەر لى چىك پاكار
كىشىنىڭ گەپدانلىق قىلمەن دەپ ياغلاقارنىڭ چىشىغا تېگىپ قويغان-
لىقىنى تۇيۇپ قالدى-دە، قاتماللىقنى ئۇڭشىماقچى بولۇپ شۇ ھامان
چۈشەنچە بەردى:
— خاتا چۈشىنىپ قالمىغايلا باتۇر ئەزىمەت، دىۋان بېگى
مۇبارەك چىرايلىرىنىڭ بىز خەقنىڭكىگە ئوخشاپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ،
شۇنداق دېگەن چېغى...
— ئات ئاتقا ئوخشايدۇ، ئادەم ئادەمگە ئوخشايدۇ، بۇنىڭ ئەجەب-
لەنگۈدەك نېمىسى باركەن؟
ئۇنىڭ «ئەلچىمەن» دېگەن سۆزى ھېلىغىچە گەپكە ئارىلاشماي
ئۈچكە ساقىلىنى ئۇيناپ تۇرغان ھېلىقى سالاپەتلىك كىشىنىڭ دىققىتى-
نى قوزغىغان بولسا كېرەك، ئۇ ئەمىرلەشكەرگە بىر نېمىلەرنى دەپ
پىچىرلىۋىدى، ئەمىرلەشكەر سوقا سۆرىگەن ئۆكۈزدەك پۇشۇلداپ تۇر-
غان ياغلاقاردىن ئەدەپ بىلەن سورىدى:
— ھۆرمەتلىك پالۋان، ئۇيغۇر قوۋمىنىڭ باتۇرى ئىكەنلىكلىرىگە

ھەممىلەن چىنپۇتتۇق، ئەلچى بولسىلا بىرەر نام-نىشانلىرى باردۇ؟

— بولمامدىغان، — ياغلاقار لىنڭ قامچىسىنى بەلۋېغىغا قىستۇرۇپ قويۇپ، قولىنى قوينىغا سالدىيۇ، يەنە ئىتتىك تارتىۋېلىپ قولىغا قاراپ تۇرغانلارنى نا ئۈمىد قويدى. ئېسىمىدۇر يادىغا ئېلىپ، دېدى:

— ئاستانىنىڭ ۋەزىر-ۋۇزرالىرى بولساڭلار ئېيتىڭلار، قايسىڭلار ۋەزىرئەزەم گو زىيى[1] بولسىلەر، ئىگەم بەرگەن دەستەكنى ۋەزىرئەزەم گو زىيىغىلا تاپشۇرىمەن، دەيدىغىنىمنىمۇ شۇ ھەزرەتنىڭ ئۆزىگە دەيمەن!

گو زىيىنىڭ كېيى چىققان ھامان، بەزلەرنىڭ چىرايى قانسىراققان ئۆپكىدەك ئۆڭۈپ كەتتى. بەزلەر يەر تېگىدىن قارىشىپ، ئىچ-ئىچىدىن ئۇسۇپ چىققان كۆلكىسىنى ئالقانلىرى بىلەنلا توسۇۋېلىشتى. بەزىلىرى قورۇقچىلارنىڭ ھىمايىسىدە غادىيىپ تۇرغان سۆلەتلىك كېشىگە چاندۇرمايلا قاراپ قويدى. ئەمىرلەشكەرنىڭ ئېغىز ئېچىشى بىلەن، ئارىدىكى قاتماللىق بۇزۇپ تاشلاندى.

— قارىغاندا، بىلمەيدىغان ئوخشايدىلا، گو زىيى ھەزرەتلىرى ئىككى يىل مۇقەددەم ئالەمدىن ئۆتكەنىدى، — دېدى ئۇ ھازا يۇراپ

---

[1] گوزىيى — تاڭ سۇلالىسىنىڭ مەشھۇر ھەربىي ئەمەلدارى، دۆلەت ئەربابى، مىلادىيە 697-يىلى تۇغۇلۇپ، 781-يىلى ئۆلگەن، ئۆگلۈك-سۆيگۈن توپىلاڭ كۆتۈرگەندە، ئەمىرلەشكەر بولۇپ، توپىلاڭنى تىنجىتقان. ئۇ ئۇيغۇر، خەنزۇ لەشكەرلىرىنى باشلاپ لەشكىرىي يۈرۈش قىلىپ چاڭئەن، لوياڭلارنى قايتۇرۇۋالغان، تاڭ دەيزۇڭ زامانىدا ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ ۋەلىئەھدى يابغۇ تېكىن بىلەن ئاكا-ئىنى بولۇشۇپ، ئوردا ئاسىيلىرىغا بىرلىكتە قارشى تۇرغان، ئۇيغۇرلار بىلەن ئىتتىپاق ئۆتۈشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئات-يىپەك سودىسىدا ئۇيغۇرلارغا يول قويغان، ئارىدا يۈز بەرگەن ئۇقۇشماسلىقلارنى تۈگىتىشتە مۇھىم رول ئوينىغان. تاڭ دەيزۇڭ ئۆلۈپ، تاڭ دېزۇڭ تەختكە چىققاندا ئۇ ئاتا قاتارىدا ھۆرمەتلەنگەن، لېكىن لەشكىرىي ھوقۇقتىن چەتلەشتۈرۈلگەن.

تۇرغان پەس ئاۋاز بىلەن.
— گو زىيى ۋەزىرئەزەم قازا قىلدى؟
ۋەزىرئەزەم گو زىيى تۆت يىل بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ىىراق، ئارىنىڭ يىراقلىقى، مۇھىمى، تاڭ دەۋرىدىكى ۋاپاتىدىن كېيىن ئىككى قوۋم ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت يىرىكلىشىپ، باردى-كەلدى ئازاي-غانلىقى سەۋەبلىك، بۇ خەۋەر ئۇيغۇر قاغانلىقىغا يېتىپ كېلەلمىگەن، كەلگەن بولسىمۇ، ياغلاقار لىك بىخەۋەر قالغانىدى.
ئۇيغۇر قوۋمىنىڭ باتۇرى ۋە ئەلچىسى تۇرۇقلۇق، تاڭ ئوردىسىدا يۈز بەرگەن بۇنداق چوڭ ۋەقەدىن تېخىچە خەۋەرسىز يۈرگىنىنى چاندۇرۇپ قويغان ياغلاقار لىك ئۆز خىجالىتىنى يوشۇرۇشقا تىرىشتى ۋە كۆڭلى يېرىم بولغاندەك ئۇلۇغ-كىچىك تىنىۋېلىپ دېدى:
— ئۇ ھەزرەتنى ھەممە ئادەم تەرىپلەيتتى، بولۇپتۇ، ئۆلگەن بولسا كۆك تەڭرىم ئۇنىڭغا ئۆز دەرگاھىدىن پاناھ بەرگەي...
— ئەلچى جانابلىرى، كۆپ قايغۇرۇپ كەتمىسىلە، گو زىيى ھەزرەتلىرى كەتكەن بىلەن، كەمىنە سانغۇنلىرى شاھ ئەمرى بىلەن ئۇنىڭ ئىشىنى يۈرگۈزۈپ يۈرۈپتىمەن. خالىسىلا دەستەكنى كەمىنىلە-رىگە تاپشۇرغايلا، ئىشەنچ قىلالمىسىلا كەرەملىك شاھىمىز دېرۇڭ ئالىي-لىرىغا كۆرسەتسىلىمۇ بولىدۇ.
ئەمىرلەشكەر لى چېڭنىڭ تەكلىپى ياغلاقارغا ياقمىدى بولغاي:
— ياق... ياق...، — دېدى ئۇ، ئارقىمۇئارقا بېشىنى چايقاپ، قويىنىنى ئالىقىنى بىلەن مەھكەم بېسىۋېلىپ، — تاڭ دېرۇڭ دېگەن ئادەمگە بېرىشكە بولمايدۇ، ئۇ ئاتىسى تاڭ دەيزوڭدەك رەھىمدىل ئەمەس، قوۋمىمىزنى چۈشەنمەيدۇ، ھەرگىز چۈشەنمەيدۇ...
بۇ گەپ بىلەن تەڭ، ئۆكسىلى قاچقان لى چېڭ بىر غايىب قول مەيدىسىدىن ئىتتىرگەندەك، ئىككى قەدەم كەينىگە ياندى ۋە كۆزلىرى



ئالاق-جالاق بولۇپ كەتتى. ئادەملەر تۇرغان يېرىدىلا تىز چۆكۈشتى، «گۇناھ بولدى.... گۇناھ بولدى» دېيىشىپ، پېشانىسىنى يەرگە ئۇرغىلى تۇردى.

— هاھ... هاھ... هاھ....

توساتتىن ئاڭلانغان ياڭراق كۈلكە ھەممەيلەننى ھەيران قالدۇردى، ئارقىدىنلا، تىترىشىپ تۇرغان كىشىلەر ئۈستىنى بېسىپ تۇرغان ئېغىر يۈكتىن خالاس بولغاندەك، ئاستا-ئاستا باش كۆتۈردى. سېرىق زەر تونىنىڭ كەڭ يەڭلىرىگە يوشۇرۇنغان قوللىرىنى كەينىگە قىلىپ، توپ ئىچىدىن قىيپاش قەدەم تاشلاپ چىقىپ كەلگەن سۆلەتلىك كىشى ئۇدۇل ياغلاقارنىڭ ئالدىغا كېلىپ، مۈرىسىگە يېنىككىنە ئۇرۇپ قويىدى-دە، پەرمان كۈتۈپ باش ئېگىپ تۇرغان لى چېڭغا قاراپ:

— قېنى، تۈز سۆزلۈك، قاپ يۈرەك بۇ باتۇرنى ئېتىغا مىندۈرۈپ، تۆت مەھرەمگە يېتىلىتىڭلار-دە، ئۇدۇل فىڭچېڭ ئايمىقىغا باشلاپ بېرىڭلار، جاۋانمەردلىك قىلىپ جېنىمىزنى قۇتقۇزغان، سولالىگە سادىق بولغان بۇ يىگىتكە ئۆز قولۇم بىلەن تون-سەرپاي ياپماقچىمەن!

— دېۋىدى، ياغلاقارلىك ئەمىرلەشكەر لى چېڭدىن پەس ئاۋاز بىلەن سورىدى:

— ئەمىر قىلغۇچى كىم بولىدۇ؟

— كۈنچىقىشتىن كۈنپېتىشقىچە بولغان جىمى زېمىننىڭ ئىگىسى، زامانىمىزنىڭ شاھەنشاھى تاڭ دېزۇڭ ئالىيلىرى بولمامدۇ؟! — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ سەل ئەيمىنىپرەك.

ياغلاقارلىك ئەمىرلەشكەر لى چېڭنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ «ھە، مۇنداق ئىكەندە» دېگەندەك، بېشىنى لىڭشىتتى ۋە تاڭ دېزۇڭغا ئۆزرە قويۇپ، سالام-سەھەتنى بەجا كەلتۈردى. ئۇنى ئارىغا ئالغان بىر توپ ئاتلىق كىشى ئاتلىرىنى بولۇشىغا چاپتۇرۇپ فىڭچېڭ شەھىرىگە قاراپ يولغا راۋان بولدى.

# 24. ئاستانىدىن ئەلچى كەلدى

ئۈچ كۈنلۈك قىيپاش شامالنىڭ كاراماتىدىنمىكىن، قىش ئايلىرى كەمدىن-كەم ئۇچۇق بولىدىغان يايلاق ئاسمىنى بۈگۈن زۇمرەتتەك رەڭلىنىپ كەتكەن. تۈمانسىز ياز كۈنلىرىدىلا كۆرگىلى بولىدىغان ئاقباش چوققىلار، كۆلەڭگىدەك غۇۋا تۇرىدىغان كەسمە قىيالار بىر كېچىدىلا ئورۇن يۆتكەپ، قۇلقارا يايلىقىغا يېقىنلاپ قالغاندەك قىلاتتى. خېلى يىراقتا، يانتۇلۇقلار، تۈزلەڭلىكلەردە قېلىن قارغا كۆمۈلۈپ كەتكەن ئارچا-تېرەكلەرمۇ قاتمۇقات جۇۋا كىيىۋالغان سېمىز چوپاندەك كۆرۈنەتتى. تومۇر-تومۇرلىرىغىچە توڭلاپ كەتكەن قارلىق زېمىن، زېمىن گەجگىسىدىكى قارلىق دۆڭ، قارلىق دالا، قارلىق چاتقاللار كۆك ئاسمان بىلەن روشەن چېگرا ئاجرىتىپ، ئىككى دۇنيا تەرىقىسىدە كۆزگە چېلىقاتتى.

قاغان ئەتىگەنلىك تىلاۋەتكە چىقماستىنلا پەرمانبەگكە:

— پۈختا ھازىرلىق قىلىڭلار، كۆڭلۈم قۇلقارا يايلىقىنى خالاپ قالدى، — دېۋىدى، بۇ پەرمان تۈنجى بولۇپ تاراس تېكىنگە سەل باشقىچىرەك تۇيۇلدى. ئۇ ئىچىدە: «قارا قىشتا قاغان دادامنىڭ دالا سەيلىسىنى خالاپ قالغىنىنى قارىماملىدىغان، ئاتلار ۋە ئادەملەر قىشلىق يايلاققا كۆچۈپ كەتكەن تۇرسا، كۆڭۈل ئاچقۇدەك يەنە قانداق ئەرمەك بولسۇن ئۇ يەردە؟» دەپ غودۇراپ قويدىيۇ، بىر ئېغىزمۇ قارشى زۇۋان سۈرەلمىدى. نەچچە ئايدىن بېرى، ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ، ئۆز گۆشىنى ئۆزى يەپ يۈرگەن بەگبارس، قاغاننىڭ كەينىگە خۇددى سادىق ئىتتەك ئەگەشتى. ئېرچۇك باخشى قىلىدىغانغا ئىش چىققىنىدىن مەم-

نۇن بولۇپ، باخشىلىق سايمانلىرى بىلەن لىق تولدۇرۇلغان ئالا خۇرجۇننى چامبۇل ئېشىكىگە پۇختىلاپ ئارتتى.

قاغان ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلدى، ئىبادەتتىن كېيىن سۆسەر قۇلاقچىسىنى باستۇرۇپ كىيىپ، سۇلەيسۇن جۇۋىسىغا پۈركىنىپ، ئېتىغا ئاۋايلاپقىنە قامچا ئۇردى. ئۇلۇغ ئاش ۋاقتى بىلەن تەڭ قۇلقارا يايلىقىغا يېتىپ كەلدى-دە، ئۇدۇل تونۇش قىيا ئۈستىگە چىقىپ، تۆت ئەتراپقا نەزەر سالدى.

تازا ئەۋجىگە چىققان قەھرىتان قىشتا يالىڭاچ يېتىمچىدەك تۈگۈلەغان زېمىن تىترىكىنى زورىغا بېسىۋېلىۋاتقاندەك، ھەرىكەتسىز ۋە تىۋىشسىز ئىدى. بىراق، ئۇيۇل تاشتەك قېتىپ كەتكەن يەر يەنىلا سەزگۈدىن قالمىغان، كۆرۈمسىز چاغلىرىنىمۇ كۆرۈملۈك چاغلاپ، سوغۇق شامىلىنىمۇ ئاتەش دەملەرگە تەڭ بىلىپ ئۆز قوينىغا يېتىپ كەلگەن قاغان ئىگىسىنىڭ ئاياغ تىۋىشىنى تونۇۋالغان ۋە ئۇنى مۇبارەك كۆكسىدىكى مۇھەببەت تەختىدە ئەتىۋارلاپ، كۆتۈرۈۋالغانىدى.

چۈنكى، زېمىن ئۇنى بىلەتتى.

زامانلارنىڭ ئاۋۋىلىدە، تۇرالار[1]نىڭ چاپقۇر ئاتلىرى تاغ-تاشلارنى دىر-دىر تىترىتىپ، شىرۋىلاردىن سوغدىيانىغىچە، بايقال كۆلىدىن جەنۇبقىچە بولغان بىپايان يەرلەرنى كېزىپ يۈرگەنىدى. ئاقساقال بۇسات سىر-تاردۇشلار بىلەن بىرلىشىپ شەرقىي تۈركلەرنىڭ شىمالىي بۆلىكىگە ھۇجۇم قىلغاندا، تۇنباغانىڭ ئەجدادلىرى مانا مۇشۇ يەردىن قوزغالغانىدى. تۈرك قاغانى ئىلىك قاغان يوقۇق شاد باشچىلىقىدا

① تۇرالار — قەدىمكى جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدا ياشىغان چوڭ قوۋمنىڭ نامى. ئۇيغۇرلار قاغانلىق قۇرۇشتىن بۇرۇن، تۇرالار تەركىبىدىكى مۇھىم قەبىلە بولغان.

ئاتلاندۇرغان 10 تۈمەن لەشكەرنى بىر زەربە بىلەنلا تارمار قىلىپ زەپەر

ناغرىسىنى ياڭراتقاندا، تونباغانىڭ بوۋىلىرى كۆك ئەلەملىرىنى لەپىلدى-

تىپ، مۇشۇ قىيادا ئويىنىشىپ تۇراتتى.

تاغ ئۇنى تونۇيتتى.

ئۇيغۇرلار باسمىل[1] ۋە قارلۇق[2] قوۋمى بىلەن ئەھدە تۈزۈپ، ئۆز-

مىش قاغان[3] نى غۇلاتقاندا ۋە كۆپ ئۆتمەي باسمىل-قارلۇقلارنىمۇ يوق

قىلىپ، بوستانىڭ ئەۋلادى، ئۇيغۇر ياغلاقارلىرىنىڭ سەرخىلى بولمىش

كۆل بىلگە قاغاننى تەختكە چىقارغاندا، مۇشۇ ئەتراپتا كاتتا بىر مۇراسىم

بولۇپ ئۆتكەنىدى. مۇراسىم تەنتەنىسى بىلەن تونجى قاغانىڭ: «بۇ

زېمىن مۇقەددەس زېمىندۇر، باللىرىم، نەۋرىلىرىم ۋە چەۋرىلىرىم ئۇنى

جان تىكىپ قوغدايدۇ، پۇقرالىرىمنى پاراۋان قىلىدۇ» دېگەن سۆزلىرى

مۇشۇ تاغلارنىڭ قات-قاتلىرىغىچە سىڭىپ كەتكەن، بۇ تاغلار سەلتە-

نەتلىك ئۆتمۈشكە قىيامەتلىك ھەقدار ئىدى. قاغانىڭ بۇ ئاۋازى

ھېلىھەم جاراڭلاپ تۇراتتى، تونباغا قاغان دەل قاغان ئېيتقان ئاشۇ

ئەۋلادلارنىڭ بىرى ئىدى.

ئاق قارلارمۇ ھەممىگە گۇۋاھلىق بېرەتتى.

نەس باسقان يىللاردا ۋەزىر تونباغا ئەل ئوتىدا كۆيۈپ، ئەل

سۆيىدە ئاققاندا، ئەيش-ئىشرەتكە ئەسىر بولۇپ، ئەل غېمىنى ئۇنتۇغان

---

① باسمىل — دەسلەپتە تۇرالارنىڭ بىر قەبىلىسى ئىدى، كېيىن ئۇيغۇر ۋە قارلۇقلار بىلەن بىرلىشىپ، باسمىل قاغانلىقىنى قۇرغان، تېخىمۇ كېيىن ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن يېڭىلىپ، ئۇيغۇر قاغانلىقىغا بېقىنغان ۋە ئۇيغۇر قاغانلىقىدىكى مېھمان قەبىلىگە ئايلانغان.

② قارلۇق — ئەسلىدە كۆك تۈرك قاغانلىقىنىڭ بىر قەبىلىسى ئىدى، مىلادىيە 744- يىلدىن كېيىن ئۇيغۇرلارغا بېقىنغان ۋە ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ بىر قەبىلىسىگە ئايلىنىپ، مېھمان قەبىلە دەپ ئاتالغان.

③ ئۆزمىش قاغان — كۆك تۈرك قاغانلىقىنىڭ ئاخىرقى قاغانى.

بۆكۆ قاغانغا قىلىچ بىلەن چەك قويۇپ، ئەلنى ئامان، پۇقرانى باياشات قىلىمەن دەپ قەسەم بەرگەندە مۇشۇ ئاق قارلار بۇلۇتنىڭ قارنىدا تۇرۇپ ھەممىنى ئاڭلىغان، ھەممىگە شاھىت بولغان. تاغ يۈرەك بۇ ئىنسانغا تەھسىن ئوقۇپ ياخشى تىلەكلەرنى تىلەشكەنىدى...

ئاق يېپىنچا يېپىنىپ، تۇرقىدىن قار باسقان بىر تۈپ ئارچىغىلا ئوخشاپ قالغان ئاشۇ قاغان بۈگۈن بۇ تەۋەررۈك زېمىندا، ئارچىلارنىڭ ئارىسىدا خۇددى بىر تۈپ تىرىك ئارچىدەك ئۆرە تۇراتتى. قويۇق قىرو باغلاپ كەتكەن بۇرۇت-ساقاللىرى ئارىسىدىن تېز-تېز ئېتىلىپ چىقىۋاتقان بىر دەستە بۇس بىلەنلا ئۇنى جانسىز ئارچىلاردىن پەرقلەندۈرۈپ بولاتتى. ئۇ ئارچىدەك ياكى قورام تاشتەك قىمىر قىلماي تۇرغىنى بىلەن، مۇرەككەپ ئويلار بىلەن چۇلغانغان، بوران سوققان دېڭىزدەك ئۆرە-تۆپە بولۇۋاتقان تۇيغۇسى چۈش كەبى ئاجايىپ ھېسلارغا ئورۇن بەرمەكتە ئىدى.

دەسسەپ تۇرغان بۇ زېمىن بەجايىكى، يۈكى ئېغىر كەلگەن تۇپاقتەك، تۇرۇپ-تۇرۇپ تەۋرەپ قوياتتى، تاپىنىدىن تېشىپ ئۆتكەن بۇ تەۋرىنىش تومۇرىنى بويلاپ يۇقىرىغا ئۆرلەيتتى-دە، يۈرىكىگە يېتىپ بېرىپ، رەھىمسىزلەرچە مۇجۇپ ئۆتەتتى...

ئىمىشقىدۇر ئۆز ئورنىنى تەرك ئەتكەن سوغۇق قۇياش ئاسماندىن چۈشۈپ، يېقىنلا بىر يەرگە كېلىپ، ئۇنىڭ كۆزىگە بەئەينى يەكچەشمىدەك قاراپ تۇراتتى، ھەق-ناھەق ئالدىدا يۈزلەشمەكچى بولغاندەك ۋە ياكى قىيىن بىر ئىمتىھاندا جاۋاب كۈتكەندەك تىكىلگىنى تىكىلگەنىدى...

سوغۇق شامال يىلاندەك شۇۋىرلايتتى، ھاۋا چىدىغۇسىز سوغۇق ئىدى. بىراق، ئىمىشقىكىن، قاغاننىڭ قورۇق باسقان گۆشلۈك يۈزى داغمال ياققاندەك قىزىرىپ تۇراتتى، قىزارغان يۈزىدە گوياكى سان-سا-

ناقسىز چۇمۇللىلەر ئۆز مەيلىچە قاتراپ يۈرەتتى، يەتتە ئەزايى جىسمىدا يالقاندەك تەرلەپ تۇراتتى. بۇ تەرلەر ئۇگە-ئۇگىلىرىنى يۇمشىتىپ، ۋۇجۇدىنى مومدەك ئېزەتتى...

بوشاپ قالغان يايلاق ئاسمىنىدا ئۇزۇن قۇيرۇقلىرىنى لەپەڭلىتىپ ئۇياق-بۇياق ئۇچۇپ يۈرگەن ۋاتىلداق سېغىزخانلار ئۇنى مازاق قىلغاندەك ئۆز تىلىدا بىر نېمىلەرنى دەپ شاراقلايتتى. قاغان قۇشلارنىڭ تىلىنى بىلەتتى، ئاغزى يامان سېغىزخانلارنىڭ نېمىلەرنى دەۋاتقانلىقى ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئايان ئىدى...

— ئاھ شەپقەتلىك تەڭرى، قۇل بەندەڭگە ھەممەت كۆرسىتىپ، خىجالەتتىن ئەمىن قىلغايسەن، جىن-شاياتۇنىنىڭ قەستىنى ۋەيران قىلغۇدەك كۈچ-قۇدرەت بەخش ئەتكەيسەن. ئۇلارنىڭ سېھرىنى بۇزۇپ، ئۇردا ئوتتۇغاتىنى ئېلىپ شۇنداق بىر ئىش قىلايكى، پۇقرالىرىمنىڭ ئالدىدا يۈزۈم يورۇق، قوشنا قوۋملەر ئارىسىدا مەرتىۋەم ئۇستۇن بولسۇن، جىمى تەئەللۇقاتىمنى، ھەممە چارۋىپايلىرىمنىڭ جېنى ۋە قېنىنى سەن ئىگەمگە قۇربانلىق قىلاي...

قاغان ياش ئەگىۋاتقان كۆزلىرىنى ئاسمانغا تىكىپ، ئىلاھلارنىڭ ئىلاھىغا قول سوزۇپ، يۈرىكىنى يېرىپ چىققان بوغۇق ئاۋاز بىلەن مۇناجات ئوقۇشقا باشلىدى. ئاشۇ قىيادا پەيدا بولغان ئېرچۇك باخشى قۇلقارانىڭ قۇرۇق ساتمىسىدىن سۇغۇرۇۋالغان بادرا بىلەن موما تىك-لەپ، بىر چار خورازنى مومىغا ئاستى ـ دە، داپ چېلىپ، قوڭغۇراقلى-رىنى شالدىرلىتىپ، قاغان ئەتراپىدا مەست تۆگىدەك پىرقىرىغىلى تۇردى.

قاغان تىلاۋەت قىلاتتى، ئۇنىڭ تىلاۋىتى شۇنچىلىك ساپ ۋە سەممىي ئىدىكى، يىغلامسىراپ ئوقۇغان مۇناجاتلىرى تاشنىمۇ ئېرىتەت-تى، ئىلتىجالىق ئاھى توختىماي چۆرگىلەۋاتقان ئېرچۇك باخشىنىڭ

يىرتىق دومباقتەك يېقىمسىز ئاۋازىنىمۇ بىسىپ چۈشەتتى. ئۇ قىرىشقاق-
-دەك ئۆزىگە باقمايۋاتقان زاماندىن، مەقسەت گۈلىنى ئېچىلدۇرمايۋاتقان
تەقدىردىن شىكايەت قىلاتتى.

دۇرۇس، قاغان يىغلايتتى. يىغلىغاندىمۇ چىن دىلىدىن يىغلايتتى.
دېمىسىمۇ، هازىر بىر تەڭرىدىن ئۆزگە، بىر زېمىن ئىلاھىدىن ئۆزگە
ئۇنىڭ يىغىسىغا قۇلاق سالغۇدەك، دەردلىرىگە دەرمان بولغۇدەك يەنە
كىمى بار ئىدى؟

تۇمەنباشى بەگبارسچۇ؟ قەدىناس ئۆلپىتى، قول ئاستىدىكى
چوڭ سەردارى تۇرۇقلۇق، قاغان ئۇنى سىردىشى دەپ بىلمەمدىكىنە؟

ئاتسىز، ئەرمەكسىز يايلاق مەنزىرىسىدىن ئۆلگۈدەك بىزار بولۇپ،
قىياغا يېقىن يەردە تۇرۇۋېلىپ قاغانغا ئايغاقچىدەك كۆز سىلىۋاتقان
بەگبارسنىڭ ئايانچلىق قىياپىتى «لىپ» قىلىپ كۆز ئالدىدا پەيدا
بولۇۋىدى، قاغان نېمىشقىدۇر شۈركەندى، بۇ قىياپەتنى كۆرمىگەنگە
سىلىپ، ئالدىنى باشقا تەرەپكە بۇرۇۋالدى.

راست، تۇنباغا قاغان بەگبارس بىلەن مىڭباشى بولۇپ يۈرگەن
كۈنلىرىدىلا تونۇشقانىدى. بايانچۇر قاغانغا ئەگىشىپ كۆپ جەڭلەردە
باتۇرلۇق كۆرسەتكەن، كاماندارلىق هۈنىرى بىلەن تەدبىر-هىيلىلەرنى
تەڭ ئىشلەتكەن ياش بەگبارس ئۇ چاغدا، تۈمەن لەشكەرنىڭ سەردا-
رى بولمىش تۇنباغا سانغۇنغا قىرىندىشىدەك يېقىنچىلىق قىلاتتى. هالىغا
هال، مۇڭىغا مۇڭ بولاتتى.

بىراق، ئۇ چاغدا بەزىلەردىن: «بەگبارس پۇل-پۇچەككە دۆم
چۈشكەن ئادەم، هېزى بول، بۇنداق ئادەم دوستىغا ۋاپا قىلمايدۇ»
دېگەنلەرمۇ بولدى. شۇنداقتىمۇ تۇنباغا ئۇنداقلارنى «ئىچى تار ئادەم-
لەر» قاتارىغا چىقاردى ۋە ئۆزىگە قانداق ئىشەنگەن بولسا بەگبارسقىمۇ
شۇنداق ئىشىنىۋەردى. بۆكۈ قاغان ۋەقەسىدە ئۇ ئۆزى بىلەن «بىر

يەگىدىن قول، بىر ياقىدىن باش» چىقىرىۋىدى، ھىلىقىدەك گەپ قىلغانلار جىمىپ قالدى، مىش-مىش گەپلەر قۇدىقچىلىقتا ھالاقەت يەتكۈزەلمىدى.

كېيىنكى كۈنلەردە، بەگبارسىنىڭ ۋۇجۇدىدا راستتىنلا ئادەمنى سەسكەندۈرىدىغان بەزى ئىللەتلەرنىڭ بارلىقى سېزىلدى. تۇنباغا بۇ ئىشلارنى يەنە ياخشى تەرەپكە جورۇپ، ئالەمنى سىغدۇرالايدىغان كەڭ قورساقلىق بىلەن لايىقىدا مۇئامىلە قىلدى. «مەن قاغان بولدۇم، ئۇ ئاران تۇمەنباشى بولدى، ئەتىمالىم نەپسى ئىزا تارتقاندۇ، ۋە بەلكى ئۇنىڭغا كۆپرەك يول قويۇشۇم، ئەتىۋارلىشىم كېرەكتۇ» دېگەن يەكۈن بىلەن ئۆزىگە تەسەللى بەردى.

بىراق، بەگبارسىنىڭ قۇتلۇق بىلەن تۆر تالىشىشلىرى، تاراس بىلەن ئۇۋىغا چىقىشلىرى ۋە سەۋەبسىزلا تۇدۇننىڭ تەرىپىنى ئېلىپ ئۇت قۇيرۇقلۇق قىلىشلىرى قاغاننىڭ ئەقلىگە سىغمىدى، ئارتۇقچە سىپاگەرلىك ساختىلىق تۇيغۇسىنى بېرىپ قويدى. ھەيران قالىدىغان يېرى، قاغان قۇتلۇقنىڭ بەزى ئاگاھلاندۇرۇشلىرىغا قۇلاق سالمىۋىدى، نەتىجە يەنىلا قۇتلۇقنىڭ دېگىنىدەك بولۇپ چىقتى.

قاغان بەگبارسنى ھېلىگەر دۈشمەن قاتارىدا كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپمۇ باقتىيۇ، لېكىن قايىل بولغۇدەك پاكىت تاپالمىدى، ئاقىۋەت قانداق بولدى؟ قاغان ئۇنىڭ دوست ياكى دۈشمەن ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلالمىدى، لېكىن ئۇنى دوست دەپمۇ، دۈشمەن دەپمۇ قارىمايدىغان بولدى.

ئۆز ئوغلى تاراس تېكىنچۇ؟ دادىسى ئەل غېمىنى يەپ ياش دەرياسىدا ئېقىۋاتقاندا، قۇلقارادىن بوشاپ قالغان كونا ئۆيگە كىرىۋېلىپ، ئوتسىنغاچ، بەگبارسىنىڭ ئېزىتقۇ ھەققەمسايىلىرى بىلەن مەيخورلۇق قىلىۋاتقان بىغەم ۋەلىئەھد — تاراس تېكىنچۇ؟

ئۆز پۇشتىدىن تامغان يالغۇز ئوغۇل بولغىنى ئۈچۈنمۇ ياكى ئانا مېھرىگە قانمىغىنىغا ئىچ ئاغرىتقىنى ئۈچۈنمۇ، تونباغا تاراس تېكىنىنى كىچىكىدىن باشلاپلا ئالقىنىدىكى بىر پارچە گۆھەردەك ئەتىۋارلاپ باقتى. تاراسنىڭ ئانىسى ھايات چېغىدا «بارى-يوقى بىرلا ئوغلىمىز، بار، ئۇرۇق-ئەۋلادىمىزنىڭ چىرىغىمۇ شۇ» دېگەن گەپنى ئولتۇرسا، قوپسا ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى.

تاراس تۆت ياشقا توشقان يىلى ئانا-بالا ئىككىسى قاتونبالىققا كېتىۋىدى، كۆپ ئۆتمەي، ئانىسى قازا قىلدى. تاراس ئاق باغلانغان مەپە بىلەن ئوردوبالىققا قايتۇرۇپ كېلىندى. تونباغا يېتىم تاراسنى ئامراق ئايالىنىڭ ئۆزىگە قالدۇرغان بىردىنبىر يالدامىسى دەپ بىلىپ، تېخىمۇ ئەتىۋارلىدى، ۋەزىر-ئەزىم بولۇپ ھال-كۈنى ياخشىلانغان ھامان نەچچىلەپ ئىنىكئانا تەيىنلەپ، باياشات مۇھىتتا چوڭ قىلدى، يالغۇز-لۇق تارتمىسۇن دەپ، ئالدى بىلەن كەدىرەنى، كېيىن قۇتلۇقنى بالا قىلىۋېلىپ، ئۇنىڭغا ھەمراھ تېپىپ بەردى.

يىللار كارۋىنى ئىز بېسىپ ئۆتۈۋەردى، كىچىك تاراس كوكۇلد-سىدىن سوزغاندەك بوي تارتىپ، كۆكۈلچەك، باغرى يۇمشاق يىگىت بولۇپ قاتارغا قېتىلدى. ئۆزىنىڭ مۇھىم بىر بۇرچىنى بەك كېچىكىپ ئەسكە ئالغان تونباغا ئۇستا مەشقاۋۇلدىن بىرنى ئەپكېلىپ جانبازلىقتىن ساۋاق بېرىۋىدى، نەيزە مەشقىنىڭ تونجى كۈنىلا تاراسنىڭ «يالغان جەڭ»دىن خۇشى كەتتى. ئىلمى كامىل باخشى-ئۇستازلار ئۈچ-تۆت ئايچە خەت ئۆگەتتى، ئۇن ھەرپنى ئۆگەنمەيلا بۇنىڭدىنمۇ زېرىكتى. ئىلمى ھېساب، ئىلمى نۇجۇمدىن ساۋاق بەرگەندە، ئۇ بۇنى تەس كۆرۈپ، ساۋاقتىن قاچتى، ئاغىنىسىنىڭ نېمە قىلارىنى بىلمەيۋاتقىنىنى كۆرگەن بەگبارىس تونباغاغا: «تاراس بېگىمنى ئۆيلەپ قويماق زۆرۈر، بالا دېگەن ئۆيلەنگۈچە يەنىلا بالا، ئۆيلىنىپ بىر ئۆينى بېشىغا

كىيگەندىن كېيىن ئاندىن چوڭ بولىدۇ» دەپ مەسلىھەت بەردى ۋە قىزى قىزتۇرمىشنى كېلىنلىككە شىپى كەلتۈردى. تۇنباغا ئۇنىڭ دېگە-نىنى قىلىپ، ئوغلىنى تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق-چۈچۈكىنى كۆپ تېتىغان قىزتۇرمىش بىلەن چېتىپ قويىدى.

پەلەك چاقى ئۇ ئۈچ چۆرگىلەپ تۇنباغا قاغان بولغاندىن كېيىن، ئەل قائىدىسى بويىچە تاراسنى ۋەلىئەھد دەپ جاكارلاپ، ئۇنىڭ ئىقبالىغا يەنە بىر قېتىم داغدام يول ئېچىپ بەردى. «سۈت بىلەن كىرگەن خۇي جان بىلەن چىقىدۇ» دېگەن گەپ راست بولسا كېرەك، ۋەلىئەھد دېگەن ئاتاق ئۆزگەرگەن بىلەن، ئۇ يەنە ئۆز قېلىپىدا ياشاۋەردى، ئۆز يولىدا مېڭىۋەردى. ئەپسۇس ۋە پۇشايماندا يوغۇرۇلغان «ئۆزۈمدىن كەتتى» دېگەن بىر ئېغىز سۆز تۇنباغانىڭ ئەڭ كۆپ تەكرارلايدىغان سۆزى بولۇپ قالدى...

— قۇتلۇق، قۇتلۇق بالام، نەدىسەن؟

مۇناجاتتا ئوقۇلىدىغان دۇئا-تەكبىر ئىچىدە «قۇتلۇق» دېگەن سۆز مەۋجۇتمۇ؟ ياق! كۆڭلى سۇنغان قاغان ئۇيغۇر قوۋمىنىڭ ھۆر-مەت تەختىدىن ئورۇن ئالغان مەرھۇم ئۇلۇغ تاغىسى قۇتلۇق بىلگە قاغاننى ياد ئېتىپ قالدىمۇ؟ ياق! قاغانىنىڭ ئېتىقادىنى ئۆزىگە رام قىلغان بىرەر تەڭرىنىڭ نامى قۇتلۇقمىكىن يا؟ ياق!

تۇنباغا قاغان يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان قۇتلۇقنى تولا چۈشەي-دىغان، تەمكىنلىك، پاراسەت، باتۇرلۇق ئالامەتلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدى-غان چىرايىنى پات-پات كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدىغان بولۇپ قالغانىدى. يا جانبازلىقتا، يا مەنسەپكە قىزىقمايدىغان تاراس تېكىنىدىن كۆڭلى قالغان چاغلىرىدا قۇتلۇقنى ئۆز پۇشتىدىن ياراتمىغىنى ئۈچۈن تەقدىر-دىن بەكلا خاپا بولاتتى. ئەگەر كاچ تەقدىر شەپقەت قىلىپ، قۇتلۇقنى ئۆز ۋۇجۇدىدا، ياغلاقارنىڭ قارنىدا ئاپىرىدە قىلغان بولسىدى، ئۇ

قوتلۇقنى ۋەلىئەھد قىلىپ تاللاشقا مىڭ مەرتەم رازى بولار ئىدى.

قاغان قوتلۇقنىڭ چاپىشلار يېرىگە كەتكىنىنىڭ سەۋەبىنى تا ھېلىغىچە چۈشەنمەي يۈرەتتى. ئۇ بەزىدە بېشىنى سىلكىۋېتىپ، «ئىككى تۈمەن لەشكەرنىڭ ئىزگىنىنى بەگبارىس تۇتقاندىن كۆرە، ئۇنىڭ تۇتقىنىمۇ خوپ» دەپ ئۆز-ئۆزىگە تەسەللى بېرەتتى.

— جەھەننەمدىن قېچىپ چىققان دۆ-پەرىلەر، قاغانىمدىن يىراق تۇرۇڭلار، جايىڭلارغا جۆنەپ كېتىڭلار، ھە... ھۇ... ھە... ھۇ...

تولا دۇرۇت ئوقۇپ، جاۋغايلىرى يارا بولۇپ كەتكەن ئىرچۇك باخشى قاغاننى دەۋر قىلىپ چاقپەلەكتەك چۆرگىلەيتتى. قاغاننىڭ ھالىغا قاراپ، ئۇنى تەھتىسارادىن قېچىپ چىققان شاياتۇنلار ئاۋارە قىلىۋاتقان بولسا كېرەك دەپ پەرەز قىلاتتى ۋە ساپايىسىنى يەرگە ئۇرۇپ، پەقەت ئۆزىلا كۆرۈۋاتقان، ئۆزگىلەرنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەيدىغان ياۋۇز جىن-شاياتۇنلارنى پاتراق ھەيدىۋېتىشكە تىرىشاتتى، جىنلارغا غەزەپ قىلىۋېتىپ، خىرىلدايتتى، بار ماغدۇرىنى ئىشقا سېلىپ، يەرگە تېپەتتى.

تۇنباغا ئاسمانغا يېقىن تۇرۇپ تەگرى بىلەن غايىبانە «سۆھبەت» قۇرغاندىن كېيىن، ئىچى بوشاپ، ئىنى كېڭىيىپ قالغاندەك بولدى. كىشىنى ھەيرەتتە قالدۇرغىنى شۇكى، بۇ «سۆھبەت»دىن كېيىن ئۇنىڭغا قۇتلۇقنىڭ «جىنى» چاپلاشتى. نەگە قارىمىسۇن، قارىغان يېرىدە قۇتلۇقنىڭ قوللىرىنى بېلىگە تىرەپ، بېشىنى سەل ئالدىغا سوزۇپ، تەمكىن ھالدا كۈلۈمسىرەپ تۇرغان تۇرقى كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى.

ئەسلىدە ئۇ ئادەت بويىچە ئىرچۇك باخشىغا قوشۇلۇپ توققۇز مەرتەم پىرقىراپ چىققاندىن كېيىن موما ئۈستىدىكى قۇربانلىق خورازنى ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرۈشى، ئۆلگەن خورازنى ئىرچۇك باخشىغا نەزىر قىلىپ، ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئېلىشى كېرەك ئىدى. تەگرىدىن قانداقتۇر بىر بېشارەت ئېلىپ ئۇبدانلا ھاياجانلانغان تۇنباغا قاغان كونا

ئادەتنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، چۆرگىلەۋاتقان باخشىدىن، سوغا چۈشۈپ كەتكەن ئوغلاقتەك شۈمشەرەپ تۇرغان بەگبارىستىن ئەگىپ ئۆتۈپ كەتتى-دە، تاراس تېكىننى چاقىرتتى. ئۇنىڭغا:

— پەرمانبەگكە يەتكۈزگىن، ئاز كۈن ئىچىدە قۇتلۇق سانغۇننى كۆرگۈم بار، —دېدى پەرمانمۇ، ئۆتۈنۈشكىمۇ ئوخشىمايدىغان غەيىرىراق تەلەپپۇز بىلەن.

قاغاننىڭ ئاۋازى بېسىقمايلا ئوردۇبالىق يولىدىكى تۆپىلىك كەينىدىن ئاتلارنىڭ سىلكىنىۋاتقان بېشى كۆرۈندى، بىرئازدىن كېيىن دۆڭ ئۈستىدىكى ئۇپۇق سىزىقىدا بىر توپ ئاتلىقلار پەيدا بولدى. ئۇ ئاتلىقلار ئاتلىرىنىڭ شامالدەك تېز چېپىۋاتقىنىغا قارىماي، ناھاللىق ئۆتۈكلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئاتلارنىڭ بىقىنىنى تېشىۋەتكۈدەك قاتتىق دىۋىتەتتى، قار-يامغۇردەك قامچا ياغدۇراتتى. ئات ئايىغىدىن توزۇپ چىققان قار ۋە قارا تۇپراق چۆچۈپ كەتكەن قاغا كەبى تىك ئۆرلەپ يەنە يەرگە چۈشەتتى. ئات ئۇينىتىشلىرىدىن قارىغاندا، ئۇلار جەڭگاھتىن زەپەر خەۋىرى ئېلىپ كېلىۋاتقان يەلتاپان شاتۇرلارغا ئوخشايتتى.

بەيگىگە چۈشكەندەك ئۇچۇۋاتقان بۇ ئاتلىقلار 500 قەدەمدە قارشىسىدىن چىقىپ، ئالدىنى تورىغان سەزگۈر قوروقچىلارنى نېمىلەرنىدۇر دەپ ئەيۋەشكە كەلتۈردى-دە، قاغاننىڭ قارىسىنى كۆرۈپلا يوشۇرۇن توسۇق تامغا ئۇسۇۋالغاندەك، چېپىدىلا توختاشتى. ئاتلىرىنى يېتىلەپ پىيادە كېلىۋاتقانلار ئارىسىدىكى بىرەيلەن قاغاننىڭ ئالدىغا كېلىپ ئەدەپ بىلەن ئېگىلدى ۋە:

— قاغان ئالىيلىرىنىڭ مۇبارەك دىدارىنى كۆرگىنىمگە خۇشالمەن، مەلۇم بولغايكى، پىقىر مىڭباشى ياغلاقار لىك قۇتلۇق سانغۇننىڭ پەرمانىغا مۇۋاپىق، قۇتلۇق سانغۇننىڭ ۋە ئەللىك كىشلىك تابغاچ ئەلچىلىرىنىڭ ئوردۇبالىق دەرۋازىسىغا يېقىنلاپ كېلىۋاتقىنىدىن خەۋەر

بېرىمەن، قوۋۇق قورۇقچىلىرىدىن قاغان ئالىيلىرىنىڭ مۇشۇ ئەتراپتا تىلاۋەت قىلىۋاتقىنىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇدۇل بۇ تەرەپكە قاراپ ئات چاپتۇردۇم،— دېدى ۋە پېشانىسىدىن قويۇلۇۋاتقان سوغۇق تەرنى چاڭ-دۇرماي سۈرتۈۋالدى. ئۇ قاغاننى ئىشەنمەي قالمسۇن دېدىمۇ، قۇتلۇق بەرگەن زەر دەستەكنى قوينىدىن چىقاردى.

— تابغاچ ئەلچىلىرى كېلىۋاتىدۇ دېدىڭما؟ ئوردىدىن ئەلچى كېلىۋاتىدۇ دېمەكچىمۇ سەن، بۇ گېپىڭ يالغان ئەمەستۇر-ھە بالا؟

— ئالىيلىرىغا يالغان ئېيتقىلى بېشىم ئون ئەمەس!

ياغلاقار لىك ئىشەنچ بىلەن جاۋاب قايتۇردى.

— ھە، مۇنداق دېگىن، تابغاچلاردىن ئەللىك كىشى كەپتۇ-دە.

قاغان خاتىرجەمگىنە بىر نەپەس ئېلىۋالدى، يۈز-كۆزلىرىدىن كۈلكە بالقىدى، تىلىكنى بۇ قەدەر تېز ئىجابەت قىلىپ ھەيران قالغۇدەك كارامەت كۆرسەتكەن كۆك تەڭرىگە يەنە بىر قېتىم تېۋىنىۋال-دى، توڭلاپ، قىزىلمۇچتەك قىزىرىپ كەتكەن ئالقانلىرىنى بىر-بىرىگە سۈركىگەچ، ئاستا قەدەملەر بىلەن مېڭىپ ھېلىغىچە سالامدا تۇرغان ياغلاقارنىڭ ئالدىغا كەلدى-دە، كۆزلىرىگە مېھىر بىلەن سەپسالدى.

قاغان:

— ھەي يىگىت، سەن قۇتلۇقنىڭ ھىمايىسىدىكى ھېلىقى تابغاچ بالىسىغۇ دەيمەن، شۇنداقمۇ؟ — دەپ سورىدى. ياغلاقار بالىلارچە ھىجىيىپ قويۇپ جاۋاب بەردى:

— ئالىيلىرىنىڭ مۇبارەك نەزىرىگە ھەشقاللا، ئېتىم ياغلاقار، لەقىمىم لىك، بۇرۇن تابغاچ بالىسى ئىدىم، ھازىر ئۇيغۇر بالىسى-مەن...

قاغاننىڭ يامغۇردىن كېيىنكى ھاۋادەك ئېچىلىپ كەتكەن قاتاڭغۇر

چىرايىدا قانائەت كۈلكىسى كۆرۈندى. ئۇ ئەتراپىدىكىلەرگە ئاڭلىتىپ تۇرۇپ:

— كەمىنە قاغان ئايىغى تېز، تىلى چاققان بۇ يىگىتنى ياقتۇرۇپ قالدىم، خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلگىنىنىڭ سۆيۈنچىسىگە ئېگەر-جابدۇق-لۇق بىر ئېسىل ئات ئىنئام قىلماقچىمەن، — دېدى - دە، پۈتۈكچىگە پۈتۈك يازدۇرغاندىن كېيىن، قايتىش ئۈچۈن يارلىق چۈشۈردى...

تۈرلۈك-تۈمەن ئاجايىباتلارنى ئۆزىدە جەم قىلغان، ھەر بىر كۈن ۋە ھەر بىر دەقىقىدە ھېسابسىز سىر-كارامەتلەر زاھىر بولۇپ تۇرىدىغان بۇ دۇنيادا، ئادەمنىڭ ئۆز كۆرمىشى ۋە كەلگۈسىنى بىلمەسلىكى ئەقلنى لال قىلىدىغان بىر قىزىق ئىش ئىكەن.

مانا شۇنداق قىزىق ئىشنىڭ بىرى، ياغلاقارلىك چوڭ ئاستانە بوسۇغىسىغا كېلەر-كەلمەيلا يۈز بەردى. ئۇ قۇتلۇقنىڭ مەخپىي تاپشۇ-رۇقنى ئېلىپ كېتىۋېتىپ، نەس باسقان ھېلىقى ئۆتەڭدە تاك دېزۇك ۋە ئۇنىڭ ۋەزىر-ۋۇزرالىرى بىلەن تاسادىپەن ئۇچرىشىپ قالدى.

«ئېلىشمىغۇچە تېپىشماس» دېگەن تەمسىلمۇ ھەر ھالدا توغرا ئوخشايدۇ. دېگەندەك، تۇنجى قېتىملىق ئۇچرىشىشتىلا ئۇلار چۈجە خورازدەك راسا ھۈرپىيىشتى. يامان چاغدا ئەسقاتاچقىمۇ ياكى قاقۋاش تەقدىر شۇنداق ئورۇنلاشتۇرغانمۇ، شاھ دېزۇك ياغلاقارنى ياقتۇرۇپ قالدى، فېكتىيەن شەھىرىگە بارا-بارمايلا مەي ئىچىشىپ، كونا تونۇش-لاردەك ئۇلپەتلىشىپ كەتتى.

ئۇلپەتلىشىۋېتىپ، ياغلاقارلىك دەيدىغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى دە-ۋالدى. پۇرسەت كېلىپ، پادىشاھ ئۇلۇغ ئاستانىگە تېگىش قىلىۋىدى، ئاسىلقارانى يىلپىزدەك چاپتۇرۇپ، جىمى سەردارلارنىڭ ئالدىدا ماگدى، «قوش كامانلىق چەۋەنداز» ۋە ئوردا نەيزىچىلىرىدىن قورقۇپ جىنى چىققان ئاسىيلار بىر ھۇجۇم بىلەنلا شەھەرنى تاشلاپ بەدەر تىكىۋەتتى.

شەھەر شاھ قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن ياغلاقارلىك زىياپەتلەرگە داخىل بولۇپ، خېلى ئوبدان تارتۇقمۇ ئالدى. ئەل ئارىلاپ، ئۇنى-بۇنى سوراپ يۈرۈپ قورىقان ئاتلىرىنىڭ سىرىنى ئاچاي دەپ قىلىۋىدى، پادىشاھتىن پەرمان كېلىپ قالدى. قاتمۇقات قوۋۇقلاردىن ئۆتۈپ سې-پىلىنىڭ ئەڭ ئىچكىرىسىدىكى كاتتا سارايغا كىرىپ كەلدى.

— ئەل چوڭلىرى ۋە ئاقىللارنىڭ گەپ-سۆزلىرىنى ئوبدان ئويلىنىپ كۆردۇم، ئەقىلدارلىرىمىنىڭ ئىپتىقانلىرىنىمۇ ئاڭلاپ باقتىم، — دېدى پادىشاھ ھەشەمەتلىك كاتتا سارايدا سەل قورۇنۇپراق ئولتۇرۇۋاتـ-قان ياغلاقارغا مۇلايىملىق بىلەن، — جىنۇۋ دورغاپى جاڭ گۇاڭچىڭ تودۇن يالۋاچنىڭ تېگىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئوردىغا مەلۇم قىلمايلا قاتتىق قوللۇق قىلىپ قويۇپتۇ. تودۇن يالۋاچ يامان ئىش قىلغان بولسا، پۇل-مېلىغا ئەگىسمۇ جىنىغا زامىن بولمىسا بولاتتىغۇ. قاغانىڭلارنىڭ قانىنى قان بىلەن يۇيىماي سۇ بىلەن يۇيغۇلۇق دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ مەرھۇم شاھ دادامنىڭ ۋەسىيىتى يادىمدىن كېچىپ قالدى. سىلەر كەڭ قورساق قوۋم ئىكەنسىلەر، ئوردىمىزغا بەيئەت قىلغىنىڭلاردىن ئۆزگە، ئاتا-بوۋىلىرىمىنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە كۆرسەتكەن خىزمىتىڭلارمۇ ئاز ئەمەس. ئويلىسام، ئاداۋەتنى تاشلاپ ئارىنى ياخشىلايدىغان چاغمۇ بولۇپ قاپتۇ. شۇ ۋەجىدىن سەردارلاردىن بىرىنى ئەلچىبېشى قىلىپ قاغانىڭلارنىڭ ئالدىغا بىرقانچە ئون ئادەم ئەۋەتىپ، مەرھۇم تودۇننىڭ ئۆلۈمى ئۈچۈن ئۆزرە ئېيتاي دەيمەن، يەنە ئات سودىسىدا تارتقان زىيىنىڭلار ھېسابىغا 100 مىڭ توپ شايى، 100 مىڭ سەر كۈمۈش تۆلەم بەرمەكچىمەن[1]...

بوۋىسىدىن چۆچەك ئاڭلاۋاتقان بالىدەك باش لىڭشىتىپ ئولتۇر-

---

[1] لىن گەن، گاۋزىخۇ: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخى»نىڭ 60-بېتىدىكى ئەينەن مەلۇمات.

غان ياغلاقار لىك پادىشاھنىڭ ئىنىق ۋە ئاستا ئېيتقان سۆزلىرىدىن تېزلا تەسىرلىنىپ كەتتى. ئۇ «قۇتلۇق ئاكام نېمىدېگەن دانا، نېمىدېگەن ئەقىللىق، ئۇنىڭ يۈرەك قېنى ئاخىر بىكارغا كەتمىدى» دەپ ۋارقىرىماقچى بولدىيۇ، يىقىندىلا ئۆگىنىۋالغان ئۇردا قائىدىسىنى ئەسكە ئېلىپ، ئاۋازىنى يۇتۇۋەتتى، ئورنىدىن تۇرۇپ، تاڭ ۋەزىرلىرىنى دوراپ يەڭلىرىنى «پاس-پۇس» قىلىپ قېقىۋەتكەندىن كېيىن:

— شاھ ئالىيلىرىنىڭ ھىممىتىگە ھەشقاللا، — دېۋىدى، پادىشاھ ئۇنىڭ دورامچۇق بالىدەك سەبىي ھەرىكەتلىرىگە قاراپ تېلىقىپ-تېلىقىپ كۈلۈپ كەتتى ۋە:

— دادىڭىزغا ئېيتىڭ، «قۇش قېرىسا ئۆز يۇرتىغا قايتار» دەپتىكەن، يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ ئۆز ئۇقتى بىلەن مەشغۇل بولۇۋەرسۇن، ئەمدى ئۇنى ھېچكىم بوزەك قىلالمايدۇ، — دېدى.

ياغلاقار لىك قىكتىيەندىكى ۋاقتىدىلا ئۆيىدىكىلەرنىڭ بەختسىزلىكلىرىنى پادىشاھقا ئېيتىپ بەرگەنلىكىنى يادىغا ئېلىپ، يۈزى قىزىرىپ كەتتى ۋە يەنە بىر قېتىم تەزىم قىلىۋەتتى. ئۇ پادىشاھنىڭ ئەسنەۋاتقىنىنى كۆرۈپ، چىقىپ كېتىشكە ئىجازەت سورىۋىدى، پادىشاھ ئۇنى يەنە توختىتىۋالدى.

— يەنە بار!

پادىشاھ ياغلاقارغا يەر تېگىدىن قاراپ قويۇپ ئىدىتلىق قىلىپ يۆگەلگەن بىر ئورام سىېرىق قەغەزنى قول باغلاپ تۇرغان قېرى پۇتۇكچىگە ئۇزاتتى. پۇتۇكچى پادىشاھنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ، قەغەزنى ئاۋايلاپ ئېچىپ ئۈنلۈك ئوقۇشقا باشلىدى:

— ئىنىمنىڭ مەكتۇپىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، مەزمۇنى ئۈستىدە ئوزاققىچە ئويلاندىم ۋە ئۆزۈمگە تەسەللى بەردىم. ئىنىم تۇنباغا، سىز تالانت ۋە بىلىم دائىرىڭىزنىڭ كەڭلىكى جەھەتتە باشقىلاردىن ئېشىپ

چۈشىنىسىز، باشقىلارغا مېھىر-شەپقەت قىلىسىز، قوشنا قوۋملەر بىلەن ئىناق ئۆتىسىز، قائىدە-يوسۇنلارنى ياخشى چۈشىنىسىز، كۆكسى-قارنىڭىز كەڭ، يېغىلىقلارنى تۆكتۈپ، پەزىلىتىڭىزنى نامايان قىلىدىڭىز[1]

...

— مانا بۇ قاغانىڭلارنىڭ خېتىگە ئۆز قولۇم بىلەن يازغان جاۋابنامە، سىز ئەتىلا كەلگەن يېرىڭىزگە قاراپ يولغا چىقىسىز، ئەلچىلەرمۇ ئۇلىشىپلا ئاستانىدىن قوزغىلىدۇ، جاۋابنامىنى ئەلچىبېشى ئېلىپ بېرىپ قاغانىڭلارغا تاپشۇرىدۇ...

ياغلاقار لىك بەزى گەپ-سۆزلەرنى چۈشىنىپ كەتمىسىمۇ، لېكىن ئۆز قاغانىنىڭ ماختالغانلىقىنى چۈشىنىپ، شاھ دېزوڭغا ھۆرمەت بىلەن جاۋاب قايتۇردىيۇ، ئۇنىڭ ئۆز قاغانىنى نېمە سەۋەبتىن بۇنداق كۆپ ماختىغىنىنى چۈشىنەلمەيلا سارايدىن چىقىپ كەتتى.

ئاقىللار ئېيتقاندەك، بۇ ئالەم سەۋەبنىڭ ئالىمى، شامال چىقمىسا دەرەخ مىدىرلىمىغاندەك ۋە شامالنىڭ چىقمىقىمۇ سەۋەبكە باغلىق بولغاندەك، قاغانىنىڭ بەش يىل بۇرۇنقى خېتىگە ئەمدى جاۋاب بېرىلىشىدە ۋە ماختاشلارنىڭ ئالدى-كەينىدە نېمە سەۋەبلەرنىڭ بارلىقىمۇ ياغلاقارغا قاراڭغۇ ئىدى.

قەيت قىلىنغاندەك، مىلادىيە 755-يىل فەنياڭ[2] ھىراۋۇلى ئۆڭلۈك يۇزىسىزلەرچە غەليان كۆتۈردى، نەچچە ئونمىڭ لەشكەر بىلەن جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ، لوياڭنى بېسىۋالدى، ئۆزىنى بۈيۈك يەن خانى دەپ

---

① لىن گەن، گاۋزىخۇلار يازغان، ئابلەت نۇردۇن تەرجىمە قىلغان «قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخى» ناملىق كىتابنىڭ 60-بېتىدىكى «تاڭ سۇلالىسىغا دائىر مۇھىم خاتىرىلەر» 464-جىلد، «ئۇيغۇر قاغانى بىلەن يېزىشقان خەتلەر»دىن ئېلىنغان ئەسلىي سۆز.

② فەنياڭ — ھازىرقى بېيجىڭ شەھەر رايونى، مەركىزى يۆجۇ.

جاكارلىدى. بۇنىڭ بىلەن چوڭ ئاستانە تەۋرەپ كەتتى. لۇگيۇ ھىراۋۇ-لى قوشۇخان[1] لۇگيۇ لەشكەرلىرىنى باشلاپ كېلىپ، شەرقتىكى تۇڭ-گۇەن قوۋۇقىنى تۇتۇپ تۇردى. باشقا سەردارلارمۇ قوشۇنلىرىنى شەرققە يۆتكەپ، جاي-جايلاردا بارگاھ قۇردى. لەشكەرلەر ئىچكىرىگە يۆتكەپ كېتىلگەچكە، غەربىي چېگرا بوش قالدى. تۇبۇت زەنپۇسى پۇرسەت كەلدى دەپ بىلىپ بوش شەھەرلەرگە بىر-بىرلەپ پۇت تىققىلى تۇردى، ئىككىنچى يىلى شياۋچىڭ قەلئەسىنى بېسىۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن تۇبۇت ئاقسۆڭەكلىرى بىر تەرەپتىن تاڭ ئوردىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ توپىلاڭنى باستۇرۇشقا ياردەم بېرىشنى ئىلتىماس قىلسا، بىر ياقتىن لۇگيۇدىكى ئايماق، ناھىيەلەرنى ئىشغال قىلىۋەردى. كۆپ ئۆتمەي، لۇگيۇ تەۋەسى تامامەن تۇبۇتلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. تۇبۇت زەنپۇسى بەنە ئىچكىرىلەپ، چوڭ ئاستانىگە ھۇجۇم قىلىۋىدى، گوزىيى تەرىپىدىن چېكىندۈرۈلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن غەربىي يۇرت ئارىسىدىكى ئۇلۇغ كارۋان يولى پۈتۈنلەي تاقىلىپ قالدى. ئوردا بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ، يېتىم ھالغا چۈشۈپ قالغان بېشبالىق ۋە غەربتىكى تۆت قەلئە باقاۋۇللىرى قومۇلۇق-نىڭ شىمالىنى ئۇنۇملۇك تىزگىنلەپ تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ياردىمى بىلەن، شىمالدىن ئۆتىدىغان «ئۇيغۇر يولى» ئارقىلىقلا ئۇلۇغ ئاستانىگە قايتىپ كېلەلىدى.

---

[1] قوشۇخان — تارىخىي شەخس. ئۇ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تۈركلەرنىڭ تۈركەش قەبىلىسىدىن، كۇسەن (بۇگۈنكى كۇچا)دە تۇغۇلغان. 40 يېشىدا ئەلەم بىلەن شۇغۇللانغان، ئىلگىرى-كېيىن، لوگشى، خېشى ھىراۋۇلى بولغان. ئۈگلۈك-سۆيگۈن توپىلاڭ كۆتۈرگەندە نايىپ ئەمىرلەشكەر بولۇپ، 120 مىڭ كىشىلىك تاڭ قوشۇنىنى باشلاپ، تۇگگۇەندە ئۇرۇش قىلغان («جۇڭگو تارىخ لۇغىتى»، 2412-بەت).

خېشى بىلەن لۇڭيۇنى ئىشغال قىلغان تۈبۈتلار يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ، ئېۋۇرغول[1] ئايمىقىغا قول سوزدى، ئايماق بېگى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغاندىن كېيىن، ئۇ يەرنىمۇ ئىشغالىيىتى ئاستىغا ئېلىۋالدى.

مىلادىيە 783- يىلى ئەمىر لەشكەر جۇسى ئىسيان قوزغاپ، تۇيۇقسىز چوڭ ئاستانىنى بېسىۋالدى. پادىشاھ دېزۇڭ چوتنى خاتا سوقۇپ، ئاسىيلارغا قارشى ئۇرۇشتا تۈبۈتلارنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولدى-دە، جۇسىنى يوقىتىپ، چوڭ ئاستانىنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، بېشبالىق بىلەن غەربتىكى تۆت ئايماقنى تۈبۈتلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىشكە ۋەدە بەردى. تۈبۈت لەشكەرلىرى شەرققە ئىلگىرىلەپ يىنجۇ ئايمىقى[2]غا يېتىپ كەلگەندە، چوڭ ئاستانىدىن قوغلىنىپ، يىنجۇ ئەتراپىدا سوقۇنۇپ يۈرگەن جۇسى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ھىيلىگەر جۇسى تۈبۈت كاتتىلىرىغا بىرمۇنچە مال-دۇنيا ئىنئام قىلىۋىدى، ئۇلار دەرھال ئاسىيلار تەرەپكە ئېغىپ كەتتى ۋە تاڭ ئوردىسىغىمۇ ياخشىچاق بولۇۋالدى.

تۈبۈتلار ئاسىيلار بىلەن بىرلىشىپ ۋۇگۇڭ[3]نى ئالغاندىن كېيىن، پۈرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ مىسلىسىز چوڭ بۇلاڭ-تالاڭ يۈرگۈزدى. بۇلاڭ-تالاڭدىن كېيىن يۈز بەرگەن ئاغرىق-سىلاق تۈبۈتلارنى جەڭنى تاشلاپ قايتىشقا مەجبۇر قىلغان بولسىمۇ، چوڭ ئاستانە ئېلىنغاندىن كېيىن، يەنە تەييارغا ھەييار بولۇپ تاڭ ئوردىسىغا ئەلچى ئەۋەتتى ۋە ئوردىدىن زېمىن تەلەپ قىلدى. تاڭ دېزۇڭ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماقچى بولۇۋىدى، مەھرەم بېگى لى مى مۇنداق دەپ تەكلىپ بەردى:

---

[1] ئېۋۇرغول — بۈگۈنكى قۇمۇل.
[2] يىنجۇ ئايمىقى — ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ يىنشەن ناھىيىسى.
[3] ۋۇگۇڭ — ھازىرقى ۋۇگۇڭ ناھىيىسى.

— بېشبالىق بىلەن غەربىي تۈت قەلئەنىڭ ئادەملىرى باتۇر ئادەملەردۇر، ئۇلار غەربىي يۇرتتىكى 57 بەگلىك بىلەن ئون ئوق تۈركلەرنى تۇتۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇلار يەنە تۇبۇتلارنىڭ كۈچىنى بۆلۈپ تاشلىغاچقا، تۇبۇتلار شەرققە قاراپ يۈرۈش قىلىشتىن مەھرۇم بولدى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، بۇ جايلارنى نېمىدەپ دۈشمەنگە بېرىۋېتىمىز؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، بېشبالىق ۋە غەربىي تۈت قەلئەلىكلەر سەممىي، سادىق، چېگرىنى قوغداۋاتقىلىمۇ 20 يىلچە بولۇپ قالدى. ئۇلارغا ئادەمنىڭ ئىچى ئاغرىيدۇ، ئەمدىلىكتە ئۇلار بىلەن كارىمىز بولمىسا، ئۇلار ياتلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىدۇ-دە، بىزدىن قاتتىق ئاغرىنىدۇ. تۇبۇتلار بۇ تەرەپكە ھۇجۇم قىلىپ قالسا، ئۇلار بىلەن بىللە كېلىپ بىزدىن ئۆچ ئالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تۇبۇتلار ئۆتكەندە جەڭگە كىرمەي، بىر ياقتا تۇرۇپ تاماشا كۆردى، ئىككىلا تەرەپكە ياخشىچاق بولۇۋېلىپ، ۋۇگۇڭدا كەڭ كۆلەمدە بۇلاڭ-تالاڭ يۈرگۈزدى. ئۇلارغا يەنە نېمىدەپ زېمىن بېرىمىز؟...①

تاڭ دېزۇڭ مەھرەم بېگى لى مىنىڭ تەكلىپىنى ماقۇل كۆرۈپ، نىيىتىنى ئۆزگەرتتى، تۇبۇتلارغا زېمىن بېرىش ۋەدىسىدىن يېنىۋالدى.

«بىراق، ئاۋات بېشبالىق بىلەن مېلى كۆپ تۈت قەلئەگە خېلىدىن بېرى كۆز قىزارتىپ كېلىۋاتقان تۇبۇت كاتتىلىرى بۇنىڭلىق بىلەن بولدى قىلارمۇ؟ كونا قىلىقىنى تەكرارلاپ، جاي-جايلاردا قېچىپ يۈرگەن ئاسىي كۈچلەر بىلەن بىرلىشىپ سۇلالىگە قارشى مۇشت كۆتۈرمەسمۇ؟...»

تەشۋىش ۋە تېپىشماققا تولغان بۇنداق خىياللار تاڭ دېزۇڭنى

---

① «جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش تارىخى» — «شىنجاڭ تەزكىرىسى» ژۇرنىلى، 1996-يىل 1-سان، 120-بەتتىكى ئەسلىي تېكىستتىن ئېلىندى.

كېچە-كۈندۈز قىيناپ تۇراتتى. يەنە كېلىپ، لى مى ئېيتقان سەممىي، سادىق، باتۇر كىشىلەر يەنى تۇبۇتلارنىڭ كۈچىنى بۆلۈپ تۇرغان بېشبالىق كىشىلىرى ئاساسلىقى ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتەتتى. ئۇيغۇرلارغا تەۋە بولغان ئۈچ قارلۇق ۋە ئاق يەكتەكلىك تۈركلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. تاڭ ئوردىسىنىڭ تۇبۇتلارنى چەكلەپ تۇرۇش پىلانىمۇ ئۇيغۇرلارغا چېتىلماي قالمايتتى. ئوردىنىڭ بېشبالىق ۋە تۆت قەلئە بىلەن بولغان جىمى باردى-كەلدىسىمۇ، ئاستانىگە كېلىپ-كېتىدىغان كارۋانلارمۇ «ئۇيغۇر يولى» ئارقىلىق ئۆتمەي مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇيغۇرلار بىلەن ئەپ ئۆتۈش، ئۇيغۇرلارنى دەپ تۇبۇتلارنىڭمۇ چىشىغا تەگمەسلىك دېگەن ئاخىرقى مىزان ئەقىللىق تاڭ دېزۇڭ بىلەن ئاقىل لى مىنىڭ ئويلاپ تاپقان ئەڭ ئۈنۈملۈك چارىسى ئىدى. ياغلاقارنىڭ كۆز ئالدىدا زاھىر بولۇۋاتقان خىلمۇخىل ئىشلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ چارە بىلەن تومۇرداش ئىدى.

ياغلاقار لىك قۇتلۇقنىڭ رايى ئۈچۈنلا ئۆز ئۇستىگە ئالغان ئەلچىلىك ئىشىنى بۇنچىۋالا چىرايلىق قاملاشتۇرۇپ كېتەلەيدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ كۆرمىگەنىدى. ئۇ تاڭ دېزۇڭنىڭ سەممىيەت چىقىپ تۇرغان قارارىنى ئاڭلاپ قانائەت ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، ئۆزىگە ئىشەنگەن، ئۆزى ئۈچۈن پۇرسەت بەرگەن قۇتلۇققا غايىبانە ئاپىرىن ئوقۇدى، ئۆزىنى بىردىنلا ئەقلى توشۇق، سالماقلىق، ئىشنىڭ ئېپىنى بىلىدىغان قاقۋاش مويسىپىتكە ئايلىنىپ قالغاندەك ھېس قىلدى. تۇنجى سەمەرسىدىن، خۇشاللىقىدىن قۇتلۇق بىلەن ئورتاق بەھرىمەن بولۇش، مۇھىمى يولىغا قاراپ تۇرغان قۇتلۇقنى بۇرۇنراق خاتىرجەم قىلىش ئارزۇسى بىلەن ئۇ ئەتىسىلا چوڭ ئاستانىدىن چىقىپ كەتتى. سوغۇقنى سوغۇق دېمەي، كېچە-كۈندۈز يول يۈرۈپ، قۇتلۇقنىڭ قېشىغا يېتىپ

كەلدى. چاپىشلار يېرىدە ئون بەش كۈنچە تۇرۇپ قالدىمىكىن، ئوردا ئەلچىلىرىمۇ يېتىپ كەلدى. قۇتلۇق ۋە ئوردا ئەلچىلىرى بىلەن بىللە يولغا چىقىپ، قارابالغاسۇن شەھىرىگە بىر كۈنلۈك يول قالغاندا ئالدىن يۈرۈپ كەتتى-دە، قاغانىنى تېپىپ، ئۇنىڭغا بۇ خۇش خە-ۋەرنى يەتكۈزدى...

قاغان ئوردا ئەلچىلىرىنى تەگرىقاغان قوۋۇقىنىڭ سىرتىدا، كەڭ شاھسۇپىدىكى خاس چېدىرىدا كۈتۈۋالدى.

ئەلچىلەر شاھانە چېدىرنى كۆرۈپلا ئاتلىرىدىن چۈشۈپ، باش-كۆزىنى قىقىپ، ئۆزلىرىنى ئوڭشاشتى. سوۋغا-سالام بېسىلغان ھارۋىلارنى، ئات-قېچىرلارنى كەينىگە ئۆتكۈزدى، ئىككىدىن سەپ بولۇپ، قۇتلۇققا ئەگەشتى، داپ-دۇمباق، ناغرا-سۇناي ياڭراپ تۇرغان تەنتەنىلىك مۇرا-سىم مەيدانىغا يېتىپ كېلىپ، چېدىر ئالدىدىكى بوشلۇققا تىكىلگەن كۆك ئەلەمگە تەزىم قىلدى ۋە قول-پۇتى كەلگەنلەر بىلگىنىچە ئۇسسۇل ئوينىدى، تۆت چاسا تاش ئوچاقتا تۇرتەپ تۇرغان ئىسرىقتىن ئاتلاپ ئۆتكەندىن كېيىن[1] قاغان چېدىرىغا كىرىپ كېتىشتى.

## 25. تۆھمەت

— ئۆيدە ئادەم بارمۇ، ئۆيدە ئادەم بارمۇ دەۋاتىمەن؟...

قاغان بولغاندىن بۇيان ئۇيغۇر بارگاھىغا تۇنجى قېتىم كېلىۋاتقان

[1] ياڭ شېكمىن يازغان «قەدىمكى ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابنىڭ «مەدەنىيەت ۋە ئۆرپ-ئادەت» قىسمىدا «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»گە ئاسا-لىنىپ، بۇ مەزمۇندا ئېنىق مەلۇمات بېرىلگەن.

ئۇردا ئەلچىلىرىنى كۆرۈپ، تونباغا جەڭدىن قايتقان پىقىن كىشىلىرى بىلەن قايتا دىدارلاشقاندەك روھلىنىپ كەتتى. ئەلچىلەرگە ئوبدان جاي بېرىپ، ئۇدا ئۈچ كۈنگىچە زىياپەت ئۆتكۈزدى. زىياپەتتە ۋە زىياپەت ئارىلىقلىرىدا ئۇردا نەغمىچىلىرى نەغمە قىلىپ تۇردى. قىزىقچىلار ئويۇن كۆرسەتتى. دارۋازلار داردا ماڭدى، قۇش بولغىنىغا قارىماي ئوغلاق تارتىشىش، ئات بەيگىسى دېگەندەك دالا ئويۇنلىرىمۇ ئوينىلىپ تۇردى. ئۆيىدىن ئايرىلغىنىغا ئۇزاق بولغان، سەپەر جاپاسى ۋە ئەلچى-لەرنى كۈتۈش بىلەن چوڭ بىر جەڭنى تۈگەتكەندەك ھېرىپ كەتكەن قۇتلۇق سانغۇن تۈتىنچى كۈنى كەچقۇرۇن، قاغان بىلەن ئەلچىبېشى خاس سۆھبەتكە تۇتۇش قىلغان ھامان ئىجازەت ئېلىپ، ئۆزى يالغۇز ئۆيىگە قايتىپ كەلدى.

— ھوي كەدىرە، سىلەر ئۆيدە بارمۇ، ھوي ياغلاقار، ئورنىڭدىن تۇرساڭچۇ؟...

خوتۇن-بالىلىرىنى كۆرۈشكە شۇنچىلىك تەقەززا بولغان ئىدىكى، قۇتلۇق مەھكەم دەملەنگەن قارا دەرۋازىنى كۈچىنىڭ بارىچە مۇشتلاپ-تى، مۇشتلاپ تۇرۇپ ۋارقىرايتتى، ئۇنىڭ، بۇنىڭ ئېتىنى چاقىراتتى. بىر پەستىن كېيىن، قايسىدۇر بىر ئىشىك غىچىرلاپ قالدى، ھويلىدىن ياغلاقارنىڭ ئۇيقۇلۇق ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇردا ئەلچىلىرى بىلەن بولىدىغان رەسمىي مۇلاقەتتە ھېچقانداق ئىشى بولمىغاچ ، ئۇ سەپەردىن يانغان كۈنىلا ئۆيگە قايتىپ كەلگەنىدى.

— قۇتلۇق ئاكا، سەل تەخىر قىلىڭ، مانا مەن كەلدىم، مانا مەن كەلدىم...

ياغلاقار ئىشىكنى ئاچتى، ئۇنىڭغىچە ياغلاقارنىڭ ئېگىز-پەس ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغانغان چاكارلارمۇ، بالىلارمۇ يۈگۈرۈشكەنچە ھويلىغا چىقىپ كېلىشتى.

قۇتلۇق ھويلىغا كىرىۋېتىپ، يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا شۇنداق قاراپ، بىر ساپاق ئۈزۈمدەك غۇژمەكلىشىپ تۇرغان ئۈركەر يۇلتۇزىنىڭ سەل غەربكە ئېگىلگەنلىكىنى كۆرۈپلا، ئۆزىچە خىجىل بولۇپ قالدى، چۈنكى، ئۈركەرنىڭ ئېگىلگىنى تۈنىنىڭ تاڭ بولغانلىقىدىن بېشارەت بېرىدىغان بىر ئالامەت ئىدى.

قۇتلۇق ياغلاقارنىڭ بىغەملىكى ئۈچۈنمۇ، چاكارلارنىڭ يالقاۋلىقى ئۈچۈنمۇ چېچىلمىدى. قارا قىشتا تالاغا يېرىم يالىڭاچ دېگۈدەك يۈگۈرۈپ چىققان باللىرىنى جۇۋىسىنىڭ ئىككى پېشى بىلەن يۆگىگەن ھالدا كەدىرەنىڭ خاس خانىسىغا كىرىپ كەلدى.

— ئوبدان تۇردىڭىزمۇ؟ — ئۇ بوسۇغىدىن ئاتلاپلا سۆپىدا يوتقانغا پۈركىنىپ ياتقان كەدىرەدىن ئەھۋال سورىدى، ئارقىدىنلا ئۆزىچە غۇدۇرىدى:

— باللارنىڭ مۇشۇنداق سوغۇقتا جۇۋا كىيمەيلا تالاغا چىققىنىنى قارىمامدىغان، ئالمادىس تومۇ تېگىپ قالسا قانداق قىلغۇلۇق ئەمدى؟

قۇتلۇق ئاغزىدا بۇنداق دېگىنى بىلەن، ئەمەلدە كەلگىنىنى تۇيۇپ تۇرۇپ تۇيماسقا سالغان، ئورنىدىن تۇرۇشقا ئېرىنىپ، ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقمىغان «تاش يۈرەك» كەدىرەگە ئاچچىق كىنايە قىلىۋاتاتتى.

كەدىرە كۆزىنى ئاچتى، ئورنىدا قىمىر قىلماي يېتىپ، ئېرىدىن ئەپۇ سورىغاندەك قاراپ قويدى ۋە:

— خاپا بولماڭ، باللار تۆت كۈندىن بېرى سىزنى كۈتۈۋاتىدۇ، ئاغرىنغۇڭىز كەلسە مەندىن ئاغرىنىڭ، ئۇلارنىڭ چىقىپ كەتكىنىنى تۇيماي قاپتىمەن، — دېدى.

كەدىرەنىڭ قەغەزدەك نېپىز لەۋلىرى بەكمۇ ئاستا مىدىرلايتتى،

تۇرۇپ دېمى ئۇزۇلۇپ، ئۇنى ئىچىگە چۇشۇپ كېتەتتى، يىپىنىۋالغان يوتقىنىمۇ تېز-تېز كۆتۈرۈلەتتى. قاش-كۆزلىرى بىر يەرگە يىغىلىپ، قاپاقلىرى ساڭگىلاپ تۇرغان قۇتلۇقنىڭ يۈرىكى بىردىنلا «قارت» قىلىپ قالدى. ئۇ ئايالىغا نېمە بولغىنىنى تۇيۇپ تۇرسىمۇ، بۇ رېئاللىق-نى تەن ئالغۇسى كەلمىگەندەك، شۇمشەرەپ تۇرغان باللىرىغا قارىدى. باللىرىنىڭ كۆزلىرىدە ياش قايناپتتى، ئانىسىنى ناھەق ئەيىبلىگىنى ئۈچۈن دادىسىغا ئېتىراز بىلدۈرگەندەك دومسىيىپلا تۇراتتى.

قىز بالىنىڭ كۆڭلى نازۇك بولسا كېرەك، ئانىسىغا تېرىسىنى چاپلاپ قويغاندەك ئۇخشايدىغان قىزى ئايچېچەك ئاغزىنى ئۇمچەيتىپ «پاڭگىدە» ئېتىلىپ كەتتى.

— ئانام... ئانام...

— ئادەمنى تەقەززا قىلماي تېز ئېيتىڭ، ئانىڭىزغا نېمە بولدى؟

— ئانام... ئانام ئاغرىپ قالدى، نەچچە كۈندىن بېرى يا نان يېمەيدۇ، يا سۇ ئىچمەيدۇ، بىز قورقتۇق...

قىز شۇنداق دېدى-دە، ئېسەدەشكە باشلىدى.

قۇتلۇق جۇۋىسىنى يېشىپ پەگاغا تاشلىدى، تەكچىدىن جىنچى-راغنى ئېلىپ، ئايالىغا ئېڭىشتى.

كەدىرە زورىغا كۆلۈمسىرىدى، قوللىرىنى يوتقان ئاستىدىن چى-قارماقچى بولۇۋىدى، ئۇرۇنۇشى بىكارغا كەتتى.

— قوزغالماڭ، ھەرگىز قوزغالماڭ...

قۇتلۇق جىنچىراغنى يېقىن ئەپكېلىپ، ئايالىغا سەپسالدى. ئۇنىڭ كۆلكە چاقناپ تۇرىدىغان بىر جۈپ كۆزى گۈمۈرۈلگەن گەمدەك ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن، ئەينەكتەك جۇلالىق ئىككى مەڭزى توپىدەك رەڭسىزلەنگەن، ياڭاق سۆڭەكلىرى تومپىيىپ، لەۋلىرى ھاك سۇرتكەن-دەك ئاقىرىپ قالغانىدى. ئۇ پېشانىسىنى تۇتۇپ بېقىۋىدى، ئالقانلىرى

چوغقا تەگكەندەك بولدى، يۈرىكى قوقاسقا پۈچىلانغاندەك ئېچىشىپ، ۋۇجۇدىنى يىغا باستى.

«ئاھ كەدىرە، سەرۋىدەك قامەتلىك، چوغلۇقتەك بەرنا ئىدىڭ، چىرايىڭدىن توققۇز قۇياش، توققۇز ئاينىڭ نۇرى ياغار ئىدى. كۆلسەڭ كۆلكەڭدىن يۈرىكىم سۇ ئىچەر ئىدى، ئەمدى نېمە بولدۇڭ، كېسەل سېنى نېمە قىلدى، يىلتىزى قىرقىلغان دەرەختەك يىقىلىپسەن، ئۈششۈك تەگكەن گۈل-گىياھدەك غازاڭ بولۇپسەن، ساڭا تەنە قىلغان تىلىمغا مەرەز چىقسۇن، سېنى تاشلاپ كەتكەن پۇتۇمغا پالتا تەگسۇن...»

— كۆڭ...كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، كەتسىڭىز ئەل ئىشىغا كەتتىڭىز، كەلسىڭىز بىزنى دەپ كەلدىڭىز...

قۇتلۇق ئوت-كاۋاپ بولۇپ ياتقان ئايالىنىڭ يۈزىگە يۈزىنى ياقتى، يېرىم كېچىدىكى تىۋىشسىز تىمتاسلىق، يۈزىگە ئۇرۇلغان ھارارەت ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا چۈشتەك بىلىنىپ تۇرغان رەڭمۇرەڭ بىر دۇنيانى نامايان قىلدى.

يادىدا قېلىشىچە، ئۇ كەدىرەنى تۇنجى قېتىم كۆرگەندە كەدىرە بەش ياشلاردىكى تېنى ئاجىز، پات-پات تۇمۇقاپ، قىزىپ تۇرىدىغان ئاۋاق بىر قىز ئىدى، بېشى سەل ئۇزۇن، پۇتلىرى تەمەچتەك ئىنچىكە، بىلەكلىرى چوڭ بارماقچىلىك كىچىك كۆرۈنەتتى. يېتىم قىز بولغاچقىمۇ، تۇنباغا ئۇنىڭغا بەكلا جان كۆيدۈرەتتى، تەكچىدىن دورا، بوسۇغىدىن ئەمچىنى ئايرىمايتتى، قارا باخشىنى تەكلىپ قىلىپ، كۆن ئارىلاپ پېرە ئويناتتىپ، ئوتلاپ قېقىپ تۇراتتى.

دەسلەپتە كۆرگەن چاغدىلا، قۇتلۇق ئۇنى بېقىش تاپمىغان قوتۇر ئوغلاققا ئوخشاتقان. بىراق، يېڭى كېلىپ، يات ماكان، يات ئادەملەردىن يېتىرقاپ تۇرغىنىدا ئۆزىنى تاتلىق كۆلكىسى، مۇشۇك مىياڭلىغاندەك مىسكىن ئاۋازى بىلەن قارشى ئالغىنى ئۈچۈنمىكىن، كۆپ ئۆت-

مەيلا كۆزنگە تەكىيەدەك سىمىز، ئاق توشقاندەك ئاق بولۇپ كۆرۈ-
نۈشكە باشلىغانىدى.

كەدىرە جىن يالىۋەتكەندەك ئورۇق بولغىنى بىلەن، جىنى چوڭ
ۋە ئىچى كۆچلۈك قىز ئىدى. چوپچوڭ يىگىت بولۇپ قالغىنىغا
قارىماي، ئۇخلاپ ئويقۇغا قانمايدىغان، بۇگۈن چاقىرسا ئەتىسى ھە
دەيدىغان تاراس بىلەن روشەن سىپلىشتۇرما بولۇپ، شوخ كۈلكىلىرى
ۋە تاتلىق قىلىقلىرى بىلەن ئۆيىنى بازاردەك قىزىتىۋېتەتتى، دادىسىنىڭ
توسقىنىغا قارىماي، تەمتىپ يۈرۈپ ئۇسسۇل ئوينايتتى، ئالمادىس
يىقىلىپ قالسا، ئەڭ بالدۇر يۆلەيدىغىنى يەنىلا قۇتلۇق بولاتتى.

تەقدىر دىگەن شۇنداق بولىدىكەن، بارنى يوق قىلىدىكەن،
يوقنى بار قىلىدىكەن، ئۇنى بۈنىگىدىن ئايرىيدىكەن، بۈنى ئۇنىڭغا
ئۇچراشتۇرىدىكەن، بىرىدىن مەھرۇم قىلسا، يەنە بىرىگە قوشلاپ بېرى-
دىكەن.

كەدىرە قۇتلۇقنى «ئاكا» دەيتتى. قۇتلۇق ئۇنى «سىڭلىم» دەپ
چاقىراتتى. تەقدىرنىڭ كۈچى بىلەن ئائىلەمنىڭ چەت-چەتلىرىدىن كې-
لىپ، مېھرىلىك بىر ئۆيدە جەم بولۇشقان بۇ يېتىملەر ھېچبىر ئىشتا
يېتىملىك تارتماي، تاۋى چىگىلمەي بىر تۇغقان ئاكا-سىڭىللاردەك
ئىجىل چوڭ بولدى.

دەرۋەقە، كەدىرە 13، 14 لەرگە كىرگەن يىلى بىر يازدىلا ئۆزگى-
رىپ، زىلۋا بويلۇق، گېجەك چاچلىق، خۇما كۆزلۈك، قەلەم قاشلىق
بىر گۈزەل نازىنىنغا ئايلاندى. قۇتلۇقنى ھەيران قالدۇرغىنى، ئۇنىڭ
قارامتۇل تېرىسى ئۇپا سۈرتكەندەك سۈزۈلۈپ، ئەڭلىك ئوتتەك قىزار-
دى، گېپى ئازلاپ، تارتىنچاق بولۇپ قالدى. يايلاق گۈلى كېپىنەكلەر-
نى ئۆزىگە تارتقاندەك، كۆيۈۋاتقان چىراغ پەرۋانىنى چىللاپ كەلگەن-
دەك بىر ئىش يۈز بېرىشكە باشلىدى. قۇتلۇق كېپىنەككە ئايلاندى،

بەلكى ئىشقۋاز پەرۋاننىڭ ئۆزى بولدى. ئالدى بىلەن ئىككى پېتمنى، كېيىن ئىككى يۇرەكنى بىر ـ بىرىگە ئۇچراشتۇرغان كەڭ قورساق تەقدىر يەنە بىر قېتىم سېخىيلىق قىلدى. تاراس تېكىن چوڭلارنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئۇرۇقدىشى بەگبارسقا كۈيئوغۇل بولۇپ بىر يىلدىن كېيىن، تەقدىر ئەلچىسى تۇنباغا يەتتە كېچە ـ كۈندۈز توي ئۆتكۈزۈپ، ئىككى بالىسىنىڭ بېشىنى قوشۇپ قويدى. گۈلى گۈلىگە كەلگەن بۇ قوشۇ ـ لۇش ئىككى ياشقا بەختلىك بىر ئائىلە ۋە بۇدرۇقىنە بىر جۈپ پەرزەنت ئاتا قىلدى.

ياخشى ئەرنىڭ كۆڭلى ئۆيدە، ئىشى ھەر يەردە بولىدۇ، ياخشى سەردارنىڭ كۆڭلى ئەلدە، ئىشى جەڭگاھتا بولىدۇ، ئەلدىن تانغان، جەڭدىن يانغان سەركەردە ياخشى سەردارمۇ ئەمەس، ياخشى ئەركەكمۇ ئەمەس.

شۇ ۋەجىدىن، قۇتلۇق سانغۇن ئۆي بىلەن تالا، راھەت بىلەن جاپا ئارىسىدىن تالا بىلەن جاپانى تاللىۋالدى. ئەل غېمىنىڭ تۇرتكىسى بىلەن، لەشكەرگاھقا بىر كەتكەنچە يىللاپ قايتىپ كېلەلمىدى. بىراق ئۇ ياز كۈنلىرى ئوچاقتەك قىزىپ، قىش كۈنلىرى كاچكۈلدەك سوۋۇپ تۇرىدىغان كىگىز ئۆيلەردە بولغان، قارلىق تاغ، لۆم ـ لۆم سازلىقلاردا لەشكەر باشلاپ يۈرگەندە راھەتلىك ئۆيىنى سېغىنغان ئىدىغۇ؟ تاپسا يەپ، تاپالمىسا ئەرۋاھتەك ئاچ قالغاندا ئايالىنىڭ ئىسسىق چىرايىنى، بۇس ئۆرلەپ تۇرغان قىزىق چېيىنى، تەملىك غىزالىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ تاڭلىيىنى قاققان ئىدىغۇ؟ يالغۇزلۇقتىن زېرىككەن چاغدا، ئەتە ـ ئاخشاملىرى غېرىپسىنغاندا باللىرىنىڭ شوخ ئىقىنىدەك كۈلكىسى ـ نى، قارلىغاچتەك ۋىچىرلاشلىرىنى ئەسلەپ قالغان ئىدىغۇ؟

ئەمدى ئۇلار قېنى، كۈلۈپ تۇرىدىغان مۇلايىم كۆزلەر، شوخ كۈلكە، ئويۇن ـ چاقچاقلار قېنى؟

قۇتلۇق تۆت تېمىدىن مۇز يېغىپ تۇرغان سوغۇق ئۆيدە بىرلا ھارارەتنى، يەنى ئايالىنىڭ دەققىلەپ پەسلەپ بېرىۋاتقان بەدەن ھارارىتىنى سېزىپ تۇراتتى، كۆزىنى قويۇپ، يۇرىكىدە يىغلايتتى، پۇشايمان ئوتىدا پۇچىلىناتتى، ئايالى ساقايسا ئىدى، ئۆزىنى تەستەكلەشكىمۇ، ئۆمۇر بويى بوسۇغىدىن بىر قەدەم ئاتلىماسلىققىمۇ ۋەدە بەرگەن بولاتتى.

«مەن نېمە قىلىۋاتىمەن، كەدىرە كېتىپ قېلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ كېتىپ قېلىشىغا بىر ئەر تۇرۇپ شۇنداقلا قاراپ تۇرىمەنمۇ؟»

قۇتلۇق سانغۇن بارماقلىرىنى چىشلەپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي بويۇن قىسىپ تۇرغان باللىرىنىڭ بېشىنى سىلاپ قويۇپ، بوسۇغا ئۈستىدىكى ياغلاقارغا جىددىي قىلىپ دېدى:

— ياغلاقار، بارغىن، چېچەنرەك چاكاردىن بىرنى ھەمراھ قىلىپ، ئەمچىنى تېپىپ كەل!

ياغلاقار ئىتتىك كەينىگە بۇرۇلدىيۇ، بىر نەرسىنى ئېسىگە ئالغاندەك توختاپ يەنە قايرىلدى:

— ئېرچۇك باخشىنىمۇ چىللىغاچ كېلەيمۇ، ئاڭلىسام ئۇ جىنلارنى قوغلىۋەتسە بىمار ئادەم ئاسانلا شىپا تاپىدىكەن، — دېۋىدى، قۇتلۇقنىن دەككىسىنى يېدى:

— بىلجىرلىما، بار دېگەن يەرگە بېرىپ، ئەمچىنى تېپىپ كەل!

ئېرچۇك باخشىنىڭ ئېتىنى ئاڭلىدىمۇ، قۇتلۇقنىڭ ئەجىلى قولىشىپ، ئەرۋاھى ئۇچاتتى. ئۇنىڭچە، ئېرچۇك باخشىمۇ، يەنە باشقا باخشىلارمۇ تەڭرىنىمۇ، بەندىنىمۇ ئالدايدىغان، قۇيرۇق كۆرسىتىپ ئۆپكە ساتىدىغان يۈزى قېلىن نەيرەڭۋازلاردىن ئىدى. پەقەت مەرھۇم موۋاكلا نەزىرىدە چىن ئادەم، ھەقىقىي ئەمچى سۈپىتىدە، تا ھېلىغىچە خاتىرىسىدىن كۆتۈرۈلمەي كېلىۋاتاتتى.

قۇتلۇق ياغلاقارنى ماگىغۇزۇۋېتىپ، ئايالنىڭ تومۇرىغا ئەمدىلا قول تەگكۈزۈۋىدى، ئات تۇيىقىنىڭ دۈپۈرلىگەن ئاۋازى ئۇنى تاشقىرىغا قۇلاق سېلىشقا مەجبۇر قىلدى.

شۇ ئارىدا، قورۇپ كەتكەن دەرۋازا ئۇلگۈچىكىنىڭ يېقىمسىز غىچىرلىشى ئاڭلاندى. ئادەملەرنىڭ ئۇنلۇك سۆزلەشلىرى، چاكار-چۆرىلەرنىڭ قىيا-چىيالىرى ۋە تاراق-تۇرۇقلار قوشۇلۇپ، كېچە ئاسمىنىنى قوچىۋەتتى.

قۇتلۇق ئايالنىڭ بىلىكىنى قويۇۋېتىپ، شاۋقۇن-سۈرەنلەرنىڭ تېگىنى بىلىپ بولغۇچە، بىر چاكار يۈگۈرگەن پېتى ئۆيگە كىرىپ كەلدى-دە، نەپسى بوغۇلغاندەك ھاسىراپ تۇرۇپ دېدى:

— ۋە.. ۋەزىرئەزەم جانابلىرى... ۋە...

— تىلىڭنى چاينىماي چاپسان گەپ قىلمامسەن، تاشقىرىدا نېمە بولدى زادى؟

— بىرمۇنچە... ئا... ئادەملەر... ياغ ... ياغ..

— قۇتلۇق سانغۇن بىتاقەت بولۇپ، تېز-تېز چامداپ تالاغا چىقىۋىدى، بىر توپ ناتونۇش ئادەمنىڭ ھويلىغا تولۇپ كەتكىنىنى كۆردى. ئۇ سىنچىلاپ قاراپمۇ، يۈلتۇز يورۇقىدا بۇ ئادەملەرنىڭ غۇۋا پارقىراپ تۇرغان كاسكىلىرىدىن ۋە قالقانلىرىدىن ئۆزگە، ھېچنېمىنى پەرق ئېتەلمىدى. بىراق، يېرىم كېچىدە كەلگەن بۇ چاقىرىلمىغان مېھمانلارنىڭ قانداق كىشىلەر ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىشقا مۇشۇلارنىڭ ئۆزىلا يېتىپ ئاشاتتى.

ئۇنىڭغىچە، قايسىدۇر بىر ئەقىللىق چاكار چىراغ ئېلىپ چىقتى. كۆڭلى نامەلۇم بىر كېلىشمەسلىكنىڭ يۈز بېرىدىغىنىنى تۇيۇپ تۇرغان قۇتلۇق سانغۇن شۇنداق قاراپلا ئۇن-ئونبەشچە قوراللانغان قوروقچىنىڭ ياغلاقارنىڭ قولنى قايرىپ، گەدىنىدىن بېسىپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ

قالدى. كىيىنىشىدىن ۋە قوراللىرىدىن قارىغاندا بۇ قورۇقچىلار قاغاننى قورۇقلايدىغان بەگبارىس تۈمەنباشىنىڭ ئادەملىرىدەك قىلاتتى.

قۇتلۇق ھەيران بولۇپ «بۇ نېمە ئالامەتتۇ؟ يېڭىلىشىپ، ئادەمنى خاتا تۇتۇپ يۈرگەن بولمىسۇن يەنە»، — دەپ ئويلىدى، «يېڭىلىشمايدىغان كىم بار، ياغلاقارنىڭ ياكى مېنىڭ كىم ئىكەنلىكىمىزنى بىلسىلا ئادەمنى ھازىرلا قويۇۋېتەر» دېگەن خۇلاسىنى چىقاردى.

— ھەي لەشكەرلەر، چاپسان ئېيتىڭلار، باشىڭلار كىم، ئون باشىمۇ، ئەللىك باشىمۇ ياكى يۈز باشىمۇ؟ — قۇتلۇق يۇمشاق تەلەپپۇزدا سورىۋىدى، بولىشىغا بوي تارتقان، تۇتاش زەنجىرلىك چاپان كىيگەن، چىرايىنى روشەن كۆرگىلى بولمايدىغان بىرەيلەن بېشىنى بازلاۋاتقان خورازنىڭكىدەك تىك تۇتۇپ جاۋاب بەردى:

— ئون باشىمۇ، يۈز باشىمۇ ئەمەس، پىقىر خاس قورۇقچىلار مىڭباشى قامىل قاناچ قاغان تەڭرىكەنىمىزنىڭ پەرمانى بىلەن گۇناھكار ياغلاقارنى تۇتقىلى كەلدۇق. باشقا گەپ بولمىسا، ئۇنى ئوردىغا ئېلىپ ماڭدۇق. مانا دەستەك!

قاغاننىڭ پەرمانىغا گۇۋاھ بولىدىغان ئالىي دەستەك قۇتلۇقنى بىردىنلا ساراسىمىگە سېلىپ قويدى.

گەپدان مىڭباشىنىڭ گېپى تۈگىگىچە، قورۇقچىلار قولمۇقول تۇتۇشۇپ، ياغلاقارنى تىرىك قولغا چۈشكەن ياۋا يىرتقۇچنى باغلىغاندەك چەمبەرچاس قىلىپ باغلاپ بولغانىدى، گەپ تۈگىشىگىلا ئۇنى تۈرتكۈلەپ، دەرۋازا تەرەپكە ئېلىپ ماڭدى. شۇنداقتىمۇ قۇتلۇق بولدى قىلمىدى:

— توختاڭلار، دېمىسەم-دېمىسەم ئادەمنى خاتا تۇتتۇڭلار، بىلەمسىلەر، تۇتقىنىڭلار ئاتلىقلارنىڭ مىڭباشى ياغلاقار لىڭ بولىدۇ! ئۇ تېخى يېقىندىلا قاغانىمىزنىڭ كاتتا ئىنئامىغا ئېرىشكەن.

— ... ... ...

— ئۇنى تونۇمساڭلارمۇ مەيلى، لېكىن مېنى تونۇيسىلەر، مەن قاغان ئوغلى، ۋەزىرئەزەم قۇتلۇق سانغۇن بولىمەن... قولاقلىرىڭلار پاكمۇ، مەن ئەمىرلەشكەر دەۋاتىمەن...

قورۇقچىلار قۇتلۇقنىڭ سۆزلىرىگە پەرۋا قىلمىدى، خۇددى چاپ-چىغان ئاتلاردەك دوپۇرلىشىپ، نېمە بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي، ساراڭ-دەك گاڭگىراپ قالغان ياغلاقارنى ئىشىرگىنىچە دەرۋازىدىن چىقىپ كەتتى.

قۇتلۇق بوغۇلۇپ قالغۇچە ۋارقىرىدى، ئاچچىقىدىن يەرگە تەپتى، ياغلاقار غايىب بولغان قاراڭغۇلۇققا قاراپ بىر هازا تىكىلىپ تۇرغاندىن كېيىن ئاندىن هاۋادا ئېسىلىپ قالغان قولىنى چۈشۈردى.

قۇتلۇق خالىسا ئىدى، قىلىچىنىمۇ، نەيزىنىمۇ، ئىشقىلىپ دەھلىز-دىكى قورالنىڭ بىرەرسىنى ئېلىۋالسىلا، هېلىغۇ ئونبەش ئىكەن، يۈز-بەش قورۇقچىغىمۇ بىمالال تېتىيالايتتى، قورۇق مۇشت بىلەنمۇ بىر ئىشلارنى قىلىپ، ياغلاقارنى تارتىپ ئالالايتتى.

بىراق قۇتلۇق ياغلاقارغا، ئادالەتكە ئىشەنگىنى ئۈچۈنلا ئۇنداق قىلالمايتتى. ئېھتىيات ۋە ئېھتىماللىق ئۇنى بۇنداق قىلىشتىن توسۇپ تۇراتتى.

«ئاچچىق — بىر ئوغرى، سەۋر-تاقەت — ئەقىل خەزىنىسىنىڭ دەرۋازىسىدۇر. شۇنداقمۇ چاغلار بولىدۇكى، ئاچچىق ئاتلىق بۇ ئوغرى ئەقىل خەزىنەڭگە قول سالماقچى بولىدۇ. دە، دەرۋازاڭنى كۆچەپ قاقىدۇ. ئاچچىققا يول بېرىپ، دەرۋازاڭنى ئېچىپ بەردىڭمۇ، بۇ ئوغرى-نىڭ ئەقىل خەزىنەڭنى قۇپقۇرۇق قىلىۋەتمىگىنىنى كۆر. ئەقىلسىز تەن — هەر تەرەپكە ئېتىلىپ تۇرغان كۆزى يوق يىلپىزدۇر. بۇ يىلپىز هەق بىلەن ناهەق، ئاق بىلەن قارا، ياخشى بىلەن يامان دېگەنلەرنى

ئايرىپ ئولتۇرمايدۇ، كۆرگەننى تالايدۇ، ئۇچرىغاننى چىشلەيدۇ. بىلىگىنىكى، يىلپىزنىڭ گۇناھى يىلپىزغا ئەمەس، بەلكى سەۋر دەرۋازىسىنى ئېچىپ بېرىپ، ئەقلىنى ئوغرىلاتقۇچىغا ھېسابتۇر. سەن ئاقىل، سەن سەردار، سەۋر دەرۋازاڭنى مەھكەم تۇت، بوۋاڭ ئېيتقاندەك، سەۋرنىڭ تېگىدە ئالتۇن ياتىدۇ...»

قوتلۇقنىڭ تارتىشىپ كەتكەن پەيلىرى ئاستا-ئاستا بوشاشقا باشلىدى، كىرىشىپ كەتكەن چىشلىرىمۇ بىر-بىرىدىن ئاجرىدى.

«بولۇت تارقاپ، ھاۋا ئېچىلسىلا قۇياش شولىسىنى كۆرگىلى بولىدۇ، ھازىرچە ھاۋا تۇتۇق، ھەقىقەت غۇۋا، ئەتە ھاۋا ئېچىلىدۇ، قۇياشنىڭمۇ يۈزى كۆرۈنىدۇ، قېنى، ئەتە بولۇپ باقسۇن...»

قوتلۇق ئۆز-ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ، پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئۆيگە قايتىپ كىردى-دە، ئايالىنىڭ ئالدىدا خۇددى ئىبادەتتە ئولتۇرغاندەك يۈكۈنۈپ ئولتۇردى.

تاتارغان كەدىرە يەنىلا ساماندەك سارغىيىپ ياتاتتى، تازا سەپسالمىسا، تىنىقىمۇ بىلىنمەيتتى، لەۋلىرى قېتىپ قالغاندەك جانسىز ئىدى، كىرپە تىكىنىدەك توم ۋە ئۇزۇن كىرپىكلىرى ئارىسىدا توختاپ قالغان ئىككى تامچە ياشنىڭ سىماب ساقىدەك تەۋرىنىشىلا ئۇنىڭ تىرىكلىكىگە گۇۋاھلىق بېرەتتى.

«ئاھ تەڭرىم، ماڭا شامانلارغا، ياق، ھېلىقى ساقاللىق كىشىلەرگە بەرگەندەك ئۇلۇغ خىسلەتلەرنى ئاتا قىلساڭ، بىر ئەپسۇن بىلەن يامان جىنلارنى قوغلاپ، ئايالىمنى ساقايتسام، ۋەدەمدە تۇرۇپ، ئۇنى ئالقىنىمدا كۆتۈرۈپ ئالتاي تاغلىرىغا ئېلىپ بارسام، تۇغۇلغان يۇرتىنى كۆرۈپ، ھىدىنى پۇراپ مۇراد-مەقسەتلىرىگە يېتىۋالسا...»

ئايالىنىڭ چىرايىغا قاراپ، قوتلۇقنىڭ كۆزىگە ياش قاپلاشتى، تەقدىر ئالدىدا، كېسەل ئالدىدا ئۆزىنى تولىمۇ قېتىم ئاجىز ۋە بىچارە

ھېس قىلدى. قانچە يىل بولدىكىن، تامغا ئېسقلىق تۇرۇپ قۇرۇپ كەتكەن گۈلنەپشە گۈللىرىنى ئۈزۈپ ئېلىپ، ئۆز قولى بىلەن كاشكاپ دەملىدى، قوشۇق بىلەن ئايالىنىڭ لەۋلىرىنى نەمدەشكە باشلىدى.

قۇتلۇق بۇ كېچىنى كۆك تەڭرى تاڭ ئاتمايدىغان قىلىپ يارىتقاندىكىن، دەپ پەرەز قىلدى. تاڭ، تاڭنى كۈتكەن كىشىگە مانا مۇشۇنداق نېزىقاپ قالسا كېرەك، دەپمۇ ئويلىدى. ئۇ نېمىدەپ پەرەز قىلسۇن ۋە نېمىلەرنى ئويلىسۇن، ئۇيقۇسىز ئۆتكەن بىر كېچىنىڭ قەرەلى توشقاندا ئاندىن ئۇ تاڭ شولىسىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدى.

قۇتلۇق ئايالىنىڭ چىرايىدىن كېچىچە كۆز ئۈزمىدى. ئۆتۈپكەن گۈلنەپشىسى ئۇنىڭ تومۇرلىرىغا تاڭغا يېقىن يېتىپ بارغان بولسا كېرەك، ئۇ ئۇخلاپ قالغاندەك قىلاتتى. تىنىقىمۇ روشەن ۋە ئاستا ئىدى. قۇتلۇقنى تېخىمۇ مەپتۇن قىلسۇن دېگەندەك، تۇڭلۈكتىن ئېقىپ كىرگەن غۇۋا شولا ئۇنىڭ يۈزىنى يۇيۇپ، چىرايىنى پەردەزلەپ تۇراتتى.

«تەڭرىم ئاھىمغا يەتكەن ئوخشايدۇ، قېنىپ ئۇخلاپ، ئۇبدانراق ئارام ئېلىۋالسا ئەتە-ئۆگۈن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتسە ئەجەب ئەمەس» دېگەنلەرنى ئويلاپ يۈرىكى جايىغا چۈشكەن قۇتلۇق كەدىرەنىڭ يوتقىنىنى تۈزەشتۈرۈپ، ھېلىمۇ قىزىپ تۇرغان پېشانىسىگە ئاۋايلاپ سۆيۈپ قويدى. ئىككى چۆرىنى دەھلىزگە چاقىرتىۋېلىپ، بىر تاغار گەپلەرنى تاپىلىدى، ئاللىبۇرۇن تەق قىلىپ قويۇلغان ئاسلقارىغا مىنىپ، ئىككى قورۇقچىنى يېنىغا ئېلىپ ئوردا تامان يۈرۈپ كەتتى.

«غەلىتە ئىش، قورۇقچىلارنىڭ چۇمۇلىدەك مىغىلدىشىپ كەتكىنىنى قارىمامدىغان؟» — ئويلىدى قۇتلۇق ئوردا قاپقىسىغا يېقىنلىشىپ كېلىۋېتىپ. مۇشۇنداق ئويلاپ، بۇ «غەلىتىلىك»گە مۇۋاپىق جاۋاب تاپقاندەك بولدى ۋە «بۇ بەلكى تابغاچ ئەلچىلىرىنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن بولسا كېرەك...» دەپ يەكۈن چىقاردى.

قورۇقچىلار سانجاق-سانجاق تۇرۇپ كەتكەن بىلەن، ئۇ ھەيۋەتلىك قاپقىدىن ئىلگىرىكىدەك نۇچلۇق بىلەن كىرىپ كەتتى. دەستەككىمۇ ھېچكىم قاراپ قويمىدى. قاپقا ئالدىدا ئۇزۇن ساپلىق نەيزىسىنى قۇچاقلاپ، نوغۇچ يۇتۇۋالغاندەك غادىيىپ تۇرغان تونۇش قورۇقچىغا قاراپ ئاتايەن باش لىڭشىتىپمۇ قويدى.

ئەمما، قاغان قەسرى قاپقىسىدا ئەھۋال باشقىچىرەك ئىدى. ساقال-بۇرۇتىنى ئېدىتلاپ ياساپ، سۆسەر جۇۋا ئالماشتۇرۇۋالغان بەگبارسىنىڭ سوغۇق شامالغا قارىماي، قاپقا ئالدىنى قەدەملەۋاتقاندەك مېڭىپ يۈرۈشلىرىدىن قارىغاندا، ئۇ كىمنىڭدۇر يولىغا قاراۋاتقاندەك قىلاتتى.

قۇتلۇق كېلىۋىدى، ئۇ قۇتلۇقنىڭ بىر نېمىسى ياقمىغاندەك، بېشىنى چايقاپ قويدى ۋە قورالسىز قورۇقچىغا ئىما قىلدى. قورۇقچى يۇرغىلاپ كېلىپ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى ئالدى.

— كېلىدىغىنىڭىزنى بىلەتتىم ئەمىرلەشكەر، يولىڭىزغا قاراپ كۆزۈم تۆت بولدىغۇ بۇگۈن، — دېدى بەگبارىس بىر قىسما ھېجىيىپ.

بەگبارىس ئۇردا ئادىتىنى بۇزۇپ، قۇتلۇقنىڭ ئالدىغا چۈشتى، قۇتلۇق قەسىرنىڭ دىۋانىغا تۇتىشىدىغان يولنى بىلمەيدىغاندەك، ئۇنى باشلاپ ماڭدى.

قاغان ئادەتتىكىدەك، ئالتۇن تەختتە چايدا ئولتۇرۇۋاتقان بايۋەچچىدەك باداشقان قۇرۇپ ئولتۇراتتى. ئۇ بۇگۈن دىۋانغا ئادەتتىكىدىن ئەتىگەنرەك چىقىۋالغانىدى. بىراق، چىرايى ئادەتتىكىگە زادى ئوخشىمايتتى، قاپاقلىرى قوي يىغلاڭغۇسىدەك ساڭگىلاپ كەتكەن، كەكرە چاينىۋالغاندەك تۈرۈلگەن قوشۇمىسى ئاستىدىكى كۆزلىرىدىن كىشىنى ئەيمەندۈرگىدەك يېشىل نۇر چاقنايتتى، سارغۇچ ساقىلى بىلىنەر-بىلىنمەس تىترەيتتى، غىلاپلىق قىلىچىنى ئىككى قوللاپ سىقىمداپ، بىر ئۇچىنى يەرگە تىرىۋالغانىدى. مۇشۇ ھالەتنىڭ ھەممىسلا قاغاننىڭ خاپا

ئىكەنلىكىگە ئىشانە ئىدى.

قۇتلۇق ئوردا تەزىمىنى بەجا كەلتۈردى. قاغاندىن ئامانلىق سورىدى، رەسمىيەتلەرنى تۈگىتىپ، ئۆز جايىغا ئۆتمەك بولۇپ تەخت تەرەپكە قەدەم تاشلىۋىدى، بەگبارس ئۇنىڭ ئالدىنى توراپ:

— ھۆرمەتلىك ئەمرلەشكەر، سارىنىڭ ئورنىمۇ بەزىدە ئاسماندا، بەزىدە يەردە بولىدىكەن. قاغان بۈگۈنكى مۇناسىپ ئورنۇڭنى تېپىۋال دەپ بېشارەت بېرىۋاتىدۇ، خاپا بولماي بۇ ياققا ئۆتكەيلا، — دەپ يان تەرەپنى كۆرسەتتى. پەگاغا يېقىن بۇ ئورۇننىڭ بىرەر قەبىلىگە نازارەتچىلىككە ئەۋەتىلگەن ئېلتەبىرنىڭ تۇرىدىغان جايى ئىكەنلىكىنى يادلاۋالغاندەك ئېنىق بىلىدىغان قۇتلۇق، بېشىدىن تۈتۈن چىقىپ كەتكىنىگە قارىماي، كۆرسىتىلگەن يەرگە ئۆتۈپ، ئۆرە تۇردى. ئۇنىڭچە، بۇ ئالامەتلەرنىڭ ھەممىسى بىر كېچىنىڭ، پەقەت بىر كېچىنىڭ ئىچىدىلا ئوردىدا تۇرغۇن ئىشلارنىڭ بولۇپ ئۆتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. ياغلاقارنىڭ تۇتقۇن قىلىنىشىمۇ بۇ ئىشلار بىلەن چېتىشلىقتەك قىلاتتى.

— ئۇ ئايغاقچىنى ئېلىپ چىقىڭلار!

قاغانىنىڭ مىڭلاپ لەشكەرگە بۇيرۇق چۈشۈرگەندەك كۆچەپ ۋارقىرىشى قۇتلۇقنى يۈرەكزادە قىلىۋەتتى. كۆزلىرىدىن دەھشەت يېغىپ تۇرغان ئىككى قوروقچى يان ئۆيدىن ياغلاقارنى ئېلىپ چىقىپ، قاغان ئالدىدا تۆگە چۆكتۈرگەندەك تىزلاندۇردى.

قاغان ئۇنى ئۆزى سوراق قىلىشقا باشلىدى:

— قېنى ئېيت، سېنى بۇ يەرگە قايسى تابغاچ ئەۋەتكەن؟

— ... ... ...

— ئېيتە، سېنى ئايغاقچىلىققا ئەۋەتكەن تابغاچ زادى كىم؟

— قېنى، ئېيتە، زادى كىم؟ — دەپ سورىدى بەگبارس، قاغانىنىڭ سوئالىنى تەكرارلاپ.

بۇ غەلتە سوئالنى ئاڭلاپ، ياغلاقارنىڭ ئىچىگە كۈلكە كىرىۋال-
دى. ئەمدى ئۇ قاغاننىڭ كۆزىچىلا قاقاقلاپ كۈلۈۋەتسۇنمۇ، تېلىقىپ
قالغۇچە كۈلۈپ، قاغاننى تازا ئوبدان مازاق قىلىۋالسۇنمۇ؟

قاغاننىڭ تەگرى كەبى ئۇلۇغ نوپۇزى ۋە قۇتلۇقنىڭ يۈزى ئۇنى
بۇ ئويىدىن ۋاز كېچىشكە قىستىدى. مىجەزى چۇس ياغلاقار لىك
قاغاندىن ھالقىپ ئۆتۈپ، بىر بۇرۇلۇپلا ئۆزى بىلەن قېرىشىۋاتقان
بەگبارسنى نىشانغا ئالدى ۋە ئۇنىڭغا سوئال قويدى:

— قېنى، تۇمەنباشى جانابلىرى ئېيتىپ باقسۇن، قانداق ئەل
ۋە قانداق كىشى توققۇز ياشلىق بىر بالىنى يات قوۋمگە ئايغاقچىلىققا
ئەۋەتەر؟

قۇتلۇق ياغلاقارنىڭ چېچەنلىكىدىن قەۋەتلا سۆيۈنۈپ كەتتى.
ئۇنىڭ كۈچلۈكلەردىن چەتلەپ ئۆتۈپ، ئاجىزىغا ھۇجۇم قىلىش چارى-
سى شۇ ھامان ئۈنۈم بەردى.

— بۇ... بۇ...

بەگبارسنىڭ زۇۋانى تۇۋاقلاندى، مەدەت تىلىگەندەك قاغانغا
قارىۋىدى، قاغاننىڭ ئۆزىدىن بەتتەررەك ئوسال بولغىنىنى سېزىپ
قالدى. كىچىككىنە جىمجىتلىقتىن كېيىن، قاغان گەپنىڭ تېمىسىنى
يۆتكىدى:

— تولا گەپدانلىق قىلما، سېنى توققۇز ياشتا ئايغاقچىلىق
قىلالمايدۇ دەپمۇ تۇرايلى، ئەمسە، چوڭ بولغاندا ئوردۇبالىقتىن ئۇن
بىر ئاي يوقاپ كېتىپ زادى نەگە باردىڭ؟ — سورىدى قاغان
توقماقنىڭ يوغىنىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ.

قاغان بۇ سوئال بىلەن ياغلاقارغا تۇتقۇن قىلىنىشىنىڭ سەۋەبىنى
ئېيتىپ بەرگەندەك بولدى. ئۆز گۇناھىنى بىلەلمەي، زەردىگۈش بولغان
ياغلاقار مەغرۇرانە جاۋاب بەردى:

— قاغان ئالىيلىرىنىڭ پىقىردەك ئەرزىمەس بىر كىچىك مىڭبا-

شىنىڭ ئىز-دېرىكىنى قىلغىنىغا تولىمۇ مەرتەم ھەشقاللا، بىراق، راست گېپىمنى ئېيتاي دەيمەنۇ، قاغان ئالدىدا ئۇششاق-چۈششەك ئىشلارنى تىلغا ئېلىپ يۈرۈشتىن قورۇنىمەن...

— نېمە بولسا، شۇنى دە، گەپ يورغىلىتىپ كۆز بويايمەن دېمە!

ياغلاقار گەدىنىنى سىلاپ، يەر ئاستىدىن ئەتراپىدىكىلەرگە بىرمۇ-بىر قاراپ چىقىپ نېمىشقىدۇر ئوڭايسىزلانغاندەك قىياپەتتە دېدى:

— راستىمنى ئېيتاي، ئاستانىغا تۆيلەنگىلى باردىم.

— كىمدىن ئىجازەت ئالدىڭ؟

— ئەمرلەشكەرگە تەۋە بولغاندىكىن، ئەمرلەشكەر جانابلىرىدىن ئىجازەت ئالدىم.

— ھە؟ ئەمرلەشكەرنىڭمۇ كۆزىنى بوياپسەن-دە ئەبلەخ؟! — قاغان ئۈندىمەي تۇرغان قۇتلۇقىقا قاراپ ھومىيىۋالدى، تەختتىن چۈشۈپ، قولىنى ياغلاقارغا چىندى ۋە دېدى، — قېنى ئېيت، قاغان ئالدىدا يالغان ئېيتقۇچىنىڭ ئاقىۋىتى نېمە بولىدۇ؟

— بېشى كېسىلىدۇ، ئالىيلىرى.

— ئەمىسە، چوڭ ئوردىغا ئۆكتە قويقان ئاسىي جۇسىغا ئاستىر-تىن 400 تۇياق ئات ئاپىرىپ بەرگىنىڭنى نېمىشقا دېمەيسەن؟ قارىغاندا سېنى سەگىتىپ قويمىسا بولمايدىغان ئوخشايدۇ، ئەدەپلەڭلار بۇ بىنو-موس ئايغاقچىنى!

قاغاننىڭ گېپى مىسالى بىر شامال بولۇپ، قۇتلۇقنىڭ مېڭىسىنى غۇۋۋالاشتۇرۇپ تۇرغان ئىس-تۈتەكلەرنى قوغلاپ سۈر-توقاي قىلىۋەت-تى. ياغلاقارنىڭ ئاسىيلار ۋە ئاسىيلارنىڭ ئىلكىدىكى تۇرغۇن قۇرىقان ئاتلىرى ئۈستىدە سۆزلەپ بەرگىنىنى يادىغا ئېلىپ، كىملەردۇر سادىر قىلغان بۇ گۇناھنىڭ ئەمدى ياغلاقارغا دۆڭگەلگىنىدىن خېلىلا چۆچۈپ قالدى. ئۇنى چۆچۈتكىنى بۇلا ئەمەس، بەلكى بۇ تۆھمەتنى توقۇپ چىققان مەلۇم بەتنىيەت ۋە قاغاننىڭ بۇ بەتنىيەتكە ئىشەنگىنى بولدى.

قۇتلۇقنىڭ قاغاننىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ بېرىپ، «بۇ تۆھمەت» دەپ ۋارقىرىغۇسى كەلدى، ياغلاقارنىڭ تۆھپىسىنى ئاشكارىلاپ، ئۇنى ياخ-شىلىققا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب بېرىشكە كۆندۈرمەكچى بولدى:

— ئەمرىلەشكەر قۇتلۇق سانغۇن قاغان ئالىيلىرىدىن ئىجازەت سورايدۇ!

— ئۇنى كىم تۇتسا شۇنىڭ قولى كۆيىدۇ، گۇناھكار كىم بولسا ھېسابىنى شۇ بېرىدۇ...

قۇتلۇق قايتا-قايتا ئىجازەت سورىدى، نېمە سەۋەبتىندۇر، قاغان ئۇنىڭغا ئىجازەت بەرمىدى. قاغان ئىجازەتنى بېرەر، بەرمىسە، زورلۇق بىلەن تارتىپمۇ ئالار، بىراق، ئىجازەت ئالسا، ئۇ يەنە نېمىمۇ دېيەلەر؟ گۇناھكارنىڭ كىملىكىنى بىلمىسە، يا تۆھمەتخورنىڭ ئىتىنى ئېيتىپ بېرەلمىسە، ئۇنىڭ گېپىگە يەنە كىملەرمۇ ئىشىنەر؟ تۆھپىسىنى ئاشكارى-لاش ئارقىلىق ياغلاقارنى قۇتقۇزماقچى بولىسچۇ؟

ئۇنىڭچە، ئۇ ئۆز ئۇيىنى قاغاندىن سىر تۇتۇپ، ياغلاقارنى ئاستانىگە يولغا سالغان چېغىدىلا بۇ ئىش ئاشكارىلاپ بولمايدىغان بىر مەخپىيەتلىككە ئايلانغاندى، تاغىسىنىڭ قىلغان-ئەتكەنلىرىدىن خەۋەر تاپقاچقىلا ئانچە-مۇنچە ھەق گەپلەرنى قىلغان بىلەن، تونباغا ئاتتىن چۈشىسىمۇ، ئۆزەڭگىدىن چۈشمەيتتى، ئابرۇيىنى ئاياپ، ئاستانىگە ئاۋ-ۋال ئەلچى ئەۋەتىشكە ئەلۋەتتە قوشۇلمايتتى. بىراق، سۇلالە بىلەن يارىشىدىغان چوڭ ئىشنى ئارقىغا سۈرۈپ بولمايتتى، ئەگەر بىرەر ئادەم ئارىغا چۈشمىسە، ھېچكىم ھېچكىمگە ئەلچى ئەۋەتمەيتتى — دە، بۇنىڭ زىيىنىنى ئىككى تەرەپ ئوخشاشلا تارتاتتى. شۇ سەۋەبتىن، قۇتلۇقلار ياخشى ئىشنىمۇ مەخپىي قىلىشقا، تۆھپىنىمۇ پىنھان تۇتۇشقا مەجبۇر بولغانىدى.

قاغاننىڭ پەرمانسىز قىل تەۋرىمەيدىغان، قاغان تەگرىدەك ئۇلۇغ سانىلىدىغان بۇ ئەلدە، قاغاننىڭ پەرمانسىز قىلىنغان ئىش بەرىبىر

يامان ئىش دەپ قارىلاتتى-دە، قاغاننىڭ غەزىپىگە دۇچ كەلمەي قالمايتتى. ياغلاقارنى قۇتقۇزىدىغان ئەڭ ئەپچىل چارە ياغلاقارنىڭ تۆھپىسىنى ئاشكارىلاش ئەمەس، بەلكى سەۋر قىلىش، ئامال بار گۇناھنى ياغلاقارغا دۆڭگەپ قويغان چوڭ تۆھمەتخورنى، ھەققىي گۇناھكارنى تېپىپ چىقىپ چاۋىسىنى چىتقا يېيىش ئىدى.

«ئۇنداقتا، ئاسىيلارغا مەدەت بەرگەن، قىلغۇلۇقنى ئۆزى قىلىپ، ياغلاقارغا تۆھمەت ئارتقان زادى كىم؟ ياغلاقارنى پايلاپ يۈرۈپ، قاغانغا چاققان زادى كىم؟...»

قاغاننىڭ غەزىپى — تەڭرىنىڭ غەزىپى، قاغاننىڭ پەرمانى — تەڭرىنىڭ پەرمانى. قاغان «ئۇنىمۇ قامچا ئۇرۇڭلار» دەپ ھۆركىرىۋەدى، قامچا كۆتۈرگەن ئىككى قورۇقچى ئالقانلىرىغا تۈكۈرگەن پېتى يۈگۈرۈپ كەلدى-دە، ياغلاقارغا قارا- قويۇق قامچا ئۇرغىلى تۇردى.


— بىر... ئىككى... ئۈچ...

قامچا ئۇرۇلۇپ ئونغا بارمايلا، ياغلاقارنىڭ كالتە جۇۋىسى خۇددى ئاتقان يۇڭدەك تىتما-تىتما بولۇپ، ھەر تەرەپكە ئۇچۇشقىلى تۇردى. جۇۋا تېشىلىپ بۆز كۆڭلىكى، كۆڭلەك تېشىلىپ، دۈمبە تېرىسى كۆرۈنۈپ قالدى. ئارقىدىنلا قامچە ئىزىدىن قان سىرغىپ چىقتى.

چار يىلاندەك سويلاۋاتقان قانلىق قامچا ياغلاقارنىڭ دۈمبىسىگە ئەمەس، بەلكى يۈرەك بېغىشىغا تېگىۋاتقاندەك ئازابلانغان قۇتلۇق سانغۇن بىر نېمىلەرنى دەپ پىچىرلىغاچ، ئىختىيارسىز كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى.

ياغلاقار چىدىدى، بىر ئىغىزمۇ پەرياد سالماقتا يوق، بىر قىسمىلا كۆلۈمسىرەپ، قاغاندىن زادىلا كۆز ئۈزمىدى. قاغان ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن زېرىكتىمۇ ياكى چاچراپ تۇرغان قىزىل قاننى كۆرگۈسى كەلمىدىمۇ، تەتۈر قارىۋېلىپ ۋارقىرىدى:

— ئەبلەخلەر، ئۇر دېسە شۇنچە قاتتىق ئۇرامسەن، ئۇ ئۆلۈپ



قالسا، تابغاچلارغا كىمنى تاپشۇرىمەن؟...

نەچچە كۈندىن بېرى ئۇچۇق تۇرغان شەھەر ھاۋاسى بۈگۈن تاڭ ئاتارغا يېقىن تۇيۇقسىز ئۆزگىرىپ قالدى. كۈنچىقىشتىن كۈن بىلەن بىللە بېسىپ كەلگەن قېلىن بۇلۇت ھەش-پەش دېگۈچە ئاسماننى قاپلاپ، ئۇپۇق يۈزىنى خىرەلەشتۈردى. كۈنپېتىشتا يۇرت قورۇقچىسىدەك كېرىلىپ تۇرغان مۇقەددەس ئۆتۈكەنمۇ قېنىق پەردە ئارقىسىغا ئۆزىنى ئالدى. شەھەر ۋە شەھەر سىرتىنى قاپلاپ كەتكەن قېلىن قار بىر قەۋەت كۈل چېچىلغاندەك ئاستا-ئاستا سۇسلىشىشقا باشلىدى.

ئۆز قۇياشنى يوقاتقىنى ئۈچۈن، ئاسمان ھازىدار ئىدى. ئۆز ئامرىقىدىن ئايرىلغىنى ئۈچۈن، قۇتلۇق ماتەمدار ئىدى. قۇتلۇق ۋە قۇتلۇقنىڭ باللىرى، چۆرە-چاكارلىرى ۋە يېقىن-يورۇقلىرىدىن بولۇپ 90 چە كىشى يوپۇق يېپىلغان ئاق ھارۋىنىڭ كەينىدىن خۇددى تۇرنىلاردەك ئۇزۇن سەپ تۈزگەنىدى. ئۆلگۈچىنىڭ ئەجداد ئېتىقادى ئۈچۈنلا چىللاپ كېلىنگەن ئونلاپ باخشى مېيىت ھارۋىسىنى چۆرگىلەپ ساما سالاتتى، دۇرۇت ئوقۇپ، داپ چالاتتى. قۇتلۇقنىڭ باللىرى ئانىسىدىن ئايرىلغان يېتىم بوتىلاقتەك بوزلايتتى، ئانىسىنى قىچقىراتتى، ئۇنى قارىسا كۆزى، چاقىرسا ئۈنى يەتمەيدىغان يىراق بىر يۇرتقا ئېلىپ كېتىۋاتقاندەك، تاۋۇتقا ئېسىلاتتى، پەرۋانىدەك ئۆزىنى ئۇراتتى.

ھازىدار قۇتلۇق قارا جەندە ۋە قارا كۆلاھ كىيىپ، بېلىنى قارا شوينىدا باغلاپ، بىر قولى بىلەن تاۋۇتنى تۇتۇپ ئېغىر قەدەملەر بىلەن كېلىۋاتاتتى. چېكىسىنى، قاپلاپ كەتكەن يېرىقلاردىن تارام-تارام قان ئاقاتتى.

ئۇ ئامراق سىڭلىسى ئۈچۈنمۇ، ۋاپادار خوتۇنى ئۈچۈنمۇ ئىككى كىشىلىك ھەسرەت چېكىپ ئۇنى بوغۇلدى. «ئەگەر لەشكەرگاھقا كەتمىگەن بولسام، ئۇ ئاغرىماس ئىدى، ئەتىگىنى ئوردىغا بارمىغان بولسام ئۆلۈپ قالماس ئىدى» دەپ ئۆزىنى ئەيىبلىدى، شۇ ئاچچىقىدا

قاغانغا هازا خەۋرىنمۇ يەتكۈزمىدى، ماتەمگىمۇ چىللىمىدى.

ئەمدى ئۇ تاۋۇت يېنىدا گۇناھى مەڭگۈگە ساقىت بولمايدىغان مەھكۇم گۇناھكاردەك باش ئېگىپ ماڭغىنىنى ماڭغانىدى. پۇشايمانلىق تووا، نادامەتلىك ئىستىغپار ئۇنى باش ئېگىشكە، ۋىجدان ئازابىنى يەڭگىللىتىشكە مەجبۇر قىلاتتى.

ئۇلۇغ ئاش ۋاقتى. يىغا-زارە بىلەن شەھەر قوۋۇقىدىن چىقىپ كەلگەن هازىدار قوشۇن ئۆتۈكەن ئېتىكىنى كۆزلەپ، ئاستا قەدەملەر بىلەن ئالغا سۇرۇلمەكتە ئىدى. ئۇلار قىلىن قار ئاستىدا كۆمۈلۈپ ياتقان تەگرىقاغان يولىنى كېسىپ ئۆتمەكچى بولۇۋىدى، شۇ يولدىن بىر مەهبۇس هارۋىسى كېلىپ قالدى ۋە بىر پەستىلا هازىدارلار قېشىغا يېتىپ كەلدى.

قۇتلۇق قەدىمىنى ئاستىلاتتى، نىمشقىدۇر مىيىت هارۋىسىنىمۇ توختاتتى، كۆڭلى بىرەر نەرسىنى تۇيۇپ قالدىمۇ، ياكى بۇ هارۋا كۆزىگە باشقىچىرەك كۆرۈندىمۇ، قەپەس ئىچىگە زەن سالدى.

ئۇ پۇتىنىڭ ئۇچى بىلەن دىڭگىيىپ، مەهبۇس قەپىسىگە قاراپلا ياغلاقارنىڭ تونۇش قولاقچىسىنى كۆرۈپ قالدى-دە، تووۋلاپ تاشلىدى:

— ئىنىم ياغلاقار...

ياغلاقارنىڭ قولاقچىلىق بېشى قەپەز ئۈستىدىن چىقىپ تۇراتتى، قولى كىشەنلەنگەن، ئاياغلىرى قىلىن پېيما ئۈستىدىن مەهكەم چېتىلغانىدى، تۇرقىدىن ئىككى قات جۇۋا كىيىۋالغاندەك قىلاتتى. ئەمما، ئۇنىڭ قاپقارا يۇمىلاق كۆزلىرىدىن ئەركىن چاغلىرىدىكىدەك ئوت چاقناپ تۇراتتى، تەبىئىي خاتىرجەملىك ئەكس ئېتەتتى.

— ياغلاقار ئىنىم...

قۇتلۇق قورۇقچىلارنىڭ ۋە ئۇرۇق-تۇلۇك ئارتىلغان قىچىرلارنىڭ كۆپلۈكىگە قاراپلا قاغاننىڭ هىلقى سۆزىنى ئېسىگە ئالدى. ئۇيلىدىكى، قاغان ياغلاقارنى ئاسىيلارنىڭ شېرىكى ۋە ئات ئوغرىسى قاتارىدا ئوردا

ئەلچىلىرىگە تاپشۇرۇپ بەرگەنىدى. «بالا كەلسە قوش كەپتۇ» دېگەن-دەك، نەس باسقان بۇ ئىككى كۈن ئىچىدىلا قۇتلۇق ئەڭ يېقىن ئىككى ئادىمىدىن ئايرىلىۋاتاتتى. ئۇ:

— ئاھ تەڭرى، كەلگۈلۈكنىڭ ھەممىسى ماڭىلا كېلەمدۇ؟ — دەپ يىغانلىق ئاھ ئۇردى، كەدىرەنىڭ ئۆلۈمىدىن خەۋەر بەرمەكچى بولغاندەك، مېيىت ھارۋىسىغا قاراپ قويۇپ، يىغلامسىرىدى.

— ئاكا، خەنجىرىڭنى چىقىرىپ، چېكەمنى تىلىۋەت، — دېدى، قۇتلۇقنىڭ ئىماسىدىن ۋە مېيىت ھارۋىسىدىن ھەممىنى چۈشەنگەن ياغلاقار.

قۇتلۇق ياغلاقارنىڭ ئىلتىماسىنى رەت قىلىش قارارىغا كەلدى. ئەگەر ئۇنىڭ چېكىسى تىلىنسا، ئۇزۇن يول ۋە قاتتىق سوغۇقتا يارا ئىزى شەلۋەرەپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. ھاياتىغا خەۋپ يەتمەيدۇ دېگىلىمۇ بولمايتتى. قۇتلۇق دەرھال بىر باھانە تاپتى ۋە:

— كۆڭلۈڭ ئاچاڭغا تېگىل بولدى، سىلەردە ئۇنداق ئادەت بولمىغاندىكىن چېكەڭنى تىلىپ ماتەم تۇتۇشۇڭنىڭ ھاجىتى يوق، — دېدى ئۆزىگە ئاڭلانغۇدەك قىلىپ.

ياغلاقار بۇ گەپنى ئاڭلاپ، قۇتلۇقتىن قاتتىق بىر تەستەك يېگەن-دەك بىئارام بولدى. زەنجىرلەنگەن پۇتى بىلەن يەرگە تەپتى، قوللىرى-نى بوشىتىشقا ئۇرۇنۇپ كۆردى، لېكىن ھېچبىر ئامال قىلالمىدى. ئاخىرى، مەھبۇس قەپىسىنىڭ يان ياغىچىغا شۇنداق بىر ئۇسۇۋىدى، پېشانىسى يېرىلدى، يېرىقتىن ئېقىپ چىققان قىپقىزىل قان قاشلىرىنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ، كۆزلىرىگە ساقىدى. ئۇ ھاڭ-تاڭ قالغان قۇتلۇققا، ئاندىن مېيىت ھارۋىسىغا قاراپ «ئەلۋىدا ئاچا» دېدى - دە، قورۇقچى-لارغا:

— ئەمدى هارۋاڭنى هەيدە! — دەپ ۋارقىردى.

## 26. قاغىنىڭ ئۆيلەنگۈسى بار

قۇتلۇق كەدىرەنىڭ ئۆلۈمىنى كۆڭۈلدىكىدەك ئۆزىتىپ، نەزىر - چىراغ ئىشلىرىنى جايىدا بېجىرىپ قۇتۇرۇۋېلىشۇدى، سۇنغان دىلى ئانچە-مۇنچە تەسكىن تېپىپ قالغاندەك بولدى. بىمەزگىل يۈز بەرگەن مۇئەللەق قازا تۈپەيلى، روھىي دۇنياسىدا پەيدا بولغان غايەت زور بوشلۇقنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تولدۇرۇۋىشقا ۋە يۈرەك يارىسىنى سەللىمازا ساقايتىشقا ئىمكان بولمىسىمۇ، قىسمەتكە تەن بېرىپ، هازا ئىسكەنجىسىدىن خېلى تېزلا قۇتۇلۇپ چىقتى.

«كەدىرەنى كۆك تەڭرىنىڭ ئۆزى ئاپىرىدە قىلدى، يورۇقلۇق ئالىمگىمۇ ئۆزى ئېلىپ كەتتى. ئۇ ئەمدى كۆك ئىلاهىنىڭ شەپقىتىگە نائىل بولۇپ، پەرىشتىلەرچە كۆن كەچۈرەر، ۋاپاسىز ئېرىنىڭ يولىغا تەلمۈرۈپ، پانىي ئالەمنىڭ جاپاسىنى تارتىپ يۈرمەس. بىراق، يېتىم ياغلاقارچۇ؟ ئۇمۇ تەڭرىنىڭ هۆكۈمى بىلەن كەدىرەدەك كېتىپ قالغان بولسا ئىدى، «قازاغا رىزا» دېمەكتىن ئۆزگە ئامال يوق ئىدى. ئۇ نېمە ئۈچۈن تىرىك تۇرۇپ دوزاخ ئازابىغا مەهكۇم قىلىندۇ؟ بۇ دۇنيا ياخشى ئادەملەرگە نېمانچە رەهىمسىزلىك قىلىدۇ؟» دېگەن ئويلار ئۇنىڭ ماتەمدىن ئەمدىلا خالاس بولغان ۋۇجۇدىنى تۆمۈر چىشلىق يامان قۇرتتەك توختاۋسىز غاجىلىغىلى تۇردى، خاتىرجەملىكىنى، ئارا-منى ۋە مەئىشىتىنى بىر يوللا يوق قىلدى. ياغلاقارنىڭ مەهبۇس هارۋىسىدىكى تەقبىلەنگەن يىرتقۇچتەك غەزەپلەنگەن هالىتى، ئۇۋال

قىلىنغانلاردىلا بولىدىغان ھەممىنى كۆزگە ئىلمايدىغان، ھەممىدىن بىزار بولىدىغان قورقۇنچلۇق قاراشلىرى ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىۋال-دى. «ئىنىڭغا ئۇۋال قىلىنغىنىنى بىلىپ تۇرۇپ، سوكۇت ساقلىغىنىڭ نېمىسى؟ ئىككىنچى قېتىم ھاياتلىق ئاتا قىلىپ، تۇرمۇش سەھنىسىگە باشلاپ كىرگەن مېھرىبان ئاكام سەن ئەمەسمىدىڭ؟ قېنى سەندىكى مېھرىبانلىق؟ قېنى سەندىكى ئادالەتپەرۋەرلىك؟ قېنى سەندىكى تاغنى تالقان قىلالايدىغان ھېسابسىز كۈچ؟ ...»دېگەن ئاۋاز، قۇلىقىدىن كىرىپ، يۈرىكىنى تىترەتمەكتە ئىدى. مانا شۇ ئاۋاز ئۇنى ماتەم گىردابىدىن تېزلا قايتۇرۇپ كەلدىيۇ، يەنە يېڭى جەڭگاھقا يۈزلەندۈر-دى. تەتۈر قىسمەت، ئالا نىيەت كىشىلەر بىلەن يەنە بىر نۆۋەت بەل تۇتۇشۇشقا دەۋەت قىلدى.

گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، ئۇ ھازىر قاغان دادىسىنىڭ ۋۇجۇ-دىدىن بۇرۇنقى بىر سۆزلۈك، ھەققەتچىل ئەمرلەشكەر دادىسىنىڭ ئىزناسىنى ئىزدەيتتى. لېكىن، قانداقلا ئىزدىمىسۇن ۋە قاياقتىن نەزەر تاشلىمىسۇن، ئۇ بۇ ئىزنانى تاپالمايتتى. ئەمرلەشكەر دادىسى بىلەن قاغان دادىسى بىر - بىرىدىن يىراقلاپ كېتىۋاتقان ئىككى ئاتلىققا ئوخشايتتى. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، ئۇنىڭ قەلب جامىدا لىقمۇلىق تولۇپ تۇرغان پەرزەنتلىك مۇھەببىتى بەئەينى تۈۋى تۆشۈك سوغىغا قاچىلانغان سۈزۈك سۇدەك، ئاز-ئازدىن ئېقىپ، بارغانچە ئازلاپ بارماقتا ئىدى. تۆھمەتخورنى ئاشكارىلاپ، دار ئالدىغا قاراپ قەدەممۇ قەدەم سىلجىپ كېتىۋاتقان ياغلاقارنى قۇتقۇزۇش ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم قېرىند-داشلىق بۇرچى ئىدى. ئەمما، ئۇ قاغاندىن ياردەم تەلەپ قىلالمايتتى. ئۇنىڭچە كۆز نۇرى ساختىلىق تۇمانى بىلەن توسۇلۇپ كەتكەن قاغاننى ئەيۋەشكە كەلتۈرۈش ھازىرچە نەتىجە بەرمەيدىغان بىھۇدە ئۇرۇنۇش بولۇپ ھېسابلىناتتى. ئۆز - ئۆزىگە ئۈمىد باغلاش، ئۆزى بىلەن بىر

يولدىكىلەرگە تايىنىشلا قۇتلۇقنىڭ قولىدىن كېلىدىغان بىردىنبىر چارە
ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ قورالسىزلا جەڭ قىلىدىغان يەنە بىر يېڭى
جەڭگە ئاتلاندى. ئۇ «تۆھمەتخورنى تېپىپ ھەق-ناھەقنى ئايدىڭلاش-
تۇرمىغۇچە ھەرگىز بولدى قىلمايمەن» دەپ قەسەم ئىچتى-دە، پىلەك-
نى بويلاپ خەمەك تېپىش ئۈچۈن، توغرۇل مىڭباشى بىلەن، بەگبا-
رىسنىڭ يېنىغا سوقۇپ قويغان يەنە بىر قورۇقچىنى يادىغا ئالدى.

بىراق، ئەۋەتىلگەن مەخپىي چاپارمەنلەر كۆپ ئۆتمەيلا كۆڭۈلسىز
بىر خەۋەرنى ئېلىپ كېلىشتى. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، توغرۇل مىڭباشى
بىر يىل بۇرۇن چىقىپ كەتكەنچە لەشكەرگاھتا قايتا كۆرۈنمەپتۇ.
ئۇنىڭ بىرەر قەبىلىگە كېتىپ قالغىنى ياكى بىرەر كېلىشمەسلىككە
ئۇچرىغىنى توغرىسىدا ھېچكىم ھېچ نەرسە ئېيتىپ بېرەلمەيدىكەن.
بىراق، خەۋەرلەردە ئېيتىلىشىچە، ھېلىقى نامەلۇم كىشى ھازىر توغرۇل
مىڭباشىنىڭ ئورنىدا مىڭباشى بولۇپ، بەگبارىسنىڭ لەشكەرگاھىدا ئۆز
ئالدىغا دو سوقۇپ يۈرۈۋاتقانىكەن.

يەر-جاھان قاغا قانىتىدەك قاراڭغۇ، لەھەتتەك جىمجىت بولغان
بىر كېچىسى پەرمانبەردار چاپارمەنلەر ئوغرى مۈشۈكتەك مارىلاپ
يۈرۈپ، ھېلىقى نامەلۇم مىڭباشىنى بىر تار كوچىدا يالغۇز ئۇچراتتى
-دە، بېشىغا قاپ كىيدۈرۈپ، قۇتلۇقنىڭ ئالدىدا ھازىر قىلدى.

قۇتلۇق گەپ ئەگىتىپ ئولتۇرمايلا سورىدى:

— قېنى ئېيت، مۈشۈ بىر يىلدىن بۇيان نېمە ئىشلارنى قىل-
دىڭ؟

— ئېيتاي ئەمىرلەشكەر جانابلىرى، تاپشۇرۇقلىرىغا لايىق، غەي-
رىي ئىش-غەيرىي ئادەملەرگە كۆز-قۇلاق بولدۇم. ئەگەر دېگەنلىرىدىن
تېپىپ كەتكەن بولسام مېنى تەگرى ئۇرسۇن، تەن - جىسمىغا ۋابا

تېگىپ تىن تارتماي ئۆلەي ...

نامەلۇم كىشىنىڭ ئۇستاتلىق قىلمەن دەپ چاندۇرۇۋاتقىنىنى تۇيۇپ قالغان قۇتلۇق ئۇنىڭ قورسىقىدا جىن بارلىقىغا ئىشەندى، ئەمەل-مەنسەپ دېسە ئانىسىنى سېتىۋېتىشتىن يانمايدىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى ھېسابقا ئېلىپ، ئالدىغا يەمچۈك تاشلىدى ۋە:

— سەن بىلەن مۆكۈشمەك ئويناشقا ھەپىلەم يوق. ئېرچۈك باخشىغا پال ئاچقۇزدۇم، ھەممىنى بىلدىم. قىلغان-ئەتكەنلىرىڭنى يوشۇرىمەن دەپ ئاۋارە بولما، خىزمىتىڭ كۆڭلۈمگە يېقىپ قالسا مەرھەمىتىمگە ئېرىشىپ تۇمەنباشى بولۇپ قالساڭمۇ ئەجەب ئەمەس، — دېدى.

نامەلۇم كىشى بىردىنلا ئەيۋەشكە كەلدى. قۇتلۇقنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ، ئىچ-باغرىنى قويماي تۆكۈپ تاشلىدى.

— جانابلىرى، ئالىيلىرى، مەن ئاسىي شەپقەتلىرىنى ئۇنتۇپتىمەن، تۇز بەرگەن تۇزلۇققا تۈكۈرۈپتىمەن، بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە، مەن ھەممىنى دەي، ھەممىنى دەي ...

نامەلۇم كىشىنىڭ ئىقرار قىلىشىچە، ئۇ بەگبارسنىڭ تاراس تېگىننى باشلاپ ئوۋغا چىقىدىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپلا، بۇ ئوۋدا بىر گەپ بار دەپ گۇمان قىلغان، شەھەردىن غىپپىدە چىقىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ ئىزىغا چۈشكەن، شاھانە چېدىرغا يېقىنلىششقا ئۇلگۈرمەيلا بەگبارسنىڭ يوشۇرۇن قوروقچىلىرى تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ قالغان، ئۇنىڭ ئازدۇرۇشلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، ياغلاقارنىڭ چوڭ ئاستانىگە يۇرۇپ كەتكىنىنىمۇ ئاشكارىلىۋەتكەن.

— قېنى ئېيتىپ باق، توغرۇل مىڭباشىنى تونۇمتىڭ؟

— راست گەپنى قىلسام، ئۇنى بىر-ئىككى قېتىملا كۆرگەنمەن.

— ئۇنى ئاخىرقى قېتىم نەدە كۆرگەنىدىڭ؟

— كۆرگىنىم يوق... كۆرگىنىم يوق...

ناماەلۇم كىشى گەپتىن ئېزىپ دۇدۇقلاشقا باشلىدى، چىرايى تاتىرىپ، ئېڭەك گۆشلىرى لىكىلدىدى. بۇ ھال قۇتلۇقنى شۇبھىگە سالدى. ئۇ قىلىچ سېپىنى شۇنداق سىلىۋىدى، ناماەلۇم كىشى يەنە زۇۋانغا كەلدى. ئۇ:

— ئۇنى ... ئۇنى ھېلقى كېچىسى بەگبارس تۇمەنباشىنىڭ چېدىرىدا ئاخىرقى قېتىم كۆرگىنىم يادىمدا، ئۇمۇ چېدىر ئەتراپىدا تۇتۇلۇپ قالغان چېغى ... — دېدى، تىلىنى چايناپ. قۇتلۇق يەنە سورىدى:

— كېيىنچۇ؟

— كېيىن ئۇ تۇمەنباشىنىڭ ئالدىدا ھەرگىز سىر بەرمىدى، بىر ئېغىزمۇ زۇۋان سۈرمىدى.

— ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟

تۇمەنباشى قۇللىرىنى چېدىرغا سولاپ قويۇپ، توغرۇل مىڭباشىنى ئەپچىقىپ كەتتى.

— نەگە ئەپچىقىپ كەتتى؟

— بىلمىدىم، راستىنلا بىلمىدىم، ئۇلار بىردەمدىن كېيىن قايتىپ كىرىپ، مېنى ئوردىبالىققا قايتۇرۇۋەتتى.

— نېمىدەپ قايتۇرۇۋەتتى؟

— بۇ ئىشلارنى ھېچكىمگە تىنما، تىنىپ سالساڭ مىڭباشىمۇ بولالمايسەن، جېنىڭنىمۇ ساقلاپ قالالمايسەن دېدى ...

قۇتلۇقنىڭ پەرىزى مانا ئەمدى توغرا بولۇپ چىقتى، ئېنىق ئىسپاتقا ئېرىشەلمىگەن بولسىمۇ، توغرۇل مىڭباشىنى تۇزاققا دەسسىتىپ، ئۇنىڭغا سۇيىقەست ئىشلەتكۈچىنىڭ بەگبارس ئىكەنلىكىگە شەكسىز ئىشەندى. پەرىزىچە، يەنە ئاشۇ بەگبارس ناماەلۇم كىشىنىڭ ئىقرارىدىن

ياغلاقارنىڭ مۇھىم ئىش بىلەن كىتىشۋاتقىنىنى بىلىپ قالغان، ئۇنىڭ كەينىگە ئادەم سېلىپ، ھەربىر قەدىمىنى يېقىندىن كۆزەتكەن. ئاسىيـ-لارغا ئات سېتىشتەك چوڭ گۇناھنى تۇتۇپلاڭ مەزگىلىدە ئاستانىگە بېرىپ كەلگەن ياغلاقارغا ئىنتىرىپلا بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوقماقچى بولغان.

«پۇتكۇل قاغانلىقتا قۇربان ئاتلىرىنى قاغان بىلەن بەگبارسلا بىقىۋاتسا، قاغان يەنە نېمە ئۈچۈن تۆھمەتكە ئىشىنىدۇ؟ ياغلاقارنى ئات ساتتى دېگەن ئىكەن يەنە نېمىدەپ بۇ گۇناھقا ئۆزىنىمۇ شېرىك قىلمايدۇ؟ ياغلاقاردا بۇنچە كۆپ قۇربان ئاتلىرى نېمىش قىلسۇن؟ ئۇنداقتا قاغان نېمىدەپ ھەقىقىي ئات ساتقۇچىـنى ئىزدەپ تـاپمايدۇ؟ بۇ قاغانىنىـڭ قولىدىن كـەلمـەيدىغان ئىش ئەمەسقۇ»

چۇۋۇق يېپتەك گادىرماچ، ئەمما كۆپ كۆچمەيلا ئۈچىنى تاپقىلى بولىدىغان بۇ بىر نەچچە سوئالدىن «ئۇنداقتا، ھەقىقىي ئات ساتقۇچى زادى كىم؟» دېگەن بىر ئاددىي سوئال تۇغۇلاتتى. بۇ ئاددىي سوئال ھەممە تۇگۇنىنىڭ ئاچقۇچى سۈپىتىدە قۇتلۇقنى ئوبدانلا ئاۋارە قىلىپ تۇراتتى.

بىراق، قۇتلۇق ئىشىنەتتىكى، تۇنباغا قاغان بۇنداق زىل چاغلاردا ئاسىيلارغا ئات بېرىپ، تاڭ ئوردىسىنىڭ چىشىغا تېگىدىغان ئەخمىقانە ئىشلارنى قىلمايتتى. قىلدى دېگەندىمۇ، قاغانلىق نوپۇزىغا تايىنىپ ئۇچۇق-ئاشكارا قىلىۋېرەتتى. بۇ سودىنى گۇناھ ھېسابلاپ، باشقىلارنى جازالاپمۇ يۈرمەيتتى. بەگبارس، ئىچىدە تولغۇز قاترايدىغان ئاشۇ بەگبارسلا بۇنداق ئىپلاسلىقلارنى قاملاشتۇرۇپ كىتەلەيتتى، ئۇنىڭ بۇ پەسكەش سودىنى پۇل-مال ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى قورقۇنچلۇق بىر شۇم غەرەز ئۈچۈن قىلغانلىقى ئېھتىمالغا يېقىن ئىدى.

قۇتلۇق جىگدا توختىغۇدەك ئىسپات تېپىش ئۈچۈن تاراس

تېكىننى چېكىپ بېقىشنىڭ يولىنى قىلىپ يۈرگەن كۆنلەردە تۇنباغا قاغاننىڭ «ھۇزۇرۇمغا كېلىپ كۆرۈنۈش قىلسۇن» دېگەن جىددىي پەرمانىنى تاپشۇرۇۋالدى، قىزىتىلغان تۆمۈر ئۈستىدە يالاڭ ئاياغ ماڭ-غاندەك مېڭىپ ئىچكى ئوردىغا يېتىپ كەلدى.

ھوقۇق-مەنسەپ شۇنداق بىر نەرسكى، ئۇ تۇمەن خىل ناز-كە-رەشمىسى بىلەن جەلپكار سەتەڭگە ئوخشايدىكەن، بۇ سەتەڭ ھەممە ئادەمگە قاراپ تەبەسسۇم قىلىدىكەن. ئۇ بولسا يۈز - ئابرۇي، مال-دۇنيا بولىدىكەن، شۇڭىمۇ، ھەممە ئادەم ئۇنىڭغا تەلپۈنىدىكەن، ئىشقى-پىرا-قىدا كۆيۈپ-پىشقان مەجنۇنلارغا ئۇ: «ماڭا ئېرىشىمەن دېسەڭ، قى-لىچ-نەيزەڭگە تايان، ھىيلە-مىكىرنىڭ كوچىسىغا كىر، گېزى كەلسە دوست-بۇرادىرىڭنىڭ مۈرىسىگە دەسسە ...»دەيدىكەن-دە، ئادەملەرنى ھەر كويلارغا سالىدىكەن.

دەرۋەقە، ئادەملەر ئۇنىڭ دېگىنىنى قىلىدىكەن، قىلغاندىمۇ جان دەپ قىلىدىكەن، كېچە-كېچىلەپ باش قاتۇرۇپ، يىل-يىللاپ ئاۋارە بولىدىكەن. كۈنلەر كېلىپ، بۇ ئىشقۋاز تەلەي تاۋكاسىدا ئۇتۇپ چىققان بىر مەجنۇنغا قاراپ قوچاق ئاچىدىكەن-دە، ھوقۇق-مەنسەپ تاجىنى كىيدۈرۈپ، ئۇنى باشقىلاردىن ئەزىز، ئۆزگىلەردىن ئۈستۈن قىلىدىكەن.

بىراق، گۈلنىڭ تىكىنى، ھەسەلنىڭ ھەرىسى بارلىقى بۇ تاجدار-لارنىڭ خىيالىغىمۇ كەلمەيدىكەن. ھوقۇق سەتىڭىنىڭ گۈلىنى ئۈزگەن-دە ئۇنىڭ تىكىنىنى كۆرمەيدىكەن. ھەسلىنى ئېتىغاندا ھەرىسىنى يادىدىن چىقىرىدىكەن، ياكى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ كۆرمەسكە سالىدىكەن. قاچانكى بىر كۈنلەر كېلىپ، گۈل سولۇپ تىكەن، ھەسەل خوراپ ھەرە قالغاندا تاج ئىگىسىگە ھەمراھ بولىدىغىنى پەقەت ھەسرەت بىلەن نادامەتلا بولىدىكەن.

ھالبۇكى، ئىنتىلگەن سەتڭىنىڭ نەزىرىدىن ئۆتۈپ، سەلتەنەت-لىنىڭ تاج كىيگەن، تەڭرىنىڭكىدەك ئابرۇيى تېپىپ، تەڭرىلەرچە ھۆكۈم سۈرگەن تۇنباغامۇ بۇ كۈنلەردە گۈللىرى قۇرۇپ، قارىقۇيۇق تىكەن باسقان باياۋاندا ھارغىن مۇساپىردەك دەلدۈگۈنمەكتە ئىدى.

دەرھەقىقەت، ئۇ ئاشۇ باياۋانغا كىرىپ كەلگەندىن بۇيان تاپىنىغا كۆپ قېتىملاپ تىكەن پاتتى، يەتتە ئەزاسىنىڭ ئۈچ-تۆتىگە ھەسەل ھەرىسى نەشتەر سالدى. 50 ياشتىن ئۆتە-ئۆتمەي، چاچ-ساقىلى تامام ئاقىرىپ، كۆزلىرىدىن نۇر قاچتى، قەددى ئېگىلىپ، پېشانىسىگە قورۇق چۈشتى، قاپاقلىرى ساڭگىلاپ، قىزغۇچ چىرايى بەئەينى سوقۇم گۆش-تەك قارىيىپ كەتتى.

قاغان ئىچ-ئىچىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان كالتە يۆتەلنى مىڭ تەسلىكتە بېسىپ تۇرۇپ مەلۇماتچىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالدى، شىۋاق-لىقتەك ياشاڭغىراپ تۇرغان كۆزلىرىنى سۈرتۈۋەتكەندىن كېيىن پەگا-دىلا ئۆرە تۇرغان قۇتلۇققا قارىۋىدى، قۇتلۇق دىۋان قائىدىسىنى خالار-خالىماس بەجا كەلتۈردى:

— ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئۇلۇغ قاغانىغا سالام، مۇبارەك تەنلىرى كۆك تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ئەبەدىلئەبەد ساق-ساغلام بول-غاي...

قۇتلۇق تەخت ئالدىغا كېلىپ سالام بېرىشكە تەرەددۇت قىلىۋى-دى، چىڭقىلىۋېرىپ يۈزى كۆپكەن، ھەرە تارتقاندەك ھاسىراۋاتقان قاغان ئۇنىڭ قولىنى ئالدىغا سوزۇپ، بوغۇملىرى قېتىپ كەتكەن بارماق-لىرىنى بىلىنەر-بىلىنمەس قىمىرلاتتى ۋە:

— نېمانچە تولا ئەدەپ-قائىدە بۇ، تولا ئېگىلىپ، تىزلىنىپ يۈرمەي چاپسانراق يېنىمغا كەل ئوغلۇم، — دېدى، سەل خىرقىراپ.

«ئوغلۇم؟» — ئوغۇل دېگەن نېمە ئۇ؟ دۇرۇس، ئوغلۇم دېگەن

بۇ مۇقەددەس سۆز ئاتىلارنىڭ ئۆز پۇشتىغا قىلىدىغان مۇھەببەتلىك خىتابى، قېنىنىڭ جەۋھىرى، نەسلىنىڭ داۋامىغا بولغان ئېھتىياجلىق چاقىرىشى ئەمەسمۇ؟ بۇ خىتابنىڭ تېگىگە قانچىلىك ئەركەكلىك، قانچىلىك مەردانىلىق ۋە قانچىلىك مەسئۇلىيەت يوشۇرۇنغان-ھە؟!

«ئوغلۇم»دېگەن سۆز قارىماققا بوغۇز يېرىپ چىققان بىر دەقىقىلىك ئاددىي نەپەس، بىر قارىماققا بىر ئۈچى يۈرەككە، بىر ئۈچى ۋىجدانىغا تۇتىشىدىغان، ۋەزنى ئېگىز تاغدىن كەم تۇرمايدىغان، تەپتى ئېغىرنى كۆيدۈرىدىغان بىر ئوتلۇق نەپەس!

«ئەجەب ئىش، قاغان نېمە ئۈچۈن ئۆزىگە ئىزا تارتماي ‹ئوغلۇم› دەپ خىتاب قىلىدىكىنە؟ ‹ئوغلۇم›دېگەن بۇ سۆزنىڭ ۋەزنىنى بىلمەمدىكىنيا؟!»

دۇرۇس، ئۇ ئۇنىڭ ئوغلى، ئۇنىڭ قېنىدىن، ۋۇجۇدىدىن تۆرەلمىگەن بولسىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭ ئوغلى، باش ئۈستىدىكى كۆك تەڭرى، ئاياغ ئاستىدىكى قوڭۇر تۇپراق بۇ قىيامەتلىك ھەقىقەتكە گۇۋاھلىق بېرىپ تۇرغان يەردە، قان ۋە ۋۇجۇد بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرۇشنىڭ نېمە ھاجىتى؟

ئاغزىدىن ئانا سۈتى پۇراپ تۇرغىنىغا قارىماي گەدىنى چوڭ، غورۇرى كۈچلۈك چوڭ بولغان قۇتلۇق ئۇنىڭ ئاتىلارچە غەمخورلۇقىنى، ياق، ئاتىلارچە مۇھەببىتىنى چىن كۆڭلىدىن ئېتىراپ قىلغاچقا، قاغاننى ئۆز ۋاقتىدىلا «ئاتا» دەپ ئاتىدى ۋە «ئاتا» دەپ چوڭ بولدى. قۇتلۇق ئۇنى «ئاتا» دەپ ئاتىغانىكەن، ئۇ قۇتلۇقنى «ئوغلۇم»دېسە نېمە بولۇپتۇ؟ ئەگەر بۇ ئىلگىرىكى كۈنلەر بولسىدى، بۇ بىر كەلىمە سۆز قۇتلۇقنىڭ سەبىي قەلبىدە ئالەمشۇمۇل ئىپتىخار قوزغاپ، قەلب دېڭىزىنى كارامەت بىر تەرزدە داۋالغۇتىۋېتەر، شامالدەك ئۇچۇپ بېرىپ ئاتىسىنىڭ ئاتەشتەك ئىللىق قۇچىقىغا تاشلىنار ۋە يېرىك ساقىلىنى

ئويناپ، يۈزىگە يۈزىنى يېقىپ قوزىچاقتەك ئەركىلەر ئىدى.

ئەمدىچۇ؟ قاغان ئۆزىگە يەنىلا «ئوغلۇم» دەپ خىتاب قىلىۋاتى-دۇ، ئەمما بۇ خىتاب ئۇنىڭغا كىچىك چاغلىرىدىكىدەك جاربىدار، پاساھەتلىك بولۇپ ئاڭلانمايدۇ. بۇ سۆزنىڭ ۋەزنىدە ئەمدى ئۇنداق ھېكمەت يوق، بۇ سېھىر ۋە بۇ ھېكمەت «ئوغلۇم» دەپ خىتاب قىلىۋاتقان ئاشۇ قاغاننىڭ ھۆكۈمى بىلەن تۆھمەت ئىسكەنجىسىگە مەھكۇم قىلىنغان بىگۇناھ ياغلاقار بىلەن بىللە غايىب بولغان. غايىب بولمىدى دېگەندىمۇ ئۇ بۈگۈن تومان ئارىسىدىكى ھىلال ئايدەك، ياكى مايسىرىغان جىن چىراغدەك غۇۋالاشقان ...

قاغان قۇتلۇقنىڭ زىيان تارتقان دۇكانداردەك دومسىيىپ، تۇرغان يېرىدە ئۈيۈپ قالغىنىغا سەل ئەجەبلەندى. ئادىتى بويىچە بارماقلىرى-نىڭ ئۇچىنى ئىلمەك قىلىپ رەققاسلارنىڭكىدەك مىدىرلاتتى.

— بۈگۈن ساڭا نېمە بولدى ئەمىرلەشكەر؟ — دېدى قاغان خاپا بولغان ھالدا چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، — ئوغلۇم دېسەم بىر ئېغىزمۇ مۆرەپ قويمايسەن، ئەمدى مەن ئوغلۇمغا ئەمەس، بەلكى ئەمىرلەشكەرگە بۇيرۇق قىلىشقا مەجبۇرمەن. ئالدىمغا كەل!

تەنە بىلەن سوغۇرۇلغان بۇ تىكەنلىك سۆز قۇتلۇقنى خۇددى كاچكۇلغا چۈمۈلدۈرگەندەك سەگىتىپ قويدى، ئۆزىنىڭ بىر تەگرىزادى-نىڭ ھوزۇرىدا تۇرغىنىنى دەرھال يادىغا ئالدى - دە، ئۇنىڭ يۈزىنى قىلىپ بولسىمۇ تەخت ئالدىغا كېلىپ قول قوشتۇرۇپ قاراپ تۇردى.

قاغان قۇتلۇقنىڭ ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلىمىغاندەك، كۆز ئالدىغا كەلگىنىنى تۇيمىغاندەك، تومۇرلىرى كۆك تانابتەك بۆرتۈپ چىققان كەڭ ئالقانلىرىنى تىزلىرى ئۈستىگە قويغىنىچە جىمجىت ئولتۇراتتى. ھېلىھەم خىرە يۇلتۇزدەك چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى تەخت ئالدىدىكى ئۇدۇن زىلچىسىنىڭ قايسىبىر گۈلىگە قادالغانىدى. بۇ گۈلدىن ئەندىزە

ئېلىشۋالماقچى بولغان ئۇستا خالۋاپەتەك ياكى بۇ گۈلنى قانغۇچە تاماشا قىلىشۋالماقچى بولغاندەك، كىرپىك قېقىشقىمۇ رايى بارمايتتى. پەقەت ھېقىق كۆزلۈك ئالتۇن ئۈزۈكلەر پارقىراپ تۇرغان بارماقلىرىلا تىزلىرى ئۈستىدە قانداقتۇر بىر ئويناق پەدىگە داپ چەككەندەك، رىتىملىق مىدىرلايتتى.

يۈرەكلەرنى مۇجۇپ تۇرغان بۇ سۈكۈنات قانچە ئۇزاق داۋام قىلىدىكىن، بىر چاغلاردا ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. سۈكۈناتنى تۇنجى بولۇپ بۇزۇۋەتكەن تۇنياغا قاغان قوتلۇققا چەكچىيىپ تۇرۇپ سورىدى:

— قېنى، گەپ قىل، كەدىرەنىڭ ئۆلۈمىدىن نېمىدەپ قاغان داداڭنى خەۋەردار قىلمايسەن؟ ...

— ... ... ...

— قېنى مېنىڭ يۈرەك پارەم، قېنى مېنىڭ ۋاپادار قىزىم... ئۆز قىزىغا ماتەم تۇتالمىغان ئاتىغا بۇنداق قاغانلىقنىڭ نېمە كېرىكى؟...

قاغانغا تىكىلىپ قاراشقا ھېچكىمنىڭ جۈرئىتى بولمىغاچقا، دىۋان ئەھلى ئۇنىڭ تىترەك ئاۋازىنى ئاڭلىيالىدىيۇ، مۆڭگىلىغان كۆزلىرىنى، كۆزلىرىدىن تامچىپ ئاققان قانلىق ياشنى كۆرەلمىدى، توققۇز كۆزلۈك ئالتۇن تاج ۋە تاج بىلەن ئېغىرلاشقان بېشىنىڭ ھەسرەت بىلەن چايقالغانلىقىنى تۇيۇپ تۇردى.

قوتلۇق دادىسىغا ئىچ ئاغرىتىپ قالدى، ھەتتا ئۆزىنىڭ توغرا قىلمىغىنىنى گەدىنىگە ئالغۇسىمۇ كەلدى. كەدىرە سەكراتقا چۈشكەندە قاغاننىڭ ئوردا ئەلچىلىرى بىلەن مۇلاقەتتە بولۇۋاتقىنىنى ئېيتىپ، ئۆزىنى ئاقلىماقچى بولدىيۇ، گەپلىرىنى يالماپ يۇتۇۋەتتى. چۈنكى ئۇ بۇ ئۆلۈم ۋە ئۆلۈمگە ئەگىشىپ كەلگەن جىمى كۆڭۈلسىزلىكلەرنى قايتا

تىلغا ئېلىشنى خالاپ كەتمەيتتى، تىلغا ئالدىمۇ، ئەگىشىپلا ياغلاقارنىڭ تۇتقۇن قىلىنىش ۋەقەسىمۇ ئوتتۇرىغا تاشلانماي قالمايتتى، قۇتلۇقچە، چوڭ ئىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، قەستەن خۇپسەنلىك قىلىۋاتقان قاغان ئالدىدا بۇ ۋەقەنى تىلغا ئېلىش ئۆكۈزنىڭ قۇلىقىغا ساتار چالغاندەكلا بىر ئىش ئىدى. «تۇغۇچنى كىم چەككەن بولسا ئۇنى شۇ يەشسۇن، ۋاقتى كېلىپ ياغلاقارغا ئۇۋال قىلغىنى يادىغا يەتسە، ۋىجدانى قورۇنسا ئەجەب ئەمەس ...» دەپ ئويلىدى قۇتلۇق ئۇندىمەي تۇرۇپ.

قاغان قۇتلۇق بىلەن گەپ تالىشىپ ئولتۇرمىدى، بىھۆرمەتلىك قىلىپ، سوئالنى جاۋابسىز قالدۇرغىنىغىمۇ ئىرەن قىلمىدى. ئاجىز يورۇپ تۇرغان دىۋاننىڭ ئۇيەر ـ بۇ يېرىگە كۆز يۇگۈرتۈپ يېنىدىلا قول باغلاپ تۇرغان مۇراسىم بېگىنى تەستە ئىلغا قىلىۋالدى-دە، ئۇنىڭغا قول شىلتىپ:

— ھەممىڭلار چىقىڭلار، قاغانىڭلارنى ئەمرلەشكەر بىلەن يالغۇز قويۇڭلار، — دېدى، بەلغەم قاپلىشىۋاتقان بوغۇزىنى قىرىپ قويۇپ.

مۇراسىم بېگىنىڭ ئىشارىتى بىلەن، قاغانىنىڭ مۇرىسىگە مۇشتىلا-ۋاتقان كېنىزەكلەرمۇ، چوغدانىنى چۇخچىلاۋاتقان مۇلازىملارمۇ، قورۇق-چى-مەھرەملەرمۇ، باخشى-پېرىخونلارمۇ داردا ماڭغاندەك ئېھتىيات بى-لەن مېڭىپ چىقىپ كېتىشتى، دىۋاندا قاغان ۋە ئۇنىڭ ئەمرلەشكىرى يالغۇز قېلىشتى.

دىۋاندا يەنە شۇ سۈكۈنات، يۈرەكنى سىقىدىغان، نەپەسنى بوغۇدىغان، نېمىدۇر «پاك» قىلىپ ئېتىلىپ كېتىدىغاندەك، قار باسقان ئۆگزىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان قايسىبىر لىم «قارس» قىلىپ سۇنىدىغاندەك تەسىر بېرىدىغان قورقۇنچلۇق سۈكۈنات، ھازىرلا يۈز بېرىدىغان قانداقتۇر يامانلىقتىن ياكى تىنىق ئىچىدىلا زاھىر بولىدىغان ياخشىلىق-تىن بېشارەت بېرىدىغان مىڭ پاتمانلىق ئېغىر سۈكۇ-

نات...

قاغاننىڭ كونا كېسىلى يەنە قوزغالدى. دىۋان ئىچى سۈكۈناتتىن خالاس بولدى. قاغان بىر هازاغىچە قېقىلىپ تۇرۇپ تەختىنىڭ يۆلەن-چۈكىگە ئېسىلغان پېتى تەسلىكتە ئۆرە بولدى، قۇتلۇقنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ساقال-بۇرۇتىنىڭ ئارىسىدىن ئاران كۆرۈنۈپ تۇرغان لەۋلىرى-نى ئۇنىڭ قۇلىقىغا يېقىن ئەپكەلدى ۋە:

— داداڭنىڭ تابغاچ مەلىكىسگە ئۆيلەنگۈسى بار، — دېدى، دانە-دانە قىلىپ.

— ئاڭلىدىڭمۇ، قاغان داداڭنىڭ تابغاچ مەلىكىسگە ئۆيلەنگۈسى بار، — دەپ تەكرارلىدى ئۇ قۇتلۇقنىڭ تەئەججۈپلىك كۆزلىرىگە كىرىپ كەتكۈدەك بولۇپ.

قۇتلۇقنىڭ قۇلاق قالقانلىرى بىرەر شەپە سەزگەن ئاسلقارانىڭ قۇلاقلىرىدەك قىمىرلاپ كەتتى، كۆزىنى غايىبتىن كارامەت كۆرگەندەك چىمچىقلىتىپ تۇرۇپ قۇلاق تۈۋىدە ئېگىز قىيادىن قايتىپ كەلگەن ئەكس سادادەك جاراڭلاۋاتقان بۇ سۆزنى ئۆز سۆزىگە ئايلاندۇرۇپ هەجىلەپ باقتى:

«— هىم، قاغانىمنىڭ ئۆيلەنگۈسى بار، باشقا بىرسىگە ئەمەس، بەلكى تابغاچ مەلىكىسگە ئۆيلەنگۈسى بار... ئۆيلەنگۈسى بار ... ئۆيلەنگۈسى بار ...»

قاغان ئۆز ئۈستىكىنى خۇددى «غىزالانغۇم بار»، «چاي ئىچكۈم بار» دېگەن سۆزنى ئېيتقاندەك تەبىئىي، ئاددىي ۋە چۈشىنىشلىك قىلىپ ئېيتتى، قۇتلۇقنىڭ ئىنكاسىغا ئېتىبار قىلمىغاندەك، بۇرۇلۇپلا ئۆز ئورنىغا قايتتى، گۇيىسىز كۆزلىرىنى ئۇدۇل تامدىكى نامەلۇم بىر نۇقتىغا قاداپ تۇرۇپ تىلاۋەتتە تەكبىر ئوقۇغاندەك ئۇرغۇلۇق قىلىپ دېدى:

— سەن بىلسەن، تا شۇ كەمگىچە نىكاھىمدا قاتۇن تۇتمىدىم، بىر ئەلدە قاغان بولمىسا بولمايدۇ، قاتۇن بولمىسىمۇ بولمايدۇ، مۇھىمى، چوڭ ئوردىغا كۆيئوغۇل بولىدىغان ئوبدان پەيتلەر يېتىپ كەلگەندەك قىلىدۇ...

قۇتلۇق قاغاننىڭ تەلپىنى ناھايىتى ئېنىق ئاڭلىدىيۇ، دەماللىققا بىر نىمە دېيىشكە ئالدىرىمىدى. لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ مۇرەككەپ ھېسلار-نىڭ قورشاۋىغا چۈشۈپ، تامغا مىنىپ قالغىنىنى بىلىپ ئۇلگۈردى.

ئۇنىڭچە، ئۇ مىنىپ تۇرغان تامنىڭ بىر تەرىپىدە كۆپ يىللىق ئارزۇسىغا مۇناسىپ كېلىدىغان، ئەل-يۇرتنى ئاسايىشلىق ۋە باياشاتلىققا باشلاپ بارىدىغان بىر يېڭى يول يېيىلىپ ياتاتتى. بۇ يېڭى يولنىڭ قاغان ئۈچۈن قانچە قېتىملاپ تەۋسىيە قىلىنغىنى ئۇنىڭ يادىدا ئىدى. بۇ مەنىدىن، بۇنداق ئېزگۇ يولغا قەدەم قويغان قاغان ئاتىسى قوش قوللاپ قوۋۋەتلەشكە ئەرزىيتتى.

بىراق، تامنىڭ ئۇ تەرىپىدە شۇبھە بىلەن تولۇپ تۇر-غان، ئوڭ-سولىنى ۋە تەگ-تېگىنى كۆرۈپ بولمايدىغان تۇمانلىق بىر دۇنيا خۇددى شەيتان سۇيدۇكىدەك جىمىرلايتتى. بۇ تۇمانلىق دۇنيادا قاغاننىڭ سۈرىتى كۆرۈنەتتى، ئوردا ئەلچىلىرىنىڭ تەلەتمۇ خىرە-شىرە كۆرۈنۈپ قالاتتى. قاغان بىلەن ئەلچىلەر ئارىسىدا ئادەم سۇرەتلىك بىر تادان تۈلكە قۇيرۇقىدا ئوت سۆرەپ يۈرەتتى. بۇ تۈلكە باشقا بىرسى ئەمەس، بەلكى تىرىك مەخلۇقاتلارنىڭ ئەڭ يىرگىنچلىكى — بەگبارىس ئىدى.

قارىماققا بۇ بىر توپ كىشى يوشۇرۇنچە سودا قىلىۋاتاتتى. بەگبارىس جىمى شۇملۇقلارنى ئىشقا سېلىپ، قاش ئېتىپ ئويۇن ئوينايتتى. قاغان ياغلاقارنى دوغا تىكىپ ئۇنى قۇربانلىق قىلىشقا ۋەدە بېرەتتى. بۇ سادىقلىق، بۇ كەڭ قوللۇقلۇق ئوردا ئەلچىلىرىنى سۆيۈن-

دۇرەتتى. بۇ ئەلچىلەر يانپېشىغا بىر ئۈرۈپلا قانداقتۇر بىر مەلىكىنى
ياساپ چىقاتتى ۋە قاغان ئۇچۇن ياتلىق قىلماق بولۇشاتتى. بۇ سودى-
دىن ئۇلار رازى ئىدى. قاغان مەيدىسىنى تۇتۇپ قاقاقلاپ كۈلەتتى،
ئەلچىلەرمۇ كۈلۈپ-كۈلۈپ تېلىقاتتى، بەگبارىس كۈچۈكلىنىپ شەيتان-
لارچە دوست تارتاتتى. بىراق، بۇ كۈلكىلەر ئارىسىغا نەپرەتلىك نىدا
ۋە ھەسرەتلىك يىغا ئاۋازى ئارىلاشقانىدى. بۇ ئاۋاز ياغلاقارنىڭكىمۇ،
نامەلۇم مەلىكىنىڭكىمۇ ئوخشايتتى ...
— ئۈنچىقمىساڭمۇ، نېمىلەرنى ئويلاۋاتقىنىڭنى بىلىپ تۇرۇپتى-
مەن ئوغلۇم، — دېدى قاغان ئوت بىلەن سۇ ئارىسىدا تۇرۇپ خىيالىي
ئاۋازلارنى ئاڭلاۋاتقان قۇتلۇقنىڭ پىكىر يىپىنى ئۈزۈپ، —
ئۈنچىقمىساڭ ئىختىيارىڭ، لېكىن پەرمان شۇكى، ئەلچىلىك ئىشىدىن
باش تارتىمەن دېمە، پەيتى كەلگەندە بىلمىگەننى بىلىۋالىسەن، چۈ-
شەنمىگەننى چۈشىنىۋالىسەن!
«بارمايمەن دېگەن تۈگمەنگە يەتتە قېتىم بېرىپتۇ» دېگىنى مۇشۇ
ئەمەسمۇ، بۇ يىل نېمىدېگەن نەس يىل، ئايالىنىڭ تېنى سوۋۇماي
تۇرۇپ ياغلاقارنى قارا باستى، سىرلىق تۈگۈنلەرگە ئەمدىلا قول ئۇزىتى-
ۋىدى، پەرمان بىلەن قولى ئۈزۈلدى. ئەمدى ئۇ يەنە بىر مەرتەم
سەرسان بولامدۇ؟ چىگىش سىرلار سىر پېتى قالامدۇ؟ خۇددى ئادەم
تېپىلمىغاندەك، قاغاننىڭ ئۆزىنى ئەلچى قىلىپ تاللىۋالغىنىنى
دېمەمدىغان؟...
شۇ تاپتا، چېقىر كۆزلەردىن چاچراپ چىققان ئۈمىد ئۇچقۇنى
تال - تال ئوقتا ئايلىنىپ شۇنداق تېز ئۇچاتتىكى، ئۇچۇپ بېرىپ
قۇتلۇقنىڭ كۆز قارىچۇقىغا قادىلاتتى. بۇ ئوقلار شۇنچىلىك چىڭ
سانجىلغان ئىدىكى، ئاسانلىقچە يۇلۇپ بولمايتتى. قۇتلۇق رازىلىق
بەرمىسە، قاغانمۇ ئۇنى يۇلۇپ ئالدىغاندەك قىلمايتتى.

يوللۇق بولسۇن، يولسىز بولسۇن قاغان بەرىبىر قاغان ئىدى. ئۇنىڭ تەڭرى نامى بىلەن بىللە جاكارلىنىدىغان ھەربىر پەرمانى شۇنداق بىر پەرمان ئىدىكى، ئۇنى ھېچكىم يىرالمايتتى، ھېچكىم بۇزالمايتتى. ئەمىرلەشكەر قۇتلۇقمۇ ئاشۇلارنىڭ بىرى ئىدى.

«بۇنداق ئۇبدان ئىشتىن نېمىدەپ باش تارتقۇدەكمەن؟»

قۇتلۇق ئەلچىلىك سەپىرىنىڭ ئالدى-كەينىنى بىر قۇر دەڭسەپ كۆرگەندىن كېيىن كەسكىن بىر قارارغا كەلدى، قارارىنى قاغانغا بىلدۈرۈپ، ئۇنى قەۋەتلا خۇشال قىلىۋەتتى. ئەلچى بولۇپ قاغان ئۈچۈن، ئەل-يۇرت ئۈچۈن ئانچە-مۇنچە ئۇبدان ئىش قىلىپ بەرگەندىنىڭ تېشىدا، چوڭ ئاستانىدە ياغلاقارنى كۆرۈۋېلىشنى، پۇرسەت تاپسا ئامال قىلىپ ئۇنى بىر يوللا ئازاد قىلىۋېلىشنى ھەم كۆڭلىگە پۈكۈپ قويدى. ئىككى ئايلىق جىددىي ھازىرلىقتىن كېيىن، قار-مۇز ئېرىپ يول ئېچىلغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئوتتۇز نەچچە مۇلازىم بىلەن ئەللىك تۆگىلىك كارۋاننى باشلاپ، تۆگىلەرگە بىھېساب سوۋغا-تارتۇقلارنى يۈكلەپ، قاغان دادىسىنىڭ سالامنامىسىنى قوينىغا سېلىپ، ئوردۇل چوڭ ئوردىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

## 27. ئاستانىدىكى كۈنلەر

چوڭ ئاستانىگە ئاتلىق بىر كۈنلۈك مۇساپىدىكى بۇ قەدىمكى بازار بوگۇن بۆلەكچىلا قىزىپ كەتكەنىدى. بازارنىڭ تار ئەمما تاناپتەك تۈز كوچىلىرى ئايەم تۇسىگە كىرگەن. كوچا ئاغزىدىكى ھەشەمەتلىك زىننەت دەرۋازىسىغا، موخ باسقان قىزىل كاھىشلىق ئۆگزىلەرگە، مەھ-

كىمە ـ قەسىرلەرنىڭ، قايناق ئاشپۇزۇللارنىڭ ئىشىك باشلىرىغا قادال-
غان رەڭگارەڭ شايى ئەلەملەر باش يازنىڭ سەلكىن شامىلىدا ئاجايىپ
لەرزان لەپىلدەيتتى. ئالدى ئوچۇق كۆڭلەكلەرنى، كەڭ پۇچقاقلىق
ئىشتانلارنى كىيىپ، بەللىرىگە قىزىل پوتا باغلاپ، بېشىغا قاردەك ئاق
لۆڭگىلەرنى تېڭىۋالغان چاققان يىگىتلەر لاتا ئەجدىھاغا جان كىرگۈ-
زۈپ، باش ئۈستىدە ئويناتماقتا ئىدى. داپ گەردىشىدەك ھالقا بولۇۋې-
لىپ، خۇش كەيىپ چۇقان كۆتۈرۈۋاتقان ئاۋام ئارىسىدا ئۈچ ـ تۆتچە
يالغان شىر باش چايقىشىپ تاقلاپ يۈرەتتى. داقا-دۇمباقلارنىڭ گۈم-
بۈرلەشلىرى، تەبلىبازلارنىڭ داڭگىرلاشلىرى ۋە كاناي-سۇنايلارنىڭ
ئوغلاق مەرىگەندەك سوزۇق ئاۋازى كۈلكە-چاقچاقلار بىلەن بىللە،
يىراق-يىراقلارغا ئۇچۇپ كېتەتتى.

تاڭ دىيزۇڭنىڭ پەرمانى بىلەن توي تەنتەنىسىگە چۆمۈلگەن بۇ
بازار مىسالى ئوتى كۈچلۈك داش قازاندەك پورۇقلايتتى. ئۇيغۇر
ئەلچىسىنىڭ ھۆرمىتىنى دەپ ئالايتەن يېتىپ كەلگەن ئوردا ئەمىرلىرى
بازار تېشىدىكى چوڭ چېدىرلاردا تۇرۇپ تاقەتسىزلەرچە يولغا قارايتتى.

كەچكى قۇياش كۈنپېتىشقا يانپاشلىدى، يەر-زېمىننىڭ قىزىتمى-
سى ياندى. دۇمبۇرلىگەن كولدۇرما ئاۋازى ئاڭلىنىپ، ئۇيغۇر ئەلچىسى-
نىڭ ئۇزۇن كارۋىنى ئوپئوق سىزىقىدا بوي كۆرسەتتى، كۆپ ئۆتمەيلا
ئوردا ئەمىرلىرىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى.

— ئىنىم ياغلاقار، بۇ سەنمۇ؟ قېنى ئېيتقىن، بۇ ئوڭۇممۇ يا
چۈشۈممۇ؟...

تامدەك ئېگىز ئاسلقارانىڭ ئۈستىدە بەجايىكى تىكلەپ قويغان
قورام تاشتەك مەزمۇت ئولتۇرغان قۇتلۇق سانغۇن قائىدىنى بۇزۇپ،
چېدىر ئالدىغا كىبلەر-كەلمەيلا توۋلاپ تاشلىدى. چۈنكى ئۇ ھۆرمىتىگە
قول باغلاپ، «مەرھابا» دەپ توۋلاپ تۇرغان بىر توپ ئوردا ئەمىرلىرى

ئارىسىدا بىر تونۇش چىرايىنى، يەنى ئامان-ئېسەنلىكى نامەلۇم بولغان، كېچە-كۈندۈز ياد ئېتىپ يۈرگەن ياغلاقار لىڭنى كۆرۈپ قالغان، بۇ ئۇچرىشىش ئۇنى ھەم خۇشال قىلغان ھەم كۈپكۈندۈزدە چۈش كۆرگەندەك ئاجايىپ ھەيرەتتە قالدۇرغانىدى.

ھاياجاندىن كۆزى ياشلانغان قۇتلۇق ياغلاقارنىڭ ياقىسىنى سىلكىيتتى، مۈرىسىدىن مەھكەم قاماللاپ، كۈلۈپ تۇرغان كۆزلىرىگە، قىزىرىپ كەتكەن مەڭزىلىرىگە، مۆجىزىدەك ئامان قالغان بوي-بەستىگە تويماي قارايتتى، تۇرۇپ - تۇرۇپ باغرىغا باساتتى، قار-يامغۇردەك سوئال ياغدۇراتتى، تۈنۈگۈنى بۈگۈنىگە، بېشى ئايىغىغا ئوخشىمايدىغان، ھوش-كاللىسىنى گاراڭ قىلغان بىر غەلىتە مۇئەممانىڭ تېگىنى بىلىشكە ئالدىرايتتى.

— ئالدىرىما ئاكا، ئاۋۋال مۇنۇ ئەمىرلەرنىڭ سالامىنى قوبۇل قىل ۋە سالامغا سالام قايتۇر. سەن بىلمەيسەن، بۇ ئەمىرلەر قائىدە-يوسۇننى بەك زىغىرلايدىغان خەق، ئاستانىگە بېرىپ، ئارامخۇدا ئولتۇرغاندا ئاندىن ساڭا ھەممىنى سۆزلەپ بېرىمەن، — دېدى ياغلاقار ئۆزىنى باسالمايۋاتقان قۇتلۇقنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ.

زۆرۈر مۇراسىملار تۈگەپ، ئەدەپ-قائىدىلەر جاي-جايىدا ئادا قىلىندى. نەچچە ئون ھۆرمەت قاراۋۇلىنىڭ ھىمايىسىدە يولغا چىققان ئەمىر، ئەلچىلەر بىر كۈنلۈك كالتە سەپەردىن كېيىن چوڭ ئاستانىگە يېتىپ كېلىشتى. ئەدەپ-يوسۇن مەھكىمىسىدە ئۆتكۈزۈلگەن كاتتا زىياپەتتىن كەيپى چاغ ھالدا قايتىپ چىققان ئاكا-ئىنىلەر نامى بار بىر چوڭ سارايغا جايلىشىۋالدى.

زىياپەت ئەھلىنىڭ قۇۋۋەتلىگىنىدەك، ئۇيغۇر ئەلچىلىرىنىڭ ئايىغى ياراشتى، بىر ئايدىن بېرى بىر تامچىمۇ سۇ كۆرمىگەن، مايسىلىرى سولۇپ تۇرغان ئاستانە ئېكىنزارلىقى ئەلچىلەرنىڭ ئايىغى تەگكەن

هامان تامچىلاشقا باشلىغان قارا يامغۇردىن قانغۇچە سۇ ئىچىۋالدى.
توختاۋسىز چۈشۈۋاتقان يامغۇر تامچىسى شىغىل چاچقاندەك شاراقلاپ، كېچە جىمجىتلىقىغا تەھدىت سالماقتا ئىدى. كاھىشلىق ساراي ئۆگزىسىدىن ئېقىپ چۈشكەن ئېرىق-ئېرىق سۇ خۇددى تاغ شارقىراتمىسىدەك شارقىراپ تۇراتتى. بىراق ئاسماندىن يامغۇر ياغسۇن ياكى تاش ياغسۇن، ئۆگزىدىن ئېرىق ئاقسۇن ياكى دەريا ئاقسۇن، مۇڭداشقاق ئاكا-ئۇكىلارنىڭ سۆھبىتىگە دەخلى قىلالمايتتى.
ئۇلار شاھانە مەيدىن چۈشۈپ، سارايغا تاقلاپ دېگۈدەك كىرىپ كېلىشتى ۋە تون-قالپاقلىرىنى مۇلازىملارغا تۇتقۇزۇپ كەشتىلىك تەكىيەلەرگە يانپاشلىدى.
ياغلاقارنىڭ ئاغزىنى كوچىلىماقچى بولدىمۇ، ياكى يامغۇردىن راستتىنلا زېرىككەنمۇ، قۇتلۇق تەكىيەگە يانپاشلاۋېتىپ گەپ تەشتى. ئۇ:
— يامغۇرى ئەجەبمۇ قاتتىق ياغدىكىنا بۇ ئاستانىنىڭ، — دېدى ۋە ياغلاقارغا «بىر نېمە دېمەمسەن» دېگەن مەنادا قاراپ قويدى. ئۇ ياغلاقاردىن گەپ ئاڭلاشنى خالايتتى، مېڭىسىنى كۆن بويى قوچۇپ چىققان سىرلىق سوراقلار، قىياس-تەخمىنلەر ئۇنى تاقەت كوچىسىنىڭ چېتىغىچە قىستاپ بېرىپ، سەۋر قاچىسىنى تاشتۇرماقتا ئىدى.
ئاردا جىندەك جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. ئۇيلا - ئۇيلا، گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلەلمىدىمكىن، ياغلاقار كۆتۈلمىگەن يەردىن ئېغىز ئاچتى:
— ئاكا، سوراپ باقاي، — دېدى ئۇ پىشقان ئادەملەردە بولىدىغان سالماق تەلەپپۇز بىلەن، — قاغانىمىزنىڭ يەتتە ئىقلىمدىكى جىمى قاغانلار ئىچىدىكى ئەڭ ئەقىللىق، ئەڭ زېرەك قاغان ئىكەنلىكىگە

ئىشىنەمسىز؟

قۇتلۇق تەكىيەدىن ئىتتىك ئۆرە بولۇپ، كۆرپە ئۈستىدە بەلچە-لەپ ئولتۇردى، ياغلاقارنىڭ نېمە دەۋاتقىنىنى ئاڭقىرالمىغاندەك، بىر ھازاغىچە ھاڭۋېقىپ قالدى.

— ئاكا، دېگىنىمنى ئاڭلاۋاتامسىز؟

ياغلاقار سوئالىنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىغاندىن كېيىنلا ئاندىن ئېسىگە كەلگەن قۇتلۇق:

— بۇرۇن ئىشىنەتتىم، ئۇنى ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى، ئادەم-لەرنىڭ ئەڭ ئەقىللىقى دەپ بىلەتتىم، — دېدى ۋە گېپىنى داۋاملاش-تۇرغۇسى كەلمىگەندەك جىم بولۇپ قالدى.

— ھازىرچۇ؟ بۇگۈنكى كۈندىچۇ؟

— ھازىر ئۇنىڭ قاغان ئىكەنلىكىگىلا ئىشىنىمەن، قالغىنىنى كۆك تەڭرىنىڭ ئۆزى بىلىدۇ...

قۇتلۇقنىڭ سۆزلىرىگە قىزىقىپ قالغان ياغلاقار تەكىيەنى تولۇق-چى قوغۇز تېزەك سۆرىگەندەك سۆرەپ، ئاكىسىنىڭ يېنىغا ئەپكەلدى.

— مەن ئىشىنىمەن، ئۇنىڭ سىزدىنمۇ، مەندىنمۇ، ئەقىللىق ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن، — دېۋىدى، بۇ گەپ نېمىشقىدۇر قۇتلۇققا تەسىر كۆرسەتتى.

— ئاكا، چىرايىڭىز بىر قىسما بولۇپ كېتىۋاتىدۇغۇ، بۇنداق چاغدا ساقسىز بولۇپ قالسىڭىز بولمايدۇ جومۇ! — دېدى ياغلاقار قۇتلۇققا چاقچاق ئارىلاش تەنە قىلىپ.

بۇ چەك باسمايۋاتقان سۆھبەت ياغلاقارنى بۆلەكچىلا سەگەكلەش-تۈرۈپ قويدى. بۇ تاققا-تۇققا گەپلەردىن قاغان بىلەن قۇتلۇق ئارىسى-دىكى ئاتا-بالىنى ئايرىپ تۇرغان شەكىلسىز بىر ھاڭنى كۆرگەندەك بولدى، يۈرەك رىتىمى ئىتتىكلەپ، نېمىدىندۇر خاۋاتىرلىنىپ قالدى.

ئۇنىڭچە، ئۇيغۇر ئېلى شۇنداق بىر ئىمارەت ئىدىكى، قاغان ئۇنىڭ چوڭ لىمى ئىدى، ئەمىرلەشكەر بۇ لىمنىڭ ئېغىرىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان غول تۈۋرۈككە ئوخشايتتى. ئەگەر لىم بىلەن تۈۋرۈك ئارىسىدا چاتاق چىقسا، بۇ ئىمارەت بىر دەقىقىمۇ ئۆرە تۇرالمايتتى. ياغلاقار ئاكىسىنىڭ يۈرىكىگە قول سېلىپ باقماقچى بولۇپ، سورىدى:

— ئەجەب بىر گەپلەرنى قىلىسىزغۇ ئاكا، گېپىڭىزنىڭ ئۇرامىدىن قارىغاندا، قاغاندىن كۆڭلىڭىز قالغان ئوخشىمامدۇ؟

قۇتلۇق يەنە ئۇنچىقمىدى، ياغلاقار ئۇنىڭ كۆزىگە كىرىپلا ئال-دى:

— ئىنىڭىزغا ئىشەنسىڭىز، سەۋەبىنى دەپ بېرەرسىزمۇ؟

قۇتلۇقنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، ئېقى چوڭايدى، ياغلاقارنىڭ يادىدا، جەڭدىن قاچقانلارنى ئەدەپلىگەندە ياكى ناھەق ئىشلارغا يولۇق-قاندا ئاكىسىنىڭ چىرايىدا مانا مۇشۇنداق ئالامەتلەر پەيدا بولاتتى. بۇ ئالامەتلەر ئەلۋەتتە ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى ئەمەس ئىدى.

— سەۋەبىنى مەندىن سورىغىچە، ئۆزۈڭدىن سورا، — قۇتلۇق ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، ياغلاقارنىڭ ئەتراپىدا پىرىخوندەك چۆرگە-لەپ، ئەزۋەيلىگىلى تۇردى، — سەندىن سوراي، بەگبارىس قانداق ئادەم؟

— كۆڭلى قارا، ئەسكى ئادەم.

— دۇرۇس، بەگبارىس راستىنلا ئەسكى ئادەم، ئۇنداقتا، ئەسكى ئادەمنىڭ گېپىگە كىرگەن ئادەم زادى قانداق ئادەم؟

— ... ... ...

— سەن ئات ئوغرىسىمۇ؟ ئاسىيلار بىلەن ئات سودىسى قىلدىڭ-مۇ؟

— تەڭرى گۇۋاھ، مەن ئات ئوغرىسى ئەمەس، ئاسىيلار بىلەن

ئات تۇگۇل، ئۇغلاق سودىسىمۇ قىلغان ئەمەس!

— ھە، مۇنداق دە، بىگۇناھ ئادەمنى گۇناھكار دېگەن، ۋاپاغا جاپا قىلغان ئادەم قانداق ئادەم؟

— ... ... ...

— دوستىنى يىغلىتىپ، دۈشمىنىنى كۈلدۈرگەن ئادەم زادى قانداق ئادەم؟

— ... ... ...

ياغلاقارنىڭ تىلى تۇتۇلدى، تۆپە-تۆپىلەپ يىغىپ كەتكەن ئۆتكۈر سوئاللار ئۆتكۈر تىغدەك ئۇچۇپ كېلىپ ئۇنىڭ زۇۋانىنى كاردىن چىقاردى. بىراق، بىردەملىك دەشنەم ۋە بىردەملىك سوراق ئۇنى يېپيېڭى بىر دۇنياغا ئېلىپ چىقتى، ئەقلىنى ئويغىتىپ، كۆز ئالدىنى «پاللىدە» يورۇتۇۋەتتى.

«ھەي ياغلاقار، نادان ياغلاقار، ئاكاڭ سېنى دەپ ئۆز ئاتىسىدىن رەنجىپ يۈرۈپتۇ. سەن بولساڭ بۇنى بىلمەپسەن ۋە ئۇنى تەتۈر قىيناپسەن. ئەمدى بەس! ھەققەت يۈزىدىكى قارا پەردىنى چاپسان يۇلۇپ تاشلىغىن، ئۇ ئۆز ئەسلىنى نامايان قىلسۇن، ئاكاڭنىڭ يۈرىكىدىكى كۆكۈل يارىسى ھەققەت مەلھىمى بىلەن شىپا تاپسۇن، لىم بىلەن تۇۋرۇك ئارىسىغا ئەسلا دەز كەتمىسۇن ...»

ياغلاقار ئۆز خاتاسىدىن خىجىل بولغان كىچىك بالىدەك، يىغلاۋەتكىلى تاس-تاماس قالدى، ئۇ ئاكىسىنىڭ شامال سوققان يوپۇرماقتەك تىترەۋاتقان قولىنى مەھكەم تۇتۇپ ئاڭلىغان-بىلگەنلىرىنى زىرزىۋەرىگىچە سۆزلەپ بەردى.

ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، تۇنباغا قاغان ئاسىيلارغا ئات ساتقانلىق ئىشىنى بىردىنبىر بەگبارىستىنلا كۆرىدىكەن. بىراق ئۇ، ئەڭ چېچەن ئادەملىرىنى ئىشقا سېلىپمۇ تۇزۇكرەك بىرەر پاكىت تاپالماپتۇ. بىراق،

ھېلىگەر بەگبارس ئىغۋا توقۇپ، گۇناھلىق ئات سودىسىنى رەقىبى قۇتلۇققا دۆڭگەۋېرىپتۇ، ياغلاقارنىڭ خۇپپىيانە يول تۇتۇپ چوڭ ئاستانىگە بېرىپ كەلگىنىنى دەستەك قىلىۋاپتۇ.

دەرۋەقە، تاڭ ئوردىسى ئاسىيلارغا قانات بولغان ئېسىل ئاتنىڭ پەقەت ئۇيغۇرلاردىنلا چىقىدىغىنىنى ئوبدان بىلىدىكەن. قايسىبىر ئۇيغۇر زەردارنىڭ ئاسىيلارغا ئات بېرىپ ئوردا غەلىيانىغا مەدەت بەرگىنىگىمۇ ئىشىنىدىكەن. شۇڭا، كەلگەن ئەلچىلەر شاھ ئەمرىنى تۇتۇپ، ئات ساتقان گۇناھكارنى ئاستانىگە ئېلىپ كېتىمىز، دەپ چىڭ تۇرۇۋاپتۇ. بۇنداق كۆچلۈك تەلەپ قاغاننى تەڭلىكتە قالدۇرۇپتۇ. ئۇ تاڭ ئەلچىلىرى بىلەن مەخپىي كېڭەشكەندىن كېيىن بەگبارسقا تەن بەرگەن بولۇۋېلىپ، ئۇنىڭ قولى بىلەن ياغلاقارنى تۇتۇپتۇ ـ دە، ئۇنىڭغا بەرھەم بەرمەسلىك شەرتى بىلەن تاڭ ئەلچىلىرىگە تاپشۇرۇپتۇ. قاغاننىڭ قارىشىچە، مۇشۇنداق قىلسا ئوردىنىڭ تەلىپى قاندۇرۇلغان بولىدىكەن، قۇتلۇققىمۇ زىيان يەتمەيدىكەن ۋە بەگبارسمۇ بىخۇدلىشىدىكەن. ۋاقىت ئۆتۈپ، قېچىپ يۈرگەن غەلىيانچى ئاسىيلار قولغا چۈشسىلا ھەق-ناھەق ئايدىڭ بولىدىكەن ياكى راست گۇناھكار سەكرەپ چىقىپ، ئۆزىنى ئاشكارىلايدىكەن ...

— ماڭا قارا، ئەلچىلەردىن ساڭا راستىنلا زىيان-زەخمەت يەتمىدىمۇ؟ — سورىدى، قۇتلۇق ياغلاقارنىڭ گەپلىرىگە ئىشەنمىگەندەك قىلىپ. ئۇ ئىنىسىنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ بەئەينى ئەپسانە ئاڭلىغاندەك گاڭگىراپ قالغانىدى.

ياغلاقار مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى، مەيدىسىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ:

— ئاكا، ئىنىڭىز قاچان سىزگە يالغان ئېيتقان، مانا كۆرۈپ تۇرۇپسىز، بىر تال مويىممۇ كەملەپ كەتكىنى يوققۇ؟ — دەپ جاۋاب بەردى.

— ئەمسە ئۇلارنىڭ سىنى قارغىش تەگكۈر مەھبۇس ھارۋىسغا ئىت باغلىغاندەك باغلىۋالغنى نىمىسى؟

— يەنە دىسەم يەنە شۇ، قاغانىمىزنىڭ باشقىلار كۆرسۇن دەپ ئەتەي شۇنداق قىلغىنى بولمامدۇ. ئوردۇبالىقتىن ئۇزاپلا ئەلچىلەر مېنى باغلاقتىن بوشاتتى، جوۋا ئۈستىگە جوۋا كيدۇرۇپ ئاتلىرىغا مىندۇرۇۋېلىشتى، ۋەقەنىڭ ئۆتمۈشىدىن مېنى خەۋەرلەندۇرۇپ، قاغانىمىزنى «بەك تەدبىرلىك قاغانىكەن» دېيىشىپ ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي ماختاشتى. جاپا چەككىنىم ئۈچۈن ناماقۇلمۇ بولۇشتى. ئاستانىگە كەلگەندىن بېرى ئۇلارنىڭ ئەتىۋارلىق مېھمىنى بولۇپ قالغىنىمنى دېمەمسىز تېخى؟ ۋەزىرئەزەمنىڭ تاپشۇرۇقىغا لايىق، تالا-تۈزگە كۆپ چىقمايمەن، خالىسام كىتاب كۆرىمەن، خالىسام ئوردا قورۇقچىلىرىغا ئانچە-مۇنچە گۇمپا ئۆگىتىپ قويىمەن ...

قۇتلۇق ئازراق ئويلىنىۋالدى، بېشىنى سىلكىپ قويۇپ دېدى:

— ھە، مۇنداق ئىشلارمۇ بار دېگىن تېخى، ئالدىنقى كۈنى سېنى ئوردا ئەمىرلىرى ئارىسىدا كۆرگەن چېغىمدىلا كۆڭلۈم بىر نەرسىنى تۇيغاندەك قىلىۋىدى، قاغان ئاتامىنىڭ «پەيتى كەلگەندە بىلمىگەننى بىلىپ قالسەن» دېگىنى بىكار ئەمەسكەندە ئەسلى ...

ئىككىلەن ئۆزلىرىنى يوگۇرۇپ-يوگۇرۇپ مەنزىلىگە يەتكەن كىشىدەك ھېس قىلىشىپ يېگىۋاشتىن تەكيەگە يانپاشلىدى. قۇتلۇق نېمىنىدۇر يادىغا ئالغاندەك سورىدى:

— بۇ يەردە ئىشلار قانداقراق، ئات ساتقانلار توغرىلىق بىرەر يىپ ئۇچى تېپىلدىمۇ؟

— ھە راست، بۇنداق دېسىڭىز بىر ئىش يادىمدىن كىچىۋاتىدۇ، ئاڭلىسام، توپىلاڭچى ئاسىيلارنىڭ بىر كاتتىسى قېچىپ يۈرگەن يېرىدە قولغا چۈشكەنمىش، ئۇ ئوردا گۇندىخانىسىدا تۈمەنباشى بەگىبارىستىن

ئات ئالغانلىقنى، توپلاڭ روياپقا چىقىسلا ئات ھەققىگە مەنسەپ بېرىشكە ۋەدە قىلغانلىقىنى تەن ئاپتۇ، دېگەن مىش-مىش گەپلەر بار. قارىغاندا، قاغانىمىز راستىنلا ئالدىن كۆرەلەيدىغان دانا زات ئىكەن...

— ماقۇل، قاغان دانا زاتمۇ بولسۇن، ئۇلۇغ زاتمۇ بولسۇن، — دېدى قۇتلۇق ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ، — بىراق مىش - مىش گەپ بىلەن ئىش تاڭاتمايدۇ، مىش - مىش گەپنىڭ تېگىنى تېپىپ، قاغان ئالدىغا ئادەم ئەۋەتىش كېرەك. بەگبارس چار يىلاندەك سەزگۈر بىر نېمە، ئۇنىڭ ئاستانىدە كۆز-قۇلىقى يوق دەپ ھۆددە قىلالمايمىز، مۇبادا، ھىيلە-مىكرىسىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قالغىنىنى بىلىپ قالغۇدەك بولسا ئۇ نىيىتىنى بۇزماي قالمايدۇ، يامان يېرى بىز بۇ يەردە، قاغانىنىڭ يېنىدا ھەگە ھە بولغۇدەك ئادەممۇ يوق...

قۇتلۇق ئىككىنچى كۈنى چۈشكە يېقىن تاڭ دېزۇڭ ھۇزۇرىدا ئۆتكۈزۈلگەن شاھانە مۇراسىمغا داخىل بولدى، قۇدا چۈشۈش قائىدىسى بويىچە تۇنباغانىڭ تاڭ شاھىغا كۈيئوغۇل بولۇپ، ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىش، ئوردا ئۇتۇغاتىنى قوبۇل قىلىپ، ئوردا ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئارزۇسىنى شاھ ئالدىدا بايان قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىر ھەپتە ئارام ئېلىش، پەتىگە كەلگەن تاڭ كاتىپلىرى ۋە ئۇيغۇر، غۇز يالۋاچلىرىنىڭ پەتىسىنى قوبۇل قىلىش، مۇڭداشقاقلار بىلەن مۇڭدىشىپ، خۇشى تۇتسا شاھمات ئويناش، ئانچە - مۇنچە قەدەھ تۇتۇپ مېھمانلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش بىلەن ئۆتۈپ كەتتى.

ئارقىدىنلا ۋەزىرئەزەم لى مىنىڭ ھەمراھلىقىدا، غەربىي خەندىن تارتىپ تاڭ خانىدانىغىچە ئۆتكەن ئۇزۇن يىللاردا تۆت خانىدانىغا

ئاستانە بولغان چاڭگەن شەھرىنىڭ قايناق رەستىلىرىنى، ئۇيغۇر يالۋاچلىرى ئىستىقامەت قىلىدىغان خۇگلۇسى دېگەن يەرنى، بۇتخانا-رەسەتلەرنى ۋە قابىل ئۇستىلارنىڭ يېتۈك ھۈنەرلىرىنى بىر نەچچە كۈن تاماشا قىلدى، ئارقا تاغقا ئۆتۈپ، مىڭ يىللىق ئافاڭگۇڭ سارىيىنى كۆرۈپ كەلدى. كەچ-ئاخشاملىرى پەرىزاتتەك لەتاپەتلىك شەش قىزلىرىنىڭ ئۇسسۇل دۇردانىلىرىدىن كۆڭلى قانغۇچە ھۇزۇر ئالدى.

ياغلاقار بىلەن يالغۇز قالغان بىر ئاخشىمى، قۇتلۇق چاكار-قوللارنى چىقىرىۋېتىپ، ئىشىك-تۈڭلۈكنى مەھكەم تاقىدى، پەردىلەرنىمۇ قويماي چۈشۈرۈۋېتىپ، ئاستا شىۋىرلىدى:

— ئاڭلا ئۇكا، كېلىپ-كېتەر مېھمانلاردىن ئاسماقچىلاپ سوراپ باقتىم، ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە ئاسىيلارنىڭ بىر كاتتىسى راستىنلا قولغا چۈشۈپتۇ، ئۇ تېخى بەش يىل بۇرۇن سەددىچىننىڭ سىرتىدىكى مەلۇم جايدا بەگبارىس بىلەن خۇپپىيانە ئۇچرىشىپ، يوشۇرۇن ئەھدە تۈزگەنلىكىنى، ئەھدىگە لايىق ئۈچ-تۆت يۈزچە قورىقان ئېتىنى تۈن كېچىدە نەق تاپشۇرۇپ ئالغىنىنى ئۆز ئاغزى بىلەن ئىقرار قىلىپتۇ.

قۇتلۇق ئوڭ قولىنىڭ مۇشتى بىلەن سول قول ئالىقىنىغا بىرقانچىنى ئۇرۇپ قويغاندىن كېيىن:

— بۇنى ۋەزىرئەزەم لى مى جانابلىرىمۇ ئىسپاتلاپ بەردى،— دەپ قوشۇپ قويدى.

ياغلاقار ئاكىسىنىڭ جىددىيلىشىۋاتقىنىنى تۇيۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆز گەردىشى سەل-پەل ئاقارغان، يېرىم يۇمۇق لەۋلىرىگە يېنىك تىترەك ئولاشقانىدى. مانا بۇ بەگبارىسقا بولغان ئۆچمەنلىك ۋە قاغانغا بولغان سەممىي ساداقەتتىن تۆرەلگەن بۇرچ تۇيغۇسىنىڭ ھەدېگەندە تېشىغا تېپىشى ئىدى.

— ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق ئاكا؟

— قاغانغا خەۋەر بېرىۋەتمەي بولمايدۇ. خەۋەر يەتسىلا ئۇ بەگبارسنى تۇتۇپ، گۇناھىنى يۈزىگە سالىدۇ، بېشىنى كېسىپ، تەگرى قاغان دەرۋازىسىغا ئېسىپ بارلىق مۇناپىقلارغا ئىبرەت قىلىدۇ!

— قاغانغۇ شۇنداق قىلار، بىراق ئۇنىڭغا خەۋەر يەتكۈزۈشنىڭ ئۆزى بىر گەپتە ...

— ھەي قانىتىم بولسا ئۇچۇپلا بارسام، ئۇ تۇزكورنى ئۆز قولۇم بىلەن ئۇجۇقتۇرسام دەيمەن، شۇغىنىسى، پادىشاھنىڭ جاۋابىنى ئالمىغۇچە بۇ يەردىن بىر قەدەممۇ نېرى كېتەلمەيمەن، يەنە قانچىلىك ساقلايمەن، بۇ تەگرىنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق ئىش...

ياغلاقار كىچىك بالىدەك بارمىقىنى چىشلەپ، قاشلىرىنى ھىمىردى. ئۇ:


— بولدى، بۇ ئىشقا كۆپ باش قاتۇرماڭ ئاكا، ئىنىڭىزنى ئەۋەتسىڭىزلا ئىش پۈتمىدىمۇ، بۇ يەردە بىكار يۈرسەممۇ يۈرىدىكەنمەن، — دېدى، قۇتلۇققا يېلىنىپ.

تامغا قاراپ نېمىلەرنىدۇر خىيال قىلىۋاتقان قۇتلۇق ئىتتىك كەينىگە بۇرۇلدى ۋە:

— بولمايدۇ، سەن تابغاچ ئوردىسىغا يالاپ كېلىنگەن گۇناھكار تۇرساڭ، يۇرت تەرەپكە بېرىپ قاراڭنى كۆرسەتتىڭمۇ، ئىش تامام ۋەسسالام. جىم ياتقان يىلاننى ئۈركىتەي دەمسەن، بەگبارس ئۆز ئايغاقچىلىرىنى بىكارغا باقىدۇ دەپ ئويلامسەن؟ — دېدى، ياغلاقارنى ساددىلىقتا ئەيىبلەپ.

— خاپا بولماڭ، ئىشنىڭ بۇ يېقىنى ئويلىماپتىمەن ئاكا..

تام بىلەن تام ئارىسىدا مېڭىپ يۈرگەن قۇتلۇق توساتتىن ئىشىك



تۈۋىگە ئۇلتۇرۇپ، تامغا يۆلەندى، بالا چاغلىرىدىكىدەك، جەينەكلىرىنى تىزىغا تىرەپ، ئېڭىكىنى ئالقانلىرى ئارىسىغا ئالدىيۇ، بىر ھازاغىچە ئورنىدىن تۇرمىدى.

ياغلاقار تۇساتتىنلا خۇشال بولۇپ كەتتى-دە، ئاكىسىنى تارتقۇچلاپ تۇرۇپ:

— تاپتىم ... تاپتىم، قاغاننىڭ ئالدىغا دادامنى ئەۋەتسەكلا بولىدىغۇ، ياشانغان ئادەمدىن ھېچكىممۇ گۇمان قىلىپ يۈرمەيدۇ ...

قۇتلۇق ئېڭىكىنى يۆلەپ تۇرغان قوللىرىنى بوشاتتى، يوچۇن بىر تىۋىش ئاڭلىغاندەك دىققىتىنى بۇرىدى.

قۇتلۇق تاناپتەك ئۇزۇن، شوتىدەك ئېگىز، «پۇۋ»دېسە ئۇچۇپ كېتىدىغان ئەلپازدا لىڭشىپ تۇرغان ئۇ بوۋاينى يادىغا ئالدى. ئۇزايىدىن 60 — 70 لەرگە كىرىپ قالغان ئۇ بوۋاينى ئۇ تەڭرىقاغان يولىدىكى ھېلىقى ئۆتەڭدە ئۇچراتقانىدى.

— ھەيران قالماڭ ئاكا، — دېدى ياغلاقار قۇتلۇققا چۈشەندۈرۈپ، — ئاستانىگە كېلىۋاتقىنىمدا ئۇنى ئوردا ئەلچىلىرىگە يالۋۇرۇپ يۈرۈپ بىللە ئېلىپ كەلگەنىدىم.

— ھە مۇنداق دېگىنە ئادەمنى ئېلىشتۇرمەي، داداڭ ساق-سالامەت تۇرۇۋاتامدۇ؟

— تەڭرى ئۆز پاناھىدا ساقلاۋاتىدۇ، ئاستانىگە كەلگەندىن بېرى بۆلەكچىلا ياشىرىپ كەتتى تېخى، ئۇ ھازىر شەھەر تېشىدىكى بىر ئۇستىخانىدا كاسىنىغا دۇردۇن توقۇۋاتىدۇ، شۇغىنىسى، «بۇ يەرنىڭ ئابھاۋاسىغا كۆنەلمىدىم، كونا ئۆتەڭگە قايتقۇم كېلىۋاتىدۇ» دەپ قاقشايدۇ دەڭە.

— هم ... داداڭنى ئەۋەتسەك بولىدىغاندەك قىلىدۇ، بىراق سورىمىسام بولمايدۇ، داداڭ ئاشۇ يېشى بىلەن يول جاپاسىغا بەرداشلىق بېرەلەرمۇ؟

— نېمىشقا بەرداشلىق بېرەلمەيدىكەن؟ ئاتنى سىز بېرىسىز، يولنى ئۇ ئاتلىق ماڭىدۇ ئەمەسمۇ؟ قارىسىڭىز، ئۇ مەندىن بەردەم، مەندىن قۇۋۋەتلىك...

— يەنە بىر گەپ، خەۋەر ئېلىپ بارغان ئادەم خەۋەرنى يادىدا تۇتۇۋېلىشى، قاغانغا ئۆز ئاغزى بىلەن ئېيتىپ بېرىشى كېرەك، پۈتۈك ئەۋەتىشكە، ئارىغا تىلماچ سېلىشقا بولمايدۇ، بۇنىڭغا نېمە دەيسەن ئۇكام؟

— چاتاق يوق، كېرەك بولسا، ئۇ كۆكرىزى ھەزرەتنىڭ جىمى دەستۇرلىرىنى بىمالال يادلاپ بېرەلەيدۇ. سىزمۇ ئاڭلىدىڭىز، ئۇيغۇر زۇۋانىغا ئۇ مەندىن بەكرەك پىششىق ...

— ئەمىسە كېلىشتۇق.

— چاتاق يوق!

ياغلاقارنىڭ دادىسىنى يولغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن قۇتلۇقنىڭ كۆڭلى يەنە ئارامىغا چۈشتى. ماڭىدىغانلار ماڭدى، قالىدىغانلار قالدى، تاڭ ئېتىپ، كەچ كىرىۋەردى، باردى-كەلدىلەر ئۆز يولىدا داۋام ئەتتى. بىر مۇنچە ۋاقىت شاۋقۇنسىز ئاققان تىرەن سۇدەك، تىپتىنچ ئۆتۈپ كەتتى. ئەل ئىچى ۋە ئەل تېشىدىكى بەزى ئالامەتلەردىن، ئوردىدىن كېلىپ تۇرغان ئوبدان بىشارەتلەردىن ئەلچى قۇتلۇق، قاغان ئېيتقان بەلەن پۇرسەتنىڭ كۇنسېرى يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ئاياغ تىۋىشىنى سەگەكلىك بىلەن سېزىپ تۇردى. دېمىسىمۇ شۇ ئاي - شۇ كۈنلەردە ئەل ئىچىدە زاھىر بولغان بەزى ئارازلىقلار قاغان ئۈچۈن تاڭ دېزۇڭ

بىلەن تۇغقان بولۇشىنىڭ ئاجايىپ ياخشى پۇرسىتىنى ئېلىپ كەلمەكتە ئىدى.

مىلادىيە 786 ـ يىلى تۇبۇت زەنپۇسى ئەھدىنى بۇزۇپ تاڭغا تەۋە زېمىنلاردىن يەنجۇ ئايمىقى[1] بىلەن شاجۇ ئايمىقى[2]نى بېسىۋالدى. نەچچە ئۈنمىڭ قوشۇن توپلاپ، لىڭجۇ ۋە فېڭجۇ ئايماقلىرىغا ئۇرۇش ئوتىنى تۇتاشتۇردى. بىر يىللىق قاتتىق قامالدىن كېيىن، بۇ ئايماقلار قولدىن قولغا ئۆتۈپ تۇردى. شىددەتلىك كـەلكۈن كـەبى يـامراپ كـەلگەن تۇبۇت لەشكـەرلـىرى تەرەپ-تەرەپكە قىلىچ چىنەپ، تاڭ ئوردىسىغا تەھلىكە پەيدا قىلدى.

لىڭجۇ بىلەن فېڭجۇ ئايمىقى شۇنداق بىر مۇھىم دەرۋازا ئىدىكى، چوڭ ئاستانە ۋە ئۇيغۇر كارۋانلىرى مۇشۇ يەردىن ئۆتمەي قالمايتتى. شۇ ۋەجىدىن تـۇبۇت زەنپۇسى ئىككـى ئايـماقنـى ئىگـىلەپ، ئىككـىكى قوۋمنىڭ باردى ـ كەلدىسىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، ئۇيغۇرلارنى غەربىي جەنۇبتىن قىستاشقا بار كۈچى بىلەن تەييارلانماقتا ئىدى. بۇ ھالەت تاڭ ئوردىسىغىمۇ، ئۇيغۇر قوۋمىگىمۇ پايدىسىز ئىدى.

تاڭ دېزۇڭنىڭ بېشى قاتتى، بىراق، مۇھىم پەيتتە ۋەزىرئەزەم لى مىدىن سادا كەلدى. ئۇنىڭ «شىمالدا ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىشىپ، جەنۇبتا يۈننەن بىلەن ئالاقە باغلاپ، غەربتە ئەرەب ۋە ئەنەتكەلەر[3] بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ تۇبۇتلارنىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش كېرەك»[1] دېگەن ئاقىلانە تەكلىپى تاڭ دېزۇڭغا چاڭقاق يەرگە سۇ ياققان-

---

[1] يەنجۇ ئايمىقى — بۈگۈنكى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ دىبيەن دېگەن يېرى.
[2] شاجۇ ئايمىقى — بۈگۈنكى ئىچكى موڭغۇلنىڭ ئوشىن خوشۇنى.
[3] ئەنەتكەك — قەدىمكى ھىندىستان.
[1] «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»، 233 ـ جىلد.

دەك يېقىپ كەتتى، ۋەزىر-ۋۇزرالارنىڭمۇ رايىغا خوپ كەلدى. ئەقىللىق تاڭ دېزۇڭ ئۇيغۇرلار بىلەن قۇدا بولۇپ ئىناق - ئىجىللىقنىڭ تۈنجى قەدىمىنى مەردانە ھالدا باسماق بولدى. «ئۇيغۇرلار تاڭ ئوردىسىغا داۋاملىق بەيئەت قىلىش، ئۇيغۇر ئەلچىلىرى ھەر قېتىم ئاستانىگە كەلگەندە ئادەم سانى 200 دىن ئېشىپ كەتمەسلىك، سېتىش ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن ئات سانى 500 دىن كۆپ بولماسلىق ۋە ئۇيغۇر ئەلچىلىرى قايتقاندا پۇقرالارنى، سوغداقلارنى ئەگەشتۇرۇپ كەتمەسلىك شەرتى بىلەن»[1] ئۆزىنىڭ سەككىزىنچى قىزى شيەنئەن مەلىكىنى قاغان تۈنباغاغا ياتلىق قىلىشقا ماقۇل بولدى. مۇنەججىملەر تاللىغان خەيرلىك كۈنلەرنىڭ بىرىدە كاتتا مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، مۇراسىم ئەھلى ۋە ئۇيغۇر ئەلچىلىرىنىڭ ئالدىدا بۇ قارارنى جاكارلىدى. قاغان تۈنباغاغا «ئۇزاق ئۇمۇرلۇك قۇتلۇق قاغان» دېگەن سەلتەنەتلىك ئۇنۇۋاتنى ئىنئام قىلىپ، ئات سودىسىدىكى كونا زىياننى بەش تۈمەن توپ شايى بىلەن تولدۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى تەنتەنە بىلەن ئۇقتۇردى.

ئەلچى قۇتلۇق تاڭ دېزۇڭغا ئەل نامىدىن تەزىم قىلدى، قاغان ئاتىسىنىڭ ئالدىن تەييارلانغان مىننەتدارلىق مەكتۇپىنى قاغان قېيناتىسىغا ئۆز قولى بىلەن تاپشۇرۇپ بەردى. قاغان مەكتۇپىدىكى «بۇرۇن ئىنىڭىز ئىدىم، ئەمدى كۈيئوغۇل بولدۇم. كۈيئوغۇل يېرىم ئوغۇل دېمەكتۇر. غەربتىكى دۈشمەنلىرىڭىزنى تارمار قىلىشقا ئورنىڭىزدا مەن جەڭگە چىقاي»[2] دېگەن مەردانە قۇرلار تاڭ دېزۇڭنى چىن دىلىدىن سۆيۈندۈرۈۋەتتى.

---

[1] لىن گەن، گاۋزىخۇلار يازغان، ئابلەت نۇردۇن قاتارلىقلار تەرجىمە قىلغان «قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخى»نىڭ 61- بېتىگە قاراڭ. يەنە «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» بىلەن «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈرنەكلەر»دېگەن كىتابلارنىڭ 233-جىلدىغىمۇ قاراڭ.

[2] «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»دىكى ئەسلىي سۆز.

# 28. ئۆتۈكەندىكى ئىلاھ

ئۆتۈكەن تېغى ئاجايىپ بىر تاغ، ئۇ تاغلا ئەمەس، ئەل نەزىرىدە تەڭداشسىز ئىلاھ، ئىلاھ نەزىرىدە بىر تىرىك ئىنسان. ئۆتۈكەن — بۇ تەڭداشسىز ئىلاھ ۋە ھەممەتىلىك ئاتا، چاپقۇر ئاتلىق چەبدەس ھونلارنى، قوۋمى تولا دىل-تۇرالارنى، جورجان، باسمىل، سىيانپىلارنى، ئاق بوز ئاتلىق كۆك تۈركلەرنى، سىر-تاردۇشلار ۋە خاكاسلارنى، لاچىن سۈپەت ئۇيغۇر[1] قوۋمىنى ئۆز ھېكمىتىدىن ئاپىرىدە قىلىپ، ئۆز باغرىدا ئاۋۇندۇردى، ئەلۋەك سۈيىدە ئېغىزلاندۇرۇپ، ۋۇجۇدىغا كۈچ-مادار بەردى، كۆڭۈل-كۆكسىنى ئۆز قۇچىقىدەك كەڭ يارىتىپ، ئىرادىسىنى ئۆز تېشىدەك مۇستەھكەم قىلدى...

مانا بۈگۈن ئۇ چەت-چېگرىسىغا كۆز يەتمەيدىغان كەڭ زېمىننىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا يەنىلا تەڭداشسىز ئىلاھ ۋە ھەممەتىلىك ئاتا كەبى قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقان ھەر بىر بالا يىغلاپ-يىغلاپ يەرگە چۈشىدۇ، بۇ تاغنى كۆرۈپ يىغىدىن توختاپ، تاتلىققىنە كۈلۈپ قويىدۇ. قېرى شامان تاغدىن كېلىدۇ، ئۆتۈكەن قومۇشنى تىغ قىلىپ، بوۋاقنىڭ كىندىكىنى كېسىدۇ. ئۆتۈكەن يامغۇرىدەك تامچىلىغان قىپقىزىل قان تاغ باغرىغا سىڭىپ كېتىدۇ.

بوۋاق چوڭ بولىدۇ، چوڭ بولۇپ جەڭگە كىرىدۇ، ئات سەكرى-

---

① مىلادىيەنىڭ ئالدى-كەينىدىن تاڭ سۇلالىسىغا قەدەر قۇملۇقنىڭ شىمالىدا، ئۆتۈكەن تېغى جايلاشقان ھانگاي تاغ تىزمىسىنىڭ ئەتراپىدا بۇ مىللەت-قوۋملەر ھەرخىل نامدىكى يەرلىك ھاكىمىيەتلەرنى بەرپا قىلغان.

تىپ، قىقاس سالىدۇ. يا يىگىدۇ يا يىگىلىدۇ. ئەجەل ئوقى ئۇچۇپ كېلىپ يۈرىكىگە قادالغان چاغدا ئۇ بىر ئۆرۈلۈپ ئۆتتۈكەنگە يۈزلىنى-دۇ-دە، ئېگەر ئۈستىگە «گۈپ» قىلىپ يىقىلىدۇ. ئۇ ئاتقا يىقىلىدۇ، لېكىن يەرگە يىقىلمايدۇ. ئۆتتۈكەن باغرىدا چوڭ بولغان ئەقىللىق ئات ئۆتتۈكەننى ئىزدەيدۇ، تاغ ھىدىنى پۇراپ تىكەنلىك چۆلدىن يول تاپىدۇ ۋە ئىگىسىنى كۆتۈرۈپ، ئۆتتۈكەن باغرىغا يېتىپ كېلىدۇ، ئات كىشنەي-دۇ، ئۆز تىلىدا چۇقان سالىدۇ. يۇرت ئويغىنىدۇ. يۇرت ئەھلى ئۆز ئوغلىنى تونۇۋالىدۇيۇ، ياش تۆكۈشۈپ، پەرياد سالمايدۇ. ئۇنى ئۆتتۈ-كەن باغرىغا دەپنە قىلىپ، ئاداققى رەت «خوش» دەيدۇ-دە، باتۇرنى تاغقا تاپشۇرىدۇ.

تاغ سىلكىنىدۇ، باتۇرنى ئۆز قوينىغا ئالىدۇ. ئۆتتۈكەننىڭ خىسلىتى بىلەن، ئاشۇ كۈنى ئاشۇ سائەتتە تاغ باغرىدا يەنە بىر بوۋاق تۇغۇلىدۇ. ئاشۇ شامان قومۇچ كۆتۈرۈپ ئۆتتۈكەندىن يەنە كېلىدۇ ...

پەلەك چاقى بەزەن ئوڭ، بەزەن تەتۈر چۆرگىلەيدۇ. تەتۈر چۆرگىلىگەندە كىمدىندۇر ئامەت قاچىدۇ، كىمنىڭدۇر بېشىغا كۈن چۈشىدۇ. دەردمەنلەر ئۆتتۈكەنگە كېلىپ، ئىلاھ ئۈلگىنىگە يېقىن يەردە تۇرۇپ ئىلاھىغا دادلىنىدۇ، ئۆتتۈكەنگە تېۋىنىدۇ. ئۈلگىنمۇ، ئۆتتۈكەنمۇ باغرى يۇمشاق، غەمخور كېلىدۇ، داتلانغانلىغا شەپقەت قىلىدۇ، تېۋىنغانلىغا ھەمدەم بولىدۇ ...

ئۆتتۈكەن باغرىدا تۇغۇلۇپ، ئۆتتۈكەننى كۆرۈپ چوڭ بولغان قاغان تۇنباغا بۇ ھېكمەتنى بىلگەچكىمۇ، بۈگۈن ئۇ ئەزگۈ تىلەكلەرنى ھەمراھ قىلىپ ئۆتتۈكەن باغرىغا يېتىپ كەلدى، نەچچە يۈز «كارامەت ئىگىسى»نىڭ قورشاۋىدا دۇئا-تىلاۋەتنى باشلىۋەتتى.

دەسلەپتە بۇ سەككىز ئادەم كۆتۈرىدىغان كۆك تەختىراۋانغا، كېيىن تۆت ئادەم يۈدۈۋالىدىغان تۇتقۇچلۇق كۇرسىغا ئولتۇرۇپ، ئۆتۈكەنىنىڭ ئادەم چىقالايدىغان ئەڭ ئېگىز يېرىگە چىقىۋالدى-دە، باخشىلارنىڭ دوست تارتىشى بىلەن مۇناجىتىنى باشلىۋەتتى.

— ئەي، 17 قەۋەت[1] ئاسماننىڭ ئىگىسى، يەتتە تۇسۇقنىڭ مۇئەككىلى، ئىلاھ ياشىن، ئىلاھ يەل، ئىلاھ قۇت، ئىلاھ ئۇماي[2]، ئىلاھ ئۆلگىنىڭ ئوغۇل-قىزلىرى، سىلەردىن بەندىلىك بىلەن تىلەيمەنكى، ئەلچى-يالۋاچلىرىمنى ئامان قىلىڭلار، تىلەكلىرىمگە قانات بېرىڭلار، ئۇمۇت - گۇرزىلىرىڭلارنى ئىشقا سېلىپ، تۇزكور قومۇقلارنىڭ، چاتاقچى قىتانلار[3] نىڭ بېشىغا ئۇرۇڭلار، پېقىر بەندەڭلەرگە خىرىس قىلغان ياۋ - دۈشمەنـنى يەر بىلەن يەكسەن قىلىڭلار، تەكتى دوزاختىن چىقىپ يەر يۈزىدىكى قاغانلىق ھەيۋەمگە خىرىس قىلغان جىن-شاياتۇنلارنى كەلگەن يېرىگە قوغلىۋېتىڭلار...

— قوغلىۋېتىڭلار... قوغلىۋېتىڭلار...

قاغان تىكلەنگەن قۇياشقا قولىنى سوزۇپ، كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ، ئاۋازى پۈتكۈچە داد- پەرياد قىلدى. بۇ ئۇنىڭ ئۆزىگە ئۈمىد ئىزدەپ كەتكەن قۇتلۇققا ئېسەنلىك تىلىگىنى، تاڭ مەلىكىسىگە تەلپۈنۈپ، مۇراد-مەقسىتىگە ئىنتىلگىنى ئىدى. بۇ قارغاپ چىققان قومۇق ۋە قىتانلار قاغانلىققا تىغ كۆتۈرۈپ، ئۆز ئالدىغا يابغۇ تىكلىۋالغان قارام قوۋملەر بولۇپ، قومۇق بېگىگە ياتلىق قىلىنغان ئۇيغۇر مەلىكىسىمۇ

---

① شامان ئېتىقادىدا، ئاسمان 17 قەۋەت بولارمىش.

② شامان تەڭرىلىرىنىڭ ناملىرى.

③ قومۇق ۋە قىتانلار — ئۆز زامانىسىدا، قاغانلىقنىڭ شەرقىدىكى قورۇلۇن ۋە شارمۇرۇن دەريالىرىنىڭ بويىدا ياشايدىغان قەبىلىلەر.

يېقىندا شۇ ئىسيان تۇپەيلى قېچىپ كەلگەنىدى.

قاغاننىڭ ئاۋازى تېخى ئۆچمەيلا، تاغ باغرىدا شام تىكلىگەندەك تۇرۇپ كەتكەن باخشى-پېرىخونلار داڭگىرلىتىپ داپ چېلىشقا باشلىدى. داقا-دۇمباقلارنى چۆرىدەشكەن توپ-توپ باخشىلار ياغاچ قونچاق ۋە قىلىچ-نەيزە كۆتۈرۈۋېلىشقانىدى، لاچىن قاناتلىق قالپاقلىرىنىڭ چېكىسىگە قادىۋالغان يۇملاق ئەينەكلەر كۈن نۇرىدا «پار- پۇر» قىلىپ، تاغ تەسكىيگە كۆچمەن يۇلتۇزلاردەك شولا تاشلايتتى. باخشى - پېرىخونلار ئارىسىدا قۇراق بۆزدىن بەل كۆڭلەك كىيىۋالغان موتا[1] لارمۇ سەكرەپ يۈرەتتى. دۇئاگويلار سەكرەپ-سەكرەپ سەپ راسلىدى ۋە ئادەملەردىن ھالقا ھاسىل قىلدى. ئەۋرەت لاتىسىدىن ئۆزگە ھېچقانداق ئېگىن كىيمىگەن، مۇسكۇللىرى كالا پىلىنىدەك ساڭگىلاپ تۇرغان بىر توپ ئادەملەر نەچچە ئون ئۆچكە - قوينى سۆرەپ - تارتىپ ھالقا ئىچىگە ئېلىپ كىردى - دە، ھالقىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا بەئەينى خامانغا تىكلەنگەن مومىدەك تىك تۇرغان ئېرچۈك باخشىنىڭ ئالدىغا تاشلاپ قويدى. نىمشقىدۇر مانىلارنى دوراپ جىن يۈزلۈك نىقاب تارتىۋالغان ئېرچۈك باخشى بىردەم ئاسمانغا، بىردەم يەرگە قاراپ چۈشىنىكسىز تەكبىر ئېيتتى ۋە تاقلاپ بىرىپ، قاغاننىڭ پېشىدىن تارتقۇشلاپ ھالقا ئىچىگە ئېلىپ كىردى.

قويلار مەرەشتى، ئۆچكىلەر تىپىچەكلەپ جان تالاشتى، خەنجەرلەر قىزاردى. يەر بېغىرلاپ ئېقىپ يۈرگەن قانغا قاراپ، قاغان نىمشقىدۇر ھالقا تېشىغا مېڭىۋىدى، رو چۈنىندەك كۆزىگە كىرىۋالغان ئېرچۈك باخشىدىن زادىلا قۇتۇلالمىدى. ئۇ قاپ يۈرەك ئېرچۈك باخشىغا ئوبدانراق دەككە بەرمەكچى بولدىيۇ، تەڭرىگە ھۆرمەتسىزلىك بولمىسۇن

---

① موتا — شامان باخشىلىرى ئارىسىدىكى ئايال باخشىلار «موتا» دەپ ئاتىلاتتى.

دېدىمۇ، ياكى ئۆزى باشلاپ بەرگەن بۇ تىللاۋەتتىن باش تارتقۇسى كەلمىدىمۇ، چارچاپ تۇرغىنىغا قارىماي، قان ئىچىدە ياتقان قۇربانلىقنى دەۋر قىلىپ زورمۇ زور چۆرگىلەشكە باشلىدى.

قۇتلۇق كەتكەندىن بېرى، قاغان نېمىسىنىدۇر يوقىتىپ قويغاندەك، ياكى يەتتە ئەزاسىنىڭ بىرەرسىدىن ئايرىلىپ قالغاندەك بىئارام بولۇپ يۈردى. قۇتلۇق ئېلىپ كېلىدىغان ئىلتىپات - ئوتتۇغاتلارغا باغلانغان ئاخىرقى ئۈمىدى سۇغا تاشلانغان ئالمىدەك، گاھ چۆكۈپ، گاھ لەيلەپ، خىلمۇخىل تەخمىنلەر ئارىسىدا ئېقىۋەردى.

ئۆتكەن يىلى ئاستانىدىن ئەلچى كېلىپ، ئۇقۇشماسلىقلار تۈگەپ، ئىش ئوڭغا تارتقاندەك قىلغان بىلەن بۇ تەسىرلىك كۆرۈنۈشلەر خۇددى ئەتىيازنىڭ ئاپتىپىدەك، پارقىراپ قويۇپلا يوقاپ كەتتى. ھاۋا بۇزۇلۇپ، تۇمان دەۋرەشكە باشلىدى. قۇتلۇقتىن خەۋەر كەلمىگەننى ئاز دەپ، بەگبارس ئۆتە بىشەم ۋە ئۆز بېشىمچى بولۇپ كەتتى، خورىكى يوغىناپ ۋەلىئەھدى تاراسىنمۇ «پوش» دەيدىغان يەرگە يەتتى. قاغان لەشكەر تارتىپ چاتاقچى قوۋملەرنىڭ ئەدىپىنى بېرىشكە بۇيرۇۋىدى، ئۇ «يول ئۇزاق، يېتەرلىك ئوزۇق يوق، كۈزلۈك يىغىمدىن كېيىن بىر گەپ بولار» دەپ بويۇن تولغىدى. يالغۇزلۇق ھېس قىلىپ تۇرسىمۇ قاغان يەنىلا تاراس تېكىننى ئەۋەتىشكە مەجبۇر بولدى. خەۋەرلەردىن كۆرە، ئازغۇنلارنىڭ ئىشنى ئارقىغا سۆرەپ بولمايتتى. ئۇلار ھەددىدىن ئېشىپ، رەنجىپ يۈرگەن تۇبۇتلار بىلەن ياكى باشقا قوۋملەر بىلەن تېپىشىۋالسا، تەسەۋۋۇردىن تاشقىرى يامان ئاقىۋەتلەرنىڭ پەيدا بولىدىغانلىقى قاغاننىڭ كۆزىگە كۆرۈنۈپلا تۇراتتى. قۇتلۇق يېنىدا بولسىدى، قاغان بەگبارستەك كۆكەملەرگە يول قويۇپمۇ يۈرمەيتتى. بىراق، ئالەم تىنچ ئەمەس، قۇتلۇقمۇ، تاراسمۇ يوق، ئەمدى ئۇ چىشىنى چىشىغا بېسىپ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىنى، ئوغۇللىرىنىڭ قايتىپ

كېلىشىنى تىلەيتتى، «خەپ توختاپتۇر» دېمەكتىن ئۆزگە ئامالىمۇ يوق ئىدى.

داپلار داراڭلايتتى، شامان شالدىرمىلىرى شالدىرلايتتى، دۇرۇت ئاۋازى گۈرۈلدەيتتى، باخشىلار چۆرگىلەيتتى، قاغانمۇ پىرقىرايتتى...

قاغان شۇنداق ساداقەتمەن شامان ئىدىكى، ئۇ ئەتىگەنلىك تىلاۋەتنى تەرك ئەتمەيتتى، كۈن چىقتىمۇ، كۈنىنىڭ سايىسىدەك، كۈن ئالدىدا پەيدا بولاتتى. ئايەم كۈنلىرىدىلا ئەمەس، بەلكى چۈشى بۇزۇلغان ۋە كۆڭلى يېرىم بولغان چاغلاردىمۇ ئاتا - بوۋىسىنىڭ روھىناتىغا سىغىنىپ، چوڭ-كىچىك دۇئا-تەلەپلەرنى ئۆتكۈزۈپ قوياتتى. ئۆتۈكەندىكى كاتتا تىلاۋەتكە چىشى چىققاندىن بېرى قاتنىشىپ كېلىۋاتقاچقىمىكىن، بۇنداق تىلاۋەتلەرنىڭ قائىدىسىنى ئۇجۇر- بۇجۇرىغىچە ئوبدان بىلەتتى. بىراق بۈگۈنكى بەزى غەلىتىلىكلەر ئۇنىڭ كۆزىگە سىغمايۋاتاتتى.

«ئەجەبا، ئېرچۈك باخشىنىڭ سوغداق باخشىلىرىدەك چىلتەكلىك نىقاب تارتىۋالغىنى نېمىسى؟ ئوردۇبالىقتا شۇنچىلىك كۆپ باخشى-پېرىخونلار بارمىكىنە؟ نېمىدەپ ئۇلار سوۋارىسىغا نىقابلىنىۋالدۇ؟ نېمىدەپ نەيزە - قىلىچ كۆتۈرۈۋالدۇ؟ بايام ئويناپ يۈرگەن شالدىرمىلىرى، ياغاچ قونچاقلىرى قېنى ...»

داپ-دۇمباق رىتىمى ئېرچۈك باخشىنىڭ «هە - هۇ»لىرىگە ئەگىشىپ، بارغانچە ئىتتىكلىدى. يورۇق دۇنيانى كۆرگۈسى كەلمىگەندەك كۆزلىرىنى يۇمۇپ، ساراڭدەك ئالچاڭلاپ، باشلىرىنى ئۆلۈك توخۇنىڭ باشلىرىدەك گىلدىڭلىتىپ يۈرگەن باخشىلار يوغان هالقا بولۇپ، سۈيى كۆچلۈك تۈگمەن تېشىدەك پىرقىرايتتى، پىرقىراۋېرىپ كىچىكلەيتتى، كىچىكلىگەنسېرى شۇنچە تېز پىرقىرايتتى. هالقا گىرۋىكىدە پىرقىراۋېتىپ، قوللىرىنى مەهكەم گىرەلەشتۈرۈۋالغان باخشى-مو-

تالار شۇنچىلىك زىچ ئىدىكى، ئارىسىدىن ئوقمۇ ئۆتمەيتتى، سۇ چاچسا سۇمۇ سىڭمەيتتى.

قاغان بېرىپ - بېرىپ، شىددەتلىك گىرداب كىندىكىدىكى بىر تال ياپراققا ئوخشاپ قالدى. گىرداب چۆرگىلەيتتى، قاغانمۇ گىرداب بىلەن بىللە چۆرگىلەيتتى، پۇت - قولى بىگىز تىققاندەك سىرقىرايتتى، مېڭىسى بوران چىققاندەك غوڭۇلدايتتى، يۈرىكى نېمىشقىدۇر قېپىدىن چىقىپ، بوغۇزىغا تىقىلاتتى، كۆڭلى ئۆيۈپ گۇمانلىق ھالقىدىن چەتلە-مەكچى بولاتتىيۇ، گىرداب ئۇنى قويۇپ بەرمەيتتى. ئېرچۇك باخشى-نىڭ ئاسمان قەرىدىكى تەڭرىگە، باش-كۆزى يوق ساما سېلىۋاتقان باخشى-موتالارغا قىلغان خىتابى قۇلىقىغا كىرىپ تۇراتتى.

— ئى ئۆلگېن تەڭرىم، ئى كۆك تەڭرىم، شامال تەڭرىم، زېمىن تەڭرىم، ئۇماي تەڭرىم ... كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، سىلەرگە سىغىنىمەن، سىلەرنىلا ئۇلۇغلايمەن... سىلەرگە باش ئۇرىمەن. مەنكى، سىلەر بىلەن بەندىلەرنىڭ ئارىسىدا ئەلچىلىك قىلغۇچى، ئاۋازىڭلارنى ئالەمگە يايغۇچى ئاجىز ئەلچىمەن... ماڭا شەپقىتىڭلارنى ئىلتىپات قىلىڭلار، بەندىلەرگە ۋەھيي بېرىڭلار، مەن ئۇنى جىمى مۇرتلىرىڭلارغا يەتكۈ-زەي، ۋەھيي بېرىڭلار، ۋەھيي بېرىڭلار...

ئېرچۇك باخشى تووۋلاۋېرىپ، چىلىق-چىلىق تەرگە چۆمۈلدى، كېكىردىكى توسۇلغاندەك، خىرىلداشقا، بوغۇلۇشقا باشلىدى، قاغاننىڭ كۆزىچىلا تىغ تەگكەن ياۋا توڭگۇزدەك «گۇپ» قىلىپلا يىقىلدى. يەردە يېتىپ، تېپىچەكلەپ، بىر پەسكە ھوشىدىن كەتتى. تۇيۇقسىز جان كىرگەندەك مىدىرلاپ، ئورنىدىن تۇردى، ھالقا ئىچىنى بىر مەرتەم ئايلىنىپ چىققاندىن كېيىن قاغانغا قولىنى چىنەپ تۇرۇپ:

— ئاڭلاۋاتىمەن، شۇنداق ئېنىق ئاڭلاۋاتىمەن، تەڭرىلەر ۋەھيي قىلىدۇكى، تەھتىسارادىن قېچىپ چىققان مۇدھىش جىنلارنىڭ ئەڭ

چوگى ئارىمىزغا سۇقۇنۇۋاپتۇ. قاغان سۇرىتىگە كىرىۋالغان بۇ يامان جىننى يوق قىلمىساق، يەر يېرىلىپ، كۆن كۆيىدۇ، ئادەملەر ئۆلۈپ، مال قىرىلىدۇ. قېنى ئۇنى ئۆلتۈرەيلى، قېنىنى ئېقىتىپ تەگرىلەر يولىدا نەزىر قىلايلى،— دېدى ئۇ تۈكرۈكىنى چاچرىتىپ.

«ئېرچۈك باخشى»، «شارت» قىلىپ نىقابىنى ئېلىۋەتكەندىن كېيىنلا ئاندىن قاغان ئىمە ئىش يۈز بەرگىنىنى بىلىپ ئۈلگۈردى. ساما سىلىپ قىستاپ كېلىۋاتقان بىرقانچە تونۇش «باخشى»لارغا قاراپ ئاچچىق بىلەن ۋارقىرىدى:

— ئۇ ئېرچۈك باخشى ئەمەس، ئۇ بەگبارس، مەن جىن ئەمەس، قاغان، توختاپ تۇرۇڭلار، كۆزۈڭلەرنى چوڭ ئېچىپ قاراڭلار، سىلەر قاغانىڭلارنى ئىمىدەپ تونۇمايسىلەر،— دېدى، قوللىرىنى سوزۇپ، ئۆزىنى دالدىغا ئېلىۋېتىپ.

— جىنىڭ گېپىگە ئىشەنمەڭلار، جىنىڭ گېپىگە ئىشەنگەنلەر جىن بولۇپ كېتىدۇ، ئۇ قاغان سىياقىغا كىرىۋالغان ئالدامچى جىن ...

بەگبارسنىڭ تەلەتى تولىمۇ يىرگىنىشلىك ۋە ئايانچلىق تۈس ئالغانىدى. ئۇ خەنجىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، قان تولغان كۆزلىرىنى جېنىنىڭ بارىچە قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقان قاغانىنىڭ كۆكسىگە تىكتى ...

يەر تەۋرىدى، ئۆتۈكەن تەۋرىدى. قاغانىنىڭ هايات - ماماتى قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىسىدا قالغان جىددىي پەيتتە ئاجايىپ بىر مۆجىزە يۈز بەردى. باخشىلار ئارىسىدىن ئېتىلىپ چىققان تاراس تېكىن، نەدىن كۆچ كىردىكىن، زەردە بىلەن نىقابىنى يۇلۇپ تاشلىدى-دە:

— ئىپلاس قولۇڭنى تارت! — دېگىنىچە، بەگبارسنىڭ كۆتۈرۈلگەن بىلىكىگە نەيزە بىلەن كېلىشتۈرۈپ بىرنى سالدى.

بەگبارىسنىڭ قولىدىكى خەنجەر يىراقلارغا ئۇچۇپ كەتتى. توپ ئىچى بۆرە تەگكەن قوتاندەك پاتپاراق بولۇشقا باشلىدى. تاراس تېكىن چۈش كۆرۈۋاتقاندەك قېتىپ قالغان دادىسىنى مەھكەم قۇچاقلاپ، ئەتراپىغا تېز-تېز كۆز يۈگۈرتتى-دە، ئۈنلۈك توۋلىدى:

— تۇتۇڭلار، ئۇ توزكور ئەبلەخنى...

تاراس تېكىننىڭ «باخشى»لىرى قىلىچلىرىنى پۇلاڭلىتىپ، ئۆرىتۆپە بولۇۋاتقان يالغان باخشىلارنىڭ چاپىدىغىنىنى چاپتى، تۇتىدىغىنىنى تۇتتى، بىراق، ھەربىر ئادەمنى نەزەردىن ئۆتكۈزۈپ، ئىنچىكىلەپ ئىزدىگەن بولسىمۇ، بەگبارىسنى تاپالمىدى.

— ئەنە، ئۇ ئاۋۇ ياققا قېچىپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدى، تاراسنىڭ يىگىتلىرىدىن بىرى، كۈنپېتىش تەرەپكە ئىما قىلىپ.

تاراس ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە قاراپ قۇراق جەندىسىنى تاشلاپ، بېلىنىڭ ئۈستىنى يالىڭاچلىۋالغان بەگبارىسنىڭ ئەللىك قەدەم نېرىدا ئۆلەر-تىرىلىشىگە قارىماي قېچىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆردى-دە، قاغاننى ئىشەنچلىك قوروقچىلارغا تاپشۇرۇپ، ئۇنى قوغلاپ كەتتى. قاتلاڭچىلىقتا جەندە-كولاھنى تاشلاشقىمۇ ئۈلگۈرمىگەن بىرقانچە يىگىت ئۇنىڭغا ئەگەشتى.

يېشى بىر يەرلەرگە بېرىپ قالغىنىغا قارىماي، بەگبارىس قاپلاندەك تېز چاپاتتى. تاراسلارمۇ ئۇنىڭدىن قېلىشمايتتى. پەقەت، تاراسلار كۆپ بولغىنى، يەنە كېلىپ ئۈچ يولغا بۆلۈنگىنى ئۈچۈنلا ئۇنىڭ يولى قەدەمدە بىر كېسىلىپ تۇراتتى، قاياققا قاچسا، ئالدىدىن ئادەم چىققىنى چىققانىدى.

بەگبارىس بىر يالغۇز شەمشاد تۈۋىگە كېلىپ توختاپ قالدى، ئاسمانغا قارىۋىدى، ئاسمان تولىمۇ يىراق كۆرۈندى، ئاچچىقىدا يەرگە تەپتى، يەرمۇ قاتتىق بىلىندى، تەۋەككۇل قىلىپ، يۈگۈرۈپ-يامىشىپ

يۈرۈپ ئۆدۆل كەلگەن بىر قىياغا چىقىۋىدى، قىيا تۈۋىدە قارىيىپ تۇرغان چوڭقۇر جىرا ئەجەل سىرتىمقىدەك سوزۇلۇپ، ئۇنىڭ يولىنى توستى. بەگبارىس جىلغىغا كەينىنى قىلىپ، ئالدى تەرەپكە قارىۋىدى، تاراسنى كۆردى-دە، ئۇنىڭغا سوغۇققىنە كۈلۈپ قويدى.

تاراس قىلىچىنى قىنىغا سېلىۋەتتى، يىگىتلىرىنىمۇ شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇدى ۋە:

— ياردىن سەكرە تۇزكور ئىت، قىلىچىمنى ئىپلاس قېنىڭ بىلەن بۇلغىغىم يوق، — دېدى-دە، بەگبارىسنى يار لېۋىگە قىستىغىلى تۇردى.

قارىغاندا، تاراسنىڭ هەيۋىسىمۇ، دەققىلەپ يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ئۆلۈم ۋەھىمىسىمۇ بەگبارىسقا ئۇنچىلىك تەسىر قىلمىغاندەك تۇراتتى. ئۇ يار لېۋىدە ئاياغلىرىنى كېرىپ، قوللىرىنى بېلىگە تىرەپ بەخىرامان تۇرغىنى تۇرغانىدى.

— مېنىڭمۇ قىلىچىڭ ئاستىدا جان بەرگۈم يوق، قىز بەرگىنىمىنىڭ يۈزىنى قىل دەپ يالۋۇرۇپمۇ يۈرمەيمەن، ياغلاقار پۈشتىنىڭ دۈشمىنىگە يېلىنمايدىغىنى ساڭا ئايان، چوڭ ئىش يوق، سەن يەڭدىڭ، مەن يېڭىلدىم. يەڭگەنلەر ياشايدۇ، يېڭىلگەنلەر ئۆلىدۇ، شۇ، — دېدى بەگبارىس سالماق ئاۋازدا.

ئۇ تاراسقا قاراپ ئاخىرقى قېتىم دىمىغىنى قېقىپ قويۇپ، هېچ ئىش يۈز بەرمىگەندەك، كەينىچە مېڭىپ بىر قەدەم تاشلىدى، تاراستىن كۆزىنى يۆتكىمەي، تىك تۇرغان پېتى يار لېۋىدىن چۈشۈپ كەتتى.

تاراس يارغا ئېڭىشتى، يۈز غۇلاچ پەستە خۇددى تۈن ئاسمىنىدەك قارىيىپ تۇرغان چوڭقۇر هاڭنى كۆرۈپ بېشى قايغاندەك بولدى ۋە «تۇفى» دەپ تۈكۈرۈپ قويۇپ قاغانىڭ قېشىغا كېتىپ قالدى.

تەقدىر — تاسادىپىيلارغا باي ۋە بېشارەتلەردە بېخىل بىر نەرسە.

ئۇ ئەتەگنى ساڭا ئېيتىپ بەرمەيدۇ، ئۈگۈنۈگنى تېخىمۇ سىر ساقلايدۇ. ئۇنىڭدىن نېمە قىسمەتلەرگە دۇچ كېلىدىغىنىڭنى سوراپ ئاۋارە بولما، ۋاقتى كەلگەندە ئۇ ئۆز كاراماتىنى ئاشكارىلايدۇ-دە، ئىنسانغا خالىغىنىچە نېسىۋە ئاتا قىلىدۇ. سەن ئۇنىڭ رايىنى ئۆزگەرتەلمەيسەن، پەقەت ئۇنىڭ رايىنى ئۆزۈڭگە قارىتالايسەن. تەقدىرنىڭ جازاسىدىن قورقما، ئۇنىڭدىن مۇكاپاتمۇ تەمە قىلما. ياخشىسى، نىيەت - ئىقبالىڭنى دۇرۇس قىلىپ، ياخشى ئەمەللىرىڭ بىلەن ئۇنىڭ كۆزىگە تىك قارا، ئۇ ئۆزىگە تىك قارىيالىغانلارغا رايىش كېلىدۇ. نىيەت - ئىقبالى دۇرۇس ئەمەسلەر، ئىش - ئەمەلى يامان بولغانلار ئۇنىڭ كۆزىگە تىك قارىيالمايدۇ-دە، تەقدىرنى ئۆزىدىن يىرگەندۇرىدۇ.

تەقدىر ھەر كۈن، ھەر دەقىقىدە ۋە ھەركىمنىڭ ئۈستىدە مۆجىزە كۆرسىتەلەيدۇ. ئۇ ئۆزىگە ياققانلارنى يار لېۋىدىن تارتىپ كېلىدۇ، كۆڭلىگە يىراقلارنى يار لېۋىگە قىستاپ ئاپىرىدۇ-دە، رەھىمسىزلەرچە تاشلىۋېتىدۇ ...

دېگەندەك، ئىلاھىي تەقدىر ئاجايىپ بىر كارامەت كۆرسىتىپ، قاغاننى گۆر ئاغزىدىن قايتۇرۇپ كەلدى. ئۇيلىمىغاندا، مەغرۇر بەگبارسنىڭ بېلىنى ئېگىپ، ئۆلۈم ئازگىلىغا ئىتتىردى. لېكىن بۇ يەردە ھېچكىممۇ تەقدىر ئاتلىق بىرەر زاتنى كۆرمىدى. يەڭگەنلەرنىڭمۇ، يېڭىلگەنلەرنىڭمۇ كۆرگىنى يەنىلا شۇ تاراس بولدى. بەزىلەر دېدى: «تاراس تېگىن تەقدىرنىڭ ئۆزىمىدۇ!»، «تەقدىرنىڭ ئەلچىسىمىدۇ؟ يا تەقدىرنىڭ قولىمىدۇ؟...»

ئۆتۈكەندە يۈز بەرگەن بۇ سىرلىق ۋەقە قاغان ئوردىغا قايتماستىنلا پۈتكۈل شەھەرگە پۇر كەتتى، «كۆك تەڭرى تاراس تېگىنگە شۇنداق بىر بېشارەت بېرىپتۇكى، ئۇ دادىسىنى چۈشەپ قاپتۇ، چۈشىدە دادىسىنىڭ ئۈستىدە بىر قارا بۇلۇت ئەگىپ يۈرگۈدەك. ئۇ تەڭرى

نامىنى زىكرى قىلىپ بىرلا يۇملاپتىكەن، قانىتى بار ئەركەك يولۋاسقا ئايلىنىپتۇ-دە، يېرىم يولدىن يېنىپ، شۇ ئۇچقان پېتى ئۆتۈكەنگە يېتىپ كەپتۇ. بىشارەتتە كۆرگەنلىرىنى كۆرۈپ، ‹يا، تەڭرىم!› دەپلا جەڭگە كىرىپتۇ. ئۇ نەيزىسىنى پىرقىرىتىپ بىر ئۇرغانكەن، تاغ تىترەپ، يەر يېرىلىپ، بەگبارىسنى دەم تارتىپ كېتىپتۇ، قاغانمۇ بىر ئۆلۈمدىن ئامان قاپتۇ» دېگەن گەپ-سۆزلەر بەئەينى ئۇچقۇر شامالدەك، ئۆي-ئۆيلەرنى ئارىلاپ چىقتى، تاراسنىڭ نامى نە-نەلەرگە تارالدى. باتۇرلارنى چوڭ بىلىدىغان ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ئۇيقۇسى قاچتى. كالا سېغىۋاتقان سەھرا قىزى سېغىن سوغىسىنى تاشلاپ قويۇپ، قارلىغاچتەك تىز ئۇچتى-دە، شەھەرگە كېلىپ ئۆز باتۇرىنى بىر كۆرۈۋېلىش تەقەززاسىدا كوچىمۇكوچا ئايلىنىپ يۈردى.

بىراق، بەگبارىسنىڭ ئۆلۈمى ياۋاش قىزتۇرمىشقا ئېغىر كەلدى، قىسمەتنىڭ دادىسىنى ئۆزگىلەرنىڭ قولى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆز ئېرىنىڭ قولى بىلەن ئۆلتۈرگىنى ئۇنىڭغا قاتتىق ئەلەم قىلدى.

قىزتۇرمىش ئادەتتە دادىسىنى ئانچە كۆپ يوقلاپ كەتمەيتتى، بىرەر ھاجەت ياكى بىرەر ئىش بىلەن كەلمىسە، ئۇمۇ كەلمەيتتى. ئۇنى كۆردىمۇ، مەرھۇم ئانىسى كۆز ئالدىغا كېلىۋالاتتى ۋە ئۇ ئۇتتۇرىغا قىسىلىپ، ئاتا-بالا ئارىسىدا كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان بىر توسۇق تام ھاسىل قىلاتتى. قەلبىنىڭ نامەلۇم يېرىدە خۇددى تەنھا قۇشتەك ئەگىپ يۈرگەن ئازغىنە مېھرىمۇ بىردىنلا يوقاپ، ئورنىدا قاغجىرىغان بىر بوشلۇق قالاتتى. بۇ بوشلۇق بىردەمدىلا كۆڭۈلسىز ئەسلىمىلەرگە ئورۇن بېرەتتى، غەشلىك بىلەن تولۇپ كېتەتتى.

— ھېزى بولۇڭ، دادام مال-دۇنياغا ھېرىسمەن، نەيرەڭلىرى تولىراق ئادەم جۇمۇ، — دەيتتى ئۇ بەزىدە ئېرىگە، دادىسى بىلەن بىللە بولغان چاغلىرىدا تاراسنى ئاگاھلاندۇرۇپ.

ئەمدى ئۇ نېمىشقىدۇر ئۇلارنى ئۇنتۇپ كەتتى. ھېلىقى بوشلۇقتا پەيدا بولغان ئاجايىپ بىر سېزىم يۈرىكىنى خېلى چوڭقۇر تىلغاپ ئۆتتى. بۇ ھال ئاتا-بالا ئارىسىدىكى مۇھەببەت خۇرۇچىنىڭ خوراپ تۈگىمىگەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئاستا-ئاستا قىمىرلاپ، ئۆزىنى كۆرسىتىۋاتقىنىنى ھېس قىلدۇرۇپ قويدى.

ئۇ ئەمدى قانداق قىلسۇن؟ داد-پەرياد سېلىپ، ياقىسىنى يىرتسۇنمۇ؟ تاراسنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ خۇن دەۋاسى قىلسۇنمۇ؟ ۋە ياكى بوغچىسىنى كۆتۈرۈپ يامانلاپ كەتسۇنمۇ؟

قىزتۇرمىش دادىسىنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ ئويلاپ باقتى، ئېرىنىڭ مەۋقەسىدە تۇرۇپ خىيال سۈردى، ئەل تەرىپىدە تۇرۇپ يەكۈن چىقاردى، ئاخىر ئۇ دادىسىنىڭ نامەردلىك قىلىپ، قاغانغا يوشۇرۇن قەست قىلغىنىنى زادىلا كەچۈرەلمىدى-دە، ئايچۈرنى قۇچاقلاپ، تازا بىر يىغلىۋالغاندىن كېيىن، چۆچۈرىدەك ئىششىپ چىققان كۆزلىرىنى قىزارتىپ يۈرۈپ، ئۆي ئىشى بىلەن بەند بولۇۋەردى، تەشۋىشتىن خالاس بولغان تاراس تېكىن:

— ئاجايىپ ئوبدان خوتۇنسەن جۇمۇ، — دەپ قويۇۋىدى، ئۇ زورۇقۇپراق كۈلۈپ قويدى ...

ئاپەت كېتىپ، ئەل تىنچىدى، ئۆتۈكەندە زاھىر بولغان بۇ يامان چۈش ھە دېگەندىلا ئۇنتۇلۇپ، ئىبرەتلىك ئۆتمۈشكە ئايلاندى. ئۆمرىدە تالاي قېتىم قان كەچكەن، نەچچە ئۆلۈپ نەچچە تىرىلگەن تۇنباغا بۇ ۋەقەدىن قورقۇپ، چۆچۈپ يۈرمىدى. ئۇ تاغدىن قايتىپلا نەدىندۇر تېپىپ كەلگەن ئېرچۈك باخشىنى ھەمراھ قىلىپ ئۈچ كېچە-كۈندۈز ئىستىغپار ئېيتتى-دە، ئۆز تەختىدىن ئورۇن ئالدى. تاراس يەنە سەپەر قىلدى، قۇمۇق بىلەن قىتانلارنى تىنچىتىپ، قان تۆكمەيلا قايتىپ كەلدى.

تەبىئەتنىڭ تىنىقى سوۋۇپ، تاغ تېرىكى زەپىرانىدەك سارغايدى. قايچىدەك سەپ تۈزۈشكەن كۆچمەن تۇرنىلار يايلاق ئاسمىنىنى كېسىپ ئۆتۈپ، جەنۇب تامان ئۇچۇپ كەتتى. قىرو باسقان سولغۇن ئوتلاقلارنى سۆيۈپ ئاققان ئۆرخۇن سۈيى ناخشىسىنى توختىتىپ، ئوغلاق كۆتۈرگۈدەك مۇز تۇتتى. يۇرتقا كۆز تىكىپ، ھۆرمەتلىك يۇرت قېرىسىدەك چوقچىيىپ تۇرغان ئۆتۈكەن تېغى تەبىئەت ئىنئام قىلغان ئاق تۇمىقىنى قىرلاپ، قىر قويچىلىرىدەك ئاق جۇۋا كىيىۋالدى. ۋاقىت خۇددى ئاتقان ئوقتەك ئۆتۈۋەردى. ئەنە شۇنداق يۇگۈرۈك پەسىللەردىن ئىككىسى كېتىپ، كۆكلەم بەرنالىرى يەنە يۈز كۆرسەتتى.

ئەتىياز بىلەن يازنىڭ ئارىسى. ھاۋا كۈلگۈنچەك كېلىنچەكنىڭ چىرايىدەك ئېچىلىپ كەتكەن. كۆك ئاسمان كۆك ياقۇتتىن كۆك، يېشىل زېمىن يېشىل زۇمرەتتىن يېشىل.

تۇنباغا قاغان خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلگەن پەرمانبەگكە بىر ھەميان كۈمۈش تەڭگە تاشلاپ بەردى-دە، تاراسنى ئېلىپ، بىر توقاي بېكە-مەزلۇملارنى كەينىگە سېلىپ، تەختىراۋاندا ئولتۇرغانچە شەھەر تېشىدىكى شاھسۇپىغا يېتىپ كەلدى.

شاھسۇپا يەر يۈزىدىن ئادەم بويى كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان سايىۋەنلىك پەشتاق ئىدى. پەشتاق ئۈستىدىن قارىغاندا، كەينىدىن ھەيۋەتلىك تەڭرىقاغان قوۋۇقىنى، ئالدىدىن قوۋۇققا قاراپ كېلىۋاتقان كارۋان قارىسىنى خېلى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى.

قاغان ئاتا-ئەجدادىدىن ئۆرنەك ئېلىپ، جەڭگاھتىن قايتىپ كەلگەن غالىب سانغۇنلارنى، نامى بار ئەلچى-يالۋاچلارنى دەل مۇشۇ يەرگە كېلىپ كۈتۈۋالاتتى. كۆك تەڭرىگە قۇربانلىق قىلىپ، جىن-ئەرۋاھتىن خالاس قىلاتتى، تەشنالارغا سۇ، ئېچىرقىغانلارغا ئاش بېرىپ، شەھەرگە بىللە ئېلىپ كېتەتتى.

بىراق، بۈگۈن كېلىدىغىنى سانغۇنمۇ ئەمەس، لەشكەرمۇ ئەمەس، بەلكى قاغان تۇنباغا بىر يىلدىن بېرى، ياق، كۆپ يىللاردىن بېرى كۈتۈۋاتقان، چاڭقاق يەر يامغۇرنى سېغىنغاندەك، سۈپى تورغاي تاڭنى سېغىنغاندەك سېغىنىپ كەلگەن ئەلچى قۇتلۇق ۋە مەلىكە شيەنئەن ئىدى.

چوڭ كارۋاننىڭ كېلەر ۋاقتى دۇرۇس مۆلچەرلەنگەچكىمۇ، قاغان كېلىپ ئانچە ئۇزۇن ساقلاپ كەتمىدى. قۇياش تېخى تىكلەنمەيلا، ئۇپۇق يۈزىدە پەيدا بولغان چۇمۇلىدەك قارا چېكىتلەر بىر دەمدىلا چوڭىيىپ، تىرىك-پۈتۈن مەپىلەرگە، ئات-تۆگىلەرگە ئايلاندى ۋە كولدۇرمىسىنى كولدۇرلىتىپ شاھسۇپا ئالدىغا يېتىپ كەلدى.

قاغان تاراسىنىڭ ياردىمىدە سۇپىدىن چۈشۈپ، بىرقانچە قەدەم ئالغا سىلجىدى، مەپىدىن سەكرەپ، يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان قۇتلۇققا قاراپ، قۇچىقىنى كەڭ ئاچتى، تىترەك ئاۋازى بىلەن ھال-ئەھۋال سورىدى:

— ئوبدان ئوغلۇم، كۆزۈمدىن ئۇچۇۋىدىڭ، دىدارىڭ يەنە نېسىپ بولدى. دۇئادا ياد ئېتىۋىدىم، كۆك تەڭرى تىلىگىنىمنى بەردى. داداڭنى دەپ مۇشەققەت چەكتىڭ، قېنى ئېيت، تېنىڭ ساق، كۆڭلۈڭ جايىدىمۇ، سەپەردە جاپا تارتىپ قالمىغانسەن؟...

قۇتلۇق قاغاننى مەھكەم قۇچاقلاپ، يۈزىنى يۈزىگە ياقتى، نۇرى قاچقان كۆزلىرىگە، بىر يىلدىلا ئاقىرىپ كەتكەن بۇرۇت-ساقىلىغا ۋە يادەك ئېگىلىپ قالغان بوي-بەستىگە چاندۇرماي سەپسېلىپ چىقتى، كۆڭلى بۇزۇلۇپ، يۈرىكى ئېچىشتى. «ۋاقىت نېمىدېگەن رەھىمسىز، ئۇ قاغاننى نېمانچە تېز قېرىتىۋەتكەن-ھە؟» دەپ ئويلىدى ئۇ، تاراس بىلەن كۆرۈشۈۋېتىپ.

قاغان مەلىكىنى مەپىدىن چۈشۈشكە تەكلىپ قىلمىدى، ئۇسسۇز-

لۇق ۋە تەييار غىزانى مەخسۇس قىزلار ئارقىلىق مەپكە كىرگۈزۈپ بېرىپلا بولدى قىلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ رەسمى بويىچە، تاڭ ئۇردىسىدىن مەلىكە چۈشۈرگەندە ئەر-خوتۇن بولىدىغانلار پەقەت ئۇيغۇر ئادىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تويدىن كېيىن، مەلىكە قاتۇن بولغاندىلا ئاندىن بىر-بىرى بىلەن كۆرۈشەلەيتتى. قانچىلىك تەقەززا بولمىسۇن ۋە ئالدىرىمىسۇن، قاغان ئەدەپ-يوسۇنغا ئەمەل قىلىشى، رىزقى قېتىلىدىغان ئاشۇ كۈننى تاقەت قىلىپ كۈتۈپ تۇرۇشى كېرەك ئىدى.

شيەنئەن مەلىكە قىز كۆچۈرۈپ كېلىشكە ئەۋەتىلگەن 1000 دىن ئارتۇق قىز-جۇۋان ۋە ئۇلۇغ ئاستانىدىن بىللە كەلگەن ئون مەپىلىك يەڭگە-ھەمشىرىلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا يېتىپ كەلگەندى.

چۈشتىن كېيىن، كارۋان قوزغالدى. داقا-دۇمباقچىلار ئالدىدا ماڭدى، لەۋھە-ئەلەمچىلەر ئۇلارنىڭ كەينىگە كىردى. داقا-دۇمباقچىلار ئارقىسىدىن مەلىكىنىڭ مەپىسى ئەگەشتى. مەلىكىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن قاغان تەختىراۋان بىلەن مەپىگە يانداشتى.

## 29. قاغان ئۆيلەندى

قاغان شيەنئەن مەلىكىنى ئوبدان كۈتۈۋېلىپ، كۆڭلىدىكىدەك جايلاشتۇرۇپ قويدى-دە، ئەتىسىلا قۇتلۇق بىلەن تاراس تېكىننى ئالدىغا چاقىرتىۋېلىپ:

— ئېرچۇك باخشىغا ئۈچ كۈنلۈكلا مۆھلەت بېرىمەن. ئۇ ئېدىتلاپ رەم سېلىپ خەيرلىك كۈندىن بىرنى تاللىسۇن، توي ھازىرلىقىمۇ چاپسانلىتىلسۇن، مېنىڭ بۇ تويىنى كەينىگە سوزغۇم يوق، —

دېدى ۋە مەلىكە بىلەن بىللە كەلگەن قىز-جوۋانلارنىڭ قىش كىرمەس-
تىن بۇرۇن ئاستانىگە قايتمىسا بولمايدىغانلىقىنى سەۋەب قىلىپ كۆر-
سەتتى.

تاراس دىۋاندىن قايتىپ چىقىۋېتىپ ئالدى-كەينىگە قورقۇپقىنە قارىۋالغاندىن كېيىن يېنىدا ئۈنچىقماي كېتىۋاتقان قۇتلۇققا:

— «قېرىغاندا قېرى تارتۇق، قىلىقى ئۈندىن ئارتۇق» دېگەندەك گەپ بولدىغۇ بۇ، قاغان ئاتامنىڭ توي قىلغىلى ئالدىراپ كەتكىنىنى قارىمامدىغان، — دېدى ۋە ھەزىلكەش بالىلاردەك تىلىنى چىقىرىپ قويدى.

قۇتلۇق مۇشتۇمى بىلەن تاراسنى نوقۇپ قويۇپ قىزىقچىلىققا قىزىقچىلىق بىلەن جاۋاب بەردى:

— سەن تېخى مەلىكىنى ئوبدانراق كۆرۈپ باقمىدىڭ، ئۇ تولۇن ئايدەك چىرايلىق، پەرىزاتتەك لاتاپەتلىك بىر قىز. قاغان دادامنى ئۇنىڭغا كۆرمەي تۇرۇپلا ئاشىق بولۇپ قالمىدى دېيەلەمسەن؟ قارىما-
سەن ئۇنىڭ بىتاقەت بولۇپ كەتكىنىگە.

تاراس قۇتلۇقنىڭ گېپىنى تەستىقلىغاندەك بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

تاراس تېگىنگە راستتەك بىلىنگەن بۇ گەپلەر ئەمەلدە قۇتلۇقنىڭ چاقچىقى ئىدى. بىراق، قۇتلۇق بىلەتتىكى، قاغاننىڭ ئالدىرىشى يەنە بەزى سەۋەبلەرگە باغلىنىپ تۇراتتى.

ئالايلۇق، تونباغا قاغان بۇرۇن ئۆتكەن قاغانلاردەك ۋارىسلىق قىلىش يولى بىلەن ئەمەس، بەلكى شەمشەرنىڭ كۈچى بىلەن قاغانلىق تەختىگە ئولتۇردى. بۇنى كۆك تەڭرىنىڭ ئىرادىسى ۋە ئەل-يۇرتنىڭ رايى دېگەندىمۇ، ئۇ بەرىبىر قان تۆكتى، تۆككەندىمۇ دەريا - دەريا قان ئاققۇزدى. بەزىلەر ئىككى قوللاپ چاۋاك چالدى، بەزىلەر كۆرۈ-

نۇشتە چاۋاك چالدىيۇ، چىن كۆڭلىدىن قايىل بولمىدى. يات قوۋملەر قاغاننى كۆزگە ئىلمىغاننى ئاز دەپ، ئەل ئىچىمۇ تىنچ بولمىدى. ئالتۇنتاغ قارلۇقلىرى بىلەن بېشبالىق ئۇيغۇرلىرى بۆكۈ قاغان ئۆلتۈرۈلۈپ، 2000چە غۇز-سوغداقنىڭ قەتلىئام قىلىنغىنىغا نارازى بولۇپ، ئۈچ يىلغىچە غوۋغا قىلىشتى. «ئۇيغۇر دېگەن كىچىك ئەل، خاۋاتىرلىنىشكە ئەرزىمەيدۇ»[1] دەپ داۋراڭ سالغان تۈبۈت زەنپۇسىنىڭ باسمىلارنى، تۈركەشلەر[2]نى، بېشبالىق ئەتراپىدىكى ساددا چۆل تۈركلىرى[3]نى ئالداۋاتقانلىقى ھەر كۈنى دېگۈدەك قۇلاققا كىرىپ تۇردى. نىڭگو مەلىكىدىن تۇغۇلغان ئىككى نارەسىدىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىمۇ تاڭ ئوردىسىغا ئېغىر كەلدى...

ياق، قاغان بۇلارغا سۈكۈت ساقلاپ تۇرالمايدۇ، بۇنداق ئوقۇشماسلىقلارنىڭ ھەممىسىگە بىر يولىلا خاتىمە بېرىدۇ. ئەمدى ئۇ ئاجايىپ بىر توي ئۆتكۈزىدۇ، تاڭ دېزوڭنىڭ سەككىزىنچى قىزى شيەنئەن مەلىكىنى داغدۇغا بىلەن ئەمرىگە ئالىدۇ-دە، بۇ ئالەمدىكى ئەڭ قۇدرەتلىك ۋە ئەڭ باياشات پادىشاھقا كۈيئوغۇل بولىدۇ، ئۆزى ئېيتقاندەك، كۈيئوغۇل دېگەن يېرىم ئوغۇل دېگەن گەپ، ئۇنىڭغا «ئۇزاق ئۆمۈرلۈك، قۇتلۇق قاغان» دېگەن نام-ئەملى قوشۇلۇپ، ئۇنى رەسمىي ئوغۇلغا ئايلاندۇرىدۇ.

---

① «كونا تاڭنامە» — «ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»دىن.

② تۈركەشلەر — تۈركلەرنىڭ بىر تارمىقى. ئۇلار دەسلەپتە، بۈگۈنكى تارباغاتاي ئەتراپلىرىدا تىرىكچىلىك قىلغان، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قارلۇقلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى سەۋەبلىك، ئاستا-ئاستا ئاجىزلاپ، قارلۇقلارغا قوشۇلۇپ كەتكەن.

③ چۆل تۈركلىرى — بەزى مەنبەلەردە «ساتارلار» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. قەدىمكى جۇڭگودىكى شىمال مىللەتلىرىنىڭ بىرى. ئۇلار ئەسلىدە، شەرقىي تۈركلەرنىڭ چىگىل قەبىلىسىنىڭ بىر تارمىقى ئىدى، تاڭ دەۋرىدە بۈگۈنكى جىمسار ئەتراپلىرىدا ياشايتتى.

قاغان يەتتە ئىقلىم، 18 مىڭ ئالەمگە جاكارچى ئەۋەتىپ بۇ خەۋەرنى جاكارلايدۇ، ئۇنى ھەممە ئادەم، ھەممە قوۋم بىلىپ كېتىدۇ. يوغان گەپ قىلغان تۇبۇت رەنپۇسىمۇ، تۇبۇتلارغا يانتاياق بولغان قارلۇق يابغۇسىمۇ ئەيمەنگەن ھالدا ئۇنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ «ئۇ تاڭ دىزۇڭنىڭ كۈيئوغلى» دەپ بىر-بىرىنى ئاگاھلاندۇرىدىغان بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۇتۇغاتىغا ۋە لەشكەرلىرىگە ھېچكىم ئالىيىپ قارىيالمايدۇ، يول راۋان بولۇپ، ئۇيغۇر ئاتلىرى ئاستانىگە، تاڭ دۆردۇنلىرى ئۇيغۇر قوۋمىگە خۇددى ئۆزۈلمەس ئېقىندەك ئېقىپ تۇرىدۇ، تۇبۇتلارنى تۇۋا قىلدۇرۇپ، «ئۇيغۇر يولى»نى ئېلىگە ئېلىپ، جاي-جايلارغا كارۋان ماڭدۇرىدۇ، ئەل خەزىنىسىمۇ، ئاۋام ھەمىيىنىمۇ تىللا-تەڭگىلەرگە تو-شۇپ كېتىدۇ...

ئۇلار ئاتلىرىنى يورغىلىتىپ، ئىچكى شەھەر قاپقىسىدىكى چوڭ ئاچالغا كەلگەندە تاراس خوشلاشماقچى بولۇۋىدى، قۇتلۇق ئۇنى توختىتىۋالدى.

— ئىنىم، كۆن تېخى ئەتىگەن، قىزتۇرمىشقا خەۋەر بېرىۋەت، سېنى ساقلاپ قالمىسۇن، ئىككىلەن بىزنىڭ ئۆيگە بارايلى-دە، ئاد-چە-مۇنچە مۇڭدىشايلى، — دېدى تاراسقا.

تاراس تېكىن ئەدەپ بىلەن تۈزۈت قىلدى:

— ئوبدان گەپ قىلدىڭ ئاكا، مۇڭداشمىغىلىمۇ ئۇزاق بولۇپتۇ. مۇنداق بولسۇن، ياخشىسى، سەن بىزنىڭ ئۆيگە قەدەم تەشرىپ قىلغىن، چاي دەملەپ بەرگىلى قىزتۇرمىش بار ئەمەسمۇ؟

بۇ گەپ بىلەن، قۇتلۇق مەرھۇم ئايالىنى ئەسلەپ قالدى، ئايالى-نىڭ ھەمىشە كۈلۈپ تۇرىدىغان توماق چىرايى كۆز ئالدىغا كېلىۋىدى، ئۇنى يىغا باستى. ئاكىسىنىڭ ئويغا پاتقىنىغا قاراپ، پۇشايماندا ئاغزىغا ئۇرغۇدەك بولۇپ كەتكەن تاراس تېكىن ئالمان-تالمان گېپىنى ئۇلىشى-

ۋالدى:

— مۇنداقچىلا دەپ قويدۇم ئاكا، ئۆيۈڭگە بارساق باردۇق ئەمىسە، ئاستانىدىن بەلكى قورۇق قول كەلمىگەنسەن ھەقاچان؟

ئۇلار شۇنداق كېلىشتى، ئېرچۇك باخشىنىڭ مەنزىلىگە بېرىپ، دەيدىغاننى دەپ بولۇپلا، قۇتلۇقنىڭكىگە يېتىپ كېلىشتى.

تاراس قۇتلۇقنىڭ ئىككى بالىسىنى بىر ھازا ئەركىلەتكەندىن كېيىن سالقىن ئايۋانغا راسلانغان داستىخان ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى. چاكارلار قولىغا سۇ بەردى، قولى گۈل ياغلاقار ئاستانىدە ئۆگەنگىنى بويىچە، داستىخاننى نەچچە تۈرلۈك ئاستانىچە تائام-قورۇملار بىلەن تولدۇرۇۋەتتى. قورۇملارنىڭ مەززىلىك پۇرىقى ئىشتىھالىق تاراسنىڭ دىمىغىنى غىدىقلاپ، ئاغزىغا سېرىق سۇ كەلتۈردى. ئۇ تارتىنىپ ئولتۇرمايلا، تائاملارغا قول ئۇزاتتى.

— قانداقراق، بىر كۈن قاتراپ يۈرگىنىڭنىڭ بىرەر پايدىسى بولدىمۇ؟ ئاكاڭ خۇشال بولغۇدەك بىرەر خەۋەر بارمۇ؟

قۇتلۇق بېشى چۈشۈپ، تىلدىن قالغاندەكلا جىمغۇر بولۇپ كەتكەن ياغلاقاردىن سورىۋىدى، ئۇ چىرايىنى ئاچماي تۇرۇپ، بېشىنى مەيۈسانە چايقاپ قويدى.

تاراس تېكىن ئوخشاپ كەتكەن قورۇملارنى ئاغزىغا سامان تىققاندەك تىقىپ، چاينار-چاينىمايلا يۇتماقتا ئىدى، قۇلىقىغا گەپمۇ كىرمەيتتى. ئۇ تائامدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە بولسا، ياغلاقارنىڭ ھۇنەرنى ماختاپ، تامىقىنى تامشىپ قوياتتى، قورۇمنىڭ قىزىق شورپىسى تومۇز تەپتى بىلەن قوشۇلۇپ، ئۇنى يامغۇردا قالغان ئۆچكىدەك ھۆل قىلىۋەتكەنىدى.

قۇتلۇق تاراسنىڭ ئىشتىھاسىغا مەسلىكى كەلگەندەك كۈلۈپ قويدى، بىر چەتتە خىيال بىلەن ئولتۇرغان ياغلاقارغا زاڭقى بىلەنلا

ئىشارەت قىلىپ، ئىچكىرى ئۆيىنى كۆرسەتتى. ياغلاقار ئۇ ئۆيگە كىرىپ، ئاغزى شەلپەر بىلەن پېچەتلەنگەن بىر كومزەكنى ئېلىپ چىقىپ داستىخانغا قويۇپ قويۇۋىدى، بۇ كومزەك شۇ هامان تاراسنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى ۋە كۆزلىرىدىن ئوت چىقىرىۋەتتى.

— پاھ، دېمىدىمىمۇ تابغاچلاردىن قۇرۇق قول كەلمىگەنسەن دەپ، بۇنداق نەرسەممۇ بار دېگىنە تېخى...

قۇتلۇق كومزەكنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، بۇلاق سۈيىدەك سۈزۈك، ئەنبەردەك خۇش پۇراقلىق گۈرۈچ شارابىنى پىيالىلەرگە بولدۇقلىتىپ تۆكتى. ئۇ پىيالىنى تاراسنىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ قويۇپ دېدى:

— ئىنىم، بەگبارسىنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ، ئارىمىزدىن بىر ئاپەتنى يوق قىلىپسەن، قاغان ئاتىمىزغىمۇ ئۆز ۋاقتىدا ئەسقېتىپسەن، ئانچە-مۇنچە شاراب ئوتلاپ مۇشۇ ئىشىڭنى قۇتلۇقلىمىساقمۇ بولماس ئەمدى.

— دۇرۇس گەپ قىلدىڭ ئاكا، — دېدى تاراس مۇرىلىرىنى كەينىگە تارتىپ، مەيدىسىنى كېرىپ تۇرۇپ، — دېگىنىڭدەك، ئاپەت يوق بولدى، قاغان ئاتامىمۇ ئامان قالدى. بۇنى بىز قۇتلۇقلىمىساق كىم قۇتلۇقلايدۇ؟

تاراس پىيالىنى بىر كۆتىرۇشتىلا پاك-پاكىز قۇرۇقدىۋەتتى ۋە ئۇنى قۇتلۇققا تەڭلىدى. قۇتلۇق شاراب قۇيدى، تاراسنىڭ كۆزلىرى پارقىراپ، گېپى ئاۋۇغىچە قۇيۇش ۋە ئىچىش مانا شۇ تەرىقىـدە داۋاملاشتى. تاراس بىر چاغلاردا قۇرۇق پىيالىنى داستىخانغا «گۈپ» قىلىپ ئۇردى ۋە جاۋغىيىنى ئېرتىپ تۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئەل ئىچىگە تاراپ كەتكەن ھېكايەمنى سەنمۇ ئاڭلىغانسەن ئاكا، ئەمدى ساڭا ئۆز ئاغزىم بىلەن ئېيتىپ بېرەي، قومۇق-قىتانلارنى يەر چىشلىتىپ ۋايجېىنىنى چىقىرىۋېتەي دەپ باياۋاندا كېتىۋاتسام قۇل-قىمغا تۇيۇقسىز «كەينىڭگە قايت، قاغان خەۋپتە» دېگەن بىر ئاۋاز

ئاڭلاندى، سانغۇنلىرىمدىن بۇ ئاۋازنى ئاڭلىدىڭلارمۇ دەپ سورىسام، ئۇلار: «بىزدىن قەسەمكى، ئۇنداق ئاۋازنى ھېچ ئاڭلىغىنىمىز يوق» دېيىشىپ، تەڭرىنىڭ نامى بىلەن قەسەم ئىچىشتى، بىلدىمكى، بۇ ئاۋازنى پەقەت مەنلا ئاڭلىيالىغان ئىكەنمەن.

شۇنىڭ بىلەن «يا تەڭرىم، ۋەلىئەھدىڭگە ئۆزۈڭ ئىگە بولغاي-سەن» دېدىم-دە، بىر توپ لەشكىرىمنى باشلاپ كەينىمگە ياندىم، ئاسماندا ئۇچتۇممۇ، يەردە ماڭدىممۇ، ئەسلا يادىمدا يوق، بىر چاغلاردا قارىسام، ئۆتۈكەندە تۇرۇپتىمەن. يەنە شۇنداق نەزەر سېلىۋىدىم، ئىر-چۇك باخشىنىڭ سۈرىتىگە كىرىۋالغان بەگبارسنى ۋە ئۇنىڭ بىر توپ بەتبەشرە ئادەملىرىنى تونۇۋالدىم. ئۇلار نىقاب تارتىۋېلىپ، قاغان ئاتامنى بوزەك قىلغىلى تۇرۇپتۇ، نىيەت-ئىقبالىمۇ دۇرۇس ئەمەستەك تۇرىدۇ...

گەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، تاراس كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ تۇرۇپ «شاراب» دەپ تۈۋلىۋىدى، قۇتلۇق ئازراق شاراب قۇيۇپ بەردى. ئۇ شارابنى پۇرقىۋەتكەندىن كېيىن گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— شۇ چاغدا كاللام شۇنداق بىر ئىشلەپ قالدى دېگىنە ئاكا، ئاشكارا تېگىش قىلسام، تۈزكور بەگبارس قاغان ئاتامغا قەست قىلىدى-غاندەك تۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن، تاغ كەينىدىكى بىر توپ باخشىنى چەمبەرچاس قىلىپ باغلىۋېتىپ، نىقابلىرىنى تارتىۋالدىم-دە، ئۇنى لەشكەرلىرىمگە تارقىتىپ بەردىم، ئۆزۈممۇ تاقىدىم. باخشىلاردەك «ھە-ھۇ» دېيىشىپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كەتتۇق. «ھەي باتۇر ۋەلىئەھد، ئەمدى قول سال» دېدى ھېلىقى غايىب ئاۋاز. مەن قول سالدىم، بىر سېلىپلا بەگبارسنىڭ خەنجىرىنى بىر ياقلارغا ئۇچۇرۇۋەتتىم ۋە قاغان ئاتامنى قۇتۇلدۇردۇم...

— كېيىن قانداق بولدى، — دەپ سوئال قويدى، جەڭنامە

ئاڭلاۋاتقاندەك ھاياجانلىنىۋاتقان قۇتلۇق تاراسنى ئالدىرىتىپ.

— نېمە بولاتتى، ئاتامنى ھىمايەمگە ئېلىپ تۇرۇپ قارىغۇدەك بولسام ئۇ ئەبلەخ ئەللىك قەدەم نېرىسىدا قېچىپ كېتىۋاتامدۇ؟ ئاچ-چىقىمدا مېگەمدىن تۇتۇن چىقىپ كەتتى، بەئەينى ئەركەك ئارقاردەك، تاشتىن تاشقا سەكرەپ يۈرۈپ ئۇنى يار لېۋىگە قىستاپ باردىم، مەردلى-كىم غالىب كېلىپ «سەكرە، قېنىڭدا قىلچىمنى بۇلغىغىم يوق» دەپ نەرە تارتتىم. ئۇ قورقۇپ دىر-دىر تىترىدى، يار لېۋىدىن تاشتەك چۈشۈپ كەتتى، پەسكە قارىسام، ئۇ شۇنداق چوڭقۇر جىرا ئىكەنكى، ھەيھات، جىرادىكى قىرلىق تاشلار ئۇ تۇزكورنىڭ پاسىق تېنىنى پارە-پارە قىلىۋەتتى بولغاي ئەتىمالىم...

— ئەتىمالىم؟... ئەتىمالىم دەۋاتسەنغۇ ئىنىم، — قۇتلۇق قولىدىكى پىيالىنى يەرگە قويۇپ قويدى ۋە تاراسقا يېقىنراق سۈرۈلۈپ سورىدى، — ئۇنىڭ پارە-پارە بولۇپ كەتكىنىنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆردۈڭمۇ يا شۇنداق ئويلىدىڭمۇ؟

بوينى ئەيلەنگەن تاسمىدەك يۇمشاپ كەتكەن تاراس تېكىن بېشىنى گىلدىڭلىتىپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

— كۆرسەم نېمە بولۇپتۇ؟ كۆرمىسەم نېمە بولۇپتۇ؟ پارە-پارە بولۇپ كەتتى دېگەندىكىن جەزمەن شۇنداق بولۇپ كەتتى. قا... قاغا... قۇزغۇنلار يەپ بولدى،... يەپ بولدى...

— ھە، مۇنداق دېگىن؟...

قۇتلۇق نېمشقىدۇر لاسسىدە بولدى، ياغلاقارنىڭ يېنىغا بېرىپ، تامغا يۆلەندى، «پارە-پارە بولۇپتىمش... پارە-پارە بولۇپتىمش...» دېدى، ئۇ ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلاپ.

بۇ چاغدا تاراس تېكىن شاراب ئىچىشتىن توختاپ، خۇددى ئۆلى كولانغان كونا تامدەك قىيسايماقتا ئىدى، ئۇنىڭ تۇگمەن تېشىدەك

ئېغىرلاپ كەتكەن بېشىنى يۆلەپ تۇرغان قاتتىق مۇشتۇمى ياڭاق گۆشلىرىگە چۆكۈپ تۇراتتى، قىزىللىقى يېنىپ، ئادراسمان چېچىكىدەك تاتىرىپ كەتكەن يۈزىدە، يېرىم يۇمۇق كۆزلىرىدە چۈشىنىكسىز بىر ئىپادە ئەكس ئېتەتتى، لەۋلىرى توختىماي مىدىرلايتتى.

— ئاكا... ئاكا، مەن يالغان ئېيتتىم...

— بولدى قىل، گەپ بولسا ئەتە قىلىشايلى، بولامدۇ؟

تاراسىنىڭ ھالىغا قاراپ، قۇتلۇقنىڭ ئىچى ئاغرىپ قالدى. ئۇ «شاراب ئىچىپ كۆنمىگەن ئادەمگە شۇنچە كۆپ شاراب ئىچكۈزدىگەمۇ، ئەمدى ئۇنىڭ دەردىنى تارت» دېگەن ئويىنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى، ئۇنى يۆلەپ ئاز-تولا ئەيۋەشكە كەلتۈردى، ئات قېشىدەك قېنىق چايدىن زورلاپ تۇرۇپ ئىككى پىيالە ئىچكۈزۈۋەتتى.

— ئاكا... مەن يالغان ئېيتتىم، ئويىنىشىپ يالغان ئېيتتىم...

— غەلەت گەپ قىلما، ۋەلىئەھد دېگەنمۇ يالغان ئېيتامدۇ؟

قۇتلۇق دەسلەپتە ئۇنى مەستچىلىكتە جۆيلۈۋاتىدۇ دەپ تەخمىن قىلدى. بىراق، تاراسىنىڭ ئارقىمۇئارقا ئېيتىلغان بىر ئېغىز سۆزى ئۇنى بۇ تەخمىنىنى تەرك ئېتىشكە مەجبۇر قىلدى.

— سېنى يالغان ئېيتىدۇ دېسە كىممۇ ئىشىنىدۇ؟

— مەن يالغان ئېيتمىدىم، پو ئاتتىم...

— قېنى ئېيتە، قانداق پو ئاتتىڭ؟

— راستىنى ئېيتسام، غايىبتىن ھېچقانداق ئاۋاز كەلمىگەنىدى، بەگ... بەگبارسىنىڭ قاغان ئاتامغا قەست قىلىدىغىنىنى ماڭا بىر تابغاچلىق دېگەن...

— قانداق تابغاچلىقكەن ئۇ؟

— بىر قېرى تابغاچلىق... بويى ئېگىز، ئۆزى ئورۇق بىر تابغاچلىق...

قۇتلۇق ئۇزۇپ-ئۇزۇپ سۆزلەۋاتقان تاراسنى خۇددى ئۇچمە ئىرغىتقاندەك سىلكىدى. ياغلاقارمۇ تام تۈۋىدىن چاچراپ قوپتى، تۆت پۇتلاپ كېلىپ، تاراسنىڭ ئاغزىغا تىكىلدى. قۇتلۇق يەنە سورىدى:

— ئۇ تابغاچ ساڭا نېمە دېدى؟

— «ئېتىم ئۆلدى، مادارىم كەتتى... ئوردۇبالىققا يېتىپ بارالماي-دىغان ئوخشايمەن، قاغاننىڭ ئادىمى بولساڭ چاپسان بېرىپ قاغاننى قوغدا، قاغاننىڭ دۈشمىنى بولساڭ ھېچ كېچىكتۈرمەي مېنى ئۆلتۈرۈۋەت» دېدى. ئۇ بىزنىڭ تىلىمىزنى خۇددى سۇدەك سۆزلەيدىكەن...

ياغلاقارنىڭ دادىسىنى يولغا سېلىۋەتكەندىن بېرى، ئۇلار بۇ بوۋايدىن ھېچقانداق خەۋەر ئالالمىغانىدى. قاغانغا قەست قىلماقچى بولغان ئىپلاس بەگبارسىنىڭ ئۆز ۋاقتىدا جاجىسىنى يېگەنلىكىنى ئۇلار ئاستانىدىكى چېغىدىلا ئاڭلىغان، بوۋاينىڭ ئوردۇبالىققا ساق-سالامەت يېتىپ كەلگىنىدىن قىلچە گۇمانلانمىغانىدى.

بىراق، ئۇلار بۇ بوۋاينىڭ ئاستانىدە كېلىشكەندەك، قۇتلۇقلار-نىڭ ئۆيىگە كەلمىگىنىنى ئۇقتى. ياغلاقار لىڭ تۇشمۇتۇشتا قاتراپ يۈرۈپ ئۇنى ئىزدەپ باقتى. ئاخىر، تاپالمىغانىنى ئاز دەپ بىرەر ئىشەنچ-لىكرەك خەۋەرمۇ ئۇقالمىدى ۋە سالپايغان پېتى ئۆيگە قايتىپ كەلدى. ئالامەتلەردىن قارىغاندا، تاراس ئېيتقان ئۇ بوۋاي شەكسىزكى ياغلاقار-نىڭ دادىسى ئىدى.

— ئۇنى نەدە كۆردۈڭ، ھازىر نەدە؟ — سورىدى قۇتلۇق ھاياجانلىنىۋاتقان ياغلاقارنىڭ يوتىسىنى بېسىپ تۇرۇپ. ياغلاقارنىڭ ۋەلىئەھدىگە يۈزلىنىپ تۇرۇپ سوئال قويۇشى ئوردا ئۇدۇمىغا توغرا كەلمەيتتى.

— ئۇيقۇڭنى ئاچ ئىنىم، ئۇ ھازىر نەدە دەۋاتىمەن؟...

ئارقىمۇئارقا ئىچكۈزۈلگەن قېنىق چاي تەسىر قىلدىمۇ، ياكى قۇتلۇقنىڭ تەقەززاسى تەسىر قىلدىمۇ، تاراس ئاستا-ئاستا كۆزىنى ئاچتى ۋە:

— ئۇ ... ئۇ تابغاچلىق ئۆلۈپ كەتتى...، — دېدى.

— ئۆلۈپ كەتتى؟ مۇنداقچىلا دەۋاتامسەن؟ ياكى راست گەپ قىلىۋاتامسەن؟

— راست... راست گەپ قىلىۋاتىمەن...

— ئەمسە، ئېيت، قانداق بولۇپ ئۆلۈپ كەتتى؟

— باياۋاندا ئۇچراتقاندا ئۇ بوۋاي ئۆلۈپ قالاي دەپ قاپتىكەن، ماڭا ھېلىقى گەپنى دېدى، دەپ بولۇپلا نەپەستىن قالدى... ئۇنى ... ئۇنى دەپنە قىلىپ قويدۇق...

تاراس تېكىن ئەزەلدىن يالغان ئېيتمايتتى، چاقچاقچىمۇ ھەپىلدەسى يوق ئىدى، ئۇنىڭ بۇ تەرىپىنى ئۇنىڭ بىلەن كۆپ يىل بىللە ياشىغان قۇتلۇق بەكمۇ ئوبدان بىلەتتى. ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىدىن، بوۋاينىڭ نەلەردىدۇر كارۋاندىنمۇ، ئېتىدىنمۇ ئايرىلىپ قالغانلىقىنى، قىرىقلىق ياكى تەشنالىق تۇپەيلى يىقىلىپ قالغاندا تاراسقا ئۇچراپ، دەيدىغانىنى دەپ بولۇپلا كۆز يۇمغانلىقىنى تەھقىقلەشتۈرگىلى بولاتتى.

قۇتلۇق ئاغزىدىن گېپى چۈشۈپ قېلىۋاتقان تاراسنى ئاستا ياتقۇزۇپ قويدى، بېشىنى تەستە كۆتۈرۈپ، قايغۇلۇق نەزەر بىلەن ياغلاقارغا قارىدى، ئۇنىڭ ئوقچۇپ چىقىۋاتقان كۆز يېشىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ:

— قايغۇرما ئوكا، داداڭ قاغانىمىزنى قۇتقۇزدى، بىزنىمۇ قۇتقۇزدى، توي ئۆتۈپ، قاتىلاڭچىلىقلار بىر ئاز بېسىقسۇن، ئۇنى ئۆزۈم تېپىپ كېلىپ، تەڭرى دەرگاھىغا دادامنى ئۇزاتقاندەك ئۇزىتىپ قويەمەن، — دېدى تەنتەنە بىلەن.

تەۋادار قارا باخشىنىڭ يارامىلىق شاگىرتى بولغىنى ئۈچۈن،

ئېرچۆك باخشى تەڭرىگە يېقىن، شامان ھېكمىتىدە كامال تاپقان، قاغانغا ئىخلاسى كۈچلۈك بىر ئادەم ئىدى.

ئۆتۈكەندە تىلاۋەت بولغان كۈنى تاڭ سەھەردە ئۇ ھېكمەت ئەينىكىدە بىر كارامەت كۆردى، قارىغۇدەك بولسا، تىرناقلىرىدىن قان تېمىپ تۇرغان بىر قارا قۇش قاغاننىڭ بېشىدا ئەگىپ يۈرگىدەك. ئۇ بۇ ھېكمەتنىڭ مەنىسىنى پەملەپ «ئىش چاتاق»دېدى-دە، ئۇدۇل قاغاننىڭ قېشىغا چاپتى. بىراق، «رەقىبلەر تار يولدا ئۇچرىشىپتۇ» دېگەندەك، ئۇ ئوردا قوۋۇقىغا بارا-بارمايلا ئايغاقچىلارنىڭ قولىغا چۈ-شۈپ قالدى-دە، بەگبارسنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىلدى.

— قورسىقىڭدا سوققان چوتىڭنى بىلىپ تۇرۇپتىمەن، — دېدى بەگبارس ئۇنى بىر پىنھان ئۆيدە تامغا چىڭ نىقتاپ تۇرۇپ، — سەن مېنى چاقماقچىسەن، ئۆلمەي دېسەڭ ئاغزىڭنى يۇم، چاندۇرماستىن ئۆتۈكەنگە بار-دە، دېگىنىمنى قىل!

ئېرچۆك باخشىمۇ بوش كەلمىدى. ئۇ:

— دۇرۇس شامان يامان ئادەمنىڭ گېپىگە كىرمەيدۇ، — دېدى ئۇ ئۆزى ئەڭ ئۆچ كۆرىدىغان بەگبارستىن قىلچە ھېيىقماي، — بىلەمسەن، قاغان دېگەن تەڭرى ئەۋلادى، تەڭرى ئەۋلادىغا قەست قىلغاننىڭ جېنى كۆيىدۇ.

— بۇ جىنكەش باخشىنى پىنھان يەرگە ئاپىرىپ، تىلىنى كېسىڭ-لار، كۆزىنى ئويۇڭلار! — ئېرچۆك باخشىنىڭ تىغدەك ئۆتكۈر گەپلى-رىدىن رەسۋاسى چىقىپ كەتكەن يەگبارس ئايغاقچىلىرىغا شۇنداق دەپ ۋارقىرىدى ۋە چىچاڭشىغان پېتى ئۆتۈكەنگە كېتىپ قالدى.

بىراق، ئېرچۆك باخشىنى ئوبدان بىلىدىغان ئايغاقچىلارنى تو-يۇقسىز سۈر باستى، ساغرىسىغا چوۋىق يېگەن ئېشەكتەك تىترەپ قول سېلىشقا ھەرگىز پېتىنالمىدى، ئاخىرىدا گېپىنى بىر قىلىپ، ئۇنى

چالا-بۇلا باغلاپلا ئات ئېغىلىغا تاشلاپ كېتىشتى.

ئۆتۈكەن ۋەقەسىدىن كېيىن، قاغان ئۇنى تاپتۇرۇپ كېلىپ، تىلاۋەتتە بىللە بولدى...

قاغان ئېيتقانىدەك، ئىرچۇك باخشى بەجانىدىل پال ئاچتى، بىر كۈن قۇرئى سىلىپ، ئوبدان كۈندىن بىرنى تاللىدى-دە، ئۇنى ئۆزى بېرىپ قاغانغا ئوقۇتۇردى.

ھەر قېتىمدىكىدەك، ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى ھۆكۈممۇ ئاجايىپ توغرا چىقتى. ئۇ تاللىغان كۈن شۇنداق بىر كۈن بولدىكى، تۆت كۈندىن بېرى تامچىلاۋاتقان سىم-سىم يامغۇر كۈن قىزىلى بىلەن تەڭلا ئاسمان يۈزىگە پەردە تارتىلغانىدەك، چىپپىدە توختاپ قالدى. تاغ كەينىدىن، شەھەر ئاسمىنىنىڭ ئۇ چېتىدىن تۇرۇپ-تۇرۇپ مۆڭگەك توپاقتەك ئۇسۇپ چىقىدىغان بەتىرەڭ بۇلۇتلارمۇ كىمدىنىدۇر ھېيىققانىدەك، ئۆز يولىنى ئۆزگەرتتى. ھەشەمەتلىك توي تاماشىسىغا قىزىققان قۇياش ئادەتتىكىدىن بۇرۇن كۆتۈرۈلۈپ، شەھەر رۇخسارىغا ئالتۇن ھەل بەردى. ئۆتۈكەندىن ئۆتۈپ كەلگەن سەھەر سەلكىنى يول-يوللارنى سۈپۈرۈپ، چاڭ-توزاندىن خالاس قىلدى.

ئىرچۇك باخشى تاللىغان قۇتلۇق كۈندە، يەنى مىلادىيە 788-يىل ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، ئوردۇبالىقنىڭ ھەممە يېرى توي تەنتەنىسىگە چۆمۈلدى، تويغا ئاتاپ يوللار ياسالدى، يول قاسنىقىدىكى ئۆي-ئىمارەتلەر ھاك بىلەن ئاقارتىلدى. چوڭ-كىچىك قوۋۇقلارغا، كوچا ئېغىزلىرىدىكى ئارچا دەرۋازىلىرىغا تاڭ شايىسىدىن شەلپەر ئېسىلدى. قوۋۇق بېشىدىن، تىلاۋەت پەشتاقلىرىدىن ئورۇن ئېلىشقان ماھىر ئۇستىلار توي نەغمىسىنى ئەۋجىگە كۆتۈردى. ئەمەل-مەنسەپ تۇتقانلار توي شەرپىگە كەڭ يەڭلىك، پەشلىرى يەردە سۆرۈلۈپ تۇرىدىغان تاڭ تونلىرى بىلەن ياسىنىۋېلىشتى. تار بەللىك، تار يەڭلىك ئۇزۇن

كۆڭلەك كىيىپ، تال-تال قارا چاچلىرىنى تال چۈشقەتەك لەپىلدىتىپ يۈرگەن قىز-چوكانلار توي ھۆسنىگە ھۆسن قوشتى.

تاشقى شەھەرنىڭ ئالتە قوۋۇقى ئۈچ كۈندىن بېرى ئوچۇق تۇردى. كىرگەن-چىققانلارغا كۆز-قۇلاق بولىدىغان قوۋۇق قورۇقچىلىرىمۇ مۇلايىم غۇلاملارغا ئورۇن بەردى. قوشنا قوۋملەرنىڭ يابغۇ-تارخانلىرى، قارام ئورۇغلارنىڭ ئېلتەبىر — مۆتىۋەرلىرى، يۇرت كاتتىلىرى توي يارىشىقىنى قىلىپ، ساندۇق-ساندۇق جاۋاھىراتلارنى، مۇشكى-ئەنبەر، گەزلىمىلەرنى ئات-ھارۋىلىرىغا يۈكلىتىپ، خالىغان قوۋۇقلاردىن كىرىپ كېلىۋەردى، تەكىيەخانىلار توشۇپ، دەڭ-سارايلارمۇ بىكار قالمىدى، ئوردۇبالىق ئادەم دېڭىزىغا ئايلاندى.

توي تەنتەنىسى ئۆز يولىدا داۋام قىلدى. ئەتىگەنلىك تىلاۋەتمۇ ئۆز قەرەلىدە تامام بولدى. قۇياش ئۆرلەپ، سېپىل بىلەن ئەمدىلا تەڭلىشىۋىدى، دۇمباقلار تېخىمۇ تېز ۋە قاتتىق گۈمبۈرلىگىلى تۇردى. ئۇزۇن كارنايلارمۇ بوغۇق ئاۋاز بىلەن ئۈن سېلىشقا باشلىدى. كوچىلارغا تولۇپ كەتكەن ئادەملەر ئىككى ياققا بۆلۈنۈپ، ئوردا شەھىرىگە يول ئالغان ھەشەمەتلىك مەپىلەرگە، گۈللۈك تەختىراۋانلارغا يول بېرىشتى.

ئېرچۇك باخشىنىڭ خاھىشى بىلەن، توي ئورنى دىۋان ئالدىدىكى كەڭ سەيناغا ھازىرلانغانىدى. سەينانىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدە ئالتۇن قوبىلىق، قوش قەۋەتلىك بىر ئىمارەت قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى.

سەينادا كۈتۈپ تۇرغان توي ئەھلى قانچىلىك تەقەززا بولدىكىن، بىر چاغلاردا ناغرا چېلىندى. قىزغۇچ سېرىق تون، توققۇز بۇرجەكلىك تەلپەك كىيىپ، زۇمرەت كۆزلۈك ئالتۇن كەمەر باغلىۋالغان تۇنباغا قاغان توققۇز بۇيرۇقنىڭ ھەمراھلىقىدا دىۋان ئىشىكىدىن مەزمۇت قەدەملەر بىلەن چىقىپ كەلدى-دە، پېشايۋانغا چىقىپ، كۈنچىقىشقا


يۈزلەنگەن پېتى ئالتۇن كۆرستا ئولتۇردى.

كاتتا ئىمارەتنىڭ ئالدىدا غايەت زور قار دۆۋىسىدەك، ئاپئاق بىر كىگىز ئۆي تۇراتتى. شىيەنئەن مەلىكىگە ئاتاپ تىكىلگەن بۇ كىگىز ئۆي مەلىكىنىڭ ۋاقىتلىق تۇرالغۇسى ئىدى. مەلىكە بۇ ئۆيدە مەرتىۋە-لىك ئۇيغۇر موماي‌لاردىن ئۇيغۇر يوسۇنلىرى توغرىسىدا تەلىم ئالاتتى، كېيىپ كەلگەن ئۇستىۋېشى سالدۇرۇلۇپ، ئۇيغۇر قىزلىرىدەك كىيىندۇ-رۇلەتتى.

ناغرا ئاۋازى ئەۋجىگە چىقتى، ئاق ئۆينىڭ ئىشىكى قايرىلىپ، شىيەنئەن مەلىكە چىراي كۆرسەتتى. ئۇ چاچلىرىنى ئالدىغا تۈگۈپ، ياقۇت كۆزلۈك سىرغا تاقاپ، قوش پېشى بار كۆڭلەك كىيىپ قىزىل گۈلدەك ئېچىلغان، كۆز - قېشىغا ئەگلىك ئېتىپ، بارمىقىغا خېنە قويۇلغان، قەددى بىلەن ئەگنى قوشۇلۇپ، ئۇيغۇر قىزلىرىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشاپ كەتكەنىدى.

مەلىكە سەھەر شامىلىدەك يېنىك قەدەم تاشلاپ، مەجنۇنتالدەك تولغىنىپ، ئەدەپ ئانىسىنىڭ قولىنى تۇتقان پېتى كاتتا ئىمارەتنىڭ ئالدىغا كېلىپ، كۈنچىقىشقا قاراپ توققۇز مەرتەم باش ئۇردى، ئارقە-دىنلا كەينىگە بۇرۇلۇپ، قاغانغا «لاپ» قىلىپ قارىۋالدى ـ دە، نازلىق تەبەسسۇم بىلەن توققۇز قېتىم تەزىم قىلدى.

قاغان پېشايۋاندا ئولتۇراتتى. ئۇ لىڭشىۋاتقان يۇمران كۆچەتتەك ئەپچىل ئېگىلىپ، چىن كۆڭلىدىن تەزىم قىلىۋاتقان مەلىكىگە كۆز ئۈزمەي قارايتتى، نەزىرى مەلىكىنىڭ ئەۋرىشىمدەك قامىتىگە، سۇرەتتەك چىرايلىق قاش-كۆزىگە چۈشكەندە بولسا، ئىختىيارسىز قىمىرلاپ قو-ياتتى، تەگرىگە تېۋىنىپ، مۇراسىمنى تېزرەك تۈگىتىشنى، قۇياش ئىلا-ھىنى ئالدىرىتىپ، تاغ كەينىگە پاتراق قوغلىۋېتىشنى تىلەيتتى. بىراق، قاغان قانداق ئويلىسۇن، ئۇ كۈتكەن پەيتلەر بارغانسېرى يىقىنلاپ



كېلىۋاتاتتى.

شيەنئەن مەلىكە يەنە شۇنداق نازۇك قەدەملەر بىلەن مېڭىپ بېرىپ ئالدىن تەقلەنگەن گۈللۈك تەختىراۋانغا ئولتۇردى. ئىمارەت ئالدىدا تەييار تۇرغان توققۇز بۇيرۇق تەختىراۋاننى نۆۋەتلىشىپ كۆتۈرۈپ، مەلىكىنى ئوردا ئىچىگە ئېلىپ كىردى، ئوردىنى توققۇز قېتىم ئايلاندۇرغاندىن كېيىن يەنە ئىمارەت سەيناسىغا ئېلىپ چىقتى.

ئەدەپ ئانىسى شيەنئەن مەلىكىنى تەختىراۋاندىن يۆلەپ چۈشۈرۈپ، توققۇز باسقۇچلۇق پەلەمپەي بىلەن پېشايۋانغا باشلاپ چىقتى، قاغانغا يانمۇيان ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. مەلىكە قاغانغا قاراپ تاتلىق بىر كۈلۈپ قويغاندىن كېيىن، قاغانغا ئوخشاش كۈنچىقىشقا قارىدى. بۇ نىكاھنىڭ ھالال بولغانلىقىدىن ۋە مەلىكىنىڭ قاتۇنلۇق مەقامغا كۆتۈرۈلگىنىدىن دېرەك بېرىدىغان ئالامەت ئىدى.

— ئۇزاق ئۆمۈرلۈك، قۇتلۇق قاغانغا مۇبارەك بولسۇن، — دەپ تۆۋلاشتى توققۇز بۇيرۇق، يابغۇ-ئېلتەبىر ۋە جىمى يۇرت كاتتىلىرى ھاياجانلىنىپ تۇرۇپ.

— ئۇزاق ئۆمۈرلۈك بىلگە قاتۇن[1]غا شەرەپلەر بولسۇن، — دېيىشتى ۋەزىر-ۋۇزرالارغا قوشۇلۇپ پۈتكۈل توي ئەھلى.

ئالقىش ۋە تەبرىك سادالىرى ئىچكى ئوردىدىن تېشىپ چىقىپ، پۈتكۈل ئوردۇبالىقنى تولدۇردى، نەغمە-ناۋا باشلاندى. ئاستانىلىق تابغاچ مېھمانلار پوجاڭزا ئېتىپ، ئۆز تەبرىكىنى ئىزھار قىلىشتى. سوۋغا-سالاملار مۇراسىم بېگىگە تاپشۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىمارەت ۋە سەينادىن ئورۇن ئالالمىغانلارغا، قوشنا ئەل ۋە قارام قوۋمدىن كەلگەن

---

[1] «ئۇزاق ئۆمۈرلۈك بىلگە قاتۇن» — ئۇيغۇر قاغانلىقىدىن شيەنئەن مەلىكىگە بېرىلگەن قاتۇنلۇق ئاتاق.

ئەزىز مېھمانلارغا ئۆز جايىدا ئاش تارتىلدى. كۆلدەك يوغان داشلاردا پىشۇرۇلغان مەززىلىك تورپاق گۆشلىرى، قىزىرىپ پىشقان پاقلان كاۋاپلىرى، تىللادەك سارغايتىلغان بوغۇرساقلار ۋە سوغا-سوغا قېتىق-قىمىزلار توي داستىخىنىنى بەكلا مول قىلىۋەتتى...

قورساق تويدى، شوخلۇق باشلاندى. توزدەك كەڭ ئېتەك يېيىپ، قويۇندەك تېز پىرقىراۋاتقان كۇسەن قىزلىرى توي ئەھلىنىڭ كۆزلىرىنى ئالچەكمەن قىلىۋەتتى. دوقمۇش-دوقمۇشلاردا قىزىپ كەتكەن شىر ئويۇنى، بېشبالىق دارۋازلىرىنىڭ داردا مېڭىشلىرى ۋە مايمۇندەك تېز موللاق ئېتىشلىرى ھەممەيلەننى ھەيرەتتە قالدۇردى. كارامەتلىك قوچۇ سېھرگەرلىرى يىلىنجاپ تۇرغان قىزىق چوغ ئۈستىدە خۇددى مۇزدا ماڭغاندەك بىمالال مېڭىپ، ئاغزىدىن ئەجدىھادەك ئوت پۈركۈشتى. توققۇز كۈندۈز، توققۇز كېچە داۋام قىلغان بۇ كاتتا توي ئوردا ئەلچىلىرى تويلۇق ئۈچۈن ھازىرلانغان 1000 تۇياق يارام ئاتنى ئالدىغا سېلىپ ئوردۇبالىقتىن ئۆزىنغاندىلا ئاندىن ئاياغلاشتى.

## 30. بېشبالىق خەۋپتە

قاچانـدۇر بىر چاغـلاردا نامەلۇم ئاقىل، ئىنسان كەچمىشىدىن يەكۈن چىقىرىپ: «ئۆمۈردە ۋاپا يوق» دەپ خورسىنغانىكەن.

ئۇ ئاقىل ھەق گەپ قىلىدۇ. ئۆمۈر دېگەندە راستتىنلا ۋاپا يوق، ئۇ «بەر» دېگەنگە بېرىلمەيدۇ، زېرىككەنگە يىلمىدەك يىپپىشىدۇ، «كەت» دېگەنگە كەتمەيدۇ، «كەل» دېگەنگە كەلمەيدۇ. مىسالى بىر

ساغرۇ ئادەمدەك، نامراتنىڭمۇ، بېخىلنىڭمۇ، ئاجىزنىڭمۇ، كۈچلۈكنىڭمۇ، پۇقرانىڭمۇ، پادىشاھنىڭمۇ گەپ-سۆزىگە قۇلاق سالماي، ئۆز يولى بىلەن كېتىۋېرىدۇ. قاچانكى بىراۋنىڭ دۆلىسى ئاپتاپ كۆرۈپ، تەقدىرى ھالاۋەتكە يېقىنلاشقاندا ياكى ئامەت بوسۇغىسىغا ئاياغ قويۇپ، ھاياتىنىڭ قەدرىنى ئۆتتۈلگەندە توساتتىن خۇيى تۇتۇپ يۈزسىزلىك قىلىدۇ-دە، ئۆمۈر ئىگىسىنى ۋاپاسىزلارچە تاشلاپ كېتىدۇ.

مىلادىيە 789-يىل كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئۇ ئاقىلنىڭ ئېيتقانلىرى قارا بالغاسۇندا ئايان بولدى، ھەشەمەتلىك توي ئۆتۈپ ئىككى ئايدىن كېيىن ۋە «ئۇيغۇر» سۆزىنىڭ تاڭ يېزىقىدا يېزىلىشىنى «لاچىندەك پەرۋاز قىلۇر» دېگەن خەتلەر بىلەن ئىپادە قىلىش ئىلتىماسى① ئوردا تەرىپىدىن ماقۇل كۆرۈلگەندىن كېيىن قاغان تۇنباغا تۇيۇقسىز ئۇ ئالەمگە كېتىپ قالدى. ھېلىقى دانىشمەن ئاقىلدەك، «ئۆمۈردە ۋاپا يوق» دەپ داد-پەرياد سېلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىدى.

ئوردا قارا تۇتتى، ئوردۇبالىق ھازا تۇتتى. قاغاننىڭ ئۆلۈمى تاراسقىمۇ، قۇتلۇققىمۇ ئېغىر زەربە بولدى. ئۇلار يۈزلىرىنى تىلىپ، كۆز يېشى ئېقىپ تۈگىگىچە «ئاھ دادا» دەپ يىغلاشتىيۇ، قاغان ئاتىسىنى تىرىلدۈرەلمىدى.

ئۇيغۇر دىيارى ماتەمگە چۆمدى، بىراق، ئەل-يۇرتنىڭ دەريا-دەريا كۆز يېشىمۇ قاغاننىڭ ھاياتىنى قايتۇرۇپ كېلەلمىدى.

---

① «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر»، 98-جىلد «ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»دە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «جېنيۈەن 5-يىلى (توغرىسى 4-يىلى 10-ئاي) تۇنباغا تاڭ سۇلالىسىگە مەكتۇپ سۇنۇپ، خۇيخې (回纥)نى «لاچىندەك پەرۋاز قىلۇر» دېگەن مەنىدىكى خۇيخۇ (回鹘) دېگەن خەتكە ئۆزگەرتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى» («قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخى» 62-بەت).

ئېرچۇك باخشى تەگرىگە يالۋۇردى. شۇنداقتىمۇ، ھەممىگە قادىر كۆك تەگرىمۇ، ئىلاھ ئۆلگىنىمۇ ئۆلگەن قاغانغا قايتا ئۆمۈر ئاتا قىلالمى-دى...

دۇرۇس، ئۆمرى ۋاپا قىلىسدى، قاغان يەنە ياشىغان بولاتتى. شىيەنئەن بىلەن بىللە ئۆتۈپ، جىمى قوۋمگە كۈيئوغۇللۇق ھەيۋىسىنى كۆرسىتىپ قويالايتتى، ئاستانىگە جابدۇنغان 100 تۆگىلىك كارۋاننىڭ ئۇنىمىك تۇياق ئات ئېلىپ يولغا چىققىنىنى كۆرەلەيتتى، ئات بەدىلىگە قولغا كەلگەن تاۋار-دۇردۇندىن ئېگىن كىيىپ، قول-ئىلكى پۇل كۆر-گەن پۇقرانىڭ كۈلكىسىنى ئاڭلىيالايتتى. بۇ ئۇنىڭ ئارزۇسى ئىدى.

ىراق، ئۆمۈر ئۇنىڭغا يۈزسىزلىك قىلدى. كۆك تەگرى قاغانغا ئۇزاق ئۆمۈر بەرمىگەن بىلەن ۋاپادار ئوغۇللارنى بەرگەنىكەن. بۇ ئوغۇللار ئەھلى يۇرتنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ھازا ئېچىپ، قاغان ئاتىسىنى تاغ باغرىغا دەپنە قىلدى، قەبرە تىكلەپ، پۈتۈك ئويدۇردى، مۇسىبەت ئۈچ ئايغىچە داۋام ئەتتى. قاغان ئۆلۈمىدىن خەۋەر تاپقان شاھ دىزۇڭمۇ قۇدىلارچە قارا تۇتۇپ، ئۈچ كۈنگىچە دىۋانغا چىقمىدى، ئۈچىنچى جەرىكىدىن يۇقىرى قەلەمدار، ئەلەمدارلارنى ئىبادەتخانىغا جەم قىلىپ، قاغان ئۈچۈن ماتەم بىلدۈرۈشكە بۇيرۇدى، ئۇ بەگ گوفېڭنى ماتەم ئەلچىسى قىلىپ تەيىنلەپ، ئوردۇبالىققا ئەۋەتىپ، ئۆز قايغۇسىنى ئىزھار قىلدى[1].

قاغان ئۆلدى. يۈز يىللاپ داۋام قىلغان ئادەت بويىچە، ۋەلىئەھد تاراس تېكىن قاغانلىق تەختىگە ئولتۇردى، ياغلاقارنى يولغا سېلىپ، تاڭ ئوردىسىدىن ئوتۇغات تەلەپ قىلدى. ئوردا يارلىقىغا مۇناسىپ،

---

[1] يېڭى، كونا «تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»دىكى ئەينى مەلۇمات. «قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخى» 62-بەت.

تاراس قاغان «ساداقەتمەن، پاك قاغان» دېگەن ئۇلۇغ ئۇنۋانغا مۇيەسسەر بولدى، بوۋىلارنىڭ يوسۇنىغا ئەمەل قىلىپ، شىيەنئەن مەلىكىنى ئۆز نىكاھىغا ئالدى ۋە ياخشى باشلانغان تۇغقانچىلىقنى ئۈزۈپ قويمىدى. ئوردا ئوتوغاتىنى قوبۇل قىلغان ئاشۇ كۈنى تاراس قاغان ۋەزىر قۇتلۇقنى «ئېل ئۆگەسى»[1] مەقامىغا مۇشەررەپ قىلدى. ياغلاقارمۇ تومەنباشىلىق مەرتىۋىسى بىلەن تارتۇقلاندى.

شۇنداق قىلىپ، قاغانلىقنىڭ ئەمدىلا كاتاڭدىن چىققان بۇ چوڭ ھارۋىسى ئاستا - ئاستا ئىتتىكلەپ، يېڭى مەنزىلگە يۈزلەندى...

بىراق، تەقدىرنىڭ چاقچىقى يەنە باشلاندى، ئوبدان كۈنلەر قىسقا بولدى. بېشبالىقلىق چۈيە جىنجۇڭ[2] ئاجايىپ بىر نەس خەۋەرنى ئېلىپ كەلدى: قاغان ئۆلۈمنى پۇرسەت دەپ بىلگەن تۈبۈت زەنپۇسى تۇساتتىنلا ھۇجۇم قىلىپ، بېشبالىق[3] شەھىرىنى قاتمۇقات قامالغا ئېلىۋالدى!

دەرۋەقە، بايانچۇر زامانىدا كۆچكە كەلگەن تۈبۈت خاندانلىقى

---

① ئېل ئۆگەسى — قەدىمكى ئۇيغۇر قاغانلىقىدا قوللىنىلغان چوڭ ۋەزىرنىڭ ھۆرمەت نامى. ئېل — ئەل، دۆلەت مەنىسىدە. ئۆگە — ئەقىل - پاراسەت مەنىسىدە. تاراس قاغان زامانىسىدا ئېل ئۆگەسى قاغاننىڭ يۈكسەك ئەتىۋارىغا ئېرىشكەن، سىياسىي ۋە ھەربىي ئورنى ئىنتايىن يۇقىرى بولغان («شىنجاڭ مىللەتلىرى لۇغىتى» 141 - بەت).

② چۈيە جىنجۇڭ — تارىخىي شەخس، غەربىي تۈركلەر قارمىقىدىكى چىگىل قەبىلىسىنىڭ بىر تارمىقى بولغان چۆل تۈركلىرىنىڭ ئاقساقىلى، يەنى بېشبالىق تۇتۇق بېگى چۈيە فۇگونىڭ نەۋرىسى. چۈيە — چىگىل — چۆل تۈركلىرى ئاقساقاللىرىنىڭ جەمەت فامىلىسى.

③ بېشبالىق — بەش شەھەر دېگەن مەنىدە. بۈگۈنكى جىمسار ناھىيىسى تەۋەسىدىكى بېشبالىق قەدىمكى شەھىرى.

جاي-جايلاردا ئات ئۆينىتىپ، گەنسۇ، سىچۇەنلەرنىڭ خېلى كۆپ زېمىنىغا ئىگە بولۇۋالغان ۋە مەشرىق تەرەپكە قاراپ داۋاملىق كې-ڭەيگەن، تاج كىيەر - كىيمەيلا ھېسابسىز ئىچكى مالىمانچىلىقلارغا دۇچ كەلگەن تاڭ دېرۋۇك تۇبۇتلاردىن خەۋپسىرەپ، مىلادىيە 783 - يىلى ئەھدە تۈزۈپ، ئۇلارنىڭ ئىگىلىۋالغان يېرىدە يېتىشۈرىشكە كەڭ قور-ساقلىق بىلەن يول قويۇۋەتكەنىدى.

ئەھدىدە ئېيتىلغانىدەك، تۇبۇتلار ياتقان يېرىدە يېتىشۈەردى، ياتقاندى-سېرى كۆچلىنىپ، بايلىقى ئاشتى، ئاتلىرى سەمرىپ، ئاياغلىرى قوۋ-ۋەتكە تولدى، گاھىدا تاڭ ئوردىسىغا مۇشت ئاتسا، گاھىدا ئۇيغۇرلارغا چېقىلدى. ئەھدە ئۇنتۇلۇپ، ئارا بۇزۇلدى. بولۇپمۇ «ئۇيغۇر يولى» ئارقىلىق ئۇيغۇر يۇرتىغا، ئۇيغۇر يۇرتى ئارقىلىق چوڭ ئاستانىگە، غەربتىن قاراقۇچۇ ھەتتا سۇيئابلارغىچە بارغىلى بولىدىغان ئاۋات بېشبا-لىق ئۇلار ئۈچۈن يېگى بىر نىشان بولدى. شەكسىزكى، بېشبالىقنى قولغا كىرگۈزسە، ئۇلار شەرق بىلەن غەرب ئارىسىدىكى سودا تىزگىنى-نى قولغا ئېلىپ ھېسابسىز مال-دۇنياغا ئىگە بولالايتتى. دۇلدۇل كەبى تېمەن ئاتلىرى، تولۇپ تۇرغان مال - بايلىقلىرى بىلەن نە-نەلەرگە داڭقى كەتكەن بۇ قالتىس شەھەر ھەر كىم ئۈچۈن مۇھىم ھېسابلىناتـ-تى. ئوردا لەشكەرلىرى ۋە ئۇيغۇر ئاتلىقلىرى بۇ شەھەرنى دەپ تارىختا تالاي قېتىم جەڭ قىلغانىدى.

مىلادىيە 652 - يىلى، تۈرك سەركەردىسى ئاشناقۇلى بېشبالىق بىلەن قاغانبۇت[1] شەھىرىنى بېسىۋالدى. ئوردا سەركەردىسى سۇدىڭفاڭ

---

[1] قاغانبۇت — بەزى مەنبەلەردە «قاغانساي» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئالىملار بېشبالىق-نىڭ شەرقىدىكى بۇ شەھەرنى ھازىرقى باركۆل ناھىيىسى ئەتراپىدا دەپ قىياس قىلىدۇ.

بىلەن ئۇيغۇر ئاقساقىلى بايانخان[1] 20 مىڭ ئوردا لەشكىرى ۋە 50 مىڭچە ئۇيغۇر ئاتلىقلىرىنى باشلاپ كېلىپ، ئاشناقۇلنى مەغلۇپ قىلىپ، بېشبالىقنى قايتۇرۇۋالغانىدى.

مىلادىيە 743 - يىلى ئۇيغۇرلار باسمىل ۋە قارلۇقلار بىلەن بىرلىشىپ، ئاخىرقى قاغان ئوزامىشنى ئۆلتۈرۈپ، شەرقىي تۈرك قاغانلىقىغا خاتىمە بەرگەن، غول قەبىلە — باسمىللار بېشبالىقنى ئوردا قىلىۋالغانىدى. مىلادىيە 744 - يىلى ئۇيغۇرلار قارلۇقلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، باسمىللارنى يەڭگەندە بۇ شەھەرنى باسمىللاردىن تارتىۋالغانىدى، شۇ يىلى قارلۇقلارنى ئالتۇنتاغ تەرەپلەرگە قوغلىۋېتىپ قاغانلىق قۇرغاندىمۇ بېشبالىق ئۇيغۇرلارغا بېقىنغانىدى ...

تاڭ ئوردىسى بۇ شەھەردە مىلادىيە 702 - يىلىلا بېشبالىق تۇتۇق مەھكىمىسى[2]نى تەسىس قىلىپ، تۇتۇق تۇرغۇزدى ۋە ئەتراپىدىكى قارام بەگلىكلەرگە ھوقۇق يۈرگۈزدى. تۈبۈتلار تاڭ ئوردىسى بىلەن بېشبالىق ئارىسىدىكى خېشى يولىنى ئۈزۈۋەتكەندىن بېرى بۇ مەھكىمە بىپايان چۆلدىكى يالغۇز تۇغراقتەك يېتىم قالغان بولسىمۇ،

---

[1] بايانخان — تۇرالار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئاقساقىلى تۇمىدىنىڭ ئوغلى. تاڭ سۇلالىسى ئۇنى دەشت - ماكان تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ ھىراۋۇللۇقىغا تەيىنلىگەن، تاڭ ئوردىسىنىڭ سەركەردىسى سۈپىتىدە كۆپ ئۇرۇشلارغا قاتناشقان.

[2] بېشبالىق تۇتۇق مەھكىمىسى — تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي دىياردىكى ھەربىي، مەمۇرىي ئورگىنى. ۋۇزېتيەن سەلتەنىتىنىڭ چاڭئەن 2 - يىلى (مىلادىيە 702 - يىلى) قۇرۇلغان ۋە تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى رايونلارنى باشقۇرغان. مىلادىيە 640 - يىلى قۇرۇلغان كۇسەن تۇتۇق مەھكىمىسى بولسا پامىرنىڭ غەربىي ۋە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىنى باشقۇرغان.

بېشبالىق تۇتۇق مەھكىمىسى مىلادىيە 790 - يىلى تۈبۈتلار تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان. كۇسەن تۇتۇق مەھكىمىسىمۇ مىلادىيە 791 - يىلى تۈبۈتلار تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىنغان.

بىراق ئوردا تۇتۇقى، ئوردا لەشكەرلىرى، ئۇيغۇرلار ۋە باشقا قوۋملەر بۇ يەردە ھالال پۇقراچىلىق قىلىپ، تىنچ ۋە ئىناق ياشاپ كەلمەكتە ئىدى ...

تۇنباغانىڭ ئۆلۈمىدىن خەۋەر تاپقان تۇبۇت زەنپۇسى بۇ قېتىم ھىيلە بىلەن تەھدىتنى تەڭ ئىشقا سېلىپ بەزى قوۋملەرنى ئەپچىللىك بىلەن ئۆزىگە قارىتىۋالدى.

ملادىيە 756 ـ يىلى، ئۇيغۇرلاردىن ئەدەپ يېگەن ئۈچ قارلۇقلار غەربكە — بېشبالىق ۋە يەتتىسۇ ئەتراپلىرىغا كۆچۈپ كەلگەنىدى. ئۇلار بەزىدە دۈشمەنلەرنىڭ دامىغا چۈشۈپ، ئۇيغۇرلارنىڭ رەقىبلىرى قاتارىدا ئۇتتۇرىغا چىقىپمۇ قالاتتى. بېشبالىقلىق بەزى ئۇيغۇرلار كېلىپ ـ كېتەر كارۋانلارنى شىلىپ يېگەندەك، ئۇلارغىمۇ يولسىزلىق قىلاتتى. قاغانبۇت شەھىرىنىڭ شەرقىدە، بېشبالىققا يېقىن يەردە ئىستىقامەت قىلىدىغان 6000 ئۆيلۈك چۆل تۈركلىرىمۇ ئۇيغۇرلاردىن خاپا ئىدى. ئادەتتە ئۇيغۇرلارغا ئەل بولغاندەك قىلغىنى بىلەن، يۈرىكىدە گىنە ساقلايتتى، پەيتى كەلسە ئۈچ ئېلىشتىنمۇ يالتايمايتتى.

تۇبۇتلار كېلىۋىدى، بۇ قوۋملەر ئازراق يەمچۈك بىلەنلا قارماققا ئىلىندى. قارلۇقلار تۇبۇتلارنىڭ تەرىپىنى ئالدى، چۆل تۈركلىرى يول باشلاپ بەردى. تۇبۇتلار قارلۇق يىگىتلىرى بىلەن ئۆز كۈچىنى ئۇلغايـ تىپ، چۆل تۈركلىرىنىڭ يېرىدىن ئۆتۈپ، بىر كېچىدىلا بېشبالىققا يېتىپ كەلدى ـ دە، 200 مىڭچە لەشكەرنى جاي ـ جايىغا چېچىپ، بۇ شەھەرنى كۈچلۈك تەقىب ئاستىغا ئالدى، ئۇيغۇرلارلا ئەمەس، بېشباـ لىق تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ ھىراۋۇلى ياڭ شىڭگومۇ 2000 چە لەشكەر بىلەن بۇ شەھەرگە قامىلىپ قالدى. پەقەت چۆل تۈركلىرىنىڭ ئاقساقـ لى — ئىنساپلىق چۇيە جىنجۇڭلا قامالدىن قېچىپ، ئوردۇبالىققا كېلىپ خەۋەر يەتكۈزدى ...

ئېل ئۆگەسىنىڭ تەكلىپى بىلەن، تاراس قاغان خەۋەر كەلگەن شۇ كۈنىلا توققۇز بۇيرۇق كېڭەشنى چاقىردى، كېڭەشتە چۈيە جىن-جۇڭغا ئاۋۋال سۆز بەردى. چۈيە جىنجۇڭ گېپىنى تۇبۇتلار ئۈستىدىن داتلاشتىن باشلىدى:

— بېشبالىقتىكى ئۇيغۇر، تابغاچ، باسمىللار ۋە ئاق يەكتەكلىك تۈركلەر ئىجىل-ئىناق بىللە ئۆتەتتۇق، ساراي-ئاشپۇزۇل ئېچىپ، كار-ۋانلارنىڭ خىزمىتىدە بولاتتۇق، ئات تاقىلاپ، ئىگەر-جابدۇق ياسايت-تۇق، تىجارەت قىلىپ، ئارامخۇدا كۈن ئالاتتۇق.

كىم بىلسۇن، تۈنجى قار ياغقان كۈنى كېچىسى شەھىرىمىزدە قىيامەت قايىم بولدى، چۆچۈپ ئويغىنىپ، قورقۇنچى لەشكەرلەرنىڭ ئۆرتۆپە بولۇپ كەتكىنىنى، قوۋۇقلارنىڭ مەھكەم تاقالغانلىقىنى كۆر-دۇق. ئاڭلىساق، لەك-لەك تۇبۇت لەشكەرلىرى يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، بېشبالىقنى تۆت تەرەپتىن قورشىۋاپتۇدەك. يامان يېرى، مېنىڭ كۆزى كور قوۋمىمۇ، جىن ئۇرغان قارلۇق، باسمىللارمۇ يول باشلاپ، ئاش-ئوزۇق بەرگەننى ئازدەپ، ئۇلارغا يانتاياق بولۇپ، بىزنى قورشاپ يۈرگىدەك. بۇنى ئۇقۇپ، يۈرۈم قىزىشتى، سېپىل قوختىسىغا يامىشىپ چىقىپ ئۇلارنىڭ ئازغانلىقىنى يۈزىگە سالدىم، چامامنىڭ يېتىشىچە ئاگاھلاندۇردۇم. ھەي، قارىسام بۇ ئاسىيلارنىڭ تۆۋا قىلىد-غان ئەلپازى يوق، ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈپ نېمە دەيدۇ تېخى...

— ئۇلار نېمە دېدى؟ زادى نېمە دېدى؟

ئاتىسىنى دوراپ، ئالقانلىرىنى ئىككى تەرەپكە قويۇپ، كۆرسەت-كۈچ بارماقلىرى بىلەن تەختنى چېكىپ، كىچىك بالىدەك ئەسنەپ ئولتۇرغان تاراس قاغان بىردىنلا دىققەتكە ئۆتتى-دە، ساغرىسىنى تۆت ئىلىك كۆتۈرۈپ، چۈيە ئاقساقالدىن كوچلاپ سورىدى.

ئوت يېقىلمىغىلى خېلى كۆن بولغان دىۋان ئىچى مۈزخانىدەك سوغۇق ئىدى. دىۋانىنىڭ سوغۇقلۇقىغا قارىماي، چىلىق-چىلىق تەرلەپ كەتكەن چۈيە ئاقساقال، قاغانىنىڭ كەسكىن سوئاللىرىدىن ۋەسۋەسىگە چۈشۈپ بىردىنلا تۇگۈلۈپ قالدى. قۇتلۇق كۇلۇمسىرەپ تۇرۇپ: «سىز قوۋمىڭىزدىكىلەرگە ئوخشىمايسىز، سىزنىڭ ساداقەتمەن ئاقساقال ئىكەن-لىكىڭىزنى كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز، قورقماڭ، نېمە گەپ بولسا دەۋېرىڭ» دەپ مەدەت بەرگەندىن كېيىنلا ئۇ:

— دەي دېسەم تىلىم كۆيىدۇ، دېمەي دېسەم ...، — دەپ دۇدۇقلىدىيۇ، قۇتلۇقنىڭ خاتىرجەملىك يېغىپ تۇرغان كۆزلىرىگە قا-راپ، راست گەپ قىلىشمۇ ھېچ ئىش بولمايدىغانلىقىغا كۆز يەتكۈزدى. ئۇ موۋۇت تاشلىق جۇۋىسىنىڭ يېڭى بىلەن پېشانىسىدە پۇرچاقتەك-پۇرچاقتەك ئېقىلىپ تۇرغان قارا تەرنى سۈرتۈۋېتىپ دېدى:

— ئۇ ئاسىيلار: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئالۋىنىدىن تويۇپ كەتتۇق، ئۇلارنىڭ دەستىدىن قولىمىزدا يا بىر تال مال، يا بىر تال دان قالمىدى، كونىلار «بېشىڭنى كىم سىلىسا ماشايىقىڭ شۇ» دەپتىكەن، ئەمدى توبۇتلارغا ئەگەشمەي ئامالىمىز يوق» دېيىشتى. پېقىرنى نېمە دەپ تىللىسا تىللاۋەرسۇن، بىراق ...

ئاقساقال ئەندىشە قىلغان ئىش ئاخىر يۈز بەردى. قاغان لىڭگىر-تاقاتقا كۆتۈرۈلگەندەك، لىككىدە ئاياغقا تۇردى-دە، كالتە نىمچىسىنىڭ ئۈستىدىن قاپلىۋالغان ئۇزۇن تونىنىڭ پەشلىرىنى خۇددى پالاز سۆرى-گەندەك سۆرەپ تۆۋەنگە چۈشتى. ئۇ لاغىلداپ تىترەۋاتقان چۈيە ئاقساقالنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭ قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىگە بىردەم تىكىلىپ تۇرغاندىن كېيىن كەينىگە يېنىپ، ۋەزىرلەرگە قول شىلتىدى:

— ئۇيغۇرلارنى ئۇنداقچى، مۇنداقچى دەيدىغانغا جېنى ئۇنىمى-كەن ئۇ ئاسىيلارنىڭ، — دېدى ئاچچىقىدىن پۇچىلىنىپ، — بېرىڭلار،

هازىر بېرىڭلار، ئۇ قوۋمنىڭ بىر ئادىمىنىمۇ قالدۇرماي قىلىچتىن ئۆتكۈزۈڭلار!

قاغان چالۋاقىغان پېتى بېرىپ ئورنىغا ئولتۇردى، ئولتۇرۇپ كۆپ ئۆتمەيلا كەيپى يەنە جايىغا چۈشتى بولغاي، ھېچنېمە بولمىغاندەك ئەسنەپ قويۇپ، بارماقلىرى بىلەن تەختنى چەككىلى تۇردى.

كىچىك تونۇشقىنىغا قارىماي، قۇتلۇق تاراس بىلەن بىر يوتقاندا يېتىپ دېگۈدەك چوڭ بولغانىدى، ئىشتىھاسى ئوبدان تۇرۇقلۇق، قۇۋ-ۋەتسىزرەك بولغاچقىمۇ، كىچىك تاراس تۈز يەردە كېتىۋېتىپمۇ پۇتلى-شاتتى، يىقىلىپ كەتتىمۇ، باشقىلار يۆلىمىگۈچە ئورنىدىن تۇرمايتتى، ھەتتا، يىقىلغان يېرىدە يېتىپلا ئۇخلاپ قالاتتى. غىزادىن ئۆزگە ھېچ نەرسە خۇش ياقمايتتى. بىر توپ بالا بىللە ئوينىسىمۇ، ئۇ قورقۇپ تىترەپ بىر بۇلۇڭغا تىقىلىۋالاتتى - دە، ئويۇن تۈگىگۈچە شۇ بۇلۇڭ-دىن زادى چىقمايتتى.

تېخى تۈنۈگۈنكىدەك يادىدا، تاراس ئون ياشلاردا بولسا كېرەك، تونباغا تارخان بىر كۈنى ئىككى ئوغلىغا بىر مەشئاۋۇل تەيىن قىلدى-دە، ئات مىنىشنى ئۆگىتىشكە بۇيرۇدى. مەشئاۋۇل ئات ئۆگەت-تى، قۇتلۇق ئاتقا بىر مىنگەنچە ئىككى دۆڭدىن ئېشىپ، خېلى بىر يەرلەرگىچە بېرىپ كەلدى، ھەرخىل ماھارەتلەرنى ئوبدان ئورۇنداپ، مەشئاۋۇلنى رازى قىلدى. ئەمما تاراس ئاتقا مىنىش تۈگۈل، ئاتقا يېقىنمۇ بارالمىدى. مەشئاۋۇل نەدىندۇر يوغان بىر سەكنى تۇتۇپ كېلىپ، ئۇنى مىندۈرۈۋىدى، تاراس سەكە ئۈستىدىمۇ راۋۇرۇس ئولتۇ-رالمىدى.

تاراستىن ئۈمىد ئۈزگەن مەشئاۋۇل، كەچلىكى بۇ ئىشنى ئۇنىڭ ئاتىسىغا مەلۇم قىلىۋىدى، ئاتىسى تاراسنى لامزەللىلىكتە ئەيىبلەپ ئىبرەت قىلماقچى بولدى، لەپىلدەپ قار يېغىۋاتقان تالادا يېرىم كۈن

ئۆرە تۇرۇشقا بۇيرۇدى. كىم بىلسۇن، تاراس ئۇ يەردە بىر ئاش پىشىمىمۇ ئۆرە تۇرالمىدى، مەشقاۋۇل يۆلەپ تۇرغۇزدى، تاراس قۇرۇق تاغاردەك سىيرىلىۋەردى، مەشقاۋۇل يۆلەپ هاردى، تاراس بولسا ياتقان يېرىدىلا پۇشۇلداپ ئۇيقۇغا كەتتى ...

تاراس چوڭ بولدى، چوڭ بولۇپ ئاتقا مىنىشنىمۇ ئۆگىنىۋالدى، ئەقلىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، نۇرغۇن ئىشەنلىرى ئۆگىشلىپ كەتتى، بىراق، ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشۈۋاتسا، ئاستىدا يېتىپ مانتا يەيدىغان، پۇرسەت تاپسىلا ئۆزىنى كۆرسىتىدىغان، ئاسان قىزىپ، ئاسان سوۋۇيدىغان بەزى نۇقسانلىرى ئانچە ئۆزگەرمىدى.

بۇنىڭدىن ئۆزگە، تاراس قاغان ئاق كۆڭۈل ۋە ساددا ئىدى، ئاچچىقلانغاندا، كۆزىگە هېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى. قۇتلۇقچە، ئارتۇقچە ئاق كۆڭۈللۈك ئەخمەقلىقتىن دېرەك بېرەتتى. ساددىلىق سەللا ئېشىپ كەتتىمۇ، كۆپ چاغلاردا دۈشمىنىگە سەل قاراشقا، رەقىبىگە رەهىم قىلىشقا ئېلىپ باراتتى-دە، يوشۇرۇن ئاپەتكە يول قوياتتى. غەزەپخورلۇق، ئاچچىقلىنىش قارىملىققا ۋە شەپقەتسىزلىككە هامىي بولۇپ، كۆپىنچە دوست-دۈشمەننى ئايرىماسلىقنى، دوستلارغا دۈشمەنلەرچە مۇئامىلىدە بولۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى. بۇ ئىككى مىجەز هۆكۈمدارلىق بىلەن ئوت بىلەن سۇدەك سىغىشالمايتتى.

بىراق، قانداق بولسا بولسۇن، تاراس هازىر بۈرۈنقى تاراس ئەمەس، يەر-سۈيى، ئەل-قوۋمى بار بىر يۇرتنىڭ قاغانى ئىدى. تاراسنىڭ تاج كىيگەن ۋاقتى مانا مۇشۇنداق بىر چاغلارغا توغرا كېلىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ قاغانلىق قىلىشى، قىلغاندىمۇ ئەل ئاغزىدا نامى قالغۇدەك راۋۇرۇس قىلىشى كېرەك ئىدى. هېلىمۇ ياخشى، ساخاۋەتلىك كۆك تەڭرى بىرلا كارامەت كۆرسىتىپ ئۇنى قۇتلۇق بىلەن تۇغقان قىلمىدىمۇ؟ دادىسى ئۇنىڭ يېنىدا ئەقىل دېسە بىر دانىشمەننى،

جەڭ دىسە بىر باھادىرنى قالدۇرۇپ كەتمىدىمۇ؟

ئەگەر تاراس ھازىرقى تاراس ئەمەس، بەلكى بۇرۇنقى بالا تاراس بولسىدى، قۇتلۇق بايامقى يولسىزلىقى ئۈچۈن ئۇنى تازا ئوبدان بىر ئىزا تارتقۇزار ۋە چويە ئاقساقالغا ھۆزۈر ئېيتقۇزار ئىدى. پۈتۈن قوۋمى توبۇتلارغا ئۆتۈپ كەتكەن يەردە، قاغانغا ساداقەت ساقلاپ، رەنج - مۇشەققەت تارتىپ مەلۇمات ئېلىپ كەلگەن تۇرۇقلۇق، يەنە تۆپىلەپ دەشنام بېسە قانداق بولغىنى؟ قارام قوۋملەرنى قاقشاتقان نائىنساپ ئۇيغۇر بەگلىرىگە ئەمەس، شۇ بەگلەر ئۈستىدىن شىكايەت قىلغۇچىغا غەزەپ قىلىش ئادىل ھۆكۈمدارنىڭ ئىشىمۇ؟

بىراق، قۇتلۇق ئۇنى يۈز تۇرانە ئەيىبلىيەلمەيتتى، بەلكى ئۇنى ئۆز ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىش ئارقىلىقلا قىڭغىرنى تۈزلەپ، يولدىن چىققان ئىشنى يەنە يولغا سالالايتتى. پەقەت مۇشۇلا قۇتلۇقنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ۋە ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن تېپىلىدىغان ئالاھىدە ماھارەت ئىدى.

قۇتلۇق ئازراق كاللا يوگورتۇپلا ئىشنىڭ ئېپىنى تېپىۋالدى-دە، قاغانغا تىك كەتكەن سەزگۈر سۆزلەردىن ئەگىپ ئۆتۈپ ئەسلىي گەپكە قايتىپ كەلدى.

— چويە ئاقساقال، قاغاننى ئارامىغا قويۇپ بېرىپ، قالغان گەپنى بىز سۆزلىشەيلى، — دېدى قۇتلۇق، كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇۋالغان قاغانغا قاراپ قويۇپ، — قېنى دەڭ، سېپىل ئىچىدىكى لەشكەرلىرىمىز-نىڭ ئەھۋالى قانداق، پۇقرا رايىچۇ؟

ئاقساقال جاۋاب بېرىپ دېدى:

— ئوبدان سورىدىلا جانابلىرى، شەھەر قورۇقچىلىرى توبۇتلار بىلەن جان تىكىپ ئېلىشقىنى بىلەن، ئۇلار ئۇنىمىگىمۇ يەتمەيدۇ، ھىراۋۇل ياڭ شىڭگۇنىڭ 2000 دەك تابغاچ نەۋكىرىنى قوشقاندىمۇ

يەنە شۇنچىلىكلا ئادەم. خەۋەرلەرگە قارىغاندا، تۇبۇتلارنىڭ سېپىل تۇۋىدىكى لەشكىرىلا 200 مىڭدىن ئاشىدىكەن. يۇقىرا دېگەن قويغا ئوخشايدۇ، نەگە ھەيدىسە شۇ يەرگە كېتىۋېرىدۇ، ئالمادىس يەيدىغىنى تۈگەپ، قۇدۇقلىرى قۇرۇپ كەتسە، دۈشمەن تەرەپكە ئۆتۈپ كەتمەيدۇ دېگىلى بولمايدۇ. يۇقىرا ئايىمسا لەشكەرلەرنىڭ ھالى خاراب!

— ھازىرقى ئەھۋال نەدىن نەگىچە؟

— شەھەر قورشاۋدا قالغاندىن بېرى، كەلگەن كارۋان كىرەلمە-دى، كىرگەنلىرى چىقالمىدى، توختاپ قالغان ئادەم كۆپ، ئوزۇق-تۈ-لۈك قىس، ئوغرى، بۇلاڭچىلارمۇ كۈندىن-كۈنگە ئاۋۇپ كېتىۋاتىدۇ. ھىراۋۇل بېگى ياڭ شىڭگۇ بىلەن ئىككىمىز بېشبالىققا دەرھال ياردەم بېرىلمىسە، ئوزۇق-تۈلۈكتىن قىسىلغان، بەگ-تارخانلاردىن كۆڭلى قالغان ئاۋام-يۇقىرا ئويلىمىغاندا توپىلاڭ قىلىپ، شەھەر قوۋۇقىنى تۇ-بۇتلارغا ئېچىپ بېرەمدىكىن دېگەن ئەندىشىدىمىز. ئەھۋال مانا مۇشۇ. شۇڭا جېنىمنى ئالقىنىمغا ئېلىپ، بىر ئامال قىلىپ شەھەردىن قېچىپ چىقتىم-دە، ئوردۇبالىققا يېتىپ كەلدىم.

قۇتلۇق بېشىنى لىڭشىتىپ، بەخىرامان تەخت چېكىپ ئولتۇرغان قاغانغا مۇنداقچىلا قاراپ قويۇپ ئويغا پاتتى، بارماقلىرىنى بېسىپ نېمىلەرنىدۇر ساناۋاتقاندا ئىچبۇيرۇق ئىنانقۇلى سەكرەپ دېگۈدەك ئورت-تۇرىغا چۈشتى-دە، قاغانغا چوڭقۇر تەزىم قىلىپ بولۇپ:

— قاغان ئالىيلىرى، ئېل ئۆگەسى جانابلىرى، بېشبالىق خەۋپتە قالغانىكەن، لەشكەر تارتماقتىن ئۆزگە تاللىشىمىز يوق، دەرھال ئاتلى-نىپ، چاتاقچى دۈشمەننىڭ جاجىسىنى بېرەيلى، رىيازەت چېكىۋاتقان لەشكەر-يۇقرالار بىزگە موھتاج،— دېدى، گېپىنىڭ قۇيرۇقى ئۈزۈل-مەيلا يەنە بىر ۋەزىر ئىنانقۇلىنىڭ يېنىغا كېلىپ تىز پۈكتى-دە:

— بېشبالىق تارىم ئەتراپىدىكى تۆت قەلئە[1]نىڭ چوڭ قوۋۇقى، بۇ قوۋۇق قولدىن كەتسە تۆت قەلئەنىڭ قولدىن كېتىشىمۇ تۇرغان گەپ، سۇلالىگە تەۋە بولغان زېمىننى قاراپ تۇرۇپ باشقىلارغا تارتقۇزۇپ قويساق ئاتا-بوۋىلارغا قانداق يۈز كېلەلەيمىز، قاغاننىڭ بىر ئېغىز گېپى بولسىلا مانا بىز تەييار، — دېدى، بىر كىم گېپىنى تارتىۋالىدىغاندەكلا ئالدىراپ.

قۇتلۇق تاراس قاغاننىڭ ئالدىغا ئۆتتۈۋالماي دېدىمۇ ياكى ۋەزىر-لەرنىڭ قورسىقىدىكىنى بىلىپ باقماقچى بولدىمۇ، كاللىسىدا ئاللىبۇرۇن پىشىپ بولغان ئويىنى ئالدىراپ ئاشكارىلىمىدى. چوڭلارنىڭ تېخى كېسىپ بىر نېمە دېمىگىنىدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلانغان ۋەزىر قاتتۇر ئىنانقۇلى بىلەن ھېلىقى ۋەزىرنىڭ ئارىسىغا قىسىلىپ كىردى-دە، تومىقىنى تۈزلەپ، جۇۋىسىنىڭ ياقىسىنى كۆتۈرۈپ قويغاندىن كېيىن ئالدىرىماي سۆزگە كىرىشتى:

— قاغانلارنىڭ قاغانىغا، جانابى ئېل ئۆگەسىگە مەلۇم بولغاي، ھەممىنىڭ بېشىنى قاتۇرغان بۇ چوڭ ئىشقا ئالدىراپ بىر نېمە دېمەسلىكىمدىكى سەۋەب شۇكى، لەشكەر تارتىش تارتىمەن دەپلا تارتقىلى بولىدىغان ئاددىي ئىش ئەمەس. بۇ ئىشقا ھۆكۈم قىلىشتا، پايدا-زىياننى، ياخشى-يامانىنى دەڭسەپ كۆرۈپ ئاندىن بىر قارارغا كەلمەك-لىك كېرەك. ئالايلۇق، ئوردۇبالىق بىلەن بېشبالىق ئارىسىدا بىر نەچچە ئېگىز تاغ، بىر نەچچە سۇلۇق ئېقىن ۋە سۇسىز قۇملۇق بار. قىش كۈنلىرى كۆز كۈنلىرىدىكىگە ئوخشىمايدۇ، ئات تاقىسى چۇشۇپ قال-

---

[1] تۆت قەلئە — «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»دە بۇ تۆت قەلئە: كۇسەن (بۈگۈنكى كۇچا)، ئۇدۇن (بۈگۈنكى خوتەن)، سۇلى (بۈگۈنكى قەشقەر)، كىنگىت (بۈگۈنكى قارا شەھەر) دەپ كۆرسىتىلگەن.

ـسىلا، تاشلىقلاردىن ئۆتمەك بەسى مۈشكۈل، ئاش ـ ئوزۇق، ئوت
ـ بوغۇز تولىمۇ كەمچىل، ئۆزىمىزنى چاغلىماي شىلتىنىڭ ئىتىپ يېرىم
يولدىن قايتىپ كەلگۈچە، ھاۋا ئىللىپ ئوت ئۈچى چىققاندا ئاندىن
لەشكەر تارتساقمۇ كېچىكمەيمىز. ئۇنىڭغىچە بىشبالىقنى كۆك تەڭرى
ئۆز پاناھىدا ساقلاپ تۇرار، — دېدى، كۈندۈز كۈنى يۇلتۇز كۆرگەن-
دەك، ئەتراپىغا مەغرۇرانە قاراپ قويۇپ.

قاغاننىڭ تەخت يۆلەنچۈكىگە تاشلانغان تېنى بىردىنلا رۇسلان-
دى، بۇرنىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئىرقچىلار چوڭقۇرلىشىپ، كۆز
گىرۋەكلىرىدە ئۇششاق سىزىقلار پەيدا بولدى، كۆز ئالمىسى پارقىراپ
كەتتى. ئۇ تۇرۇپ:

— ھەببەللى، مانا ماۋۇ قانتۇر سانغۇندەك كاللا ئىشلەتسە كىشى،
دېمىسىمۇ، بىشبالىق يىراق، ھاۋا-جاھان سوغۇق، بۇنداق چاغدا لەش-
كەر تارتىپ نېمىمۇ تاپارمىز، ئەتىياز كەلگۈچە ساقلاپ باقساق بىر گەپ
بولار دەيمەنا، — دېۋىدى، بۇ گەپ بىلەن ئاغزى-قۇلىقىغا يەتكەن
قانتۇر سانغۇن قاغاننى ماختاپ، دۆۋاننى بېشىغا كىيدى.

قۇتلۇق تاراسنىڭ بىپەرۋا، راھەتپەرەس ئادەم ئىكەنلىكىنى ئوب-
دان بىلسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بۇنداق زىل چاغدا بۇ تەرىقە بولمىغۇر
گەپلەرنى قىلىپ تاشلايدىغىنىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى.

«بولار ئىش بولدى، ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ قاغاننىڭ ئىناۋەت-
تىنى دەپ ھەق يولدىن يالتايغۇلۇقمۇ؟ راست گەپنى يوشۇرغۇلۇقمۇ؟
ئۇنىڭ ئويلانمايلا قىلغان گېپى بىلەن بىشبالىقنى توبۇتلارغا تاشلاپ
بەرگۈلۈكمۇ؟ بۇ نى ئۇيات، نى نومۇس-ھە؟...»

قۇتلۇق بۇ ئىشقا بۇرۇنراق بىر نېمە دەۋېتىپ، قاغانغا بىشارەت
بېرىۋەتمىگىنىگە شۇ ھامان پۇشايمان يەپ قالدىيۇ، ئالدىراپ بوشىشىپ
كەتمىدى، تاراسنىڭ ئاسانلا گەپ يەيدىغان مىجەزىنى كۆزدە تۇتۇپ،

نەسھەتكە تۇتۇش قىلدى. ئۇ دىۋان قائىدىسىنى ھەغدادىغا يەتكۈزۈپ، قاغانغا تەزىم قىلدى ۋە:

— قاغاننىڭ ھەر بىر سۆزى بىز ئۈچۈن پەرماندۇر، ئېيتقانلىرى ھەم دۇرۇستۇر. بىراق مەرھۇم قاغان ئاتىمىز شىيەنئەن مەلىكىگە ئۆيلەنگەندە پادىشاھنىڭ ئورنىدا جەڭگە چىقىشقا، زەنپۇنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ، ئوغۇللۇق بۇرچىنى ئادا قىلىشقا قەسەم ئىچكەن. بۈگۈن ئۆزىڭىز ھەم تاڭ دېزوڭنىڭ پىرىم ئوغلىدۇرسىز، ئوردا ھىراۋۇلى ياڭ شىڭگومۇ پۇقرالىرىمىز بىلەن بىللە قورشاۋدا يېتىپتۇ، دېمەك، زەنپۇ قېيناتىڭىزنىڭمۇ دۈشمىنى، سىزنىڭمۇ دۈشمىنىڭىز، ئىلتىماسىم، مەرھۇم ئاتىمىزنىڭ ۋەدىسىنى ئۇنتۇماڭ، ئوغۇللۇق بۇرچىڭىزنى ئادا قىلىڭ. بىر ئېغىز پەرمان بەرسىڭىزلا، پېقىر ئېل ئۆگەسى لەشكەر تارتىپ بېشبالىقنى ئاپەتتىن خالاس قىلغايمەن، ھەرنە جاپانى راھەت دەپ بىلگەيمەن، — دېدى ۋە تىز پۈكۈشكە تەمشەلدى. ئۇنىڭ گېپىنى زېھىن قويۇپ ئاڭلاۋاتقان قاغان تەختتىن سەكرەپ قوپتى-دە، چۈجىسىنى قوغداۋاتقان مېكىياندەك قانات كېرىپ كېلىپ قۇتلۇقنى يۆلىۋالدى. ئۇ كۆزىگە لىققىدە ياش ئېلىپ تۇرۇپ:

— ئېل ئۆگەسى ئەلنىڭ دانىشمىنىدۇر، شۇنداقلا قاغاننىڭ قېرىندىشىدۇر. شۇ ۋەجىدىن ئېل ئۆگەسىنىڭ قاغان ئالدىدا تىزلىنىشى ئەبەدىلئەبەد جايىز ئەمەستۇر، ئاكىسىنىڭ ئىنىسى ئالدىدا تىزلىنىشى تېخىمۇ لايىق ئەمەستۇر، — دېدى، سەل خىرقىراق ئاۋاز بىلەن.

قاغان شۇنداق دەپلا كەينىگە قايرىلدى، تۆت - بەشچە ۋەزىر خۇددى تام يىقىلغاندەك يىقىلىپ، ئۇنىڭ ئايىغىغا باش ئۇردى، ئارقىدىنلا ئىنانقۇلى سانغۇننىڭ ياڭراق ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ئەرزىمەس ۋەزىرلىرى ئېل ئۆگەسىنىڭ ئورنىدا ئۆزلىرىگە باش ئۇراي، ئېل ئۆگەسىنىڭ ئۆتۈنۈشىگە ئېتىبار قىلغايلا، ئەھدە-

قەسەمگە ئەمەل قىلىپ، لەشكەر تارتىشقا پەرمان چۈشۈرگەيلا ...

قاغان قولىقىنى يوپۇرۇپ، يۇرۇشىنى داۋام قىلىۋەردى، تەختكە قايتىپ تىنك ئولتۇردى ۋە «ئالىي پەرمان» دەپ ۋارقىرىدى، ئىل ئۆگەسىمۇ، ۋەزىر-بۇيرۇقلارمۇ زېھنىنى جەملەپ، تۇرغان يېرىدىلا باش ئېگىشتى. دىۋان ئىچى جىمجىتلىققا غەرق بولدى.

— ئالىي پەرمان، — تەكرارلىدى قاغان ۋە گېپىنى ئۇلىدى، — ئاكام ئىل ئۆگەسىنىڭ گەپ-سۆزلىرى بەرھەق راست. ئاتا ئەھدىگە ۋارىسلىق قىلىپ، كۆيئوغۇللۇق بۇرچۇمنى ئادا قىلماق ئۈچۈن توبوت زېمىنى ئۈستىگە لەشكەر تارتماقچىمەن، قېنى باتۇرلىرىم، ئۇلارنى ەر بىلەن يەكسان قىلىپ، ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇرۇڭلار، ئۇيغۇر ئاتلىق ىرىنىڭ داڭقىنى يەنە بىر قېتىم يەر-جاھانغا تارتىڭلار ...

يولتۇزسىز كېچە ئاسمىنىدا قار ئۇچقۇنداپتى. ۋىژىلداۋاتقان شىمال شامىلى مەھكەم تاقالغان ئىشىك - توڭلۇكلەردىن، ئۆگزىلەردىن چار يىلاندەك سويلاپ ئۆتەتتى. ياتاق ئۆي يېنىجاپ تۇرغان ئىككى چوڭ چوغدانىنىڭ ھارارىتى بىلەن ئەتىياز كۈنلىرىدىكىدەك ئىللىپ تۇرغىنىغا قارىماي، قۇتلۇق زادىلا ئۇخلىيالمايۋاتاتتى. ئۇ كۆزلىرىنى شۇنداق يۇمدىمۇ، ئاق قار، كۆك مۇز بىلەن قاپلانغان ئەينەكتەك تېيىلغاق تاغ يوللىرى، ئات - تۆگىلەرنىڭ ئاياغلىرىنى ئاچ كۆزلەرچە شوراپ كېتىۋاتقان كۆز يەتمەس قۇملۇقلار، ئاچلىق ۋە تەشنالىق چېقىپ تۇرغان سان-ساناقسىز كۆزلەر ۋە دەريا-دەريا قان-يېرىڭلار كۆز ئالدىغا كېلىۋالاتتى، گىرەلەشكەن قىلىچ - نەيزىلەرنىڭ جاراڭ - جۇرۇڭلىرى، جەڭ ئاتلىرىنىڭ جەڭگاھلاردا كىشنەشلىرى ۋە گۈلدۈر-مامىدەك گۈلدۈرلىگەن ئۇر - چاپ ئاۋازى قولاق تۈۋىدە ياڭراپ، ئۇيقۇ ئىلاھىنى قوغلاپ تۇراتتى.

راست، ھېلىقى كېڭەش كۈنى، ئۆز ئارزۇسى ۋە قاغان پەرمانى

بىلەن بېشبالىققا لەشكەر تارتىش ئىشىنى زىممىسىگە ئالغاندىن بۇيان، قۇتلۇق بىر كېچىمۇ قېنىپ ئۇخلىيالمىدى، خىللانغان 30 مىڭ لەشكەرنى لەشكەرگاھقا تەق قىلىپ، بىر تۈمەندىن ئۈچكە ئايرىدى، ئۈچ سانغۇننى تۈمەنباشى قىلىپ، قالدى ئىشنى مەشقاۋۇللارغا تاپشۇردى. جەڭگە ماھىر، پەم-پاراسەتتە توشقان ئىنانقۇلنى مۇشاۋىر قىلىپ ئۆز يېنىدا ئېلىپ قالدى.

چاپارمەنلەر تەرەپ - تەرەپكە چېپىپ كېتىشتى. قەبىلە - قوۋملەرگە يارلىق يوللاندى، يارلىققا بىنائەن، قوشۇ[1] ۋە تۇگرا[2] لارغا ئات ئالۋىنى سېلىندى. بۆكۈ[3] لەر بىلەن دولان-غۇتلار[4] ئارپا-بۇغداي چىقاردى. بايىرقۇ[5] ئاقساقاللىرى سېمىز قويدىن 10 مىڭنى ئېلىپ كەلدى. ئوردۇبالىققا يېقىنراق جايلاشقان ئۇششاق قوۋملەرمۇ ھالىغا يارىشا بىر ئىش قىلىپ، ئوت-بوغۇز، يەم-خەشەك ۋە كولا-ئارغامچىلارنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. ئاتلار تاقىلىنىپ، ھارۋا ئوقلىرى ياغلاندى، قىلىچ-نەيزىلەر سوقۇلۇپ، ئوقيا كىرىچلىرى ئالماشتۇرۇلدى، ئۆي - ئۆيلەردە ئوق ياسىلىپ، لەشكەرگاھقا توشۇلۇپ تۇردى.

سەپەر ھازىرلىقى پۇختا ئىشلەندى، بىراق، ئېل ئۆگەسى بۇ كېچىمۇ يەنە ئۇخلىيالمىدى، ئويان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ ئۆزىنى ئۇيقۇغا زورلاپ باقتى، ئاخىرىدا، ئۇيقۇ ئىلاھىغا قېيداپ قالغاندەك ئورنىدىن تۇرۇپ، چوغدان ئالدىغا زوڭزايدى. ئۇ ئىشىك تېشىدىكى قورۇقچىغا قاراپ «ياغلاقار» دەپ توۋلىۋىدى، ھايال ئۆتمەيلا ياغلاقارنىڭ ھۆجرىسىنىڭ ئىشىكى تاراقلىدى.

— بۈگۈن ماڭا نېمە بولدىكىن، ئۇيقۇم قېچىپلا كەتتى، —

---

①②③④⑤ ئۆز زامانىسىدا، ئۇيغۇر قاغانلىقىغا قارايدىغان چوڭ-كىچىك قەبىلە، ئۇرۇقلار.

دېدى، جۇۋسىنى يېپىنچاقلىۋالغان ياغلاقار ئىشىكتىن كىرىپ كېلىۋې-تىپ.

ئۇ قۇتلۇقنىڭ قارشىسىغا كېلىپ ئولتۇردى، قولىنى ئوتقا قاقلاۋې-تىپ، ئۇنىڭ چوغ يورۇقىدا مىس قالقاندەك قىزىرىپ كەتكەن چىرايىغا زەن سالدى.

«ئاھ، ئاكامنىڭ كۆڭلىرى نېمىدېگەن مۇشەققەتلىك-ھە؟ — ئويلىدى ئۇ چاندۇرماي خورسىنىۋېلىپ، — 40 لارغا كىرە - كىرمەي چېكە چاچلىرى ئاقىرىپ، ساقىلىغا ئاق سانجىغىنىنى قارىمامدىغان، پېشانىسىدىكى قورۇقلارچۇ تېخى؟ مۇبادا ئەل غېمى گەجگىسىنى بېسىپ تۇرمىسىدى، بۇ ئۇنىڭ مۇشۇنىداق پۈچىلىپ كېتىدىغان چاغلىرى-مىدى؟...»

قۇتلۇق ئۇيقۇسىزلىقنىڭ ئازابىدىن بىر ھازا داتلاپ بەرگەندىن كېيىن:

— كەل، ئاكاڭغا يېقىنراق ئولتۇر، ئۇيقۇ بىلەن چېلىشىپ ۋاقتنى بىكار ئۆتكۈزگىچە ئاز-تولا مۇڭداشمايلىمۇ دەپ قالدىم.

— مەنمۇ شۇنداق ئويلاپ تۇراتتىم، ئەتە يولغا چىقىپ كەتسە-ڭىز، قاچان كۆرۈشەلەيدىغىنىمىزنى ھېچكىم بىلمەيدۇ.

— شۇنداق، ئەتە ئەتىگەنلىك تىلاۋەتتە قاغان بىز بىلەن بىللە بولىدىكەن، يەنە شەھەر پۇقرالىرى بىلەن بىللە شاھسۇپىغىچە ئۇزىتىپ چىقىدىكەن، مۇڭدىشىدىغانغا نەدە ۋاقىت دەيسەن، قاچان كۆرۈشىدى-غىنىمىز تېخى نامەلۇم تۇرسا.

ئىككىيلەن مەسلىھەتلىشىۋالغاندەكلا چۆچەكلىگۈچنى تەڭلا قول-لىرىغا ئالدى ۋە چوغ ئارىسىدىن نېمىنىدۇر ئىزدىگەندەك، بىر ئوبدان يالقۇنجاۋاتقان ئوتنى ھەدەپ كوچىلىغىلى تۇردى. ئارىدىن ياغلاقار گەپ تەشتى:

— ئىنانقۇلى سانغۇندىن ئاڭلىسام، ھازىرلىقلار خېلى پۇختا بولۇپتۇدەك، يول ئۈستىدە قىينالماسسىز-ھە؟

— پۇختا بولۇشىغۇ پۇختا بولدى، — دەپ جاۋاب بەردى قۇتلۇق چوغداندىن كۆزىنى ئۈزمەي تۇرۇپ، — يەنە تېخى بەش يۈز چېدىر كەم. بۇنىڭغۇ يول ئۈستىدىكى قەبىلىلەردىن تولۇقلىۋالارمىز. بىراق، مېنى يەنە بەزى ئەندىشىلەر قىيناپ تۇرىدۇ. سەنمۇ بىلىسەن، تاڭ دېزۇڭ بىزگە قىز بەردى، ئات سودىسىدا تارتقان زىيىنىڭلار ئۈچۈن دەپ بىرمۇنچە تۆلەم قايتۇردى، تېخى ھەر ئىككى قاغانغا ئۇتۇغاتمۇ ئىنئام قىلدى. بىزدە «ئالماقنىڭ بەرمىكى بار» دېگەن گەپ بار، ئالغان ئىكەنمىز ئەلۋەتتە قايتۇرۇشىمىز، ئالغاندىنمۇ كۆپرەك قايتۇرۇپ، ئىناقلىقنى ھەقدادىغا يەتكۈزۈشىمىز كېرەك. ئاستانىگە يۈز يىلدىن بويان ئاراملىق بەرمەيۋاتقان زەنپۇنىڭ دەككىسىنى بېرىشنىڭ ئۆزىلا ھەقىقىي قەرز قايتۇرغانلىق. شۇڭا بۇ جەڭدە يېڭىشكىلا بولىدۇكى، يېڭىلىشقا بولمايدۇ. زەنپۇنى يېڭىشنىڭ ئۆزى ئوردىغىمۇ، بىزگىمۇ پايدىلىق.

— ئاكا، ئارتۇقچە ئويلاپ كەتتىڭىزمۇ نېمە، سىز قايسى بىر جەڭدە يېڭىلىپ باققان؟

— يېڭىشنىمۇ يەڭگەن، ئەمما بۇ قېتىمقىسى ئوخشىمايدۇ، تۇبۇتلار جەڭدە پىشقان، قولى قاتتىق بىر قوۋم، ئۇلارنىڭ بىر چاغلاردا شۇنچە كۈچلۈك تاڭ ئېلىنىڭ ئاستانىسىگە قەدەر بېسىپ كىرەلىگىنىنى تېخى ئۇقمايسەن. ئات ئۈستىدە جەڭ قىلىشتا ماھىر بولغانلىقىمىز ئۈچۈنلا بىزنىڭ رەقىبىمىز بولمىغان، بۇ دورەم دۈچ كېلىدىغىنىمىز بىزگە ئوخشاش ئاتلىق ئەل، يەنە كېلىپ، خاكاس، چېكىلارغا قارشى لەشكەر تارتقاندىن بېرى، بىرەر چوڭراق جەڭ قىلىپ باقمىدۇق،

لەشكەرلىرىمىزنىڭ سۆڭىكى يومشاپ، ئېتى بوشاپ كەتتى. ئەڭ يامىنى، بېشبالىق شەھىرىدىكى ۋە شەھەر ئەتراپىدىكى قارام قوۋملەرگە زۇلۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھىمايىسىدىن مەھرۇم بولدۇق، ئوزۇق-تۈلۈكنى، چىقىم بولغان جەڭ ئاتلىرىنى كىم ئارقىلىق تولۇقلايمىز؟ قوچۇ بىلەن كۆسەن دىيارىدىكى چوڭ ئوردا لەشكەرلىرىنىڭمۇ ھالى چاغلىق...

— دېگەنلىرىڭىزغۇ ئورۇنلۇق، شۇنداقتىمۇ ھەر نىمە قىلىپ بولسىمۇ بېشبالىقنى قايتۇرۇۋالماي بولمايدۇ-دە، قاپلاننىڭكىدەك يۈرىكىڭىز، دانىشمەنلەرنىڭكىدەك پەم - پاراسىتىڭىز بار، بۇ جەڭدە يېڭىپ چىقىشىڭىزغا ئىشەنچىم كامىل.

— دېگىنىڭ كەلسۇن!

قۇتلۇق چوغداندىكى ئۆچۈۋاتقان چوغلارنى خوددى جەڭ مەيدانىدا لەشكەر ئورۇنلاشتۇرغاندەك ئۇياق-بۇياق قىلغاچ، گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— بىر تەرەپتىن، ئوردۇبالىقنىڭ ئىشلىرىدىنمۇ تازا خاتىرجەم بولالمايۋاتىمەن ئۇكا، نىمشقا دېسەڭ، قاغاننىڭ بولۇشى شۇ، قولۇڭدا قالغان لەشكەرلەرنى تېرىپ-تۆشسەڭمۇ يەتتە مىڭدىن ئاشمايدۇ، تۇمەنباشى بولغاندىكىن ھېزى بول، ئۆتمۈشتىن مەلۇمكى، ئاستانە لەشكەرلىرى يىراق يۇرتلارغا يۈرۈپ كەتكەندە ئۆز ئىچىدىن بۇزۇلغان، يات قوۋملەر قاغانلىققا تېگىش قىلغان مىساللارمۇ ئاز ئەمەس. بەگبارىسنى ئۆلدى دەيدۇ، لېكىن ماڭا ئۇ تىرىكتەك، قايەرلەردىدۇر پۇرسەت كۈتۈپ مارىلاپ ياتقاندەكلا بىلىنىدۇ...

قوۋۇق بېشىدا تۈن ھەسسىدىن خەۋەر بېرىپ، دۇمباق چېلىندى، قۇتلۇق ياغلاقارنى ئۇزىتىۋېتىپ:

— كەچۈرگىن، سەپەر ھازىرلىقى بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئاتاڭ-نىڭ جەسىتىنى ئېلىپ كېلەلمىدىم، ئۇقۇشسام، ئۇ يول بويىغا كۆمۈل-گەنىكەن، يېنىدا توختاپ دۇئا قىلىپ ئۆتەرمەن،— دېدى خىجىل بولغانىدەك بېشىنى سىلىپ تۇرۇپ.

## 31. ئۇنتۇلماس كۈنلەر

— ئىنانقۇلى سانغۇن، سەزدىڭىزمۇ، قۇياش بۇ يەردە بىزدىكى-دىن كېيىن كۆتۈرۈلۈپ، كېيىن پاتىدىكەن جۇمۇ؟

— بېشبالىقتا كەلگەندىن بېرى قۇياش دېگەننى بىر قېتىممۇ كۆرگىنىم يوق، سىز دېگەندەكمىكىن دەيمەن، ئەمما كېسىپ بىر نېمە دېيەلمەيمەن ...

يوتقاندەك قېلىن جۇۋا، گەدەنلىكى بار قۇلاقچا كىيىپ، قوللىرى-نى جەينەكلىرىگىچە قوۋۇشتۇرۇۋالغان ئىككى سەردار تاغىر دۆڭ ئۈس-تىگە تىكلىگەن چېدىر ئالدىدا تۇرۇپ، ئۇيەر-بۇيەردىن پاراڭلاشماقتا ئىدى، قىرو باسقان كىرپىكلىرىنى تەسلىكتە كۆتۈرۈپ يىراقلارغا نەزەر تاشلايتتى، كۆزلىرىنى ئاپتاپ چاققاندەك، ئالقانلىرىنى چېكىسىگە قو-يۇۋېلىشقاندى، پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ تۇرۇپ، بويۇنلىرىنى قاقىر-نىڭكىدەك ئۇزۇن سوزۇشاتتى، ئەلپازىدىن نېمىنىدۇر كۈتۈۋاتقاندەك قىلاتتى.

ئىنانقۇلى توغرا ئېيتىدۇ. ئۇلار بېشبالىق ئەتراپىغا كېلىپ، شەھەر سېپىلىنى تۆت تەرەپتىن قورشىۋالغان تۇبۇت لەشكەرلىرىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋالدى ۋە كۆز يېتىم يەردە ھىلال ئاي شەكىللىك مۇھاسىرە

چەمبىرىكىنى ھاسىل قىلدى. گاھى ئۇلار تۇبۇتلارغا تېگىپ، گاھى تۇبۇتلار ئۇلارغا تېگىپ دېگۇدەك ئىككى ئايچە ئۆتۈپ كەتتى. بىراق شۇ ئىككى ئايدىن بۇيان ئۇلار قۇياش تولۇق ئالقان چوگلۇقىدىكى ئوچۇق ئاسماننىمۇ كۆرەلمىدى، مەيلى ئۇيۇقتا قارىسۇن ۋە مەيلى باش ئۇستىگە قارىسۇن، كۆرىدىغىنى پەيلى يامان تۇتۇق ئاسمان، كۆمتۈ-رۈلگەن قازاندەك قاراڭغۇ ئالەم، تەگرىنىڭ قۇتلۇق كۆنى ئېزىتقۇدەك ھۇشقىتىپ تۇرىدىغان سوغۇق شامال، قار-مۇزلارنى تۇرتۇپ كېلىدى-غان شىددەتلىك بوران …

— قاراگە ئېل ئۇگەسى، كۆنپىتىش تەرەپتىكىلەر گۇلخانلارغا ئوت ياقتى بولغاي ئەتىمالىم، — دېدى ئىنانقۇلى بارمىقىنى يېگىدىن چىقىرىشقا ئېرىنىپ، كۆزى بىلەنلا ئىشارەت قىلىپ.

كۆنپىتىشقا يۇزلىنىپ تۇرغان قۇتلۇق شارتىدە كەينىگە بۇرۇ-لۇپ، ئىنانقۇلى كۆرسەتكەن تەرەپتە يېپقا تىزىلغان ئوتلۇق مارجاندەك يىلىنجاپ تۇرغان قاتار-قاتار چېكىتلەرگە قاراپ قويۇپ، ئىنانقۇلغا دېدى:

— ئۇ ياقتىكىلەرمۇ راسا ۋاقتىدا ئوت يېقىشتى، ئەنە، ئىككى تەرەپتىكى گۇلخانلار بىر-بىرىگە ئۇلىنىۋاتىدۇ.

لەشكەرلەر ئوردۇبالىقتىن قوزغالغاندىن كېيىن، قۇتلۇقنىڭ بۇي-رۇقى بىلەن، قونالغۇلارنى قىسقارتىپ، كېچە-كۈندۈز يول يۈردى. نەچچە مىڭلاپ ھارۋا-چانا، نەچچە ئونمىڭ قوي، كالا ۋە بىللە كەلگەن بالا-چاقىلارنى كەينىگە ئەگەشتۈرۈپ كېلىۋاتقان بۇ قوشۇن توختاپلا قالسا، كەم دېگەندە يېرىم كۈندە ئاندىن قوزغىلىپ بولالايتتى، قونال-غۇغا جايلىشىشقىمۇ يەنە شۇنچىلىك ۋاقىت كېتەتتى، بولۇپمۇ، تۆكۈر-گەن تۈكۈرۈك يەرگە مۇز بولۇپ چۈشىدىغان بۇنداق سوغۇقتا مىدىر-لاپ تۇرۇشقىلا بولاتتىكى، توختاپ بولمايتتى. توختاپ قالغانلار، توغ-



رىسى ئۇخلاپ قالغان يىلىك لەشكەرلەر شەكسىزكى، ئۇدۇل تەگرىنىڭ دەرگاھىغا كىتىپ قالاتتى.

لەشكەر سىپىنىڭ ئوتتۇرىسىدا چېدىرلىق ھارۋا بىلەن كېتىۋاتقان ئىل ئۇگەسى چېدىرى يوق لەشكەرلەر ئۇچۇن كۆپرەك باش قاتۇردى. پات-پات كېلىپ يوقلاپ تۇرىدىغان تومەنباشلارغا ئىمكان بار توختاپ قالماسلىق، توختىغاندا ئۇخلاپ قالماسلىق ۋە ئۇخلىغاندا جوۋا سالماسلىق توغرىلىق تۆپە-تۆپلەپ جېكىلەپ تۇردى.

بىراق، ئېرگىنە دەرياسىنىڭ شىمالىدىن چىقىپ، ئادەم بويى قار بېسىپ كەتكەن ئات يايلى تېغىدىن ئۆتكەندە بەختسىزلىك يۈز بەردى. تۆت كۈنلۈك تاغ يولىدىكى ئايدالا قونالغۇسىدا توساتتىن جۇت كۆتۈرۈلۈپ، مىڭلارچە يىلىك لەشكەر ۋە ئۇنمىڭلاپ قوي-كالىنىڭ بېشىغا چىقتى. چابىشلار يىرىدىن كېلىدىغان 10 مىڭ لەشكەرمۇ يول توسۇلغان سەۋەبلىك، چوغاي تاغلىرىدىن ھالقىپ ئۆتەلمىدى. لەشكەر تولۇقلاپ كۈچ ئۇلغايتىشقا ئامالسىز قالغان ئىل ئۇگەسى مۇشاۋىر ئىنانقۇلنىڭ مەسلىھەتى بىلەن بارگاھ-بارگاھلاردا گۈلخان يېقىپ، ئاز لەشكەرنى كۆپ كۆرسىتىش ۋە بىھۇدە ئۆلۈملەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش قارارىغا كەلگەندى. ئۇلارنىڭ كۆرۈۋاتقىنى بارگاھلارغىلا ئەمەس بەلكى پۈتكۈل تاشقى مۇھاسىرە چەمبىرىكىگە تۇتاشتۇرۇلغان سان-ساناقسىز ئۇلۇغ گۈلخانلار ئىدى.

— «ئۇرۇشنىڭ بىرى جەڭ، توققۇزى رەڭ» دىگىنى مانا مۇشۇ، بۇ ھەقتە سۇن زى[1] ھەزرەتلىرىمۇ كۆپ توختالغان، 30 نەچچە مىڭ

---

[1] سۇن زى — ئەمىنىيە دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ھەربىي ئالىم، چى بەگلىكىدە تۇغۇلغان، «سۇن زىنىڭ ئۇرۇش سەنئىتى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. ئۇ مەزكۇر ئەسىرىدە «ئۆزگىنىمۇ، ئۆزىنىمۇ بىلگەنلەر ھەر جەڭدە غالىب كېلۇر» دىگەن مەشھۇر يەكۈننى ئوتتۇرىغا قويغان.

لەشكەر بىلەن تۇبۇتلارنىڭ 200 مىڭ لەشكىرىگە تاقابىل تۇرماق ئۇچۇن رەڭ بىلەن ھەپىلەشمەي بولمايدۇ، — دېدى، ئىنانقۇلى بۇ ھېيلىدىن قانائەتلەنگەن ھالدا.

بۇ يىل 50 لەردىن ئېشىپ قالغان ئىنانقۇلى توپاقتەك يوغان، تولكىدەك پاراسەتلىك ئادەم ئىدى، كۆكسىنى يېپىپ تۇرغان چار ساقىلى، قارلىغاچ قانىتىدەك ئەگمەچ بۇرۇتى ۋە ئويناپ تۇرىدىغان بوز كۆزلىرى ئۇنىڭ بۇ سۈپەتلىرىنى ئەستىقلاپ تۇراتتى. ئەگەر قىزىل پۆپۈكلۈك دۇبۇلغا، تىغ ئۆتمەس زەنجىر چاپان كىيىۋالىدىغان بولسا، ئۇ تەگداشسىز پالۋاندەك سۆلەتلىك بولۇپ كېتەتتى.

مىلادىيە 762-يىلى ئۇيغۇر لەشكەرلىرى ئاسىي شى چاۋيىغا قارشى يۈرۈش قىلغاندا، لەشكەر سېپىنىڭ ئەڭ ئالدىدا ماڭغان بۇ سانغۇن تازا كۈچكە تولغان، زېھنى ئۇرغۇپ تۇرغان باتۇر يىگىتلەردىن ئىدى. شەرقىي ئاستانە تاغلىرىدا مىڭباشى بولۇپ جەڭگە كىرگەن بىر كۈنى ئۇ تۇيۇقسىز ئاسىيلارنىڭ نەق ئالدىدىن چىقىپ قالدى.

ئۇ 30 دەك ئاتلىق بىلەن، 300 چە ئاسىيلار لەشكىرىگە ئەلۋەتتە تەڭ كېلەلمەيتتى. ئۇلار ئاتلىق بولسا دۈشمەنمۇ ئاتلىق ئىدى، يامان يېرى، كەينىدىكى چوڭقۇر دەريا چېكىنىش يولىنى توسۇپ تۇراتتى. ئۇ:

— ئاغىنىلەر، ئاتتىن چۈشۈڭلار، ئاتلىرىڭلارنى ئوتقا قويۇپ بېرىڭلار، — دېدى. قورقۇنچاق لەشكەردىن بىرى:

— ئىنانقۇلى مىڭباشى، دۈشمەن كۆپ، بىز ئاز، قاچماي ئامال يوق... — دېۋىدى، ئۇ لەشكەر شۇ ھامانلا مىڭباشىنىڭ دەككىسىگە دۇچ كەلدى:

— بىزنىڭ ئاتلىقلىرىمىز ئەلمىساقتىن بېرى جەڭگاھتىن قېچىپ باققان ئەمەس، ئاتتىن چۈش دېگەندىكىن چۈشمەمسەن؟...

لەشكەرلەر ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلدى، ئېگەرسىز ۋە يۈگەنسىز ئاتلىرنى ئوتلاشقا قويۇپ بەردى. ئىنانقۇلى مىڭباشى:

— قېنى يىگىتلەر، ئوينايدىغان چاغ كەلدى، دېپى بارلار داپ چېلىڭلار، دېپى يوقلار ئۇسسۇل ئويناڭلار، مەن نەي چالاي، — دېدى ۋە سەپەر خالتىسىدىن نەي ئېلىپ، ئالامەت بىر شوخ پەدىگە چالغىلى تۇردى.

داپ-دۇمباقنىڭ خۇشخۇي ئاۋازى تاغ ئارىسىدا زىلزىلە پەيدا قىلدى. بوز تورغاينىڭ سايرىشىدەك ياڭراۋاتقان نەي ساداسى دۇمباققا تەڭكەش بولدى، قالغان لەشكەرلەر ئوقيا-قىلىچلىرىنى بىر تەرەپكە تاشلاپ قويۇپ، قىيۇندەك پىرقىراپ ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتتى...

قارشى تاغدا ھەممىنى ئېنىق كۆرۈپ تۇرغان دۈشمەن لەشكەرلە-رى ئاغزىنى ھاڭغىرقاي ئېچىپ قېلىشتى، ئارىدا تالاش-تارتىش كېلىپ چىقتى.

— قالتىس خەقلەركەن بۇ، كۆكرىكىگە شەمشەر تاقالغاندىمۇ قۇچقاچتەك سەكرىشىپ يۈرگىنىنى كۆرمەمدىغان؟

— بىلمەيدىغان ئوخشايدىلا سانغۇن جانابلىرى، ئۇ خەق بۇددا-غا ئەمەس، باخشى-پېرىخونلارغا تېۋىنىدۇ، ئۇلەر چېغىدا تەڭرىسىدىن شاپائەت تىلەپ پېرە ئويناۋاتقان گەپ!

— ئاغزىڭنى يۇم، مېنى كالۋا چاغلامسەن تېخى، ئەگەر دەريا قىنىنىڭ ئىچىدە 5000 لەشكىرى مۆكۈپ ياتمىغان بولسا مۇشۇنداق بەخىرامان داپ چېلىپ، ئۇسسۇل ئويناپ يۈرەرمىدى ئۇلار.

— ماقۇل، مۆكۈپ ياتقان ئاتلىقلىرنى 5000 ئەمەس، 500 مۇ دەيلى، ئاشۇ 500 لەشكەر بىلەن ئۇرۇشساقمۇ مونارغا مۇشت ئاتقاندەك ئىش قىلغان بولىمىز، سانغۇن ھەق گەپ قىلىۋاتىدۇ ...

دۈشمەن سانغۇنى بىردەم ئويلىنىپ تۇردى-دە، كاتاڭدىن ئۈركە-

گەن ئاتتەك ئۇركۇپ، تىترىشىپ تۇرغان لەشكەرلىرىگە تاغدىن چۈ-
شۈپ كېتىش بۇيرۇقىنى بەردى.

دۈشمەنلەر كەينىگە قاراپ-قاراپ تاغدىن چۈشۈپ كەتتى. ئۇ-
نىڭغىچە بۆكۈ قاغاننىڭ غول لەشكەرلىرى يېتىپ كېلىپ، ئىنانقۇللارغا
قوشۇلدى، زور قوشۇن ئەرشئەلانى تىترەتكۈدەك چۇقان سېلىپ
دۈشمەن قوشۇنىنى قوغلاپ يەتتى-دە، تاغ باغرىدا قىلىچتىن ئۆتكۈز-
دى. شۇ كۈنى تۈن ھەسسىدە شەرقىي ئاستانە قولغا ئۆتتى.

ئىنانقۇلى داڭ چىقاردى، «نەي بىلەن شەھەر ئالغان باتۇر»
دېگەن نامى ئاستانىگە پۇر كەتتى. بىر كۈنى تاڭ سەردارى گو زىيى
ئۇيغۇر بارگاھىغا يېتىپ كېلىپ ئىنانقۇلنىڭ ئىز-دېرىكىنى قىلدى ۋە
ئۇنى تاپقاندىن كېيىن بۆكۈ قاغانغا:

— جەڭ دېگەندە قارا كۈچ بىلەنلا ئىش تاگاتمايدۇ، مانا
مۇشۇنداق ئەقىل ئىشلەتمەك كېرەك. نەي بىلەن شەھەر ئالغان بۇ
باتۇر بىزدىكى كۇڭ مىڭ[1] ھەزرەتتەك زېرەك ۋە پاراسەتلىك ئىكەن،
خالىسىڭىز ئۇنى ماڭا قالدۇرۇڭ، سانغۇن قىلىپ، لەشكەر تۇتقۇزاي،
جەڭبازلىقتىن تەلىم بېرىپ كامالەت تاپقۇزاي، ئۆگەنگەن ئىلىم يەردە
قالمايدۇ. كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئۆزۈڭلارگە ئەسقېتىپ قالار، — دېۋىدى،
بۇ گەپ قاغانغا خوپ كەلدى، ئوردۇبالىققا قايتقاندىن كېيىنكى ئىككىن-
چى يىلى ئۇنى ئاستانىگە ئەۋەتىپ بەردى.

ئىنانقۇلى گوزىيىنىڭ قول ئاستىدا تۇرۇپ، 3000 لەشكەرگە باش
سەردار بولدى ۋە خېلى-خېلى جەڭلەرگە قاتناشتى. تۇبۇت زەنپۇسى
چوڭ ئاستانىگە بېسىپ كىرگەندە، گوزىيى بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ

[1] كۇڭ مىڭ — جۇگېلياڭ، مىلادى 181-يىلدىن 234-يىلىغىچە ياشاپ ئۆتكەن،
ئۈچ دۆلەت دەۋرىدىكى شۇ بەگلىكنىڭ سىياسىيونى، ھەربىي ئالىمى.

ئۈچ كېچە-كۈندۈز جەڭ قىلدى، تۈبۈتلارنى قوغلاپ چىقىرىپ، چوڭ تۆھپە كۆرسەتتى. شۇ جەڭدە ئۇ ئۈچ بارمىقىدىن ئايرىلىپ قالغىنىغا قارىماي، تاڭلىقلارنىڭ تىلىنى ئۆگىنىپ، ئۇ تىلدا يېزىلغانلىكى ھەربىي دەستۇرلارنى سۇدەك يادلاپ چىقتى.

ئىنانقۇلى بۆكۈ قاغان تاڭ شاھى سۈزۈڭ بىلەن ئۇزەڭگە سو-قۇشتۇرۇۋاتقان يامان چاغلاردا ئوردۇبالىققا قايتىپ كەلدى. «بىتەلەيىنىڭ ئاغزى ئاشقا تەگكۈچە، بېشى تاشقا تېگىپتۇ» دېگەندەك، ئەتىۋارلىنىش ئۇياقتا تۇرسۇن، «ئايغاقچى» دېگەن بەتنامغا قېلىپ، يۈرەك-باغرى خۇن بولدى. پەقەت، بۆكۈ قاغان بېشىنى يەپ كونا سەردارى تۇنباغا قاغان دەۋران سۈرگەندىلا ئاندىن ئامتى ئۇگدىن كېلىپ، ۋەزىرلىك كۇرسىغا ئولتۇردى. ئاتا سەلتەنىتىگە مىراسخور بولغان تاراس قاغان ئۇنىڭغا ھەم ئىگە بولۇپ، ئۆز يېنىدىن پەخىرلىك ئورۇن بەردى...

قۇتلۇق بىلەن ئىنانقۇلى تاقىر دۆڭ تۆپىسىدە تۇرۇپ، زۇلمەت ئىچىگە غەرق بولۇۋاتقان ئاقۇچ ئۇپۇققا ئىچ ئاغرىتقاندەك بىر ھازا تىكىلىپ تۇرۇشتى. ئۇپۇق سىزىقىدا يېنىپ تۇرغان تۇتاش گۈلخانلار ۋە خىرە-شىرە كۆرۈنۈۋاتقان بېشبالىق سېپىلىغا يېنىشلاپ كۆز تاشلىۋال-غاندىن كېيىن، چېدىرىغا كىرىپ كېتىشتى.

چېدىر ئىچى كاچكۇلدەك سوغۇق ئىدى. بىر ئىلىك قېلىنلىقتىكى چېدىر كىگىزىمۇ تۆت تەرەپتىن ئۇرۇپ تۇرغان سوغۇق شامالغا ئەقەل-لىيىسى بىر قەۋەت قەغەزچىلىك دال بولالمايتتى. تۈچ چوغدانىدا تولۇپ ياتقان يۇلغۇن چوچۇلىسى ئوت ئۈستىگە سۇ چاچقاندەك ئاجىز پىشىل-داپ، بىر خىللا تۈرتەپ تۇراتتى. چوچۇلىدىن ئۆچۈپ چىققان قويۇق كۆك ئىس تىك ئۆرلەپ ھىم يېپىلغان چېدىر تۈڭلۈكىگە ئۇرۇلاتتى-دە، تورۇس بويلاپ يېيىلىپ، ئۇدۇل پەسكە قاراپ شۇڭغۇيتتى. سەندەل ھىدىنىمۇ ئۇخشاپ كېتىدىغان، ئەمما بۇرۇننى غىدىقلاپ دىماغنى ئې-

چىشتۈرىدىغان قاڭسىق پۇراق چېدىر ئىچىگە بىر كەلگەنىدى.

ئىككى سەردار كىرگەنچە كىرىپ چوغدان ئالدىغا ئولتۇرۇشتى-دە، ئالىقانلىرىنى يېيىپ ئوتقا قاقلاشتى.

— قىزىق ئىش، قولىمىزنى ئوتى يوق چۆچۆلىگە قاقلاپ ئولتۇرغىنىمىزنى قارىمامدىغان، جىنچىراغچىلىك ھارارىتى بولسىچۇ كاشكى، — دېدى قۇتلۇق ۋە ئۆز- ئۆزىنى مەسخىرە قىلغاندەك ئاغزىنىڭ پۇچۇقىدىلا كۈلۈپ قويدى. ئىنانقۇلى:

— بارگاھ ئەتراپىدىكى ھەممە قاقشالنى قالاپ تۈگەتتۇق، ھۆل كۆتەككە قالماي نېمە ئامال ئەمدى، — دەپلا، بارگاھ مۇلازىمىنى چاقىرىپ، قۇلىقىغا بىر نېمىلەرنى دەپ پىچىرلىدى. مۇلازىم بىردەمدىلا ئالقانچىلىك كېلىدىغان چاۋا ياغنى كۆتۈرۈپ كىردى. ئىنانقۇلى ئۇنى ئېلىپ چۆچۆلىنىڭ تېگىگە تاشلىۋىدى، چاۋا ياغقا ئوت تۇتاشتى، ئۆي بىردەمدىلا ئىللىپ كەتتى.

— ئامال دېگەن مانا ماۋۇ، ئوتمۇ ئۇلغايدى، قوي كاۋىپىنىڭ مەززىلىك ھىدى قاڭسىق پۇراقنىمۇ بېسىپ كەتتى ...

— پەم دېگەن بار يەردە بارىكەن جۇمۇ، قالتىس بولدى، قالتىس بولدى ...

بارگاھ مۇلازىمى چىراغ ياقتى. سىمابتەك ئېرىپ تۇرغان قوي يېغىغا مىلەنگەن پاختا پىلىك بىردەمدىلا ئوت ئېلىپ، چېدىر ئىچىنى گىرىمسەن يورۇتۇشقا باشلىدى. جىمجىتلىقتىن ئىچى پۇشتىمۇ ياكى ئاغزى قىچىشتىمۇ، ئىنانقۇلى يەنە گەپ تەشتى. بېشىنى سىلىپ، ئوت ئىچىدىن كارامەت كۆرۈۋاتقان پېتۈك داخاندەك قىمىر قىلماي ئولتۇرغان قۇتلۇقنى جەينىكى بىلەن نوقۇپ قويۇپ:

— ياتقان بىلەنمۇ كۆزگە ئۇيقۇ كىرمەيدۇ، بۇنداق كۈندە ھەم ئۇخلاپ بولمايدۇ، بىكار ئولتۇرغىچە جانابىڭىزغا بىر چۆچەك ئېيتىپ

بىرەي دەيمەنا؟ — دېدى.

— قانداق چۆچەك؟ — سورىدى، قۇتلۇق ئىرەنسىزلىك بىلەن.

— ئىشقىلىپ، ئوبدان چۆچەك، ئۇنى پىقىر بىر تابغاچ موللىسىدىن ئاڭلىۋالغان.

— ئەمسە، ئىختىيارىڭىز.

ئىنانقۇلى ئالقىنى بىلەن ئاغزىنى توسۇپ، زورىغا بىر يۆتىلىۋالدى-دە، چۆچەكنى سوئال بىلەن باشلىدى:

— ئۆتكەن زامانلاردا كۆك ھەزرەت[1] دەيدىغان بىر تابغاچ ئەۋلىياسى بولغانىكەن، ئاڭلىغانمىدىڭىز ئېل ئۇگەسى؟

قۇتلۇق بېشىنى لىككىدە كۆتۈردىيۇ، «تابغاچ ئەۋلىياسىنىڭ جەڭ ئىشى بىلەن قانداق ئالاقىسى بار» دېگەندەك قاراپ قالدى، شۇنداقتىمۇ، ئىنانقۇلنى رەنجىپ قالمىسۇن دېگەندەك، «مەن ئۇ يەرلەردە كۆپ تۇرمىغان» دەپ قىسقىلا جاۋاب بەردى.

— بىلمەن، نەگە بېرىپ نەدە تۇرغىنىڭىزنى ئوبدان بىلمەن، يەنە باشقا كۆڭۈل سىرلىرىڭىزدىنمۇ خەۋەردارمەن.

— قانداق سىرلىرىمنى بىلىسىز؟ تېخى كۆڭۈل سىرلىرىممۇ بارمىكەن مېنىڭ؟

قۇتلۇق خېلىلا سەگەكلەشتى، سوئالنىڭ جاۋابىنى كۈتۈپ، ئىنانقۇلغا قادالدى.

— چاقچاق قىلدىم، شۇنداق دېمىسەم دىققىتىڭىزنى ئاغزىمغا

---

[1] كۆك ھەزرەت — كۆڭ زى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 551-يىلدىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 479-يىلغىچە ياشىغان، ھازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ چۈيفۇ دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان. ئۇ ئېلىمىزنىڭ ئەمىنىيە دەۋرىدىكى مەشھۇر مۇتەپەككۇرى، سىياسىيونى ۋە پېداگوگىكى، كۇڭزىچىلىق تەرىقىتىنىڭ ئاساسچىسى («ئۆكيانۇس» 1119-بەت).

قارىتالمىغۇدەكمەن، كەچۈرۈڭ، ئەمدى چۆچىكىمنى باشلايمەن.

— ئىختىيارىڭىز.

باشقىلاردىن مەخپىي تۇتقۇدەك، ياكى ئاشكارىلىنىپ قالسا باشقى-لارنىڭ ئالدىدا يەرگە قاراپ قالغۇدەك كۆڭۈل سىرى بولمىسىمۇ، قۇتلۇق ھەر ھالدا بىر قېتىم جىددىيلىشىپ، بىر قېتىم پەسكارىغا چۈشتى. ئۇ ئىنانقۇلنىڭ ئۇنداق-مۇنداق ئادەم ئەمەسلىكىنى بىلگەچ-كىمۇ، ئۇنىڭ چۆچىكىنى ئېتىبارسىز قالدۇرغۇسى كەلمىدى. ئىنانقۇلى سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئەلقىسسە، بۇنىڭدىن نەچچە يۈز يىل مۇقەددەم ئۆتكەن ئۇ تابغاچ ئەۋلىياسى ئىلىمدە توشقان زات بولۇپ، يۇرتمۇيۇرت ئارىلاپ يۈرۈپ ۋەز ئېيتىدىكەن، بالا ئوقۇتىدىكەن. ئۇنىڭ كارغا كېلىدىغان 72 شاگىرتىنىڭ ئىچىدە زى لۇ دەيدىغان زېھنى ئوچۇق، ئىلىمگە ھېرىسمەن بىر تالىپمۇ بار ئىكەن. ئۇ بىر كۈنى كۇڭ ھەزرەتتىن: «ئۇستازىم، ھاكىمىيەت دېگەن نېمە، ئۇ نېمىلەردىن تەركىب تاپىدۇ؟» دەپ سوراپتۇ.

سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئىنانقۇلى مەقسەتسىزلا ئوت كوچلاپ ئولتۇرغان قۇتلۇققا سوئال نەزىرىدە قاراپ قويدى ۋە ئۇنىڭ-دىن جاۋاب ئېلىشقا كۆز يەتكۈزەلمىدىمۇ، چۆچىكىنى داۋام قىلدى:

— كۇڭ ھەزرەت: «ھاكىمىيەت لەشكىرىي قوشۇن، ئوزۇق-تۈ-لۈك ۋە ئەل رايىدىن ئىبارەت ئۈچ نەرسىدىن تەركىب تاپىدۇ» دەپتۇ.

— كۇڭ ھەزرەت دېگىنىڭىز خېلى ۋەزنى بار گەپ قىلىدىغان موللا ئىكەنغۇ سانىغۇن، — قۇتلۇق چوخچىلىغۇچنى تاشلىۋېتىپ، دىققىتىنى يىغدى ۋە ئىنانقۇلغا يېقىنراق سۈرۈلۈپ ئولتۇردى.

— زى لۇ: «ئەگەر زۆرۈرىيەت تۇپەيلى، بۇ ئۈچىنىڭ بىرسىدىن ۋاز كېچىشكە توغرا كەلسە ئاۋۋال قايسىسىدىن ۋاز كەچكۈلۈك»؟ دەپ

سوراپتىكەن، كۆك ھەزرەت: «لەشكىرىي قوشۇندىن» دەپتۇ. زى لۇ يەنە سۈرۈشتۈرۈپ: «يەنە زورۇرىيەت سەۋەبىدىن ئوزۇق-تۈلۈك بىلەن ئەل رايىنىڭ بىرىدىن ۋاز كېچىشكە توغرا كەلسە، ئاۋۋال قايسىسىدىن ۋاز كېچىش كېرەك؟» دەپ سوئال قويغانىكەن، كۆك ھەزرەت ئارىسال-دا بولمايلا: «ئوزۇق-تۈلۈكتىن» دەپ كېسىپ جاۋاب بېرىپتۇ.

قۇتلۇق بىردىنلا چىرايىنى پۈرۈشتۈردى ۋە ئىناقلىقنىڭ چوڭچى-كىدىن تېرىق چىقاردى:

— باياقى گېپىنى ئاڭلاپ، ئۇنى خېلى دانىشمەن ئادەمكەن دېۋىدىم، ئەمدى قاملاشماي قالدىغۇ بۇ كۆك ھەزرەت دېگىنىڭىز، ئەمىرلەشكەر ماقۇل دېسە لەشكىرىي قوشۇندىن ۋازكەچسىمۇ مەيلى، بىراق، ئوزۇق-تۈلۈكتىن ۋاز كەچسە شامال يەپ جان باقامدۇ كىشى؟

— دېدى، قۇتلۇق چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ.

— ئالدىرىماڭ ئېل ئۆگەسى، گەپنىڭ مېغىزى مانا ماۋۇ يەردە، ھېلىقى زى لۇ دېگەن چېچەن تالىپ خۇددى سىزگە ئوخشاش گاڭگى-راپ قېلىپ: «ئۇستازىم، لەشكىرىي قوشۇندىن ۋاز كەچسەكمۇ مەيلى، ئەمما، ئوزۇق-تۈلۈكتىن ھەرگىز ۋاز كەچكىلى بولمايدۇ. ئوزۇق-تۈلۈك بولمىسا ئادەم ئۆلمەمدۇ؟» دېگەنىكەن، «ئەل رايى ساڭا يار بولسا، لەشكىرىڭ بولمىسا لەشكەر بولىدۇ، ئوزۇقۇڭ بولمىسا ئوزۇق بولىدۇ، دېمەك، ھاكىمىيەت يەنە قولۇڭدا بولىدۇ، مۇبادا ئەل رايىدىن مەھرۇم قالساڭ لاۋۇلەشكىرىڭ، ئوزۇق-تۈلۈكۈڭ بولغان بىلەن ھەممىسى بى-كار» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ كۆك ھەزرەت...

قوي يىغى بىلەن يۇلغۇن كۆتەكلىرىگە ئوت تۇتاشتى. چىرىسلا-ۋاتقان ئوتتۇن ئارىسىدىن بەئەينى تارام-تارام ئويناق ئېقىنلاردەك ئېتى-لىپ چىققان ئوت يالقۇنى بىر-بىرىگە قوشۇلۇپ، خېلى غول بىر ئوت تۈۋرۈكىنى ھاسىل قىلدى-دە، چوغدان ئۈستىدە شامال سوققان شە-

پەردەك جازىبىلىك تولغىنىشقا باشلىدى.

قۇتلۇقنىڭ ئالقانلىرىغا ئۇرۇلغان ئوت تەپتى تومۇرىغا ئۆتۈپ، قانلىرىنى ئوت تەپتىدەك قىزىتتى، ئەزىم دەريادەك مەۋج ئۇرۇۋاتقان ئويناق قانلىرىغا قوشۇلۇپ، پۈتۈن جىسمىغا تارالدى. نىمىشقىكىن، باياتىن بېرى يالتىراق قوڭغۇزدەكلا يورۇپ تۇرغان جىنچىراغ بىردىنلا ھەيۋەتلىك قۇياشقا ئايلاندى-دە، قۇتلۇقنىڭ ئەتراپىنى كۈندۈزدەك نۇرلاندۇرۇۋەتتى...

— بېشبالىق بوسۇغىسىدا تۇۋۇتلاردىن ئىككى قېتىم يېڭىلىپ قالغىنىمىزنىڭ سەۋەبىنى ئەمدى چۈشەنگەنسىز، — سورىدى ئىناقۇلى قۇتلۇقنىڭ خىيالىغا بۆسۈپ كىرىپ.

قۇتلۇق «چۈشەندىم» دېگەن مەنادا باش لىڭشىتتى. ئۇ تاۋلان-غان تۆمۈردەك قىزىپ تۇرغان ئالقىنى بىلەن پېشانىسىنى تىرىدى ۋە كۆزلىرىنى ئوتتىن ئۈزمەي تۇرۇپ:

— ھەي، ئاشۇ نەپسى بالا بەگ-تارخانلىرىمىزنىڭ ئەسكىلىك-دىن ئاۋام رايىدىن ئايرىلىپ قالدۇق. سېپىل ئىچىدىنمۇ، تېشىدىنمۇ بىزگە ھەمدەم بولغۇدەك ئادەم چىقمىدى، ئاش-ئوزۇق، كىگىز-گىلەم بېرىدىغانلارمۇ يوق، قارلۇقلار بىلەن چۆل تۈركلىرى ئات-ئۇلاغلىرىنى تاغ ئارىسىغا ھەيدىۋەتسە ھەيدىۋەتتىكى، بىزگە بېرىشمىدى.

قۇتلۇق جۇۋىسىنى سېلىپ تاشلاپ، قولاقچىسىنى ئورۇن-كۆرپە-سىنىڭ ئۈستىگە ئاتتى، بېشبالىق تەرەپكە قاراپ ھومايدى ۋە:

— خەپ، بېشبالىق قولۇمغا ئۆتسۇنچۇ قېنى، زۇلۇمخور بەگ-تارخانلارنىڭ يەتمىش پۈشتىغىچە قۇرۇتۇۋەتمىسەم، — دەپ مۇشتىنى تەڭلەپ ھەيۋە قىلدى.

— دۇرۇس، زۇلۇمخورلارنى جازالاش كېرەك، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاۋۋال بېشبالىقنى قولغا ئېلىش كېرەك، بىراق ئەل رايىنى رام قىلماي

تۇرۇپ بېشبالىقنى قانداق قولغا ئالالايسىز؟ ھازىرچە، ئەل رايىنى ئۆزىمىزگە قاراتماق ئۈچۈن تېخى ئاجىز كېلىمىز. دېمەكچىمەنكى، سۇنىڭ بېشى لاي!

— سۇنىڭ بېشى لاي؟

— ھېلىقى كۇنى قاغان زۇلۇمخورلارنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ، زۇلۇم قىلىنغانلارغا غەزەپ قىلغاندا سۇنىڭ بېشىنىڭ لاي ئىكەنلىكىنى بىلىپ تازا ئازابلانغان ئىدىڭىزغۇ؟ بۇنى پېقىرنىڭ سەزمەسلىكى مۇمكىنمۇ؟

قۇتلۇق رەللە بولغان بۇقىدەك، تۇرغان يېرىدە نەچچە قېتىم پىرقىراپ چىقتى، قوللىرىنى كەينىگە تۇتۇپ، چوغدان ئالدىدا باداشقان قۇرۇپ كېرىلىپ ئولتۇرغان ئىنانقۇلغا ئېگىشتى ۋە:

— ماقۇل، سۇنىڭ بېشى لاي بولغانمۇ بولسۇن، بىراق، سۇنىڭ بېشى كىم؟ ئۇ قاغان، بىز بولساق ۋەزىر، ۋەزىر دېگەن قاغاننىڭ قولى، قاغان قارا نەرسىنى ئاق دېسە، بىزنىڭ قارا دېيىشكە ھەققىمىز يوق!

— دېدى، زەردە بىلەن.

— ھاھ ... ھاھ ... ھاھ ...

ئىنانقۇلى ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى، ئىككى مەڭزىدە ياڭاقتەك-ياڭاقتەك تومپىيىپ تۇرغان يۈز گۆشلىرى ھېلىلا ئۈزۈلۈپ چۈشىدىغاندەك لىغىرلاپ، مويلۇق قاشلىرى ھىمىرىلدى، ئاغزى چىشلىرىنى سانىۋالغۇدەك يوغان ئېچىلدى. ئۇ بىر ھازا تېلىقىپ كۈلگەندىن كېيىن:

— بۇنداق دېسەم قورقۇپ كەتمەڭ جانابلىرى، ئىشىنىڭكى، ئەل تىزگىنى ھامان بىر كۈنى قولىڭىزغا ئۆتىدۇ، سۇنىڭ بېشى پەقەت شۇ چاغدىلا سۈزۈلىدۇ، — دېدى ۋە ئارقىدىنلا قوقاسقا دەسسىۋالغاندەك بىر قىسما بولۇپ كەتكەن قۇتلۇققا قاراپ، — بىراق، ھازىر ئەمەس، بەلكى كېلەر كۈنلەردە، — دەپ ئەسكەرتىپ قويدى.

قۇتلۇق ئىتتىك كېلىپ، ئىنانقۇلىنىڭ ئاغزىنى ئالقىنى بىلەن توسۇۋالدى ۋە يىلىنغان قىياپەتتە:

— بۇ ئالەم، ئۇ ئالەم خۇش بولۇپ كېتەي مۇشاۋىر، باش كېتىدىغان بۇنداق گەپنى ئىككىنچى ئاغزىڭىزغا ئالماڭ، ئىنىڭىزنى كۆنىنىڭ سىرىقىنى كۆرگىلى قويۇڭ، — دېدى يالۋۇرۇپ ۋە ئىنانقۇلـدىن ۋەدە ئالماقچى بولغاندەك ئاغزىغا قاراپ تۇرۇۋەردى.

— ماقۇل، دېگىنىڭىزدەك بولسۇن، ئەمما يەنە بىر دەۋالاي، شۇنداق بىر كۈن بەرىبىر يېتىپ كېلىدۇ.

— بۇ مۇمكىن ئەمەس!

— نېمىشقا مۇمكىن بولمايدىكەن؟

— مەن ... مەن ....

— ھە، چۈشەندىم، «مەن ئادىز ئۇرۇقىدىن، ئادىزلاردىن قاغان چىقمايدۇ، قاغانلىق ياغلاقارلارغا باقمەندە» دېمەكچىمۇ سىز؟

قۇتلۇقنىڭ كۆتەكتەك يوغان گەۋدىسى مۇشت تەگكەندەكلا سەنتۈرۈلۈپ كەتتى، بىر قىسما كۆلۈپ تۇرغان ئىنانقۇلىغا سەپسېلىپ چىقتى. ئۇ بېشىنى سىلكىۋېتىپ ھېلىلا ئاڭلاپ ئۆتكەن ئاجايىپ سۆزلەرنى كۆڭۈل ئەينىكىدىن يەنە بىر ئۆتكۈزدى، تۇيغۇسىغا ئىشەنچ تۇرغۇزدى، ئۆزىدىن، گۆردە ياتقان قوۋم-قېرىنداشلىرىدىن ئۆزگە ھەرـقانداق ئادىمزات ئۇقمايدىغان، سەل كەم ئوتتۇز يىلدىن بېرى يۈرىكىـنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىدە پىنھان ساقلاپ كېلىۋاتقان بىر مەخپىيەتنىڭ ئويلىمىغاندا ئاشكارا بولۇشى ئۇنى ھودۇقتۇرۇپ قويغانىدى.

— سىز سېھرگەرمۇ يا باخشىمۇ؟ — دەپ سورىدى قۇتلۇق سەل دۇدۇقلاپ. ئىنانقۇلى بەخۇدۇك جاۋاب بەردى:

— چۆچۈپ كەتمەڭ، كەمىنە مۇشاۋىرىڭىز سېھرگەر ئەمەس، باخشى بىلەن تېخىمۇ خۇشۇم يوق. پەقەت ئېل ئۆگەسىنىڭ ياخشى

پەزىلەتلىرىگە ۋە كامالەتكە يەتكەن ئىش-ئەمىلىگە ئۇزۇندىن بېرى قايىل بولۇپ كېلىۋاتقان بىر قېرى سانغۇنمەن.

— ئادىزىلىقىمدىن تانمايمەن، بىراق، بۇنى قانداق بىلىۋالغىنىڭىزغا زادى ئەقلىم يەتمەيدۇ.

— قىزىقسىڭىز سۆزلەپ بېرەي، سۆزلەشتىن بۇرۇن ئېل ئۇگەسىدىن بىر سوئال سورىماقچىمەن، تەڭرىقاغان يولىنىڭ بېشىدىكى يولغا قايرىلىدىغان ئاچىلىدا لەشكەرلەرنى يېرىم كۈنلۈك چۇشكۈنگە قويۇۋەتكىنىڭىز ئېسىڭىزدىمۇ؟

— گېپىڭىز بەرھەق، تېخى تۈنۈگۈنكىدەك يادىمدا.

— ئاشۇ كۈنى ئەتىگەندە جانابىڭىز يالغۇز چىقىپ نەگە باردىڭىزكىن؟

بۇ سىرلىق سوئال بىلەن قۇتلۇق يەنە بىر قېتىم قويۇق تۇمان ئارىسىغا كىرىپ قالدى، تۇمان ئىچىدە يول ئىزدەپ يۈرۈپ ھەپىلىسى پىر بولغاندىن كېيىن غۇۋژىدە ئاچچىقى كەلدى، بىر تاتىرىپ، بىر سارغىيىپ تۇرۇپ دېدى:

— بەللى ... بەللى ... بىر نامدار ۋەزىر تۇرۇپمۇ، يۈرىكىڭىزنى قاپتەك قىلىپ باشقىلارنىڭ كەينىدىن مارىلاپ يۈرۈپسىز-دە، ئۇياتلىق ئىش ئەمەسمۇ بۇ مۇشاۋىر؟

— بۇ قانداقمۇ ئۇياتلىق ئىش بولسۇن؟ قاغاننىڭ تاپشۇرغىنى شۇ، سىزگە زىيان-زەخمەت يەتمىسۇن دەپلا كەينىڭىزگە كىرگەنىدىم، تەڭرىنىڭ كارامىتىگە ھەشقاللا، ئىزىڭىزغا چۈشۈپ ئوبدان قىلغان ئىكەنمەن. نېمىشقا دېسىڭىز، سىزنىڭ كىم ئىكەنلىكىڭىزنى مەن ئاشۇ يەردە بىلىۋالدىم ئەمەسمۇ؟

ئىنانقۇلى غايىب خەزىنىگە ئۇچراپ قالغاندەك خۇشال ئىدى، ئادىتى بويىچە، ئالقانلىرىنى ھەدەپ بىر-بىرىگە سۈركەيتتى. بۇ ھال

قۇتلۇقنى تېخىمۇ بىئارام قىلاتتى.

— ماقۇل، بارغان يېرىمىزمۇ كۆرگەن بولۇق، لېكىن ئۇ قەيەر؟ ئاغزىمدىن «مەن ئادىز» دېگەن گەپ چىقتىمۇ-يوق؟ — قۇتلۇق بىر ئىشنىڭ تېگىگە يەتمىگۈچە بولدى قىلمايدىغان ئادىتىنى تەكرارلاپ، كوچىلاپ سوراۋەردى.

— سىز كىندىك قېنىڭىز تۆكۈلگەن ئۆيىڭىزگە باردىڭىز، ئاتا-ئانىڭىزنىڭ، ئاكىڭىزنىڭ قەبرىسىدە تورۇپ تىلاۋەت قىلدىڭىز، ياش تۆكتىڭىز، ئۆيىڭىزنى نەچچە قېتىم ئايلاندىڭىز...

— مۇشۇلارمۇ، بۇنىڭ بىلەن مېنىڭ كىم ئىكەنلىكىمنى قانداق چۈشەندۈرەلەيسىز؟

— دادىسى ئادىز بولسا، بالىسىمۇ ئادىز بولىدۇ-دە!

— دادامنى قانداق بىلىسىز سانغۇن، بىر- بىرىدىن ئۆتە غەلىتە-غۇ بۇ گەپلىرىڭىز.

— نېمىدەپ بىلمىگۈدەكمەن؟ چىرايىمغا ئوبدان قاراڭ ئىبل ئۇگەسى، تۆمۈرچى دادىڭىزنى لەشكىرىي ئالۋاندىن باش تارتتى دەپ تۇتۇپ كەتكەن ھېلىقى ئۇزۇن تورا لەشكەرگە ئوخشىمامدىكەنمەن؟ قولۇمنىڭ دۈمبىسگە قاراڭ، بۇ تارتۇقتا چىشىڭىزنىڭ ئىزى يوقمىكەن؟

قۇتلۇق جىنچىراغنى ئېلىپ كېلىپ، ئىنانقۇلنىڭ چىرايىغا، چو-لاق قولىنىڭ دۈمبىسدىكى ياغاقچىلىك تارتۇقتا ئىنچىكىلىك بىلەن سەپسېلىپ چىقتى ۋە تېگىرقاش ئىچىدە باش چايقىدى. ئىنانقۇلى قۇتلۇقتا تېخىمۇ يېقىن كەلدى ۋە:

— دادىڭىزنى تۇتۇپ كەتكەن تۆت لەشكەرنىڭ بىرى مانا مەن بولىمەن، ئاز كەم 30 يىلدىن بۇيان شۇ قېتىمقى ئىش ئۈچۈن كۆرمىگ قېتىم پۇشايمان يەپ، ئۆكۈنچ ۋە ئازاب ئىچىدە ياشاپ كەلگەنمۇ مانا مەن، تۆۋا-ئىستىغپار ئېيتسام دەپ پۇرسەت كۈتۈپ كەلگەنمۇ

مانا مەن، — دېۋىدى، ئۆگىلىرى كاردىن چىقىپ، يەتتە ئەزايى ئوق تەگكەندەك بوشاپ كەتكەن قوتلۇقنىڭ بېشى قېيىپ، تۈۋى يوق چوڭقۇر ھاڭغا چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك ھالسىزلىنىپ، لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى.

ئىنانقۇلى ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ كۆز يېشى قىلىۋالغاندىن كېيىن، لەشكەرگاھقا ئېلىپ كېتىلىۋاتقان ئۇ تۇتقۇننىڭ يېرىم يولدا قېچىپ كەتكىنىنى، ئۈچ كۈن ئىزدەپ يۈرۈپمۇ ھېچ يەردىن تاپالمىغىنىنى ئۆزۈندىن ئۆزۈن ھېكايە قىلىپ، قوتلۇقنى ئىشەندۈرۈپ بولغۇچە، كۈنچىقىش تەرەپ قوچۇ ماتاسىدەك ئاقىرىپ قالغانىدى.

## 32. جەڭ شۇنداق بولىدۇ

ئىككى كېچە-كۈندۈز ھۇۋلاپ چىققان مۇزدەك شامال ئۈچىنچى كۈنىگە كەلگەندە بىردىنلا ياۋاشلاپ، سەلكىن شامالغا ئايلاندى. دېمى ئىللىق بۇ شامال دۆڭ-ئېدىرلارنىڭ كۈنگەي تەرىپىدىكى كولتۇك قارلارنى بىر كۈن ئىچىدە پاك-پاكىز يالاپ تۈگەتتى. يالغۇز ئوغۇلنىڭ كوكۇلىسىدەك كۆجۈم ئۆسكەن قېرى يۇلغۇنلارنىڭ، ئاقتىكەن ۋە سۆكسۆكلەرنىڭ تۈۋى كۆرۈندى. تۇتاش كەتكەن كۆل رەڭ بۇلۇتلار يازغا يۇڭدەك پاخپىيىپ، جايىدىلا ئېرىپ كېتىشتى. ئاي-ئايلاپ غايىب بولۇپ، تىنالغۇ ۋە ئۇچارلىغلارنى سېغىندۇرغان ئىسسىق قۇياش كۆك ئاسماندا قايتا يۈز كۆرسىتىپ، خۇش تەبەسسۇم بىلەن يەرگە تىكىلدى. قار ئورنىدا پەيدا بولغان ئەگۈز سۈيى تۇپراق تېگىگە سىڭىپ كىرىپ، يەر يۈزىنى ئۆپكىدەك ئېسىلدۇردى. تورغاي قاناتلىرى ئاپتاپ كۆردى.

قۇرت-قوڭغۇزلار ئۇچەكتىن چىقىپ، يېڭى كۇيگە كۇي قاتتى. قورۇق قۇلاقلىرىنى دىك قىلىپ، ئەتىياز تىۋىشىنى تۇنجى بولۇپ ئاڭلىۋالغان سەزگۈر قومۇشلار تۇنجى بولۇپ ئۇچ قويۇشنى باشلىۋەتتى...

تىلسىم تاغلار ئاخىر يول بەردى. تاغ باغرىدا پۇرسەت كۇتۇپ، تولۇق بىر قىشنى ئۆتكۇزگەن چابىش ئاتلىقلىرى ھانگاي تېغىدىن ھالقىپ ئۆتتى ۋە قىيپاش كۇنپېتىشقا قاراپ يول يۇرۇپ، بېشبالىققا يېتىپ كەلدى-دە، قۇتلۇقنى قەۋەتلا خوش قىلىۋەتتى. ھاۋا ئىسسىغان، ئاش-ئوزۇق تولۇقلانغان، تەبىئەت ۋە ئادىمىزات يېڭىۋاشتىن جانلانغان ئاشۇ كۇنلەردە قۇتلۇقنىڭ بارگاھى يەنە قىزىپ كەتتى.

يۇزىنى قىرىپ، ساقال-بۇرۇتلىرىنى قايچىلاپ خۇددى ياش يە-گىتلەردەك روھلىنىپ قالغان ئېل ئۇگەسى چېدىر ئوتتۇرىسىدا تىك تۇرۇپ، مۇشاۋىر ۋە تۇمەنباشلاردىن سورىدى:

— ئى باتۇر سەردارلار، قىينى ئېيتىڭلار، ئۇ جاھىل تۇبۇتلارغا كۇندۇزى تېگىش قىلامدۇق يا كېچىسىمۇ، تېگىش قىلساق قانداق تېگىمىز؟ ئوق ھۇجۇمى بىلەنمۇ يا ئوت ھۇجۇمى بىلەنمۇ؟

كۆتەكتەك پاكار، تاۋۇزدەك دومىلاق كەلگەن بىر تۇمەنباشى ئالدى بىلەن سۆز ئالدى:

— پېقىرنىڭ قارىشىچە، ئوق بىلەنمۇ ئەمەس، ئوت بىلەنمۇ ئەمەس، بەلكى سۇ بىلەن ھۇجۇم قىلغان تۇزۇك. شەھەرنى ئەگىپ ئۆتىدىغان بېشبالىق دەرياسىنىڭ سۇيى ئۇلغىيىپ قالدى. شەھەر پەس-تە، دەريا ئېگىزدە، دۇشمەنلەرنى بىخۇد قىلىپ، دەريانىڭ تۆۋەن قىشىدىن مۇشۇنچىلىك بىر ئېچىق ئېچىۋەتسەكلا تۇبۇتلارنىڭ تۇگىگى-نى شۇ، — دېدى قىزىشىپ. ئۇ «مۇشۇنچىلىك» دېگەن چاغدا قوللىرىنى چەمبەر قىلىپ كۆرسەتتى.

ئۇنىڭ سۆزى كېڭەش ئەھلى ئارىسىدا غۇلغۇلا پەيدا قىلدى.

يىشى چوڭراق بىر تۇمەنباشى دەس تۇرۇپ ئېتىراز بىلدۈردى ۋە دېدى:
— «ئويناپ سۆزلىسەڭمۇ ئويلاپ سۆزلە» دېگەن ھېكمەتنى ئاڭلىمىغانمىدىڭىز تۇمەنباشى؟ ئەجەب بىر گەپ بولدىغۇ بۇ. ماقۇل، دەريادىن ئېچىق ئېچۈەتتۇقمۇ دەيلى، بىراق ئويلاپ بېقىڭ، سۇ ئاز بولسا، تۇبۇتلارغا تالاپەت يەتكۈزەلمەيدۇ. كۆپ بولسا تۇبۇت لەشكەر-گاھىدىن ئۆتۈپ، شەھەرگىمۇ زىيان يەتكۈزىدۇ. شەھەرلىكلەر كىم؟ ئەلۋەتتە بىزنىڭ قېرىنداشلىرىمىز، ئۇلارنى ئۆز قولىمىز بىلەن سۇغا غەرق قىلامدۇق-ھە؟ دەستۇرلاردىكى باپانلارغا قارىغاندا، سۇ ھۇجۇمى سېپىل ئىچىدىكى دۈشمەننى ئەمەس، سېپىل ئىچىگە بېكىنىۋالغان دۈشمەننى ھالاك قىلىشتا قوللىنىلىدۇ...
— ئاڭلىسام، تۇبۇتلارنىڭ ئوقياسى ئوۋ ئوۋلاشقا مۇۋاپىق كېلى-دىكەن، بىزنىڭكىدىن كىچىك بولغاچ، ئاتقان ئوقىمۇ يىراققا بارمايدى-كەن. مەنچە ئۇلارغا ئوق بىلەن ھۇجۇم قىلساقمىكىن دەيمەنا؟
— قانداق ھۇجۇم قىلساق قىلىۋېرەيلى، لېكىن كۈندۈزدە ئاشكارا ھۇجۇم قىلايلى، — دېدى يۈز-كۆزلىرى قويۇق تارتۇق بىلەن توشۇپ كەتكەن تەمىر بۇقا مەيدىسىنى كېرىپ تۇرۇپ، — مەن دۈشمىنىمگە يوشۇرۇن ئوق ئېتىشنى خالىمايمەن، ئارقىدىن ئوق ئېتىش ئوغۇل بالىنىڭ ئىشى ئەمەس...
ئۇ بۇنى دەپ، بۇ ئۇنى دەپ، تالاش-تارتىش خېلى ئۇزۇنغىچە داۋاملاشتى، بەش-ئالتە سانغۇن ئىچىدە ئەقەللىيسى ئىككىسىنىڭ گېپى-مۇ بىر يەردىن چىقمىدى. ئوردۇبالىقتىن كەلگەنلەر بىلەن چابىشلار بىرىدىن كەلگەنلەرنىڭ ئىككى تام بولۇپ قېلىش خەۋپى تۇغۇلدى. ئېل ئۈگەسى ئۇچقىلى قانات راسلاپ تۇرغان قېرى قۇشتەك تەييار تۇرغان ئىناقۇلىغا «گەپ سىزنىڭ» دېگەندەك بېشارەت بېرىۋىدى، ئۇ سەل توختىۋېلىپ، سەردارلارنى ئاغزىغا قاراتقاندىن كېيىن، دېدى:

— ئاۋۇ سەردار توغرا ئېيتىدۇ، سۇ ھۇجۇمى ئەسقاتمايدۇ. ئوق ھۇجۇمىمۇ دۇشمەن ئاز، ئۆز كۆپ بولغاندىلا ئاندىن كارغا كېلىدۇ. ھازىر قانداق؟ دۇشمەن 200 مىڭ، بىز بولساق ئاران 50 مىڭ. ھەرقانچە كۈچلۈك بولغىنى بىلەن، بىر تال ئوقنىڭ تۆت تال ئوققا تەڭ كېلىشكى بەسى مۇشكۇل. ئاشكارا ھۇجۇم دېگەن گەپكە كەلسەك، ئۇمۇ دۇشمەن ئاز ۋە ئۆز كۆپ بولغان، يېڭىپ چىقىشقا تامامەن كۆز يېتىدىغان جەڭلەردە قوللىنىدىغان چارە، دۇشمەن ئالدىدا ئوغۇلبالىچىلىق قىلىمەن دەپ زىيان تارتقاننىڭ پايدىسى يوق. لەشكىريي دەستۇرلاردا ئېيتىپتۇكى...

ئىنانقۇلى قۇتلۇق بىلەن باش قاتۇرۇپ ئويلاپ قويغان جەڭ چارىسىنى ئوتتۇرىغا تاشلاپ ئازراقلا شەرھلىۋىدى، قايىل بولغان سەردارلارنىڭ ئاغزى ئېچىلىپلا قالدى. كېڭەشتىن كېيىن ئۇلار ئىشەنچ بىلەن ئۆز لەشكەرگاھىغا يۈرۈپ كەتتى ۋە جەڭ ھازىرلىقىنى باشلىۋەتتى.

بارگاھ قورۇقچىسى چۆل تۈركلىرىنىڭ ئاقساقىلى چۆيە جىنجۇڭنىڭ بارگاھ تېشىدا ساقلاۋاتقىنىنى مەلۇم قىلىۋىدى، قۇتلۇق «مەرھەمەت» دەپ ئىجازەت بەردى.

چۆيە جىنجۇڭ 50 لەرگە تاقاپ قالغان، ئېگىز بويلۇق، ئورۇق ۋە قارىمۇتۇق كەلگەن ئادەم ئىدى، چىراي-تۇرقىنىڭ قانداش تۇغقانلىرى بىلەن ئوخشىمايدىغىنى ئۈچۈنمىكىن، ياكى كوسا بولغىنى ئۈچۈنمىكىن قوۋمىدىكى قېرىنداشلىرى ئۇنىڭغا «چۆيە توبۇت» دەپلا خىتاب قىلىشاتتى. بۇنداق خىتاب كىچىك پېئىل، چاقچاقچى ئاقساقالغا ھار كەلمەيلا قالماي، بەلكى تىلەپ تاپقاندەك ماقۇل كېلەتتى. «چۆيە توبۇت دەمسىلەر ياكى چۆيە قارلۇق دەمسىلەر، پەرۋايىم پەلەك، پەقەت ئالدىمدا ماختاپ، كەينىمدىن تىللىمىساڭلارلا مەن شۇنىڭغا خۇش»

دەيتتى، ئۇ. قوۋمدىكىلەر ئۇنىڭ غەللە-پاراق، دەۋا-دەستۇر ئىشلىرىدا ھېچكىمگە يان باسمايدىغان، ھەقنى ھەق، ناھەقنى ناھەق دەيدىغان كەسكىن مىجەزىگە تولىمۇ ئامراق ئىدى. ئەقىدىسى شۇنچىلىك چىڭ ئىدىكى، ئۇ ئۇتقا كىر دېسە ئۇتقا، سۇغا كىر دېسە سۇغا كىرىۋېرەتتى، ئۇنىڭ گېپىنى ئەگرى ۋەھىيسىدەك چوڭ بىلەتتى.

بىراق، بۇ قېتىم ئۇنداق بولمىدى، قوۋم-قېرىنداشلىرى «چۇيە تۇبۇت»نىڭ ۋەز-نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالماي، لاقا-لۇقىلىرىنى ھارۋىسىغا بېسىپ، قوي-ئۆچكىلىرىنى ئالدىغا سېلىپ، تۇبۇتلارغا ئەگىشىپ كېتىپ قالدى. ئۇ يالۋۇردى، ھەيۋە قىلدى، بىراق ئۇلار: «سەن ئەمدى ئاقساقىلىمىز ئەمەس، نەپسى بالا ئۇيغۇرلاردىن پاناھ تىلەپ قېلىۋەرگىن» دېگەندىن كېيىنلا ئاندىن ئۇ بۇ ئايىنىشنىڭ تېگىگە يەتتى ۋە ياك شىگگونى ئىزدەپ-سوراپ بېشبالىققا كېلىۋىدى، شۇ يەردىلا قامالغا چۈشۈپ قالدى، قامالدىن قېچىپ قاغان ئالدىغا باردى، لېكىن ئۇ ئوخشاشلا دەشنام يەۋالدىيۇ، ساداقەتتىن يەنىلا قول ئۈزمىدى، قۇتلۇقلارنى باشلاپ كېلىپ، شەھەر سىرتىدا بارگاھ قۇردى. سىپىل ئىچىدىكى ياك شىگگو ۋە بەگ-تۇتۇقلار بىلەن ئالاقە باغلاش ئىشىغا تۇتۇنغىلى ئۈچ كۈن بولغان چۇيە ئاقساقال بۈگۈن يەنە يېڭى خەۋەر ئېلىپ كەلدى.

ئۇلار بىر-بىرىدىن ئەھۋال سوراشتى. تىزغىچە پاتقاق باسقان، ئۈستىۋېشى توپىغا كۆمۈلگەن چۇيە ئاقساقال سالامدىن كېيىن گەپ باشلىدى:

— تۈنۈگۈن كېچە تۈن ھەسسىدە سىپىل ئىچىگە ئوقيا بىلەن پۈتۈك ئېتىشۇدۇق، مانا بۈگۈن ياك شىگگومۇ ئوقيا بىلەن بىزگە پۈتۈك ئاتتى، — دېدى. ئۇ ئارقىدىنلا ئۆتۈكىنىڭ قونچىدىن قاتلانغان بىر پارچە قەغەزنى چىقىرىپ، قۇتلۇققا ئۇزىتىۋىدى، قۇتلۇق ئۇنى ئىناقۇ-

لىغا بەردى ۋە:
— تابغاچلارنىڭ تۆت چاسا خېتىنى پەقەت سىزلا ئوقۇيالايسىز، — دېدى-دە، بېشىنى ئۇنىڭ مۈرىسىدىن ئارتىلدۇردى. ئىناقۇلى خەتكە شۇنداق كۆز يۈگۈرتۈپلا:
— 2000 تابغاچ قورۇقچىدىنمۇ، شەھەر پۇقرالىرىدىنمۇ ئۈمىد كۈتمىسەك بولغۇدەك. يېزىلىشىچە، ئىھتىيات ئامبىرىدىكى ئاشلىقلارمۇ تۈگەپتۇ، قورۇقچىلار ئىتائەتتىن چىقىپ، «قوۋۇقنى ئېچىپ بېرىمىز» دەپ ياڭ شىگونى قىستاۋېتىپتۇ. ئۇلار كۆپ بولغاندا ئونبەش كۈنگە بەرداشلىق بېرەلىگۈدەك، — دېدى، ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ.
— ئۇنداق بولسا، بۇ ئۇرۇشنى تېزلەتمىسەك بولمايدىكەن-دە؟
— شۇنداق، تۇبۇتلار شەھەرگە شۇنداق باش تىقىپ ئالسىلا ئۇلارنى ھەيدىۋەتمەك تەس، تۆكۈلىدىغان قاننىڭمۇ ھېسابى بولمايدۇ...
بېشبالىق ئەتراپىدا ئېغىر ئەل ياتقۇ.
يەر يۈزىدە — بېشبالىق بوسۇغىسىدا يۈز بېرىدىغان كارامەتنى تاماشا قىلىۋالماقچى بولغان يۇلتۇزلارنىڭ كۆزى زۇلمەت پەردىسى بىلەن توسۇپ تاشلانغان. تېخى تۈنۈگۈنلا بىپايان ئاسمان دېڭىزىدا بىخۇدۇك ئۈزۈپ يۈرگەن ئاي كېمىسى بۈگۈن نەلەردىدۇر ئۆكتۈرۈلگەندەك قىلاتتى. كېچە جىمجىتلىقى شەھەردىمۇ ياكى يەر تېگىدىمۇ، ئىشقىلىپ يىراق بىر يەردە قاۋاۋاتقان كاسكا ئىتلارنىڭ ئەنسىز ئاۋازى بىلەن بۇزۇلۇپ تۇراتتى. باھار قۇياشىنىڭ ئارامبەخش ئاپتىپىغا دۈمبىسىنى قاقلاپ، كۈندۈزىلا ئۇيقۇسىغا قېنىۋالغان جېدەلخور چېكەتكىلەر ئۈزۈپ-ئۈزۈپ چىرىلداپ قوياتتى.
سېپىل ئۈستىدىكى قورۇقچىلارمۇ، سېپىل تۈۋىدىكى تۇبۇت لەشكەرلىرىمۇ ئۇيقۇ بۆشۈكىگە بۆلىنىپ، كېچە جىمجىتلىقىدا ئەللەيلىنىپ

چۈش ئالىمىدە تاماشا قىلماقتا ئىدى.

— دۇم... دۇم... دۇم...

دۇك كەينىدە دۇمباق گۈمبۈرلىدى، دۇمباق ئۈنىگە بۇرغا ئاۋازى قوشۇلدى. يەر سىلكىنىپ، ئاسمان تىترىدى. «دۇم» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئوت يېقىلغان بىھېساب ئوتقاشلار ئۇزۇن ئەجدىھاغا ئايلىنىپ، سېپىلنىڭ بۇ بېشىدىن، ئۇ بېشىغىچە سوزۇلدى، غەلۋە-غودۇر ئالەمنى مالەم قىلىۋەتتى.

— ئوت ئېتىلسۇن!

بۇيرۇق بىلەن تەڭ، ئونلارچە ئوتقاش خۇددى ئۇۋىسىدىن ئېتىلىپ چىققان ئوتلۇق تورغايدەك، كىچە ئاسمىنىغا تىك ئۆرلەپ، يەر-زېمىننى كۈندۈزدەك يورۇتىۋەتتى. تىغ ئۆتمەس زەنجىرلىك چاپان ۋە كۆك جالالىق تۇمۇر بۆك كىيگەن مىڭلىغان لەشكەر دۇك كەينىدىن، ئازگاللاردىن، يۇلغۇنلار ئارىسىدىن سەكرەپ چىقىپ غالتەكلىك مەنچاناقلار[1]نى سۆرەپ كېلىپ سېپىل تەرەپكە قارىتىشتى. مەنچاناقنىڭ بىر بېشىغا تاۋۇزدەك-تاۋۇزدەك قارا توپىلارنى قويدى ۋە ئوتقاش بىلەن ئوت يېقىشتى. بىر توپ لەشكەر مەنچاناقنىڭ بىر بېشىنى شۇنداق بېسىۋىدى، ئوت ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ، ئاقار يۇلتۇزدەك ئۇچۇشقا باشلىدى، ئۇدۇل تۇبۇتلارنىڭ لەشكەرگاھىغا بېرىپ چۈشتى.

بۇ، قۇتلۇق ۋە ئىنانقۇللارنىڭ بېشبالىق ئەتراپىغا كېلىپ جايلاشقان ئۈچ ئايدىن بېرىقى ئەڭ چوڭ ھۇجۇمى، شۇنداقلا تۇنجى قېتىملىق ئوت ھۇجۇمى ئىدى.

كۆپ يىللاردىن بۇيان، قۇتلۇق ئەمىرلەشكەر قوروۇقچىسى، مىڭبا-

---

[1] مەنچاناق — تاش ۋە كۆيدۈرگۈچلەرنى يىراققا ئاتىدىغان ئېتىدائىي ھەربىي قورال.

شى، تۇمەنباشى، ۋە ئاخىرىدا ئەمىرلەشكەر نامى بىلەن تالاي جەڭلەرگە قاتناشتى، كۆگمەن تېغىدىن تۆت مەرتەم ئاتلاپ، يىنساي دەرياسىدىن تۆت قېتىم كېچىپ خاكاس ۋە تۇباسلارغا زەربە بەردى. ئەقەللىيسى، ئۇ كىرمىگەن چابىش قوملۇقى، سايان جىلغىلىرى قالمىدى. خۇددى تۇنباغا ئېيتقاندەك، ئۇ نەگە بارسا شۇ يەر تىنچىدى، نەگە ئات سالسا شۇ يەر قارام بولدى، «غالىب سەردار» دېگەن نام ئۇنىڭغا بەجايىكى ئۆز ئىسمىدەك يارىشىپ قالدى.

بىراق، تەڭرى ياراتقان بىر كۈننىڭ يېرىمى يورۇقتا، يېرىمى زۇلمەتكە تەۋە ئىكەن. نۇسرەتمۇ باققانغا بېقىۋەرمەيدىكەن، قاچقاندىن قېچىۋەرمەيدىكەن. ھېچكىمگە ھېچ نەرسە ئۆمۈرلۈك باقمەندە بولمايدىكەن.

شۇ سەۋەبلىك، قۇتلۇق بېشبالىققا كەلگەندىن بېرى تۇبۇت بارگاھىغا ئىككى نۆۋەت ئات سېلىۋىدى، كۆك تەڭرى تۇبۇتلارغا يان باستىمۇ، يا تەقدىرنىڭ كۆزى كور بولغانمۇ، ئىككىلا قېتىمدا سوققا يەپ قالدى، مىڭچە لەشكەر، مىڭچە ئاتتىن قۇرۇق قالغانىنى ئاز دەپ، كۆچىنى ئاشكارىلاپ، ئاجىز يېرىنى چاندۇرۇپ قويىدى.

ھېلىھەم ياخشى، ھاۋا ئىسسىپ، بېدىلىكلەر كۆكىرىپ، ئات ئاغزى كۆككە تەگدى. لەشكەرلەر قېلىن جۇۋىلىرىنى سېلىپ تاشلاپ، قۇش پىيىدەك يەڭگىللەپ قالدى. چابىشلاردىن يېتىپ كەلگەن سەردار-لەشكەرلەر قۇتلۇققا يېڭى ئىشەنچ ئاتا قىلدى-دە، ئۇ يەنە يېڭى جەڭگە يەڭ شىمايلىدى.

قۇتلۇق سىپىل ئىچىنى تىكتىڭلاشنى، ئامال قىلىپ، ياڭ شىڭگو بىلەن ئالاقە باغلاشنى چۇيە ئاقساقالغا تاپشۇردى، تۇبۇت بارگاھىنى چارلاپ كېلىشكە چاققان لەشكەردىن ئونىنى ئەۋەتتى. كېچىلىرى ئۆزى بىللە بېرىپ، سىپىل تۆۋى ۋە بارگاھلارنى ئوبدان كۆزەتتى. مەلۇم

بولدىكى، سىپىل تۆۋىدە ماكان تۇتقان تۇبۇت لەشكەرلىرى شاخ-شۇم-بىدا قاشا ياساپ، ئوت-خەسلەر بىلەن ئۈستىنى ياپقان تۇتاش كەپە-لەردە تۇرىدىكەن، كەپىلەرنىڭ بىر تەرىپى شەھەر سىپىلىغا تاقىلىدى-كەن، ئۈچ تەرىپى ئوچۇقچىلىقتا يۆزلەنگەنىكەن.

قۇتلۇق بۇ كەپىلەرنى چالا-بۇلا كۆرگەندىن كېيىن، كۆڭلىدە ئاجايىپ بىر ئوي بىخ سۇرۇشكە باشلىدى، قايتىپ كېلىپ بۇ ئويىنى ئىنانقۇلغا ئاشكارىلىدى ۋە ئۇنى چېكىپ باقماقچى بولۇپ:

— بۇنداق پاخال كەپىلەرگە ئوت ھۇجۇمىدىن ئۆزگىسى بىكار، تۇگمىدەك بىر ئۇچقۇن چۈشتىمۇ، دۈۋە-دۈۋە شاخ-شۇمبا تۇتىرۇقتەك كۆيۈشكە باشلايدۇ، بۇ ئوت قورقۇنچاق لەشكەرلەرنى، چۆچۈگەك ئات-قېچىرلارنى بىردەمدىلا پاتىپاراق قىلىۋېتىدۇ. دەل شۇ چاغدا ئات-لىقلىرىمىز دۈك كەينىدىن «ئۇر-چاپ» تۈۋلاپ چىقىپ كېلىشىدۇ، — دېۋىدى، قىلنى قىرىق يارىدىغان ئىنانقۇلى ئارسالدى بولغاندەك، ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— لەشكىرىي دەستۇرلاردا ۋەزىرئەزەم جۇگېلىياڭنىڭ كۈچلۈك شامالدىن پايدىلىنىپ، ساۋ ساۋنىڭ لەشكەرگاھىغا ئوت ھۇجۇمى قىلغى-نىلا تىلغا ئېلىنغان، شامالسىز مەۋسۇملەردە ئوت ھۇجۇمى قىلغانلىق خۇسۇسىدا ھېچقانداق مىسال يوق، — دېدى.

قۇتلۇق ئىنانقۇلنىڭ گېپىنى شۇ زامات ئۈزۈپ تاشلىدى:

— دەستۇرلاردا تىلغا ئېلىنمىغانلارنىڭ غەلەت ئىش بولۇشى ناتايىن. كەپىگە ئوت ھۇجۇمى قىلغىنىمىزنى كېيىنكى دەستۇرلارغا تىركەپ قويىسىزدە مۇشاۋىر...

— تىركەپ قويسام قوياي، بىراق، كەپىلەرگە ئوتنى قانداق ياقىمىز؟ ئوتقاش تاشلايلى دېسەك، ئارىلىق يىراق، ئوت كۆتۈرۈپ يېقىن بارساق، تۇبۇتلارمۇ ئەما ئەمەس، — دېدى، ئىنانقۇلى قۇتلۇققا

سوئال نەزىرىدە تىكىلىپ، — چاندۇرساقلا چاناقنىڭ چوگى چىقىدۇ بۇ ئىشتىن...

— بۇ تەرىپىنىمۇ ئويلاپ قويدۇم، چۆيە ئاقساقالنىڭ ئېيتىشىچە، بېشبالىقنىڭ يۇقىرىسىدا، ئالتۇنتاغنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە يەر تەكتىدىن قايناپ چىقىدىغان قوڭۇر رەڭلىك بىر خىل ياغ بار ئىكەن. بۇنداق ياغقا ئوت يېقىلسا چاپسان ئوت ئالىدىكەنۇ، ئۆچۈپ قالمايدىكەن. بۇ يەردىن ياغبۇلاققا بارغۇچىلىك تۆت-بەش كۈنلۈك مۇساپە تامامەن بىزنىڭ ئىلكىمىزدە، ئۆتەڭلەردە ئات-ئۇلاغلىرىمىزمۇ كەم ئەمەس. ئون-بەش ئاتلىق لەشكەرنى بۇگۈنلا يولغا سالىمىز، ئۇلار سوغا-قاپاقلار بىلەن ياغ ئېلىپ كەلگۈچە پاخال-مەنگەنلەردىن تۇرمەل ياسايمىز، تۇرمەللەرنى ياغقا چىلاپ ئوت ياقىمىز.

— ئوت ياققان تۇرمەللەرنى تۇبۇتلارنىڭ ئالدىغا يۇمىلىتىپ ئاپىرىمىزمۇ؟

— يەنە غەلەت گەپ قىلدىڭىز مۇشاۋىر، دۈڭ كەيىندىكى نەچچە ئون مەنجانىقنى يادىڭىزدىن چىقاردىڭىزمۇ؟

ئىنانقۇلى پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويۇپ، پېشانىسىگە پاققىدە بىرنى ئۇردى ۋە:

— ئىسىم قۇرسۇن ئىل ئۆگەسى، مەنجانىقلاردا سېپىلغا تاش ئاتقىلى بولغان يەردە، تۇرمەلنىمۇ ئاتقىلى بولىدۇ-دە، سىز راستىنلا ئاقىل ئادەمكەنسىز جۇمۇ، — دېۋىدى، قۇتلۇق ئۇنىڭ ھېلىقى گەپلەرنى يەنە تەكرارلىشىدىن قورققاندەك، گەپنى ئۇستىلىق بىلەن باشقا تەرەپكە بۇرۇۋەتتى...

ئاقار يۇلتۇزدەك ئۇچۇۋاتقان ئوتلۇق تۇرمەللەر كەپىلەرگە ئوت تۇتاشتۇردى، كەپىدىن-كەپىگە ئۆتۈپ، كەلكۈندەك يامراۋاتقان ئوت يالقۇنى سېپىلنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىنى تامامەن ئۆز ئىلكىگە

ئېلىنۋالدى.

سېپىل تۆۋىدە دوزاخ پەيدا بولدى. چارسلداپ كۆيۈۋاتقان كەپە لىملىرى قاراسلاپ ئۆرۈلۈپ، چۆچۈپ كىشنەۋاتقان ئاتلارنىڭ، تېپىرلا - ۋاتقان ئادەملەرنىڭ بېشىغا چۈشۈپ قاقشاتقىلى تۇردى. ئۇلۇغ ئوت يالقۇنى مەھكەم تاقالغان تۆمۈر قوۋۇقنى، ئېگىز-پەس قوختىلارنى ۋە دۆڭ چوققىلىرىنى قان چاچقاندەك قىزارتىۋەتتى. ئوت ئارىسىدا مىسالى سەمەندەر[1] دەك تاقلاپ يۈرگەن تۇبۇت لەشكەرلىرى جان ئاچچىقىدا داتلاشقا باشلىدى.

دۆڭ تۆپىسىدە تۇرغان قۇتلۇق «پەيت كەلدى» دەپ پىچىرلىدى ۋە ئالقىنىغا تۈكۈرۈپ، قىلىچىنى سۇغۇرۇپ، ئۇنى بېشبالىق تەرەپكە شىلتىدى.

— ئەي، يىلپىز سۈپەتلىك چەۋەندازلار، ئوت ئىچىدە جان تالىشىپ يۈرگەن ئاۋۇ دۈشمەننىڭ ئۈستىگە باتۇرلارچە ئات سې- لىڭلار، ئەل - بۆرىنىڭ شان - شۆھرىتى ئۈچۈن جېنىڭلارنى پىدا قىلىڭلار! — دېدى، چاپچىپ تۇرغان ئاسلقارانىڭ تىزگىنىنى قويۇۋې- تىپ «ئۈچ تولپارىم» دەپ خىتاب قىلدى.

ئاسمانغا ئوتقاش ئېتىلدى. قاناتلانغان ساماۋى دۈلدۈلدەك، تۈ- مەنمىڭ ئات دۆڭ كەينىدىن ئۇچۇپ چىقتى. جەڭ چۈشەپ، جەڭ سېغىنغان قورقماس لەشكەرلەر نەيزىلىرىنى تېقىمىغا قىسىپ، قىلىچ- شەمشىرىنى پۇلاڭلىتىپ، توپتوغرا سېپىل تۆۋىگە يېتىپ كەلدى ۋە ئوت ئىچىگە شۇڭغۇدى.

قۇتلۇق ئۇن سالغان پېتى دۆڭ كەينىدىن ئۇچۇپ چىقىپ، لەشكەرلەرنىڭ ئەڭ ئالدىدا ئات چاپتۇرۇپ ماڭدى. ئىنانقۇلى ساقلاۋات-

---

[1] سەمەندەر — رىۋايەتلەردىكى ئوت چاشقىنى. ئۇ ئوت ئىچىدە ياشارمىش.

قان دۆڭ بىلەن سىپىل ئارىسىدىكى كىچىكرەك بىر تۆپىلىككە كەلگەندە، ئىتنىڭ بېشىنى بۇراپ، دۆڭ تۆپىسىگە چىقىپ، ئوت يورۇقىدا ئۇچۇق كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاتلىقلارنىڭ يۈرۈشىگە نەزەر سېلىشقا باشلىدى.

ئۇيغۇرلاردا ئۇدۇم بولغان جەڭ قائىدىسىدە، پەۋقۇلئاددە ئەھۋال كۆرۈلمىسىلا، ئەمرلەشكەر جەڭگە كىرمەيتتى، جەڭگاھنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدىغان بىر يەردە تۇرۇپ، جەڭ ئەھۋالىنى كۆزىتەتتى، دۇمباق بىلەن بۇيرۇق بېرەتتى، مىڭ ئۇقياچى لەشكەر بىلەن بىر تۇمەنباشى ئۇنىڭ يېنىدا تەق بولۇپ تۇراتتى، ئاجىز يەرگە لەشكەر يۆتكەيتتى، زۆرۈر تېپىلسا، بۇ زاپاس لەشكەرلەرنىمۇ جەڭگە سالاتتى.

كۆپ ئۆتمەي، ئوت يالقۇنى بارا-بارا پەسلەۋاتقان سىپىل تەرەپتە، غەلىتە بىر ھال پەيدا بولدى. قىلىچ ئوينىتىپ، لاچىندەك تېز ئۇچۇپ كېتىۋاتقان ئاتلىقلار ئادەم بويى ئېگىزلىكتىكى ئۆستەڭ قىرىدىن ئاتلاپلا خۇددى يەر يۇتقاندەك، قۇتلۇقنىڭ نەزىرىدىن بىر-بىرلەپ غايىب بولۇۋەردى. قاش كەينىدىن يانار تاغدەك پۇرقۇپ چىققان قويۇق توپا شىددەت بىلەن يۇقىرى ئۆرلەپ، كۆيۈپ چوغقا ئايلانغان كەپەلەرنىمۇ، كەپە كەينىدە ھۆرۈن ئۆكۈزدەك سوزۇلۇپ ياتقان قوۋۇق — سېپىلنىمۇ بىردىنلا ئۆز كەينىگە يوشۇردى. يەر-جاھان يەنە زۇلمەت ئىچىگە غەرق بولدى.

«بۇ نېمە ئىش؟ ئەجەبا، يەر يېرىلىپ، ئاسمان يىقىلدىمۇ؟ ياكى جەڭ ئىلاھى ئۇلۇغ سولدى ئاتلىق لەشكەرلەرنى ئۆز دەرگاھىغا چىللاپ كەتتىمۇ؟»

قۇتلۇق ئاچچىق ئىستىن ياشاڭغىراپ تۇرغان كۆزلىرىنى قايتا-قايتا ئۇۋۇلىۋېتىپ، قوللىرىنى ئېگەرنىڭ قۇشبېشىغا مەھكەم تىرەپ لىككىدە ئۆرە بولدى، سېپىل تەرەپكە قايتا-قايتا كۆز تاشلىدى. ئەمما

ئۇ تىلسىماتتەك قارىيىپ تۇرغان بىر پارچە بوشلۇقتىن ئۆزگە، ھېچ نەرسىنى كۆرەلمىدى، يامان ئۇيىلار كۆڭلىدىن كېچىپ، يۈرىكىمۇ «قارت» قىلىپ قالدى.

— دۇمباق چېلىپ سوراپ بېقىڭلار، ئاۋۇ يەردە نېمە كېلىشمەسلىك بولدىكىن؟

قۇتلۇق دۇمباقچىلارغا بۇيرۇق قىلدىيۇ، دۇمباقچىلارغا ئىشەنمىگەندەك، ئاتتىن چۈشۈپلا دۇمباق كالتەكنى تارتىۋالدى. «دۇم... دۇم... دۇم...» قىلغان كۈچلۈك سادا يەر-جاھاننى تىترەتتى. جەڭ مىزانىدا ئۇلاپ ئۇرۇلغان بۇنداق ئۈچ ئاۋاز «جەڭگاھتىن لەشكەر ئەۋەتىپ، جەڭ ئەھۋالىنى جىددىي مەلۇم قىلىڭلار» دېگەن مەنىنى ئاڭلىتاتتى.

قۇتلۇق دۇمباق چالدى، دۇمباق ئۇنى تېخى ئەۋجىگە يەتمەيلا بېشىنى ساڭگىلىتىپ، ئۆلەر-تىرىلىشىگە باقماي ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقان بىر لەشكەرنىڭ گەۋدىسى ئوتقاش شولىسىنىڭ دائىرىسىگە كىرىپ كەلدى. لەشكەر كېلىۋېتىپ:

— لەشكەرلىرىمىز... لەشكەرلىرىمىز... يوشۇرۇن خەندەككە دۈچ كەلدى...، — دەپ توۋلىدى، دۈڭ باغرىغا كىلەر-كەلمەيلا «پالاققىدە» قىلىپ يىقىلدى.

«يوشۇرۇن خەندەك؟...»

قۇتلۇق ئاتاق دادىسى تۇنباغانىڭ بىر چاغلاردا ئېرتىش بويىدىكى قارلۇق قەلئەسىگە ھۇجۇم قىلغاندا يوشۇرۇن خەندەككە دۈچ كەلگىنىنى ۋە ئۇيلىمىغاندا نەچچە مىڭ لەشكىرىدىن ئايرىلىپ قالغىنىنى يادىغا ئالدى، ئىختىيارسىز چۆچۈپ، دۈڭ ئۈستىدىن پەسكە سىيرىلدى. ئات ئالدىدا جىمجىت ياتقان ئۇ لەشكەرنى شۇنداق يۆلەپلا، تۆپە-تۆپىلەپ سوئال ياغدۇردى:

— ھەي باتۇر لەشكەر، كۆزۈڭنى ئاچ، ئۇ يەردە خەندەك باركەن دېدىڭمۇ-ھە؟

— ... ... ...

— تەگرىنىڭ ھەققىدە، بىردەم بولسىمۇ كۆزۈڭنى ئاچ-دە، خەن-دەكلەر ھەققىدە سۆزلەپ بەر...

— ... ... ...

قۇتلۇقنىڭ ئىلتىجاسى ئۈنۈم بەردى. دۇمبىسىگە ئوق قادالغان بۇ لەشكەر ئۇزۇن كىرپىكلىرىنى بىر ھازا تىترەتتى-دە، قاپىقىنى كۇ-چەپ كۆتۈرۈپ كۆزلىرىنى ئاچتى. بىراق، تەقدىر يەنە كاج كەلدى. ئۇ جىمى قۇۋۋىتىنى لەۋلىرىگە يىغىپ، ئاغزىنى ئەمدىلا ئېچىۋىدى، بولدۇقلاپ ئېتىلىپ چىققان قىزىل قان ئۇنى ھەرىكەتتىن توختاتتى.

— كۆك تەگرىم كۆك قەرىدىن جاي بەرسۇن...

قۇتلۇق ئىچىدە دۇئا قىلدى. ئۇ لەشكەرنى جايىغىلا ياتقۇزۇپ قويۇپ، قولىنى تىزىغا تىرىدى ۋە مىڭ پاتمان يۈك كۆتۈرگەن قېرى ھامماللەك، ئاران ئۆرە بولۇپ، «ئات كەلتۈرۈلسۇن» دەپ بۇيرۇق قىلدى.

ئاسلىقارا كەلتۈرۈلدى. ئۇ ئاتقا مىنىپ، كەينىگە بۇرۇلدى-دە، پەرمانبەردار تۇمەنباشىغا:

— خەندەككىچە چېپىپ بېرىپ ئاتتىن چۈشۈڭلار، ئاتلىرىڭلارنى دالدا قىلىپ، نامەرد تۇبۇتلارغا ئاياۋسىز ئوق ئۈزۈڭلار، — دەپلا سىپىل تەرەپنى كۆزلەپ، قۇرغۇيدەك تېز ئۇچۇپ كەتتى.

«بېشبالىقنى پىششىق بىلىدىغان چۇيە ئاقساقالمۇ، ئۇستى-ئۇستى-لەپ ئەۋەتىلگەن تىڭتىڭچى لەشكەرلەرمۇ تېخى تونۇغۇنىچە بېشبالىق سىپىلىنىڭ يۈز چامدام بېرىسىدە شەھەرنى ئەگىپ ئۆتىدىغان بىرلا قۇرۇق ئۆستەڭ بار دەپ مەلۇمات بېرىشمىگەنىدى؟ ئەجەبا ئۇلار

ساختا مەلۇمات بەرگەنمىدۇ؟ ياق... ئۆزى ھەم يولغۇن دۆڭ-
نىڭ كەينىدە تۇرۇپ ئۆستەڭ قېشىنى كۆزەتكەن ئەمەسمىدى؟ بۇ
ئۆستەڭ نېمە بولۇپ بىردىنلا خەندەك بولۇپ چىقتى؟ يايلاق كۆچۈپ
يۈرىدىغان تۇبۇتلارنىڭ خەندەك جېڭى قىلغىنىنى كىم ئاڭلىغان؟ بۇ
ئاشۇ ئاسىي قارلۇقلارنىڭ ئەقلى بولماي، يەنە كىمنىڭ ئەقلى بولماق-
چىدى؟ تۇبۇتلار بىز كەلگۈچە ئۆستەڭ ئورنىدىن خەندەك قېزىپ،
چاندۇرماي نىقابلاپ قويغان بولسا-ھە؟...»

قۇتلۇق ھەش-پەش دېگۈچىلا ئۆزى كۆرگەن ئاشۇ «ئۆستەڭ» بويىغا يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ قىياسمۇ توغرا بولۇپ چىقتى. بىر ياقتىن ئوق ئۈزۈپ، بىر ياقتىن خەندەك ئىچىدە ئامان قالغانلارنى قۇتقۇزۇش بىلەن ھەپىلىشىۋاتقان تەمىر بۇقىدىن ئۇ، قارا بوراندەك بېسىپ كېلىۋاتقان ئاتلىقلارنىڭ توساتتىن نىقابلانغان چوڭقۇر خەندەككە دۈچ كېلىپ، بىرمۇنچىسىنىڭ موللاق ئاتقىنىنى، مۆكۈپ ياتقان تۇبۇتلارنىڭ يولى توسۇلغان لەشكەرلەرگە يامغۇردەك ئوق ياغدۇرۇۋاتقىنىنى بىلىۋالدى.

قۇتلۇق سېپىل تۈۋىنى تېزلىك بىلەن كۆزىتىپ چىقتى. «لاپ» قىلىپلا ئوت ئالغان ئوت-خەسلەر ئاللىقاچان كۆيۈپ بولغان، ئوت ئۆچۈپ ھەممە يەرنى قاراڭغۇلۇق قاپلىغانىدى. ئوق يامغۇرى ھېلىھەم يېغىپ تۇراتتى، تالاپەتمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. بىراق، ئوق ئاتقان تۇبۇتلارنى كۆرۈپ بولمايتتى. سۆزسىزكى، نەلەردىدۇر مۆكۈپ ياتقان دۈشمەنلەر ئوتقاش كۆتۈرۈپ يۈرگەن ئۇيغۇر ئاتلىقلىرىنى ئېنىق كۆرۈپ تۇراتتى ۋە خاتاسىز ئوق ئۈزمەكتە ئىدى. بىرتۈمەن ئۇستا مەرگەن تەق تۇرغان بىلەن، تۇبۇتلارغا ئوق ئېتىش نىشانسىز مۇشت ئاتقاندەك ئەخمەقلىق بولاتتى. بۇ يەردە تۇرۇۋېرىش بىھۇدە قان تۆكۈلۈشتىن دېرەك بېرەتتى.

لەشكەر تەقدىرىنىڭ قىل ئۈستىدە تۇرۇۋاتقىنىنى سەزگەن قۇت-

لۇق شۇ هامان بۇيرۇق قىلدى:

— ئوتقاشلارنى ئۆچۈرۈڭلار قاپاق باشلار، ئوق ئېتىشنى توختى-تىپ، خەندەكتىكىلەرنى قۇتقۇزۇڭلار!

ئوتقاشلار ئۆچۈرۈلدى. زۇلمەت قوشى يەنە ئۇۋىسىدىن چىقتى. ھاسسى يوق ئەمادەك، ئۇدۇل كەلگەنلا يەرگە ئۇسۇپ يۈرگەن ئاتلىق لەشكەرلەر باشلىرىنى تاشپاقىدەك ئىچىگە تىقىشىپ، قالقانلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ قويۇق ئوقتىن پاناھلانغاچ، تەرەپ-تەرەپكە پىتىرىغىلى تۇر-دى. قالقانلارنىڭ جاراڭ-جۇرۇڭى، ئۆز ئىزىدا پىرقىراۋاتقان جەڭ ئاتلىرىنىڭ كىشنەشلىرى، ئۈزەڭگىلەرنىڭ، نەيزىلەرنىڭ بىر-بىرىگە سوقۇلۇشلىرى، يارىلانغان لەشكەرنىڭ ئېچىنىشلىق ئىڭراشلىرى قىيا-مەتنى ئاشكارا قىلدى. قۇتلۇقتىن بەرھەم يېگەن سانغۇن-سەركەر-دىلەرنىڭ كۆچەپ تەرتىپكە چاقىرىشلىرىمۇ، تەھدىت بىلەن توۋلاشلى-رىمۇ ھېچنېمىگە دال بولالمىدى.

تاڭغا يېقىن ھاۋا بۇزۇلدى. تۇبۇت باخشىسى سېھىر قىلدىمۇ، تەستە كەلگەن باھار پەسلى بىر تىنىقتا قىشقا ئۆرۈلدى. توساتتىنلا جۇدۇن ئۆرلەپ، توپا ئارىلاش قار يېغىشقا باشلىدى. تۇتۇق ئاسماندىن پىلدىرلاپ چۈشۈپ يەر يۈزىگە تېگەر-تەگمەي ئېرىپ كەتكەن قار ئېرىق-ئېرىق ئەگىز سۇ بولۇپ ئات ئىزىدا ئۇيۇپ قالغان قانلارغا قوشۇلدى ۋە ئات ئايىغىدا دەسسەپ-چەيلەندى، بېرىپ-بېرىپ، گىل رەڭلىك قىزىل تۇپراققا سىڭىپ كەتتى.

قۇتقۇزۇلغانلار قۇتقۇزۇلدى، قالغانلار قالدى. ئاسارەتلىك كېچە تۈگەپ، كۈنچىقىش تەرەپ ئۇيۇپ قالغان قىزىل قاندەك قىزىرىپ، ئاھانەتلىك يېڭى تاڭدىن بېشارەت بولغان چاغدا، ئاداققى توكۇر سەردار تەمىر بۇقا مىسالى كەسلەنچۈكتەك ئۆملەپ، تاقىر دۆڭ ئارىسى-دىكى سوغۇق لەشكەرگاھقا قايتىپ كەلدى.

# 33. يول ئوردۇبالىققا

— ئەي غەمگۇزار ئانا، مېھر-شەپقەت دېڭىزىدەك داۋالغۇپ، ھارارەتتە مىڭ قۇياشقا تەڭ تۇرىدىغان ئاشۇ نۇرلۇق كۆزلىرىڭنى ئاچ، ئانا مېھرىگە زارىققان، يېتىم قوزىدەك غېرىب بولغان ئوغلۇڭغا قاراپ بىر قېتىملا كۈلۈپ قوي، ئوغلۇڭنىڭ مىڭ يىللاپ سۇ كۆرمىگەن باغىيان قۇملۇقىدەك چاڭقاق يۈرىكى بىردەم بولسىمۇ سۇ ئىچىۋالسۇن.

ئەي، ئۇمايدەك مېھرىبان ئانا، قېنى، ئوغلۇڭغا بىر دىدار كۆرسەت. سەندىن ئايرىلىپ، يېتىملىك دەستىدە سەرگەردان بولۇپ، كۆڭلى ئېگىلگەن چاغلاردا ئىسسىق چىرايىڭنى سېغىنغان ئوغلۇڭ تەۋەررۈك دىدارىڭنى كۆرۈپ، كۆڭۈل يارىسىغا مەلھەم چېپىۋالسۇن.

ئانا، ئورنۇڭدىن تۇر، ئورنۇڭدىن تۇرۇپ، ئالەمدەك كەڭ قۇچىقىڭنى ئاچ. تىنچ باغرىڭدىن ئايرىلىپ، دۇنيا جاڭجاللىرىغا شېرىك بولغان، قان-ياش بىلەن ھەپىلىشىپ، يۈرەك باغرى قېتىپ كەتكەن بىچارە بالاڭ ئىسسىق قۇچىقىڭدا ئەركىلىۋالسۇن ۋە سەبىيلىكىنى تېپىۋالسۇن.

مەن بىلىمەن، سەن بىر گەز بوز تۇپراقنىڭ تېگىدە، ئوغلۇڭ ئۆز قولى بىلەن قازغان گۆرنىڭ ئىچىدە ئارامخۇدا ئۇخلاپ ياتىسەن، ئەمدى سېنى ھېچكىم تاڭ ئاتماستىلا ئويغاتمايدۇ، ئوغلۇڭ يىغلاپ قەغىش قىلمايدۇ، ئېچىرقىغان قوي-ئۆچكىلەر مەزگىلسىز مەرەشمەيدۇ. ئۇ يەردە ئۆزگىرىشچان دۇنيانىڭ يامغۇر-يېشىنى يوق، تاغ تەرەپتىن كېلىدىغان لەشكەرلەرنىڭ ئالۋان-ياسىقىمۇ يوق.

ئوغلۇڭ ئوبدان بىلىدۇ، سەن ئەمدى تۇرالمايسەن، كۆز ئېچىپ،

دىدارىڭنىمۇ كۆرسىتەلمەيسەن. ئىشەنگىن، سېنى ئەمدى «تۇر» دەپ زورلىمايمەن، كۆزۈڭنى ئاچ دەپمۇ تەڭلىكتە قويمايمەن، پەقەت ياتقان يېرىڭدە خاتىرجەم يېتىپ ئوغلۇڭنىڭ گەپ-سۆزلىرىگە ئوبدان قۇلاق سال، دەپلا ئۆتۈنىمەن.

ئوغلۇڭغا ئېيتىپ بەرگىنچۇ، قار ياغقاندا، يامغۇر چۈشكەندە، چاقماق چېقىپ، خۇشال قىلغاندا ۋە ياكى ئايەم كېلىپ تىلاۋەت پەيتى يەتكەندە سەن بۇ يەردە دادامنى كۆردۈڭمۇ؟ دۇرۇت ئوقۇپ، ئىسرىق ياققىنىنى، قەبرەڭنى سۈپۈرۈپ، سۇ سەپكىنىنى، ئاكامنىڭ ۋە يەنە بىر نامەلۇم ئادەمنىڭ قەبرىسى ئالدىدا تاشقىن كەبى ياش تۆككىنىنى تۇيۇپ ياتتىڭمۇ؟

قىياسىمچە، سەن بەلكى خاتىرەڭگە ئورنىشىپ قالغىنى بويىچە «داداڭ، تاشيۈرەك ياغلاقارلارنىڭ تۇتقۇنىغا ئايلانغان، ئېھتىمال ئۇ تاياق يەپ ناھەق ئۆلگەندۇ، ئېھتىمال، قايسىبىر جەڭگاھتا جېنىدىن ئايرىلىپ، نامەلۇم بىر قەبرىدە ئۇخلاپ ياتقاندۇ» دەپ جاۋاب بېرەرسەن ۋە بەلكى «ئۆلگەننىڭ تىرىلگىنى بارمۇ؟» دەپ سۆز ياندۇرۇپ، ئوغ-لۇڭنى نادانلىقتا ئەيىبلەرسەن.

ئاڭلاپ تۇر ئانا، ئوغلۇڭ چوڭ بولدى، سەندىن ئايرىلىپ، يىغلاپ-قاقشاپ نۇرغۇن قىش ۋە نۇرغۇن يازنى ئۆتكۈزۈپ، باللىقتىن چورتلا قول ئۈزدى. ئەمدى ئۇ توختالغان ئادەم، بۇ ئادەم سەن سەزمىگەننى سېزىۋالدى، سەن بىلمىگەننى بىلىۋالدى. شۇڭا ئۇ ئۆز دادىسىنىڭ ھېچقاچان ئۆلمىگىنىگە، بۇ دۇنيادا، بۇ زېمىننىڭ قايسىبىر بۇلۇڭىدا ھېلىھەم ھايات يۈرگىنىگە شەكسىز ئىشىنىدۇ.

سەندىن ئۆتۈنەي، بۇنداق ھاياجانلانما، ئوغلۇڭغا گۇمان نەزىرى بىلەن قارىما، يالغان ئېيتقان بولسام ئۆلگىنىمدە ھايۋان بولاي. بىلە-مەن، سەن دېگەندەك، ئۆلگەنلەرنىڭ روھناتى تىرىك قالسىمۇ، تېنى

مەڭگۈ تىرىلمەيدۇ. بىراق دادام ئۆلمىگەن. ئۇنىڭ روھىمۇ تىرىك، تېنىمۇ تىرىك. گەپلىرىمگە يەنە ئىشەنمەمسەن؟ ئوغلۇڭنى خىيالپەرەس دەپ ئەيىبلەمسەن؟ ئانا، سەن ئۇنداق قىلما، جىمجىت يېتىپ گەپلە-رىمنى ئۇبدان ئاڭلا ۋە ئاندىن كېيىن بىر نېمە دە.

ئاكام كەتتى، دادام كەتتى، ئۇلارنىڭ كەتكىنى ساڭا بەكمۇ ئېغىر كەلدى. ئاخىر يىغلاپ يۈرۈپ سەنمۇ كېتىپ قالدىڭ. مەن بولسام بۇ دۇنيادا يالغۇز ئۇچقان تورنىدەك يېتىم قالدىم، مەڭدەپ-مەڭدەپ، ھاياتىمدىن ئۈمىد ئۈزۈپ، بۇ جاندىن كېچەي، ئاخىرەتكە بېرىپ ساڭا ھەمراھ بولاي دېدىم. بىراق، ئۆزۈڭ بەرگەن خىسلەتلىك ئۇشۇق ماڭا يول كۆرسەتتى، يېتىم-يېسىرلارنىڭ بېشىنى سىلايدىغان ئىلاھىم ئۇماي يېتىم ئوغلۇڭنى بىر ياخشى ئادەمگە، بىر ياغلاقارغا يولۇقتۇردى. ئۇنداق دېسەم يەنە خاپا بولۇپ قالما، ئىشەنگىنىڭكى، ئىنسانىي مۇھەببەت ئۇ-رۇق-قوۋمدىن ئەلا بولىدىكەن، ئادەمگەرچىلىك ئۇرۇق-قوۋم چېگرىسى-دىن ئاتلاپ كېتەلەيدىكەن.

شۇنداق قىلىپ، يانىي دوزاختا تېگىرقاپ يۈرگەن ئىدىم، بىردىنلا جەننەتكە چىقتىم. يېتىم بولغان ئىدىم، ئاتىلىق بولدۇم، يالغۇز قالغان ئىدىم، قېرىنداشلىق بولدۇم. ئاچ-زار يۈرگەن ئىدىم، راھەتكە ئۇلاش-تىم. ياغىنىڭ ئىچىدىكى بۆرەكتەك يۈرۈپ شۇنى بىلدىمكى، مۇھەببەت بۆلەك-بۆلەك بولىدىكەن، يات ئادەمنىڭ ئەڭ ئوبدىنىمۇ ئۆز ئاتا-ئاناڭ-غا يەتمەيدىكەن. قاغىنىڭ قەسرىمۇ ئۆز ئۆيۈڭدەك ئىللىق بولمايدى-كەن. پاراغەتتە ياشساڭمۇ، ئاتا-ئاناڭ، غېرىبانە كەپەڭ بىر دەممۇ كۆز ئالدىڭدىن كەتمەيدىكەن.

خۇشال چاغلىرىمدىمۇ سېنى سېغىندىم، خاپا بولغاندىمۇ سېنى سېغىندىم. سېغىنغىنىمدا پۇرسەت بولسىلا قەبرەڭگە كېلىپ، توپىسىنى تۇتىيا بىلىپ، كۆزۈمگە سۈرتتۈم، قەبرەڭدىن ئۈنۈپ چىققان يېشىل

ئوتلارنى ئىسسىق كۆز يېشىم بىلەن سۇغاردىم.

گەپنىڭ مۇھىمى مانا بۇ يەردە، ھەر قېتىم قەبرەڭ تاۋاپىغا كەلگەندە نېمىلەرنى كۆردۇم، بىلەمسەن؟ دادام تۆككەن كۆز يېشىنىڭ چېكىم-چېكىم داغلىرىنى كۆرۈپ قالدىم، ھەربىر زەررە تۇپراقتىن تونۇش ھىدىنى پۇراپ قالدىم، يوغان-يوغان ئىزلىرىنى تونۇپ قالدىم.

شۇ چاغدا، قەبرەڭ بېشىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، ساڭا قاراپ «دادام ئۆلمەپتۇ، ئۇ تېخى ھايات» دەپ شەپە بەردىم. بىراق، ئاۋازىمنى ئاڭلىيالمىدىڭمۇ، ئەقىدەڭدىن يالتايغۇڭ كەلمىدىمۇ ۋە ياكى تاسادىپىي زاھىر بولغان بۇ ھەقىقەتنى دەماللىققا قوبۇل قىلغۇڭ كەلمىدىمۇ، «داداڭ راستتىنلا ھايات» دەپ تەستىق بەرمىدىڭ. مەن ئىككىلەندىم. ئانام تەستىق قىلمىغان ئىكەن، بۇنداق بولۇشى بەلكى مۇمكىن ئەمەس دەپ ئويلاپ قالدىم.

جېنىم ئانا، ھايات چېغىڭدا بىر ئىشنى «ئۇنداق» دېسەڭ، مەن «مۇنداق» دېگەن ئەمەسمەن. سېنى ئۇماي دەپ بىلىپ، ئەقلىڭ دۇردانىلىرى بىلەن كۆڭۈل كۆلبەمنى زىننەتلەپ كەلگەنمەن. ھېلىھەم سېنى ئىنسان زاتىنىڭ ئەڭ ئەقىللىقى، ئايال زاتىنىڭ تاجدار قاغانى دەپ ھېسابلايمەن. ئەمما، سەندىن بىر سوئال سورايمەن، تەنتەكلىكىمدىن خاپا بولماسلىقىڭنى ئۆتۈنىمەن. سېنىڭ قەبرەڭ بىلەن ئاكامنىڭ قەبرىسى ئارىسىدا يەنە بىر قەبرىنىڭ پەيدا بولۇپ قالغىنىغا ئەمدى نېمىمۇ دېيەلەيسەن؟ بۇ كىمنىڭ قەبرىسى ۋە بۇ غەلىتە قەبرىنى كىم ياسىدى دېگەنلەرنى ئويلاپ باقتىڭمۇ؟ كۆرمىدىم ۋە ئويلاپ باقمىدىم دەمسەن؟ ئۇنداقتا يەنە بىر نۆۋەت سەۋر قىلغىن، بۇ تېجىمەل، ساراڭ تەقدىر بىزگە شۇنداق غەيرىي ۋە شۇنداق خاتا بىر يەكۈننى ئىنئام قىلغانكى، مەن دادامنى ئۆلدى دەپ ھېسابلىغاندەك، دادامۇ مېنى ئۆلدى دەپ ھېسابلىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاتىلىق قەرزى

ئۇچۇن بۇ كىچىككىنە قەبرىنى ياساپ، ئۇنى ماڭا نىشانە قىلغان ۋە دۇئا-تەكبىرلىرى بىلەن مېنى ياد ئەتكەن!

كۆپ بىلجىرلاپ ئارامىڭنى بۇزغىنىمنى كەچۇرگىن ئانا. يەنە دېسەم، ئۇغلۇڭنىڭ قول ئاستىدا ئىنانقۇلى دەيدىغان بىر ياغلاقار بار، بۇ ئاقىل مۇشاۋىرنى كىم دەپ ئويلايسەن؟ ئۇ دەل سەن كۆرگەن، مەن كۆرگەن، كۆرۈپلا قالماي، بىزنى بوزەك قىلغىنى ئۇچۇن، غۇرۇر-لۇق ئۇغلۇڭ ئۆز قولىنىڭ دۇمبىسىنى بىر چىشلەپلا ئۈزۈۋالغان ھېلىقى ئۈزۈن تورا لەشكەرنىڭ ئۆزى شۇ. ئۇ چاغدا دادامنى تۇتۇپ كەتكەن، ئۆيىمىزگە كۆتۈرگۈسىز دىشۋارچىلىقلارنى ئېلىپ كەلگەن بۇ لەشكەر-نى، ياق، بۇ سەردارنى پارچە-پارچە قىلىپ، گۆشىنى بېشبالىقنىڭ لالما ئىتلىرىغا تاشلاپ بەرگۈم كەلدى. بىراق پەرمان بىلەن ئىش قىلغىنى، دادامنىڭ يېرىم يولدا قېچىپ كەتكىنىدىن خەۋەر بېرىپ، قىياسىمنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاپ بەرگىنى ئۇچۇنلا ئاچچىقىمغا ھاي بەردىم، ئۇنى كەچۇردۇم. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپلا، قانات چىقىرىپ قۇش بولسام، جىمى ئالەمنى ئايلىنىپ، دادامنى ئىزدەپ تاپسام ۋە ئايىغىغا باش ئۇرسام دېدىم. شۇنداقتىمۇ، قولۇمدا قاغاننىڭ پەرمانى، زىممەمدە ئەل-يۇرت-نىڭ ئېغىر يۈكى بار، قېنى، جەڭ توگىسۇن، بېشبالىق قولغا ئۆتسۇن، دېگەن ئويى بىلەن سەۋر-تاقەت ساقلىدىم، ئۆز-ئۆزۈمگە چەك قويدۇم.

ئانا، ئۇغلۇڭغا ئۇنداق مەنسىتمەسلىك نەزىرى بىلەن قارىما، بېشبالىقتىن كەلگەن شاماللار ساڭا ھەممىنى ئېيتىپ قويۇپتۇ ئەمەسمۇ؟ مېنى تولا خىجىل قىلما، ئۇمىدىڭنى يەردە قويۇپ، ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم نۇسرەتسىز جەڭ قىلغاچقا، ئۇنىڭسىزمۇ يۈزۈمنى قويىدىغانغا يەر تاپالمايۋاتىمەن. ھېلىقى مۇشاۋىر «جاھاندا ھەممە جەڭدە غالىب كېلى-ۋېرىدىغان سەردار يوق، گەپ، ئەل رايىنى قولدىن بېرىپ، دۇشمەنگە يول ھازىرلاپ بەرگىنىمىزدە. سىزلا بولىدىكەنسىز، بېشبالىق ھامان بىر

كۈنى ئەل قوينىغا قايتىپ كېلىدۇ» دەپ كۆڭلۈمنى ياسىغان بولسىمۇ، لېكىن ئوغلۇڭ ساڭا يۈز كېلەلمەيدۇ، تاراس قاغانغا يۈز كېلەلمەيدۇ.

— توۋا، ئانا، يەنە تاراس قاغانغا يۈز كېلەلمەيمەن دەپ يۈرىمەنا، ئەمدى توغرىسى، قاغاننىڭ روھىغا يۈز كېلەلمەيمەن دېگىنىم تۈزۈك. چۈنكى، يېڭى بىر جەڭگە ھازىرلىق كۆرۈپ تۇرغان چېغىمدا ئوردۇبالىقتىن يەنە بىر يامان خەۋەر كېلىپ قالدى. تاراس قاغان، ئېنىقىنى دېسەم، ئوغلۇڭغا مۇرەببە بولۇپ، ئاتىلارچە خوۋلۇق كۆرسەتكەن ھېلىقى ئوبدان كىشىنىڭ يالغۇز ئوغلى تاراس قاغان نامەلۇم سەۋەب بىلەن ئۆلۈپ قاپتۇدەك. ئۇنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئوردۇبالىقتا يەنە نېمىلەرنىڭ يۈز بەرگىنىنى بىلىپ بولمايدۇ. شۇڭا ئوغلۇڭ مۇشاۋىر ئىنانقۇلنى بېشبالىق لەشكەرگاھىدا توختىتىپ قويۇپ، ئىككى تۈمەن لەشكەرنى باشلاپ ئوردۇبالىققا ئاتلاندىم. ئوغلۇڭ ئوغۇز سۈتتۇڭدەك پاك نىيەتنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ، كىچىك ئايچورنى قاغان تىكلەيمەن. ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشسىمۇ بەردەم تۇرۇپ يۈلىشالمەن. دادامنى تېپىپ، ئۇنى سېنىڭ ئالدىڭغا باشلاپ كېلىمەن.

— خەير خوش ئانا، ئوغلۇڭ كېچە-كۈندۈز يول بېسىپ، ئوردۇبالىققا بالدۇرراق يېتىپ بارمىسا بولمايدۇ. ماڭا ئاق يول تىلە، نۇسرەت تىلە، سېنىڭ تىلەكلىرىڭ ئوغلۇڭ ئۈچۈن شەمشەردىن ئۆتتىك، نەيزىدىن خاسىيەتلىك...

قۇتلۇق بىر چاغلاردا ئۆزلىرىنىڭ جەدە ئېتى ئوتلايدىغان قويۇق چىملىقتا ئەمدىلەتىن كۆكلەۋاتقان يۇمران چۆپلەرنى مەززە قىلىپ يەۋاتقان ئاسلقاراغا مىنىۋالدى. قامچىنىڭ ئۇچىنى كۆرە-كۆرمەيلا يورغىغا چۈشكەن قېرى ئات ئۇنى بىر دەمدىلا لەشكەرلەر چۈشكۈن قىلغان كەڭ بوشلۇققا ئېلىپ كەلدى. بېشبالىقتىن تەگرىقاغان يولىنىڭ ئاچىلغىچە يۈگۈرۈپ دېگۈدەك مېڭىپ كەلگەن ئاتلىق لەشكەرلەر بۇ

چاغدا تويۇپقىنە ئىسسىق غىزا يەپ، قانغۇچە ئۇخلاپ ئوبدانلا تېتىكلىشىپ قالغانىدى. ئۆپكىلىرى جايىغا چۈشۈپ، قورساقلىرى تومپايغان ئاتلار يەرگە تېپىپ بىقارار بولۇشاتتى.

لەشكەرگاھقا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، قۇتلۇقنىڭ ئۇخلاشقىمۇ، قىزىقراق بىر پىيالە چاي ئىچىشكىمۇ رايى بارمىدى. تۈمەنباشىلارغا بۇيرۇق قىلىپ سەردار-لەشكەرلەرنى جىددىيلەتتى ۋە ئۇلۇغ ئاش ۋاقتى بىلەن يەنە يولغا چۈشتى.

قۇتلۇق دۈمبىسى قورۇلۇپ، تىزلىرىنىڭ ئوتتا كۆيگەندەك ئۆيۈشۈۋاتقانلىقىغا قارىماي، ئات ئۈستىدە يەنىلا ياش يىگىتلەردەك تېتىك ئولتۇراتتى. دۇبۇلغىنىڭ ئىككى تەرىپىدىن خۇددى تاش قىسىلچاقلىرىدا ئۈنگەن ئوتتەك بۆرتۈپ چىققان قۇلاق ساقىلى يايلاق شامىلىدا يېنىك يەلپۈنەتتى، ئۇ ئوڭ قولى بىلەن تاسما تىزگىننى مەھكەم سىقىمدىۋالغان، چەپ قولىنى ئات ئېگىرىنىڭ قوش بېشىغا تىرىۋالغانىدى. ئېگەرنىڭ چەپ تەرىپىگە غانجۇغىلانغان تۆمۈر قالقان ئېگەر زىننەتلىرىگە ئورۇلۇپ، ئات يورغىسىغا تەڭكەش قىلىپ جاغ چالغاندەك، رىتىملىق شەپىلەرنى تارقىتاتتى.

ئاسلىقارا يورغىلايتتى. قۇتلۇقنىڭ پارقىراپ تۇرغان كۆزلىرى يىراقلارغا، ئاجايىپ ئىشلار يۈز بېرىۋاتقان ئوردۇبالىق تەرەپكە تىكىلگەنىدى. بېشبالىقتىن ئايرىلغان چېغىدىلا ئۆچمەيدىغان سىرلىق شولىدەك، كۆز ئالدىغا كېلىۋالغان ھەر خىل تەخمىنلەر تۇتۇق بەرمەس قۇش مىسالى ئۇزاپ باراتتى. قۇتلۇق ئۇنى قوغلايتتى، ئۇنى تۇتۇپ، ئىچ-قارنىنى يېرىپ، تەخمىنلەرنىڭ تېگىنى بىلمەكنى ئىستەيتتى.

كۆز قارىچۇقىغا تىكەنلەردەك سانجىلىۋاتقان كۈچلۈك شولا، ئەينەكتەك پارقىراپ تۇرغان كەڭ دالا قۇتلۇقنىڭ كۆزىنى قاماشتۇراتتى، ئارامىدىن مەھرۇم قىلاتتى. شۇنداق چاغلاردا ئۇ يول تونۇيدىغان

ئاسلقارانى ئۆز ئەركىگە قويۇپ بېرىپ، كۆزلىرىنى يۇمۇۋېلىشقا، كۈچ-لۈك نۇر بىلەن شىكەستلەنگەن سەزگۈسىنى ئازراق ئارام ئالدۇرۇۋې-لىشقا مەجبۇر بولاتتى. ئۇ كۆزلىرىنى يۇمدىمۇ، كۆز ئالمىسى بىلەن ھارغىن قاپاقلىرىنىڭ ئارىسىدا ياغلاقارنىڭ جىددىي چىرايى ئايان بولاتتى-دە، لەۋلىرى گەپكە كېلەتتى.

— چاپسان كەل ئاكا، — دەيتتى ئۇ، كۆزلىرى ئۇچۇق قالغان، قورسىقى دومبىيىپ، چىرايى قەغەزدەك تاتارغان تاراس قاغاننىڭ سوزۇ-لۇپ ياتقان مېيىتىنى كۆرسىتىپ.

— ئاكا، تەگرىدىن قانات تىلە، بولمىسا ئۆلگۈرەلمەيسەن، مېنىڭ تېخى ئىش كۆرمىگەنلىكىمنى بىلىسەنغۇ ئاخىر، — دەيتتى ئۇ ئاغزىنى ئۇمچەيتىپ، بوينىنى قىسىپ تۇرغان باللىرىغا ئانا بۈركۈتتەك قانات يېيىپ تۇرۇپ.

ئوغلى قۇلانقارا ئۇنى چاقىراتتى، قىزى ئايچەچەك ئۇنىڭغا يالۋۇ-راتتى، ئۇلارنىڭ چاقىرىش ۋە يالۋۇرۇشلىرىدا بىر ئېغىزلا سۆز، يەنى «چاپسان كەل دادا» دېگەن بىر ئېغىزلا ئىلتىجا سالماقلىق ئورۇن تۇتاتتى.

قۇتلۇق «قارس» قىلغان قامچا ئاۋازىدىن ياكى باش ئۇستىدە ئۆزى بىلەن تەڭ ئۇچۇۋاتقان شۇم قاغىلارنىڭ تۇيۇقسىز قاقىلداشلىرى-دىن تۇرۇپلا چۆچۈپ، كۆزلىرىنى ئاچاتتى، كۈن-كۈنلەپ كىرپىك قاقمىغاچقىمۇ، ئاتلىق كېتىۋېتىپ ئۇخلاپ قالغىنىنى تۇيۇپ قالاتتى.

«چۈش دېگەن بەربىر چۈش، خىيال دېگەن بەربىر خىيال» دەپ ئويلايتتى ئۇ ئۆز كۆڭلىنى تەسكىن تاپقۇزۇپ، «ئېھتىمال شۇم خەۋەرنىڭ ئۆزىمۇ چۈشتۇر، ۋە بەلكى خەۋەرچىنىڭ بىخەستەلىكى-دىن ئۇ خەۋەرگە يالغان ئارىلاشقاندۇر. ئېھتىمال ئوردۇبالىقتا ھېچ ئىش يۈز بەرمىگەندۇر، ھەممە ئادەم سەللىمازا ساق، ھايات ئۆتكەن كۈنلەر-

دىكەك داۋام قىلىۋاتقاندۇر...»

ئوردۇبالىققا بىر كۈنلۈك يول قالغاندا، لەشكەر بېشىنىڭ ئەڭ ئالدىدا جەڭ ئىلاھى سولدى مىنگەن ئاق بوز ئاتنى يېتىلەپ كېلىۋاتقانلار توساتتىن بىر جەسەتنى بايقاپ قېلىشتى. كۆكسىگە خەنجەر تەگكەن بۇ يىگىتنىڭ نامەلۇم قاتىللار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگىنىنى ۋە ئۇنىڭ ياغلاقارنىڭ ئاتباقارى ئىكەنلىكىنى بىر قاراپلا بىلىۋالغان قۇتلۇق سانغۇن «ئەھۋال چاتاق» دەپ پىچىرلىدى، لەشكەرلەرنى ئات چاپتۇرۇپ ئىلگىرىلەشكە بۇيرۇدى. ئەتىسى كۈن تىكلەنگەن چاغلاردا ئۇلار ئوردۇبالىق بوسۇغىسىغا يېتىپ كەلدى.

ئوت چىققان مەۋسۇملاردا شەھەر سىرتىدىكى يايلاقلارغا تولۇپ كېتىدىغان ئاق ئۆيلەرنىڭ ئەمدى بىرىمۇ كۆرۈنمەيتتى، بىرەر چوپان ياكى بىرەر قويمۇ كۆزگە چېلىقمايتتى. جەڭگاھتىن قايتقانلار كۈتۈلىدىغان شاھسۇپىدىمۇ قاغان تۇگۇل، بىرەر سانغۇنمۇ، بىرەر مۇلازىممۇ يوق ئىدى. دېھقانچىلىق قايناپ كېتىدىغان بۇنداق پەسىلدە بىرمۇ دېھقان ئېتىزغا چىقمىغان، ئەتىيازلىق ئۇسا قىلىنمىغان ئېكىنزاردا بوران ئۇچاتتى...

قۇتلۇق تەڭرىقاغان يولىنىڭ ئاغزىدىن چىقىپ، بىر غېرىچ قېلىنلىقتا توپا بېسىپ، تاشلاندۇق كەپىدەك غېرىبسىنىپ قالغان شاھسۇپىنىڭ يېنىدىن ئۆتتى. ئۇ سەردارلارغا خاس سەزگۈرلۈك بىلەن ئۇن نەچچە تىڭتىڭچى لەشكەرنى ئالدىن ماڭدۇرۇپ، ئاستا قەدەم بىلەن ئىلگىرىلەشنى داۋام ئەتتى. تىڭتىڭچىلار ئاتلىرىغا تىنماي قامچا ئۇرۇپ، ئاسمانپەلەك توپا ئۆرلىتىپ قايتىپ كەلگۈچە، قۇتلۇقمۇ تۈن ئاسمىنىنىڭ بىر پارچىسىدەك قارىيىپ تۇرغان تەڭرىقاغان قوۋۇقى ۋە شەھەر سېپىلى خېلى ئېنىق كۆرۈنىدىغان بىر مەنزىلگە يېتىپ كېلىپ، لەشكەرلەرنى توختاشقا بۇيرۇدى. ئېھتىياتنى ھەمراھ قىلغان قۇتلۇق ساز-

غۇن ئاۋۋال تىگىتىگچىلارنىڭ نىمە دەيدىغىنىنى ئاڭلاپ باقماقچى بولغا-
نىدى.
ئېغىزىنى ئات كۆتۈرگىنىگە قارىماي، ئاغزىنى ئاپتاپتا قالغان
بېلىقنىڭ ئاغزىدەك يوغان ئېچىپ، هاسىراپ-هۆمۈدەپ يېتىپ كەلگەن
تىگىتىگچىلار يەنە بىر شۇم خەۋەرنى ئېلىپ كەلدى. تىگىتىگچىلار
ئارىسىدىكى بىر مىڭباشى قۇم-شېغىلدەك قولاشمايۋاتقان گەپلىرىنى
ئاران ئۇقتۇرۇپ:
— شە... شە... شەھەرنى توپىلاڭچىلار... ئىگىلىۋاپتۇ، سېپىل
قو... قوۋۇقنى تاقىۋاپتۇ... — دېۋىدى، يەنە بىر تىگىتىگچى مىڭباشى-
نىڭ گېپىنى تولۇقلاپ دېدى:
— توپىلاڭچىلارنىڭ كا... كاتتىسى قوۋۇق تۆپىسىگە چىقىۋاپتۇ،
تېخى...
«ئۈچ كۈندىن بېرى قاپىقىم بىكار تارتىمىغان ئىكەندە، ھېلىقى
ئۆلگۈر قاغىلارچۇ تېخى...»
قۇتلۇق مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىنى ئالدىن بىلىدىغاندەك، شۇم
خەۋەردىن چۆچۈپمۇ كەتمىدى، چىرايىنىمۇ ئۆزگەرتمىدى. ئۇ قوۋۇق
تەرەپكە قاراپ دېمىغىنى قېقىپ، مۇنداقچىلا كۈلۈپ قويدى - دە،
سالماق ئاۋاز بىلەن:
— لەشكەرلەر ئاستىراق سۈرئەت بىلەن ئىلگىرىلىسۇن، —
دېدى، سەردارلارنىڭ ئۈيلىمىغان يېرىدىن چىقىپ.
تىگىتىگچىلار ئېيتقاندەك، ئوردۇبالىق قولدىن كەتكەن، قوۋۇق
تاقالغان تەقدىردىمۇ بۇ يەردىن لەشكەر قايتۇرۇشقا بولمايتتى. قايتۇردى
دېگەندىمۇ، لەشكەر يەنە نەگە باراتتى، ئوزۇق-تۈلۈك ئۆكسىگەن،
لەشكەرلەر چارچاپ، ئاتلار بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان
بۇنداق چاغدا لەشكەرلەر يەنە نەگىمۇ بارالايتتى؟ چارۋا ئوغرۇقلاپ،

ئاشلىق ئۈزۈلگەن سىرقتال مەۋسۇمدا قايسىبىر قەبىلە بۇنچە كۆپ لەشكەرنى بېقىپ كېتەلەيتتى؟

بۇ پەقەت لەشكەرنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلگەن سەردارنىڭلا ئەندىشىسى ئىدى. قۇتلۇق بولسا ۋىجدان بۇرچى ئۈچۈنلا بۇ مەنزىلدىن بىر قەدەممۇ كەينىگە چېكىنمەيتتى. ئۇيغۇرنى ئۇيغۇر قىلغان، ئۇيغۇرنىڭ يۈرىكىدەك توختاۋسىز سوقۇپ تۇرغان بۇ شەھەرنى، جاندىن ئەزىز باللىرى ۋە جانجىگەر يۇرتداشلىرىنى نامەلۇم ئاسىيلارغا تاشلاپ بېرەلمەيتتى. ئۇنى ئۈندەپ تۇرغىنى—ئۇرۇش، پەقەت ئۇرۇشلا ئىدى. بۇنداق چاغدا ئۇرۇش قىلىش — يېڭىشتىن، چېكىنىش — يېڭىلىشتىن دېرەك بېرەتتى.

بىراق، ئاسىيلارنىڭ كاتتىسى كىم بولسا بولسۇن، ئۇنىڭ كۈچى قانچىلىك ئاجىز بولسۇن، قۇتلۇق دۈشمىنىگە ھەرگىز سەل قارىيالمايتتى. ئۆزلىرى ئايدالادا، ئوچۇقچىلىقتا، دۈشمەن بولسا مۇستەھكەم سېپىل بىلەن قورشالغان شەھەر ئىچىدە تۇراتتى، ئوزۇق-تۈلۈكتىن ۋاقتىنچە قىسىلمايتتى. ئاشۇ ئېگىز ۋە قېلىن سېپىل شەھەر تېشىدىكىلەر بىلەن ئىچىدىكىلەرنىڭ مەقسەت مۇددىئالىرىنى، ئۇچۇر-خەۋەرلىرىنى بىر-بىرىدىن ئايرىپ تاشلايتتى. شەھەر ئەھۋالى، ئاسىيلارنىڭ كۈچى ۋە تۇزاق-ھىيلىلىرى بارىدا قۇتلۇق تېخى ھېچنېمە بىلمەيتتى. ياغلاقار ۋە نەچچە مىڭ تورغاق لەشكەرلەرنىڭ دۇچ كەلگەن قىسمىتى پەرەزدىكى ئىش ئىدى...

قۇتلۇق لەشكەر سېپىنى بۇزمايلا قوۋۇق ئالدىدىكى ئوق يېتىم يەرگە كېلىپ توختاپ تۇرۇپ، شەھەر سېپىلىگە سەپسالدى. سېپىل قوختىلىرى ئۈستىدە ئۇخلاپ قالغان لەگلەك قۇشتەك سالپىيىپ تۇرغان غەيرىي ئەلەملەرنى كۆرۈپ، ئىچ-ئىچىدىن يىغا قايناشقا باشلىدى، يۈرەك باغرى قوچىغاندەك ئېچىشتى. قوۋۇق ئۈستىدە بەگبارىسىنىڭ

يىرگىنچلىك چىرايى پەيدا بولغاندا بولسا ئۇ تەئەججۇپتە تۇۋلىۋەتكىلى قىل قالدى.

«ئۇ بەگبارىسمۇ ياكى بەگبارىسنىڭ دوزاختىن قېچىپ كەلگەن ئەرۋاھىمۇ؟ بەگبارىس ياردىن ئۇچۇپ ئۆلگەن ئىدىغۇ؟ ئەرۋاھى بولسا، ئۇ نېمىدەپ بەگبارىستەك سەت ھېجىيىدۇ؟ نېمىدەپ بەگبارىستەك كۆرەك كۆرۈنىدۇ؟...»

قۇتلۇقنىڭ كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كەتكۈدەك چوڭ ئېچى-لىپ، چىشلىرى شېغىل چايناشقاندەك غۇچۇرلاشقا باشلىغاندا بەگبارىس دوغىلاق گەۋدىسىنى تىترىتىپ تۇرۇپ، قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى ۋە:

— قاغاننىڭ ئالدىدا تىزلانمايدىغان قانداق ئەدەپسىز لەشكەر-سەن؟ تىزلان، چاپسان تىزلان دەۋاتىمەن سېنى... — دېدى، مۇ-شۇكنىڭ قوۋيرۇقىدەك يوغىلۇق بارمىقىنى قۇتلۇققا قارىتىپ.


«ئۇ ئەسلىدە ئۆلمىگەن ئىكەن-دە؟...»

يۈرىكىنى يىرتىپ چىققان بىر ئاچچىق سىزىم قۇتلۇقنىڭ بېشىغا ئۆرلەپ، چېكە تومۇرلىرىنى چوكىدەك-چوكىدەك كۆپتۈرۈۋەتتى، تەن-لىرى تومۇ تەگكەندەك جوغۇلدىدى. ئۇ ئۆلگەن مۇردا تىرىلگەندەك ھاڭ-تاڭ بولۇۋاتقان سەردارلارغا قاراپ قوۋۇق تۆپىسىنى ئىما قىلىپ:

— قاراڭلار، ئۇ سەۋدايىغا ئوبدانراق سەپسېلىڭلار، ئۇ قاغانمىش، ئۇ قاغانمىش تېخى، — دەپ پىخىلداپ كۈلدى ۋە قىلىچىنىڭ سېپىنى ئېزىۋەتكۈدەك چىڭ سىقىمدىدى:

— كەمىنە ئېل ئۆگەسى ھېچقاچان ئۇيغۇر قاغانىنى كۆرگىنىم يوق، كۆرۈۋاتقىنىم ئاتاچۇق بۆرىنىڭ ئازغۇن پۇشتى، ئۇ ئالەمدىن قېچىپ كەلگەن بىر گۇناھكار ئەرۋاھ، ئۆلۈمگە مەھكۇم ئاسىي! — دەپ تۇۋلىدى ئۇ چىڭقىلىپ تۇرۇپ.

— كۆزۈڭنى ئوبدان ئاچ، مەن قاغان، ئالتۇن تاج كىيگەن،



ئالتۇن كۇرسىدا ئولتۇرغان سەلتەنەتلىك قاغان!

— ئاسماندا قۇياش بىر، يەردە قاغان بىر، ئۇ بولسىمۇ تاراس قاغان!

— تاراس قاغان؟ تاراس قاغان دېگىنىڭ كىم ئۇ؟ ئۇنىڭ قاغان بەگبارسنىڭ قولىدا ئاللىقاچان بىر مۇردىغا ئايلانغىنىنى، ياغلاقار قوۋ-مىنىڭ ئاتامانى بەگبارسنىڭ قاغانلىق تەختىگە ئولتۇرغىنىنى تېخى بىلمەيۋاتامسەن؟ ھا... ھا... ھا...، ھەي بىچارە، ھەي بىچارە...

ئۇلار بىرى پەستە، بىرى ئېگىزدە تۇرۇپ، خېلى بىر چاغقىچە تىل جېڭى قىلىشتى، گاھى ياقا تۇتۇشتى، گاھى پومۇداقلاشتى. بەگبا-رىس «بەيئەت قىلىپ، گۇناھىڭنى تىلە» دېدى. قۇتلۇقنىڭ نەشتەردەك سانجىلىۋاتقان ئاچچىق جاۋابى بەگبارسنىڭ يىغىرىغا تەگدى. ئۇ ئې-شەكتىن چۈشكەندەك چۇشۇپ كەتتى، قىلمىشلىرى ئاشكارىلىنىپ، زۇۋانى تۇتۇلدى، كەينىگە قاراپ شۇنداق بىر چالۋاقۇندى، لەشكەرلەر 15 ــ 14 ياشلار چامىسىدىكى ئىككى بالىنى سۆرىگەنچە ئېلىپ كېلىپ قوۋۇق ئۈستىگە ئېلىپ چىقتى ــ دە، بەگبارسنىڭ ئىككى يېنىغا بىردىن تۇرغۇزۇپ قويدى. چاچلىرى قوتاز قۇيرۇقىدەك چۇۋۇلغان، ئۇستىۋېشى يىرتىلغان بۇ باللار پەسكە قاراپ قوللىرىنى ئۇزۇن سوزدى ــ دە، زىل ئەمما زەئىپ ئاۋاز بىلەن «دادا...» دەپ توۋلىدى، قۇتلۇقنىڭ يۈرىكى قىزىق ياغدا داغلانغاندەك پۇچىلىنىپ كۆزلىرىگە بىردىنلا قاراڭغۇلۇق تىقىلدى، يوغان گەۋدىسى ئىختىيارسىز ئالدىغا تاشلاندى.

— ئوغلۇم قولانقارا، قىزىم ئايچەچەك، ھەرگىز قورقماڭلار، داداڭلار سىلەرنى قۇتۇلدۇرىدۇ...

بۇ يىل يىل ھېسابىدا، قولانقارا 16 گە، ئايچەچەك 14 ياشقا كىرگەنىدى. قولانقارا بوي-بەستتە دادىسىنى تارتقان، خۇي-پەيلى ئانىسىنىڭكىدەك مۇلايىم ۋە رايىشلىققا مايىل ئىدى. ئۇ سەككىز يېشى-

دىلا ئات مىنىشنى ئۆگىنىۋالغان بولۇپ، ئۈچ يىلدىن بېرى، قاتتىق قول مەشقاۋۇلنىڭ تەربىيىسىدە، جەڭ ئىلمىدىن تەلىم ئېلىۋاتاتتى. ياغلاقار بىرەر ئىش بىلەن ياقا يۇرتقا كېتىپ قالمىسىلا، ئۇنىڭدىن تابغاچچە جانبازلىقنى ۋە قوش ئوق ئېتىشنى ئۆگىنەتتى.

بېشبالىققا ئاتلىنىشتىن بۇرۇن، قۇتلۇق ئوغلىنى سىناپ بېقىپلا ئۇنىڭ ئات ماھارىتى ۋە ھەر خىل جەڭ قوراللىرىنى ئىشلىتىشتە خېلى-خېلى لەشكەرلەردىن قېلىشمايدىغانلىقىغا كۆز يەتكۈزدى، ئۇنى بېشبالىققا ئېلىپ بېرىپ، راست جەڭگە قاتناشتۇرۇشنى كۆڭلىگە پۈك-تى. بىراق، تۇبۇتلار بىلەن بولىدىغان بۇ قېتىمقى جەڭ ئۇنداق-مۇن-داق جەڭلەرگە ئوخشىمايتتى، تۇبۇتلار بىلەن ئېلىشىپ باقمىغان بولغاچ، بۇ جەڭدە ئەھۋالغا قاراپ يول تۇتماي بولمايتتى. ئىشەنچ بولغان بىلەن، نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغىنىنى ئالدىن مۆلچەرلەش قىيىن ئىدى. ئەگەر بىرەر كېلىشمەسلىك يۈز بېرىپ قالسا، قۇتلۇق كەدىرەنىڭ روھى ئالدىدا يەرگە قاراپ قالاتتى.

شۇڭا، ئۇ ئوغلىنىڭ «سەن مەندەك چېغىڭدا 1000 لەشكەرگە سەردار بولۇپ چېكلار يېرىگە جەڭگە بېرىپسەن، ئەمدىلىكتە مېنى كىچىك چاغلاۋاتامسەن» دەپ دەۋا قىلغىنىغا قارىماي، ئۇنى ۋە ئۇنىڭ سىڭلىسىنى مەشقاۋۇل بىلەن ياغلاقارنىڭ ھىمايىسىگە تاپشۇرۇپلا بېشبا-لىققا كېتىپ قالغانىدى. ئوخلىسا چۈشىدىن، ئويغانسا كۆز ئالدىدىن كەتمەيۋاتقان، كۆرگىلى كۆزى تۆت بولغان ئاشۇ يۈرەك پارىلىرى مانا بۇگۈن رەقىبىنىڭ قولىغا چۈشۈپ، ئۆزى ئۇچۇن رىيازەت چەكمەكتە، گۆر لېۋىگە قىستاپ بېرىلماقتا ئىدى. نىھايەت چوڭ بىر خەۋپ-خەتەر ئۇلارنىڭ بېشىدا بەئەينى ئۆلۈم ئەلچىسىدەك ئەگىپ يۈرەتتى. كىچىك-كىنە چاتاق چىقسىلا قانخور بەگبارس قىلىدىغىنىنى قىلىۋېرەتتى. يامىنى، بۇلارنىڭ ھەممىسى قۇتلۇقنىڭ كۆز ئالدىدىلا يۈز بېرىشى

مۇمكىن ئىدى.

بەگبارىس يەنە بىر قېتىم سەۋدايىدەك قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى. ئۇ بالىلارنىڭ بېشىنى قولتۇقلىرىغا تاۋۇز قىستۇرغاندەك قىستۇرۇۋېلىپ، پەسكە قاراپ دېدى:

— ئىقرارمەن، سەن بىلەن خۇپپىيانە تۇتۇشتۇم، تابغاچ ئاسىيلى- رىغا ئات بېرىپ، تاڭ شاھىنى غۇلاتماقچى بولدۇم. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ دادام ئۆيتقاندەك، مەنمۇ قاغان بولالايتتىم، زەردار بولالايتتىم، ئاخىر نېمە بولدۇم، قاغانمۇ، زەردارمۇ بولالمىدىم، قاغان قولىدا مەھبۇس بولغىلى تاس قالدىم. تانمايمەن، ئۆزۈم ئۈچۈن تاراسنىڭ دادىسىنى ئۆلتۈرمەكچى بولدۇم. تاراس مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى، بىراق مەن ئۆلمىدىم، بىر توپ ئەگرى قارىغاي جېنىمنى ساقلاپ قالدى. تاغ-جىرا- لاردا، چۆل-جەزىرىلەردە سوقۇنۇپ يۈرۈپ قىساس پۇرسىتىنى كۈتتۈم. بۆكۈ قوۋمگە بېرىپ، بۇ پۇرسەتنى ئاخىر تېپىۋالدىم. ئېرىنى دادىسى- دىن چوڭ بىلگەن ۋاپاسىز قىزىمنى ئۆلتۈرۈپ، بىر يولىلا قىساس ئالدىم. لەشكەر، سەردارلارنىمۇ بىر ھىيلە بىلەنلا بەند قىلدىم. سەن بىلىسەن، تابغاچلاردا «يەڭگەنلەر شاھ بولۇر، يېڭىلگەنلەر قۇل» دەيدىغان بىر تەمسىل بار. مەن يەڭدىم، شۇڭا قاغان بولدۇم، سىلەر يېڭىلدىڭلار، شۇڭا قۇل بولدۇڭلار، ساڭا كەلسەم، بېشبالىقتىن قايتىپ كەلمەي، تۇبۇتلارنىڭ قولىدا جان بەرگىنىڭ ئوبدانىراق بولار ئىدى. خەيرىيەت، ھېلىھەم قايتىپ كەپسەن، بىر قۇلنىڭ قاغان ئالدىدا نېمە قىلىشى كېرەكلىكىنى ئوبدان بىلىسەن، ئامراق بالىلىرىڭمۇ مېنىڭ ئالقىنىمدا تۇرۇپتۇ، قاراپ تۇرۇپ خەتەرگە ئۆزۈڭنى ئۇرمىغىنىڭ تۈزۈك...

قۇتلۇقنىڭ كۆڭلى ئاينىپ، قۇسقۇسى كەلدى، پەيلىرى تارتى- شىپ، مۇسكۇللىرى يىغىۋاشتىن ھەرىكەتكە كەلدى. ئۇ لەۋلىرىنى

يالاپ، بىنەمدەك قوروپ كەتكەن قىلىن كالپۇكلىرىنى ئازراق نەمدىۋال-دى-دە:

— كاپشىما چاللات، — دېدى ئۇ بارمىقىنى بەگبارسىنىڭ كۆزىگە تىقىۋەتمەكچى بولغاندەك چىنەپ تۇرۇپ، — ئېشەك تاج كىيىۋالسىمۇ بەرىبىر ئېشەك، ئېشەك قانچە ئۇنلۇك ھاڭرىسىمۇ بەرىبىر ئېشەك. ئىپلاس قولۇڭ تەڭرى يارلىقلىغان ئۇلۇغ قاغاننىڭ قېنى بىلەن بويالغان تۇرۇپ، ئۆزۈڭنى يەنە قاغان دەۋاتسەنغۇ تېخى، بۇ ئالەم ئىگىسى بار ئالەم، قېنى، كۆك تەڭرىدىن سوراپ باق، قوڭۇر يەردىن سوراپ باق، ئاۋۇ ئۆتۈكەندىن، قوۋم-خالايىقتىن سوراپ باق، قايسىبىرى سېنى قاغان دەپ تەن ئالىدىكەن؟ سۇلالە كاتتىلىرى نەزىرىگە ئېلىپ ئوتتۇغات بېرەمدىكەن؟ بالىلىرىم گۇناھسىز، نېمە دېيىشسەڭ مەن بىلەن دېيىش، ئۇلارنى ياخشىلىقچە قويۇپ بەر، بوينۇڭغا ئارغامچا سېلىپ، گۇناھىڭغا تَوۋا قىل!

بەگبارس قوتلۇقنىڭ دومباق ئاۋازىدەك يانغۇ بېرىپ تۇرغان بۇ سۆزلىرىگە تەمكىن تۇرۇپ قۇلاق سالدى، يۈرىكىگە ئوغا بىلەن سۇغى-رىلغان يا ئوقىدەك تەسىر قىلىۋاتقان بۇ سۆزلەرنى يەنە ئاڭلىغۇسى باردەك، بىردەم جىم تۇردى. ئۇ قوۋۇقنىڭ كۆنچىقىش ۋە كۈنپېتىش تەرىپىگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈۋالغاندىن كېيىن، تېپىرلاۋاتقان باللارنى قولتۇقلىرىغا تېخىمۇ مەھكەمرەك قىسىپ تۇرۇپ:

— قاغان دېگەن قاغاندەك ئىش قىلىدۇ، كۆرمىش-ئەتمىشنى تەڭرىنىڭ ئىرادىسىگە باغلايدۇ. مۇنداق بولسۇن، تۇرغان يېرىڭدە جىم تۇرۇپ، ماڭا قارىتىپ بىر تال ئوق ئۈز، ئوقۇڭ ماڭا تەگسە تەقدىر-پې-شانەمدىن كۆرۈمەن ۋە تەڭرىنىڭ دەرگاھىغا قاغانلىق نامىم بىلەن كېتىمەن. مۇبادا، ئوق بالاڭغا تەگسە، ئۆز بالاڭنى ئۆز قولۇڭ بىلەن ئۆلتۈرگەن بولۇپ، ئەل-يۇرتنىڭ نەپرىتىگە قالىسەن. مەن بولسام

قاغانلىق نامىم بىلەن سېنى قاتىللىق گۇناھىڭ ئۈچۈن ئۆلۈمگە بۇيرۇي-مەن! — دېدى.

تۇيدۇرماي تۇزاق قۇرۇشتا دادىسىدىن يەتكۈچە تەلىم ئالغان بەگبارىس بۇنداق ھالقىلىق دەقىقىلەردە تەۋەككۈلگە ئۆزىنى ئۇرىدىغان نادانلاردىن ئەمەس ئىدى. نۇرغۇن يىللىق ئىلىشىشلارنىڭ يەكۈنى سۈپىتىدە، قۇتلۇقنىڭ قابىللىقىنى ۋە ئۇنىڭ كەينىدە خىللانغان نەچچە تۈمەن لەشكەرنىڭ بارلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۆز ئادىمى كۆپ بولغاندا 4000 دىن ئاشمايتتى. ئۇلار ئارىسىدىكى 3000 ئادەم، ئىچكى شەھەرگە كىرىۋېلىپ، ھېلىغىچە تىركىشىۋاتقان تۇرغاق لەشكەرلەرگە تاقابىل تۇرمىسا بولمايتتى. شەھەر ئىچىمۇ تىنچ ئەمەس ئىدى. بەگبا-رىسقا باش ئەگمىگەن بەزى پۇقرالار ئاسىيلارنى تاپقان يەردە نابۇت قىلىشاتتى.ئوردۇبالىق ئون كۈن ئەمەس، بەش كۈنلا قامال قىلىنسا، بەگبارىسنىڭ جىمى دەسمايىسى غالتەككە چىقاتتى-دە، بەربىر مەغلۇپ بولۇۋېرەتتى. يۈرىكى توختاۋسىز پوكۇلداۋاتقان، باخشىلارغا پىر تۇتىنە-تىپ ئۆزىگە ئوق تەگمەيدىغانلىقىغا كاپالەت ئالغان بەگبارىس ئاخىر بۇ ھىيلىنى ئويلاپ تاپقانىدى.

قۇتلۇق كۆپ ئويلىنىپ ئولتۇرمىدى. ئۇ ئەتراپىدىكىلەرگە:

— ھېچكىم تۇرغان يېرىدىن بىر قەدەممۇ نېرى بولمىسۇن، پەرمانىمنى ئۆز جايىدا تۇرۇپ بىر-بىرىگە يەتكۈزسۇن، — دېدى ئۇ، ئات ئۈستىدىكى قىياپىتىنى ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ.

قوۋۇق ئۈستىدە تۇرۇپ، لەشكەرلەرنى دىققەت بىلەن كۆزىتىۋات-قان بەگبارىسنىڭ لەشكەرلەرنىڭ ھەرىكىتىگە قاراپلا گېپىدىن يېنىۋېلە-شىدىن ئەنسىرىگەن ئېل ئۆگەسى سەردارلارنى شۇنداق ئاگاھلاندۇر-دى-دە:

— قۇچۇلۇق مانى ئۇستازلارغا ئېيتىڭلار، ئۇلار يادا[1] تاشلىرىد-
ىنىڭ كارامىتىنى كۆرسەتسۇن، — دېدى ۋە يەنە سەردارلارغا جېكى-
لەپ، — ئۇ ناتەھلى ئوق يەپ يىقىلغان هامان 1000 لەشكەر قوۋۇقنى
هۇجۇم قىلسۇن، قالغانلىرى سېپىل بويلاپ يېيىلىپ، قارماقلىق ئارغامچا
تاشلاپ سېپىلغا ياماشسۇن!

قۇتلۇقنىڭ جىددىي بۇيرۇقى ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ بىردەم-
دىلا ھەممىنىڭ ئاڭلاشىغا يېتىپ باردى. قۇچۇدىن كېلىپ، يېرىم يولدا
سەپكە قوشۇلغان ئىككى مانىخەي يادا تاشلىرىنى خۇرجۇنىدىن چىقى-
رىپ، دۇرۇت ئوقۇپ يامغۇر تىلەشكە باشلىدى. يا ئوقىنىڭ بەگبارىسقا
دەل تېگىشىدىن دەرگۇمان بولۇپ تۇرغان بىر سەردار قۇتلۇققا ئاستا
پىچىرلاپ:

— جانابلىرى، ئاتقان ئوق بەگبارىسقا تەگسىغۇ تەگدى، ئالىما-
دىس باللارغا تېگىپ كەتسە...، — دېدى ۋە گېپىنىڭ ئاخىرىنى
ئاغزىدىن چىقىرىشقا پېتىنالمىدى.

— ئوقنىڭ كۆزى يوق. ئەمما كۆك تەڭرىنىڭ كۆزى بار، —
دېدى قۇتلۇق جاۋابەن ۋە خاتىرجەمگىنە كۈلۈپ قويدى.

سەردارمۇ ئادەم، جەڭ ئالدىدا ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق غەم-ئەن-
دىشىسى بولىدۇ. پەقەت سەردار بولغانلىقى ئۈچۈنلا، ئۇ ئەندىشىسىنى
لەشكەرلەردىن يوشۇرىدۇ، قورقماس قىياپەتتە ئۇتتۇرىغا چىقىپ، لەش-

---

① يادا تېشى — قەدىمدە تۈركىي تىللىق قوۋملاردا ئەپسۇن ئوقۇپ، يامغۇر ياغدۇرۇشتا ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل ھېكمەتلىك تاش. مەھمۇت قەشقەرى «دىۋان»دا بۇ توغرىلىق مەلۇمات بەرگەن. ئەرەب ساياھەتچىسى ئىبنى فەزلاندىمۇ ئۆز خاتىرىسىدە تۈرك قىماقلىرىدا «يامغۇرنى ئۆزىگە تارتىدىغان بىر خىل تاش بار ئىكەن، بۇ تاش بىلەن خالىغان ۋاقىتتا يامغۇر ياغدۇرىدىكەن» دەپ يازغان.

كىرىنى جەڭگە ئۇندەيدۇ. ئەمەلدە، جەڭ توگەپ، نۇسرەت تاپقاندىلا ئاندىن غەم-غۇسسىدىن خالاس بولۇپ، چوڭقۇر بىر تىن ئېلىۋالىدۇ...

قۇتلۇق بىر سەردار، ئوخشاشلا، ئۇمۇ بىر ئادەم ئىدى. ئادەمگە خاس ھېس-تۇيغۇلاردىن مەھرۇم بولمىغاچقىلا ئۇمۇ ھەم غەم-غۇسسىدىن خالىي بولالمايتتى. ھېلىقى سەردارنىڭ ئەندىشىسى ئەلۋەتتە ئورۇنلۇق ئىدى. بىراق ئۇ بىر سەردار بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئەندىشىسىنى يوشۇرۇپ، خاتىرجەمگىنە كۈلۈپ قويـاتتى، پەقەت ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئادەملەر ئۈچۈن بۇنداق زىل ئىشلارغا تەۋەككۇل قىلماقتا ئىدى.

ئەمىسە، ئۇ، ئوردۇبالىقنى قامال قىلىپ، ئەل-ئاۋامنى قىينىسۇن-مۇ؟ توغرىدىن-توغرا ھۇجۇم ياساپ، ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ قېنىنى تۆكسۇنمۇ؟ بەگبارسنىڭ شەھەر پۇقرالىرىنى، تۇتقۇن-مەھبۇسلارنى قىرغىن قىلىشقا باھانە تېپىپ بەرسۇنمۇ؟...

قۇتلۇق تەڭرىدىن ئىجازەت ئالماقچى بولغاندەك، ئاسمانغا قاراپ بىر پەس تىكىلىپ تۇردى ــ دە، «يا تەڭرىم!» دەپ مۆڭگۈز يانى قولىغا ئالدى، يا ئوقنى كىرىچكە تىرىدى ۋە ئوقنى قوۋۇق تۆپىسىگە قارىتىپ، كىرىچنى كۈچەپ تارتتى.

«ئەي ئىلاھىم، كۆزۈمگە نۇر، قولۇمغا كۈچ ئاتا قىلغىن. ئەل-يۇرت غەزىپىدىن پۈتۈلگەن ئوقنى شۇنداق ئاتايكى، ئۇ بەتنىيەت بەگبارسنىڭ دەل كۆكسىگە قادالسۇن. ئۆزۈڭ ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىسەن، كىم گۇناھكار، كىم گۇناھسىز بىلىپ تۇرغۇچىسەن. ئوقنى مەن ئاتتىم، نىشاننى ساڭا تاپشۇردۇم، ساڭا تاغدەك ئىشەنچىم بار، باللىرىمنى پاناھىڭدا ساقلاپ، دۈشمەن يۈزىنى تۈن زۇلمىتىدەك قارا قىلغايسەن...»

يادىچى مانىخەيلەرنىڭ كارامىتىمۇ ياكى تەگرىنىڭ ئىرادىسى بىلەن شۇنداق بولدىمۇ، قوۋۇق ئاسمىنىدا قارا كىگىزدەك ئىككى پارچە قارا بۇلۇت پەيدا بولۇپ، توساتتىن هاۋا گۈلدۈرلىدى. «قارس» قىلغان هەيۋەتلىك سادا يەر-زېمىننى دىر-دىر تىترەتتى. ئەزرائىلنىڭ نەرىسىنى ئاڭلىغاندەك قورقۇپ كەتكەن بەگبارىس ئاسمانغا قارىۋىدى، قولانقارا «شارت» قىلىپ ئۇنىڭ قولتۇقىدىن بېشىنى تارتىۋالدى ـ دە، ئايچەچەككە قاراپ: «قاچ سىڭلىم» دەپ ۋارقىرىدى.

قولانقارانىڭ جانبازلىقى ئەسقېتىپ قالدى، بەگبارىسنىڭ بېقىنىغا تازا دەللەپ بىرمۇشت ئېتىۋىدى، بەگبارىس قورسىقىنى تۇتقان پېتى ئىككى پۈكلىنىپ يالغۇز كۆتەكتەك چىقىپ قالدى. دەل پەيتىدە ئۇچۇپ كەلگەن بىر تال ئوق، دەل كۆكسىگە سانجىلىپ، ئۇنى تىك موللاق چۈشۈردى.

— ئۇلۇغ تەگرىگە شۈكۈرلەر بولسۇن، — دېدى قۇتلۇق ئاسمانغا قاراپ تەشەككۈر ئېيتىپ.

— ئېل ئۆگەسىگە شان-شەرەپلەر بولسۇن، — دېيىشتى سەردار-لەشكەرلەر سىپىلگە قاراپ يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ.

## 34. ناتونۇش مەھبۇس

بۇ يىل ئەتىياز تولىمۇ غەلىتە كەلدى. هاۋانىڭ پەيلى بۇزۇلۇپ، هەدېسلا يامغۇر ياغدى. تاغ كەينىدىن شامال سوقتىمۇ، قارا يامغۇر قارغا ئۆرۈلدى. يېڭىشلاپ ئۈششۈك تەگكەن گۈل-گىياھلار بوي تارتالمىغان پاپا ئادەمدەك، يەر تىگىشاپلا يېتىۋالدى، غۇنچىلىرى بەرگىدە

سولۇپ، ئۈچلمايلا تۆكۈلۈپ كەتتى. ھاۋا ھادىسىلىرىدىن بىخەۋەر، يىللىق سەپىرىنى ئۈز بۇرجىدا داۋام قىلىۋاتقان سەيياھ قۇياش تۇيۇق-سىز بىر چاقناپ، ياز مەۋسۇمىدىن بەلگە بەرگەندىن كېيىن ئاندىن بۇ ھۆرۈن پەسىل ياز كۈنلىرىگە ئورۇن بەردى. ئۇرخۇن دەرياسىنىڭ قىرغاق تەسكىيىدىكى ئاداققى مۇز بىر چۈشتىلا ئېرىپ تۈگىدى. باھاردىمۇ دۈگدەرەشكەن تاغ دەرەخلىرى پەسىلگە يات جۇۋىسىنى سېلىپ تاشلاپ، يېشىل رەڭلىك كۆڭلەك كىيىشتى.

ياز كەلدى. ئەتىيازنىڭ ئاخىرقى تىنىقلىرىدا شەھەرگە كىرىپ كېلىشكەن قۇتلۇقلار قاتىلاگچىلىق ئۈچىدە، ھەممىنى توگلاتقان، ھەم-مىنى زېرىكتۈرگەن بىر پەسىلنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكىنىنىمۇ تۇيماي قېلىشتى. ئۇلار دۈشمەن قامالىنى بۇزۇپ، ياغلاقارنى قۇتۇلدۇردى. 14 ياشلىق ئايچۈرنى قاغان تىكلەپ، تاراسىنىڭ مىيىتىنى داغدۇغا بىلەن دەپنە قىلدى. شەھەر تىنچىتىلىپ، چوڭ ئىشلار بىسىققاندىن كېيىن ئاندىن ئۆيگە قايتىشقا مۇۋەپپەق بولغان ئېل ئوگەسى ياغلاقار بىلەن بىللە غىزالىنىۋېتىپ، ئىچ-قارنىدا بىخسىپ ياتقان ئاچچىق گەپلەرنى بىراقلا تۆكۈپ تاشلىدى.

— ھەي ياغلاقار، ھەي ياغلاقار، قىلغان گېپىم بۇ قۇلىقىڭدىن كىرىپ، ئۇ قۇلىقىڭدىن چىقىپ كەتتىغۇ سېنىڭ، شۇنچە كۈچلۈك جانباز تۇرۇپ يا قاغانىنى قوغداپ قالالمساڭ، يا شەھەرنى تۇتۇپ تۇرالمساڭ، «ئىشەنگەن تاغدا كېيىك ياتماپتۇ» دېگەن مۇشۇكەندە ئەسلى، — دېدى، بېشىنى چايقاپ، مەنىستىمەسلىك نەزىرىدە چىمەلتە-كىنى چىقىرىپ.

قۇتلۇقنىڭ تاراڭ-تۇرۇڭ تەگكىنىگە، ئوچۇق چىراي بەرمىگىنىگە قاراپ، بىر ئايدىن بېرى تىل تۇتۇقى بار ئادەمدەك باش چۆكۈرۈپ يۈرگەن ياغلاقار بولدى دېگۈچە ئوگايسىزلاندى. ئۇ ئاكىسىنىڭ ھامانەم

بىر كۈنى مۇشۇنداق دەيدىغىنىنى پەملەپ تۇراتتى. پەقەت «ئېگىلگەن باشنى قىلىچ كەسمەيتۇ» دېگەندەك، گۇناھىمنى تەن ئېلىپ، چىن كۆڭلۈمدىن تووا قىلسىملا ئۇنىڭ ئەپۇسىغا ئېرىشىمەنغۇ دەپ ئويلاپ يۈرەتتى.

لېكىن، ياغلاقار «گۇناھى»نى تەن ئېلىش بىلەن بىللە، يەنىلا بارنى بار، يوقنى يوق دېيىش قارارىغا كەلدى ۋە قوشۇقنى قويۇپ، قۇتلۇققا دېدى:

— ئاكا، مەن گۇناھكارمەن، مەن ئەيىبلىكمەن، ئۇرسىڭىزمۇ، تىللىسىڭىزمۇ ئۇ ئالەم، بۇ ئالەم خاپا بولمايمەن. بىراق... بىراق ...

— ساڭا سېنىڭ ئاكاڭ ئەمەس، بەلكى ئېل ئۆگەسى گەپ قىلىۋاتىدۇ، — قۇتلۇق سىڭايان قاراپ تۇرۇپ ئۇنىڭ گېپىگە رەھىمسىزلەرچە لوقما سېلىپ، دېدى، — تىلىڭنى چايناپ نېمە دېمەكچىسەن؟ ئۆزۈڭنى ئاقلىماقچىمۇ، يا گۇناھىڭدىن تانماقچىمۇ؟

— ئېل ئۆگەسى ئالدىدا گۇناھىمغا ئىقرارمەن، گۇناھىم ئۈچۈن ئۆلۈمگە مەھكۇممەن!

بۇ گەپ بىلەن، قۇتلۇق ئاچچىق ياندۇرىدىغان شىپالىق دورا يېگەندەك، تېزدىنلا بوشىشىپ قالدى ۋە:

— ماڭا ماۋۇ گېپىڭ يارايدۇ، ئوغۇل بالا دېگەن بېشىغا تاغ يىقىلسىمۇ ئەيىبىدىن تانمايدۇ، — دەۋېتىپ، مەيدىسىگە ئۇرۇپ قويدى.

ياغلاقار «گۆپ» قىلىپ بېسىپ كەلگەن قارا بورانىنىڭ ھۇشقىتىپلا ئۆتۈپ كەتكىنىگە ئىشەندى-دە، ئۆز گېپىگە قايتىپ كەلدى:

— بايام دېگەندەك، مەندە گۇناھ بار، لېكىن، تاراس قاغاندىمۇ سەۋەنلىك يوق ئەمەس، — دېدى. قۇتلۇق «قاغاننى ئەيىبلەشكە نېمە ھەددىڭ» دېگەن مەندە ھومىيىپ قويۇۋىدى، ياغلاقار ئۇنى كۆرمە-

گەنگە سېلىپ، دەيدىغىنىنى دەۋەردى:

— سەۋەنلىك قاغاندا ئەمەس، بەلكى قانتۇر سانغۇندا، مەندىن سىر يوشۇرۇپ، بۆكۆ قوۋمگە بېرىپ ھېلىقى ھازازۇل خوتۇننى باشلاپ كەلمىگەن بولسا، قاغان ئۇنىڭغا كۆز سالماس ۋە ئوغا ئىچىپ ئۆلۈپ كەتمەس ئىدى. ئېل ئۇگەسىنىڭ تاپشۇرۇقىنى يادىمدىن چىقىرىپ، قانتۇرغا ئوبدانراق كۆز-قۇلاق بولمىغىنىم ئۈچۈن بۇ گۇناھقا مەنمۇ شېرىكمەن.

— بۇ گېپىڭىنىڭ خېلى جېنى بار، قانتۇر ھامان بىر كۈنى بىرەر ئەسكىلىك قىلىدىغاندەكلا تۇراتتى. ئەمدى ئۇ ئۆلدى، شۇغىنىسى، قانتۇر بىلەن بەگبارىس بۆكۆ قوۋمدە ماكان تۇتۇپ، نەچچە مىڭلاپ ئادەم توپلاپتۇ، قاغان قازا قىلغان ھامان، ئۇ ئوردۇبالىققا بېسىپ كىرىپتۇ. مۇشۇنداق چوڭ ئىشنىمۇ تۇيماي يۈرگىنىڭ نېمىسى؟ شۇنچىلىك ئاسىيغمۇ تەڭ كېلەلمىگىنىڭنى قانداق چۈشەندۈرىسەن ئەمدى؟

— بەگبارىسنى ئۆلدى دەپلا ھەممىمىز بىخۇد يۈرۈپتۇق. ماڭا ئوردۇبالىقتىن ئايرىلىشقا، قەبىلە-قوۋملەرگە بېرىپ تىڭتىڭلاشقا ئىجازەتمۇ يوق ئىدى. يامان يېرى، بۇ بىر تالاي بەختسىزلىكلەرنىڭ ھەممىسى تۈن يېرىمىدا يۈز بەردى. قاغاننىڭ توقال ئالغىنىنى بىلىپ بولغۇچە قاغان قازا قىلدى، قاغاننىڭ ئۆلۈمىدىن خەۋەر تاپقۇچە بەگبارىس باستۇرۇپ كىردى. بەگبارىسنىڭ كىرگىنىنى بىلگەن چاغدا بىز ئاللىقاچان لەشكەرگاھقا قامىلىپ قالغانىدۇق، دۈشمەن بىلەن جان تىكىپ ئېلىشتۇق، ئەمما، ئۇلار تالادا، بىز قامالدا بولغاچ، لەشكەرگاھتىن بۆسۈپ چىقالمىدۇق...

قۇتلۇق بەگبارىسنى موللاق ئاتقۇزۇپ، قوۋۇق بۇزۇپ شەھەرگە كىرگەن كۈنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئېچىنىشلىق مەنزىرىلەرنى

ئەسلەپ قالدى. تاراسنىڭ ئوسمىدەك كۆكىرىپ كەتكەن چىرايىنى، بۇ ئالەمنى كۆرۈپ قانمىغاندەك ئوچۇق تۇرغان كۆزلىرىنى، قورقۇپ كەتكەن ئايچۈرىنىڭ ئايانچلىق تەلەتىنى، كوچا-كويلاردا يېتىپ كەتكەن جەسەتلەرنى، فەتلىئام قىلىنغان تابغاچ ئويمىگەرلىرىنى بىر-بىرلەپ كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈۋىدى، ئۇنىڭ يەنە جەھلى قاتتى. بۇ ئىشلارنى يۈزگە سېلىپ، ياغلاقارغا يەنە ئوبدانراق ساۋاق بەرمەكچى بولدىيۇ، ئۇنىڭ شۇۋاقلىقتەك نەملىشۋاتقان كىچىك كۆزلىرىگە، تىترەۋاتقان لەۋلىرىگە قاراپلا، پەيلىدىن ياندى. «ئېھتىمال، تەڭرىنىڭ ئىرادىسى شۇنداقتۇر، — دەپ ئويلىدى ئۇ، ياغلاقارغا ئىچ ئاغرىتىپ، — تەڭرى شۇنداق بۇيرۇغان ئىكەن، ئۇنى ئۆزگەرتمەككە ھېچكىمنىڭ ئامالى يوق. ياغلاقارنىڭمۇ، ھەتتا مېنىڭمۇ شۇنداق...»

قۇتلۇقنىڭ ئىشتىھاسى ئېچىلدىمۇ، بىر بۇردا ناننى ئاغزىغا سېلىپ، ئالدىرىماي چايناشقا باشلىدى، شەھەرگە كىرگەندىن بېرى ياغلاقارغا تۇنجى قېتىم چىراي ئېچىپ، ئاخىرقى ھورلىرىنى پۈركەپ بولغىنىغا خېلى بولغان بىر پارچە گۆشنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ قويدى ۋە ئاغزىنى ئۇشلاپ:

— ئالە، قىز بالىدەك يىغلىمىسىراپ ئولتۇرماي، قورسىقىڭنى ئوبدانراق تويغۇزۇۋال، — دېدى.

ياغلاقار قۇتلۇقنىڭ سەردارلارغىلا ئەمەس، بەلكى ئۆزىگىمۇ، جېنىدىن چارە ئوغۇل-قىزلىرىغىمۇ قاتتىق قوللۇق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغىنىنى ئوبدان بىلەتتى. يۈز بەرگەن بارلىق پاجىئەلەر ئۈچۈن ئۇنىڭدىن قاتتىق ئەدەپ يەپ، تۇمەنباشلىق مەنسىپىدىن قۇرۇق قالدىغىنىغا، ھەتتا لەشكىرىي قائىدە بويىچە، جازانىڭ چوڭىغا ئۇچرايدىغىنىغا كۆز يەتكۈزۈپ، يامان كۆڭلەرگىمۇ تەييارلىنىپ قويغانىدى. ئۇنىڭ دەيدىغانىنى دەپ، قورسقىنى بوشتىۋېلىشىمۇ شۇ سەۋەبتىن

ئىدى.

قۇتلۇق ئۇنى ئەدەپلەشنىڭغۇ ئەدەپلىدىيۇ، چوڭ جازادىن ئېغىز ئاچمىدى. لېكىن ئۇ رەھمەت دېمەك تۈگۈل، تۈيۇقسىزلا تەتۈرلۈك قىلدى.

— ئاكا، رۇخسەت قىلسىڭىز، ئۆز يۇرتۇمغا قايتىپ بېرىپ، تۇغقانلىرىمنى تېپىۋالاي دەيمەنا، — دېدى، ئۇدۇللا سۆزلەپ.

قۇتلۇق نان چايناشتىن توختىدى، گەپ ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئەمەس، بەلكى كۆزىدىن چىققاندەك ، ياغلاقارغا قاراپ قېتىپ قالدى.

ياغلاقار تەلىپىنى يەنە تەكرارلىدى. قۇتلۇق ئۇنى باياتىنقى گەپلىرىدىن رەنجىپ قالدى دەپ قىياس قىلدى بولغاي، مىيىقىدا كۈلۈپ بېشىنى چايقىدى.

— نېمىلا دېگەنبىلەن كىچىك بالىدە سەن، «گەپ يۇزدە ياخشى، ئۇسسۇل تۇزدە» دەپتىكەنغۇ، دەيدىغاننى يۇزمۇيۇز دېدىم، ئىچقارنىممۇ خېلى بوشاپ قالدى، قورسىقىڭدا گىنە ساقلاپ، كېتىمەن دەپ دوق قىلغىنىڭ نېمىسى ئەمدى؟ — دېدى، ياغلاقارنى ئىزا تارتقۇزماقچى بولۇپ.

— مەن دېدىمغۇ، خاتا قىلغىنىمغا ئىقرارمەن، گۇناھىم ئۈچۈن، ھەرقانداق جازا بەرسىڭىزمۇ ماڭا ئازلىق قىلىدۇ. بىراق، كېتىمەن دېگىنىم ھەرگىزمۇ بۇ سەۋەبتىن ئەمەس.

— ئەمىسە، نېمىدەپ كەتمەكچى بولۇپ قالىسەن؟ بىز قىلىدىغان ئىشلار كۆپقۇ تېخى.

— ياخشىسى، مېنى كەتكىلى قويۇڭ، سەۋەبىنى سىز سورىماڭ، مەن دېمىگەن بولاي.

— تازىمۇ بىر داڭقان پۇتى گەپ بولدىغۇ بۇ، سەۋەبىنى دەپ بەر، قايىل بولامدىمەن-يوق، بۇنىسى بىر گەپ.

— ئىشقىلىپ بۇ يەردە تۇرغۇم يوق.

— بۇمۇ سەۋەب بولدىمۇ؟ ئۆيلەپ قويمىدى دەپ شۇنداق قىلىۋاتامسەن، يا؟

— ئۆيلەنسەم نېمە بوپتۇ، ئۆيلەنمىسەم نېمە بوپتۇ؟ قىز بالا دېگەن خىيالىمغىمۇ كىرىپ چىقمايدۇ بۇ كۈنلەردە.

راست گېپىنى يوشۇرۇپ، يەنە مۆكمۆكىلەك ئوينىۋەرسە قۇتلۇقنى خىلمۇخىل گۇمانلارغا تاشلاپ قويىدىغىنىنى تۇيۇپ قالغان ياغلاقار بىردىنلا غەيرەت قىلىپ، ئىغىز ئاچتى:

— خەق قاغان بولسۇن دېسە بولغىلى ئۇنىمىدىڭىز، ئاياقتىكى ئاشتەك تەييار تۇرغان پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ، تاراستەك بىر گۆدەكنى قاغانلىققا كۆتۈردىڭىز، قاغان بالا بولسا، ئەل-يۇرتنىڭ كۆرەر كۈنى نېمە بولماقچىدى ئەمدى؟ ئىشنىڭ مۇشۇنچىلىكىدە يۇرتۇمغا كېتىۋالاي دەيمىنا ...

گەپنىڭ بېشى چىققان ھامان بىتاب ئادەمدەك تولغانغىلى تۇرغان قۇتلۇق چايناۋاتقان نېنىنى بىراقلا پۈركۈۋەتتى ۋە:

— ئاغزىڭنى يۇم! — دەپ ۋارقىرىدى، ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىنانقۇلى ۋە باشقا ئاللىكىملەرنىڭدۇر ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ ئۆزىچە غودۇڭشىپ كەتتى.

«ئادەملەر نېمىدېگەن نادان، نېمىدېگەن كەم ئەقىل ھە؟ ئۇلار قاغان نەسلىنىڭ تەگرىدىن تۆرىلىدىغىنىنى بىلمەمدىكىنە؟ تەگرى ئوغلىنىڭ پۇشتىپاناھىلا قاغان تەختىگە مۇناسىپ ئىكەنلىكىگە كۆز يۇمامدىكىنە؟ ئېقىپ يۈرگەن ئۆسەك سۆزلەرنىڭ ياغلاقارنىمۇ قايمۇقتۇرۇپ يۈرگىنىنى قارىمامدىغان؟ ھەي ئادەملەر ... ھەي ئادەملەر...»

راست، بۇنداق گەپلەر ياغلاقارنىڭلا ئەمەس، قۇتلۇقنىڭمۇ قول-

قىغا كىرىپ بولغانىدى. بەزى ۋەزىر، سەردارلار ھە-ھۇ دېيىشىپ، ئۇنى قاغانلىققا كۆتۈرمەكچى بولۇۋىدى، ئۇ چىرايلىقچە رەت قىلدى، بەزىلەرگە ياغلاقارغا ھۆركىرىگەندەك ھۆركىرىدى، بەزىلەرنى تازا ئۇ-چۇقداپ قويدى. ئۇ كىمگە ھۆركىرىسۇن ۋە كىمنى ئۇچۇقدىسۇن، ۋىجدان بۇيرۇقىغا قۇلاق سېلىپ، ئايچۇر تېكىننى تەختكە چىقاردى، نام-ئۇنۇغات تەلەپ قىلىپ سۇلالىگە يالۋاچ ئەۋەتتى. قېنى ئۇلار جاۋاب بەرسۇن، قاغان ئۆز ۋەزىرىگە تەزىم قىلغان نەدە بار؟ قاغان ۋەزىر ئالدىدا ياش تۆككەن نەدە بار؟

بۇنداق كاتتا ئىش مىلادىيە 791-يىلى ئۇيغۇر قوۋمىدە بولۇپ ئۆتكەن ئەڭ كاتتا بىر مۇراسىمدا يۈز بەردى. ئايچۇر قاغان تاج كىيىشىپ، ئېل ئۆگەسى قۇتلۇقنىڭ ئالدىدا تىز پۈكۈپ، تارام-تارام ياش تۆككەنچە: «ئوغۇللىرى ئايچۇر كۆپ نادان ۋە كەم ئەقىل بولسامۇ، ياردەملىرى بىلەن تەختكە ۋارىس بولدۇم. سىلىنى ئۆز ئاتامدەك كۆرۈپ، ئوغۇللىرى قاتارىدا ئىش بېجىرگەيمەن»[1] دەپ رەھ-مەت ئېيتتى. بۇ ئەجەبا قۇتلۇقنى ئۆزى تاج كىيگەندىنمۇ بەكرەك خۇشال قىلمامدىكەن؟ بۇنداق ھۆرمەت، بۇنداق ئابرۇي قۇتلۇقنى ئاسمانلارغا كۆتۈرمەمدىكەن؟

ئاكىسىنى ئوبدان چۈشىنىدىغان ياغلاقار لىنڭ بۇدورەم تۇيۇقسىز لا مىخقا ئۇسۇۋالدى. «ئۆزگىلەر قان چېچىپ، جان بېرىدۇيۇ، ئاكام قول سوزسىلا قولغا كېلىدىغان قاغانلىقنى نېمىدەپ ئۆزگىلەرگە تاشلاپ بېرىدۇ» دېگەن بىر سوئال ئاكىسىنى مۇرەككەپ بىر تېپىشماققا ئايلان-دۇرۇپ قويدى. بۇ سوئال ۋە بۇ تېپىشماق ئۇنى تازا قىيناپ تۇرغاندا،

---

[1] ليۇ يىتاڭنىڭ «ئۇيغۇر تەتقىقاتى» دېگەن كىتابىنىڭ 126-بېتىدىكى «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»دىن ئېلىنغان ئەسلىي سۆز.

تەقدىردىن ۋەھىي كەلدى. ئىشىك قېقىلىپ، بىر مكْباشى كىرىپ كەلدى ـ دە، بىر قېرى گۇناھكارنىڭ تۇتۇپ كېلىنگىنىدىن خەۋەر بەردى. قۇتلۇقنى تەقەززا قىلغان بۇ خەۋەر قۇتلۇقنىڭ دىققىتىنى ياغلاقاردىن يۆتكىدى ۋە قاتمال سۈكۈناتنىڭ خاتىمىسى بولۇپ قالدى. قۇتلۇق:

— بەزى سىرلارنىڭ ئاچقۇچى ئاشۇ قېرىنىڭ قولىدا، مەھكەم ساقلاڭلار، ئۇنى ئۆزۈم سوراق قىلماقچىمەن، — دېدى، مكْباشىغا تاپىلاپ.

تاراسنىڭ ئۆلۈمىدىن، قۇتلۇق بېشبالىقتىكى چېغىدىلا خەۋەر تاپتى. ئۇ قايتىپ كەلدى، بەگبارىس «قاغاننى ۋە قىزتۇرمىشنى مەن ئۆلتۈردۈم» دەپ ئىقرار قىلدى. شەھەرگە كىرىۋىدى، ئۇ يەنە شۇنداق گەپلەرنىلا ئاڭلىدى. بەگبارىسمۇ بۇ جىنايەتنىڭ جازاسىنى تارتتى. قىز ئەكەلگەن قانتۇرمۇ سېپىل تۈۋىدىلا بېشىنى يېدى. لەشكەرلەر قاغان ئوردىسىنى ئاختۇرۇۋىدى، ئويلىمىغاندا بىر قىزنىڭ جەسىتىنى تېپىۋې. لىشتى. كۆرگەنلەر ئۇنى قانتۇر سانغۇن ئېلىپ كېلىپ قاغانغا تارتۇق قىلغان قىز دەپ گۇۋاھلىق بېرىشتى. شۇ قىزنىڭ قاغانغا ئوغا بەرگىنىدە ۋە قاغاننىڭ ئوغا ئىچىپ ئۆلگىنىدە ھېچقانداق شۈبھە قالمىدى.

بىراق، بەزىبىر ئالامەتتىن قارىغاندا، قاغاننىڭ ئۆلۈمى ئۇنداق ئاددىي ئۆلۈم ئەمەس، بەلكى قاتمۇقات مەخپىيەتلەرگە كۆمۈلگەن، باشپىيازدەك، سويىسا ـ سويىسا پوستى تۈگىمەيدىغان ئاجايىپ بىر سىرلىق ئۆلۈم ئىدى. ئۆلۈم بىلەن باغلىنىشلىق جىنايى ھالقا ئىچىدە، بەگبا. رىس، نامەلۇم قىز ۋە ۋەزىر قانتۇردىن ئۆزگە، 70 لەردىن ئېشىپ قالغان يەنە بىر ئادەم باردەك قىلاتتى. كۆرگەنلەرنىڭ گېپىچە، قاتىل قىزنى «قىزىم» دەپ ئاتايدىغان بۇ سىرلىق كىشى ئوردۇبالىققا قىزى بىلەن بىللە كېلىپ، بىر كۈن تۇرۇپلا خۇددى ئۇستا سېھرگەردەك غايىب

بولغانىدى. «بۇ سىرلىق ئادەم زادى كىم؟ راستتىنلا قاتىل قىزنىڭ دادىسىمۇ ياكى بۇ يەردە بىر ئويۇن بارمۇ؟ نېمىدەپ قىزى بىلەن بىللە كېلىپ، يالغۇز قايتىدۇ؟ نېمىدەپ ئۆزى كېلىپ ئۆزى كېتىدۇ؟» دېگەن سوئال قۇتلۇقنى قىزىقتۇراتتى. ئۇ بۇ قېرىنى بىر توپ ئاچقۇچنى يېنىغا ئېسىپ يۈرگەن ئوردا قازناقچىسىغا ئوخشىتاتتى. ئۇ تېپىلسىلا، قولۇپلانغان سىرلىق ئۆيلەر شەكسىز ئېچىلىپ، ھەممە نەرسە مانا مەن دەپ ئايان بولىدۇ دەپ ھېسابلايتتى. «ئۆلگەن بولسا ئۆلۈكىنى، تىرىك بولسا تىرىكىنى تېپىپ كېلىڭلار» دېگەن پەرمان بىلەن چىقىپ كەتكەن 500 لەشكەر گۇمانلىق بۆكۈ قەبىلىسىدە بىر ئاي تۇرۇپ، مانا ئەمدى قايتىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ تۇتۇپ كەلگىنى دەل ئاشۇ گۇمانلىق ئادەم ئىدى.

ئوردۇبالىقتا كېچە. باش توخۇ چىللاپ بېسىققان چاغ.

ئىچكى شەھەرنىڭ چېتىگىرەك جايلاشقان ئوردا ھەپسىسىنىڭ بىر ئۆيىدە سوئال-سوراق جىددىي داۋام قىلماقتا ئىدى.

كېچە بولغىنىغا قارىماي، ئۆي ھاۋاسى ئوت ياققاندەك دىمىق ئىدى. قۇتلۇق ئۆي تۆرىدە يۇمشاق ئەيلەنگەن تېرە كۆرپىدە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇراتتى، قارشىسىنىڭ تۆت چامدام نېرىسىدا قېرى مەھبۇس ئۆرە تۇراتتى. ئۇنىڭ بويىنىغا تاقاق سېلىنغان، چورۇقلۇق ئاياغلىرى زەنجىر بىلەن چېتىپ تاشلانغان، كىيىۋالغان تېرە پەشمىتىمۇ ئۆتكەمدەك ئۆتمىتۆشۈك بولۇپ كەتكەنىدى. قورۇم باسقان ئويما تەكچىدە ئۇچقۇنداپ يېنىپ تۇرغان ساپال چىراغ بىر كۆچەپ، بىر ئاجىزلاپ، دوڭغاق سۆگەتتەك مۈكچىيىپ قالغان مەھبۇسنى سۈرلۈك تۈسكە كىرگۈزۈۋەتكەنىدى، ئۇنىڭ ئالا قالماي ئاق كىرگەن پاخما چاچلىرى قۇلاقلىرىنى بېسىپ، مۈرىسىگىچە تاشلىنىپ تۇراتتى، ھارغىنلىق قايناۋاتقان قىسماق كۆزلىرى قۇدۇق تېگىدىكى سۇغا ئوخشاش سۇسقىنە

پىلدىرلايتتى.

قۇتلۇق كۆڭگىنى بويىچە، يوغان گەۋدىسىنى ئازراق ئالدىغا تاشلاپ، مۇشتۇمى بىلەن ئېگىكىنى يۆلىدى، پەستىن يۇقىرىغا قاراپ، مەھبۇسنى تازا ئوبدان كۆزىتىپ چىقتى. مەھبۇسنىڭ ئۆزىنى زىيادە ئەركىن تۇتۇشلىرى، ئەيمەنمەستىن ئۇدۇل قاراشلىرى كۆزىگە ئانچە سىغىپ كەتمىسىمۇ، لېكىن ئۇ مەردلىك قىلىپ، مەھبۇسنى تاقاق ۋە زەنجىرلەردىن ئازاد قىلىشقا بۇيرۇق بەردى.

تاقاق ئېلىۋېتىلدى، زەنجىر يېشىپ تاشلاندى. قۇتلۇق بارماقلىرى بىلەن شەرەت قىلىپ، ئۇنى ئالدىغىراق ئېلىپ كەلدى ۋە چىراغ تەرەپكە يۈزلەندۇردى.

قەددى ئېگىلىپ، بۇرۇت-ساقىلى قاغا چاڭگىسىدەك چۇۋۇلۇپ تۇرغىنى بىلەن، تۇتقۇننىڭ سەل كۆتۈرۈلگەن ئىككى مەڭزى قان دېغىدەك قىزىل، تار كەلگەن پېشانىسى چوڭقۇر قورۇقلاردىن خالىي ئىدى، كۆزلىرىدە توڭلاپ قالغان كۆلكە ئىزنالىرىدىن، بېشىنى يانتۇ تۇتۇپ، قىيپاش قاراشلىرىدىن مۇرادىغا يەتكەنلەردىلا بولىدىغان بەزى ئالامەتلەر كۆرۈنۈپ تۇراتتى، گەز باغلاپ كەتكەن قېلىن كالپۇكلىرى كىمنىدۇر ئەيىبلەشكە تەييارلانغاندەك، پىرىم ئېچىلغانىدى.

ئۇنىڭ ئوزايىدىكى بۇ ئالامەتلەر قۇتلۇقنى تولىمۇ جەلپ قىلدى، جىن چاپلاشقاندەك ئۇنىڭغا كىرپىك قاقماي قاراۋەردى. قاراۋېرىپ كۆزى قورىدى، قاراۋېرىپ كۆزى تورلاشتى. بېرىپ-بېرىپ ئۆزىنى ئېگىز تاغ يېنىدا تۇرغان پاكار بىر دۆڭدەك، ۋەزنى يەڭگىللەپ، دەرمانى خوراۋاتقاندەك ھېس قىلىشقا باشلىدى.

«ئاگاھ بول قۇتلۇق، قېرى مەھبۇس جادۇ قىلىۋاتىدۇ، جادۇگەر-گە باش ئېگىپ بولمايدۇ!...»

قۇتلۇق يەنە ئەسلىگە كەلدى، دىققىتىنى قايتا قوزغاتتى، قەددىنى

رۇسلاپ، كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ شۇنداق قارىۋىدى، قىرى مەھبۇس بەئەينى تىۈگە يىپىدىكى چۇمۇلىدەك، ۋىجىك ۋە ئاجىز بولۇپ كۆرۈندى.

ئۇ ئاجىز چۇمۇلىگىمۇ، ھەتتا پاشا-كۇمۇتىغىمۇ تەك قىلمايدىغان قىرى مەھبۇسقا ئۆزىنى راسا بىر تونۇتۇپ قويماقچى بولغاندەك، مەيدىسىنى كۆپتۈرۈپ، ئاۋازىنى ئۇلغايتىپ، سوئال تاشلاشقا تۇتۇش قىلدى.

— قىنى ئېيت، ئىسىم-زاتىڭ كىم؟ قوۋمىڭ قايسى، ئۇرۇقىڭ نىمە؟

قۇتلۇقنىڭ قول شىلتىپ تۇرۇپ ئەتەي ھەيۋە قىلىۋاتقىنىنى بىلىپ قالغاندەك، مەھبۇس سەل توختىۋېلىپ جاۋاب بېرىپ، دېدى:

— قوۋمىم ئۇيغۇر، ئادىز نەسلىدىنمەن!

مەھبۇسنىڭ جاۋابى بازغان ئۇرغاندەك قاتتىق ۋە سالماقلىق ئىدى، ئاۋازى سەندەلگە بولقا تەگكەندەك جاراڭلايتتى. بۇ ھال ئۇنىڭ ياش قورامىغىمۇ، تۇرقى، سالاپىتىگىمۇ ئەسلا ماس كەلمەيتتى. ئۆز ئۇرۇقىنى يۈرەكلىك ھالدا ئېتىراپ قىلىشى مەھبۇسنىڭ ئۇنداق-مۇنداق ئادەم ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى.

— ھە؟ ئادىز ئۇرۇقىدىن دېدىڭمۇ؟ — قۇتلۇق ئۇنى سىناپ باقماقچى بولغاندەك قايتۇرملاپ سورىۋىدى، ئۇ مەھبۇس قىزىق ياغقا سۇ چاچقاندەك قايناپ كەتتى:

— كۆك تەڭرى گۇۋاھ، قوڭۇر يەر گۇۋاھ، پېقىر ئۇيغۇر قوۋمىنىڭ نەسلى پاك ئادىز ئۇرۇقىدىنمەن. قانداق، مەيدەمگە مۇشتلاپ تۇرۇپ «مەن ئادىز» دېگىنىمدىن ھەيران بولىۋاتامسەن؟ بىلىپ قوي، مەن نەسلىمنى يوشۇرمايمەن، يالغاندىن ياغلاقار بولىۋېلىپ، ياغلاقار-لاردىن شەپقەت تىلىمەيمەن!

«ۋا دەرىخا، بۇ مەھبۇسمۇ ياكى مەھبۇس سۈرەتلىك جادۇگەرمۇ؟ — دەپ ئويلىدى قۇتلۇق، ھەربىر ئېغىز سۆزىنىڭ ئۆزىگە دەل تېگىشلىقىنى تويۇپ، — ياغلاقار بولۇۋېلىپ، ياغلاقارلاردىن شەپقەت تىلىمەيمەن دېگىنى نېمىسى ئۇنىڭ، ئۇ ئەجەبا تەك-تىمىنى بىلىپ تۇرسا-ھە؟..»

قۇتلۇق ئۇنداق ئويلىغىنى بىلەن، بۇ تۇز سۆزلۈك مەھبۇسقا بىلىپ-بىلمەي قىزىقىپ قالغىنىنى ئۆزىمۇ تويماي قالدى، ئۇنى ئۆرە تۇرغۇۋېرىشتىن خالاس قىلدىيۇ، كۆڭلىدىكىنى ئاشكارىلاشقا ئالدىرىمىدى.

— ھەي ئادىز چال، — دېدى، قۇتلۇق تەلەپپۇزىنى سەل-پەل يۇمشىتىپ، «قېرى» دېگەننى «چال»غا ئۆزگەرتىپ، — قارىغاندا ياغلاقارلارغا ئۆچلۈك قىلىدىكەنسەن-دە، شۇنداقمۇ-ئەمەسمۇ؟

— ئەلۋەتتە شۇنداق، مەن ئۆلۈم ئالدىدىكى ئادەممەن، قورقۇم-سىز ئادەممەن، شۇڭا يالغان ئېيتمايمەن، ئىقرارمەنكى، ياغلاقار دېگەن-لەرنى بۇ ئالەمدىمۇ ئۆچ كۆرىمەن، ئۇ ئالەمدىمۇ ئۆچ كۆرىمەن، تىرىك بولسا بۇ دۇنيادا، ئۆلۈك بولسا ئۇ دۇنيادا تىنچ قويمايمەن.

— ياغلاقار ئۇرۇقىنىڭ قاغان ئۇرۇقى ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان ئوخشايسەن چال، بولمىسا، يۈرىكىڭنى قاپتەك قىلىپ، ياغلاقارلارغا بۇنچە يامان تىل تەگكۈزمەس ئىدىڭ!

— نېمىدەپ بىلمەيدىكەنمەن؟ بىلىپ تۇرۇپ تىل سالدىم، بىلىپ تۇرۇپ ياغلاقارنىڭ ئەڭ كاتتىسى تاراس قاغاننى ئۆلتۈردۈم!

«يا تەڭرىم، نېمىدەپ جۆيلۈۋاتىدۇ بۇ قېرى، ئەقلى-ھوشى جايىدىمۇ؟ يا ئاغزىغا كەلگەننى دەۋېرىدىغان تېجىمەل مەخلۇقمۇ؟»

مەھبۇسنىڭ قورقۇنچلۇق سۆزلىرى قۇتلۇقنى بۆلەكچىلا بىر



قىسما قىلىۋەتتى. چۈنكى ئۇ مۇشۇ يىشىغىچە ياشاپ، ھەرقانداق بىر گۇناھكارنىڭ ئۆز گۇناھىنى بۇنداق ئاسان تەن ئالغىنىنى ئاڭلاپمۇ، كۆرۈپمۇ باقمىغانىدى.

— ياق ... ياق ... قاغانىنى سەن ئەمەس، بەلكى بەگبارىس ئۆلتۈردى، تازا قىلسا، ئۇلار سەندىن پايدىلاندى، شۇنداقمۇ بوۋاي؟

— ئۇنداق ئەمەس، قاغانىنى مەن ئۆلتۈردۈم، ئۇ مەندىن ئەمەس، مەن ئۇنىڭدىن پايدىلاندىم.

— باش كېتىدىغان بۇنداق ئىشتا چاقچاق قىلما بوۋاي، ۋەزىر قانتۇرمۇ قاغانىنى ئۆلتۈرگەن قاتىلغۇ؟

— توغرا ئەمەس، مەن ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىدىنلا پايدىلاندىم، ياغلاقاردىن پايدىلىنىپ، ياغلاقارنىڭ جاجىسىنى بەردىم!

— ئۇلار نامەلۇم قىزدىن پايدىلىنىپ، قاغانغا ئوغا بەردىغۇ؟

— نامەلۇم قىز دېگىنىڭ نېمىسى؟ ئۇنىڭ ئېتى قىرچەچەك. قىز مېنىڭ، ئوغىمۇ مېنىڭ ...

— بۇ گېپىڭگە قانداق ئىشىنەي، قانداقسىگە ئۇنداق قىلارسەن؟

— ياغلاقار بولساڭمۇ، يامان ئەمەس ئادەمدەك قىلىسەن، چىرا-يىڭمۇ كۆزگە سىڭىشلىق ئىكەن. مۇنداق بولسۇن، ئاۋۋال ماڭا بىر نوگاي سۇ كەلتۈر، ئاندىن كېيىن كۆڭۈل سىرلىرىمنى ساڭا دەپ بېرەي، ئۆزۈم ئۆلسەممۇ سۆزۈم سەندە قالسۇن ...

سۇ كەلتۈرۈلدى. مەھبۇس تازا چاڭقىغان بولسا كېرەك، ھېجىر-نى ئىككى قوللاپ كۆتۈرۈپ، لىپمۇلىپ سۇنى بىر ئۇتلاپلا يالىغاندەك قۇرۇقدىۋەتتى. ئۇ تومۇر-تومۇرلىرىغا تاراۋاتقان سوغۇق سۇدىن راھەت-لەنگەندەك، كۆزلىرىنى مەھكەم يۇمدى-دە، شەبنەم قونغان كوكاتتەك نەملەنگەن چار بۇرۇتىنى بارماقلىرى بىلەنلا سۇرتۇۋەتتى، قۇتلۇقنا يىقىنراق كېلىپ يۇمشاق تەلەپپۇزدا سورىدى:

— گەپنى يېقىندىن باشلايمۇ، يىراقتىنمۇ، ئۇزۇنراق قىلايمۇ، قىسقىمۇ؟

— شۇنىمۇ سوراپ يۈرەمدىغان، ئەزمىسىنى ئېزىدىغانلار بىلەن ھېچكىمنىڭ خۇشى يوق. كۆرۈپ تۇرۇپسەن، تۈنىمۇ تەك بولۇپ قالدى، — دېدى، قۇتلۇق، ئاسماننى كۆرسىتىپ قويماقچى بولغاندەك، قاپقارا كۆيە باسقان تورۇسنى ئىما قىلىپ.

— دېدىمغۇ، بىز ئەسلى ئۇيغۇر ئادىز ئىدۇق، ئادىز بولساقمۇ، قوۋمىمىزدە يۈزىمىز، قولىمىزدا ھۈنىرىمىز، ئىلكىمىزدە مال-چارۋىمىز بار ئادىزلاردىن ئىدۇق، تەگرى بەرگەنگە قانائەت قىلىپ، ئەمىر-ياساقلارغا بويسۇنۇپ، لايىقىدا يۇقراچىلىق قىلاتتۇق.

سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئۇنىڭ ئاۋازى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى، گۈنسىز كۆزلىرى تۈن قاراڭغۇسىدىكى يوروق يۇلتۇزدەك چاراقلاشقا باشلىدى، «ھەي، قانداق ياخشى كۈنلەر ئىدى ئۇ» دەۋې-تىپ، ھەسەل يەۋالغان كىشىدەك ئاغزىنى تامشىپ قويدى.

— بىراق، ياخشى كۈنلەرگە چېچەك چىقتى. قۇش ئۇۋىسىدەك ئىسسىق ئۆيىمىز شورى قورىغۇر ياغلاقارلارنىڭ قولىدا ئۇششۇك ئۇر-غان يالپۇز گۈلىدەك، بىر پەستىلا توزۇپ كەتتى. تۆت جان ئىدۇق، ئىككىلەن ئۆلدى، ياق، ئىككىلەن ئەمەس، ئۈچەيلەن ئۆلدى. مەن بولسام مۆجىزىدەك تىرىك قالدىم. قانداقمۇ تىرىك قالاي، تىرىك تۇرۇپ دوزاخقا چۈشتۈم، ئۇۋچىدىن قورققان يالغۇز كېيىكتەك، چۆل-چۆللەردە مۆكۈپ يۈردۈم، مۆكۈپ يۈرۈپ ئون يىلنى ئۆتكۈزدۈم. ئاشۇ تەقدىر ۋە ئاشۇ ئون يىل ماڭا قىساس خەنجىرىنى ئىنئام قىلدى، كۈندۈزلىرى يۇلغۇن تۈۋىدە تۇرۇپ، كېچىلىرى ئۆڭكۈر-غارلاردا قو-نۇپ، قىساس بىلىيى بىلەن خەنجەر بىلىدىم، خەنجەر بىلەۋېتىپ پۇرسەت كۈتتۈم، پۇرسەت ئىزدەپ بۆكۈلەرگە بېرىپ قالدىم، بۆكۈلەر-

دىن پاناھ تىلىدىم، ھۈنەر قىلىپ پۇل تاپتىم. خوتۇن ئېلىپ بالا كۆردۈم، بالامغا «قىرچەچەك» دەپ ئات قويغانمۇ بولدۇم. كۈنلەر ئۆتۈۋەردى، قىساس ئوتى كۆيۈۋەردى، كۆيۈۋېرىپ، ئاخىر كۈلخانىغا ئايلاندى. كۈتكەن پۇرسەت كەلگەنمۇ بولدى. بىراق «ئوغرى تۇتساڭ چوڭىنى تۇت» دەپتىكەن، ئۇششاق-چۈششەك ياغلاقلارنى ئۆلتۈرگۈم كەلمىدى، چوڭىنى بولسا مەن تاپالمىدىم، تاقەت قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم...

— ئۇنداقتا، مەندەك ئۇششاق-چۈششەك ياغلاقلارنى ئۆلتۈرمەيدىكەنسىز-دە بوۋا، — دېدى قۇتلۇق ئارىدىكى قاتمال كەيپىياتنى يۇمشىتىش ئۈچۈن، گەپنى چاقچاققا بۇراپ.

— قىساس ئۈچۈن ئازغىنە كەم 30 يىل ياشىدىم، ئەمدى كېلىپ، چۈپرەندە ياغلاقلاردىن مىڭنى ئۆلتۈرگەن بىلەن ئۇزۇن يىللىق قەسىمىمگە قانداق يۈز كېلەلەيمەن؟ قانداقمۇ پۇخادىن چىقالايمەن؟ بىلىمەن، گۇناھ سەنلەردە ئەمەس، بەلكى سەندەكلەرنى يامان يولغا باشلاپ ماڭغان ئاشۇ قاغاندا، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ، كۆڭلىدىكىنى ئاشكارىلاپ.

مەھبۇس يەنە سۇ سورىدى، ئارقىمۇئارقا كەلتۈرۈلگەن ئىككى ھېجىر سۇنى ساقلىغا ساقىتىپ تۇرۇپ ئوتلىۋەتتى، چاسىراق كەلگەن ماڭلىيىدىن، قويۇق ساقال ئارىسىدا قىزىل ياڭاقتەك كۆرۈنۈپ تۇرغان ئىككى مەڭزىدىن تەپچىپ چىققان تەر تامچىلىرىنى سىيرىۋېتىپ، گېپىگە قايتىپ كەلدى.

— شۇنداق قىلىپ، قىساس پەيتىنى سەل كەم 30 يىلچە ساقلىدىم، ئەجىر قىلغىنىمغا تۇشلۇق، كۆك تەڭرى بۇنداق ئوبدان پۇرسەتنى ماڭا نېسىپ قىلدى. بىر كۈنى قاغاننىڭ قانتۇر دېگەن بىر سەردارى ئىشكىمىزدە تويۇقسىز پەيدا بولۇپ قالدى ــ دە، «قىزىڭنى

بەر، ئۇردىغا كىرىپ ھالاۋەت كۆرسۇن» دېگىنىچە ماڭا چاپلاشتى. ئۇ سەردار ئەسلىدە يايلاقمۇيايلاق ئارىلاپ، قاغان ئۇچۇن قىز تاللاپ يۇرۇپ، قىرچەچەكنى كۆرۈپ قالغانىكەن.

بىلەمسەن، قىزىم قىرچەچەك ئەمدىلا 16 گە كىرگەنىدى، مەرھۇم ئانىسىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى. ئۇ شۇنداق خۇش پىچىم ۋە شۇنداق لاتاپەتلىك چوڭ بولغانىدىكى، ئۆيىمىزدىن ئەلچى ئۈزۈلمەيتتى. بىراق، مەن ئۇنىڭغا قىيالمايتتىم، ئۇمۇ ماڭا قىيالمايتتى. مەن مىسكىنىنىڭ كۈنى ئۇنىڭسىز كۈن بولمايتتى.

سەردار كەلدى، پۇرسەتمۇ بىللە كەلدى، پۇرسەت بىلەن تەڭ، كاللامغا شۇنداق بىر خىيالمۇ كىردىكى «قىرچەچەكنى توقاللىققا بېرەي، ئۇ ئارقىلىق قاغانغا قول سېلىپ، مۇرادىمغا يېتەي» دەپ ئويلاپ باقتىمۇ، بىردىنلا قورقۇپ قالدىم. مەن بىلىمەن، قىرچەچەك بۇ ئويۇمغا «ياق» دېمەيتتى. بىراق، قاغان ئۆلسە مۇرادىم ھاسىل بولاتتىيۇ، بۇ ئۆلۈم قىرچەچەكنىڭ بېشىغىمۇ كەلمەي قالمايتتى. ئەمما، كۈنلەر ئۆتۈۋاتاتتى، ئۆمۈر ئۆتۈۋاتاتتى. بىر پۈتۈملا ئەمەس، ئىككى پۈتۈممۇ گۆرگە ساڭگىلىماقتا ئىدى. بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتمىسام، ئۇ دۇنياغا ئارمان بىلەن كەتكەن بولاتتىم. ھەممىدىن بەك قورقۇنچلۇقى مانا مۇشۇ ئىدى. بىراق ...

تەڭقىسلىقتا كۆپ ئويلاندىم، بىر ئەپلىك چارە ئىزدىدىم. بۇنداق چارە تېپىلمىدى، قانتۇر بەرگەن مۆھلەتمۇ يېقىنلاپ قالدى. مەن ئىزتىراپقا چۈشتۈم، نە كۆزۈمگە ئۇيقۇ كىرمىدى، نە گېلىمدىن غىزا ئۆتمىدى، يىغلاپ-يىغلاپ يېشىم تۈگىدى. «— دادا، — دېدى، بىر كۈنى قىرچەچەك بەخىرامان تۇرۇپ، — نېمىدەپ ئاھ ئۇرۇۋاتقىنىڭ قىزىڭغا ئايان، ئۇ سەردارنىڭ مەقسىتىمۇ قىزىڭغا ئايان. ساڭا دېسەم، سەردار ماڭا مەرگىمۇش بەرگۈدەك، قىزىڭ ئۇنى قاغانغا بەرگۈدەك.

«ياق» دېسەممۇ بېشىم كەتكۈدەك، «ماقۇل» دېسەممۇ بېشىم كەتكۈدەك. بولۇپتۇ دادا، بۇمۇ قاملاشقىنى، مېنى يولغا سالغىن، بۇ تېنىمنى ئۆزۈڭ بەرگەن، جېنىمنىمۇ ئۆزۈڭ بەرگەن. ئەمدى ئۇ ساڭا، ئانا باشقا بولسىمۇ، ئىككى ئاكامغا، مەن كۆرمىگەن بولسامۇ، ئىككى ئاكامنىڭ ئانىسىغا تەسەددۇق. تەڭرى بۇيرۇسا ساق كېلەرمەن، بۇيرۇمىسا تەڭرىگە ئامانەت» دېدى-دە، قانتۇر بەرگەن مەرگىمۇشنى تۆشىگە يوشۇردى، چانمىسۇن دەپ، قىزىم بىلەن بىللە كېلىپ ئەتىسلا قايتىپ كەلدىم، بىراق ئۇ كەلمىدى. ئاڭلىسام قاغان ئۆلۈپتۇدەك، مەنمۇ مۇرادىمغا يېتىپتىمەن. ئامراق ئايالىم، ئوماق ئوغۇللىرىم ۋە ئاخىرقى بىر قىزىمدىنمۇ ئايرىلىپتىمەن. شۇڭا «ئەمدى بۇ جان ماڭا ئارتۇقچە» دېدىم ۋە ئۇدۇل ئوردىغا قاراپ يول ئالدىم. سىلەر مېنى تۇتتۇق دەيسىلەر، لېكىن، ئۆز ئايىغىم بىلەن كېلىپ، ئۆلۈمگە تىك باققىنىمنى بىلمەيسىلەر ...

قۇتلۇق قىرى مەھبۇسنىڭ يىغلامسىراپ تۇرۇپ ئېيتىۋاتقان تەسىرلىك سۆزلىرىنى نىھايەت چوڭ تاقەت بىلەن ئاڭلاپ توگەتتى. مەھبۇسنىڭ سۆزى بىلەن تەڭ، خىيال پەردىسىنىڭ چېكى قايرىلىپ، ئۇنىڭدا ئاجايىپ-غارايىپ كۆرۈنۈشلەر جىلۋە قىلغىلى تۇردى.

«ئۇ ئادىل ئىكەن، بىزمۇ ئادىل، ئۇنىڭ ئايالى ئۆلگەنىكەن، مېنىڭمۇ ئانام ئۆلگەن، ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى بار ئىكەن، بىزمۇ ئىككى ئوغۇل. ئۇلار قازا قىلغانىكەن، ئاكامدىن ئۆزگە، مەنمۇ قازا قىلغان بولاي، ئۈچ قەبرىنىڭ بىرى مېنىڭ بولسۇن، يارەببىم، پانىي ئالەمدە مۇشۇنداقمۇ ئوخشاشلىقلار بارمىدۇ؟ نېمىدېگەن غەلىتە دۇنيا بۇ؟...»

قۇتلۇق «ھەي ئەخمەق، نەدىكى خىياللارنى قىلىپ يۈرۈيسەنھە» دېگەندەك، ئۆزىچە كۈلۈپ كەتتى، خىجىل بولغاندەك باش

چايقىدى. بىراق، بۇ ئۆينىڭ ئوڭ بۇرجىكىدە، سول بۇرجىكىدە، پەگا ۋە تورۇسلىرىدا ئىنانقۇلىنىڭ ئويچان چىرايى پەيدا بولدى-دە، ئۇ «داداڭ قېچىپ كەتكەن، داداڭ قېچىپ كەتكەن...» دېگەن بىر سۆزنى توختىماستىن تەكرارلاۋەردى، ئارقىدىنلا ئىنانقۇلى يوقاپ، ئۇ كۆرۈنگەنلىكى يەردە، تام-تورۇستا، يەر ئۈستىدە پاكار-پاكار ئۈچ قەبرە جان كىرگەندەك قىمىرلاشقا باشلىدى. قەبرىلەرنىڭ يېنىدا كۆز يېشىنى سۈرتۈۋاتقان، يوم-يوم يىغلاپ مۇسىبەت بىلدۈرۈۋاتقان چار ساقاللىق بىر بوۋاي كۆرۈندى. قۇتلۇق گاھ ئۇ بوۋايغا، گاھ مەھبۇس بوۋايغا كۆز يۈگۈرتتى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدە ئوخشاشلا تۆمۈرچى ئوچىقىنىڭ كۈچلۈك يالقۇنى، تاۋلانغان قىپقىزىل تۆمۈر ۋە ئۇيۇم-ئۇيۇم قىزىل چوغلار چېلىقتى. نېمىشقىدۇر بۇ چوغلار يۇلتۇزدەك ئۇچقۇن چاچرىتىپ، قۇياشتەك ھارارەت چاچتى. بۇ ھارارەت ئۇچۇپ كېلىپ قۇتلۇقنىڭ يۈزىگە ئۇرۇلدى، يۈزىدىن يۈرىكىگە، يۈرىكىدىن تىرناقلىرىنىڭ ئۇچىغىچە تارالدى...

— ھەيران قالارلىق ئىش... ھەيران قالارلىق ئىش...

مۈگدەۋاتقان قېرى مەھبۇس خالار-خالماس بېشىنى كۆتۈردى، نېپىز ئاق ماتادىن ئۈستۈۋاش كىيگەن، سېرىق يۇڭ پوتا بىلەن بېلىنى باغلىۋالغان سوراقچىنىڭ ئۆزىچە بىر نېمىلەرنى دەپ ھاياجانلىنىۋاتقىنىغا دىققەت قىلدىيۇ، سەۋەبىگە قىزىقمىدى، ئارتۇقچە ئويلىنىشقىمۇ ھەپىلىسى بارمىدى. شۇ ئارىدا ئۇ سوراقچى ئېغىز ئاچتى:

— سوراشنى ئۇنتۇپتىمەن، نام-شەرىپىڭىز نېمە؟ ئاياللىڭىز ۋە ئوغۇللىرىڭىزنىڭچۇ؟ — سورىدى قۇتلۇق مەھبۇسقا يېقىنراق كېلىپ.

— بۇنى بىلىپ نېمە قىلىسەن؟ بولۇپتۇ، دەپ بەرسەم بېرەي، ئاغزىمنىڭ تېرىسى چۈشۈپ كەتمىگەندىكىن ...

قۇتلۇق غۇژژىدە بولۇپ، ئاغزىنى ئۇمچەيتىپ «دادا» دەپ توۋلىغىنىچە مەھبۇسنىڭ قۇچىقىغا تاشلاندى، بوينىغا گىرە سېلىپ مۈرىسى-

گە بېشىنى قويدى. توۋىۋقسىز يۈز بەرگەن بۇ ۋەقەدىن داڭقېتىپ تۇرۇپ قالغان قېرى مەھبۇس ھۆڭ-ھۆڭ يىغلاۋاتقان قۇتلۇقنى مۇردىسىدىن چەتلەشتۇردى-دە، كۆزىنى بىر ھازا چىمچىقلاتقاندىن، كېيىن:

— دا... دادا دەمسەن مېنى؟ سەن ئۆزۈڭ كىم؟ — دەپ سورىدى.

قۇتلۇق تارام-تارام ياش تۆكۈۋېتىپ ماتا كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىنى شۇنداق قايرىۋىدى، زەپىرەڭدەك سېرىق، ناۋاتتەك پارقىراق بۆرە ئۇشۇقى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئايان بولدى. مەھبۇس بوۋاي بۇ ئۇشۇققا بىرھازا قاراپ چىققاندىن كېيىن، قۇتلۇقنى مەھكەم باغرىغا باستى ۋە:

— قۇتلۇق بالام، سېنى ئۆلۈپ كەتتى دەپ ئويلاپتىمەن بالام، بىر نانغا زار بولدۇڭ، قېقىلىپ، سوقۇلدۇڭ بالام، داداڭنى ئەپۇ قىلارسەنمۇ بالام، — دەپ قوشاق قوشۇپ يىغلاپ كەتتى...

قۇتلۇق تاشقىرىغا قاراپ «داستىخان» دەپ توۋلىۋىدى، قۇتلۇققا كېچىلىك غىزا ئېلىپ كەلگەن ياغلاقار بىر قولىدا داستىخان، بىر قولىدا چاي كۆتۈرگەنچە پەيدا بولدى، ئىككى رەقىبنىڭ روبىرو ئولتۇرۇشلىرىغا قاراپ، توساتتىنلا ھودۇقۇپ كەتتى. قۇتلۇق:

— نېمىگە ھاڭۋېقىپ تۇرسەن، داستىخاننى تېزراق قوي، — دېۋىدى، ياغلاقار ئۇنىڭ دېگىنىنى ھايالسىز بەجا كەلتۈردى ۋە:

— ئېل ئۆگەسى جانابلىرى، ئۆيگە قايتامدىمەن يا تالادا ساقلامدىمەن؟ — دېدى، ھودۇقۇشنى يوشۇرۇشقا گەپ تاپالماي.

ياغلاقار چىقىپ كەتتى. قۇتلۇق داستىخاننى يېيىپ، دادىسىغا چاي قۇيدى، لېكىن دادىسى تەكلىپ-تەكەللۇپلارغا قۇلاق سالماي، سوۋۇتۇلغان موزاي گۆشىگىمۇ، ئات قېنىدەك قېنىق چايغىمۇ كۆز قىرىنى سېلىپ قويمىدى. ياغلاقار چىقىپ كەتكەندىن بېرى، ئۇ قوللىرىنى تىزىغا قويۇپ، تەگرى ئالدىدا يۈكۈنگەندەك جىمجىت ئولتۇرغىنى ئولتۇرغاندى. قىزىق يېرى، ئۇنىڭ بىر جۈپ كۆزى خۇددى

چوغدان چوغنى تىقىپ قويغانداك غەلىتە پارقىرايتتى، ئىچ-ئىچىگە
پاتماي قالغان بىر پىنھان كۆلكە مىيىقىدىن، كۆز جىيەكلىرىدىن ۋە
كۆلۈۋېتىشكە تەييار تۇرغان قىلىن لەۋلىرىدىن مارىلىماقتا ئىدى، پۇر-
سەت كەلسىلا، بۇ كۆلكە يانار تاغ مىسالى پارتلايدىغانداك قىلاتتى.
ئۇ ئاستا-ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ، قۇتلۇققا ئانىلارچە مېھىر بىلەن
قارىۋالدى-دە، ئاۋازىنى قەستەنگە بېسىپ ئاستا سورىدى:
— ئوغلۇم، سەن ئېل ئۆگەسمۇ؟ ھېلىقى داڭدار ئېل ئۆگەسە-
مۇ؟
— شۇنداق دادا، ئوغلىڭىز ئېل ئۆگەسى، ئايچۇر قاغاننىڭ ئەڭ
چوڭ ۋەزىرى، — دەپ جاۋاب بەردى قۇتلۇق ئويلىنىپ تۇرمايلا.
— ھە، مۇنداق دە ...
خىيالىدىن نېمە كەچتىكىن، بوۋاينىڭ چىرايى يەنە ئۆزگەردى.
مىسالى ياز كېتىپ، يەنە قىش كەلدى. مىڭ تەسلىكتە ئېغىز ئېچىپ
قۇتلۇقتىن سوراپ قالدى:
— راست گەپ قىلغىن، مەنسەپنى دەپ نامىمىزنى بۇلغاپ
يۈرمىگەنسەن؟
— ... ... ...
ئۇلار قىسقىغىنە پاراڭلاشتى. يامان ئويدىن خالاس بولغان
قىساسكار بوۋاي بەئەينى چوڭ گۇناھتىن ساقلاپ قالغانداك، كۆك
تەڭرىگە نەچچە مەرتەم شۈكۈرلەر ئېيتتى.
ھاۋا تىنجىق، ئۆي ئىچى جىم، تالادىنمۇ ھېچقانداق شەپە
كەلمەيتتى، پۈتكۈل مۇھىت ھازىرلا يۈز بېرىدىغان بىر تاسادىپقا قۇلاق
سېلىۋاتقانداك، تامامەن سۈكۈتكە چۆككەنىدى. پەقەت قۇتلۇقنىڭ
يۈرىكىلا كۆكرەك قەپىزىگە قاتتىق ئۇرۇلاتتى، ئۇنىڭ تىنىقىمۇ ئىچىگە
چۈشۈپ، ئۆپكىسىنى ئەسمەكتە ئىدى.
كۆپ ئۆتمەي، قۇتلۇقنىڭ دادىسى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، پىلە-

نىش نەزىرى بىلەن قاراپ تۇرۇپ، چوڭقۇر تەزىم قىلدى-دە:
— ئوغلۇم، داداڭ ئۆلۈشى كېرەك، ئۆلگەندىمۇ مۇشۇ يەردە ئۆلۈشى كېرەك، ھازىرنىڭ ئۆزىدە ئۆلۈشى كېرەك، — دېدى، چىرايىنى ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ.
قۇتلۇق كۆزىگىمۇ، قۇلىقىغىمۇ ئىشەنمەي قالدى، قورقىنىدىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي، بىر ھازا گاڭگىرىدى ۋە ئىنسانىي تۇيغۇنىڭ دەۋىتى بىلەن دادىسىنى يۆلەپ، دۇدۇقلاپ تۇرۇپ:
— بۇ نېمە دېگىنىڭىز قەدىردان دادا، ئاتا-بالا ئەمدىلا جەم بولدۇققۇ، بىز تېخى ياشايمىز، بىللە بېرىپ، ئانامنى ۋە ئاكامنى خۇشال قىلىمىز، شۇنداقمۇ دادا؟ — دېگەنلەرنى ئاران-ئاران ئاغزىدىن چىقىرالدى. ئۇنىڭ دادىسى:
— بالام، سەن بىر ئېل ئۇگەسى...، — دېگەن ھامان قۇتلۇق ئۇنىڭ گېپىنى تارتىۋېلىپ:
— بولما دېسىڭىز، بولماۋېرىمەن دادا، ئېل ئۇگەسى بولغىنىمدىن سىز بىلەن بىللە ياشىغىنىم، خىزمىتىڭىزنى قىلىپ، رەھمىتىڭىزنى ئالغىنىم ياخشى، — دېدى، يىغلىۋېتىشكە تەييار بولۇپ.
— ئوغلۇم، — دېدى، دادىسى قۇتلۇقنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ، — نەسلىمىزدىن سەندەك بىر ئېل ئۇگەسى چىققىنىغا بېشىم ئاسمانغا تاقاشقاندەك خۇشال بولۇۋاتسام، نېمە دېگىنىڭ بۇ ئەمدى. داداڭ ياشايدىغىنىنى ياشاپ بولدى. سېنىڭ ياشايدىغان كۈنلىرىڭ تېخى ئالدىڭدا، كۆك تەڭرى يول بەرسە، خەقنىڭ گېپى گەپ بولسا، قاغان بولۇپ يۇرت سورايسەن. ئۆتتۈنۈشۈمگە قۇلاق سال، قاغاننىڭ قاتىلى بولغان ئادىز مەھبۇسنىڭ بالىسى قاغان ئەمەس، ئېل ئۇگەسىمۇ بولالمايدۇ، جېنىنىمۇ ساقلاپ قالالمايدۇ. ياغلاقارلار بۇنىڭغا يول قويۇشمايدۇ، پەقەت داداڭ ئۆلسىلا پۈتكۈل مەخپىيەتلىك داداڭ بىلەن بىللە كېتىدۇ...

يۈرەك-باغرى پارە-پارە بولغان قۇتلۇق سانغۇن دادىسىنىڭ ئا-ياغلىرىغا ھەشقىپىچەكتەك يامىشىپ، ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلاشقا باش-لىدى. ئۇتىبۇلاقتەك ئۇقچۇۋاتقان قىزىق كۆز يېشى ئۇتلۇق نەپسى بىلەن قوشۇلۇپ، دادىسىنىڭ تىترەپ تۇرغان بەستىگە ئىللىق بىر سېزىمنى بەخش ئەتتى. بىراق، مەھبۇس ئاتا ئوغلىنىڭ تىنىمسىز سىلكىنىۋاتقان بېشىنى سىلاپ، پەپىلەپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ پوتىسىغا ئې-سىلغان قىسقا غىلاپتىن كۈمۈش ساپلىق سەپەر خەنجىرىنى تۇيدۇرماي سۇغۇرىۋالدى-دە، كۆكسىگە توغرىلاپ قاتتىق بېسىۋېدى، «شارتتىدە» ئېتىلىپ چىققان قان ئۇدۇل بېرىپ تامغا چېچىلدى. ئۇ مۇردىدەك قېتىپ قالغان قۇتلۇققا قاراپ بىخارامان كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ: — ئەلۋىدا ئوغلۇم، ئۆز ھاياتىمنى ئۆزۈم ئاخىرلاشتۇردۇم، لەنەتگەردى قاغان قاتىلىنىڭ ئەمدى سەن بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق، — دېدى — دە، قۇتلۇقنىڭ قۇچىقىغا پوككىدە يىقىلىپ چۈشتى.

## 35. ئۇ ئەمدى قاغان تاغىسى

بەئەينى چىدامىلىق ئۆي مۈلۈكىدەك، قاغاندىن قاغانغا مىراس قالغان ئوردا مۆتىۋەرلىرى ئايچۇر قاغاننى تۇنجى كۆرگەن چېغىدىلا چاندۇرماي ياقا چىشلىشىپ، ئۆزلىرى بىلىشىدىغان بىر نەزەر بىلەن بىر-بىرىگە قاراشقانىدى، ئاشكارا سۆز-چۆچەك قىلىشقا پېتىنال-مىسىمۇ، ئۇلارنىڭ قارىشىدىن «نېمىدېگەن ئاۋاق، نېمىدېگەن ئاۋارە بالا بۇ، تۇرغان تۇرۇقى قۇرۇپ قالغان مەدەككىلا ئوخشايدىكەن» دېگەن مەنا چىقماي قالمايتتى. ئۈچ قاغان، ھەتتا تۆت قاغان ھۇزۇرىدا خىزمەت قىلغان كاداك ۋەزىرلەر گەپ تاپاي دېسە بېگى قاغان كونا

قاغانغا يەتمەيدۇ دەپ قەسەم ئىچىپ بېرەلەيتتى، تېخىمۇ كاداگلىرى بولسا، «بۇ كەمدىكى ئادەملەر مانا شۇنداق ئىنجىمارۇق، ئۆتكەن كۈنلەردە قۇياشمۇ بۇگۇنكىدىن چوڭراق ئىدى، بۇنىڭدىن ئۇ گەۋدىلىك ئىدى، پالانىنى دېمەمدىغان، بوي-بەستى ئاسماندىن ئېگىز، گەۋدىسىمۇ ئۆتۈكەندەك ئىككى كېلەتتى» دەپ ۋەز ئېيتاتتى. ئايچۈرنىڭ بار-يوقى ئاشۇ تۇرسا، كىم يەنە «ئۇنداق ئەمەس» دەپ دوچقالايتتى؟

ئايچۈر بۇگۇن تەختتە ئولتۇراتتى، بوۋىسىنىڭ بوۋىسىغا سوغداق ئۇستىلىرى ياساپ بەرگەن، بوۋىسىنىڭ زامانىدا بوۋىسىغا لايىق كەلگەن بۇ كونا تەخت، ھەرقانچە كېرىلسىمۇ، ئايچۈرغا چوڭ كەلگىنى كەلگەنىدى. تەرمەچتەك ۋىجىك گەۋدىسى تەختكە شۇنداق چۆكۈپ كەتكەن ئىدىكى، تەخت ئۇستىدىكى جۇغى گويا تەگنىگە تاشلاپ قويۇلغان بىر تال يىگنىگىلا ئوخشايتتى.

ئايچۈرنىڭ ئەمدىلەتىن خەت تارتىشقا باشلىغان بۇرۇتى ئۆچكە تىۋىتىدەك يۇمشاق، چاچلىرى كەچ كۈزدە ئۇنۇپ چىققان كوكات مايسىلىرىدەك يۇمرانىدى، دوقسىنىڭ چوڭلۇقىدىن، يۈز-كۆزىگە ئاپتاپ چۈشمەيتتى، ئولتۇرسا ئاسماننى كۆرەلمەيتتى، تايىنى يوق قاش-كىرپىكلىرى ئاستىدىكى بىر جۈپ كۆزى قاڭشارلىق بۇرنىنىڭ ئۇياق، بۇ يېقىغا پاتۇرۇپ قويغان ئىككى تال قوي مايىقدەكلا قارىيىپ تۇراتتى، ئالتۇن تاج گىرۋىكىدىن بىر غېرىچ ئېشىپ تۇرددىغان ئالقاندەك-ئالقاندەك ئىككى قۇلىقىلا ئۇنىڭ قاغانلىققا ياردشىدىغان بىردىنبىر پەخىرلىك ئەزاسى ھېسابلىناتتى.

بۇنىڭدىن خېلى يىللار بۇرۇن، مەرھۇم كەدىرە يېقىن دوستى قىزتۇرمىشنىڭ يەتتە ئايدىلا يەگكىپ قالغىنىدىن خەۋەر تاپتى. قۇتلۇق بىلەن كەدىرە چىرايلىق بىر قۇرىقان تېپىپ، تاۋار-دۇردۇن ۋە قەنت-گې-

زەكلەر بىلەن چاي ھازىرلاپ، ئايچەچەكنى كۆتۈرۈپ، قولانقارانى يېتىلەپ تاراسلارنىڭكىگە باردى. ئۇلار بوسۇغىدىن ئۆتەر-ئۆتمەيلا «ئاتا-ئانا بولۇپسىلەر، مۇبارەك بولسۇن» دەپ يارىشىقنى قىلىشتى-دە، «بۆرىمۇ، تۈلكىمۇ؟» دەپ تەگلا سوئال قويۇشتى. تاراس «بۆرە» دەپ جاۋاب بەرگەچ، قاتمۇقات تەتىللا كۆرپىلەرگە يۆگەلگەن ئايچۆرنى كۆتۈرۈپ كىلىپ، كەدىرەگە تۇتقۇزۇۋېتىپ:

— تەگرىگە تەھسىن، ئۇرۇق-نەسەبىمىز ئۇزۇلۇپ قالمايدىغان بولدى، — دەپ قەۋەتلا خوش بولۇپ كەتتى.

قۇتلۇقنىڭ يادىدا قىلىشچە، بار جوغى تەلپەككە پاتىدىغان، ئاسلاندەك ئىگراپ ياتقان بۇ بوۋاقنىڭ ئۆزىگە ماس كەلمەيدىغان چوك-چوك قولاقلىرى ئۇنىڭدا ئالاھىدە تەسىراتلارنى پەيدا قىلغان، «قولىقى چوك قاغان بولۇر» دەپ، تاراسنى قەۋەتلا خوش قىلىۋەتكەن، مېھمان ئۈستىگە كىلىپ قالغان تۇنباغامۇ مەسلىھەتلىشىۋالغاندەكلا ئاشۇ تەمسىلنى شىپىي كەلتۈرگەنىدى.

چوگلارنىڭ ئاغزىدىن سائەت چىققان چېغى، ئۇردا ئەمچىلىرى «ئۇندىن بىرى ئەي بولمىسا، ئەي بولماس» دېگەن ئاشۇ بوۋاق ئاخىر ئەي بولدى. تەگرى يۆلىسىمۇ يۆلىدى، قۇتلۇق يۆلىسىمۇ يۆلىدى، ئىشقىلىپ 15 ـ 14 يېشىدىلا ئاتا تەختىگە مىراسخور بولدى.

مەيلى ئاۋاق بولسۇن، مەيلى ئۇرۇق بولسۇن، قۇتلۇقنىڭ نەزىرىدە ئۇ ئەقىل جامى توشۇپ تۇرغان، ئەل-يۇرت بەختى ئۈچۈنلا دۇنياغا تۆرەلگەن، تەگرى قىياپەتلىك بىر قامەتلىك ئادەم ئىدى. ئانا قارنىدا ئاپىرىدە قىلىنىشتىن بۇرۇن، كۆك تەگرى ئۇنىڭغا شۇنداق بىر خاسىيەتنى بەخش ئەتكەنكى، ئۇ بۇ جوغى بىلەن يامان كۆزلەردىن خالىي بولالايتتى، دۈشمەننى بىخۇد قىلالايتتى، قاغانلىققا ئامەت ئېلىپ كېلەلەيتتى، ۋىجىككىنە قىياپىتى ئۆز-ئۆزىگە تىل تۇمار ئىدى.

بىراق، بۇگۈن ئەتىگەن قاغاننى دىۋانغا چىقىشقا دەۋەت قىلىۋې-
تىپ، قۇتلۇقنىڭ كۆڭلى ئازراقىنە غەش بولۇپ قالدى، ياغلاقارنىڭ
«قاغان بالا بولسا، ئەلنىڭ كۈنى نىمە بولماقچىدى» دېگەن كىنايىسى
يادىدىن كېچىپ، يۈزى ۋىللىدە قىزىرىپ كەتتى.

ئەسلىدە ئوردىۋالىققا كېلىپ، تەكىيەخانىدا تۇرۇۋاتقىنىغا ھەپتە
بولغان چوڭ ئوردا ئەلچىلىرى بىلەن پۈتۈشكەنگە مۇۋاپىق، قاغان
بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن ئوردىغا يېتىپ كېلەتتى، ئەلچىلەر كاتتا بىر
مۇراسىمدا تاڭ دېزوڭنىڭ ئۇتۇغات يارلىقىنى جاكارلايتتى. ئوردا ئۇدۇ-
مىدا بۇ ئىش ئۈچۈن خېلى چوڭ بىر ھەشەم تەييارلىناتتى.

«ھاۋا ئىسسىپ كەتتى» دېگەن سەۋەب بىلەن، ئايچۇر قاغان
بەش كۈندىن بۇيان دىۋانغا كەلمىدى. قۇتلۇق بۇنىمۇ چاندۇرمىدى،
مۇراسىم بېگىنى ئەۋەتىپ، ئوردا-دىۋاننى سىيرىپ سۈپۈرگۈزدى،
لەۋھە-شەلپەرلەرنى ئاستۇرۇپ، مۇراسىمنى تەقلەپ قويۇپ، كۈن چىق-
ماستىلا قاغان قەسرىگە يېتىپ باردى ـ دە، «قاغان ئۇخلاۋاتىدۇ»
دېگەن گەپ بىلەن قوبۇلخانىدا ساقلاشقا مەجبۇر بولدى.

كۈن چىقتى، كۈنمۇ چىچىلدى. كۈن قىزىپ، قىيام بۇرجىغا
يېقىن كەلگەندىلا ئاندىن ئۇخلاپ قوپقان ئايچۇر قاغان:

— نىمە ئىش؟ — دەپ سورىدى، قۇتلۇقتىن، ئۇيقۇلۇق كۆزلى-
رىنى تەسلىكتە ئېچىپ.

— مۇنداق گەپ ئىدى... ... ...

— ئوھوي، نىمە ئىشكىن دەپتىمەن تېخى، ئۇتۇغات دېگەن
قانچىلىك نىمىتى ئۇ ئالمىسا بولمايدىغان، ئالاي-ئالماي، مەن يەنىلا
قاغان، — دېدى ئۇ، ياتاق ئۆيىگە قايرىلىۋېتىپ.

— قاغان ئالىيلىرى...

قاغان توختىدى. ئاتا سۈپەت بىر ۋەزىرنى بىپەرۋالارچە تاشلاپ

كېتىۋاتقان ئايچۇر قاغان ئۇرغۇ بىلەن ئېيتىلغان ئىلتىجادىن كېيىن خۇشياقمىغاندەك توختاپ تۇردى.

— قاغان ئالىيلىرى، بىلمىسلە بىلگەيلا، تابغاچ ئۇردىسىدىن ئوتتۇغات ئېلىش قەدىم-قەدىملەردىن بېرى ئۇدۇم بولغان بىر كاتتا ئىش. ئۇلۇغ بوۋىلىرى ئېلتەبىر[1] دىن مۇبارەك پەدەرلىرى تاراس قاغانغىچە بولغان جىمى قاغانلار سۇلالىدىن ئوتتۇغات ئالغان، پۇرسەتنى قەدىرلەپ ئوتتۇغاتنى باش تارتمىغايلا، ئۇنى مۇھىم دەپ بىلىپ، جان دەپ قوبۇل قىلغايلا، — دېدى، قۇتلۇق كۆكۆل رەنجىنى قايرىپ قويۇپ. ئۇ يەنە «بۆكۈ قاغاندىن ئىبرەت ئېلىپ، كەمتەر بولغايلا» دەپ ئايچۇرنى سەگىتىپ قويماقچى بولۇۋىدى، گەپنىڭ ئۇزىراپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئۆزىنى بېسىۋالدى.

دەرۋەقە، تاراس قاغان تاسادىپىيلا ئۆلۈپ كەتتى، ۋارىس تىكلەش تورۇپ تۇرسۇن، بىر كەلىمە سۆز قالدۇرۇشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىدى. قاغانلىققا قاغان كېرەك بولدى، قاغانلىققا يولباش زۆرۈر بولدى. بىراق، ئايچۇر كىچىك، دىتسىزراق بالا بولغاچقا، ئۇنى ۋارىسلىققا راۋا كۆرگۈچىلەر ئانچە كۆپ بولمىدى. بەزىلەر قۇتلۇق ئۈچۈن «ھە-ھۇ» دېسە، بەزىلەر ئاستىرتىن ئىچ پەش تارتىشىپ قاغان تەختىگە قاراپ باش تارتتى.

ئادەم تۇغۇلۇپلا ئاغزىنى ئاچىدۇ، قوللىرى ئېچىگە ئېگىلگەن بولىدۇ. مانا بۇ ئادەم تەبىئىتى، ئادەمنىڭ شەخسىيەتچىلىكى. ئادەمنىڭ ئۇلۇغلۇقى شۇ يەردىكى، گېزى كەلسە، ئۇ ئۆزگىلەر ئۈچۈن جان بېرەلەيدۇ، ئۆزگىلەر ئۈچۈن نەپسىدىن كېچەلەيدۇ. بەزىلەر سورايدۇ:

---

[1] ئېلتەبىر — ئۇيغۇر قاغانلىقى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن تاڭ سۇلالىسىدىن ئوتتۇغات ئالغان ئۇيغۇر ئاقساقىلى.

«جان بەرگەن ئۇلۇغمۇ، نەپسىدىن كەچكەن؟». ئاقىل دەيدۇكى، ئىككىلىسىلا ئۇلۇغ، ساۋابى ئوخشاش، شۇغىنىسى، جاندىن كەچمەك ئاسان، نەپسىدىن كەچمەك تەس...

بۇنداق زىل چاغدا، ئۇلۇغ ئادەم ئىل ئۆگەسى ئۇلۇغ ئىشنىڭ ئەڭ ئۇلۇغىنى تاللىۋالدى، ئۆز نەپسىنى دەپنە قىلىپ، ئۆزگىلەرگە ھەمدەم بولدى. ئاۋۋال ئايچۇرنى قاغان تىكلەپ، ئاندىن كېيىن تاراس قاغانغا ھازا ئاچتى، قىزتۇرمىشنىمۇ يەرلىكىدە قويدى. ئەل ئاغزى بىسقىپ ھەممە ئىش يۇرۇشۇپ كەتتى. قۇتلۇقمۇ ئاتا ۋەسىيىتىگە ھۆرمەت قىلىپ، قايغۇسىنى كۆڭلىدە بىلىپ، قاغان پۈت دەسسەپ تۇرغۇچە، ئوردۇبالىقتىن بىر قەدەممۇ يىراق بولمىدى.

بىراق، ئايچۇرنىڭ بالىلارچە ھۇرۇنلۇقى، گۆدەكلەرچە دېۋەڭلە-كى، بۇگۇن قۇتلۇقنى ئويلىمىغاندا نا ئۈمىد قىلىپ قويدى، بەئەينى تۇتى قۇشتەك، كىمنىڭدۇر گېپىنى تەكرارلاپ، ئوردا ئوتۇغاتىنى قاراپ تۇرۇپ كەمسۇندۇردى، ئۇنىڭ ئارزۇ-ئارمىنىنى بىردىنلا تۇيۇق يولغا باشلىۋەتتى. قاق ناشتىدا، قاغاننىڭ ئىشكى ئالدىدا قاغان قوبۇلنى كۈتۈپ ئىشىك باقاردەك ئىككەك يۆلەپ ئولتۇرغىنىدا، بىر پىيالە چاي تۈگۈل، سۇيى قاچقان زاغرىدەك قاتتىق-قۇرۇق گەپلەرگە داخىل بول-غىنىدا «قاغان بالا بولسا، كۆرەر كۈنۈڭ نىمە بولۇر؟» دېدى قۇتلۇق ئۆز-ئۆزىگە، كۆڭلى بۆلەكچىلا يېرىم بولۇپ.

ئەمما، قۇتلۇق تاقەت ساقلىدى، ھەممە ئىشقا چىداشلىق بەردى، خالاپ قىلغان ئىشىدىن ئەزەلدىن ئۆكۈنۈپ باقمىغان قۇتلۇق بۇ دورەممۇ ھەممىگە چىدىدى. شۇ كۈنى ئايچۇر بىلەن دىۋانغا بىللە كەلدى — دە، تەنتەنىلىك مۇراسىمدا ئۇنى سۇلالىنىڭ «ساداقەتمەن بىلگە قاغان» دېگەن ئوتۇغاتىغا نائىل قىلدى.

تەگرىگە شۈكۈر، كەڭ يەڭلىك، ئۇزۇن پەشلىك يەكتەك كىيگەن

ئەلچىلەرنى كۆرۈپ، قاغان «ئۇلارنىڭ كىيىمى نېمانچە غەلىتە» دەپ يوتىسىغا ئۇرۇپ كۈلۈپ كەتكەندىن ۋە تەختتىن چۈشۈپ، ئەلچىلەر-نىڭ ئالدىغا يوگۈرۈپ بېرىپ، يەڭلىرىنى غىرىچلاپ باققاندىن ئۆزگە، چوڭراق بىرەر ئىش چىقىرىپ قويمىدى. ئەلچىباشى زەر باسقان شاھانە تون ۋە ھېقىق كۆزلۈك كەمەر تارتۇق قىلغاندا بولسا، «كىچىك بالا»-دەك خۇشال بولۇپ، گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى. قۇتلۇقتىن سورى-ۋالغىنى بويىچە «تابغاچ خو، تابغاچ خو» دېگىنىچە، ئەلچى-لەرگىمۇ ئېسىل-ئېسىل سوغداق ماللىرىدىن بىر تالاي سوۋغا قىلى-ۋەتتى...

بۈگۈن يەنە شۇنداق بولدى. ئېل ئۈگەسى كۆز پەسىللىك توققۇز بۇيرۇق كېڭىشىنى چاقىرىپ قويۇپ، ئايچۇر قاغاننى ئۆزى بېرىپ باشلاپ كەلدى.

كۆز پەسلى بۇ ئەل ئۈچۈن ئالتۇن پەسىل ھېسابلىناتتى. بۇ پەسىلدە ئاتلار ئەت ئېلىپ، كۈچكە تولاتتى. قوزا-ئۇغلاق قاتارغا قېتىلىپ، گۆش-قايماقلار تۆكمە بولاتتى. ئارپا-بۇغداي قازناققا كى-رىپ، ئەل ئاغزى ئاشقا تېگەتتى. كەتكەن كارۋانلار قايتىپ كېلەتتى، تاۋار-دۇردۇن، چەكمەن-ماتالار بازارغا كىرەتتى. كەلگەن كارۋان قاي-تىشقا باشلايتتى، تېرە-ئۈچەي پۇل بولاتتى. چاتاقچى قوۋملەرگە لەشكەر تارتىش ئىشىمۇ مۇشۇ پەسىل، مۇشۇ ئايلاردا روياپقا چىقاتتى.

توققۇز ۋەزىر ۋە يابغۇ-ئاقساقاللار تەخت ئالدىدا ئىككى رەت بولۇپ ئۆرە تۇرۇشاتتى. ئايچۇر قاغان يۇمشاق تەختتە خۇددى لايغا تاشلانغان تۇلۇق تېشىدەك، بېلىگىچە چۆكۈپ ئولتۇراتتى. ئېل ئۈگە-سى ئولتۇرغان كۈمۈش كۇرس ئالتۇن تەختنىڭ ئوڭ تەرىپىگە جايلاشقانىدى. بۇ پەخرىي ئورۇن ئېل ئۈگەسىنىڭ قاغاندىن تۆۋەن، ۋەزىردىن ئۈستۈن بولغان سالاھىيىتىدىن بەلگە بېرەتتى.

قۇتلۇق چاندۇرماي نوقۇپ قويۇۋىدى، ئۇيقۇلۇق قاغان بىردىنلا روھلىنىپ، ئالمان-تالمان سۆزگە كىرىشتى.

— ھەرقايسىڭلار قاغانىنىڭ پۇت-قولىسىلەر، نەيزىسىمۇ، ئاتقان ئوقىمۇ سىلەر، — دېدى ۋە يادلىۋالغىنىنى سۆزلەپ بولۇپ، ئۆز گېپىگە چۇشۇپ كەتتى، — قېنى مەلۇمات يوللاڭلار، ئەل نە ھالەتتە، كىمنىڭ ئىتى ئۆلۈپ قالدى، كىمنىڭ قويلىرىغا بۆرە تەگدى؟

دىۋان پەگاسىغا يېقىن تۇرغان قوشۇ ئاقساقىلى بوينىنى تولغىۋېلىپ، «پىخ... پىخ» قىلىپ كۈلۈپ تاشلىدى. توگرا ئاقساقىلىمكىن ياكى قۇمۇق ئاقساقىلىمكىن، ئالقىنىنى ئاغزىغا قويۇپ، بوغۇزىدىن قېچىپ چىققان كۈلكىسىنى زورىغا بېسىۋەتتى. ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغان قۇتلۇق:

— نېمەدەپ كۈلۈشىسىلەر ئەخمەقلەر، قاغانىنىڭ ئۇششاق ئىشلارغىچە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقىنىنى سەزمەي تۇرۇۋاتامسىلەر؟ قېنى ئېيتىڭلار، پۇقرانىڭ ئىتى ئۆلۈپ قالسا نېمە بولىدۇ؟ پۇقرانىڭ قوتىنىغا بۆرە تېگىدۇ، پۇقرانىڭ قويلىرىغا بۆرە تەگسە نېمە بولىدۇ؟ نېمە بولماقچىدى، پۇقرانىڭ كۆڭلى يامان بولىدۇ، شۇ، — دېۋىدى، ۋەزىر ۋە ئاقساقاللار «ھە، مۇنداقكەن-دە» دېيىشىپ، قايىل بولغاندەك باش لىڭشىتتى.

كۆپنى كۆرگەن بىر ئاقساقال ئالدىغا چىقىپ، يەرنى سۆيۈپ تەزىم قىلدى ۋە:

— قاغان ئۇلۇغ، قاغان دانا، ئۇشبۇ زاتىنىڭ ئەل-ئاۋامغا ئاتىلارچە غەمخورلۇق قىلغىنىدىن كۆڭلىمىز سۆيۈنۈپ، بېشىمىز ئاسمانلارغا تاقىشىپ تۇرۇپتۇ، قاغان ئامـان بولـغاي، كۆك تەڭـرى مەدەت بەرگەي، — دېۋىدى، بۇ مەدھىيىگە ھەممەيلەن تەستىق بەردى-دە، خىجىللىقتىن قۇتۇلغاندەك، باشلىرىنى ئۇستۇن كۆتۈرۈشتى.

قىرى تارخان ئۆپكىدەپ تۇرۇپ:

— تۇباس[1] قوۋمى ھەددىدىن ئاشتى، بايىرقۇ[2] لارنى بوزەك قىلدى، يايلاق-ماللىرىمىزنى ئىگىلىۋېلىپ، پۇقرالىرىمىزنى قوغلاپ چىقاردى، — دەپ ئەرز قىلدى. تۇباس ئاقساقىلىنىڭ «كۆگمەن تېغىنى قار بېسىپ كەتتى، تاغدىن ئۆتمەك مۇمكىن ئەمەس» دېگەن باھانە بىلەن كېچىكىشتىن باش تارتقىنىنى ئۇقۇپ، ئايچۇر قاغان قاقشاپ-قاقشاپ ھېرىپ قالدى ۋە ئۆرە ئولتۇرۇپلا مۈگدەشكە باشلىدى.

قۇتتۇغۇر[3] ئاقساقىلىنىڭ «دات قاغانى ئالەم» دەپ ئۈنلۈك ۋارقىرىشى ئايچۇر قاغاننى ئۇيقۇ ئالمىنىڭ بوسۇغىسىدىن بىمەھەللا قايتۇرۇپ كەلدى. بۇ دىقماق يابغۇ نېمىدىندۇر خۇدۇكسىرىگەندەك يەرگە قاراپ تۇرغان ئەقشىد[4] ئاقساقىلغا ھومىيىپ قويۇپ:

— قاغان ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي، كەمىنە ئاقساقاللىرى ئەل دەردىگە دەرمان بولسۇن دەپ تاتار[5] قوۋمىگە كارۋان ماڭدۇرغان ئىدىم، كىم بىلسۇن، ئەقشىد يېرىدىن ئۆتۈۋاتقاندا، كارۋىنىمغا سوغۇق قول تېگىپتۇ. ئابرۇيلۇق ئادەملەردىن ئاڭلىشىمچە، بۇ سوغۇق قول دەل ئاشۇ ئاقساقالنىڭ ئادەملىرى ئىكەن. ئەي ئادىل قاغان، سىزگە ئەرزىم شۇ، ئۇ ئىنساپسىز ئاقساقالغا مالغا مال، ئاتقا ئات ۋە جانغا جان تۆلەپ بېرىشكە پەرمان قىلغايسىز!— دېدى كۆز يېشىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ.

دەۋاگەر ئۇنى دېدى، جاۋابكار بۇنى دېدى، دەۋاغا دەۋا قوشۇلدى. قىزىق بىر تاماشا بولۇۋاتقاندەك خۇشال بولغان ئايچۇر قاغان بىر چەتتە تۇرۇپ، ئۆز كۆڭلىنى خۇش ئېتىۋەردى. تىزگىنسىز دىۋان

---

[1][2][3][4][5] ئۆز ۋاقتىدا ئۇيغۇر قاغانلىقىغا تەۋە قوۋملەر.

مىسالى بىر قايناق بازاردەك، بىتايىن گەپلەر بىلەن تولۇپ كەتتى. يىلدا بىر كېلىدىغان بىر ئۇبدان پۇرسەت مانا مۇشۇ يوسۇندا ئۆتتۈۋەر-دى.

بىراق، ئۇردا كېڭەشنىڭ بۇ ھالى قۇتلۇقنىمۇ، قۇتلۇقنىڭ پىكرى ئۇچۇق ھەقەمسايىلىرىنىمۇ بىتاقەت قىلىۋەتتى. باياتىن بېرى، قاغاننىڭ كۆڭلىنى ئاياپ، كېڭەش ئەھلىگە ھۆرمەت ساقلاپ جىم ئولتۇرغان ئىچبۇيرۇق تەمىر بۇقا «بولدى، بەس» دەپ توۋلىۋىدى، دىۋان ئىچى سۇ كىرگەندەك جىمىپ كەتتى.

قۇلاقلىرى قىزىرىپ، ئېڭەك مۇسكۇللىرى لىكىلداشقا باشلىغان تەمىر بۇقا ئۇششاق-چۈششەك ئىشلار ئۈچۈن ھېچكىمنى ئەيىبلەپ ئولتۇرمىدى، ھېچكىمگىمۇ خاپا بولمىدى. بىر چامداپلا قاغان ئالدىغا كېلىپ، لايىقىدا ھۆرمەت بىلدۈرگەندىن كېيىن، بېشىنى سەل ئېگىپ:

— شان-شەۋكەتلىك قاغان ئالىيلىرى، چوڭ ئىشلارغا بەل باغلاپ، بېشبالىققا نەزەر ئاغدۇرغايلا، ھەممىگە مەلۇم، بېشبالىق شەھىرى تۇبۇت زەنپۇسىنىڭ ئاياغ ئاستىدا قالدى، سانغۇن ئىناتقۇلى بىلەن نەچچە مىڭ لەشكەر ئاچ-زار يۈرۈپ كۈن ئۆتكۈزدى. مانا ئەمدى قاغان تەختكە ئولتۇردى، ئەلدە ئامانلىق، يۇرتتا ئاسايىشلىق ھۆكۈم سۈردى. پېقىر قۇللىرىنىڭ ئۆتۈنۈشى شۇكى، لەشكەرنىڭ ۋە جەڭ ئاتلىرىنىڭ كۆچى بارىدا بېشبالىققا لەشكەر ئەۋەتسەك، بېشبالىقنى قولغا ئېلىپ، ئىززەت-ئابرۇيىمىزنى قايتا تىكلىسەك...، — دېۋىدى، گېپى قاق بەلدىن ئۈزۈلۈپ تاشلاندى. قەيەردىن كۆچ كىردىكىن، ئايچۇر قاغان بىردىنلا ئۆرە بولۇپ، ئەسەبىيلەرچە ۋارقىراپ كەتتى:

— بولمايدۇ، بولمايدۇ دېگەندىكىن زادى بولمايدۇ، قېنى ئېيت سانغۇن، بىزگە ئاشۇ دوپپامچىلىك بېشبالىق كېرەكمۇ ياكى ئۇردۇبالىق كېرەكمۇ؟ ئۆتكەن دودىكىدەك، سەردار-لەشكەرلەر بېشبالىققا كەتسۇنمۇ،

ئوردۇبالىقتا غەلىيان كۆتۈرۈلسۇن-ھە؟.
قاغان سۆزلەۋېتىپ، ئالاق-جالاق بولۇپ ئىككى تەرىپىگە قارى-ۋالدى، ئۇنىڭ يېنىدا ئۆرە تۇرغان قۇتلۇقنى كۆرۈپ، كۆڭلى ئەمىن تاپقاندەك ئۆز ئەسلىگە قايتتى.
ئەمىر بۇقا ئۆتكەن قېتىم بېشبالىققا لەشكەر تارتقان بەش چوڭ تۇمەنباشىنىڭ بىرى ئىدى، «ئۇر-چاپ» قىلىپ ھوجۇمچى ئاتلىقلار-نىڭ ئەڭ ئالدىدا كېتىۋاتقىنىدا ئېتى بىلەن قوشۇلۇپلا خەندەككە چۈشۈپ كەتكەن، ئاياغ سۆڭىكىگە دەز كەتكىنىگە قارىماي، نۇرغۇن لەشكەرنى يۆلەپ يۇرۇپ خەندەكتىن چىقارغان ۋە لەشكەرگاھقا ئەڭ ئاخىردا قايتىپ كەلگەن، ئەقىل-پەمى ۋە باتۇرلۇقى ياراپ كەتكەچكە، قۇتلۇق ئۇنى قاغان پەرمانى بىلەن ئىچبۇيرۇقلۇققا تەيىن قىلغانىدى. قۇتلۇق بىلەن قايتقاندىن بېرى، قۇتلۇق بىلەن ئەسرار بولسىلا بېشبا-لىقنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى. بۇ سانغۇنىنىڭ باياقى گەپلىرىمۇ بىر ھېسابتا قۇتلۇقنىڭ گېپى بولۇپ ھېسابلىناتتى. بىراق، قاغان ئۇنى رەت قىلدى، رەت قىلغاندىمۇ شۇنداق رەت قىلدىكى، بېشبالىقنى چوكۇرۇپ، بىر پۇلغا ئەرزىمەيدىغان قىلىۋەتتى.
شۇنداقتىمۇ، ئايچۇر قاغاننى ھەم چۈشىنىشكە تۇغرا كېلەتتى. «ياغى ياندىن قوپار، بالا قېرىنداشتىن» دېگەندەك، بوۋىسى بەگبارىس-نىڭ بىردىنلا يىرگىنچلىك قاتىلغا ئايلىنىپ، ئاتا-ئانىسىنى جېنىدىن ئايرىغانلىقى ۋە ئوردىدىكى قانلىق قىرغىنچىلىق ئۇنىڭ سەبىي قەلبىدە ساقايماس جاراھەتلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەنىدى. ئايچۇرنىڭ ئەينى چاغ-دا، تاۋۇتتەك تار ئات ئوقۇرىدىن تېپىپ كېلىنگەن چاغدىكى مۆردىنىڭ-كىدەك ئۆڭۈپ كەتكەن مىسكىن چىرايى، تىرىكلىكتىن نىشانە قالمىغان جانسىز كۆزلىرى، بەزگەكتەك تىترەۋاتقان ئاجىز گەۋدىسى قۇتلۇقنىڭ كۆز ئالدىدىن نېرى كەتمەيتتى.

دېمەك، ئۇ قورققان ئىدى، دۇنيانى، دۇنيادىكى جىمى ئادەمنى بەگبارىس بوۋىسىدەك، دادىسىنىڭ قانتۇر كەبى ئاسىي ۋەزىرىدەك تۈزكور ۋە تاش يۈرەك بولسا كېرەك، ھە دېسىلا ئىسيان كۆتۈرۈپ، ناھەق-نەرۋا قان تۆكسە كېرەك دەپ چۈشەنگەنىدى. ئايدا-يىلدا بىر كەلسىمۇ، كەلگىنىدە ئانچە-مۇنچە ئەركىلىتىپ قويىدىغان، قەنت-گېزەك، تاتلىق-تۈرۈملەرنى بېرىپ كېتىدىغان بىر ئادەم تۇساتتىنلا ئىككى قولى قان بىلەن بويالغان جاللات سۈرىتىدە كۆز ئالدىدا پەيدا بولسا كىممۇ قورقمىسۇن؟ كىمنىڭمۇ يۈرىكىگە دەز كەتمىسۇن؟...

كېڭەش تارقالدى. ئۆز قوۋمىگە قايتىدىغان كېڭەش ئەھلى ئالدىغان تارتۇقلىرىنى ئېلىپ، ئالدىراش يولغا راۋان بولدى. قىش بالدۇر كېلىپ، ئوت-چۆپلەر سارغايماستىلا قار چۈشۈپ كەتكەچ، قوۋم ئاقساقاللىرىنىڭ بىرنەچچىسى ئوردۇبالىقتا قىشلاپ قېلىشتى. قۇتلۇقنىڭ كۈنلىرى ئاقساقاللارغا زىياپەت بېرىش، چاي-باراۋەتلەردە بىللە بولۇش، قاغان يارلىقلىرىنى ئىجرا قىلىش ئىشى بىلەن تېخىمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتتى.

بىراق، ئۇ ئوردىدا تۇرغىنى بىلەن، ئەس-يادى يەنىلا بېشبالىق تەرەپتە ئىدى. ئاي ئارىلاپ كېلىپ تۇرىدىغان ئاتلىق ئادەملەر مانا ئەمدى كەلمەس بولۇۋالدى. قۇتلۇقنى قاڭغىر قاقشاتقان جۇتلۇق كېچىلەر بۇ يىل يەنە باشلاندى. ئوردۇبالىقتىن ئەۋەتىلگەن كىيىم-كېچەك يېرىم يولدا توسۇلۇپ قالدى. تۇبۇتلار قورشاۋ قىلىپ يېتىۋەردى. بېشبالىق ھالىدىن كەتتى. ئىنانقۇلى غەيرەت قىلىپ، ئانچە-مۇنچە ھۇجۇم قىلدىيۇ، جەڭ ئىشى بىر قېتىممۇ ئوڭدىن كەلمىدى، قايتاي دېسە قاغانلىقتىن پەرمان بولمىدى، تۇراي دېسە مۇشەققەتتە ھالى قالمىدى، بېشبالىقتىن يېتىپ كەلگەن بۇ ئاخىرقى خەۋەر قۇتلۇقنى ماتەم خەۋىرى ئاڭلىغاندەك يۈرەكزادە قىلىۋەتتى.

بىر كۈنى كەچ، ئۇ ئوردۇبالىق سېپىلىنىڭ تەگرىقاغان قوۋۇقىغا چىقىۋالدى-دە، قوۋۇق ئۈستىدە تۇرۇپ، جەنۇب تەرەپكە كۆز يۈگۈرت-تى. ئۇ يەردە بوغاز كالىنىڭ قورسىقىدەك ساڭگىلاپ تۇرغان ئېغىر بۇلۇتلارنى، بوران ئۇچۇپ، جۇت ھۇۋلاۋاتقان قارلىق دالىنى كۆردى، دالادىن يىراقتا، تاغ-داۋانلارنىڭ ئۇ تەرىپىدە ئۆلۈك ئەجدىھادەك سو-زۇلۇپ ياتقان بېشبالىق سېپىلىنى ئەلغا قىلىۋالدى، سېپىل تۈۋىدىكى لەشكەرگاھمۇ، لەشكەرگاھ ئوتتۇرىسىدىكى ھېلىقى تاقىر دۆڭمۇ كۆزىگە چېلىققاندەك بولدى.

تاقىر دۆڭ غايەت زور كىگىز ئۆيدەك ئاپئاق ئىدى. تاقىر دۆڭنىڭ چوققىسىدا، كىگىز ئۆينىڭ ئۆگزىسىدە يىگانە قار ئادەمدەك ئۆرە تۇرغان ئىنانقولى ئۆزۈن قوللىرىنى قۇتلۇققا سوزۇپ ياردەم سوراپ ئەلتىجا قىلاتتى، ئۇنىڭ ئاغزى تېز-تېز مىدىرلايتتى، ئاۋازىنى ئېگىز تاغلار توسۇپ قالغانمۇ ۋە ياكى چەكسىز قۇملۇقلار يۇتۇپ كەتكەنمۇ، ھېچبىر سادا بۇياقلارغا يېتىپ كەلمەيتتى. تاقىر دۆڭنىڭ باغرىدا، كىگىز ئۆينىڭ ئالدىدا ئادەملەر يېتىشاتتى. ئۇلار دومبەل-دومبەل چىغ كۆتىكىدەك، قىمىرلاپمۇ قويمايتتى. كۆرمىگىلىغان يا ئۇقلىرى شەھەر ئاسمىنىدا قالايمىقان ئۇچۇشۇپ يۈرەتتى. قىزىق يېرى، بۇ ئوقلارنىڭ بىر تېلىمۇ يەرگە چۈشمەيتتى.

قۇتلۇق ھەممىنى كۆردى، كۆرۈۋېرىپ كۆزى تالدى، چىدام-تا-قىتى تامام بولدى، ياش قاپلاشقان كۆزلىرىنى قوۋۇق قورۇقچىلىرىدىن يوشۇرۇپ، سېپىلدىن پەسكە چۈشۈۋالدى ۋە قاغان قەسرىنى مولجالاپ ئىتتىك قەدەملەر بىلەن يۈرۈپ كەتتى.

قاغان تۆت چوغدان بىلەن خۇمداندەك ئىسسىپ تۇرغان يوغان ئۆيدە كۈچۈك ئويناۋاتقاندا، قەسىر قورۇقچىسى ئېل ئۆگەسىنىڭ يېتىپ كەلگىنىنى خەۋەر قىلىۋىدى، «چاپسان كىرسۇن» دېدى ئۇ ئىجازەت

بېرىپ.

قاغاننى تۇنجى قېتىم خۇشال ۋە كەيپى چاغ هالدا كۆرگەن ئېل ئۆگەسى «تەڭرىم ماڭا يول بەرگەن چېغى» دەپ ئويلىدى، تۇرۇلگەن قوشۇمىسىنى ئېچىپ، چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتتى. قىياسچە، يۈرەك باغرى زەرداب بولغان ئايچۇر قاغان دەهشەتلىك قارا ئۆتمۈشىنىڭ قان-ياشلىق خەندىكىدىن ئۆملەپ چىقىپ، هايات قىزىقچىلىقلىرىغا يۈزلەنگەن ۋە تۇرمۇش لەززىتىگە ئىنتىلگەنىدى.

— قاغان، كۆچۈكلىرى كۆچۈك ئەمەس، بەلكى يولۋاس بالىسى- كەن جۇمۇ، — دېدى، قۇتلۇق ئاسان قولغا كەلمىگەن بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ.

— يولۋاس بالىسى؟ بۇ راستىنلا يولۋاس بالىسىمكەن؟

— چاتاق يوق، ئۇ راستىنلا يولۋاس بالىسى. ئەنە، سەكرىشىمۇ يولۋاستەك، يۈگۈرۈشىمۇ يولۋاستەك...

«يولۋاس» بىلەن ئويناپ يۈرۈپ، چىلىق-چىلىق تەرلەپ كەت- كەن ئايچۇر قاغان قۇتلۇقنىڭ ماختىشىدىن مەمنۇن بولدى، سۇپىغا چىقىپ، ماموق تەكيەگە يانپاشلىدى. تەكيەگە باش قويار-قويمايلا ئۇ:

— ئېل ئۆگەسى، سىز مېنىڭ تاغام بولسىز، شۇنداقمۇ؟— دەپ سورىۋىدى، قۇتلۇقنىڭ چاقماقتەك ئىتتىك تىلى تۇيۇقسىز كالۋالاشتى، دۇدۇقلاپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

— ئېيتقانلىرى دۇرۇس قاغان ئالىيلىرى، پېقىر ئېل ئۆگەسى مەرهۇم قاغانىمىزنىڭ قېرىنداشى ئىدىم، ئەمدى يېڭى قاغانىمىزنىڭ تاغىسى بولدۇم.

ئايچۇر قاغان تاج كىيگەندە، قۇتلۇق هۆرمەت يۈزىسىدىن ئۇ- نىڭغا «ئاتا» بولغان، لېكىن «تاغا» بولمىغانىدى. مانا ئەمدى قاغان

ئۇنى «تاغا» دەپ ئاتاۋاتاتتى. قۇتلۇقنىڭ ئۇنى «جيەنىم» دېيىشكە تىلى بارمىسىمۇ، لېكىن ھۆرمەت يۈزىسىدىن «ئاتا» بولغاندىن، تۇغقاندىلىق يۈزى بىلەن «تاغا» بولۇشنى خالايتتى. چۈنكى ئۇنداق «ئاتا» بىلەن بۇنداق «تاغا» ئارىسىدا 1000 چاقىرىملىق مۇساپە ياتاتتى. مەيلى «دادا» بولسۇن ۋە مەيلى «تاغا» بولسۇن، قاغاننىڭ بۇنداق چاغدا بۇنداق سوئال قويۇشى قۇتلۇققا سەل غەلىتىرەك تۇيۇلۇۋاتاتتى.

— «تاغا» دېگەن گەپ «ئاتا» دېگەن گەپ، شۇنداقمۇ ئېل ئۇگەسى؟

قاغان بۈگۈن توساتتىنلا ئەقىل تېپىۋالغاندەك قىلاتتى. چۈنكى ئۇ قۇتلۇقنىڭ ئويىدىكىنى تامامەن بىلىۋالغاندى. شۇڭا قۇتلۇق قىسقىلا جاۋاب بەردى ۋە:

— شۇنداق ئالىيلىرى، شۇنداق، — دېدى باش لىڭشىتىپ.

— شۇنداق، ھېلىقى كۈنى سىزنى «ئاتا»، ئۆزۈمنى «ئوغۇل» دەپ ئاتىشىممۇ بىكار ئەمەس، — دېدى قاغان ۋە قۇتلۇقتىن ئۆزىگە ئوبدانراق ئاتىدارچىلىق قىلىشنى، گەپ بولسا، تارتىنماي دەۋرىشنى تەلەپ قىلدى.

«تەگرى ماڭا راستىنلا يول بېرىپتۇ» دەپ ئويلىدى قۇتلۇق ۋە بۇ پۇرسەتنى مەھكەم تۇتۇپ يىراق-يىراقلاردىن گەپ باشلىدى:

— قاغان ئالىيلىرى، پېقىر تاغىلىرى بىر چۆچەك ئېيتىپ بەرسەم قانداق؟ — دېۋىدى، قۇتلۇق تەكىيەدىن بېشىنى كۆتۈردى، باللاردەك خۇشال بولۇپ، چاۋاك چېلىپ ئىجازەت بەردى.

— چۆچەك دېگۈچىلىكمۇ چۆچەك ئەمەس، ئىنانقۇلى مۇشاۋىردىن ئاڭلىۋالغان گەپ شۇ، — دېدى سەل قورۇنغاندەك بولۇپ.

ئۇ چۆچەكنى باشلىدى:

— بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسدا ھون دەيدىغان چىچى قىزغۇچ، كۆزى

چىقىر بىر تائىپە بولغانىكەن، قاغاننى تەڭرىقۇت دەپ ئاتىشىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ھونلار بىلەن دۈشمەنلىشىۋاتقان بىر ئۇششاق تائىپە ھونلارنى ئوسال قىلماق بولۇپ، ئەلچى ئەۋەتىپتۇ ۋە تەڭرىقۇتنىڭ ئەڭ ئامراق بىر ئېتىنى «بىزگە بەر» دەپ تەلەپ قويۇپتۇ. تەڭرىقۇت ۋەزىر-سەردارلىرىنى دىۋانغا يىغىپ، ئۇلاردىن مەسلىھەت سوراپتۇ.

— تەڭرىقۇتنىڭ ئامراق ئېتىنى ئۇ تائىپىگە بېرىپ بولمايدۇ. ئات بەرسەك، بىزگە خورلۇق بولىدۇ، — دېيىشىپتۇ، كېڭەش ئەھلى-نىڭ كۆپىنچىسى. ئەمما ئۇ تەڭرىقۇت:

— قوشنىلار بىلەن ئۇرۇشقاندىن كۆرە، دېگىنىنى بېرىپ ئەپ ئۆتكەن تۈزۈك، ئات دېگەن بىزدە كۆپ، بەرسەك بەردۇق، — دەپتۇ-دە، ئۆز ئېتىنى ئەلچىلەرگە تارتۇق قىلىپتۇ.

ئۇ تائىپە ئاتنى ئېلىپ يەنە ھەددىدىن ئېشىپتۇ، تەڭرىقۇتنىڭ ئەڭ ئامراق خانىشىنى تەلەپ قىلىپ، ئەلچى ئەۋەتىپتۇ، ھونلارنىڭ ۋەزىر-سەردارلىرى تەڭرىقۇتقا:

— دېمىدۇقمۇ، ئات بېرىۋىدۇق، ئەمدى نەپسى يوغىناپ خوتۇن سورىدى، ئۇرۇشساق ئۇرۇشايلىكى، خوتۇن بېرىپ خورلۇققا قالمايلى، — دەپ چۇقان كۆتۈرۈپتۇ. كەڭ قورساق تەڭرىقۇت كېڭەش ئەھلىگە:

— قوشنا تائىپە بىلەن ئەپ ئۆتۈش ئۈچۈن يەنىلا سورىغىنىنى بەرگىنىمىز تۈزۈك، خوتۇن دېگەن تېپىلىدۇ، يەنە ئېلىۋالغىلى بولىدۇ، — دەپتۇ ۋە ئامراق خوتۇنىنىڭ مېھرىدىن كېچىپ، ئەلچىلەرگە قوشۇپ قويۇپتۇ.

يات تائىپە: «ھونلار دېگەن تېگىدىن قورقۇنچاق خەق، بىزدىن قورقۇپ ئات دېسەك، ئات بەردى، خوتۇننى سورىساقمۇ ‹غىڭ› قىلمىدى، يەنە سورايلى، سورىغاننى بەرمەي قالمايدۇ» دېيىشىپتۇ ۋە ھونلارغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۆزلىرىگە بىر پارچە زېمىن كېسىپ بېرىشنى

تەلەپ قىلىپتۇ.

«ئات سورىۋىدى، بەرمەيلى دېدۇق، تەگرىقۇت ئۇنى بەردى، خوتۇننى تەلەپ قىلىۋىدى، بەرمەيمىز دېدۇق، تەگرىقۇت ئۇنىمۇ بەردى، شۇڭا تەگرىقۇتنىڭ رايىغا بېقىپ ئىش قىلمىساق بولمىغۇدەك» دەپ ئويلىغان هون ۋەزىرلىرى تەگرىقۇتقا:

— يات قوۋم زېمىن تەلەپ قىلىپتۇ، سورىغىنىنى بېرەيلى، — دېيىشكەنىكەن، تەگرىقۇت تۇساتتىن دەرغەزەپ بولۇپتۇ ۋە:

— ئات قولدىن كەتسە، ئات تېپىلىدۇ، خوتۇن قولدىن كەتسە، خوتۇن تېپىلىدۇ، زېمىن دېگەن هەممىدىن قىممەتلىك، ئۇ قولدىن كەتسە قايتا تېپىلمايدۇ، «يات قوۋمگە زېمىن كېسىپ بېرەيلى» دېگەن ئاغزىڭغا تاش، — دەپتۇ-دە، زېمىننىڭ قەدرىنى بىلمىگەن ۋەزىر-سەردارلارنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپتۇ[①]...

قۇتلۇق «چۆچەك» ئېيتىپ كېلىپ، قان يۇراپ تۇرغان بەزى سۆزلەردىن يەنە هالقىپ كېتەلمىدى. ئۇ «ئايچۈرنىڭ كونا يارىسىنى تاتىلاپ قويدۇممىكىن» دەپ سارايسىمگە چۈشۈۋىدى، ئايچۈر گويا بىر كېچىدىلا نۇرغۇن يىللارنى كەينىگە تاشلاپ، چىدامىلىق بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغاندەك، بۇ سۆزلەرگە مىت قىلىپمۇ قويمىدى. ئۇ «يول-ۋاس» كۈچۈكىنىڭ ئويىنىشىغا قاراپ بىر هازاغىچە ئويلىنىپ ئولتۇر-دى-دە، تۇساتتىن ئۆرە بولۇپ، قۇتلۇقنىڭ تاشتەك قاتتىق قوللىرىنى ئالقانلىرى ئارىسىغا ئالدى ۋە هاياجان بىلەن:

— ئاغا، ئۆز ۋاقتىدا ئاتا بولۇپ، نادان ئايچۈرغا تاج كىيدۈرگەن

---

① شۇتىسيە خەنزۇشۇناسى فون.سېنگىرنىڭ «ئادەتتە ۋە پەۋقۇلئاددە چاغلاردا قوللىنىلىدىغان 36 تەدبىر» (مۇئەللىپ تەرجىمە قىلغان)، (شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1990- يىل، خەنزۇچە نەشرى) دېگەن كىتابىدا كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

ئىدىڭىز، مانا بۈگۈن ئۇنىڭ كۆزىنى ئېچىپ تاج كىيدۈرگەندىنمۇ كاتتىراق بىر ئىشنى قىلدىڭىز، دېمەكچى بولغىنىڭىزنى مەن چۈشەندىم، سىزگە مەڭگۈلۈك قەرزدارمەن، — دېدى. ئاتا سۆيگۈسىگە تويۇنغان، ئاتا مېھرىدىن سۆيۈنگەن بالىلارنىڭ كۆزىدىلا پەيدا بولىد-
غان ئاجايىپ بىر شولا ئۇنىڭ كۆز قارىچۇقىدا جىلۋە قىلدى.

ئىككىلەن بىللە ئولتۇرۇپ، باش توخۇ چىللىغۇچە كەڭ-كۇشادە پاراڭلاشتى، بېشبالىق ئىشىدىمۇ گېپى ئاسانلا بىر يەردىن چىقتى.

قۇتلۇق:

— ئوردۇبالىقتا بىر تۈمەن لەشكەر قالدۇرۇپ، قالغىنىنىڭ ھەممىسىنى بېشبالىققا ئاتلاندۇرماق كېرەك، قار-مۇزنىڭ ئېرىشىگە قاراپ تۇرساق، ئىناقۇلىنىڭ ئىشى چاتاق بولىدۇ. ياخشىسى، توققۇز ۋەزىر كېڭەشنى چاقىرىپ، ئاش-ئوزۇق، جۇۋا-چاپان ۋە يەم-بوغۇز ھازىرلىقىنى پۇختا قىلىپ، قوتاز بىلەن ئاتلىقلارغا يول ئاچماق لازىم، — دېۋىدى، ئايچۈر نېمىشقىدۇر سەل بىئارام بولدى ۋە يېلىنغاندەك ئاھاڭ بىلەن:

— تاغا، دېگەنلىرىڭىزنىڭ بەرى بەرھەق، لېكىن، بىر ئۆتۈنۈشۈم بار، جەزمەن ماقۇل بولۇڭ، بېشبالىققا قايسى سەردارنى ئەۋەتسىڭىز ئەۋەتىۋېرىڭ، لېكىن سىز بارماڭ، مەن قورقىدىكەنمەن...

غۇيۇلداپ ئۇچۇپ كېلىۋاتقان شىمال شامىلى ئۇششۇك ھەرىدەك چېقىپ تۇرغىنى بىلەن، ھاۋا يەنىلا ئوچۇق ئىدى. ئاقۇچ چەمبەر ھاسىل قىلغان ئۇپۇق سىزىقى شۇ قەدەر پاكىز ئىدىكى، ئۇنىڭدا نە بۇلۇت، نە تۇمان كۆرۈنمەيتتى. ئاسمان گۈمبىزىمۇ ئېگىزلەپ قالغان، قېرى قۇياشمۇ بىردىنلا ياشىرىپ، ھۆسن-جامالدا تولغاندەك تۇراتتى. خىسلەتلىك نەۋ باھار كۈنلىرى قارا قىشنىڭ قەھرىتان كۈنلىرىدىن كۈنسايىن ئۇزاپ بارغان كەڭ زېمىنغا يىراقتا تۇرۇپلا ئىللىق تەبەسسۇم

قىلىشۋاتاتتى.

قاغان قەسرىدىن چىقىۋاتقان ئېل ئۆگەسى ئۇچىۇق ئاسمانغا قارىۋىدى، ئۇنىڭ كۆڭلىمۇ ئاسماندىن بەتتەررەك ئېچىلىپ كەتتى. «خەيرلىك كۈن» دېدى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلاپ، چوڭ تەختىراۋاندا قاغان بىلەن بىللە كېلىۋېتىپ.

ئۇلار كۆپ ئۆتمەيلا شەھەر قوۋۇقىغا يېتىپ كېلىشتى ـ دە، قوۋۇقتىن چىقىپ سانجاق-سانجاق ئادەملەرنى، هارۋا-كارۋانلارنى ئىككىگە بۆلۈپ، شاهسۇپا تەرەپكە قاراپ مېڭىۋەردى.

بۈگۈن پالدا چىققان، لەشكەرلەر قوزغىلىدىغان مۇهىم كۈن ئىدى. 1000 دىن 1000 دىن بىر توپ قىلىپ، رەڭلىك ئاتلارغا مىندۈرۈلگەن 70 مىڭ لەشكەر تېخى كۈن قىيام بولماستىلا قوۋۇق تاشقىرىسىغا چىقىپ بولغان، تىغ ئۆتمەس زەنجىر چاپان ۋە پۆپۈكلۈك تۆمۈر بۆكلەرنى كىيىپ سەپراس بولۇپ تەييار تۇرۇشقانىدى. ئۇلۇغ سەردارلارنىڭ، تۇمەنباشى ۋە مىڭباشىلارنىڭ خوتۇن-توقاللىرى ئولتۇرغان ئاق ئۆيلۈك هارۋىلار قوۋۇق تېشىدىكى كەڭ بوشلۇقتا يايلاق ئۆيلىرىدەك يېيىلغانىدى. ئاش-ئوزۇق ۋە خىلمۇخىل لازىمەتلىكلەرنى بېسىشقان مىڭلاپ هارۋا سېپىل بويلاپ تىزىلىپ تۇراتتى. ۋەزىرلەر كېڭەشى كېتەرلىك چارۋا مالنىڭ ئۈچتىن ئىككىسىنى ئۆتەر يولدا تولۇقلاشقا پۇتۇشكەچكە، قوي-كالىنىڭ ئۈچتىن بىرى توپ-توپ بولۇپ كۆشەپ ياتاتتى.

قاغان بىلەن ئېل ئۆگەسى ئوردا قورۇقچىلىرىنىڭ يول ئېچىشى بىلەن خېلى ئۇزۇن ماڭغاندىن كېيىن ئاندىن ئادەم دېڭىزىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىكى شاهسۇپىغا يېتىپ كېلىشتى، تەختىراۋان بىلەنلا سۇپىغا چىقىپ سېپىل قوۋۇقىدىن تا مۇشۇ يەرگىچە سوزۇلغان ئالامانغا سەپسالدى. خۇددى هازىرلا جەڭگە كىرىدىغان قىياپەتتە تەييارلانغان

ئۇلۇغ سەردار تەمىر بۇقا، نايىپ سەردار ياغلاقار لىك، يۈزلىرى قىزىلمۇچتەك قىزارغان، قالقىنىنى دۈمبىسىگە باغلاپ، ئۇزۇن نەيزىسىنى مۇرىسىگە سېلىۋالغان بىر قانچە مۇشاۋىر-ئاقىلدارلار سۇپا ئالدىدا تىك تۇراتتى.

ئۇلار شامان باخشىلىرىنىڭ پىرە ئويناپ، قان قىلىپ، ئۆزلىرىگە ئاق يول بېرىشىنى، قاغان بىلەن ئېل ئۆگەسىنىڭ شاراب تۇتۇپ، ئەزگۇ تىلەكلەرنى تىلىشىنى كۈتۈشمەكتە ئىدى، رەسمىيەتلەر ئادا قىلىنىسىلا يولغا ئاتلىنىپ، كەچ كىرگۈچە، ئەللىك چاقىرىم يىراقلىقتىكى تۈنجى قونالغۇغا يېتىپ بارالايتتى.

قۇتلۇقنىڭ مەسلىھەتى بىلەن، بۈگۈن ئېرچۈك باخشىمۇ، قوچۇلۇق مانىيلارمۇ ئوخشاشلا كارامەت كۆرسىتىپ، لەشكەرلەرگە نۇسرەت تىلەشتى. قاغان خۇش پۇراق ئارپا شارابى تولدۇرۇلغان يوغان ئايقۇرلارنى سەردار-ئاقىللارغا تۇتقۇزۇپ، ئەمدىلا ئېغىز ئېچىشقا تەمشىلىۋىدى، ھەممەيلەن بىشىختىيار جەنۇب تەرەپكە بۇرۇلۇشتى.

قاغانمۇ بۇرۇلدى، قۇتلۇقمۇ بۇرۇلدى، بۇرۇلۇپ، جەنۇب يولىنىڭ كۆز يېتىم يېرىدە ئېغىر قەدەملەر بىلەن كېلىۋاتقان ھارغىن ئاتلارنى، ئات ئۈستىدە شۈمشىيىپ ئولتۇرۇشقان نامەلۇم ئادەملەرنى كۆرۈشتى.

— بۇلار كىم؟— سورىدى قاغان قۇتلۇقتىن قىسىق كۆزلىرىنى توختىماي چىمچىقلىتىپ. قۇتلۇق جاۋاب بەردى:

— بىلمىدىم ئالىيلىرى، ئەلچىلەرمىكىن دېسەم، ئەلچىدىن خەۋەر يوق ئىدى، كارۋانمىكىن دېسەم، بۇنداق قىشتا سودىگەرلەر كارۋان تارتمايتتى...

شاھسۇپىمۇ، شاھسۇپىنىڭ ئەتراپىمۇ مىسالى قايناۋاتقان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيغانداك جىمىپ قالدى. ئاڭغىچە، ئەۋەتىلگەن قورۇقچىلار قايتىپ كېلىپ مەلۇم قىلىشتى:

— مۇشاۋىر ئىنانقۇلى ئامان قالغان لەشكەرلەر بىلەن بېشبالىقتىن قايتىپ كېلىۋېتىپتۇ.

— ئاھ، تەڭرىم، ئۇ راستتىنلا ئىنانقۇلمىدۇ؟

قۇتلۇق كۆز قارىچۇقى توگلاپ كەتكەندەك، ئاتلىقلاردىن كۆز ئۈزمەيلا قېتىپ قالدى، يۈرىكى ئېغىپ، ئۇزايىغا تىترەك ئولاشتى. ئۇ ئۇن-تىن قىلماي بىرپەس تۇرۇۋالغاندىن كېيىن بىر سىلكىنىپ ئۆزىگە كەلدى ۋە «ماگا ئات» دەپ توۋلىغان پېتى ئۇدۇل كەلگەن سەردارنىڭ ئېتىغا مىنىپ، قاغاننىڭ ئىجازىتىنى كۈتمەيلا ئىنانقۇلنىڭ ئالدىغا قاراپ چېپىپ كەتتى...

## 36. ئۇرخۇن سۈيى ئۈزۈلمەيدۇ

ئاسمان گۈمبىزىدە يۇلتۇزلار چاراقلايدۇ. 14 كۈنلۈك تولۇن ئاي يۇلتۇزلار ئارىسىدا ئاق يەلكەندەك ئۈزۈپ يۈرىدۇ. يۇلتۇزلارمۇ، تولۇن ئايمۇ كۆك سەتھىدىن يەرگە قارايدۇ. يۇلتۇزلارنىڭ تەكتىدە، تولۇن ئاينىڭ ئاستىدا، مەشرىق بىلەن مەغرىبنىڭ ئارىسىدا، ئۆتۈكەندىمۇ، كۆگمەن تېغىدىمۇ ۋە ياكى ھانگاي تاغلىرىنىڭ باشقا بىر يېرىدىمۇ، ئىشقىلىپ، يەتتە ئىقلىمنىڭ قانداقتۇر بىر يېرىدە كۈمۈش تىرەكلىك، دۇردۇن يوپۇقلۇق، ئالتۇن قۇببىلىق بىر ياسداق چېدىر دۆگدەك قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ.

تورۇسى ئاسمانغا، گىرۋەكلىرى ئۈپۈق سىزىقىغا ئوخشايدىغان، ئۇ چېتىدىن بۇ چېتىگە كۆز يەتمەيدىغان بۇ كەڭ چېدىردا قۇتلۇق ئۆزى يالغۇز ئۇخلاۋاتىدۇ. ياق، ئۇ ئۇيقۇ بىلەن ئۇيقۇسىزلىق ئارىسى-

دىكى ئاجايىپ بىر ئالەمدە لەيلەپ-لەيلەپ سەيلە قىلىۋاتىدۇ.

ئەنە، زىلۋا بويى تال چىۋىقتەك تولغىنىدىغان، لەۋەنلەرچە قول سالىدىغان، ئۆرۈم-ئۆرۈم قارا چېچى مەجنۇنتالدەك يەلپۈنىدىغان بىر نازىنىن يىگىناغۇچنىڭ قانىتىدەك نىپىز شايى كۆڭلەك كىيىپ چىبدىر ئالدىدىن غىل-پال قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى.

سەزگۈر قۇتلۇق سەھەر پەسلى شامال ئەسكەندەك ۋە ياكى باھاردىكى ئويناق ئېقىندەك يەڭگىل تاشلانغان ئاياغ تىۋىشىغا قۇلاق سالدى، شەپىسىزلا چۈشۈۋاتقان قار ئۇچقۇنىغا ئوخشايدىغان ئۇ غۇۋا كۆلەڭگىگە چاندۇرمايلا زەن قويدى.

«ئاھ، بۇ نازىنىن كۆكتىن چۈشكەن پەرىزاتمىدۇ، يەر يۈزىدىن ئۈنۈپ چىققان قىزىل گۈلمىدۇ، كۈن ئەركىسى، ئاي بالىسىمىدۇ ۋە ياكى شەيتان-شاياتۇنمىدۇ؟...»

قۇتلۇقنى ئىمىشقىدۇر ئۇيقۇ باستى، ئويلاۋېتىپ كىرپىكلىرى گىرەلەشتى. ۋاقتىكى، قۇياش چىقىپ ئەتراپ يورىدى، ھەش-پەش دېگۈچە بىر كۈن ئۆتۈپ، قۇتلۇقنى غەپلەت باستى. تەكىيەگە باش قويار-قويمايلا تونۇش گەۋدە يەنە پەيدا بولدى-دە، چىبدىر ئالدىدىن ئىلدامغىنە ئۆتۈشكە باشلىدى. قۇتلۇق ئەمدى ئۇ گەۋدىنى كۆز ئالدىدا تۇرغاندەكلا ئېنىق كۆردى.

ئۇ بۈگۈنمۇ گۈزەل ئىدى، قىيا بېقىشلىرى جانغا ئوت ياقاتتى، ھۆسن-جامالى ئادەمنى مەھلىيا قىلاتتى، ياقۇتتەك قىزارغان لەۋلىرى ئىشق ئوتىدىن بېشارەت بېرەتتى، تۈن زۇلمىتىدەك قارا چېچى جۇدالىققا تەققاس ئىدى. سۈزۈك مەڭزىدىكى بىر جۈپ خالى ئۇرخۇن سۈيىدىكى قاينامنى ئەسلىتەتتى، ھىلال ئايدەك ئەگىم قاشلىرى ساداق بولۇپ، سۆيگۈ ئوقلىرىنى ئېتىپ تۇراتتى.

بۇنى كۆرۈپ، قۇتلۇقنىڭ بار ۋۇجۇدى قاقشال ئوتۇنغا ئۇچقۇن

چۈشكەندەك، «لاپ» قىلىپلا ئوت ئېلىپ كەتتى. بۇ ئوت ئۇنى بىقارار قىلدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، چېدىر ئىشىغا چىقىپ كەلدى-دە، نازىنىنىڭ قولىدىن تۇتۇپ، شامالدەك ئۇچۇپ، بوّكەندەك تاقلاپ قۇتاغ دېگەن بىر تاغقا ئېلىپ باردى، تاغنىڭ باغرىدا، دەريانىڭ بويىدا، رەڭمۇرەڭ گۈللەر ئارىسىدا، بېزەك يۇلتۇز، ھەييار ئايمۇ كوّرەل-مەيدىغان بىر پىنھان جايدا مۇھەببەت پەيزىدىن لەززەت ئېلىپ، تاڭ ئاتقۇچە مۇڭداش بولدى. ئاشىق-مەشۇقلارنىڭ مۇلاقىتى يەتتە يىل ۋە ئالتە ئايچە داۋاملاشتى. ئايرىلىش دەقىقىسىنىڭ نەق ئوّزىدە ئۇ نازىنىن:

— ئەي ئۇلۇغ ئادەم، ئېشەنچ كەمىرىدە بېلىڭنى باغلا، شۇنداق كۈنلەر يېتىپ كېلىدۇكى، كۈنچىقىشتىن كۈنپېتىشقىچە بولغان پۈتكۈل زېمىن سېنىڭ ئىلكىڭگە ئوّتكۈسىدۇر، ئەل-يۇرتقا كوّي، پۇقراغا كوّي، ئادالەتنى دوست تۇتقىن، — دېدى - دە، بىر پارچە كوّك تۇمانغا ئايلىنىپ، «خوش» دەپ تەۋزۇ قىلغىنىچە، غايىب بولدى.

— كەتمە، — دېدى قۇتلۇق قوللىرىنى ئىلاھقا ئىلتىجا قىلغان-دەك، ئاسمانغا سوزۇپ.

— كـەتمـە، — دېدى قـۇتلۇق، ئوتقـا چـۈشكـەن قـىل-دەك تـولغـىنىپ...

قۇتلۇق ئويغاندى، تىترەۋاتقان قوللىرىنىڭ بوشلۇقتا ئېسىلىپ تۇرغىنىنى، يۈرىكىنىڭ تىنىمسىز تېپچەكلەۋاتقىنىنى، بىر ئىسسىق ئې-قىمىنىڭ تومۇر-تومۇرلىرىدا ئويناقلاپ ئېقىپ يۈرگىنىنى تۇيۇۋالدىيۇ، بۇنىڭغا ھەيران قالمىدى. ئۇ پەي تەكىيەدە ياتقان پېتى «كەتمە» دەپ پىچىرلىدى ۋە يەردىن تورۇسقىچە، تامدىن تامغىچە قاراپ چىقتى، ئەمما، ئۇ قىزنى تۇگۇل، تۇماننىمۇ كوّرەلمىدى...

قۇتلۇق چۈش كوّرگىنىگە ئىشەندى. «ھەتتىگىنەي، — دەپ

ئۇيلىدى ئۇ بىمەھەل ئۇيغىنىپ كەتكىنىگە پۇشايمان قىلىپ، — نېمدەپ ئۇيغىنىپ كەتكەندىمەن؟ نېمدەپ ئۇ قىزنى قاچۇرۇپ قويـ-غاندىمەن؟...»

قۇتلۇق ئۇ قىزنى چۇش ئالىمىگە قايتۇرۇپ كەلمەكچى، ئۇنىڭ بىلەن مەڭگۈ بىرگە بولماقچى، ھېچبولمىغاندا بىرلا كۆرۈۋېلىپ، دىدا-رىغا قېنىۋالماقچى بولدى، تەمەخور كۆزلىرىنى قايتا يۇمۇپ، خېلىغىچە جىم ياتتى.

بىراق، ئۇ ئۇيقۇ ئالىمىگە قايتىپ بارالمىدى. ھېلىقى قىز كۆز ئالدىدىلا كۈلۈپ تۇرسىمۇ، نېمشقىدۇر ئۇنى كۆرەلمىدى، ياتا-ياتا ئۈمىد ئۈزۈپ، ئاخىر يەنە كۆزلىرىنى ئاچتى...

چاكارلارنىڭ چار خورىزى «قىق... قىق» قىلىپ چىللىۋىدى، ھەممە خوراز تەڭلا ئۇيغاندى. قېرى خورازنىڭ بوقا مۆرىگەندەك توم ئاۋازى پۈتكۈل ئوردۇبالىقنا يېيىلدى. ئىتلار قاۋاپ، كۆشەپ ھارغان نار تۆگىلەر ئاچ قالغاندەك بوزلاشقا باشلىدى. بۇ تەرىقە تاڭ شەپىسى ئۇڭدا ياتقان قۇتلۇقنىڭ خاراموش تۇيغۇسىنى غىدىقلاپ، تامامەن سەگەكلەشتۈرۈۋەتتى، ئەس-يادى بىردىنلا بۇرۇلۇپ، ئۇ قىزدىن چۇشى ئۈستىگە يۆتكەلدى. چۇش تۇپەيلى پەيدا بولغان يۇچۇن ئويلار ئۇنى قىيناپ، بىئارام قىلدى.

«ئۇ قىز كىم؟ نېمدەپ ئىنانقۇلنىڭ گەپ-سۆزلىرىنى يەنە تەكرارلايدۇ؟ ئۇ تەڭرىنىڭ ئەلچىسىمۇ يا ۋەسۋەسە بىلەن ئادەم ئال-دايدىغان ئىبىزىتقۇمۇ؟ ئەجەبا، بۇ كۆك تەڭرىنىڭ بېشارىتى بولسا-ھە؟...»

ئەقىل شۇنداق يوگۇرۇك نەرسىكى، ئۇ دەقىقە ئىچىدە ئالەمنىڭ بۇ چېتىدىن ئۇ چېتىگە يېتىپ بارالايدۇ، يەر تەكتىگە شۇڭغۇپ، ئاسمانلارغا چىقالايدۇ، ئۆتمۈشنى بۈگۈنگە ئۇلىيالايدۇ. ئەمما، ئەقىلنىڭ

كۆزى ئۇنىڭ ئايغىدەك قابىل ئەمەس. ئۇ تىلسىماتلار ئالدىدا ئاجىز، ئاجايىباتلار ئالدىدا ئاجىز، سىر-ھېكمەتلەر ئالدىدا تېخىمۇ ئاجىز. شۇڭا، ئىنسان بالىسى جىمى سەزگۈسىنى ئۇنىڭغا جەم قىلغاندىمۇ، ئۇنىڭ يەنىلا يېتەلمەيدىغان يېرى، يېشەلمەيدىغان سىرى بولىدۇ. ھەتتا، قول ئۇزارتسا قولمۇ يېتىدىغان مەنزىلگىمۇ ئۇنىڭ قەدىمى يېتىپ بارالمايدۇ.

شۇنداق، قۇتلۇقمۇ ئەقىللىق ئىدى. لېكىن ئۇمۇ ئىنسان ئەقلى-نىڭ چەكلىكلىكى سەۋەبلىك، تېخى ھېلىلا يۈز بەرگەن، سۈرەتلىرى تېخى ئۆچۈپ ئۈلگۈرمىگەن سىرلىق چۈشكە كۆڭۈلدىكىدەك تەبىر تاپالمىدى ـ دە، بىردىنلا قۇچقۇلۇق ئەۋلىيالارنى يادىغا ئالدى.

ئۇ ئورنىدىن تۇردى. چاكارلارنى يولغا سېلىپ، سەيناغا چىقتى، يېڭى تاڭغا تەزىم قىلىپ، ئاسمانغا قارىدى.

قارامتۇل كۆك ئاسماندا يۇلتۇزلار ئۆچمىگەنىدى. كۈنچىقىشتىن — كۆك ئاسماننىڭ يىراق گىرۋىكىدىن قېچىپ چىققان تاڭ شولىسى يۇلتۇز بىلەن قېرىشقاندەك، زۇلمەت قالدۇقىنى قوغلاپ يۈرۈپ، ئاچ كۆزلەرچە يالماپ يۇتاتتى. قارىماققا، بۈگۈنكى تاڭ شۇنداق ئۆزگىچە ۋە شۇنداق خاسىيەتلىك ئىدىكى، ئۇ بىرەر نۇسرەت ياكى بىرەر كارامەتنى باشلاپ كېلىۋاتقاندەك قىلاتتى. مانا بۇنىسى قۇتلۇقنىڭ ھەيرانلىقىنى ھەسسىلەپ ئاشۇراتتى.

تاڭ ئاتتى، چاكارلار قۇچقۇلۇق مانىلارنى باشلاپ كەلدى. قۇت-لۇق باشتىن-ئاياغ ئاپئاق كىيىنگەن، دەستۇرلىرىنى قولتۇقلىۋالغان ئىككى مانىنى ھويلىدىلا قارشى ئالدى ـ دە، ئۆيگە باشلاپ، تۆر تەرەپتىن ئورۇن كۆرسەتتى.

چوڭ شامان ئىرچۇك باخشى نامى بار قارا باخشىنىڭ شاگىرتى بولغاچقىمۇ ۋە ياكى ئىلمى شاماننىڭ پىركاملى ھېسابلانغاچقىمۇ،

تونباغا ئۇنى تونۇغقاندىن چارە يېقىن كۆرەتتى، ئۇنىڭسىز چوڭ ئىشلارنى قارار قىلمايتتى. تەخت تاراسقا مىراس قىلىنىدى، باخشىمۇ ئۇنىڭغا مىراس قالدى. ئايچۇر ۋارىس بولۇۋىدى، ئۇمۇ ئۆز ئورنىغا ۋارىس بولدى. تاراس ئۆلتۈرۈلگەن ئاشۇ كۈنلەردە، ئۇ ئايچۇرنى قوتقۇزۇپ، بىر ئايچە ھامىي بولغىنى ئۈچۈن ئايچۇر ئۇنى ئەتىۋارلايتتى، پەقەت شۇ سەۋەبتىنلا، قوتلۇق ئۇنى ھۆرمەت قىلاتتىيۇ، دۇئا-تىلاۋەتكە، پال ۋە رەملەرگە ئارىلاشتۇرمايتتى. ھېلىقى تۆت سوغداق، يەنى كۆك كۆز موۋاك ۋە ئۇنىڭ ئۈچ شاگىرتىلا ئۇنىڭ ئېتىقادىنى ئىگىلەپ كەلمەكتە ئىدى، بېشبالىقتىن قايتىشىدا قوچۇلۇق بۇ مانىلارنى ئالغاچ كېلىشىمۇ سەۋەبى قەلبىدە ئىز قالدۇرغان كۆك كۆز موۋاكنى ئەڭ ياخشى ئەسلەش بولۇپ ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭ ئېتىقادىچە شامان ئەمەس، بەلكى مانىلارلا غايىبنى بىلەتتى، چۈشكىمۇ تەبىر بېرەلەيتتى.

مانىلار ئادەت-ئۇدۇملىرى بويىچە غۇسلى تاھارەت قىلىپ، كۈنچىقىشقا يۈزلەندى، ئاق كىگىزدە چازانە قۇردى. قوتلۇق كۆرگەن چۈشىنى ئۇجۇر-بۇجۇرىغىچە بايان قىلغاندىن كېيىن:

— جانابىي ئۇستازلار، كۆرگەن چۈشۈم مۇشۇ، — دېدى ۋە مانىلاردىن تەبىر سورىدى.

ئىككى مانى كىتاب-دەستۇرلىرىنى ئېچىپ، ئىرماش-چىرماش پۈتۈكلەرنى ئۆز تىلىدا ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، كۆزلىرىگە كۈلكە ئولاشتى، مونەك-مونەك يۈز گۆشلىرىدىن ياغ تېمىپ تۇرغان بىر موللا گەپ ئۈينىتىپ ۋەزخانلىق قىلىشقا باشلىدى. ئۇ:

— مانى بورخان ئېيتىدۇركى، تاڭ سەھەردە كۆرگەن چۈش تەقدىر-كەلمىشلەر بىلەن ئەڭ يېقىندۇر، پات ئارىدا زاھىر بولىدىغان ياخشىلىقنىڭ بېشارىتىدۇر، — دېدى، بارماقلىرى بىلەن كىتاب ۋاراقنى چېكىپ تۇرۇپ، — چۈشلىرىدە ئايان بولغان ئۇ پەرىزات بورخان

تەگرىنىڭ ئەلچىسىدۇر، ئىپىتقانلىرى ھەم بورخان تەگرىمىز-
نىڭ ۋەھيىسىدۇر.
ئۆزىگە سۆز تەگمەي قىلىشىدىن ئەنسىرىگەن يەنە بىر مانى
ئەپلىك بوشلۇقتىن بىرنى تاپتى - دە، دەرھال ئارىغا كىرىپ:
— كەمىنە ئۇستازلىرى ئىرق پۈتۈكلەرنى كۆپ ئوقۇغان، تابغاچ
پالنامىلىرىنىمۇ كۆپ مۇتالىئە قىلغانمەن. بۇ چۈش شەكسىزكى، ياخشى
ئىشلاردىن بېشارەتتۇر. شۇنداق كۈنلەر يېتىپ كېلىپ، تەگرى بورخان
ئىل ئۆگەسىگە شاپائەت قىلسا، جاھالەتنىڭ دورى كېتىپ، يورۇقلۇقنىڭ
دورى كەلسە، بىز قۇللارمۇ ئىل ئۆگەسىنىڭ خىزمىتىدە بولساق نېمىدې-
گەن ئوبدان بولار ئىدى - ھە؟ — دېدى، تاماخورلارچە ھىجىيىپ.
— بۇ چۈشنىڭ يامان تەرىپى يوقمىدۇ؟
— بۇنداق چۈشنىڭ پەقەت ياخشى تەرىپىلا باردۇر، بورخان
ئەلچىسىنى كۆرگەنلەر ۋە ئەلچى بىلەن يېقىن مولاقەتتە بولغانلار
ئۇلۇغلۇق مۇقامىغا يەتكۈسىدۇر، تەگرى بورخان پەلەك بۇرجىنى ئۇ-
نىڭ بېشىدا چۆرگىلەتكۈسىدۇر.
قۇتلۇق بۇ تەبىرنىڭ تېگىگە يەتتى، تەبىرچىلەرنىڭ نېمە دېمەك-
چى بولغىنىنىمۇ ئوبدان چۈشەندى. ئۇ پەرۋاسىز باش لىڭشىتقاچ،
مۇشاۋىر ئىناقۇلىنىڭ، ياغلاقار لىگىنىڭ ۋە مەرھۇم دادىسىنىڭ تەگرى-
نىڭ بۇ ۋەھيىسىگە ئوخشاپراق كېتىدىغان ھېلىقى سۆزلىرىنى يادىغا
ئالدى. بىراق، مانىلارنىڭ يۈزى چوڭ كەلدىمۇ، يا مانى بورخانغا
ھۆرمەت ساقلاشنى لايىق كۆردىمۇ، ئۇلارغا ئىناقۇلغا خاپا بولغاندەك
خاپا بولۇپ كەتمىدى، ياغلاقارغا ھۈرپەيگەندەك ھۈرپەيمىدى، پەقەت،
مانىلارنىڭ تەبىرگە خۇشامەت ئارىلاشقان دەپ قاراپ، نەزىرىگە ئىلىپ-
مۇ كەتمىدى، خۇشامەت بىلەن خۇشى بولمىسىمۇ، سۈكۈت ساقلاپ
ئولتۇرۇۋەردى.

ئىككى مانى نۆۋەتلىشىپ، خېلى ئۇزۇن سۆزلىدى، گەپلىرىنى شاخلىتىپ، تەبىرگە تەبىر قوشۇپ، قۇتلۇقنى ئىشەندۈرۈشكە تىرىشتى. ئۆي تۈڭلۈكىدىن ئەمدىلا ئاپتاپ چۈشكەن مەھەلدە، ئات تۇيىقىنىڭ قالايمىقان دۈپۈرلىشى ئاڭلاندى-دە، يۈگۈرۈپ كىرگەن تەمىر بۇقا قۇتلۇقنىڭ قۇلىقىغا بىر نېمىلەرنى پىچىرلىۋىدى، قۇتلۇق دەرھال تاشقىرىغا قاراپ قەدەم ئالدى.

قۇتلۇق ئۇپۇر-توپۇر بولۇپ كەتكەن قەسىر دەرۋازىسىغا كېلىپ، تېخى توختاشقا ئۈلگۈرمىگەن ئات ئۈستىدىن بىر سەكرەپلا يەرگە چۈشتى، ئات تىزگىنىنى چۆرۈۋېتىپ، قەسىر سەيناسىغا كىرىپ كەلدى.

— ئېل ئۆگەسى يېتىپ كەلدى، — دېدى قەسىر قورۇقچىسى ئادەت بويىچە مەلۇمات بېرىپ.

قەسىر سەيناسىدا تۇرۇپ كەتكەن قاغان تۇغقانلىرى، ئوردا مۆتىۋەرلىرى، شىشە-شىشە مەجۇنلەرنى كۆتۈرۈۋالغان ئوردىۋالىق ئەمچىلىرى، قۇراق چاپانلىق باخشى-شامانلار ۋە مۇلازىم-قورۇقچىلار مەلۇماتنى ئاڭلاپلا قاق ئىككىگە يېرىلىپ، ئوچقاندەك تېز كىرىپ كېلىۋاتقان قۇتلۇققا ئېگىلىپ تۇرۇپ يول بېرىشتى. قۇتلۇق ئۆكسۈلى ئۆچكەن، پىچىرلاپ دۇرۇت ئوقۇۋاتقان، مىشىلداپ كۆز يېشى قىلىۋاتقان ئادەملەرگە سەپسېلىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي، سەينادىن ئۆتۈپ ھاۋالىق چوڭ ئۆيگە كىرىپ كەلدى.

ئۆي تۆرىدىكى كەڭ سۇپىغا رەڭمۇرەڭ ئۇدۇن زىلچىلىرى سېلىنغان، زىلچا ئۈستىگە قاتمۇقات تاۋار كۆرپىلەر يېيىلغانىدى. كۆرپىدە شۇمەكتەك ياداپ كەتكەن ئايچۇر قاغان ئېزىلىپ ياتاتتى، ئورۇق ئالقانلىرى كۆكسىدە تۇراتتى، يۈزلىرىدە، نەشپۈتتەك ئۈزۈلۈپ قالغان زاڭاقلىرىدا قان دىدارى كۆرۈنمەيتتى، كۆز ئەتراپى، يىرىم يۇمۇق كالپۇكلىرى كۆك مونچاقتەك كۆكىرىپ تۇراتتى، ئەكسىچە، سۆلەتلىك

چوڭ قوٗلاقلىرى غازاڭدەك بوزىرىپ كەتكەنىدى، كۆز ياشلىرى سىر-
غىپ تۇرغان شيەنئەن مەلىكە ئۇنىڭ باش تەرىپىدە شەپقەتچى مەبۇدى-
دەك قېتىپ ئولتۇراتتى.

ئىنانقوٗلى قايتىپ كەلگەن ھېلىقى كۈنى شاھسۇپىدا ئۇزۇن
تۇرغان ئايچۇر قاغان توساتتىنلا قىزىپ كەتتى ۋە شۇنىڭدىن بېرى
ئۇرۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. ئۇ تۇرۇپ-تۇرۇپ قاتتىق يۆتىلەتتى،
يۆتەلسىلا لەختە-لەختە قان قوٗساتتى، دېمى سىقىلىپ، گېلى بوغۇلغاندەك
خىرقىرايتتى، ئۇ تەڭ كېچىدە قىزىغانچە بىر كۈن قىزىپ، كۈن
قىيىلغاندا ئاندىن ئەسلىگە كېلەتتىيۇ، تۈن ھەسسىدە يەنە قىزىيتتى،
قىزىغانــدا بىھوش بولاتتى، سوۋۇغانــدا مۇزدەك تــەرلەپ، تىترەپ
كېتەتتى.

قاغاننىڭ ئەھۋالى قوٗتلوٗقنى زىيادە بىئارام قىلىۋەتتى، كۈندۈزلى-
رى قاتراپ يۈرۈپ ئەل ئىشىغا ئىگە بولسا، كەچ كىرىسىلا قاغان
قەسرىگە يۈگۈردى. ئۇ رەمچى-ئەمچىلەرنى باشلاپ كېلىپ، تومۇر
تۇتقۇزدى، چوڭ ئاستانىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، داڭدار ئەمچى ۋە شىپالىق
دورىلارنى ئالدۇرۇپ كەلدى.

— ئايچۇر قاغان زاتىل بولۇپتۇ، ئۆپكىسىگە جاراسىم چۈشۈپتۇ،
— دېدى، تابغاچ ئەمچىلىرى بىمارنىڭ تىلى ۋە كۆز ئېقىغا سەپسېلىپ
چىقىپ.

مۇنەججىم ئۇردا ھۆكۈمالىرى تابغاچ ئەمچىلىرىگە قايىللىق بىلدۈردىيۇ، «زاتىل بولغىنى راست، لېكىن جاراسىم ئۆپكىدە ئەمەس،
يۈرەكتە» دېگەن يەكۈننى چىقاردى. ئېرچۇك باخشى پال ئېچىپ
«بەگبارىسىنىڭ ئەرۋاھى تەھتىسارادىن قېچىپ چىققان جىنلار بىلەن
بىرلىشىپ، قاغاننىڭ روھىغا قەست قىلىپتۇ» دېگەن يەرگە كەلدى،
قوٗتلوٗقتىن مەخپىي تۇتۇپ توغ باغلاپ، پىرە ئوينىدى، تۆت كوچىنىڭ

دوقمۇشىدا ئۇتلاپ قاقتى. ئاستانىنىڭ بىباھا دورىلىرىمۇ، ئۇيغۇر ئەمچىلىرىنىڭ شەربەتلىرىمۇ، ئىرچۇك باخشىنىڭ جىن قوغلىشىمۇ زىنھار كار قىلمىدى. كۈندىن-كۈنگە ياداپ كەتكەن ئايچۇر قاغان كەينىگە ماڭسا ماڭدىكى، ئالدىغا دەسسىمىدى. ئۇ كېسەل تارتقان ئۈچ يىلدىن بېرى، قان تۈكۈرۈپ قانسىرىدى، يېتىۋېرىپ ھالسىرىدى، قوچۇ مانىلىرىنىڭ دېمىدە سۈيىمۇ كېسىلگە شىپا بولمىدى.

— ھەي ئەرۋاھلار، ھەي شاياتۇنلار، جىمى تەڭرىمنىڭ نامى بىلەن بۇيرۇيمەن، ئىلاھىمنىڭ ئوغۇل-قىزلىرى نامىدىن بۇيرۇيمەن، مازار-ماشايىخلارغا بېرىڭلار، كونا تۈگمەنگە بېرىڭلار، يۇلغۇن تۈۋىگە بېرىڭلار، قۇرۇق دەرەخلەرنىڭ قېشىغا بېرىڭلار...

قۇتلۇق كەلگەندە، ئىرچۇك باخشى قاغان ئەتراپىدا پىرە ئويناپ، پىرقىراپ يۈرەتتى. قاغاننىڭ باش تەرىپىدە، شىيەنئەن مەلىكىنىڭ كەينىدە تورۇسقا باغلانغان بىر تال ئارغامچا قارا يىلاندەك ساڭگىلاپ تۇراتتى. پەگادا چالا بوغۇزلانغان بىر قارا خوراز قان چاچرىتىپ، جاز تالىشىۋاتاتتى. ئىرچۇك باخشىنىڭ تۆت شاگىرتى چېلىۋاتقان داپ ئاۋازى ئۆي ئىچىنى توي تۈسىگە كىرگۈزۈۋەتكەنىدى.

قۇتلۇقنىڭ كىرىشى بىلەن، گۇناھ ئۈستىدە تۇتۇلۇپ قالغاندەك ئالاقزادە بولۇپ كەتكەن ئىرچۇك باخشى داپ، ساپايىسىنى يىغىشتۇردى-دە، شاگىرت-تالىپلىرىنى كەينىگە سېلىپ، غىپپىدە تىكىۋەتتى. قۇتلۇق قىلىۋۇرغىدەك يورغىلاپ چىقىپ كېتىۋاتقان باخشىلارنىڭ كەينىدىن ھومىيىۋېلىپ، ئالقىنىنى قاغاننىڭ پېشانىسىگە قويدى.

ئۇنىڭ تېخى تۈن يېرىمىدا كاۋاپتەك قىزىپ تۇرغان پېشانىسى ئەمدى مۇزدەك سوۋۇپ كەتكەنىدى. قانچە زەن قويغان بىلەن، نەپەسىنى بىلىپ بولمايتتى. پەقەت كۆك يىپتەك ئىرماش-چىرماش چېكە

تومۇرىلا چۇمۇلىدەك ئاجىز قىمىرلايتتى. قۇتلۇق چوڭ ئەمچىگە «قان-
داقراق؟» دېگەن مەنىدە قاراپ قويۇۋىدى، چوڭ ئەمچى:

— سىلى كېتىپ ئۇزاق ئۆتمەي قاغان يەنە قەي قىلدى، قەي قىلىپلا ھوشىدىن كەتكەنچە، ئىككىنچىلەپ ھوشىغا كەلمىدى، گېلىدىن مەجۇن ئەمەس، كاشكاپمۇ ئۆتمىدى. شۇڭا، ئۆزلىرىنى تېپىدە تۇرۇپ بەرسۇن دەپ ئادەم ئەۋەتتۇۋىدىم، — دېدى، ئۇمچىيىۋالغان ئاغزىنى قۇتلۇقتىن يوشۇرۇشقا تىرىشىپ.

قۇتلۇق يىغلىۋېرىپ كۆز يېشى قۇرۇپ كەتكەن مەلىكىگە، قايناپ تۇرغان كۆز يېشىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئۈنسىز ئېسەدەۋاتقان كىشىلەرگە قارىۋىدى، كۆڭلى بۇزۇلۇپ، يۈرىكىگە يىغا ئولاشتى. قاغان يېنىدا بىقۇۋۇل بولۇپ ئولتۇرۇشقان ئەمچىلەرگە قاراپ:

— ئەمچى ئۇستازلار، ئۆلمەسلىكنىڭ ئىلاجىنى قىلىڭلار، بىزگە قاغان بولمىسا بولمايدۇ، ھەرگىز بولمايدۇ، — دېدى ئۇ بېشىنى ئېگىپ، ئۆتۈنگەن ئاھاڭدا مۇراجىئەت قىلىپ.

قاغاننىڭ ئاياغ تەرىپىدە سۈكۈت ساقلاپ ئولتۇرۇشقان ئەمچى، ھۆكۈمالارنىڭ دىققەت-نەزىرى ئاپئاق چاچلىرىنى چوققىسىغا تۈگۈۋال-غان، تاۋار يەكتەك كىيىپ، ياقىسىغا قاردەك ئاق ياقىلىق تۇتۇۋالغان ياداڭغۇ بىر تابغاچ ئەمچىسىگە كېلىپ توختىدى. ئۇ مويسىپىت بىلىكى-نى بىرلا سىلكىپ، قاپتەك كەڭ يەڭلىرىنى جەينەكلىرىنىڭ يۇقىرىسىغا ئۆتكۈزۈۋەتتى، چىرايلىق بىر قۇتىدىن ئىنچىكە يىڭنىلەرنى چىقىرىپ، قاغاننىڭ باش تەرىپىگە كېلىپ جايلاشتى، ئاستا ئېڭىشىپ، يىڭنىلەرنى قاغاننىڭ چېكىسىگە، ئالقان دۈمبىسىگە ۋە قولاق قالقىنىنىڭ كەينىگە سانجىپ، يەڭگىللىكىنە پىرقىراتتى.

مۆجىزە يۈز بەردى، قاغاننىڭ كۆكسى بىلىنەر-بىلىنمەس كۆتۈ-

رولدى. ئاندىن كېيىن، بىر كالتە يۆتەل ئۇنىڭ بوغۇزىدىن ئۆتۈپ،
ئاغزىغا يېتىپ كەلدى-دە، جانسىز لەۋلىرى ئارىسىدىن سىلىققىنە چىقىپ
كەتتى، كىرپىكى مىدىرلاپ، كۆزلىرى ئېچىلدى. ئۇ غۇۋا تۇيغۇسى
بىلەن تۇنجى بولۇپ قۇتلۇقنى كۆردىمىكىن، ياكى ياشلانغان كۆزلىرى-
نى كۆرۈپ ئۇنى خاتىرجەم قىلغۇسى كەلدىمىكىن، زورغا جىلمىيىپ،
لەۋلىرىنى كۈچەپ مىدىرلاتتى.

شۇنداق، قاغان زورىغا جىلمىيىپ، لەۋلىرىنى مىدىرلىتىپ، ئۆزى-
چە بىر ئىمىلەرنى دەۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ زورىقىپ جىلمىيىشلىرى-
دىن، سۆزلەشكە ئۇرۇنۇشلىرىدىن جاھاندا بار بولغان مەنالارنىڭ
ھەممىۋاسى تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئۇ بەلكى قاغانلارچە پەرمان جاكارلايت-
تى، كىمنىدۇر جازالاپ، كىمنىدۇر كۆكلەرگە كۆتۈرەتتى ۋە بەلكى
قىلىپ ئۆلگۈرمىگەن ئىشلىرىنى كىمگىدۇر تاپىلاپ كەتمەكچى بولاتتى.
جەننەت بىلەن دوزاخ ئاچىلىدا تۇرۇپ، خاتا قىلغانلىرى ئۈچۈن تەگرى-
دىن ئەپۇ سورايتتى، ئاخىرقى سەزگۈلىرى بىلەن تىكىلىشلىرىدىن
قارىغاندا، بىردىنبىر قاغان تاغىسى، بىردىنبىر غەمگۇزارى بولغان قۇت-
لۇققا دەيدىغانلىرى ھەممىدىن تولىدەك قىلاتتى.

باش ئۈستىدە قاراپ تۇرغان ئېل ئۆگەسى قۇتلۇقمۇ، شىيەنئەن
مەلىكىمۇ قاغانغا قايتا جان كىرگىنىدىن راستتىنلا خۇشال بولۇشتىيۇ،
ئۇنىڭ بۇنداق جىلمىيىشلىرىدىن، ئاۋازسىز لەۋ مىدىرلىتىشىدىن ھېچ-
قانداق بىر مەنانى چۈشىنەلمىدى. ئۇلار نائىلاج، ئىچىدە يىغلاپ،
تىشىدا كۈلۈپ، قاغان بىلەن تەڭ جىلمىيىشتى، مۇبارەك نام-شەرىپىنى
تىلغا ئېلىپ، ئاۋايلاپقىنە سىلىكىپ كۆرۈشتى.

قۇتلۇقنىڭ قارىشىچە، قاغانلىق بۇ كەملەردە تىنچ ۋە ئاسايىشلىق
بىر كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرمەكتە، قېرىنداش خاكاسلارمۇ، مەشرىقتە-

كى قۇمۇقلارمۇ تىنچ-ئامان ياشاپ يۈرمەكتە ئىدى. ئۈزۈلمىگەن قۇدد-چىلىق[1] ئىناقلىقنى ئېلىپ كەلگەچ، سودا ئاۋۇپ، ئەل دولىسى ئاپتاپ كۆرۈۋاتاتتى. ئايچۇر قاغان شىپا تاپسىلا بېشبالىققا لەشكەر چىقارغىلى، تۇبۇت زەنپۇسىنى كەلگەن يېرىگە ھەيدىۋەتكىلى بولاتتى. ئەلنىڭ تەقدىرى قاغاننىڭ ئامانلىقى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغانىدى...

قاغانغا كۆز ئۈزمەي قاراپ ئولتۇرغان شيەنئەن مەلىكە تۇساتتىن «ۋايجان» دەپلا كەينىگە ئۈچۈپ كەتتى. بېشىغا چاقماق چۈشكەندەك چۆچۈپ كەتكەن قۇتلۇقمۇ شۇ زاماتلا ئالدىغا ئېتىلىپ، قاغاننىڭ ئېغىز-جاۋغايلىرىدىن ئېقىپ چىققان گۆشرەڭ قاننى يەكتىكىنىڭ يېڭى بىلەن ئاۋايلاپ سۈرتۈشكە باشلىدى.

ئۇ سۈرتتى، بىراق، بۇلاق سۈيىدەك ئۇرغۇۋاتقان قان يەنە چىقىۋەردى. قاغاننىڭ ئېغىز-بۇرنى، يوتقان-كۆرپىسى قۇشخانىدەك قانغا مىلەنگەندىن كېيىن ئاندىن قان توختىدى، قاغانمۇ نەپەستىن قالدى، يۇمۇق كۆزلىرى لاپپىدە ئېچىلىپ، ئېڭىكى چۈشۈپ كەتتى. ئۆي ئىچىدە يىغا-زارە كۆتۈرۈلدى...

قۇتلۇق ئۇنى پۈتكىچە پەرياد قىلدى، چېكىسىنى تىلىپ، قان ئاققۇزدى، قان-ياشلىق ھازا ئېچىپ، قاغان ئۆلۈمگە قايغۇردى. ئۇ مېيىتكە باش قويغان پېتى قانچە ئۇزاق يىغلىدىكىن، بىر چاغلاردا تالاغا

---

① لىن گەن، گاۋزىخۇلار يازغان «قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخى»نىڭ 78- بېتىدە «تۇنباغا ئۆلدى، ئوغلى سادىق، پاك قاغان (تاراس) تەختكە چىقتى، سادىق، پاك قاغان ئۆلگەندىن كېيىن، ئوغلى سادافەتمەن قاغان (ئايچۇر) تەختكە چىقتى... ئۇلارنىڭ ھەممىسى غوزلار (ئۇيغۇر)نىڭ ئادىتى بويىچە، شيەنئەن مەلىكىنى خوتۇنلۇققا ئالدى» دېيىلگەن. يەنە شۇ كىتابتا مەلىكىنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە يەنە قۇتلۇق قاغانغىمۇ ياتلىق بولغانلىقىنى، ئۇيغۇر قاغانلىقىدا نەق 21 يىل ياشاپ، ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىنى ۋە شۇ زېمىنغا دەپنە قىلىنغانلىقىنى قەيت قىلغان.

چىقتى، بوسۇغىدىن ئاتلاپلا، كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى.

ئۇ كۆردىكى، كەڭرى كەتكەن قەسىر سەيناسىدا، قورۇقلانغان ئېگىز تاملاردا، تام ئىچىدىكى ئۇزۇن يوللار ۋە تۇتاش ئۆگزىلەردە ئادەم مىغىلدايتتى. داۋالغۇپ تۇرغان بۇ ئادەم دېڭىزىدا ئەر-ئاياللارمۇ، قېرى-ياشلارمۇ بار ئىدى، سەپراس بولغان لەشكەرلەرمۇ، سانغۇن-مىڭ-باشىلارمۇ كۆزگە چېلىقاتتى. ئەتىگەنلىك كۈن نۇرىدا يۈز-كۆزى يورۇپ، مىس ھەيكەللەرگە ئوخشاپ قالغان بۇ ئالامان قۇتلۇق تامان يۈزلەنگەنىدى.

«بۇلار بەلكى ھازىدارلاردۇر، قاغان ئۆلۈمىدىن خەۋەر تېپىپ، ماتەمگە كەلگەنلەردۇر، يا بولمىسا ئەتىگەنلىك تىلاۋەت قىلىپ، قاغان روھىغا دۇئا قىلىۋاتقانلاردۇر، يا بولمىسا...»

قۇتلۇق ئويلاۋېتىپ، تۇساتتىنلا سەپ ئالدىدا قاراپ تۇرغان ئىنانقۇلنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ ئۇنىڭغا سوئال نەزىرىدە تىكىلىشىگىلا، ئىنانقۇلى بۇ پۇرسەتنى كۈتۈپ تۇرغاندەك، قۇتلۇققا قاراپ چوڭقۇر تەزىم قىلدى ـ دە، ساقلىنى سىلاپ تۇرۇپ:

ــ ئېل ئۆگەسى ئالىيلىرى، يۇقىرىدا تەڭرىگە، تۆۋەندە بەندىگە مەلۇم بولدىكى، قوۋم قاغانىدىن، يۇرت يۆلەنچۈكىدىن جۇدا بولدى. ماتەم تۇتۇپ، ياقا يىرتىشتۇق، قاغان ئۈچۈن جەننەت تىلىدۇق. بىراق، كۆڭۈللار ئېيتقاندەك، ئۆلگەننىڭ كەينىدىن ئۆلگىلى، كەتكەننىڭ كەينىدىن كەتكىلى بولمايدىكەن. شۇڭا، تەقدىر-قىسمىتىمىز ئۈستىدە كۆپ ئويلاندۇق، كۆپ باش قاتۇردۇق. مەرھۇم قاغانىمىزنىڭ كەينىگە قارىدۇق، ۋارىس بولغۇدەك ئۇرۇق-ئەۋلادى كۆرۈنمىدى، ئويلاپ-ئويلاپ ئاخىرىدا ئېل ئۆگەسى قاغان بولسا، ئەل ئىشىنى راۋاج تاپقۇزسا دېگەن يەرگە كەلدۇق. ئەل رايىغا ھۆرمەت قىلغايلا، كۆڭلىمىزنى ياندۇرمىغايلا، ــ دېدى ۋە كەينىگە بۇرۇلۇپ «قانداق دېدىم

جامائەت؟» دەپ ۋارقىرىۋىدى، دېگىز شاۋقۇنىدەك سادا كەلدى:
— ئۇيغۇر قوۋمىنىڭ بۈيۈك قاغانى — قۇتلۇق بىلگە قاغانغا سالام...
ئىنانقۇلىغا ياندىشىپ تۇرغان ياغلاقار لىك سەينا پەشتىقىغا سەكرەپ چىقتى:
— كۆك تەڭرىنىڭ ئەلچىسى قۇتلۇق بىلگە قاغانغا ئېھتىرام، — دەپ توۋلىۋىدى. «ئېھتىرام» دېگەن ھەيۋەتلىك سادا يەر-زېمىننى تىترەتتى، تاغ-دەريالار سادا قايتۇردى.
كۆز ئالدىدا ئۆز قوۋمىنىڭ ھۆرمەتلىك ئادەملىرى، تەنلىرىدە تارتۇقى بار سەردار-سانغۇنلار، ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بىلەن تولغان تۇمەن جۈپ كۆزلەر، قۇلاق تۈۋىدە كۈچلۈك بىر سادا...
قۇتلۇق ئەمدى نېمە دېيەلىسۇن؟ قانداق قىلىپ تىل سۇرەلىسۇن؟ ياق، ئۇ دېيەلەيدۇ، مەردانىلەرچە تىل سۇرەلەيدۇ، قاغان بولسۇن، بولمىسۇن، ئوچۇق-ئاشكارا ئادەم بولىدۇ، يۈرەك قېتىدا ساقلاپ كەلگەن مەشئۇم سىرلارنى ئۆز قوۋمىدىن ئەسلا يوشۇرمايدۇ.
— ئى خالايىق، قۇلاق سېلىڭلار، مەن قاغان جەمەتىدىن ئەمەس، ياغلاقار ئۇرۇقىدىنمۇ ئەمەس، ئادىز ئۇرۇقىدىن، مەن ئادىز...
— بۇ بىزگە سىر ئەمەس، — دېدى، سەينا پەشتىقىدا ياغلاقار بىلەن ئورۇن ئالماشتۇرۇۋالغان تەمىر بۇقا بار ئاۋازى بىلەن، — بۇ سىردىن بەلكى خېلىدىن بېرى خەۋەردارمىز، گېپىمىز شۇكى، ياغلاقار بولسۇن، ئادىز بولسۇن، بىزگە قابىل ئادەم كېرەك، تەڭرى سۈپەت قاغان كېرەك! شۇنداقمۇ خالايىق؟
— ئۇلۇغ قاغانىمىزغا مۇبارەك بولسۇن!...
— ياغلاقار بولسا نېمە بولۇپتۇ، ئادىز بولسا نېمە بولۇپتۇ؟ بىزگە

جەمەت كېرەك ئەمەس، ئادەم كېرەك!

— ئۇلۇغ تەڭرىكەنىمىزگە شەرەپلەر بولسۇن!

پۈتكۈل توپ دولقۇنلانغان ئەزىم دەريادەك كۆۋەجەيتتى. ھەيۋەتلىك شاۋقۇنلارغا يەر-ئاسمان جور بولاتتى. قۇتلۇقنىڭ كۈندەك روشەن كۆڭۈل كۆزى شۇ دەريادا، شۇ ئۇپقۇنلار ئارىسىدا ھاياجاندىن كۆزى ياشلانغان مەرھۇم دادىسىنى، قۇچىقىنى كەڭ يېيىپ تۇرغان مېھرىبان ئانىسىنى ۋە ئاكا-سىڭىللىرىنىڭ تونۇش چىرايىنى كۆرۈپ تۇراتتى. تەڭرى بورخانىنىڭ لاتاپەتلىك ئەلچىسىمۇ بۈگۈن يەنە يۈز كۆرسىتىپ، قۇتلۇق ئۈچۈن تىلەك تىلىمەكتە ئىدى. ئۇلار دەريا بىلەن بىللە چايقىلاتتى، دولقۇن بىلەن بىللە شاۋقۇن سالاتتى، ئالامان بىلەن بىللە تۇرۇپ خۇشال ۋارقىرايتتى:

— قۇتلۇق ئوغلۇم، داداڭ دەل مۇشۇ كۈننى كۈتكەنىدى!

— ئاناڭنىڭ قۇچىقىدىن ۋاقىتسىز ئايرىلغان ئىدىڭ، مانا ئەمدى ئەل-يۇرت ساڭا قۇچاق ئاچتى، دىلغۇل بولماي ئۆزۈڭنى ئات!

— ئالىيلىرى، ھۆرمىتىمىزنى قوبۇل قىلغايلا!

— قاغان ئالىيلىرىغا ئۇلۇغ تەڭرى يار بولغاي...

ئالامان يەنە بىر قېتىم قايناپ كەتتى، كۆزلىرىگە ياش ئالغان قۇتلۇق ئەل-يۇرتقا قاراپ ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويدى - دە توققۇز قېتىم تەزىم قىلدى. ئۇ چىن دىلىدىن تەشەككۈر بىلدۈرۈپ، رازىمەنلىك بىلەن قول پۇلاڭلاتتى.

شۇنداق قىلىپ، مىلادىيە 794- يىلىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى ئىل ئۆگەسى قۇتلۇق سانغۇن رەسمىي قاغان بولدى، ئۇيغۇر ياغلاقارلىرىنىڭ قاغانلىق تارىخى ئاخىرلىشىپ، ئۇيغۇر ئادىزلىرىنىڭ قاغانلىق تارىخى باشلاندى.

# 37. كۆنپىتسىتنىڭ شەپەق

— دادا، ئەي كەرەمى كەڭ ھىممەتلىك دادا، ئوغلۇڭنىڭ ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاۋاتامسەن؟ قەبرەڭگە تامچىلاۋاتقان كۆز يېشىنىڭ ئىسسىق تەپتىنى سېزىۋاتامسەن؟ ياتقان يېرىڭگە سەجدە قىلىپ، باش ئۇرغىنىنى كۆرۈۋاتامسەن؟

دادا، ئوغلۇڭ مانا ئالدىڭغا كەلدى. پۇشايمانلىق قەدىمىگە رىغبەت بېرىپ، گۇناھكارلارچە باش ئەگكىلى كەلدى، سېنىڭ بىلەن يېقىن تۇرۇپ مۇڭداشقىلى كەلدى!

دادا، بۇ كىشىنى كۆرۈۋاتامسەن؟ ئىشىنىمەنكى، ئۇنى كۆرۈۋاتىسەن، كۆرۈپ تۇرسەنۇ، تونۇمايۋاتىسەن. ئوبدان قارا، 30 يىللىق خاتىرەڭنى ئاختۇرۇپ كۆر، ھە، ئەمدى ئۇنى تونۇغانسەن؟ تونۇدۇم دېدىڭمۇ؟ ياق ... ياق ... ئۇنى تېخى تونۇمىدىڭ، تونۇساڭ ئىدىڭ، 30 يىل مۇقەددەمكى ئىشى ئۈچۈن ئۇنى قارغار ئىدىڭ، ياقىسىغا ئېسىلار ئىدىڭ. دادا، ئۇنداق لاغىلداپ تىترىمە، ئارامىڭنى بۇزۇپ ئورنىڭدىن تۇرىمەن دېمە. ئاۋۋال ئوغلۇڭنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئاندىن بىر نېمە دە.

دادا، سەن لەشكەر بولۇپ باقمىغان، لەشكەر بولۇشنىمۇ خالىمىغان. ئاڭلا، لەشكەر بولغانلار سەردارنىڭلا ئاغزىغا قارايدىغان گەپ. ئۆز ۋاقتىدا ئىنانقۇلى لەشكەر بولغىنى ئۈچۈنلا سەردارنىڭ ئەمرى بىلەن سېنى تۇتقان، قاچقىنىڭدا سېنى كۆرگەنۇ، كۆرمىگەنگە سېلىپ ئىشنى بولدى قىلغان. ئىشەنگىن، ئىنانقۇلى يامان ئادەم ئەمەس، ئۇنى

بىلسەڭ، ئۇ ھازىر لەشكەر ئەمەس، بەلكى قاغان ئوغلۇڭنىڭ ھوزۇر-دىكى چوڭ ئەمىر لەشكەر، كۆپ ئوقۇغان، كۆپنى كۆرگەن ئەقىللىق كىشى. ئۇنى ساڭا نېمىدەپ تونۇشتۇراي؟ گېپىنىڭ پوسكاللىسى مانا ماۋۇ يەردە.

ئىنانقۇلى تەگرىدىن ئۆزگە، سەندىن ئۆزگە، مەندىن ئۆزگە، مېنىڭ ئادىزلىقىمنى بىلىۋالغان تۇنجى ئادەم. ساڭا ئوخشاش، ئوغلۇڭنى قاغان بولسۇن دەپ بەدەل تۆلىگەن بىردىنبىر ئادەم.

ساقال ۋە چىراي تۇرقىغا قاراپ ئۇنى ھەرگىز قېرىكەن دېمە. ئېھتىمالىم، ئۇ سېنىڭدىن بەش-ئون ياش كىچىك. بىراق، پاراسەتتە، جاسارەتتە يىگىتتىن ئۈستۈن.

بىلسەڭ دادا، بەش يىل بۇرۇن بىز ئىككىيلەن بېشبالىقتا بىللە جەڭ قىلدۇق. مەن كەتتىم، ئۇ قالدى. قالغاندىمۇ شۇنداق قالدىكى، قارا قىشتا ئۇزۇقسىز قالدى، ئايدالادا جۇۋىسىز قالدى. شۇ ئەھۋالدا ئىنانقۇلى نېمە دەپتۇ دېمەمسەن؟ ئاڭلىغانلاردىن ئاڭلىسام «توڭلاپ ئۆلمىسەملا ئوردۇبالىققا قايتىپ بارىمەن، ئەل-يۇرت بىلەن كېڭەش قىلىپ، ئېل ئۆگەسىنى قاغان تىكلەيمەن، ئاندىن كېيىن بېشبالىققا كېلىپ، بۇ شەھەرنى تۆپتۈز قىلىۋېتىمەن» دەپ قەسەم ئېچىپتۇ، قىشنى قىش دېمەي، تاغنى تاغ دېمەي، ئېچىرقىسا تالقان يەپ، چاڭقىسا قار چايناپ، ئوردۇبالىققا قاراپ يول ئاپتۇ. ھانگاي تاغلىرىنى سەن بىلسەن، بىلمىسەڭمۇ ئاڭلىغانسەن. ئۇ تاغدىن قۇشقاچ ئۆتسە قانىتى مۇزلايدۇ، جەرەن ئۆتسە ئايىغى توڭلايدۇ. بىراق ئىنانقۇلى قورقۇپ قالماپتۇ، كۆك تەگرىنى ياد ئېتىپ، كېچە-كۈندۈز يول يۈرۈپتۇ، ئامان-ئېسەن تاغدىن ئۆتۈپتۇ.

دادا، ئۇنىڭ دۇئاغا كۆتۈرۈلگەن قوللىرىغا قارا، كۆردۈڭمۇ؟ قۇلقىنىڭ قالقانلىرى كەممىكەن؟ سەۋەبىنى بىلگۈڭ بولسا بىلىۋالغىن،

قولاقلىرى ئاشۇ تاغدا ئۇششۇپ كەتكەن!

دادا، ئىنانقۇلى خىزىر سۈپەت ئادەم ئىكەن. ئۇ ساڭا ئوخشاش گەپ قىلغانىدى، دېگەنلىرى مانا ئەمدى ئالدىمغا كەلدى. ئۇمۇ دېگىنىنى قىلدى، مەقسەتلىرى ھاسىل بولۇپ، ئوغلۇڭ ئەمدى قاغان بولدى. دادا، ئوغلۇڭدىن گۇمان قىلما، ئۇ قاغان بولغاندا يالغاندىن ياغلاقار بولۇۋالمىدى، ئەل ئالدىدا «مەن ئادىز» دەپ مىڭ قېتىملاپ تەكرارلىدى. تەن بەرگىن، سەنمۇ، مەنمۇ خاتا ئويلاپتۇق، ئەل-يۇرتقا لازىملىقى ئۇرۇق ئەمەس، بەلكى ئادەم ئىكەن، گېزى كەلسە «لۇق»، «لىك»نىمۇ قايرىپ قويىدىكەن.

قارا، ئىنانقۇلى سەردار قەبرەڭ ئالدىدا تىز پۈكۈۋاتىدۇ، گۇناھىنى تىلەپ، سەندىن ئەپۇ سوراۋاتىدۇ. دادا، سەن ئىنانقۇلى ئېيتقاندەك، تەڭرىدەك ئۇلۇغ ئادەمسەن، ئۆزگىلەر ئۈچۈن قورسىقىڭنى كەڭرى تۇتىسەن، ئىشىنىمەن، سەن ئىنانقۇلىنىڭ تۆۋىسىنى قوبۇل قىلىسەن، ئوغلۇڭ ئۈچۈن ئەمدى ئۇنى ئەپۇ قىلىسەن، شۇنداقمۇ دادا؟

دادا، قەبرەڭ قېشىدا دۇئا قىلىۋاتقان بۇ يىگىتكە قارا، ئۇنىڭ كۆزىگە قارا، يۈزىگە قارا، بۇرنىغا قارا، قارىغىن دە، نەسەبىنى سورىساڭ سورا، ئەمما ئېتىنى سورىما. سوراپلا قالساڭ، مەن دەۋېتىمەن، ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىساڭلا بىئارام بولىسەن. بىراق، دېسەم-دېمىسەم، سىياقىغا قاراپ ئۇنىڭ تابغاچ ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولدۇڭغۇ دەيمەن؟ دۇرۇس، ئۇ ئۆزى ئېيتقاندەك، ئۇ ئەسلىدە تابغاچ بالىسى، ئەمدىلىكتە ئۇيغۇر بالىسى، ئوغلۇڭنىڭ يېنىدىكى قابىل تۈمەنباشى.

ئەسلەپ باق، دادا، بۇ يىگىتنى جەزمەن تونۇيسەن، خاتىرەڭنى ئاختۇرساڭلا خاتىرەڭدىن ئۇنىڭ سۈرىتىنى تاپالايسەن. دادا، نېمە دېدىڭ، ئۇنى ئەسلىيەلمىدىم دېدىڭمۇ؟ ئەسلىيەلمىسەڭمۇ ھەيران قالمايمەن. چۈنكى سەن 60 لاردىن ھالقىغان ئادەم. ئەمدى ئېيتاي،

ۋەسىيىتىڭ ئۈستۈن كېلىپ، قۇتلۇق ئوغلۇڭ ئوردۇبالىقتا خوپپىيانە قان
يىغلاپ قالغاندا، بوران ھۆۋلاپ تۇرغان بىر كېچىدە ئۇ سېنى ۋە دادا
بىر، ئانا بۆلەك سىڭلىمنى ھارۋا بىلەن مۇشۇ يەرگە ئېلىپ كەلمىدىمۇ؟
قەبرەڭنى ئۆزى قېزىپ، يەرلىككە ئۆزى قويمىدىمۇ؟ يەنە ئەسلەپ
باق، ھېيت-ئايەملەردە ئوغلۇڭ بىلەن بىللە كېلىپ، پات-پات يوقلاپ
تۇرمىدىمۇ؟ قاتار-قاتار قەبرىلەرنى كىرپىكى بىلەن سۈپۈرۈپ، كۆز
يېشى بىلەن سۇغارمىدىمۇ؟

دادا، بۇ يىگىتنى ئەمدىلەتىن تونۇدۇم دېمەمسەن؟ بەللى، كۆزلە-
رىڭدىن ئايلىناي دادا، خاتىرەڭدىن ئايلىناي دادا...

— ئانا، سەن نېمىدېگەن بەختلىك-ھە؟ قارا، بىر يېنىڭدا دادام
يېتىپتۇ، بىر يېنىڭدا ئاكام يېتىپتۇ، بىر يېنىڭدا سىڭلىم يېتىپتۇ. بەلكى
مەنمۇ كۆز يۇمغاندا سېنىڭ ئاياغ ئاستىڭدىن جاي ئالارمەن. ئۇ ئالەمدە
خىزمىتىڭدە بولۇپ، ئۆز بۇرچۇمنى ئادا قىلارمەن.

ئانا، كۆزلىرىڭنى بىر ئاچقىنە، كۆزۈڭنى ئېچىپ ئوغلۇڭغا مۇن-
داقچىلا بىر قاراپ قوي. گۆدەك ۋاقتىمدا «ئىگىن كىيىشنى زادى
ئۇقمايسەن، يېڭى كىيىم كىيدىڭمۇ، بىردەمدىلا مەينەت قىلىۋېتىسەن»
دەپ تولا قاقشايتتىڭ. مانا ئەمدى چوڭ بولدۇم، چوڭ بولۇپ ئىككى
نەۋرەڭنىڭمۇ دادىسى بولۇپ قالدىم. مانا ئەمدى ئۈستۈمدە قاغانلارلا
كىيەلەيدىغان زەرباپ تون، گۆھەر قويغان قاما تەلپەك، ياقۇت كۆزلۈك
ئالتۇن بەلۋاغ، پارقىراپ تۇرغان خۇرۇم ئۆتۈك تۇرۇپتۇ. قېنى ئېيتقىن،
ئىگىن كىيىشنى ئۆگىنىۋاپتىمەنمۇ؟ كەيگەنلىرىم يارىشىپتىمۇ؟ ھەي،
ئورنۇڭدىن تۇرساڭ ئىدى ئانا، سېنى قاغان ئانىسىدەك كىيىندۈرسەم،
باشتىن-ئاياغ دۇردۇن بىلەن پۈركۈۋەتسەم، قۇلىقىڭغا ئالتۇن زىرە تاقاپ
قويسام، شاھانە نازۇنېمەتلەردىن بەھرە ئالدۇرسام، ئەنە ئاۋۇ ئېسىل
مەپەمگە ئولتۇرغۇزۇپ، خالىغاندا ھاپاش قىلىپ، جىمى ئالەمنى چۆرگە-

لەتسەم.

ھېلىھەم يىتىپ تۇر، دادام بىلەن مۇڭدىشىپ، سىڭلىم بىلەن تونۇشۇپ تۇر، بېشبالىقنى قولغا ئېلىپ، نۇسرەت ناغرىسىنى ياڭرىتىپ يەنە قايتىپ كېلۇرمەن. قەبرەڭگە كېلىپ، بىر ئەجرىڭگە ئۇننى قايتۇرارمەن. ساقلاپ تۇر، ئوغلۇڭنى ساقلاپ تۇر ئانا...

— ھەي ئوبدان ئاكا، ھاياتلىقىڭدا قورقۇمسىز ئىدىڭ. ئات مىنگەندە ئوقتەك چاپاتتىڭ، كۆرۈكىنمۇ ئوبدان باساتتىڭ. بۇگۈنگىچە ھايات بولساڭ ئىدىڭ، ئاۋۇ تەمىر بۇقىدەك ئالامەت بىر سەردار بولار ئىدىڭ. ناھايەتكى، سەردار بولغۇچىلىك ياشىيالمىدىڭ. تاش يۇرەكلەرنىڭ زورى بىلەن بەك بالدۇر كېتىپ قالدىڭ. قۇتلۇق ئىنىڭنىڭ قاغان بولۇپ، سەلتەنەت سۇرگىنىنىمۇ كۆرەلمىدىڭ. ھەي، كۆرگەن بولساڭ قانچىلىك خۇشال بولۇپ كېتەر ئىدىڭ-ھە؟

ئاكا، ماڭا ئىشەن، ئىنىڭ قۇتلۇق ناھەق ئۆلگىنىڭنى يادىدا ساقلايدۇ، تەڭرى بورخان ئېيتقاندەك، ئادالەتنى ھەمراھ قىلىدۇ، پۇقرا-ئاۋامغىمۇ، لەشكەر-سەردارغىمۇ ھېلىقىلار قىلغاندەك زۇلۇم قىلمايدۇ. زۇلۇم قىلغانلارنى ھەرگىز كەچۇرمەيدۇ. ئەي باتۇر ئاكا، ئىنىڭ ئەل يۇكىنى زىممىسىگە ئېلىپ يىراق-يىراقلارغا كېتىۋاتىدۇ، ئاتا-ئانىسىغا قارىيالمايدۇ. سەندىن ئۆتۈنەي، ئۆزۈڭ ئۇچۇنمۇ، ئىنىڭ ئۇچۇنمۇ ئۇلارنىڭ خىزمىتىدە بول، دادام ياشاندى، ئەمدى ئۇ بۇرۇنقىدەك بازغان ئۇرۇپ يۇرمىسۇن، ئانام سۇ توشۇيمەن دەپ ئاۋارە بولمىسۇن. ئۇلار سېنىڭ دۆلىتىڭدە، مېنىڭ دۆلىتىمدە خاتىرجەمگىنە كۇن ئۆتكۇزسۇن. سەن بىلىسەن، ئىنىڭمۇ بىلىدۇ، ئاتا-ئانىلارنى ئۇلۇغلاش تەڭرىنى ئۇلۇغلاشتۇر.

— سالام سىڭلىم، ساڭا سەن بىلىدىغان، لېكىن سەن تونۇمايدىغان قۇتلۇق ئاكاڭدىن ئاكىلارچە سالام! قېنى ئېيت، سالىمىمنى

ئىلىك ئالارسەنمۇ، مېنى «ئاكا» دەپ چاقىرارسەنمۇ؟ دۇرۇس، سەن مېنى تونۇمايسەن، مەنمۇ سېنى تونۇمايمەن. ئىشەنگىنكى، بىز تونۇش-مىغان بىلەن، ئانىمىز باشقا-باشقا بولغان بىلەن، دادىمىز يەنىلا بىر. خۇددى ئۇرخۇن ۋە توغلا دەريالىرىنىڭ تومۇرى بىر بولغىنىدەك، بىزنىڭمۇ تومۇرىمىز بىر، تومۇرىمىزدا ئاققان قان يەنىلا ئوخشاش قان.

سىڭلىم، سېنى ئۇخلىمدا كۆرمىگەن بولسامۇ، لېكىن چۈشۈمدە كۆرگەنمەن، خىيالىمدا كۆرگەنمەن. مەن سېنى ئوبدان تونۇيمەن. سېنىڭ تاڭ شەبنىمىدەك پاك ۋە چوغلۇق چېچەكتەك چىرايلىقلىقىڭنى، بالىلىق مۇھەببىتىڭنىڭ دەريا سۈيىدەك ئۆركەشلەپ تۇرىدىغىنىنى، داداڭغىلا ئەمەس، بەلكى داداڭنىڭ پۈشتىدىن تامغان ناتونۇش تۇغقانلىرىڭغىمۇ تۇغقانلارچە كۆيۈنىدىغىنىڭنى ئوبدان بىلىمەن. ئاتا قىسا-سىنى قىساسىم دەپ بىلىپ، نەسەب تومۇرىنى ئاقلاش ئۈچۈن جان پىدا قىلغىنىڭنىمۇ ئوبدان بىلىمەن. يەنە شۇنىمۇ بىلىمەنكى، بۇنداق پىداكارلىق، بۇنداق باتۇرلۇق ھەممە ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىۋەرمەيدۇ، پەقەت تۆمۈر بىلەن بىللە چوڭ بولغان، تۆمۈر سۈيىدە تاۋلانغان ۋە تۆمۈرنىڭ ھەممە خىسلەتلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەم قىلغان تۆمۈرچە-نىڭ ئەۋلادىنىڭلا قولىدىن كېلىدۇ. سەن داداڭنىڭ ئوبدان قىزىسەن، ئاكاڭنىڭ باتۇر سىڭلىسىسەن. ئەلۋىدا سىڭلىم، ئامراق داداڭ بىلەن، سەن كۆيۈنگەن جىمى تۇغقانلىرىڭ بىلەن قىيامەتلىك بىللە بولغىن، مەيلى قەيەردە بولاي، سېنى دۇئادا ياد ئېتىمەن، سېنى ئۇنتۇمايمەن...

قەدىردان دادا، مېھرىبان ئانا، تۈيۈقسىزلا خۇشال قىلىۋېتەي دەپ قەبرەڭلەرنى سۈيۈپ تۇرغان ماۋۇ يىگىتنى تېخى سىلەرگە تونۇشتۇرما-دىم. قېنى قاراڭلار، ئوبدانراق قاراڭلار، بويى شەمشادتەك، بەستى تاغلاردەك بۇ بەرنا يىگىت زادى كىم بولىدىكىن؟ تىكىلىپ قاراڭلار،

ئىنچىكىرەك سەپسېلىڭلار. ئۇنىڭ بوز دالادەك بوز كۆزلىرى، تاۋلانغان قويۇچەتەك مەزمۇت مۇسكۇللىرى، قىڭراقتەك تىك قاڭشىرى، بۇدۇر-بۇدۇر قارا چاچلىرى ئوغلۇڭلارنىڭكىگە ئوخشامدىكەن؟ سىلەرنىڭكىگە ئوخشامدىكەن؟ ھە، قويۇپ قويغاندەك ئوخشايدىكەن دېدىڭلارمۇ؟ شۇنداق، ئۇ ئوخشايدۇ. ئوغلۇڭلارنىڭ ئوغلى، سىلەرنىڭ سۆيۈملۈك نەۋرەڭلەر بولغىنى ئۈچۈنلا ھەممىڭىزگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ئانىسى قېنى، بىزنىڭ چىرايلىق كېلىنىمىز قېنى دەپ سورامسىلەر؟ ئەگەر ئۇ بۇ دۇنيادا ھايات بولسىدى سىلەرنى يوقلىغىلى كەلمەي قالاتتىمۇ؟ ئۇنى بۇ دۇنيادىن ۋاقىتسىز كېتىپ قالدى دېسەم، كۆڭلۈڭلەرنى بۇزماڭلار، كۆز يېشى قىلماڭلار، ئۇ كەتتى، بىراق، نەۋرەڭلەر قولانقارا بىلەن ئايچەچەكنى ئوغلۇڭلارغا يالداما قىلىپ كەتتى.

مانا، نەۋرەڭلەر قولانقارا تۈمەن لەشكەرگە باش بولۇپ، قانلىق جەڭلەرگە كىرىپ باردى، ئوقلار ئارىسىغا، نەيزىلەر ئارىسىغا، ئەجەل ئارىسىغا كىرىپ باردى. ئەمما سىلەر ۋاھىم يېمەڭلار، نەۋرەڭلەر ئەمدىلا 19 غا كىرگىنى بىلەن، باھادىردەك جەڭ قىلىدۇ، يۈزۈڭلەرنى ھەرگىزمۇ يەرگە قاراتمايدۇ. ئاتا ئىزىغا ۋارىس بولۇپ، نەسەب چىرىغىمىزنى ياندۇردى، ئۇنى تازا نۇرلاندۇرۇپ، ئەۋلادلارغا تاپشۇردى.

— دادا ـ ئانا، ئاڭلاۋاتامسىلەر، قۇياش قىزىپ، ھاۋا ئىسسىپ كېتىۋاتىدۇ، سەردارلار جەڭگە ئالدىراپ، بىتاقەت بولۇۋاتىدۇ. مانا ۋاقتى كەلدى، قاغان ئوغلۇڭلار ۋە تۈمەنباشى نەۋرەڭلەر ئەمدى يولغا چىقمىسا بولمايدۇ. نەگە دەمسىلەر؟ نەگە بولاتتى، يىراق بېشبالىققا، يىراق قاغانبۇتقا، بەلكى ئاڭلىغانسىلەر، ئوغلۇڭلار تاراس قاغاننىڭ ئۆلۈمى بىلەن ئوردۇبالىققا قايتقان چاغدا تۈبۈت قوۋمى بۇ شەھەرلەرنى بېسىۋالغان، بېشبالىق ھىراۋۇلى تابغاچ ياڭ شىگومۇ شەھەرنى تاشلاپ قوچۇدىن پاناھ تاپقان.

ئەمدى بەس! شەھەرلەرنى قايتۇرۇۋېلىپ نومۇسنى ئاقلايدىغان چاغ يېتىپ كەلدى. ئەمدى بىز سۇلالە ئۈچۈن، ئۆزىمىز ئۈچۈن جەڭگە كىرىمىز، ئەجەل بىلەن ئېلىشىپ، نۇسرەت بىلەن قايتقان چېغىمىزدا قەبرەڭلەرنى يوقلاپ كېلىمىز. كاتتا تىلاۋەت ئۆتكۈزىمىز، روھىڭلارغا ئاتاپ قان قىلىمىز...

قېنى، تەڭرى سۈپەت قەدىردانلار، ئوغۇللىرىڭلارغا، قېرىنداشلىرىڭلارغا ئاق يول تىلەڭلار، ئامەت تىلەڭلار، ئاسايىشلىق تىلەڭلار...

شۇنداق قىلىپ، ئايچۈر قاغان قازا قىلدى، قىزتۇرمىشمۇ قازا قىلدى، قۇتلۇق قاغان تەختتە ئولتۇردى. دېمەك ئۆتۈپ، چوڭ ھازا بېسقىماستىلا چوڭ ئاستانىگە ئەلچى ئەۋەتىلدى. كۆپ ئۆتمەيلا قايتىپ كەلگەن ئوردا ئەلچىسى سۇلالىنىڭ تەزىيىسى بىلەن قۇتلۇق قاغانغا مەنسۇپ بولمىش ئاتاق-ئۇنۋانىنىمۇ بىللە ئېلىپ كەلدى. «دىيانەتلىك قۇتلۇق قاغان» دەپ ئاتالغان قۇتلۇق قاغان ئۈچ ئايلىق جىددىي تەييارلىقتىن كېيىن بېشبالىق شەھرى تامان چوڭ يۈرۈش قىلدى. يۈرۈشنىڭ ئالتىنچى كۈنى جەمەت قەبرىسىگە يېتىپ كېلىپ، دۇئا-تەكبىرنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئاۋۋال جەنۇبقا، كېيىن قىيپاش كۆلنىڭ شىمالىغا قايرىلىپ، ئالتە داۋان، توققۇز ئېقىندىن ئامان-ئېسەن ئۆتكەندىن كېيىن بېشبالىق ئەتراپىغا يېتىپ كەلدى-دە، يۇلغۇنلۇق دۆڭلەر ئارىسىغا كىرىپ تۇيدۇرمايلا بارگاھ قۇرۇۋالدى. قارا قوچۇدىن پاناھ تاپقان ياڭ شىڭگومۇ 4000 چە ئوردا لەشكىرىنى باشلاپ، ھەپتە ئىچىدىلا قاغان يېنىدا ھازىر بولدى. ئاخىرقى بىر لەشكەر، ئاخىرقى بىر ھارۋا ۋە ئاخىرقى بىر پادا-قوي ئون كۈن ئۆتكەن بىر كۈنى ئاندىن قاغان لەشكەرگاھىغا يېتىپ كەلدى، قاغان مۆلچەرىدىكى 80 مىڭ لەشكەرنىڭ باش-ئاخىرى تەگشىلىپ بولدى.

— ئۈچ يىل بۇرۇن بېشبالىقنى قامال قىلغاندا، 200 مىڭ تۇبۇت لەشكىرى بار ئىدى، — دېدى، ۋەزىرئەزەم ئىنانقۇلى دۈشمەن ئەھۋالى-نى مۇلاھىزە قىلغاندىن كېيىن قاغانغا، — كېيىن ئۇلار بېشبالىقنى ئىگىلىدى، ئارقىدىنلا نۇرغۇن لەشكەر قاغانبۇت شەھىرىگە يۆتكەلدى. ئەمدى بۈگۈن بېشبالىقتا قانچە لەشكەر بار، قاغانبۇتتا قانچە لەشكەر بار، بۇ بىزگە قاراڭغۇلۇق، سۈن زى ھەزرەت ئېيتقاندەك، جەڭدىن بۇرۇن ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ بىلمەك كېرەك.

قاغانلىق سەرپايىنى سېلىپ تاشلاپ، ھېلىلا جەڭگە كىرىدىغان-دەك جەڭ كىيىمى كىيىۋالغان قۇتلۇق قاغان بارگاھ ئالدىدا تۇرۇپ بۇ سۆزلەرنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلىدى ۋە:

— ئەمىرلەشكەر دۇرۇس ئېيتىدۇ، مۇنداق بولسۇن، ھەر نە قىلساڭلار قىلىپ، شەھەر ئەھۋالىنى ئوبدانراق تىڭتىڭلاپ بېقىڭلار، بېشبالىقتا لەشكەر كۆپ بولسا، كۈچنى توپلاپ بېشبالىققا ئات سالارمىز، ئۇنداق بولمىسا، ئىككى شەھەرگە تەڭ تېگىش قىلىپ، قار چۈشكىچە ئوردۇبالىققا قايتىۋالارمىز، — دېدى ئىنانقۇلىغا مەسلىھەت ئاھاڭىدا.

ئەسلىدە، ئوردۇبالىق لەشكەرلىرى بارگاھ قۇرغاندىن بېرى، ئەمىر لەشكەر ئىنانقۇلى كۆپ قېتىم ئايغاقچى ئەۋەتىپ دۈشمەن ئەھۋالىنى تىڭتىڭلاشقا ئۇرۇنۇپمۇ كۆرگەنىدى. بىراق، ئىككى شەھەر ئەتراپىدا تىرىكچىلىك قىلىدىغان يەرلىك قوۋملەرنىڭ تۇبۇتلارغا بېقىنىدىغىنى بېقىنىپ، كۆچۈپ كەتكەنلىرى كېتىپ، بىر ئادىمىمۇ قالمىغاچقا، خەۋەر تىڭتىڭلاش ئۈچۈن ھېچقانداق ئامال تاپالمىغانىدى. تۇبۇت زەنپۇسى ئىككىلا شەھەرنى قامال ھالىتىدە تۇتۇپ تۇرغاچقا، شەھەر قوۋۇقىدىن كىرىپ-چىقىدىغانلارنىمۇ تاپقىلى بولمايتتى. ناگان-ناگاندا كىرىپ-چى-قىدىغان تۇبۇت كارۋانلىرىدىن ئۈمىد كۈتۈش يولۋاسنىڭ ئاغزىغا بېشىنى تىقىپ بەرگەندەكلا ئەخمەقلىق بولاتتى.

— بۇگۈنگىچە ئامال بولمايۋاتىدۇ، — ئىنانقۇلى ئۈمىدسىزلەنگەندەك باش چايقىدى ۋە بۇ ئەھۋالدىن قاغاننى خەۋەرلەندۈردى.

— ئۇنداقتا، سىپىل ئەتراپىغا مەنچاناق تىكلەپ، شەھەر ئىچىگە تاش ئېتىڭلار، بىر ئاش پىشىم تاش ئېتىپلا ئالدى-كەينىڭلارغا قارىماي، لەشكەرگاھقا قايتىپ كېلىڭلار! — دېدى، قاغان بىر پەس ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، پەرمان بېرىپ.

— باش ئۈستىگە، ئالىيلىرى!

ئىنانقۇلى قۇللۇق بىلدۈردى، لېكىن نېمىندۇر چۈشەنمىگەندەك، كۆزلىرىنى يوغان ئاچتى. ئۇ قانداقتۇر بىر دەستۇرنى ئېلىپ كېلىپ ئۆرە تۇرۇپلا ۋاراقلاشقا باشلىدى.

— يەنە بار، بارگاھ-بارگاھلاردا گۈلخان يېقىڭلار، بىر كېچە، پەقەت بىر كېچىلا...

قاغان يەنە يارلىق بەردى. ئىنانقۇلى دەستۇردىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، بىر قاغانغا، بىر دەستۇرغا قارىغانچە داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى.

قاغان دېگەن بەرىبىر قاغان، سەردار دېگەن بەرىبىر سەردار. ئەمىرلەشكەر ئىنانقۇلى تابغاچ دەستۇرلىرىدىنمۇ، ئۇزاق يىللىق جەڭ كەچمىشىدىنمۇ قاغاننىڭ بۇ تەدبىرىگە ھېچقانداق بىر مىسال تاپالمىدىيۇ، ئۇنى بەجانىدىل بەجا كەلتۈردى. كۈچلۈك مەنچاناقتىن ئۇننى تىكلەپ، سىپىل ئىچىگە بىر ئاش پىشىم تاش ئاتتى. شۇ كۈنىلا بۇيرۇق بېرىپ، بارگاھ-بارگاھلاردا گۈلخان ياقتى. بىر كېچە، پەقەت بىر كېچىلا بېشبالىقنىڭ تۆت ئەتراپى كۈندۈزدەك يورۇپ كەتتى.

ئارىدىن بىر كۈن ئۆتتى. گۈگۈم پەردىسى يېيىلىپ، قاغان بارگاھى كېچە ئىمتاسىلىقىغا چۆمۈلگەن چاغدا سىپىل سەردارى تەمىر بۇقا قاغان بارگاھىغا كىرىپ كەلدى، بىر قەغەزنى ئىنانقۇلىغا تۇتقۇزۇۋېتىپ:

— قاغان ئالىيلىرىغا، ھىراۋۇل جانابلىرىغا، جانابىي ئەمرلەشـ-كەرگە مەلۇم بولغاي، قاغان پەرمانى بىلەن سېپىل ئەتراپىدا چارلاپ يۈرگىنىمدە بېشبالىقتىن ئۇچۇپ چىققان يا ئوقىدىن مەزكۇر پۈتۈكنى بايقاپ قالدىم. ئالىيلىرى كۆزدىن كۆچۈرۈپ ھۆكۈم قىلغايلا، — دېدى-دە، كەينىچە مېڭىپ چىقىپ كەتتى.

— قېنى ئوقۇڭ، — دېدى قاغان نەيچە قىلىپ يۆگەلگەن، بارماقچىلىك چوڭلۇقتىكى ئوق پۈتۈكنى قوش قوللاپ تۇتۇپ تۇرغان ئەمرلەشكەرگە ئىجازەت بېرىپ.

ئەمرلەشكەر ئىنانقۇلى ئوق پۈتۈكنى ئاۋايلاپ ئېچىپ، ئۆزۈپ-ئۆزۈپ ئوقۇشقا باشلىدى.

«كاتىپلارغا مەلۇم بولغايكى، ئۆتكەن يىلى ۋابا تارقاپ، تۇبۇت لەشكەرلىرىنىڭ تەگدىن تولىسى ھالاك بولدى، قالغانلىرىنىڭ ئوزۇقى تۈگەپ، ھالى خارابلاشتى. تۇبۇت زۇلۇمىدىن بىزار بولغان شەھەر ئەھلى قاغان لەشكەرلىرىگە تەقەززادۇر. ئېتىلغان تاشلاردىن، يېقىلغان گۈلخانلاردىن قاغان لەشكەرلىرىنىڭ يېتىپ كەلگىنىدىن خەۋەر تاپقان چۈيە جىنجۇڭ يا ئوقىغا پۈتۈك باغلاپ، سېپىل تېشىغا ئاتقۇزدۇم. ئەتە يەنە ئاتۇرمەن...»

ۋەزىرئەزەم ئىنانقۇلى ئوق پۈتۈكنى تۇتقان پېتى بىر ھازاغىچە ئولتۇرۇپ قالدى ۋە توقۇم دەستۇرلارغا بىر قارىۋېتىپ، ئۆزىچىلا خورسىنغان پېتى قاغان ئالدىغا كېلىپ تىزلانماقچى بولۇۋىدى، قاغان ئۇنى يۆلەپ تۇرۇپ:

— نېمە ۋەجىدىن تىزلانماقچى بولۇۋاتىسىز ئەمرلەشكەر، ئاتا يوللۇقلارغا بۇنداق ئەدەپ جايىز ئەمەس دەپ ئېيتقان ئىدىمغۇ؟ — دېدى، خاپا بولۇپ.

ياشانغان ئىنانقۇلى تەسلىكتە ئۆرە بولدى ۋە قاغاننىڭ قوللىرىنى

تۇتۇپ تۇرۇپ دېدى:

— پېقىر قۇللىرىنىڭ نەزەر كۆزى تەمەننا تۇمانلىرى بىلەن توسۇلغانىكەن، شۇ سەۋەبلىك، قاغان ئالىيلىرىنىڭ دانا تەدبىرىنى تا ھېلىغىچە چۈشەنمەي يۈرۈپتىمەن. مانا ئەمدى بۇ تەدبىرنىڭ كاتتا سەمەرىسىنى كۆرۈپ قاغان ئالدىدا خىجىل بولۇۋاتىمەن... خىجىل بولۇۋاتىمەن ...

— ھەي، مۇشۇ گەپىمدى ئەمىرلەشكەر، بۇ تەدبىرلەرنىڭ ھەي-ران قالدىغان نېمىسى بار، بەك ئاددىي، بەك ئاددىي، — قاغان يىغلامسىراۋاتقان ئەمىرلەشكەرنى كىچىك بالىنى پەپىلىگەندەك پەپىلەپ تۇرۇپ ئېچىلىپ-يېيىلىپ شۇنداق دېدى، — ئويلاپ بېقىڭ، بىز بۇ يەرگە يېتىپ كەلدۇق-دە، سېپىل تېشىدا بارگاھ قۇردۇق. تۇبۇت لەشكەرلىرى ساراڭ بولمىسىلا، يېتىپ كەلگىنىمىزنى شەھەر ئەھلىدىن مەخپىي تۇتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئوردا ئۈچۈن خىزمەت قىلغۇچىلارمۇ كەلگىنىمىزدىن بىخەۋەر قېلىپ، مەلۇمات يوللاش تەرەددۇتىدا بولمايدۇ. شۇڭا شەھەرگە تاش ئاتتۇق، كېچىلەردە گۈلخان ياقتۇق. شۇنداق قىلىپ كەلگىنىمىزدىن ئۇلارنى خەۋەرلەندۇردۇق. مانا مۇشۇنچىلىكلا ئاددىي گەپ...

قۇتلۇق قاغاننىڭ يەنە بىر ئاقىلانە تەدبىرى بىلەن، ھۇجۇم ۋاقتى ئەتەي بىر ھەپتە كېچىكتۈرۈلدى. مەنجانىق بىلەن تاشمۇ ئېتىلمىدى، كېچىلىرى گۈلخانمۇ يېقىلمىدى. لەشكەرلەر كۈندۈزلىرى چەۋگەن ئوي-ناپ، ئوغلاق تارتىشتى، يا كىرىپچىلىرىنى چىڭىتىپ، شەمشەر بىلەپ ۋاقىت ئۆتكۈزدى. ساداقەتمەن چۈيە جىنجۇڭنىڭ ئوق پۈتۈكىدىن «تۇبۇت لەشكەرلىرى ساراسىمىگە چۈشتى، شەھەردە چوڭ پاتپاراق باشلاندى» دېگەن خەۋەر مەلۇم بولغان ھامان قۇتلۇق قاغان جىددىي كېڭەش چاقىردى. سەردارلارنىڭ چوڭ كېڭىشىدە، ئۇ ئاخىرقى پەرما-

ىنى جاكارلىدى:
— كۆك تەڭرى بىزگە پۇرسەت بەردى. سەردار تەمىر بۇقا ۋە تۇمەنباشى قۇلانقارا 30 مىڭ لەشكەر بىلەن قاغانبۇت شەھىرى تامان يولغا چىقسۇن، ئەمىرلەشكەر ئىنانقۇلى بىلەن بېشبالىق ھىراۋۇلى ياڭ شىڭگو تۆت تۇمەن لەشكەر ئېلىپ، بېشبالىق سېپىلىگە تېگىش قىلسۇن، ياغلاقار لىنىڭ تۇمەنباشى بىر تۇمەن لەشكەر بىلەن قاغان بارگاھىدا پەرمان كۈتسۇن.
— ئاڭلاڭلار ۋە ئەستە تۇتۇڭلار، شەھەرلەرنى شۇنداق قاتتىق قورشاڭلاركى، دۈشمەن بېشىدا قىيامەت قايىم بولسۇن، بىراق، قورشاۋ شەھەرنىڭ ئۈچ تەرىپى بىلەن چەكلەنسۇن!
— بىر تەرەپنى ئوچۇق قويماقتىن مەقسەت نېمىكىن ئالىيلىرى؟
— دۈشمەن قورقۇپ قاچماقچى بولسا، ئەمما قېچىش ئۈچۈن يوچۇق تاپالمىسا، بىز بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىشقا مەجبۇر بولىدۇ، ئىككى تەرەپتىنلا تالاپەت كۆپ بولۇپ كېتىدۇ. دۈشمەننى تۆت تەرەپتىن قورشاۋغا ئېلىش ئاقىل سەردارنىڭ ئىشى ئەمەس.
— بېشبالىقنىڭ قايسى تەرىپىدىن يوچۇق قالدۇرۇمىزكىن ئالىيلىرى؟
— ئەلۋەتتە، كۈسەن قوۋۇقى تەرەپتىن.
— دۈشمەن كۈسەن تەرەپكە قېچىپ كەتسچۇ ئالىيلىرى؟
— قاچسا قاچسۇن، قاغانىڭلارنىڭ كۈتىدىغىنىمۇ شۇ.
تەمىر بۇقا بىلەن قۇلانقارا ئالدىن يولغا چىقتى. ئۇلار قاغانبۇتقا يېتىپ بارغان بىر مەھەلدە بېشبالىققىمۇ ھۇجۇم باشلاندى. قاغان بېشبالىققا يېقىن يەردە، بىر تۇمەن لەشكەر بىلەن قورۇقلانغان تاقىر دۆڭ تۆپىسىدە، يادا تاشلىرىنى تەلەڭگىگە سىلىپ، تەڭرى بورخانغا سىغىنىپ، تۇبۇتلارغا سېھىر-جادۇ قىلىۋاتقان مانىلار ئارىسىدا تۇرۇپ،

جەڭ ئەھۋالىنى كۈزەتمەكتە ئىدى.

يۈزلەپ مەنچاناقتىن ئەجەل ناخشىسىنى توۋلاپ ئېتىلىپ چىققان قارا تاشلار ئۇدۇل سېپىل ئىچىگە چۈشۈپ، ئاسمان-پەلەك توپا ئۆرلەتتى. سېپىل تۈۋىدە، ئۆستەڭ قىرىدا، ھېلىقى تاشلاندۇق خەندەك ئىچىدە مۆكۈپ ياتقان كاماندازلار يامغۇردەك ئوق ياغدۇرۇپ، سېپىل ئۈستىدە مەگدەپ يۈرگەنلەرنى بىر-بىرلەپ يىقىتماقتا ئىدى. شوتا لەشكەرلىرى دوزاخ شوتىسىدەك ئېگىز شوتىلارنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، سېپىلغا قوياتتى. شوتىلارغا ياماشقان پېتى سېپىلغا چىقىۋالغانلار قىلىچ-نەيزە ئوينىتىپ، دۈشمەن بىلەن ئېلىشماقتا ئىدى. يۈزلەپ لەشكەر «ھە-ھۇ» قىلىپ، ئۇچى ئۇچلۇق يوغان لىملار بىلەن قوۋۇقلارغا زەربە بېرەتتى. نەلەردىندۇر تۈتۈن ئۆرلەيتتى، نەلەردىدۇر ئوت كۆيەتتى. جەڭ شەپىسىگە غەرق بولغان بېشبالىق شامال سوققان ئورماندەك گۈرۈلدەيتتى، دولقۇنلۇق دېڭىزدەك چايقىلاتتى، توپان بالاسى باسقاندەك شارقىرايتتى...

ئەنە، كۈنچىقىشتىكى چوڭ قوۋۇق تاغ غۇلىغاندەك غۇلاپ چۈشتى، يەنە بىر قوۋۇقتىن قويۇق چاڭ كۆتۈرۈلدى.

ئەنە، شەھەر سېپىلىنىڭ قايسىبىر يېرى كەتمەن بىلەن ۋەيران قىلىنىپ، قوۋۇق ئاغزىدەك چوڭ يوچۇق ئېچىلدى.

ئەنە، كەسكىن جەڭ تۇزانلىرىدىن يۈزى خىرەلەشكەن، قۇلىقى پاڭ بولغان كەچكى قۇياش ئۇپۇق تەرەپكە قىيسايغاندا، «ئۇر-چاپ» توۋلاپ يېتىپ كەلگەن ئۇيغۇر، تابغاچ ئاتلىقلىرى غۇلاپ چۈشكەن ئاشۇ قوۋۇقتىن، ۋەيران بولغان ئاشۇ يوچۇقتىن توغان بۇزغان كەلكۈندەك شەھەر ئىچىگە كىرىپ كېتىشتى...

يەنە شۇ بوز ئاسمان، يەنە شۇ بوز دالا، يەنە شۇ تاقىر دۆڭ، ئوڭ يېنىدا لەشكەر، سول يېنىدىمۇ لەشكەر، كەينىدە ئوردۇبالىق،

ئالدىدا بېشبالىق...

قاغان ئاشۇ دۆڭدە تۇرۇۋېرىپ، ئىككى كېچە-كۈندۈز كىرپىك قاقمىدى، تۈزۈككىنە غىزالانمىدى. شۇنداق قىلغۇسى كەلدىيۇ، مانى بورخان ئۇنى ئاگاھلاندۇردى. «كۈتكەن كۈنلىرىڭ يېتىپ كەلدى، ئۇنى ئوبدان كۆرۈۋال» دېدى تەڭرى بورخان ۋە ئايىغىغا كۈچ، ۋۇجۇدىغا دەرمان ئاتا قىلدى.

ئوغلىنى ئىزدەپ كەلدىمىكىن، ياكى نەۋرىسىدىن خاۋاتىرلەندىمىكىن، قاغان شىددەتلىك جەڭ قاينىمىدا، باتۇرلارنىڭ ئارىسىدا مەرھۇم دادىسىنىڭ سۇرلۇك چىرايىنى غىل-پال كۆرۈپ قالدى. ئۇ نېمىشقىدۇر قىلىچمۇ ئەمەس، نەيزىمۇ ئەمەس، بەلكى ھېلىقى قىسقا تىغلىق خەنجەرنى كۆتۈرۈۋالغان، خەنجەر بىسى قىپقىزىل قانغا مىلەنگەنىدى. ئاشۇ قانلىق خەنجەر بىلەن دۆڭ تامان ئۇچۇپ كەلگەن ياۋا ئۇقلارنى تۆمۈر تامدەك توسۇپ تۇراتتى. تامغا تەگكەن يا ئۇقلىرى مىسالى جانسىز تەمەچتەك تۇرۇكلاپ يەرگە چۈشەتتى. ئۇ توپ ئارىسىدا كېتىۋېتىپ، دۆڭ تەرەپكە قاراپ، خاتىرجەمگىنە كۈلۈپ قوياتتى، غالىبلار بىلەن بىللە تۇرۇپ «قاغان... قاغان...» دەپ تەنتەنە قىلاتتى، ئاۋاز بىلەن بىللە كەلگەن ئالامەت بىر كۈچ قۇلىقىدىن كىرىپ، يۈرىكىدىن جاي ئالاتتى، ۋۇجۇدىدا غەليان كۆتۈرەتتى...

يەنە شۇ تەنتەنە قىلىۋاتقان ئالامان، يەنە شۇ بوز دالا، يەنە شۇ بوز ئاسمان...

ئىنانقۇلى پەيدا بولۇپ، نۇسرەت خەۋىرىنى يەتكۈزگۈچە، تەمىر بۇقا قايتىپ كېلىپ، خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلگۈچە، قۇتلۇق قاغان تۇرغان يېرىدە قىمىر قىلماي تۇرۇۋەردى.

— بېشبالىقنى قايتۇرۇۋالدۇق، ئالىيلىرى!

— قاغانبۇتمۇ قولغا ئۆتتى، ئالىيلىرى!

— تۇبۇتلارنىڭ بىرمۇنچىسى كۇسەن دەرۋازىسىدىن قېچىپ



كەتتى ئالىيلىرى...

كۆنپېتىش تەرەپ گۈلخاندەك قىزارغانىدى.

قىزارغان كۆنپېتىشقا قاراپ ئالدىراش كۆچۈۋاتقان بۇلۇتلارنى تاماشا قىلىۋاتامدىكىن، ياكى بۇلۇتلارنىڭ مەنزىلگاھىنى بىلمەكچى بولدىمىكىن، قاغان ئاسمانغا قاراپ جىمجىت تۇراتتى. ئۇنىڭ يا خۇشال بولۇۋاتقىنى، يا كۆز يېشى قىلىۋاتقىنى ھەممەيلەنگە نامەلۇم ئىدى. مىسالى، سەردارلار شۇنداق دەيدىغاندەك ۋە ياكى شۇنداق گەپلەرنى ئاڭلاپ بولغاندەك، ھېچكىمگە ئېرەن قىلمايتتى.

قوياش پەسلەۋەردى، بىرىپ-بىرىپ تاغ كەينىگە ئۆتۈپ كەتتى. قالدۇق شەپەقتىن رەڭلەنگەن كەڭرى ئۆپۈق رەڭگارەڭ گۈلىستاندەك، جىلۋىلىك چىراي كۆرسەتتى.

— تۈمەنباشى ياغلاقار لىك، پەرمانىمنى قوبۇل قىلغىن، — دېدى قاغان كۆنپېتىشتىن كۆز ئۈزمەي تۇرۇپ:

— باش ئۈستىگە ئالىيلىرى!

— سەن ياك شڭگو ھەزرەت بىلەن سەر خىل ئاتلىقلاردىن 500 نى باشلاپ، ئۇلپان-تارتۇقلارنى ھازىرلاپ، ئۇدۇل تاڭ ئوردىسىغا يېتىپ بار — دە، شاھ دېزۇڭغا نۇسرەت خەۋىرىنى يەتكۈزگىن.

— باش ئۈستىگە ئالىيلىرى!

ئارقىدىنلا، قاغان غالىب سەردارلارنىڭ ئېتىنى بىرمۇبىر ئاتاپ چىقتى:

— ئىنانقۇلى، تەمىر بۇقا، قۇلانقارا، تەييارمۇ سىلەر؟

— پەرمانبەردارمىز ئالىيلىرى! پەرمان نەگە بولسا، بىز شۇ يەرگە.

قاغان قىلىچ سېپىنى تۇتقان پېتى سەردارلارغا يۈزلەندى ۋە كۆنپېتىشقا قاراپ قويۇپ تەنتەنە بىلەن:

— تەييار بولۇڭلار، قاچقانلارنى قوغلاپ تا كۆن پاتقان يەرگىچە سەپەر قىلماقچىمىز! — دەپ ئەمىر قىلدى.

# خاتىمە

تارىخىي يازمىلارغا قارىغاندا، جەڭ ھارپىسىنىڭ بىر كېچىسى قۇتلۇق قاغان يەنە بىر يېڭى چۈش كۆرگەنمىش. ئاق تون كىيگەن، خىسلەتلىك ھاسا تۇتقان بىر ئاقساقال قاغانغا خاسىيەتلىك بىر گۆھەرنى ئىنئام قىلىپ تۇرۇپ: «بۇ گۆھەرنى يېنىڭدىن ئايرىمىغىن، ھېچ كېچىكتۇرمەي كۆنپېتىشقا لەشكەر چىقارغىن، بۇ ئالەمنىڭ ھەممە يېرى ساڭا بەيئەت قىلغۇسىدۇر» دەپ بولۇپلا كۆزدىن غايىب بولغانمىش.

يەنە شۇ يازمىلارغا قارىغاندا، ئەمىرلەشكەر ئىنانقۇلىمۇ، كاتتا سەردار تەمىر بۇقىمۇ، تۇمەنباشى ياغلاقار لىگمۇ ھەتتا قاغان ئوغلى قۇلانقارامۇ شۇ كېچىسى ئوخشاش يەردە ئوخشاش بىر چۈش كۆرگەنمىش. قۇتلۇق قاغان ئاشۇ جەڭ ۋە بېشارەتلىك چۈشتىن كېيىن، قىپچىپ كەتكەن تۇبۇت-قارلۇقلارنى قوغلاپ، كۇسەن دىيارىنى قامالدىن خالاس قىلىپ، قاتمۇقات تاغلاردىن ئاتلاپ ئىسسىق كۆلنىڭ غەربىگە — سۇيئاب دەرياسى[1] بويلىرىغا يېتىپ بارغانمىش. سۈيى مول، چۆپى بولۇق بىر يەرنى كۆرۈپ، ئۇ يەردە بالاساغۇن[2] شەھىرىنى بىنا قىلغانمىش. ئەل بولغان قارلۇق يابغۇسىنى قارام قوۋملەرگە ئاتامان تىكلەپ، قول بەرگەنلەرنى مېھمان قىلىپ، ھەددى-ھېسابسىز مال-دۇنيا بىلەن ئۆتتۈكەن باغرىغا قايتىپ كەلگەنمىش...

---

① سۇيئاب دەرياسى — بۈگۈنكى چۇ دەرياسى.

② بالاساغۇن — قىرغىزىستاندىكى قەدىمكى توقماق شەھىرىنىڭ شەرقىگە 40 چاقىرىم كېلىدىغان چۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى قەدىمكى شەھەر، تارىختا قاراخانىيلارنىڭ، كېيىن غەربىي لياۋنىڭ ئوردا شەھىرى بولغان.

مەسئۇل مۇھەررىر : قەيسەر قۇربان
مەسئۇل كوررېكتور : خەيرىنىسا روزى

# بوز دالا

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم

نەشر قىلغۇچى : مىللەتلەر نەشرىياتى
ئادرېسى : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى :100013، تېلېفون نومۇرى : 64290862 _ 010
ساتقۇچى : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى : دىشىن باسما زاۋۇتى
نەشرى : 2006 ـ يىل 4 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى
بېسىلىشى : 2006 ـ يىل 4 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى
ئۆلچىمى : 850×1168م م. 32كەسلەم
باسما تاۋىقى : 16.75
سانى : 0001 ـ 4000
باھاسى : 30.00 يۈەن